


مىللەتلەر نەشرىياتى

Abdulcelil TURAN
Yenidoğan Mh. 41. Sk. No: 7
Daire: 4 Zeytinburnu - İST.

# قىسقىچە مەزمۇنى

بۇ كىتاب دۆلەت مائارىپ كومىتېتىنىڭ "8-بەش يىللىق پىلان"دىكى ئىجتىمائىي پەنلەر بويىچە نۇقتىلىق تۈرلەرگە كىرگۈزۈلگەن " نەقشبەندىيە-خوجىلار مەزھەپلىرى ھەققىدىكى تەتقىقات" نىڭ ئەڭ ئاخىرقى نەتىجىسى.

مەزكۇر مەزھەپ (ئاقتاغلىقلار ۋە قاراتاغلىقلار) XVI ئەسىردىن بۇيان غەربىي يۇرتتا يۈز بەرگەن سىياسىي كۈرەشلەردىكى مۇھىم كۈچلەردىن بولۇش سۈپىتى بىلەن ئىزچىل تۈردە جەمئىيەت مۇقىمسىزلىقىنىڭ ئاساسىي مەنبەسى بولۇپ كەلدى ۋە جۇڭگو، چەت ئەل ئالىملىرىنىڭ ئەستايىدىل تەتقىق قىلىدىغان تېمىلىرىدىن بولۇپ قالدى، شۇنداقلا بۇ ھەقتىكى مەنبەلەرنىڭ كەملىكى، قالايمىقانلىقى ۋە باش-ئايىغىنىڭ باغلانمايدىغانلىقى سەۋەبىدىن ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى تەتقىقاتىدىكى ھەممە ئېتىراپ قىلىدىغان قىيىن نوقتىلارنىڭ بىرى بولۇپ كەلدى.

بۇ كىتابنىڭ ئاپتورلىرى يىگىرمە يىلدىن بۇيان قىلىنغان مۇسۇلمان مەنبەلىرى ۋە يىگىرمە يىللىق يىغقان خەنزۇچە ماتېرىياللاردىن، شۇنداقلا دۆلەت ئىچى-سىرتىدىكى پېشقەدەملەرنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرىدىن كەڭ ۋە ئەتراپلىق پايدىلىنىپ تەپسىلىي تەتقىقات ئېلىپ بېرىش ئاساسىدا زىچ ھەمكارلىشىپ، ئون نەچچە يىل ۋاقىت سەرپ قىلىش ئارقىلىق دۆلەت ئىچى-سىرتى بويىچە ئومۇمىيۈزلۈك ۋە سىستېمىلىق بولغان بۇ ئەسەرنى تۇنجى بولۇپ يېزىپ چىقتى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ھەقتىكى بوشلۇقنى تولدۇرۇپ ئىلىمىزدىكى خوجىلار تارىخى ھەققىدىكى تەتقىقاتنى دۇنيا بويىچە ئالدىنقى سەۋىيىگە يەتكۈزدى.

بۇ كىتاب تارىخىي پاكىتلارغا سادىق بولۇش ۋە ئىلمىي دەلىللەش

ئارقىلىق ئاتالـمىش ”مۇقەددەس ئىسـلام دۆلىتى“ ياكى ”خوجىلار دەۋرى“ نىڭ كېيىنكى كىشىلەر ياساپ چىققان تارىخىي كۆلەڭگە ئىكەنلىكىنى ئېچىپ تاشلاپ، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىغا تارىخىي رېئاللىقنى بايان قىلىپ بېرىدۇ، شۇنداقلا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، دۆلەتنىڭ مۇقىملىقى ۋە چېگرا رايون قۇرۇلۇشىغا چوڭ ياردەم بېرىدۇ.

# مۇندەرىجە


I باب ئاساسىي تارىخىي مەنبەلەر ۋە بۇ ھەقتىكى تەتقىقاتنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ...... (1)

§ 1 ئاساسىي تارىخىي مەنبەلەر ...... (1)

§ 2 تەتقىقاتنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ...... (47)

II باب ئىسلام دىنىنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە غەربىي يۇرتقا تارقىلىشى ... (70)

§ 1 ئىسلام دىنىنىڭ بارلىققا كېلىشى ...... (70)

§ 2 ئىسلام دىنىنىڭ غەربىي يۇرتقا تارقىلىشى ...... (94)

III باب موڭغۇل ئىستىلاسىدىن كېيىنكى غەربىي يۇرتتا ئىسلامىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە نەقشىبەندىيە تەرىقىتىنىڭ باش كۆتۈرۈشى ...... (134)

§ 1 موڭغۇللارنىڭ غەربىي يۇرتنى بويسۇندۇرۇشى ۋە ئۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا ئىسلام دىنىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ...... (134)

§ 2 نەقشبەندىيە تەرىقىتىنىڭ باش كۆتۈرۈشى ...... (157)

IV باب قارا تاغلىق خوجىلارنىڭ باش كۆتۈرۈشى ...... (195)

§ 1 خوجىلارنىڭ يىلتىزى ...... (195)

§ 2 خوجا ئىسھاقنىڭ يەركەن خانلىقىدىكى پائالىيەتلىرى ...... (201)

§ 3 قارا تاغلىق خوجىلارنىڭ يەركەن خاندانلىقىدا ئۈستۈنلۈك قازىنىشى ... (217)

§ 4 يەركەن خانلىقىنىڭ زاۋاللىققا يۈزلىنىشى ۋە خوجىلار تەسىرىنىڭ كۈچىيىشى ...... (228)

V باب قاراتاغلىق خوجىلار بىلەن ئاقتاغلىق خوجىلار ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش ۋە ئۇنىڭ يەركەن خانلىقىغا كۆرسەتكەن تەسىرى ...... (260)

§ 1 قاراتاغلىق خوجىلارنىڭ سىياسىي ۋەزىيەتنى كونترول قىلىۋېلىشى ...... (260)

§ 2 ئاقتاغلىق خوجىلارنىڭ باش كۆتۈرۈشى ۋە خانلىقتىكى ئىچكى ماجىرالارنىڭ كۈچىيىشى ...... (272)

§ 3 ئىككى مەزھەپنىڭ كۈرىشى ۋە يەركەن خانلىقىدىكى ماجىرالار ...... (296)

VI باب جۇڭغار خانلىقىنىڭ تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي قىسمىنى قوشۇۋېلىشى ۋە ئاقتاغلىق خوجىلارنىڭ يەنىمۇ روناق تېپىشى ............ (313)

§ 1 جۇڭغار خانلىقىنىڭ يەركەن خانلىقىنى پاراكەندە قىلىشى ۋە تىزگىنلىۋېلىشى ............ (313)

§ 2 غالدانىنىڭ يەركەن خانلىقىنى قوشۇۋېلىشى ............ (334)

§ 3 ئاقتاغلىق خوجىلارنىڭ يەنىمۇ روناق تېپىشى ............ (354)

VII باب خوجىلارنىڭ جۇڭغار خانلىقىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدىكى پائالىيەتلىرى ۋە چىڭ سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتنى بىرلىككە كەلتۈرۈشى ...... (387)

§ 1 سېۋان ئارابتاننىڭ خوجىلارنى تىزگىنلىشى ۋە تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى ھۆكۈمرانلىقىنىڭ كۈچەيتىلىشى ............ (387)

§ 2 جۇڭغار خانلىقىدىكى ئىچكى ماجىرا ۋە قاراتاغلىق خوجىلارنىڭ قارشىلىقلىرى ............ (404)

§ 3 چىڭ سۇلالىسىنىڭ تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىنى بىرلىككە كەلتۈرۈشى ............ (414)

VIII باب چىڭ سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىنكى ئاقتاغلىق خوجىلار توپىلىڭى ۋە ئۇنىڭ مەغلۇبىيىتى ...... (438)

§ 1 چوڭ-كىچىك خوجىلار توپىلىڭى ............ (438)

§ 2 چىڭ سۇلالىسىنىڭ تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىنى قايتۇرۇۋېلىشى ۋە چوڭ-كىچىك خوجىلارنىڭ ھالاكىتى ............ (463)

§ 3 خاتىمە ............ (499)

پايدىلانغان ماتېرىياللار ............ (509)

# كىرىش سۆز

بۇ كىتاب بىز ئۈستىمىزگە ئالغان دۆلەت مائارىپ كومىتېتىنىڭ ئىجتىمائىي پەنلەر بويىچە "8-بەش يىللىق پىلان" دىكى نوقتىلىق تۈرلەرگە كىرگۈزۈلگەن تەتقىقاتنىڭ ئەڭ ئاخىرقى نەتىجىسى. 1985-يىلىدىن بۇيان ئىككىمىز بىۋاستە ياكى ۋاستىلىك ھالدا خوجىلار جەمەتى ھەققىدىكى تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىپ، مەتبۇئاتلاردا ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ 40 نەچچە پارچە ماقالە ئېلان قىلدۇق ھەمدە ماگىستىرلىق ۋە دوكتورلۇق دىسسېرتاتسىيىلىرىنىڭ تېمىسى سۈپىتىدە مەخسۇس ئىشلىدۇق، يەنە «يەركەن خانلىقىنىڭ تارىخىدىن ئومۇمىي بايان» ناملىق بىر كىتاب چىقاردۇق. شۇڭا مەزكۇر كىتاب بىزنىڭ بۇ تېما ھەققىدىكى ئۇزۇن مەزگىللىك تەتقىقاتىمىزنىڭ بىر قېتىم يىغىنچاقلىنىشى، سىستېمىلىشىشى ۋە چوڭقۇرلىششى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

"غەربىي يۇرت"—كۆپ مەنىلىك ئاتالغۇ، بىز بۇ يەردە تىلغا ئېلىۋاتقان غەربىي يۇرت بولسا جۇڭگونىڭ غەربىي قىسمىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ بىر تارىخىي نام بولۇپ ئىشلىتىلىش سۈپىتى بىلەن جۇڭگو تارىخىدىكى ھەر قايسى مىللەتلەر قۇرغان ھاكىمىيەتلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى جايىۇگۇەننىڭ غەربىگە جايلاشقان كەڭ رايونىنى بىلدۈرىدۇ. قەدىمدىن تارتىپ غەربىي يۇرت بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ئوتتۇرىسىدا زىچ مۇناسىۋەتلەر بولۇپ كەلگەن، بۇ مۇناسىۋەتلەر مىڭ، چىڭ دەۋرلىرىدە تېخىمۇ راۋاجلانغانىدى. غەربىي يۇرت ھۆكۈمرانلىرى مىڭ سۇلالىسى بىلەن بولغان باردى-كەلدى مۇناسىۋەتنى "ئالتۇن يول" دەپ قاراپ، ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە بۇ يولنىڭ راۋان بولۇشىغا كۈچ چىقارغان ۋە سوۋغا-سالام يوللاپ تۇرغانىدى. مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئورنىنى چىڭ سۇلالىسى ئىگىلىگەندىن

ئىلىم جەھەتتىكى ئاملاردىن سىياسىي ئېھتىياجنى كۆزلىگەن ئاملار كۆپرەك ئىدى. قارا نىيەتلەر كۆپ قېتىم مۇشۇ خىيالىي كۆلەڭگىدىن پايدىلىنىپ ئۇنى قۇتراتقۇلۇق ۋە تەرغىبات قورالى قىلىۋالغانىدى، خوجىلارنىڭ كۆپ قېتىملىق تاجاۋۇزلىرى ۋە توپىلاڭلىرىمۇ "پادىشاھلىقنى تىرىلدۈرۈش" ۋىۋىسكىسىنى كۆتىرىپ چىققانىدى. ئۇلار غەربىي يۇرت، ھەتتا پۈتۈن مەملىكەتتە ئۇزۇن مەزگىللىك داۋالغۇش، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىشى، خەلقنىڭ ۋەيران بولۇشى، مەزكۇر رايوننىڭ ئىجتىمائىي ئىقتىسادىنىڭ ئالغا قاراپ راۋاجلىنىشىنىڭ توسقۇنلۇققا ئۇچرىشى قاتارلىقلارغا سەۋەب بولدى. بىز بۇ كىتابنىڭ «خاتىمە» قىسمىدا بۇ ئېچىنىشلىق تارىخىي ساۋاقنى خاتىرىلەپ قويدۇق.

خوجىلار جەمەتىنىڭ نەسەبى مۇرەككەپ، شەخسلەر كۆپ بولغانلىقتىن "خوجىلار نەسەبنامىسى" نى ئوقۇرمەنلەرنىڭ قوشۇمچە پايدىلىنىشىغا ئالاھىدە سۇندۇق. بۇ تېمىنىڭ چېتىلىش دائىرىسى كەڭ، ئەمما بىلىدىغانلىرىمىز چەكلىك بولغاچقا توغرا بولمىغان ۋە كەمتۈك قالغان جايلىرى توغرىسىدا مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تەنقىدىي پىكىر بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

# I باب ئاساسىي تارىخىي مەنبەلەر ۋە بۇ ھەقتىكى تەتقىقاتنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

## §1 ئاساسىي تارىخىي مەنبەلەر

### 1. مۇسۇلمان مەنبەلىرى

(1) «تارىخى رەشىدىي». بۇ ئەسەرنىڭ مۇئەللىپى بولغان مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر (1499-1551) دوغلات جەمەتىدىن بولۇپ، ئۇنىڭ ئاتا-بوۋىلىرى چاغاتاي خانلىقىدىكى ھەربىي ئاقسۆڭەكلەردىن ئىدى. XIV ئەسىردىن كېيىن دوغلات جەمەتىنىڭ تەسىرى تېز ئېشىپ، ھازىرقى جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىنىڭ كۆپ قىسمى بۇ جەمەتنىڭ ئاتا مىراس زېمىنى بولۇپ قالغان، مۇھەممەد ھەيدەرنىڭ تاغىسى سەئىد مۇھەممەد مىرزا يەركەن خانلىقىنىڭ تۆھپىكار قۇرغۇچىلىرىدىن بولۇپ، خانلىقنىڭ ئەڭ ئالىي ئەمىرى — ئۇلۇس بېگى بولغانىدى. مۇھەممەد ھەيدەرمۇ بۇ خانلىقتا مۇھىم مەنسەپتە بولغان بولۇپ، سەئىدخاننىڭ يېقىنلىرىدىن ئىدى، شۇڭا ھەربىي ۋە مەمۇرىي جەھەتتىكى مۇھىم ئىشلاردىن خەۋەردار بولۇپ تۇراتتى. شۇنداقلا كۆپ قېتىم قوشۇن باشلاپ لەشكىرىي يۈرۈشكە چىققانىدى. لېكىن، سۇلتان ئابدۇرەشىدخان تەختكە چىققاندىن كېيىن، خانلىق ھوقۇقىنى مۇستەھكەملەش ۋە يۇقىرى كۆتۈرۈش نىيىتىدە دوغلات جەمەتىگە ئەجەللىك زەربە بەرگەچكە، مۇھەممەد ھەيدەر ھىندىستانغا كېتىشكە مەجبۇر بولغان، كېيىنچە كەشمىرگە

بېرىپ يەرلىك ھۆكۈمران بولغان. ئۇ مۇشۇ يەردە تارىخىي ئەسەر «تارىخى رەشىدىي» نى يېزىپ چىققان. ئۇ بۇ ئەسەرنىڭ كىرىش سۆزىدە بۇ ئەسەرنى ۋەتىنىنىڭ ھۆكۈمرانى ئابدۇرەشىدخانغا بېغىشلىغانلىقىنى قەيت قىلىپ ئۆتىدۇ.

«تارىخى رەشىدىي» ئىككى قىسىمدىن تەركىب تاپقان. بىرىنچى قىسمى يەنى رەسمىي تارىخ قىسمى شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ سالنامىسى بولۇپ، 1347 - يىلى تۇغلۇق تۆمۈر تەختكە چىققان ۋاقىتتىن باشلاپ 1533 - يىلى سۇلتان ئابدۇرەشىدخان مۇئەللىپنىڭ تاغىسى سەئىد مۇھەممەدنى قەتل قىلغانغا قەدەر بولغان ئارىلىقتىكى ۋەقەلەر بايان قىلىنغان. بۇ قىسىمدىكى ئىلگىرىكىرەك ۋاقىتلارغا مەنسۇپ تارىخىي ماتېرىياللار ئاساسەن بەزى رىۋايەتلەر ۋە شەرەفىدىن ئەلى يەزدى يازغان «زەپەرنامە» دىن ئېلىنغان. كېيىنرەك ۋاقىتلارغا دائىر ماتېرىياللار ئۆزىنىڭ كۆرگەن - بىلگەنلىرىگە ئاساسەن يېزىلغان. ئاپتور ئەسەرنىڭ بۇ قىسمىنى 1544-يىلى يېزىشقا كىرىشىپ، 1547-يىلى تاماملىغان. ئىككىنچى قىسىمدا، ئۆزىنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى ۋە ئۆزى ياشىغان دەۋرنىڭ تارىخى، مۇئەللىپنىڭ تۇغۇلغان يىلىدىن (1499 - يىلى) باشلاپ ئىككىنچى قېتىم كەشمىرگە بارغان يىلى (1541 - يىلى) غىچە بولغان ئەھۋاللار بايان قىلىنغان. مۇئەللىپ ئىككىنچى قىسمىنى 1541 - يىلى يېزىشقا كىرىشىپ، 1544-يىلى پۈتتۈرگەن. ئىككىنچى قىسمى بىرىنچى قىسمىنىڭ ماتېرىيال تەييارلىقى بولۇپ، ھەجىم جەھەتتە بىرىنچى قىسىمدىن بىر باراۋەر كۆپ. ئۇنىڭ مەزمۇنى مول بولۇپ، ئۇنىڭدا ئىجتىمائىي تۇرمۇش، سىياسىي كۇرەش، ھەربىي پائالىيەتلەرگە دائىر كۆپلىگەن جانلىق كارتىنىلار ساقلىنىپ قالغان، ئۇنىڭغا يەنە خان - پادىشاھلارنىڭ ھەرىكەت مىزانى كىرگۈزۈلگەن. بۇ ئەسەردە

خوجىلار پائالىيەتلىرى توغرىسىدا بىۋاسىتە خاتىرىلەر بولمىسىمۇ، ئەمما بىزنى كەڭ دەۋر ئارقا كۆرۈنۈشى بىلەن تەمىن ئېتىدۇ.

«تارىخى رەشىدىي» گە تارىختىن بۇيان يۇقىرى باھا بېرىلىپ كەلگەن①. ئاپتور خېلى يۇقىرى مەلۇماتقا ئىگە ئىدى، ئەسلىي ئەسەر پارسچە يېزىلغان بولۇپ، ئىلگىرى-كېيىن ئىككى قېتىم ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان. بۇ كىتاب ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا كەڭ تارقالغان بولۇپ نۇرغۇن قولیازما نۇسخىسى قېپقالغان. «تارىخى رەشىدىي» نى ئې. د. روسس ئىنگلىزچىگە تەرجىمە قىلغان، ن. ئېلىئاس تەھرىرلەپ ئىزاھلىغان ۋە تەتقىقات خاراكتېرلىك ئۇزۇن كىرىش سۆز يازغان. ئاشۇ قېتىمقى ئىنگلىزچە تەرجىمە نۇسخىسى 1895 - يىلى نەشر قىلىنغان، 1898 - يىلى 2 - قېتىم نەشر قىلىنغان. شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر تەتقىقات ئورنى بۇ كىتابنى ئىنگلىزچىدىن خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغان، ۋاڭ جىلەي ئەپەندى ئۇنى سېلىشتۇرۇپ چىققان ۋە ئىزاھ بەرگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1985 -، 1986 - يىللىرى «ئوتتۇرا ئاسىيا موغۇللىرىنىڭ تارىخى — تارىخى رەشىدىي» دېگەن نامدا ئىككى توم قىلىپ نەشر قىلغان.

(2) شاھ مەھمۇد جوراس يازغان «تارىخ»* («خرونىكا»). بۇ، يەركەن خانلىقىنىڭ تارىخى توغرىسىدىكى مەخسۇس ئەسەر. بۇ ئەسەر كېيىنرەك (1915 - يىلى) تېپىلغان، يەنە كېلىپ ئۇنىڭ بىرلا كۆچۈرمە نۇسخىسى زامانىمىزغا يېتىپ كېلەلىگەن (يازما ھۆججەتلەردە خوتەن رايونىدا ئۇنىڭ يەنە بىر قولیازما نۇسخىسى بارلىقى تىلغا ئېلىنغان بولسىمۇ ھازىرغىچە تېپىلمىدى)، ھالبۇكى

---

* بۇ كىتاب 1988-يىلى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن «سەئىدىيە خاندانلىقىنىڭ تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار» دېگەن نامدا نەشر قىلىنغان.

بۇ بىردىنبىر قولىيازما نۇسخىمۇ كۆپ يىللاردىن بۇيان غايىب بولۇپ كېتىپ، 1945 - يىلىغا كەلگەندە موسكۋادىكى لېنىن كۇتۇپخانىسىدا ئۇشتۇمتۇت پەيدا بولۇپ قالغان. ئۇنىڭدىن باشقا، بۇ قولىيازما نۇسخىنىڭ فاكسىمىل نۇسخىسىمۇ بار. بۇنى ۋ. بارتولد سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ مۇزېيىدا سۈرەتكە تارتقۇزغان. بارتولد ھايات چېغىدا بۇ كىتابنى تەھرىرلەپ نەشر قىلىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ تەييارلىق كۆرگەن بولسىمۇ، ئارزۇسىغا يېتەلمىگەن.

«تارىخ» نىڭ ئاپتورى شاھ مەھمۇد ئىبنى مىرزا فازىل جوراسنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىمۇ يەركەن خانلىقىنىڭ قورغۇچىسى بولغان سەئىدخانغا ئەگىشىپ قەشقەرگە لەشكىرىي يۈرۈش قىلىپ كەلگەن ئەمىرلەردىن بولۇپ، خانلىقنىڭ قۇرۇلۇشىغا چوڭ تۆھپىلەرنى قوشقان. مۇھەممەدخان (1592—1609) ۋە ئەھمەدخان (1609—1618) دەۋرلىرىدە جوراس جەمەتىنىڭ ئورنى ئۆسكەن، ئۆزبېكلەر بىلەن بولغان كۈرەشتە مۇھىم روللارنى ئوينىغان. مۇئەللىپ دىنىي مەزھەپلەر كۈرىشى كەسكىنلەشكەن، ئىجتىمائىي زىددىيەتلەر ئۆتكۈرلەشكەن بىر دەۋردە ياشىغان، توققۇز خاننىڭ ئالمىشىشىنى، ئاق تاغلىق ۋە قاراتاغلىق خوجىلار ئوتتۇرىسىدىكى كەسكىن كۈرەشلەرنى، جوڭغارىيە قوشۇنلىرىنىڭ بېسىپ كىرىشىنى ۋە خانلىقنىڭ ھالاك بولغانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن. شاھ مەھمۇد جوراسنىڭ ھاياتى توغرىسىدا تەپسىلىي مەلۇمات يوق. ئۇ تەخمىنەن XVII ئەسىرنىڭ يىگىرمىنچى يىللىرىدا تۇغۇلۇپ، شۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا، 70 - 80 ياشتا ئالەمدىن ئۆتكەن بولۇشى مۇمكىن.

«تارىخ» تەخمىنەن 1672—1676 - يىللىرى «تارىخى رەشىدىي» نىڭ داۋامى سۈپىتىدە يېزىلغان. بۇ كىتابنىڭ ئالدىنقى

قىسىمىغا «تارىخى رەشىدىي» دىن مەزمۇنلار كىرگۈزۈلگەن، كېيىنكى قىسمىنى ئاپتور ئۆزى يازغان، بۇ قىسىم سۇلتان ئابدۇرەشىدخان تەختكە چىققان ۋاقىت (1533 ـ يىلى) تىن ئاپتور ئەسەرنى يازغان ۋاقىت يەنى ئىسمائىلخان ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئوتتۇرا مەزگىلىدىن خانلىقنىڭ ھالاك بولۇشىغىچە بولغان بىرنەچچە يىل ۋاقىتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شاھ مەھمۇد جۇراسنىڭ «تارىخ» دېگەن ئەسىرىنىڭ كېيىنكى قىسمى يەنى ئۆزى بايان قىلغان قىسمى ئاساسەن ئاغزاكى تارىخىي ماتېرىياللار ــ ئاپتورنىڭ جەمەتىدىكىلەر قالدۇرۇپ كەتكەن مەلۇمات ۋە رىۋايەتلەردۇر، ئۇ كېيىنكى قىسمىنى بەزى ۋەقەلەرگە ئىشتىراك قىلغۇچىلاردىن ئاڭلىغانلىرى ۋە ئۆزىنىڭ بىۋاسىتە كەچۈرمىشلىرى ئاساسىدا يېزىپ چىققان. شۇڭا بۇ قىسىم ئاساسەن بىرىنچى قول ماتېرىياللار بولۇپ تولىمۇ قىممەتلىك ۋە ئىشەنچلىك. «تارىخ» پارسچە يېزىلغان، بارتولدنىڭ بۇ كىتابقا بەرگەن باھاسى ئانچە مۇۋاپىق ئەمەس②. ئاكىمۇشكىن بۇ كىتابنىڭ يېزىلىش ئۇسلۇبى ئەنئەنىۋى ئوردا تارىخنامىلىرىنىڭ ئۇسلۇبىغا ئوخشىمايدۇ، "ئۇ ئەڭ ئاددىي تىل بىلەن يېزىلغان"، ئۇنىڭدا كىشىنى گاڭگىرىتىدىغان ماقال-تەمسىللەر، ئارتۇقچە ۋە دەبدەبىلىك ئىبارىلەرمۇ، ئاجايىپ ـ غارايىپ جۈملىلەرمۇ يوق، دەپ قارايدۇ. لېكىن ئۇ يەنە ئاپتورنىڭ كلاسسىك ئەدەبىيات ئۇسلۇبىغا تەقلىد قىلماقچى بولۇپ، ئىمكانقەدەر ئەرەبچە ئىبارە ۋە سۆزلەرنى كۆپلەپ قوللىنىپ پۈتكۈل ئەسەرنىڭ تىلىنى ياخشى ماسلاشتۇرالماي كەتكۈزۈپ قويغانلىقىنىمۇ ئىنكار قىلمايدۇ③. مەزمۇن جەھەتتىن ئالغاندا بۇ بىر تارىخىي ئەسەر بولسىمۇ بۇنىڭدا توغرا ۋاقىت قارىشى كەمچىل، بايان قىلىنغان ۋەقەلەرنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ يىل دەۋرى ۋە ئاي كۈنى يوق. شۇڭا باشقا تارىخىي مەنبەلەرگە ئاساسلىنىپ ۋەقەلەرنىڭ دەۋرىنى بېكىتىش زۆرۈر.

ئاكىمۇشكىن «تارىخ» نىڭ ئاپتورى ئۆزى يازغان قىسمىنى، يەنى كېيىنكى قىسمىنى سېلىشتۇرۇپ بېكىتتى، ئىزاھلىدى ھەمدە ئۇنى رۇسچىغا تەرجىمە قىلىپ، 1976 - يىلى موسكۋادا نەشر قىلدۇردى. بۇ نۇسخىغا ئاكىمۇشكىن 123 - بەتلىك تەتقىقات خاراكتېرلىك كىرىش سۆز يازدى، ئاخىرىغا سېلىشتۇرۇپ چىقىلغان پارسچە ئەسلىي تېكىست قوشۇمچە قىلىندى. شۇڭا بۇ نۇسخىنى ئىلمىيلىكى ناھايىتى يۇقىرى دېيىشكىمۇ بولىدۇ. بولۇپمۇ بۇ ئەسەرنىڭ رۇسچە ئىزاھلىرىدا مۇسۇلمان ئاپتورلارنىڭ ئەسەرلىرىدىن نەقىل كەلتۈرۈلگەن. ئەمما بۇ ئەسەرنىڭ قولىيازما نۇسخىلىرىنىڭ كۆپى روسىيە ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ تەتقىقات ئورۇنلىرىدا ساقلىنىۋاتقان بولۇپ، ھازىرغا قەدەر ئاشكارا ئېلان قىلىنمىدى، شۇنداقتىمۇ ئۇلار خوجىلار جەمەتىنى تەتقىق قىلىشتىكى مۇھىم ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ.

(3) نامەلۇم ئاپتور يازغان «قەشقەر تارىخى». بۇ ئۇيغۇرچە يېزىلغان تارىخىي ئەسەر بولۇپ، ئۇنىڭ ھازىرغىچە تېپىلغان قولىيازما نۇسخىلىرىغا كىتاب نامى قويۇلمىغان ۋە ئاپتورنىڭ ئىسمىمۇ يېزىلمىغان. بەزى ئالىملار بۇ ئەسەرنىڭ مەزمۇنىغا ئاساسەن ئۇنى «قەشقەر تارىخى» دەپ ئاتىغان، بۇنى نىسپىي ھالدا توغرا دېيىشكە بولىدۇ. بۇ ئەسەردە ئادەتتىكى تارىخىي ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسىدە بولىدىغان كىرىش سۆز ۋە خاتىمە بولمىغاچقا ئاپتورنىڭ بۇ ئەسەرنى قاچان، قانداق مەقسەتتە يازغانلىقىنى بىلگىلى بولمايدۇ. ئەسەر مەزمۇنىدىكى تىل ئۇسلۇبىغا ئاساسەن بەزى ئالىملار بۇ كىتابنى XVII ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى XVIII ئەسىرنىڭ باشلىرى يەركەندە يېزىلغان بولۇشى مۇمكىن، دەپ تەخمىن قىلىدۇ.

«قەشقەر تارىخى» دا نوھ ئەلەيھىسسالام ۋە يافەستىن باشلانغان

تۈركىي مىللەتلەرنىڭ رىۋايەتسىمان تارىخى، چىڭگىزخان ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ تارىخى ھەمدە يەركەن خانلىقىنىڭ تارىخى بايان قىلىنغان، بولۇپمۇ يەركەن خانلىقىنىڭ تارىخى مەزكۇر ئەسەرنىڭ ئاساسىي قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئەسەرنىڭ ماتېرىياللىرى ئاساسەن مۇھەممەد ھەيدەرنىڭ «تارىخى رەشىدىي» ناملىق ئەسىرى ۋە شاھ مەھمۇد جوراسنىڭ «تارىخ» ناملىق ئەسىرىدىن شۇنداقلا ئاپتورنىڭ كۆرگەن بىلگەنلىرىدىن ئېلىنغان. بارتولد: ”بۇ بىر مۇھىم تارىخىي ئەسەر، ئۇ باشقا تارىخىي ماتېرىياللارنى مەلۇم دەرىجىدە تولۇقلايدۇ ۋە توغرىلايدۇ“④ دەپ قارايدۇ. ئەمما بەزى ئالىملار «قەشقەر تارىخى»غا ئانچە يۇقىرى باھا بېرىپ كەتمەيدۇ، ئۇلار مەزكۇر ئەسەردىكى بايانلار ئاساسەن شاھ مەھمۇد جوراسنىڭ «تارىخ» ناملىق ئەسىرىنىڭ قىسقارتىلمىسىدىن باشقا نەرسە ئەمەس، پەقەت «تارىخ» نىڭ قىسمەن جايلىرىنىلا تولۇقلىغان ۋە يىل - دەۋرلىرىنى ئايدىڭلاشتۇرغان⑤ دەپ قارايدۇ. لېكىن شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، «قەشقەر تارىخى» دا «تارىخ» تا خاتىرىلەنمىگەن نۇرغۇن ئەھۋاللار، بولۇپمۇ يەركەن خانلىقىنىڭ جۇڭغارىيە خانلىقى تەرىپىدىن قوشۇۋېلىنىشىنىڭ ئالدى - كەينىدىكى ئەھۋاللار بايان قىلىنغان. بۇ ئەسەر تەمىن ئەتكەن نۇرغۇن مەلۇماتلارنى خەنزۇچە تارىخنامىلەردىن دەلىللەش مۇمكىن، ئۇ ئەسەردە ئاقتاغلىق ۋە قاراتاغلىق خوجىلارنىڭ پائالىيەتلىرىگە خېلى زور سەھىپە ئاجرىتىلغان.

«قەشقەر تارىخى» نى روسىيىلىك شەرقشۇناس بارتولد 1902 - يىلى ئوتتۇرا ئاسىيادا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىۋاتقاندا تاپقان ھەمدە ئۇنىڭ ئايرىم جايلىرىنى تەرجىمە قىلىپ «تۈركىستان كاماندىروپكىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىدىن دوكلات» قا كىرگۈزگەن ۋە تۇنجى بولۇپ ئىلىم ساھەسىگە ئېلىپ كىرگەن. «قەشقەر

تارىخى» نىڭ خېلى كۆپ كۆچۈرمە نۇسخىسى زامانىمىزغىچە يېتىپ كېلەلىگەن. روسسىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىنىڭ لېنىنگراد شۆبىسىدە ئۇنىڭ C576، C577، C2472 دەپ نومۇر قويۇلغان ئۈچ قولىيازما نۇسخىسى ساقلانماقتا. ئۇنىڭ بىر قىسىم مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلىرى رۇسچىغا تاللاپ تەرجىمە قىلىنىپ ئايرىم - ئايرىم ھالدا « XV — XVIII ئەسىرلەردىكى قازاق خانلىقىنىڭ تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار» (ئالمۇتا. 1969 - يىلى) بىلەن «قىرغىزلار ۋە قىرغىزلار رايونىنىڭ تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار» غا كىرگۈزۈلدى.

(4) «تارىخى ئەمنىيە». ئاپتور موللا مۇسا ئىبنى موللا ئەيسا سايرامى بۇ ئەسەرنى 1903 - يىلى ئۇيغۇر تىلىدا يېزىپ چىققان. ئاپتور بۇ كىتابىنىڭ كىرىش سۆزىدە ئۆز ئەسىرىگە «تارىخى ئەمنىيە» دەپ نام قويۇشىنىڭ بىرىنچىدىن، بۇ ئەسەرنى مۇھەممەد ئىمىن بايغا ئاتاپ يازغانلىقى؛ ئىككىنچىدىن، بۇ ئەسەرنىڭ نامى شۇ مەزگىلدىكى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا تىنىچ، خاتىرجەم ۋەزىيەت بارلىقىغا كەلگەنلىكىگە مۇۋاپىق ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت قوش مەنىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى قەيت قىلغان.

مەزكۇر ئەسەر «سۆز بېشى»، «مۇقەددىمە»، ئىككى «داستان» ۋە «خاتىمە» دىن ئىبارەت بەش بۆلەكتىن تەركىب تاپقان. كىرىش سۆز قىسمىدا تۈركىي خەلقلەرنىڭ نوھ ئەلەيھىسسالامدىن باشلانغان ئەپسانىۋى تارىخى، چىڭگىزخان ۋە ئۇنىڭ قەشقەرىيە (بۇگۇنكى كوچانىڭ غەربى، كوچانى ئۆز ئىچىگە ئالغان جەنۇبىي شىنجاڭ رايونى) دىكى ئەۋلادلىرىنىڭ تارىخى، خوجىلار تارىخى ۋە قالماقلار تارىخى قىسقىچە بايان قىلىنغان. بىرىنچى داستاندا كوچادىكى "تۇڭگان يېغىلىقى" (1864 - يىلى)

دىن ياقۇببەگنىڭ ۋاقىتلىق غەلىبىسىگىچە بولغان تارىخ؛ ئىككىنچى داستاندا بەدۆلەت ھۆكۈمرانلىقىدىن چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئەسلىگە كېلىشىگىچە بولغان تارىخ سۆزلەنگەن. خاتىمىدە قەشقەرنىڭ جۇغراپىيىلىك ئەھۋالى قىسقىچە تونۇشتۇرۇلغان، ھەرقايسى شەھەرلەردىكى مۇقەددەس ئورۇنلار تىلغا ئېلىنغان.

«تارىخى ئەمىنىيە» نىڭ «مۇقەددىمە» قىسمىدىكى يەركەن خانلىقىغا دائىر بايانلارنىڭ كۆپىنچىسى نامەلۇم ئاپتور تەرىپىدىن يېزىلغان «قەشقەر تارىخى» نىڭكىگە ئاساسەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ، لېكىن ئۇنىڭدا «قەشقەر تارىخى» ۋە بۇرۇنراق يېزىلغان باشقا تارىخنامىلەردە خاتىرىلەنگەن ياكى ئۇلاردىكى مەزمۇنلارغا ئوخشىمايدىغان بەزى مەلۇماتلار بار، بىراق بارتولد ئۇلارنىڭ كۆپى تارىخىي ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ، بولۇپمۇ XVIII ئەسىردىكى بەزى ۋەقەلەر ھەققىدە بېرىلگەن بايانلار بەكلا چۇۋالچاق، دەپ كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭغا موللا مۇسا سايرامى ياشىغان دەۋر ئەسەردە بايان قىلىنغان ۋەقەلەر يۈز بەرگەن دەۋردىن بەك كېيىن بولغانلىقى، ئەسەرنى يېزىشتا تارىخىي ماتېرىياللارنى كۆپ كۆرمەي، دىنىي ئەپسانىۋى تۈستىكى رىۋايەتلەرگىلا تايانغانلىقى سەۋەب بولغان. شۇڭا «تارىخى ئەمىنىيە» XIX ئەسىردىكى غەربىي يۇرت تارىخىنى تەتقىق قىلىشتىكى بىرىنچى قول مەنبە بولسىمۇ، بىراق XVIII ئەسىردىن ئىلگىرىكى غەربىي يۇرت تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا ئىلمىي قىممىتى ئانچە يۇقىرى ئەمەس. بۇ يەردە شۇنىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، ھازىرغا قەدەر بىر قىسىم كىشىلەر ئۇ ئەسەرلەردىن XV — XVIII ئەسىرلەردىكى شىنجاڭ تارىخىنى تەتقىق قىلىشتىكى بىرىنچى قول ماتېرىيال سۈپىتىدە پايدىلىنىپ كىتاب يېزىۋاتىدۇ ۋە ئۆز قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇۋاتىدۇ،

نەتىجىدە خاتالىق يەنىلا خاتالىق ھالىتىدە تۇرۇپ قېلىپ تارىخىي پاكىت جەھەتتە تېگىشلىك بولمىغان قالايمىقانچىلىق پەيدا قىلىۋاتىدۇ.

«تارىخى ئەمىنىيە» يېزىلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، 1905 - يىلى نىكولاي. پانتۇسوف قازاندا ئۇنى نەشر قىلدۇرغان، بارتولد ماقالە يېزىپ ئۇنىڭغا تەپسىلىي باھا بەرگەن.

(5) «زىيائۇل قۇلۇب» («قەلب نۇرى»). ئاپتورى نامەلۇم (بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە ئاپتورى مۇھەممەد ئەۋاز، «تارىخ» 354-بەتكە قاراڭ)، 1603 - يىلى پارس تىلىدا يېزىلغان. بۇ ئەسەرنى قاراتاغلىق خوجا ئىسھاقنىڭ تەزكىرىسى، دېيىشكە بولىدۇ. ئەسەرنىڭ ئاپتورى قاراتاغلىقلارنىڭ سادىق مۇرىتى بولۇپ، مۇقەددىمىدە بۇ تەزكىرىنىڭ يېزىلىش جەريانىنى تەپسىلىي بايان قىلغان. ئاپتور مەرھۇم خوجا ئىسھاقنى ئۈچ قېتىم چۈشەپ قېلىپ، بۇ ئەھۋالنى مەزكۇر تەزكىرىنى تاماملاشقا بېرىلگەن ئىلاھىي ئۇندەك ۋە باش پاناھلىق دەپ قارىغان، شۇنىڭ بىلەن ئۇ كۆپ يىللار مۇشەققەت چېكىپ خوجا ئىسھاققا مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنى توپلىغان ۋە خاتىرىلىگەن، بۇ ماتېرىياللار ئاساسەن خوجا ئىسھاقنىڭ قۇرداشلىرىنىڭ ئاغزاكى بايانلىرى ۋە ئاپتور ئۆزى كۆرگەن ئەھۋاللاردىن كەلگەن. مۇقەددىمىدە ئېيتىلىشىچە، ئاپتور ئاشۇ ماتېرىياللارغا ئاساسەن مەزكۇر تەزكىرىنى 1-بابتا خوجا ئىسھاقنىڭ يۈكسەك پەزىلىتى، 2-بابتا خوجا ئىسھاققا باش ئەگكەن سۇلتانلار، 3-بابتا ... دېگەندەك ئالتە بابقا بۆلۈپ يېزىشنى پىلانلىغان. ئەمما ھازىرقى ساقلىنىۋاتقان نۇسخىدىن قارىغاندا ئۇنىڭ بۇ پىلانى ئىشقا ئاشمىغان. ھازىرقى مەۋجۇت نۇسخىسى بابلارغا ئايرىلمىغان، مۇقەددىمىدىن كېيىنلا كۆپلىگەن قىسقا - قىسقا بايانلار بېرىلگەن، ھەربىر باياننىڭ بېشىدا بىر ماۋزۇ بولۇپ،

رەسمىي تېكىست ئاددىي بىر سوئالدىن باشلىنىدۇ، ئاندىن شەرھلىنىدۇ. ئاپتور ئاساسىي دىققىتىنى خوجا ئىسھاقنىڭ "پاكلىقى"، "مۆجىزىلىرى" ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى دىنىي تۆھپىلىرىنى بايان قىلىشقا قاراتقان. بۇ خىل ئەۋلىيالار قىسسەلىرىدىكى ئورتاق ئىللەت بولغان پاكىتلارنى كۆپتۇرۇۋېتىش ياكى ئويدۇرۇپ چىقىرىش⑥ ئەھۋالىدىن مۇستەسنا ئەمەس. بۇ خاتىرە ئارقىلىق قاراتاغلىقلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى قائىدە - يوسۇن، ئادەت، مۇراسىم ئەھۋاللىرىدىن خەۋەردار بولالايمىز، بۇ كىتاب يەنە بىزنى كۆپلىگەن پاكىتلار بىلەن تەمىن ئېتىدىغان بولۇپ، بۇلارنى باشقا ۋەسىقىلەر ئارقىلىق ئىسپاتلاش ۋە تولۇقلاشقا بولىدۇ. ئەڭ مۇھىمى بۇ تەزكىرىنىڭ كىتاب بولۇپ يېزىلغان دەۋرى بىر قەدەر بالدۇر يەنى خوجا ئىسھاق ۋاپات بولۇپ بەش يىل بولمىغان ۋاقىت بولغاچقا ئۇنىڭ ماتېرىياللىق قىممىتى ئادەتتىكى ئەنبىيالار تەزكىرىسىدىن يۇقىرى تۇرىدۇ. مەزكۇر ئەسەرنى ئەخمەت زەكى ۋەلىدوف 1913 - يىلى فەرغانە رايونىدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىۋاتقاندا تاپقان ۋە قوقەندلىك يۇنۇسجان خوجىنىڭ ئۆيىدە ساقلانغان، 1944 - يىلىدىن كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيىسى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىنىڭ لېنىنگراد شۆبىسىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن ۋە A1615 دەپ نومۇر قويۇلغان، ھازىر روسىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىنىڭ سانكت - پېتېربۇرگ شۆبىسىدە ساقلىنىۋاتىدۇ. «قىرغىزلار ۋە قىرغىزلار رايونىنىڭ تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار» نىڭ تۇزگۇچىسىنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، بۇ دۇنيا بويىچە ساقلىنىپ قالغان بىردىنبىر نۇسخا بولۇپ، مەزكۇر ئەسەردىن بەزى ئۈزۈندىلەر تەرجىمە قىلىنغان (1 - قىسىم، 177 - 184 - بەتلەر).

(6) «جالسۇل مۇشتاقىن» («ھەققەت تەشنالىرىنىڭ ھەمسۆھبىتى»). بۇمۇ قاراتاغلىق خوجىلارنىڭ پىشىۋاسى خوجا ئىسھاقنىڭ تەزكىرىسى. ئاپتورى مەۋلانە شاھ مۇھەممەد ئىبىن مەۋلانە ھىسامىدىن، كېيىنچە ”مەۋلانە پىرى بۇخارى“ نامى بىلەن مەشھۇر بولغان. ئۇ خوجا ئىسھاقنىڭ مۇرىتى بولۇپ ئۇلار كۆپ يىل بىللە تۇرمۇش كەچۈرگەن. ئاپتور بۇ ئەسەرنى يېزىشنى تېخى ھايات تۇرۇۋاتقان خوجا ئىسھاقنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن 1599 - يىلىلا باشلىغان بولسىمۇ ئەمما، خوجا ئىسھاق ۋاپات بولغاندىن كېيىن يەنى 1599 - يىلىدىن كېيىن ئاندىن تاماملىيالىغان. بۇ تەزكىرە پارس تىلىدا يېزىلغان بولۇپ جەمئىي توققۇز باب. ئاپتور بىلەن خوجا ئىسھاقنىڭ مۇناسىۋىتى قويۇق بولغانلىقتىن ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن ۋە ئۆز قۇلىقى بىلەن ئاڭلىغان ئەھۋاللارغا ئاساسەن يېزىلغان بۇ ئەسەر خوجىلار جەمەتىنى تەتقىق قىلىشتىكى بىرىنچى قول ماتېرىيال بولالايدۇ. دەرۋەقە بۇ تەزكىرىمۇ ئەۋلىيالار تەزكىرىلىرىدە دائىم ئۇچرايدىغان خۇراپىيلىقنى تەرغىب قىلىش، ئاڭلىغانلىرىغىلا تايىنىشتەك ئىللەتلەردىن خالىي بولالمىغاچقا ئۇنىڭدا تارىخىي پاكىتلار بۇرمىلانغان ياكى ئالماشتۇرۇلۇپ قويۇلغان. بۇ ئەسەرنىڭ زامانىمىزغىچە يېتىپ كەلگەن كۆچۈرمە نۇسخىلىرى كۆپ ئەمەس. روسىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىنىڭ سانكىت - پېتىربۇرگ شۆبىسىدە A232 نومۇرلۇق بىر كۆچۈرمە نۇسخىسى ساقلىنىۋاتىدۇ. ز. ن. ۋوروژېيكىنا ئۇنى قىسقارتىپ تەرجىمە قىلىپ «قىرغىزلار ۋە قىرغىزلار رايونىنىڭ تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار» نىڭ 1 - قىسمىغا كىرگۈزگەن.

(7) «ئەنىسەتتالىبىن» («ھەققەت ئىزدىگۈچىلەر دوستى»). بۇ شاھ مەھمۇد جۇراس قالدۇرۇپ كەتكەن يەنە بىر ئەسەر، تەخمىنەن

1669 - يىلى يەنى «تارىخ» تىن 20 يىل كېيىن پارسچە يېزىلغان. «ئەنىسەتتالىبىن» نىڭ بىرلا قولىيازما نۇسخىسى بىزگىچە يېتىپ كېلەلىگەن بولۇپ، ھازىر №45 نومۇردا ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسىدا ساقلانماقتا. بۇ بىر خوجىلار تەزكىرىسى بولۇپ، ئۇنىڭدا يەركەن خانلىقى دەۋرىدىكى بەزى ئىسلام ئۆلىمالىرىنىڭ ئىش - ئىزلىرى ۋە قاراتاغلىقلار بىلەن ئاقتاغلىقلارنىڭ كۆرەشلىرىگە دائىر ئەھۋاللار بايان قىلىنغان. بۇمۇ غەربىي يۇرت خوجىلار جەمەتىنى تەتقىق قىلىشتىكى مۇھىم ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ. ئەمما ئاپتور قاراتاغلىقلارنىڭ سادىق مۇرىتى بولغاچقا كۆپلىگەن مەسىلىلەرنى، بولۇپمۇ دىنىي مەزھەپلەر كۆرىشىدىكى مەسىلىلەرنى ئوبيېكتىپ ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىشكە قادىر ئەمەس ئىدى. بۇ ئەسەردىكى خوجا ئىسھاقنىڭ دىنىي پائالىيىتى ۋە مەھمۇدخان بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرى پۈتۈنلەي دېگۈدەك ئۆزىنىڭ يەنە بىر ئەسىرى «تارىخ» تىن كۆچۈرۈلگەن. كېيىنچە ئەبۇ مەنسۇر بۇ ئەسەرنى يەركەندە «رەفىقۇت تالىبىن» (مەنىسى يەنىلا «ھەقىقەت ئىزدىگۈچىلەر دوستى») نامىدا ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىپ مەشھۇر ئەمىر دۆلەتشاھبېك ۋە ئۇنىڭ ئوغلى ئوسمان شاھبېككە تەقدىم قىلغان. ھازىر دائىم نەقىل كەلتۈرۈلۈۋاتقان ئۇيغۇرچە نۇسخىسى 1855 - يىلى ئاقسۇدا كۆچۈرۈلگەن. كىشىلەر بۇ نۇسخىنى پارسچە ئەسلىي تېكىستكە سېلىشتۇرۇپ، تەرجىمە نۇسخىنىڭ تولۇق ئەمەسلىكىنى بايقىغان. بۇ ئۇيغۇرچە قولىيازما نۇسخا روسىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ سانكىت - پېتىربۇرگ شۆبىسىدە B771 دېگەن نومۇردا ساقلانماقتا. 1973 - يىلى م. ئا. سالاھىددىنوۋا ئۇنى قىسقارتىپ رۇسچىغا تەرجىمە قىلدى ۋە «قىرغىزلار بىلەن قىرغىزلار رايونىغا دائىر تارىخىي ماتېرىياللار» نىڭ 1 - قىسمىغا كىرگۈزدى.

(8) «تەزكىرەئى ھىدايەت». ئاپتورى يەركەنلىك مىر خالىدىن، 1730—1731 - يىللىرى ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان. بۇ ئاقتاغلىق خوجىلاردىن ئافاق خوجىنىڭ پائالىيەتلىرى خاتىرىلەنگەن بىرقەدەر بالدۇرقى خوجىلار تەزكىرىسى. 1873 - يىلى م. ۋ. بېلليۋ ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى ياقۇپبەگكە ئەۋەتكەن ئۆمەكنىڭ دوختۇرى سۈپىتىدە ھىندىستان ئارقىلىق تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىغا كىرگەندە ئۆزىنىڭ تىل جەھەتتىكى ئارتۇقچىلىقى بىلەن بۇ تەزكىرىنى بايقىغان. 1875 - يىلى ت. فورساي تۈزۈپ ئېلان قىلغان «1873-يىلى يەركەنگە ئەلچىلىككە بېرىش دوكلاتى» دا «قەشقەر تارىخى» دېگەن بىر باب بولۇپ، مەزكۇر بابتا خوجىلار جەمەتىنىڭ ئالدىنقى تارىخى پۈتۈنلەي «تەزكىرەئى ھىدايەت» كە ئاساسەن يېزىلغان. مەزكۇر تەزكىرە ئافاق خوجا ۋاپاتىدىن بەك ئۇزاپ كەتمىگەن دەۋردە يېزىلغان بولغاچقا ئۇنىڭدا بىر قىسىم ئىشەنچلىك ماتېرىياللار ساقلىنىپ قالغان، بۇ ماتېرىياللارنى باشقا ۋەسىقىلەر ئارقىلىق دەلىللەپ كۆرۈشكە بولىدۇ. بۇ ئەسەر تېخى ئېلان قىلىنمىدى، بىز پەقەتلا بۇ كىتابنىڭ B738 (589d*i) نومۇردا روسىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىدا ساقلىنىۋاتقانلىقىنى بىلىمىز.

(9) «تەزكىرەئى خوجگان». مۇھەممەد سادىق قەشقەرى 1768—1769 - يىللىرى ئۇيغۇر تىلىدا يېزىپ چىققان. بۇ خوجىلار تارىخى توغرىسىدىكى مەخسۇس ئەسەر بولسىمۇ ئاپتور تەقۋادار مۇسۇلمان بولغىنى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئەسىرىنىڭ دىنىي ھېسسىياتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىماسلىقى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. «تەزكىرەئى خوجگان» نىڭ ئىنگلىزچە قىسقارتىلما تەرجىمىسىنى ئىشلىگۈچى ن. ئېلىئاس مۇقەددىمىدە ئادىل قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: "بۇ تارىخىي ئەسەر ئاپتورىنىڭ يېڭىلىشقانلىقىنى ئېتىراپ قىلىش كېرەك.

مەزكۇر ئالىمنىڭ ئەدەبىي ئىستىبداتنىڭ قانچىلىك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۇنىڭ تارىخ بىلىمىنىڭ چولتىلىقى مانا مەن دەپلا چىقىپ تۇرىدۇ“. «تەزكىرەئى خوجىگان» نىڭ كۆچۈرۈلمە نۇسخىسى خېلى كۆپ، بولۇپمۇ ئالدىنقى ئەسىرنىڭ ئاخىرى ر. ب. شاۋ ئۇنىڭ ئىنگلىزچە قىسقارتىلما تەرجىمىسىنى ئىشلىگەن، ئېلىئاس ئۇنىڭغا ئۇزۇن بىر پارچە كىرىش سۆز يازغان ۋە ئىزاھلاپ چىققان، بۇ نۇسخا كالكۇتتادا نەشر قىلىنىدىغان «بېنگال ئاسىيا تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ ژۇرنىلى» نىڭ 66 - توم، 1 - سانىنىڭ قوشۇمچىسى سۈپىتىدە 1897 - يىلى ئاشكارا ئېلان قىلىنغان (چېن جۇنمۇ ۋە جوڭ مېيجۇ ئەپەندىلەر ئىنگلىزچە بۇ قىسقارتىلما تەرجىمە نۇسخىسىنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىپ، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر تەتقىقات ئورنى تارىخ تەتقىقات ئىشخانىسى 1980 - يىلى ئىشلىگەن «مىللەتلەر تارىخىغا دائىر تەرجىمە ماقالىلەر توپلىمى» نىڭ 8 - قىسمىغا كىرگۈزگەن) دىن كېيىن كەڭ تارقىلىپ كۆپلىگەن ئالىملارنىڭ خوجىلار جەمەتى تارىخىنى تەتقىق قىلىشتىكى ئاساسلىق ماتېرىيالى بولۇپ قالغان. بۇ يەردە شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، «تەزكىرەئى خوجىگان» خوجىلار تەزكىرىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن قويۇق خۇراپىي تۈس ئالغان ۋە خوجىلارنىڭ ”كارامەتلىرى“ بىلەن تولغان، ئۇنىڭدىكى ماتېرىياللارنىڭ كۆپىنچىسى ئاڭلىغان پاراڭلار ئاساسىدا يېزىلغان بولغاچقا كۆپ ھاللاردا تارىخىي پاكىتلارغا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. ئېلىئاس ئۇنىڭ تەرجىمىسىگە ئىزاھ بېرىش جەريانىدا ئۇنى دەلىللىگەن ۋە توغرىلىغان بولسىمۇ، ئەينى ۋاقىتتىكى ئىككى مۇھىم تارىخىي ئەسەر ــ شاھ مەھمۇد جوراس يازغان «تارىخ» بىلەن نامەلۇم ئاپتور يازغان «قەشقەر تارىخى» تېخى ئىلىم دۇنياسىغا ئېلىپ كىرىلمىگەن بولغاچقا، ئۇ بۇلاردىن پايدىلىنالمىغان. شۇڭا

ئېلىئاس تەھرىرلەپ - ئىزاھلىغان «تەزكىرەئى خوجىگان» تارىخىي پاكىت بولۇشتىن كۆپ يىراق تۇرىدۇ. گېزى كەلگەندە شۇنىمۇ ئېيتىپ ئۆتۈش لازىمكى، «تەزكىرەئى خوجىگان»دا شۇنچە كۆپ كەمچىلىكلەر بولسىمۇ، ئۇنىڭ XVI ئەسىردىن XVIII ئەسىرلەرنىڭ باشلىرىدىكى خوجىلار پائالىيىتى توغرىسىدىكى بايانلىرى ئىشەنچسىز ، ماتېرىياللىق قىممىتى ناھايىتى تۆۋەن بولسىمۇ، بىراق، يەنىلا XVIII ئەسىرنىڭ 20 - يىللىرىدىن 50 - يىللىرىغىچە بولغان خوجىلار ھەققىدىكى ئەڭ دەسلەپكى، ئەڭ تەپسىلىي خاتىرىلەر ھېسابلىنىدۇ. ئاپتور مانا مۇشۇنداق بىر دەۋردە ياشىغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئەسىرىنى زاماندىشلىرى بىۋاستە نازارەت قىلىپ، ئۇنىڭغا كۆز - قولاق بولۇپ تۇرغان، ئاپتور خوجىلار ئۈچۈن ئابىدە تىكلەش غەرىزىدە تەزكىرە يېزىش جەريانىدا بىر قىسىم تارىخىي پاكىتلارنى يوشۇرۇپ قالغان بولۇشى مۇمكىن، ئەمما نورمال ئەھۋالدا تارىخىي پاكىتلارنى ئويدۇرۇپ چىقىرىشى مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا ئەستايىدىل ئانالىز يۈرگۈزۈپ كۆرسەكلا بۇ ئەسەردىن يەنىلا مۇشۇ دەۋردىكى خوجىلار پائالىيىتىنى تەتقىق قىلىشتىكى مەنبە سۈپىتىدە پايدىلىنىشقا بولىدۇ.

※ ※ ※

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان مەنبەلەرنىڭ ئالدىنقى تۆتى يىلنامە شەكلىدىكى تارىخ بولسا، قالغان بەشى خوجىلار تەزكىرىسىدۇر. مۇسۇلمان مەنبەلىرىدە ئومۇمىي جەھەتتىن ئېيتقاندا يىلنامىلىك تارىخلارنىڭ قىممىتى خوجىلار تەزكىرىسىدىن يۇقىرى تۇرىدۇ، كىتاب بولغان ۋاقتى بايان قىلىنغان ۋەقەلەرنىڭ دەۋرگە يېقىن بولغانلىرى كېيىن بولغانلىرىدىن كۆپ ئىشەنچلىك بولىدۇ. بۇنداق بولۇشى يىلنامىلىك ئەسەرلەردە خاتىرىلەنگەنلىرى پۈتكۈل

خانلىقنىڭ ياكى سۇلالىنىڭ تارىخى (مەسىلەن: يۇقىرىقى 1 - مەنبە شەرقىي چاغاتاي خانلىقى ۋە يەركەن خانلىقىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىكى يىلنامە بولسا، 2 - مەنبە يەركەن خانلىقىنىڭ تارىخىدۇر) بولۇپ، ئۇنىڭدىن مەلۇم شەخس ياكى جەمەتنىڭ خانلىق ياكى سۇلالىنىڭ ئومۇمىي پائالىيەتلىرىدە ئوينىغان رولىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ؛ ئۇنى تۈزگۈچىنىڭ مەقسىتىمۇ كۆپىنچە تارىخىي تەجرىبە - ساۋاقلارنى يەكۈنلەش، كېيىنكىلەرگە ئىبرەت قىلىش بولغانلىقتىن ياخشى-يامان ئىشلارنىڭ ھەممىسى بىر قەدەر ئوبيېكتىپ خاتىرىلىنىدۇ. خوجىلار تەزكىرىسى بولسا خاس خوجىلارنىڭ تەرجىمىھالى ياكى مەلۇم جەمەتنىڭ تارىخى ھەققىدىكى بايانلار بولۇپ، ئاپتورلارنىڭ مەقسىتىمۇ خوجىلار ئۈچۈن ئابىدە بولغۇدەك تەرجىمىھال تۈرغۈزۇش ئىدى. شۇڭا خوجىلارنىڭ تۆھپىلىرىنى كۆككە كۆتۈرۈپ ياخشى تەرەپلىرىنى مەدھىيىلەيدۇ، يامان تەرەپلىرىنى بولسا يوشۇرۇپ قالىدۇ، پۈتۈن ئەسەردە ئاساسەن دېگۈدەك خوجىلارنىڭ كارامەتلىرىنى بىر-بىرلەپ بايان قىلىپ بېرىدۇ، شۇڭا ئارتۇقچە دىنىي قىزغىنلىقتا چۆمگەن ئاپتورلارنىڭ چولتا تارىخ بىلىمى بىلەن ۋەقەلەرنى ئومۇمىيۈزلۈك، ئوبيېكتىپ ۋە ھەقىقىي يېزىپ چىقالىشى قىيىن ئىدى. يەنە كېلىپ دەۋرلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن تۈرلۈك شەكىلدىكى خوجىلار تەزكىرىلىرى كۆپىيىپ باراتتى. بۇ تەزكىرىلەردە ئەۋلىيالارنىڭ قانداشلىق نەسەبنامىسى ياكى تەرىقەت يوللىرىنى ھەمىشە خوجا ئىسھاق ياكى ئافاق خوجىغا باغلاپ، ئۇلارنىڭ ئىسلزادە ئۇرۇقتىن ئىكەنلىكى ۋە تەرىقەت يوللىرىنىڭ مۇقەددەس ئىكەنلىكى نامايىش قىلىناتتى، شۇنداقلا يەنە ئاقتاغلىق خوجىلار بىلەن قاراتاغلىق خوجىلارنىڭ نۇرغۇن كارامەتلىرى سۆزلىنەتتى، بىراق تەزكىرىلەردىكى بۇ بايانلار بۇرۇنراق يېزىلغان خوجىلار

تەزكىرىسىدىن كۆچۈرۈۋېلىنغان بولۇپ، مەزمۇنى ئاساسەن ئوخشاش ئىدى، ئۇنىڭدىن باشقا بەزى بايان تەسۋىرلىرىنى ئاپتور زورىغا قوشۇپ قويغان بولۇپ، زامان جەھەتتە كېيىنكە سۈرۈلگەنسېرى بۇنداق توقۇلمىلار كۆپىيىپ باراتتى. شۇڭا XVIII ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە XIX ئەسىردە يېزىلغان بۇ تۈردىكى خوجىلار تەزكىرىلىرىدىن خوجىلار تارىخىغا ئائىت مەنبە سۈپىتىدە پايدىلىنىش قىيىن بولغاچقا بۇ يەردە بىر- بىرلەپ كۆرسىتىلمىدى.

## 2. خەنزۇچە مەنبەلەر

### (1) مىڭ - چىڭ سۇلالىلىرى ئارخىپلىرى

مىڭ-چىڭ سۇلالىلىرى ئارخىپلىرى مىڭ سۇلالىسى ۋە چىڭ سۇلالىسىدىن ئىبارەت ئىككى سۇلالە ھۆكۈمەت ئورگانلىرى ۋە شەخسلىرىنىڭ سىياسىي، ھەربىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت، دىپلوماتىيە قاتارلىق پائالىيەتلىرى ئاساسىدا شەكىللەنگەن ھۆكۈمەت مەكتۇپلىرى بولۇپ خان ئوردىسى، مەركىزىي ھۆكۈمەت ۋە ئۇنىڭ تارماقلىرى، يەرلىك ھۆكۈمەت قاتارلىقلاردا ساقلىنىۋاتقان مىڭ - چىڭ تارىخىنى تەتقىق قىلىشتىكى ئىپتىدائىي ماتېرىياللارنى كۆرسىتىدۇ. مىڭ - چىڭ ئارخىپلىرى سان جەھەتتە ناھايىتى كۆپ، ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغانلىرى ئون مىليون پارچىدىن (قىسىمدىن) ئارتۇق بولۇپ، بېيجىڭ شەھىرىدىكى جۇڭگو 1-ئارخىپ سارىيى (تۆۋەندە قىسقارتىلىپ "1 - ئارخىپ سارىيى" دېيىلىدۇ) دا ساقلىنىۋاتىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە مىڭ سۇلالىسى ئارخىپلىرى پەقەت ئۈچ مىڭ پارچىدىن كۆپرەكلا بولۇپ ساقلىنىۋاتقان ئارخىپلارنىڭ 3% نىلا تەشكىل قىلىدۇ، چىڭ سۇلالىسى دەۋرىگە ئائىت ئارخىپلار ئاساسىي قىسمىنى تەشكىل

قىلىنغان بولۇپ، بۇلار غەربىي يۇرتنىڭ تارىخ - جۇغراپىيىسىنى تەتقىق قىلىشتا كەم بولسا بولمايدىغان بىرىنچى قول ماتېرىياللاردۇر.

1. ئارخىپ سارىيىدىكى ئارخىپلار بىر دەرىجە بويىچە ئومۇمىي چوڭ تۈرلەرگە ئايرىلغان بولۇپ، ئۇلارغا ساقلانغان ئورۇن ۋە شەخسنىڭ نامى قويۇلغان. چىڭ دەۋرى ئارخىپلىرى باش دىۋان، قارا دىۋان، ئوردا ئىشلىرى مەھكىمىسى، خان جەمەتى مەھكىمىسى، ئىچكى ئوردا، مەنسەپ - تۇتۇق پىرقىسى، نوپۇس پىرقىسى، شىغاۋۇل پىرقىسى، لەشكىرىي پىرقە، زىندان پىرقىسى، تەمىرات پىرقىسى، ۋاسساللار مەھكىمىسى، مۇشاۋىرلار سارىيى، دۆلەت تارىخ سارىيى، خېيلۇڭجياڭ جياڭجۈن يامۇلى، جۇنچىن ۋاڭلار مەھكىمىسى، پۈيى قاتارلىق 77 ئومۇمىي چوڭ تۈرگە ئايرىلىدۇ. ئومۇمىي چوڭ تۈرنىڭ ئاستىدىكىلەر مەزمۇنغا قاراپ يەنە تۈرلەرگە ئايرىلغان، مەسىلەن: "قارا دىۋان" دېگەن ئومۇمىي چوڭ تۈر ئاستىدا يەنە ئون تۈر بار: خانغا سۇنۇلغان مەلۇمات پۈتۈكلەر، پەرمان، جاۋاب مەكتۇپ، بېيجىڭدىكى ھەر قايسى يامۇللار، باش مۇپەتتىشلەرنىڭ قارا دىۋانغا يوللىغان مەكتۇپلىرى، نوتا، تېلېگرام، خەت - چەكلەر، تىزىملىك، خانلىق خەرىتە، مەلۇماتنامە، ئارىلاش خەت - چەكلەر قاتارلىقلار. مەزمۇنغا ئاساسەن ئايرىلغان بۇ چوڭ تۈر ئاستىدا يەنە كىچىك تۈر بار، مەزمۇن تۈرلىرىنىڭ ئاستىدا يەنە يىل تەرتىۋى بويىچە ئايرىلغان تۈرلەر بار. بۇ خىل ئايرىش ئۇسۇلىدا ئارخىپ ساقلانغان ئورگان، ئارخىپنىڭ ئۇسلۇبى ۋە يىل دەۋرى كۆزدە تۇتۇلغان بولسىمۇ ئارخىپ ھۆججەتلىرىنىڭ خاراكتېرىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بەرگىلى بولمايدۇ، ئىزدەپ تېپىشقىمۇ بىئەپ. بۇ ئەھۋالنى كۆزدە تۇتۇپ، 1 - ئارخىپ سارىيى 1958 - يىلى قارا دىۋاندىكى

مەلۇماتنامىلەرنى مەزمۇنى بويىچە ئىچكى ئىشلار، دىپلوماتىيە، ھەربىي ئىشلار، مالىيە، يېزا ئىگىلىكى، سانائەت، سودا، مەدەنىيەت - مائارىپ، قانۇن، مىللەتلەر ئىشلىرى، دىنىي ئىشلار، جاھانگىرلارنىڭ تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشلىرى قاتارلىق 18 چوڭ تۈرگە ئايرىغان، ھەربىر چوڭ تۈرنىڭ ئاستىدا يەنە كۆپلىگەن تارماق تۈرلەر بولغان. بۇ خىل بۆلۈنۈشتە مەزمۇننىڭ گەۋدىلەندۈرۈلۈشى ئۇنىڭدىكى ئارتۇقچىلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭ يېتەرسىز تەرىپى مەلۇماتنامىلارنىڭ چېتىلىش ساھەسى كەڭ بولغانلىقتىن بىرنى تاپسا يەنە بىرنى تاپقىلى بولمايدۇ، ئىلمىي تۈرگە ئايرىش قىيىن.

مۇشۇنداق ھېسابسىز ئارخىپ-ۋەسىقە دۆۋىلىرىدە خوجىلار ھەققىدىكى تەتقىقاتقا مۇناسىۋەتلىك ئارخىپلار ئاساسەن باش دىۋان، قارا دىۋان، ئىچكى ئوردا، ۋاسسالالار مەھكىمىسى قاتارلىق ئومۇمىي تۈرلەر ئارىسىدىن تېپىلىدىغان بولۇپ، بۇلار قارا دىۋان مەلۇمات - پۈتۈكلىرى، ئىچكى ئوردا قىزىل تامغىلىق پۈتۈكلىرى قاتارلىق تۈرلەرگە ھەممىدىن كۆپ مەركەزلەشكەن. بۇ ئىككى تۈرلۈك مەلۇمات - پۈتۈك ئارخىپلىرى مىللەتلەر ئايرىمىسى بويىچە توپلام قىلىنغان ۋە تەپسىلىي رەتلەنگەن. ئۇنىڭدىكى ئۇيغۇرلارغا ئائىت ئارخىپلاردا ساقلانغان چوڭ - كىچىك خوجىلار ۋەقەسى، سامساق خوجا ۋەقەسى، يۇسۇپ خوجا ۋەقەسى، جاھانگىر خوجا ۋەقەسى قاتارلىقلار خوجىلار جەمەتى تەتقىقاتىدىكى ناھايىتى قىممەتلىك بىرىنچى قول مەنبەلەردىن ھېسابلىنىدۇ.

1- ئارخىپ سارىيىدىن باشقا تەيبېيدىكى گۇگۇڭ مۇزېيخانىسىدا ساقلىنىۋاتقان ئارخىپلار ئارىسىدىمۇ غەربىي يۇرت تارىخى ۋە دىنلىرىغا ئائىت ماتېرىياللار بار. تەخمىنەن 400 مىڭ پارچە چىقىدىغان بۇ ئارخىپلار چوڭ قۇرۇقلۇق ئازاد بولۇش ھارپىسىدا

تەيۋەنگە يۆتكەپ كېتىلگەن. تەيبېي گۇگۇڭ مۇزېيخانىسى بۇ ئارخىپلارنى قارا دىۋان ئارخىپى، ئىچكى ئوردا ئارخىپى، چىڭ سۇلالىسى تارىخ سارىيىنىڭ ئارخىپلىرى، ئوردا خاتىرىسى، خانلار ھەققىدىكى خاتىرە، تۇرمۇش ئىشلىرى، يارلىق، خەرىتە قاتارلىق سەككىز چوڭ تۈرگە ئايرىغان. غەربىي يۇرت ۋە خوجىلارغا ئائىت ماتېرىياللار قارا دىۋان ئارخىپى، ئىچكى ئوردا ئارخىپىدا ساقلانغان. بۇ ئارخىپلار ئاللىقاچان رەتلىنىپ مەزمۇنى، ۋاقتى، يازغان كىشىنىڭ ئىسىم - فامىلىسى قاتارلىق تۈرلەر بويىچە ئايرىم - ئايرىم ئىندېكسى ئىشلەندى ھەمدە كىتابخانىلارنىڭ پايدىلىنىشىغا سۇنۇلدى.

مىڭ - چىڭ ئارخىپلىرىنى رەتلەپ نەشر قىلىش مۇشۇ ئەسىرنىڭ 20 - يىللىرى باشلانغان. يەتمىش يىلدىن بۇيان مەنبەلىك قىممىتى ناھايىتى يۇقىرى بولغان ئارخىپ ماتېرىياللىرى كۆپلەپ رەتلىنىپ نەشر قىلىنغان بولسىمۇ، ئەمما خوجىلار جەمەتىگە مۇناسىۋەتلىك بولغانلىرى ئانچە كۆپ ئەمەس. ئاساسلىقلىرىدىن «ئىچكى ئوردىدىكى چيەنلوڭ خان دەۋرىگە تەئەللۇق مەلۇماتنامىلەر» (تەيبېي گۇگۇڭ مۇزېيخانىسى 1982 - 1987 - يىللىرى باستۇرغان، ھازىرغىچە 68 توپلام چىقىرىلدى) ۋە «مەركىزىي تەتقىقات يۇرتى تارىخ - تىل ئىنستىتۇتىدا ساقلىنىۋاتقان چىڭ دەۋرى قارا دىۋانى ئامبىرىدىكى مىڭ-چىڭ ئارخىپلىرى» (جاڭ ۋېيرېننىڭ باش مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن، تەيبېي مەركىزىي تەتقىقات يۇرتى تارىخ - تىل ئىنستىتۇتى 1986 — 1992 - يىللىرى نەشر قىلغان. ھازىرغىچە جەمئىي 235 كىتاب چىقىرىلدى) قاتارلىقلار بار.

**(2) «مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئوردا خاتىرىسى»**

بۇ ئەسەر مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ھەر قايسى ئوردا

ئەمەلدارلىرى تەرىپىدىن تۈزۈلگەن تارىخىي يىلنامە بولۇپ، ئاساسلىقى خان پەرمانى، ھەر خىل باياننامىلەر، ئەمەلدارلارنىڭ دوكلاتلىرى، ئارخىپ ماتېرىياللار ۋە توپلانغان تارىخىي مىراسلارغا دائىر قىممەتلىك ماتېرىياللار ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن. مەزكۇر ئەسەر ماتېرىيال مەنبەسىنىڭ كەڭلىكى، ماتېرىياللار مەزمۇنىنىڭ موللۇقى ھەم ماتېرىياللىرىنىڭ ئاساسەن بىرىنچى قول ماتېرىيالغا يېقىن بولۇشى بىلەن مىڭ سۇلالىسى تارىخىنى تەتقىق قىلىشتىلا ئەمەس، مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى غەربىي يۇرتنىڭ تارىخىنى تەتقىق قىلىشتىمۇ ناھايىتى مۇھىم تارىخىي ماتېرىيال بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن: شاڭخۇ نەشرىياتى نەشر قىلغان «مەجمۇئەلەر توپلىمى» نىڭ تۇنجى نەشرىدىكى ماتېرىياللار ۋە «بىلىملەر خەزىنىسى» دىكى چېن چېڭ يازغان «غەربىي يۇرتقا ئەلچىلىككە بېرىش خاتىرىسى» ئاساسەن «مىڭ تەيزوڭ دەۋرىدىكى ئوردا خاتىرىلىرى» نىڭ 169 - جىلدىدىن كۆچۈرۈلگەن. ئەمما كۆچۈرۈش جەريانىدا كۆپلىگەن خاتالىقلار ھەم يېتەرسىزلىكلەرگە يول قويۇلغان. «غەربىي يۇرتقا ئەلچىلىككە بېرىش خاتىرىسى» گە كىرگۈزۈلگەن ماقالىلارنى «بېيجىڭ دۆلەتلىك كۇتۇپخانىسىنىڭ قوليازمىلار توپلىمى» نىڭ 1 - تومىدىكى «غەربىي يۇرتتىكى قارام ئەللەر تەزكىرىسى» نىڭ كۆچۈرۈلمە فاكسىمىل نۇسخىسىغا سېلىشتۇرساق ئۇنىڭ چېن چېڭنىڭ ئەسلىي قوليازمىسى ئەمەسلىكىنى، بەلكى ئوردا ئەمەلدارلىرىنىڭ قىسقارتىشى، تۈزىتىشىدىن ئۆتكەنلىكىنى بىلەلەيمىز. شۇڭا ئۇنى پەقەت "ئەسلىي ماتېرىيالغا ئوخشىشىدۇ" دېيىش مۇمكىن. بىرىنچى قول ماتېرىياللار تولىمۇ كەمچىل بولۇۋاتقان ئەھۋالدا ئوردا خاتىرىسى ناھايىتى قىممەتلىك مەنبە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. خۇاڭ جاڭجيەن ئەپەندى ھۆكۈمەت تۈزگەن ئوردا خاتىرىسىدىكى ماتېرىياللارنىڭ

قىممىتىگە باھا بېرىپ: ”دۆلەت تارىخى بەزى كەمچىلىكلەردىن خالىي بولالمىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ماتېرىياللىرى ئارخىپلاردىن ئېلىنغان، ئۇنىڭدىكى يىل، ئاي، كۈنلەر ئادەتتىكى باشقا كىتابلارنىڭكىدىن ئىشەنچلىك. غەيرىي رەسمىي تارىخلاردىن ئىچكى ئەھۋاللارنى چۈشىنىشتە پايدىلىنىشقا بولىدۇ، بۇ ئەھۋاللارنىڭ كۆپى ئاڭلىغانلىرى ئاساسىدا يېزىلغان، شۇڭا كۆپ ھاللاردا ئۇلار تۇترۇقسىز گەپلەردۇر. ھالبۇكى، ئائىلە تارىخىدا بولسا ئارتۇقچە مۇناسىۋەتسىز ماتېرىياللار كۆپ ئۇچرايدۇ، شۇڭا غەيرىي رەسمىي تارىخ بىلەن ئائىلە تارىخىدىكى نۇقسانلارنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن، يەنىلا ئوردا خاتىرىسىدىكى بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ئىشەنچلىك ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىش كېرەك“ دېگەن⑦. بۇ باھا ھەقىقەتەنمۇ توغرا، غەربىي يۇرتنى تىلغا ئالغىنىمىزدا ئوردا خاتىرىسىنى تۈزگۈچىلەرنىڭ بۇ رايونغا بولغان تونۇشىنىڭ يېتەرسىزلىكى تۈپەيلىدىن ئۇلار بەزى ئەھۋاللارنى خاتىرىلىگەندە ئوخشاش بولمىغان ۋاقىت، ئورۇن، شەخس ۋە ۋەقەلەرنى ئۆزئارا ئارىلاشتۇرۇپ قويغان، يەنە كېلىپ ئالدىنقى پادىشاھلىق دەۋرى بىلەن كېيىنكى پادىشاھلىق دەۋرىدىكى ئوردا خاتىرىسىنى بىر ئادەم تۈزمىگەنلىكتىن بەزى ۋەقەلەر توغرىسىدىكى مەلۇمات ۋە باھادا چوڭ پەرقلەر كۆرۈلگەن ، شۇڭا ئوردا خاتىرىسىدىن پايدىلانغاندا شارائىتنىڭ يار بېرىشىچە بىرىنچى قول ماتېرىياللارنى تەكشۈرۈپ كۆرۈش كېرەك.

مىڭ سۇلالىسىنىڭ ھەرقايسى خانلىرى دەۋرىدە ئوردا خاتىرىلىرى تۈزۈلگەندىن كېيىن، ئەسلىي نۇسخىسى بىلەن قوشۇمچە نۇسخىسىلا ئايرىم - ئايرىم ھالدا خانلىق تارىخ كىتابخانىسى ۋە باش دىۋان مەھكىمىسىدە ساقلىنىپ قالغان. ”ۋەنلى يىللىرىدا قىسقارتىپ نەشر قىلىش پەرمانىنىڭ روھى بويىچە

بارلىق كىتابلار قايتىدىن كۆچۈرۈلگەن، بۇ جەرياندا چوڭ ئەمەلدار - تۆرىلەرنىڭ كۆپىنچىسى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۆلاردىن شەخسىي كۆچۈرۈۋالغان، شۇنىڭ بىلەن ئۆلارنىڭ كۆپ قىسمىنىڭ مەزمۇنى جەمئىيەتكە يېيىلىپ كەتكەن. نەتىجىدە مۇشۇنداق بىر - بىرىدىن كۆچۈرۈش داۋامىدا ئۆلاردىكى خاتالىق، يېتىشسىزلىكلەر بارغانچە كۆپەيگەن"⑧. 1940 - يىلى لياڭ خۇڭجى جياڭسۇ گومىنتار پەنلەر كۇتۇپخانىسىدىكى مەزكۇر كىتابنىڭ ئەسلىي فوتو باسمىسىنى جەمئىي 500 قىسىملىق يىپلىق تۇپلەنگەن كىتاب قىلىپ نەشر قىلغان، بۇ نۇسخا ناھايىتى كەڭ تارقالغان. ئەمما نۇرغۇن خاتالىقلاردىن يەنىلا خالىي بولالمىغان. يەنە بىر خىل نۇسخىسى بولسا تەيۋەن مەركىزىي تەتقىقات يۇرتى تارىخ - تىل ئىنستىتۇتى تۈزىتىپ نەشر قىلغان نۇسخىسى بولۇپ، بۇ نۇسخىنىڭ تەييارلىق خىزمىتى 1930 - يىلى باشلىنىپ 1933 - يىلى رەسمىي ئىشقا تۇتۇش قىلىنغان ھەمدە ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ لى جىنخۇا، ۋاڭ چوڭۋۇ، خۇاڭ جاڭجيەن قاتارلىق ئۈچ كىشى ۋە ئۆلارنىڭ ياردەمچىلىرىنىڭ جاپالىق مېھنىتى نەتىجىسىدە، 1962 - يىلى كىتاب ئىشى پۈتۈنلەي تاماملىنىپ تەيۋەندە ئارقا - ئارقىدىن نەشر قىلىنىشقا باشلىغان. مەزكۇر نۇسخا 257 جىلدلىق «تەيزۇ دەۋرىدىكى ئوردا خاتىرىلىرى»، 274 جىلدلىق «تەيزۇڭ دەۋرىدىكى ئوردا خاتىرىلىرى»، 10 جىلدلىق «رېنزوڭ دەۋرىدىكى ئوردا خاتىرىلىرى»، 115 جىلدلىق «شۇنزوڭ دەۋرىدىكى ئوردا خاتىرىلىرى»، 361 جىلدلىق «يىڭزوڭ دەۋرىدىكى ئوردا خاتىرىلىرى»، 293 جىلدلىق «شيەنزوڭ دەۋرىدىكى ئوردا خاتىرىلىرى»، 224 جىلدلىق «شياۋزوڭ دەۋرىدىكى ئوردا خاتىرىلىرى»، 197 جىلدلىق «ۋۇزوڭ دەۋردىكى ئوردا خاتىرىلىرى»، 566 جىلدلىق «شىزوڭ دەۋرىدىكى ئوردا

خاتىرىلىرى» ، 70 جىلدلىق «مۆزوڭ دەۋرىدىكى ئوردا خاتىرىلىرى» ، 596 جىلدلىق «شېنزوڭ دەۋرىدىكى ئوردا خاتىرىلىرى» ، 8 جىلدلىق «گۋاڭزوڭ دەۋردىكى ئوردا خاتىرلىرى» ، 87 جىلدلىق «شىزوڭ دەۋرىدىكى ئوردا خاتىرىلىرى» (74 جىلدى ساقلىنىپ قالغان) نى، يەنى جەمئىي 3058 جىلد (3045 جىلدى ساقلىنىپ قالغان) نى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يۇقىرىقى ئوردا خاتىرىلىرىدە يەنە تۈزىتىش خاتىرىسى، يەنە «مىڭ □ زوڭ دەۋرىدىكى ئوردا خاتىرىلىرى» (ئەسلىي نۇسخىسى بەش جىلد) ، 17 جىلدلىق «چوڭجېن دەۋرىدىكى ئوردا خاتىرىلىرى» ، 14 جىلدلىق «مىڭ شىزوڭنىڭ 7 - يىلى، باش تەپتىش مەھكىمىسى يازغان ئوردا خاتىرىلىرى» (13 جىلدى ساقلىنىپ قالغان) ، «چۇڭجېنىڭ ئەسلىي نۇسخىلىق ماتېرىياللىرى» (66 جىلدى ساقلىنىپ قالغان) ، 40 جىلدلىق «خۇاڭمىڭنىڭ دانا پەندى - نەسىھەتى» ، «شېنزوڭنىڭ دانا پەندى-نەسىھەتى» (12 بېتى ساقلىنىپ قالغان) ، «گۋاڭزوڭنىڭ دانا پەندى - نەسىھەتى» (7 بېتى ساقلىنىپ قالغان) ، «شىزوڭنىڭ دانا پەندى - نەسىھەتى» (53 بېتى ساقلىنىپ قالغان) قاتارلىق قوشۇمچە نۇسخىلارمۇ بار. «مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئوردا خاتىرىسى» نىڭ ئەسلىي تېكىستىنىڭ تۈزىتىلگەن بۇ نۇسخىسى بېيجىڭ كۇتۇپخانىسىدىكى خۇڭ گې نۇسخىسىنىڭ فاكسىمىل نۇسخىسى (ئەسلىي كۆچۈرۈلگەن نۇسخىسى ئامېرىكىدا ساقلىنىۋاتىدۇ) نى ئاساس قىلغان، ئۇنىڭ كەم جىلد ۋە بەتلىرى باشقا نۇسخىلاردىن تولۇقلانغان. خۇڭ گې كۆچۈرمە نۇسخىسى چىڭ سۇلالىسىنىڭ مىڭ سۇلالىسى تارىخىنى تۈزۈشتە پايدىلانغان كۆچۈرمە نۇسخىسى بولۇپ، ئۇنىڭدا خاتالىق ۋە يېتەرسىزلىكلەر بىرقەدەر ئاز، بۇ نۇسخىنى تۈزۈشتە ھەمدە جيايېتاڭ نۇسخىسى،

باۋجىڭلۇ نۇسخىسى، تيەنيىگې نۇسخىسى، گۇاڭفاڭيەن نۇسخىسى، مەركىزىي كۇتۇپخانا تۇزگەن نۇسخا، مەركىزىي كۇتۇپخانا تۇزگەن كونا كۆچۈرمە نۇسخا، لىۇاڭفۇ نۇسخىسى، ۋۇخەن ئۇنىۋېرسىتېتى نۇسخىسى، بېيجىڭ گۇمانىتار پەنلەر تەتقىقات ئورنى نۇسخىسى، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نۇسخىسى، لياڭ خوڭجىنىڭ فاكسىمىل نۇسخىسى ۋە چىڭ سۇلالىسىنىڭ باشلىرىدىكى مىڭ سۇلالىسى تارىخ سارىيى ھەم باش دىۋان مەھكىمىسى كىتاب ئامبىرىدىكى كۆچۈرلمە نۇسخىلار، شۇنداقلا، ئۇنىڭ پارچە - پۇرات بەتلىرىنى ئاساس قىلغان ھالدا نۇرغۇنلىغان ماتېرىياللار سېلىشتۇرۇلۇپ رەتلەنگەن. شۇڭا تەيبېي تارىخ - تىل تەتقىقات ئورنىنىڭ تۇزىتىپ چىققان بۇ نۇسخىسى مەيلى نۇسخا، مەزمۇن جەھەتتىن بولسۇن، مەيلى سەرپ قىلىنغان مېھنەت جەھەتتىن بولسۇن نۆۋەتتە ئەڭ سەرخىل نۇسخا بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. «مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئوردا خاتىرىسى» نىڭ جىلد - سەھىپىلىرى بەك كېلەڭسىز بولغاچقا ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش بىئەپ ئىدى. ئەمما تەيبېي تارىخ - تىل تەتقىقات ئورنى تۇزۇپ چىققان كىشى ئىسىملىرى ئىندېكسى بۇ ئوردا خاتىرىسىدىن پايدىلىنىش ئۇنۇمىنى زور دەرىجىدە ئۆستۇرۇپ، كىتابخانلارغا قولايلىق يارىتىپ بەردى. ياپونىيىلىك ئالىم خانىدا ئاكىرا تەيۇەن تارىخ - تىل تەتقىقات ئورنى تۇزىتىپ نەشر قىلغان «مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئوردا خاتىرىسى» دىن غەربىي يۇرتقا ئائىت ماتېرىياللارنى توپلاپ «مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار - ‹مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئوردا خاتىرىسى› دىن كۆچۈرمە» دېگەن نامدا 1974 - يىلى كيوتودا نەشر قىلدۇرغان، بۇمۇ ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىنى تەتقىق قىلغۇچىلارنى ناھايىتى زور قولايلىقلار بىلەن تەمىن ئېتىدۇ.

(3) «چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئوردا خاتىرىسى»

بۇ چىڭ سۇلالىسى تارىخىنى تەتقىق قىلىشتىكى ئاساسلىق مەنبە، چىڭ دەۋرىدىكى ئارخىپلاردىن ساقلىنىپ قالغانلىرى كۆپ بولسىمۇ، ۋاقىتنىڭ ئۆزىرىشى بىلەن بىر قىسمى يوقىلىپ كەتكەن بولغاچقا ئۇلاردىن چىڭ سۇلالىسى تارىخىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى چۈشىنىش ئوڭاي ئەمەس. «ئوردا خاتىرىسى» بولسا ئۇنداق ئەمەس، ئۇنىڭدا يىل، ئاي، كۈن بويىچە تۈرلەرگە ئايرىلغان ھالدا ئايرىم - ئايرىم سەھىپە بويىچە ھەربىر مۇھىم ۋەقەلەرنىڭ باش - ئاخىرى ئاساسەن تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

چىڭ دەۋرىدە ئوردا خاتىرىسىنى تۈزۈش - تۈزىتىش خىزمەتلىرىگە يۈكسەك دەرىجىدە ئېتىبار بېرىلگەن، شۇڭا ھەربىر خان تەختكە چىققان ھامان دەرھال پۈتۈكچىلەر سارىيى تەسىس قىلىپ باش مۇشاۋىر قاتارلىق يۇقىرى دەرىجىلىك ۋەزىر - ئەركانلارنى باش دىۋان ۋە خانلىق تارىخ كىتابخانىسىدىكى تۈرلۈك ئارخىپلار، دۆلەت تارىخ كىتابخانىسىدىكى تۈرلۈك ئارخىپلار، دۆلەت تارىخ سارىيىدىكى ماتېرىياللار ۋە ئەسەرلەر، ھەر قايسى پىرقە، مەھكىمە، يامۇللاردىكى قانۇن - مىزانلار، پادىشاھ - خانلارنىڭ ئەسەرلىرى ۋە قولىيازمىلىرى قاتارلىق ئەسلىي ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىپ ئالدىنقى دەۋر پادىشاھىغا ئاتاپ ئوردا خاتىرىسى ئىشلەشكە ئورۇنلاشتۇراتتى. چىڭ دەۋرىدىكى ئوردا خاتىرىلىرىدىن چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە تۈزۈلگەنلىرى تەيزۇ، تەيزوڭ، شىزۇ، شېڭزۇ، شىزوڭ، گاۋزوڭ، رېنزوڭ، شۈەنزوڭ، ۋېنزوڭ، مۇزوڭ قاتارلىق ئون دەۋر خانلىرىنىڭ ئوردا خاتىرىلىرى بولۇپ، دېزوڭ خانىنىڭ ئوردا خاتىرىسى چىڭ سۇلالىسى ھالاك بولغاندىن كېيىن، 1927 - يىلى تۈزۈلگەن. شۈەنتوڭ خان دەۋرىدە تەخت قولىدىن كەتكەچكە ئۇنىڭغا ئاتاپ ئوردا

خاتىرىسى يېزىشقا ئادەم چىقمىغان. ئۇنىڭدىن باشقا «مانجۇلارنىڭ ئوردا خاتىرىسى» دېگەن نامدا يەنە بىرى تۈزۈلگەن بولۇپ، چىڭ گاۋزوڭ ئۇنىڭغا «تەيزۇ دەۋرىدىكى ئوردا خاتىرىلىرىنىڭ ئۇرۇش خەرىتىسى» دەپ نام بەرگەن. ئۇنىڭدا نەچچە ئون پارچە رەسىم، خەرىتە بولۇپ، ئاساسەن تەيزۇ دەۋرىدىكى ئىشلار خاتىرىلەنگەن. ئوردا خاتىرىلىرى پۈتكەندىن كېيىن مانجۇ، موڭغۇل ۋە خەنزۇ تىللىرىدا بەش نۇسخىدىن كۆچۈرۈلەتتى. بېزىلىشى ۋە فورماتىغا ئاساسەن چوڭ خۇڭلىڭ نۇسخىسى، كىچىك خۇڭلىڭ نۇسخىسى (ھەر بىرى ئىككى نۇسخىدىن) ۋە كىچىك خۇاڭلىڭ نۇسخىسى (بىر نۇسخا) دەپ ئايرىلاتتى ۋە ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئىچكى ئوردا، چيەنچىڭ قەسرى، خانلىق تارىخ كىتابخانىسى، ئاستانە باش مۇشاۋىر مەھكىمىسى ۋە باش دىۋان ئوردا خاتىرىسى ئامبىرى قاتارلىق جايلاردا ساقلىناتتى. 1933 — 1936 - يىللىرى قورچاق مانجۇرىيە گوۋۇيۈەنى چىڭ دەۋرىدىكى ھەر قايسى «ئوردا خاتىرىلىرى»، ئومۇمىي مۇندەرىجە ۋە «شۈەنتوڭنىڭ سەلتەنەت خاتىرىلىرى»⑨ نى جەمئىي 4484 جىلد، 122 قاپ، 1220 قىسىملىق فاكسىمىل نۇسخا قىلىپ نەشر قىلدۇردى. 1964 -يىلى تەيبېي خۇالىيەن نەشرىياتىمۇ «چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئوردا خاتىرىلىرى» نىڭ فاكسىمىل نۇسخىسىنى جەمئىي 95 قىسىملىق قاتتىق مۇقاۋىلىق كىتاب قىلىپ نەشر قىلدى، ئەمما بۇنىڭدا «شۈەنتوڭنىڭ سەلتەنەت خاتىرىسى» يوق. 1968—1969-يىللىرى تەيبېي خۇاۋېن كىتابخانىسى «چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئوردا خاتىرىلىرى» بىلەن «شۈەنتوڭنىڭ سەلتەنەت خاتىرىلىرى» نىڭ فاكسىمىل نۇسخىسىنى نەشر قىلدۇردى. 1986—1987-يىللىرى جوڭخۇا كىتابخانىسى 8 جىلدلىق «مانجۇلارنىڭ ئوردا خاتىرىسى»، 10 جىلدلىق «تەيزۇ دەۋرىدىكى ئوردا خاتىرىلىرى»، 65

جىلدلىق «تەيزوڭ دەۋرىدىكى ئوردا خاتىرىلىرى» ، 144 جىلدلىق «شىزۇ دەۋرىدىكى ئوردا خاتىرىلىرى» ، 300 جىلدلىق «شېڭزۇ دەۋرىدىكى ئوردا خاتىرىلىرى» ، 159 جىلدلىق «شىزوڭ دەۋرىدىكى ئوردا خاتىرىلىرى» ، 1500 جىلدلىق «گاۋزوڭ دەۋرىدىكى ئوردا خاتىرىلىرى» ، 374 جىلدلىق «رېنزوڭ دەۋرىدىكى ئوردا خاتىرىلىرى» ، 476 جىلدلىق «شۇەنزوڭ دەۋرىدىكى ئوردا خاتىرىلىرى» ، 356 جىلدلىق «ۋېنزوڭ دەۋرىدىكى ئوردا خاتىرىلىرى» ، 374 جىلدلىق «مۇزوڭ دەۋرىدىكى ئوردا خاتىرىلىرى» ، 597 جىلدلىق «دېزوڭ دەۋرىدىكى ئوردا خاتىرىلىرى» ، قوشۇمچە 70 جىلدلىق «شۇەنتوڭنىڭ سەلتەنەت خاتىرىلىرى» نى ئۆز ئىچىگە ئالغان «چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئوردا خاتىرىلىرى» نىڭ فاكسىمىل نۇسخىسىنى جەمئىي 4433 جىلد، 60 قىسىملىق قاتتىق مۇقاۋىلىق كىتاب قىلىپ نەشر قىلدى. مەزكۇر فاكسىمىل نۇسخا ئەسلىدىكى پادىشاھ قىرائەتخانىسىدا ساقلانغان «مانجۇلارنىڭ ئوردا خاتىرىسى» (ھازىر 1 ـ ئارخىپ سارىيىدا ساقلىنىۋاتىدۇ) ، خانلىق تارىخ كىتابخانىسىدا ساقلىنىۋاتقان (ھازىر 1 ـ ئارخىپ سارىيىدا ساقلىنىۋاتىدۇ) ئون خاننىڭ ئوردا خاتىرىسىنىڭ چوڭ خۆتلىك نۇسخىسى (كەم جايلىرى گۇگۇڭ مۇزېيخانىسىدىكى كىچىك خۆتلىك نۇسخىسىدىن تولۇقلانغان) ، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىۋاتقان «دېزوڭ دەۋرىدىكى ئوردا خاتىرىلىرى» ۋە «شۇەنتۇڭنىڭ سەلتەنەت خاتىرىلىرى» نى ئاساس قىلغاچقا ئەڭ مۇكەممەل نۇسخا ھېسابلىنىدۇ.

«چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئوردا خاتىرىلىرى» ، بولۇپمۇ تەيزۇ، تەيزوڭ، شىزۇ دەۋرلىرىدىكى ئوردا خاتىرىلىرى كۆپ قېتىم ئۆزگەرتىلگەچكە "بارغانسېرى چىنلىقىنى يوقىتىپ بارغان"⑩ .

ئەمما ئۇنىڭ ئۆزگەرتىلگەن قىسمى ئاساسلىقى جۇرجىتلار بىلەن مىڭ سۇلالىسىنىڭ مۇناسىۋىتى ھەم ئوردىدىكى ئىچكى نىزالارغا ئائىت مەزمۇنلار بولغاچقا، غەربىي يۇرتقا دائىر مەزمۇنلار بىلەن ئانچە مۇناسىۋىتى يوق. شۇڭا «چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئوردا خاتىرىلىرى» نى چىڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرتنىڭ تارىخ - جۇغراپىيىسىنى تەتقىق قىلىشتىكى مۇھىم ماتېرىيال قىلىشقا بولىدۇ.

«چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئوردا خاتىرىلىرى» نىڭ باش قىسمى «مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئوردا خاتىرىلىرى» گە قارىغاندا ناھايىتى كۆپ يەنى 1400 جىلدچە بولغاچقا پايدىلىنىشقا قولايسىز ئىدى. ئېلىمىز ئالىملىرىدىن گو پىڭلىياڭ، جى داچۇن قاتارلىقلار 1973—1974-يىللىرى «چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئوردا خاتىرىلىرى» دىن شىنجاڭغا ئائىت تارىخىي ماتېرىياللارنى رەتلەپ چىقىپ 1982 - يىلى «‹چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئوردا خاتىرىلىرى› دىكى شىنجاڭغا دائىر ماتېرىياللار توپلىمى» دېگەن نامدا شىنجاڭ مىللەتلەر تەتقىقات ئىنستىتۇتى تەرىپىدىن 12 قىسىملىق كىتاب قىلىپ نەشر قىلدۇردى، بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشقا زور قولايلىق يارىتىلدى.

(4) «جۇڭغارلارنى تىنچىتىش تەدبىرلىرى»

بۇ چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلوڭ يىللىرى زور مىقداردىكى ئارخىپ ماتېرىياللىرى ئاساسىدا تۈزۈلگەن ۋەقە خاتىرىلەش ئۇسلۇبىدىكى سالنامىدۇر. باش مۇشاۋىر فۇخېڭ قاتارلىقلار يارلىققا بىنائەن چيەنلوڭنىڭ 20 - يىلى (1755 - يىلى) تۈزۈشكە كىرىشكەن، 15 يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ چيەنلوڭنىڭ 35 - يىلى (1770 - يىلى) تاماملىغان، چيەنلوڭنىڭ 37 - يىلى (1772 - يىلى) ۋۇ يىڭدىيەن ئوردىسى مانجۇچە ۋە خەنزۇچە ئىككى خىل

تىلدا باستۇرغان. ئۇنىڭدىن سىرت بۇ ئەسەرنىڭ يەنە تۆت چوڭ مەجمۇئە نۇسخىسى ۋە گۇگۇڭ مۇزېيخانىسىدا ساقلىنىۋاتقان جۇگې نۇسخىسى بار.

«جۇڭغارلارنى تىنچىتىش تەدبىرلىرى» جەمئىي 172 جىلد بولۇپ ئۈچ قىسىمدىن تۈزۈلگەن، جىلد بېشىدا چيەنلوڭنىڭ كىرىش سۆزى بار. 1-بۆلۈم 54 جىلد بولۇپ دەۋر جەھەتتە كاڭشىنىڭ 39 - يىلى (1700 - يىلى) 7 - ئايدىن چيەنلوڭنىڭ 17 - يىلى (1752 - يىلى) 9 - ئايغىچە بولغان ئارىلىقنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئاساسەن غالدان ھالاك بولغاندىن كېيىنكى جۇڭغار خانلىقى بىلەن چىڭ سۇلالىسىنىڭ مۇناسىۋىتى ۋە كاڭشى خانىنىڭ چىڭخەي، شىزاڭ ئەتراپلىرىغا يۈرۈش قىلغاندىكى ئەھۋاللىرى بايان قىلىنىدۇ. 2-بۆلۈم 85 جىلد بولۇپ چيەنلوڭنىڭ 18 - يىلى (1753- يىلى) 11 - ئايدىن چيەنلوڭنىڭ 25 - يىلى (1760 - يىلى) 3 - ئايغىچە بولغان ئارىلىقتىكى جۇڭغار خانلىقىدا كۆتۈرۈلگەن مالىمانچىلىق ۋە جۇڭغارلار بىلەن ئۇيغۇرلارنى تىنچىتىش ئەھۋاللىرىنىڭ تەپسىلاتى خاتىرىلەنگەن. 3-بۆلۈم (داۋامى) 33 جىلد بولۇپ چيەنلوڭنىڭ 25 - يىلى (1760 - يىلى) 3 - ئايدىن چيەنلوڭنىڭ 30 - يىلى (1765 - يىلى) 8-ئايغىچە بولغان دەۋرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئاساسەن چىڭ سۇلالىسى غەربىي يۇرتنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىنكى ھۆكۈمرانلىق تەدبىرلىرى، ئىدارە قىلىش ئەھۋالى ۋە ئۇچتۇرپان قوزغىلىڭىنى باستۇرغانلىقىغا دائىر ۋەقەلەر خاتىرىلەنگەن.

بۇ ئەسەردىكى خوجىلارغا دائىر ماتېرىياللار ئاساسلىق 2-بۆلۈمگە مەركەزلەشكەن، ئۇنىڭدا چوڭ - كىچىك خوجىلاردىن بۇرھانىدىن ۋە خان خوجا ئىسىملىك قېرىنداشلارنىڭ چىڭ سۇلالىسىگە قارشى پائالىيەتلىرى ۋە ئۇلارنى باستۇرۇش جەريانى

تەپسىلىي بايان قىلىنغان، ئۇنىڭ مەزمۇنى سىياسىي، ئىقتىساد، دىنىي مەدەنىيەت قاتارلىق كۆپلىگەن تەرەپلەرگە چېتىلىدىغان بولغاچقا مۇشۇ مەزگىلدىكى خوجىلارنىڭ پائالىيىتىگە ئائىت ئەڭ دەسلەپكى، ئەڭ تەپسىلىي ۋە سىستېمىلىق خاتىرە بولۇش سۈپىتى بىلەن غەربىي يۇرت خوجىلار جەمەتى مەسىلىسىنى تەتقىق قىلىشتىكى ئىشەنچىلىك مەنبە ھېسابلىنىدۇ.

(5) «غەربىي يۇرتنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى»

تولۇق نامى «خان ئالىيلىرىنىڭ ھوزۇرىدا بېكىتىلگەن پادىشاھلىق زېمىن— غەربىي يۇرتنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» بولۇپ چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلوڭ يىللىرى فۇخېڭ قاتارلىقلارنىڭ قەلەم تەۋرىتىشى بىلەن تۈزۈلگەن غەربىي يۇرت تەزكىرىسىدۇر. بۇ ئەسەر چيەنلوڭنىڭ 21 - يىلى (1756 - يىلى) يارلىققا بىنائەن يېزىلىشقا باشلاپ، چيەنلوڭنىڭ 27 - يىلى(1762 - يىلى) تاماملانغاندىن كېيىن فۇخېڭ قاتارلىقلار خانغا تەقدىم قىلغان، كېيىنچە باش مۇشاۋىر يىڭ ليەن قاتارلىقلار ئۇنىڭغا بەزى بابلارنى قوشقان، شۇنداق قىلىپ چيەنلوڭنىڭ 47 - يىلى (1782 - يىلى) ھازىرقى نۇسخىسى شەكىللەنگەن. پۈتۈن ئەسەردە مۇقەددىمە ئورنىدىكى تۆت جىلدتىن باشقا رەسمىي تېكىستتە 48 جىلد بار: خەرىتە شەرھى ئۈچ جىلد، جەدۋەل ئىككى جىلد، ئىلمىي نۇجۇمغا ئائىت بايانلار ئىككى جىلد، چېگرا ئىشلىرىغا دائىر بايانلار 12جىلد، تاغلارغا دائىر بايانلار تۆت جىلد، دەريا-ئېقىنلارغا دائىر بايانلار بەش جىلد، ئەمەل-مەنسەپ ئىككى جىلد، لەشكىرىي مۇداپىئە بىر جىلد، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئىككى جىلد، غەللە-پاراق بىر جىلد، پۇل تۈزۈمى بىر جىلد، مەكتەپلەر بىر جىلد، مەرتىۋە ئىككى جىلد، ئۆرپ - ئادەت بىر جىلد، مۇزىكا بىر جىلد، كىيىم - كېچەك ئىككى جىلد، يەرلىك مەھسۇلاتلار

بىر جىلد، ۋاسساللار ئۈچ جىلد، ئارىلاش خاتىرە ئىككى جىلد.

«غەربىي يۇرتنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى»— ئەمەلىي تەكشۈرۈش ماتېرىياللىرى ۋە ئارخىپ - ھۆججەتلەر ئاساسىدا يېزىلغان. چيەنلوڭنىڭ 21 - يىلى (1756 - يىلى) غەربىي يۇرتقا لەشكەر تارتقاندا ليۇ توڭشۈن، خې گوزوڭ قاتارلىقلار پەرمانغا بىنائەن قوشۇنغا ئەگىشىپ جۇغراپىيىلىك ئۆلچەش ۋە ئەمەلىي تەكشۈرۈش بىلەن ئالتە يىل مەشغۇل بولغان، چيەنلوڭنىڭ 26 - يىلى (1761 - يىلى) توپلىغان بارلىق ماتېرىياللارنى جەملەپ «غەربىي يۇرتنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» نىڭ دەسلەپكى نۇسخىسى قىلىپ تۈزۈپ چىققان، ھازىرقى «غەربىي يۇرتنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» دەل مۇشۇنى ئاساس قىلىپ تۈرۈپ ۋۇجۇدقا چىققان. ئۇنىڭدىكى ماتېرىياللار تولۇق ۋە ئىشەنچلىك بولغاچقا غەربىي يۇرتنىڭ تارىخ - جۇغراپىيىسىگە دائىر مۇھىم ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ، كېيىنكى ۋاقىتلاردىكى «چىڭ سۇلالىسىنىڭ بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن تەزكىرىسى» دىكى شىنجاڭغا ئائىت باب ئاشۇ ئەسەرگە ئاساسەن يېزىلغان. «غەربىي يۇرتنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» نىڭ ماتېرىياللىق قىممىتى ناھايىتى يۇقىرى بولۇپ چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى غەربىي يۇرتنىڭ جۇغراپىيىسى، سىياسىي، ئىقتىسادىي، دىن، مەدەنىيەت قاتارلىق ئەھۋاللىرىنى تەتقىق قىلىشىمىزدا كەم بولسا بولمايدىغان كىتابتۇر. ئۇنىڭدا خوجىلار جەمەتى توغرىسىدا كۆپ مەلۇمات بولمىسىمۇ، ئاشۇ ئازغىنە ماتېرىياللار تولىمۇ قىممەتلىكتۇر، بولۇپمۇ 48-جىلد «ئارىلاشما خاتىرە» نىڭ ئىككىنچىسىدىكى «مۇسۇلمانلار شەجەرىسى» نىڭ «پەيغەمبەر ئەۋلادى» ماۋزۇسى بىزنى خوجىلارنىڭ نىسبەتەن سىستېمىلىق، مۇكەممەل نەسەبنامىسى بىلەن تەمىن ئېتىدۇ.

بۇ كىتابنىڭ نۇسخىلىرى خېلى كۆپ، چيەنلوڭنىڭ 27 - يىلى (1762 - يىلى) دىكى ئويما نۇسخا، تۆت چوڭ مەجمۇئە نۇسخىسى، ۋۇيىڭدىيەن قەسرى ئويما مەتبەئەدە باستۇرغان چيەنلوڭنىڭ 47 - يىلى (1782 - يىلى) دىكى تولۇقلانغان نۇسخا، گۇاڭشۇنىڭ 19 - يىلى (1893 - يىلى) خاڭجۇدىكى بيەنيى كىتابخانىسى باستۇرغان تاش مەتبەئە نۇسخىسى قاتارلىقلار بار.

(6) «غەربىي يۇرتتىكى ئوخشاش تىللىق ئەللەر تەزكىرىسى»

بۇ چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلوڭ يىللىرى ھۆكۈمەت تۈزگەن شىنجاڭ، چىڭخەي، شىزاڭ قاتارلىق رايونلارنىڭ جۇغراپىيىسى، تارىخى ۋە شەخسلىرىگە ئائىت قامۇس. فۇخېڭ قاتارلىقلار چيەنلوڭنىڭ 28 - يىلى (1763 - يىلى) پەرمانغا بىنائەن يېزىشقا كىرىشىپ توققۇز يىل سەرپ قىلىش بەدىلىگە چيەنلوڭنىڭ 36 - يىلى (1771 - يىلى) پۈتتۈرگەن. پۈتۈن ئەسەر جەمئىي 24 جىلد بولۇپ، بۇلار تۆۋەندىكىچە: 1 - جىلد، تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدىكى يەر ناملىرى؛ 2 - 3 - جىلدلار، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى يەر ناملىرى؛ 4 - جىلد، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى تاغ ناملىرى؛ 5 - جىلد، تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدىكى دەريا-ئېقىن ناملىرى؛ 6 - جىلد، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى دەريا - ئېقىن ناملىرى؛ 7 – 10 - جىلد، تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدىكى جۇڭغار كىشى ئىسىملىرى؛ 11 — 13- جىلدلار، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى؛ 14 - جىلد، چىڭخەيدىكى يەر ناملىرى؛ 15 - جىلد، چىڭخەيدىكى تاغ ناملىرى؛ 16 - جىلد، چىڭخەيدىكى دەريا ناملىرى؛ 17 - جىلد، چىڭخەيدىكى كىشى ئىسىملىرى؛ 18 - جىلد، تىبەت يەر ناملىرى؛ 19 – 20 - جىلدلار، تىبەت تاغ ناملىرى؛ 21 – 22 - جىلدلار تىبەت دەريا - ئېقىنلىرىنىڭ ناملىرى؛ 23 — 24 - جىلدلار تىبەت كىشى ئىسىملىرى.

مەزكۇر ئەسەر «جۇڭغارلارنى تىنچىتىش تەدبىرلىرى» ۋە «غەربىي يۇرتنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» بىلەن ئۆزئارا بىر - بىرىنى تولۇقلايدۇ. ئۇنىڭغا جەمئىي 3111 خاس ئىسىم كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، چىڭ سۇلالىسىنىڭ خاس ئىسىملار تەرجىمىسىنى قېلىپلاشتۇرۇشىدىكى قوللانما ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇ يەنە مەلۇم مەنىدىن چيەنلوڭنىڭ 26-يىلى (1761 -يىلى) ئىشلەنگەن «پادىشاھلىق زېمىنىنىڭ ئومۇمىي خەرىتىسى» دىكى شىنجاڭ، چىڭخەي ۋە شىزاڭ قاتارلىق جايلارنىڭ خەرىتىلىرىنى ئىزاھلاشنى مەقسەت قىلغان، ئۇنىڭغا كىرگۈزۈلگەن سۆزلەردە ”ئالدى بىلەن دۆلەت يېزىقى (مانجۇچە) دا بېرىلگەن، ئاندىن خەنزۇچە يېزىقتا يەر نامىنىڭ مەنىسى ئېنىق ئىزاھلانغان، ئاندىن ئۈچ خىل كېسىشمە تەلەپپۇزدا ئوقۇلۇشى بېرىلگەن، ئاندىن موڭغۇل، تىبەت، تود، مۇسۇلمان (ئۇيغۇر) يېزىقلىرىدا بېرىلىپ، شۇ تىلدىكى تەرجىمىسىنىڭ تەڭدىشى قىلىنغان ⑪“. ھەربىر نامنىڭ مانجۇ، خەنزۇ، موڭغۇل، تىبەت، تود، ئۇيغۇر تىللىرىدىكى ئاھاڭ تەرجىمىسى ئۈچ خىل كېسىشمە تەلەپپۇزدا بېرىلگەن ۋە قىسقىچە ئىزاھلانغان، بۇ بايانلار XVIII ئەسىردىكى تىلنى تەتقىق قىلىشتا زور پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە بولۇپلا قالماي يەنە ئۇنىڭدا ئېتنوگرافىيە، تارىخ، جۇغراپىيە، دىن، مەدەنىيەت قاتارلىق جەھەتلەردىكى مول ماتېرىياللار بولغاچقا ناھايىتى يۇقىرى مەنبەلىك قىممىتىگە ئىگە، كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا خوجىلارغا مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللار تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىغا ئائىت جىلدلاردا تارقاق ئۇچرايدۇ. ئۇنىڭدىكى 11 - جىلد «تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى مۇسۇلمان كىشى ئىسىملىرى» دىكى «پەيغەمبەر ئەۋلادلىرى» ماۋزۇسىدا خوجىلار نەسەبنامىسى تەپسىلىي خاتىرىلەنگەن، بۇ «غەربىي يۇرتنىڭ خەرىتىلىك

تەزكىرىسى» دىگەن نەسەبنامە بىلەن ئوخشاش بولسىمۇ ئەمما ئۇنىڭدىنمۇ بەكرەك تولۇق، بولۇپمۇ ئۇنىڭدا ھەر قايسى ئىسىملارنىڭ "مۇسۇلمان يېزىقى" دىگەن قوشۇپ يېزىلىش شەكلى ساقلىنىپ قالغان.

بۇ ئەسەرنىڭ چيەنلوڭ دەۋرىدىكى ۋۇيىڭدىيەن نۇسخىسى ۋە تۆت چوڭ مەجمۇئە نۇسخىسى بار. 1961 - 1964 - يىللىرى ياپونىيە شەرقىي ئوكيان مەدەنىيەت خەزىنىسى مەزكۇر ئەسەرنىڭ 24 جىلدىنى ئەنگلىيە مۇزېيخانىسىدا ساقلىنىۋاتقان قولىيازما نۇسخىسىنىڭ بەش جىلدى بىلەن قوشۇپ ئۈچ قىسىملىق فاكسىمىل نۇسخا قىلدى، ئاندىن «خان تەرىپىدىن بېكىتىلگەن غەربىي يۇرتتىكى ئوخشاش تىللىق ئەللەر تەزكىرىسى - تەتقىقات قىسمى» نىڭ بىر قىسمىنى قوشۇپ، شەرقىي ئوكيان مەدەنىيەت خەزىنىسى چاتما مەجمۇئەسىنىڭ 16-سانى سۈپىتىدە نەشر قىلدى. مەزكىرىي مىللەتلەر ئىنىستىتۇتىدىن ۋۇ فېڭپېي ئەپەندى گۇگۇڭ مۇزېيخانىسىدا ساقلىنىۋاتقان ۋۇيىڭدىيەن نۇسخىسىنى ئاساس قىلىپ مەركىزىي مىللەتلەر ئىنىستىتۇتى كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىۋاتقان قولىيازما نۇسخىنىڭ فاكسىمىلىنغا سېلىشتۇرۇپ تۈزۈپ چىقتى، ئەسلىدىكى فاكسىمىل نۇسخا ئاساسىدا جىلدلاز مۇندەرىجىسى، قىسقىچە مەزمۇنى قاتارلىقلارنى قوشۇپ ئىككى قاپ يەنى 16 قىسىملىق قىلىپ «مەركىزىي مىللەتلەر ئىنىستىتۇتى مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلىرى چاتمىلىرى» نىڭ بىرى سۈپىتىدە 1984 - يىلى نەشر قىلدۇردى. ئۇندىن باشقا شەيلەن نۇسخىسىدىكى «‹غەربىي يۇرتتىكى ئوخشاش تىللىق ئەللەر تەزكىرىسى› نىڭ خەنزۇچە خەتلىك ئىندېكىسى» ، «‹غەربىي يۇرتتىكى ئوخشاش تىللىق ئەللەر تەزكىرىسى› نىڭ مانجۇ، تىبەت، جۇڭغار، مۇسۇلمان تىللىرىدىكى ئىندېكىسى» ۋە «‹غەربىي يۇرتتىكى

ئوخشاش تىلىلىق ئەللەر تەزكىرىسى، نىڭ رىم ھەرىپىدىكى ئىسىندىكىسى» دىن بىردىن بار بولۇپ، تەتقىقاتچىلارنىڭ پايدىلىنىشىغا زور قولايلىقلارنى ئېلىپ كېلىدۇ.

**(7) «تاشقى ۋاسساللاردىن موڭغۇل-ئۇيغۇر ۋاڭ-گوڭلىرىنىڭ تەرجىمىھالى»**

بۇ ئەسەرمۇ چىڭ گاۋزوڭ "خانىنىڭ ھۇزۇرىدا بېكىتىلگەن" بولۇپ، چيەنلوڭنىڭ 44 - يىلى (1779 - يىلى) خاننىڭ پەرمانى بىلەن يېزىلىشقا باشلىنىپ، چيەنلوڭنىڭ 60 - يىلى (1795 - يىلى) جەمئىي 120 جىلدلىق كىتاب بولۇپ پۈتكەن. ئۇنىڭ 110 -، 116 -، 117 - جىلدلىرىدا خوجىلار جەمەتىگە مۇناسىۋەتلىك بىر قىسىم مۇھىم ماتېرىياللار ساقلىنىپ قالغان، بولۇپمۇ 117 - جىلدىدا خوجا جەمەتىدىن ھۆسىيىن خوجا، پەرسا خوجا، ئابدۇراخمان خوجا قاتارلىق كىشىلەرنىڭ خاس تەرجىمىھالى خاتىرىلەنگەن.

بۇ ئەسەر پۈتكەندىن كېيىن «تۆت چوڭ مەجمۇئە» نىڭ «تارىخ بۆلۈمى. تەزكىرە. ئىككىنچى قىسىم» غا كىرگۈزۈلگەن. گۇاڭشۇ يىللىرى لى خۇەن «سۇلالىنىڭ كونا ۋەسىقىلىرىدىن دەسلەپكى توپلام» نى تۈزگەندە مەزكۇر ئەسەر جياچىڭ، داۋگۇاڭ يىللىرى تۈزۈلگەن تەرجىمىھاللار (جياچىڭ يىللىرى تۈزۈلگەن دەسلەپكى تەرجىمىھالنىڭ داۋامى، 12 جىلد؛ داۋگۇاڭ يىللىرى تۈزۈلگەن تەرجىمىھالنىڭ داۋامى 12 جىلد؛ ئۈچ تولۇقلىما تەرجىمىھاللىرى 12 جىلد، جەمئىي 72 جىلد) غا تۇتاشتۇرۇلۇپ جەمئىي 192 جىلد قىلىنغان ۋە بىردەك «سۇلالىنىڭ كونا ۋەسىقىلىرىدىن دەسلەپكى توپلام» غا كىرگۈزۈلۈپ، 38 قىسىملىق كىتاب قىلىنغان، ئەمما ئەپسۇسلىنارلىق يېرى مەزكۇر نۇسخىمۇ "ئۆز ئالدىغا كۆچۈرۈلگەنلىكتىن بەزى جىلدلار چۈشۈپ قالغان"⑫.

## (8) «غەربىي يۇرت جۇغراپىيىسىنىڭ خەرىتىلىك شەرھى»

بۇ قولىيازما خەنزۇچە يېزىلغان بولۇپ، قۇر ئارىلىقىغا مانجۇچىسى بېرىلگەن، قۇرلىرى سولدىن ئوڭغا تىك شەكىلدە يېزىلغان. ئۇنىڭ جۈملىلىرىدە كەمتۈك جايلار كۆپ، سەھىپىلىرىدىنمۇ نۇرغۇن جايلار چۈشۈپ قالغان، مەزكۇر نۇسخا ھازىر ئەنچۇڭ شەھىرىدىكى سىچۇەن پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىدا ساقلىنىۋاتىدۇ، يىپلىق قىلىپ تۈپلەنگەن سەككىز قىسىملىق بۇ ئەسەردە كىتاب نامى، ئاپتورنىڭ ئىسمى، مۇقەددىمە، خاتىمە دېگەنلەرنىڭ ھېچقايسىسى يوق بولۇپ، قولىيازمىدىكى خاتىرە ۋە باھادىن بۇ ئەسەرنى مىياۋچۈەنسۈن دېگەن كىشىنىڭ ساقلىغانلىقى، لى ۋېنتيەننىڭ كۆرۈپ چىقىپ باھا يازغىنىنى بىلىشكە بولىدۇ. لى ۋېنتيەن باھاسىدا: "مەزكۇر ئەسەرنى چيەنلوڭ خان شىنجاڭنى تىنچىتقان دەسلەپكى يىللىرى تۇغلۇقلاردىن بىرەرسى يازغان بولۇشى مۇمكىن" دەپ قارىغان ھەمدە «غەربىي يۇرت جۇغراپىيىسىنىڭ خەرىتىلىك شەرھى» دەپ نام قويغان. پۈتۈن كىتابتىن ھازىر ساقلىنىپ قالغانلىرى سەككىز جىلد بولۇپ، تەرتىپتە «يېزا - بازار نوپۇسى»، «ئەمەل تۈزۈمى»، «غەللە - پاراق»، «پۇل»، «يەرلىك مەھسۇلات ئۆلپىنى»، «يات تائىپىلەرنىڭ ئەھۋالى»، «كىيىم - كېچەك»، «قەدىمكى ئىزلار» شەكلىدە كەلگەن بولۇپ، چىڭ سۇلالىسى غەربىي يۇرتنى بىرلىككە كەلتۈرگەن دەسلەپكى يىللاردىكى غەربىي يۇرتنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، جۇغراپىيە، مەدەنىيەت، ئۆرپ - ئادەت قاتارلىق ئەھۋاللىرى خېلى ئومۇمىيۈزلۈك خاتىرىلەنگەن، جۇڭغار خانلىقى ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردىكى بەزى ئەھۋاللارمۇ ئازدۇر-كۆپتۇر ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. شۇڭا ئۇنى چىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىكى غەربىي يۇرتقا دائىر بىرىنچى قول ماتېرىيال،

شۇنداقلا مۇشۇ مەزگىلدىكى خوجىلار جەمەتىنى تەتقىق قىلىشتىكى قىممەتلىك مەنبە دېيىشكە بولىدۇ. بۇ يىگانە نۇسخىنىڭ رۇەن مىڭداۋ خەنزۇچە قىسمىنى، ليوجىڭشەن مانجۇچە قىسمىنى ئىزاھلاپ ۋە تەرجىمە قىلىپ «〈غەربىي يۇرت جۇغراپىيىسىنىڭ خەرىتىلىك شەرھى〉 گە ئىزاھ» دېگەن نامدا 1992 - يىلى يەنبيەن ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتىدا نەشر قىلدۇردى. بۇ ئەسەرنىڭ ئاشكارا بېسىلىشى ۋە رۇەن مىڭداۋ، ليۇجىڭشەن ئەپەندىلەرنىڭ ئىزاھلىرى بىزنى غەربىي يۇرت تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا زور قولايلىق بىلەن تەمىن ئەتتى.

(9) «غەربىي يۇرتتا كۆرگەن-ئاڭلىغانلىرىم»

بۇمۇ چىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدىكى غەربىي يۇرتنىڭ تارىخ - جۇغراپىيىسى توغرىسىدا يېزىلغان خۇسۇسىي ئەسەر، ئاپتورى ئىماچا جەمەتىدىن بولغان چى شىيى (七十一) بولۇپ تەخەللۇسى چۇنيۇەن، مانجۇلارنىڭ كۆك تۇغلۇقلار خوشۇنىدىن، چيەنلۇڭ دەۋرىدە تەشرىبدار بولغان، ئىلگىرى تىنچلاندۇرۇش مۇپەتتىشى بولۇپ غەربىي يۇرتنى كېزىپ چىققان. مەزكۇر ئەسەر چيەنلوڭنىڭ 42 - يىلى (1777 - يىلى) پۈتكەن بولۇپ پۈتۈن كىتاب سەككىز جىلد: شىنجاڭ ھەققىدە خاتىرە ئىككى جىلد، يات تائىپىلەر تەزكىرىسى ئىككى جىلد، غەربىي چېگرا خاتىرىلىرى ئىككى جىلد، مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرى بىر جىلد، لەشكىرىي مۇساپە بىر جىلد. مەزكۇر ئەسەر مۇئەللىپىنىڭ غەربىي يۇرتتىكى سەيلى - ساياھەتتە كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرى توغرىسىدىكى خاتىرە بولغاچقا ئۇنىڭدىكى ماتېرىياللار بىر قەدەر ئىشەنچلىك، غەربىي يۇرتنىڭ تارىخ - جۇغراپىيىسى، مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ-ئادەتلىرى قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىشتا زور پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە. ئۇنىڭدىكى خوجىلارغا دائىر

ماتېرىياللار «شىنجاڭ ھەققىدە قىسقىچە خاتىرە»، «غەربىي چېگرا خاتىرىلىرى» قاتارلىق جىلدلاردا تارقاق ئۇچرايدۇ.
بۇ ئەسەرنىڭ نۇسخىلىرى خېلى كۆپ بولۇپ، چيەنلوڭنىڭ 42 - يىلى (1777 - يىلى) دىكى ئويما نۇسخا، جياچىڭنىڭ 19- يىلى (1814 - يىلى) دىكى ۋۇنىڭلۇ جەمەتىنىڭ ۋېيجىڭتاڭ نۇسخىسى، گۇاڭشۇنىڭ 23 - يىلى (1897 - يىلى) دىكى جىنشياڭ نۇسخىسى، كونا كۆچۈرمە نۇسخا، ياپونىيىدىكى كۆەنجېڭ باسما نۇسخىسى قاتارلىقلار بار. بۇلاردىن چيەنلوڭنىڭ 42 - يىلى (1777 - يىلى) دىكى ئويما نۇسخا ئەڭ ياخشى نۇسخا بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇلاردىن باشقا مەزكۇر ئەسەرنىڭ باشقا نامدىكى نۇسخىلىرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، كەڭ تارقالغان. ئۇلار تۆۋەندىكىچە: 1) «غەربىي يۇرت خاتىرىسى» سەككىز جىلد، جياچىڭنىڭ 19 - يىلى (1814 - يىلى) بېسىلغان، گۇاڭشۇنىڭ 7 - يىلى (1881 - يىلى) قايتا بېسىلغان؛ 2) «شىنجاڭنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرى ھەققىدە خاتىرە» بەش جىلد، چيەنلوڭنىڭ 42 - يىلى (1777 - يىلى) ئويما مەتبەئەدە بېسىلغان، گۇاڭشۇنىڭ 8 - يىلى (1882 - يىلى) شاڭخەيدىكى، ديەنشىجەيدە تاش مەتبەئەدە بېسىلغان؛ 3) «شىنجاڭدىكى ۋاسساللار ھەققىدە قىسقىچە خاتىرە»، ئىككى جىلد، چيەنلوڭنىڭ 42 - يىلى (1777 - يىلى) بېسىلغان (ئىككى قىسىم)، چيەنلوڭ يىللىرى يەنە ئويما مەتبەئەدە بېسىلغان (بىر قىسىم)؛ 4) «غەربىي يۇرتتىكى ئۇششاق پاراڭلار»، تۆت جىلد، كونا كۆچۈرمە نۇسخا؛ 5) «ياقا يۇرتتىكى ئۇششاق پاراڭلار»، تۆت جىلد، كونا كۆچۈرمە نۇسخا؛ 6) «يىراق ماكاندىكى ئۇششاق پاراڭلار»، تۆت جىلد، كونا كۆچۈرمە نۇسخا، چىڭجاۋتاڭ نۇسخىسى؛ 7) «غەربىي يۇرتنىڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى»، تۆت جىلد، چىڭ دەۋرىدىكى جۇ جېيرېن ئۆزگەرتىپ

تۈزگەن كونا كۆچۈرمە نۇسخا، جياچىڭنىڭ 23 ـ يىلى (1818 ـ يىلى) دىكى چياڭرۇجەي نۇسخىسى، بۇ نۇسخىنى تەيبېي ۋېنخەي نەشرىياتى «جۇڭگونىڭ چېگرا رايونلىرىغا دائىر چاتما كىتابلار» نىڭ 2 ـ قىسمى سۈپىتىدە 1966 ـ يىلى نەشر قىلغان؛ 8) «غەربىي يۇرت ھەققىدە قىسقىچە خاتىرە»، سەككىز جىلد، چىڭ دەۋرىدىكى يەن نوڭشى تۈزگەن جىنشياڭ نۇسخىسى؛ 9) «مۇسۇلمانلار يۇرتىنىڭ چېگرىسى ھەققىدە قىسقىچە خاتىرە»، كۆچۈرمە نۇسخا؛ 10) «مۇسۇلمانلار زېمىنىدىكى ئۆرپ ـ ئادەتلەر خاتىرىسى»، بىر جىلد؛ 11) «يات تائىپىلەر ھەققىدە قىسسە»، بىر جىلد؛ 12) «لەشكىرىي يوللار خاتىرىسى»، بىر جىلد (بۇ ئۈچ نۇسخا بىردەك كىچىكلىتىلگەن خۇجەي ـ خۇاڭدى چاتما كۆچۈرۈلمىسىنىڭ 2 ـ بۆلۈمىگە تەۋە). يۇقىرىقىلاردىن 7 ـ، 8 ـ نۇسخىلار باشقىلار تەرىپىدىن ئۆزگەرتىلىپ يېزىلغان، 9 ـ، 10ـ، 11 ـ، 12ـ نۇسخىلار كىچىكلىتىلگەن خۇجەي توپلىمىغا كىرگۈزۈلگەندىن سىرت قالغانلىرىنىڭ مەزمۇنى ئاساسەن ئوخشاش، مۇندەرىجە تەرتىپىلا ئاز-تولا پەرقلىنىدۇ.

### (10) «مۇسۇلمانلار يۇرتىنىڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى»

تۈزگۈچىسى خې نىڭ، تەخەللۇسى تەيئەن، ئېردىت ئۇرۇقىدىن، موڭغۇللارنىڭ شياڭخۇاڭ خوشۇنىدىن. كېيىنچە پادىشاھ بىلەن ئىسمداش بولۇپ قالماسلىق ئۈچۈن ئىسمىنى خې يىڭ دەپ ئۆزگەرتكەن، چيەنلوڭنىڭ 36 ـ يىلى (1771 ـ يىلى) تەشرىپدار بولغان. جياچىڭنىڭ 7 ـ يىلى (1802 ـ يىلى) سۈرگۈن قىلىنىپ ئۈرۈمچىگە ئەۋەتىلگەن، يەركەنگە ياردەمچى ئامبال بولغان، ئۇ يەردىن يۆتكىلىپ قەشقەرنىڭ مەسلىھەتچى ئامبىلى بولغان، مانا مۇشۇ مەزگىلدە «مۇسۇلمانلار يۇرتىنىڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى» نى يازغان. پۈتۈن ئەسەر 12 جىلد: 1 ـ

جىلد، چىڭ گاۋزوڭنىڭ مۇسۇلمان يۇرتلىرىنىڭ تىنچىتىلغانلىقىغا ئاتاپ يازغان شېئىرى ۋە ئابىدىسى؛ 2 ـ 6 جىلد، قۇمۇل، تۇرپان مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى ۋە مۇسۇلمان ھۆكۈمرانلار گۇرۇھىدىكى ئاساسلىق شەخسلەر، ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى تەزكىرىسى؛ 7 ـ 11- جىلد، مۇسۇلمانلار يۇرتىدىكى ئاساسلىق شەھەر ـ قەلئەلەر ۋە ئۇلارنىڭ ھازىرقى ھالىتى؛ 12 - جىلد، «قىسقىچە خاتىرە، مۇسۇلمانلار، ئۆرپ - ئادەت، يەرلىك مەھسۇلات» . بۇ ئەسەردە خوجىلارغا ئائىت ماتېرىياللار خېلى مول بولۇپ، ئاساسەن 2 ـ 6- جىلدلارغا ۋە 12 - جىلدقا مەركەزلەشكەن. 2 ـ 6 جىلدلىرىدا ئاساسەن خوجا جەمەتىگە مۇناسىۋەتلىك ئەھۋاللار خاتىرىلەنگەن، ھۇسەيىن، تۇردى، مامۇت، ئابدۇراخمان، پەرسا قاتارلىقلار خوجىلارنىڭ ئەۋلادلىرى سۈپىتىدە تەسۋىرلەنگەن، ئۇلارغا بېغىشلانغان بۇ خاتىرىلەرنىڭ بەزىلىرى تولىمۇ قىممەتلىك ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ. 12 - جىلد «قىسقىچە خاتىرە» دە چوڭ- كىچىك خوجىلار توپىلىڭى ۋە ئۇنىڭ باستۇرۇلۇش جەريانى خاتىرىلەنگەن، «مۇسۇلمانلار» دا مۇسۇلمانلاردىن چىققان ئاساسلىق شەخسلەرنىڭ تەرجىمىھالى بېرىلگەن، خاتىرىگە ئېلىنغانلار ”خوجا ئەۋلادلىرىدىن كېلىپ چىققان بولسىمۇ نام- ئاتىقى بولمىغانلىقتىن تەزكىرىگە كىرگۈزۈلمىگەنلەر“⑬ ئىدى، بۇلاردىن يۈسۈپ خوجا، فوخوجا قاتارلىقلار خوجا جەمەتىنىڭ ئەزالىرى سۈپىتىدە تەسۋىرلەنگەن.

مەزكۇر ئەسەرنىڭ جياچىڭنىڭ 9-يىلى (1804- يىلى) دىكى باسما نۇسخىسى، كونا كۆچۈرمە نۇسخىسى ۋە 1925- يىلىدىكى قوغۇشۇن ھەرپلىك باسما نۇسخىسى قاتارلىقلار بار. 1966 - يىلى تەيبېيدىكى ۋېنخەي نەشرىياتى 1925 - يىلىدىكى قوغۇشۇن خەتلىك نۇسخىسىنى فاكسىمىل نۇسخا قىلىپ «جۇڭگو چېگرا رايونلىرىغا دائىر چاتما

كىتابلار» نىڭ 2 - قىسمى سوۋېتتىدە نەشر قىلدى. بۇ ئەسەرنىڭ يەنە بىر نامى «مۇسۇلمانلار يۇرتىدىكى ئىشلار» دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ، ھەر ئېھتىماللىقتىن ساقلىنىش ئۈچۈن "خې يىلى يازغان " دېيىلگەن.

(11) «پادىشاھلىقنىڭ ۋاسساللىرى ھەققىدە مۇھىم خاتىرىلەر»

بۇ چىڭ دەۋرىدىكى موڭغۇلىيە، شىنجاڭ، شىزاڭ قاتارلىق جايلاردىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى بايان قىلىنغان خۇسۇسىي ئەسەر، ئاپتورى چى يۈنشى، تەخەللۇسى شېتىڭ، يەنە بىر تەخەللۇسى چۈگاۋ، سەنشىنىڭ شوۋيالىڭ دېگەن يېرىدىن، چيەنلوڭ دەۋرىدە تەشرىپدار بولغان، دۆلەتلىك تارىخ سارىيىدا ۋەزىپىدە بولغان. جياچىڭنىڭ 10-يىلى (1805-يىلى) ئۈنچە-مەرۋايىت مەھكىمىسىگە نازارەتچى بولۇپ تەيىنلەنگەن. كېيىن خەزىنىدىكى يارماقلارغا خىيانەت قىلىش ئەنزىسىگە چېتىلىپ تۈرمىگە تاشلانغان ۋە ئىلىغا سۈرگۈن قىلىنغان. ئۇ تارىخ سارىيىنىڭ ئەمەلدارى بولۇش قولايلىقىدىن پايدىلىنىپ "خانلىق كىتابلارنى تولۇق كۆرۈپ چىققان، يات تائىپىلەر تىللىرىغىمۇ ناھايىتى پىششىق" ئىدى⑭. ئۇ سۈرگۈندىكى مەزگىلىدە مول بىرىنچى قول ماتېرىياللارنى توپلاپ بۇ كىتابنى يېزىپ چىققان. پۈتۈن كىتاب 22 جىلد بولۇپ، ئىچكى موڭغۇل خاتىرىلىرى ئىككى جىلد، تاشقى موڭغۇلىيىدىكى خالخا خاتىرىلىرى ئالتە جىلد، ئويراتلار ھەققىدىكى خاتىرىلەر ئالتە جىلد، مۇسۇلمانلار ھەققىدىكى خاتىرىلەر ئىككى جىلد، شىزاڭ خاتىرىلىرى ئىككى جىلد، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئىچكى موڭغۇل، تاشقى خالخا، ئوردۇسنىڭ غەربىدىكى جايلارغا ئائىت جەدۋەللەر، ئەسەرگە كىرگۈزۈلمىگەن يات تائىپىلەر توغرىسىدىكى جەدۋەللەر بىر جىلدتىن ئىشلەنگەن. بۇ كىتابتا يىلنامىچىلىق بىلەن تەزكىرىچىلىكنى بىرلەشتۈرۈش ئۇسلۇبى قوللىنىلغان بولغاچقا

ۋەقــەلەر تەپسىلىي بايان قىلىنغان. بۇ ئەسەر مۇھىم مەنبەلىك قىـــممىتىگە ئىگە بولۇپلا قالماسـتىن يەنە چـــاڭ دەۋرىدىكى "ۋاسساللار" توغرىسىدا بىزنى مۇكەممەل چۈشەنچە بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. بۇ كىـتابىتىكى خوجىـلارغـا دائىر ماتېرىيالـلار ئاساسەن 15—16- جىـــلدلارغا يەنى «مۇسۇلمانلار ھەققىدە خاتىرىلەر» گە مەركەزلەشكەن. چى يۈنشى ھايات چېغىدا بۇ كىتابنى مەتبەئەدە باستۇرۇشقا مۇۋەپپەق بولالمىغان، ئۇ ۋاپات بولغاندىن كېيىن جاڭ مۇ بۇ ئەسەرنى تەكشۈرۈپ بېكىتكەن، چى يۈنشىنىڭ ئوغلى چى جۈنـزاۋ داۋگـۇاڭـنىڭ 26-يىلى (1846-يىلى) ئويما مەتبەئەدە باسـتۇرغـان. بـۇ كـىتابنىڭ يەنە داۋگۇاڭ يىللىرى بېسىلغان يـۈنـلۇشـەن نـۇسـخـىسى، گۇاڭشۈ يىللىرى بېسىلغان جېجياڭ كىتابخانىسى نۇسخىسى قاتارلىق نۇسخىلىرى بار. 1965 - يىلى تـەيـبـېي ۋېـنخەي نەشرىياتى جېجياڭ كىتابخانىسى نۇسخىسىنى فاكسىمىل نۇسخا قىلىپ ئىشلىدى ۋە «جۇڭگو چېگرا رايونلىرىغا ئائىت چاتما كىتابلار» نىڭ 1 - قىسمىغا كىرگۈزدى.

(12) «مۇسـۇلـمـانلار يۇرتىنى تىنچىتىش، ئاسىي ئوغرىلارنىڭ ئەۋلادىنى يوقىتىش تەدبىرلىرى»

بـۇ چىڭ سۇلالىسى پادىشاھى داۋگۇاڭ خانىنىڭ "ھۇزۇرىدا بـېكىتىلگەن"، ئەمەلدارلار تۈزگەن خاتىرە شەكلىدىكى تارىخىي ئـەسـەر بولۇپ، قىسقارتىلىپ «مۇسۇلمانلار يۇرتىنى تىنچىتىش تەدبىرلىرى» دەپ ئاتىلىدۇ. داۋگۇاڭنىڭ 9-يىلى (1829 - يىلى) سـاۋجـېنيوڭ قاتارلىقلار پەرمانغا بىنائەن تۈزۈشكە كىرىشكەن، ئىككىنچى يىلى كىتاب بولۇپ پۈتكەن. جەمئىي 80 جىلد، يەنە ئالتە جىلدلىق سۆز بېشى بار. بۇ ئەسەردە جياچىڭنىڭ 25-يىلى (1820 - يـىـلـى) دىن داۋگۇاڭنىڭ 9-يىلى (1829-يىلى) غىچە بولـغـان ئـارىـلـىـقـتا خوجا ئەۋلادلىرىدىن جاھانگىر خوجىنىڭ

قوقەندتىن باستۇرۇپ كىرىشى قەشقەر، يېڭىسار، يەركەن، خوتەن قاتارلىق جايلاردا توپىلاڭغا قۇتراتقۇلۇق قىلىشى ۋە چىڭ سۇلالىسىنىڭ باستۇرۇش جەريانى تەپسىلىي خاتىرىلەنگەن. ئۇنىڭدىكى ماتېرىياللار مول ۋە ئىشەنچلىك بولۇپ، خوجا ئەۋلادلىرىنىڭ پائالىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىشتىكى مۇھىم مەنبە ھېسابلىنىدۇ. بۇ كىتابنىڭ داۋگۇاڭ يىللىرىدىكى ۋۇيىڭدىيەن نۇسخىسى ۋە جىڭبەن نۇسخىسى بار.

(13) «ناۋېنيى ھەزرەتلىرىنىڭ خانغا يوللىغان مەكتۇپلىرى»

بۇ ئەسەرنىڭ ئاپتورى نايەنچېڭ، جاڭجيا جەمەتىدىن، تەخەللۇسى شاۋجيۇ، يەنە بىر تەخەللۇسى دۇڭفۇ، لەقىمى يىتاڭ، مانجۇلارنىڭ ئاق تۇغ خوشۇنىدىن. نايەنچېڭ چيەنلوڭ دەۋرىدە تەشرىپدار بولغان، چيەنلوڭ، جياچىڭ، داۋگۇاڭ قاتارلىق ئۈچ دەۋرنى باشتىن كەچۈرگەن، جىلۇنىڭ باش ۋالىيسى بولغان، شاھزادە مۇشاۋىرى مەنسىپىگە قويۇلغان، ئۆلگەندىن كېيىن ۋېنيى مەرتىۋىسى بېرىلگەن. بۇ ئەسەر داۋگۇاڭنىڭ 14-يىلى (1834-يىلى) 48 - قىسىم قىلىپ بېسىلغان، جەمئىي 80 جىلد. ئۇنىڭ 74—80-جىلدلىرى «مۇسۇلمانلار يۇرتىدىكى قالدۇق ئىشلارنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىش تەدبىرلىرى» دە نايەنچېڭنىڭ داۋگۇاڭنىڭ 6 - يىلىدىن داۋگۇاڭنىڭ 13 - يىلى (1826—1833) غىچە خوجا ئەۋلادلىرىدىن جاھانگىرنىڭ توپىلىڭىنى ۋە قېچقالغان ئىشلارنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدىكى ئوردىغا سۇنۇلغان تەدبىرلىرى خاتىرىلەنگەن بولغاچقا ئۇنىڭدا كۆپلىگەن قىممەتلىك ۋە تەپسىلىي مەلۇماتلار بار. ئەسەرنى «چىڭ شۇەنزوڭ دەۋرىدىكى ئوردا خاتىرىلىرى» ، «مۇسۇلمانلار يۇرتىنى تىنچىتىش، ئاسىي ئوغرىلارنىڭ ئەۋلادلىرىنى يوقىتىش تەدبىرلىرى» بىلەن سېلىشتۇرۇپ پايدىلىنىشقا بولىدۇ.

## (14) «شەنشى - گەنسۇ - شىنجاڭدىكى مۇسۇلمان قاراقچىلارنى تىنچىتىش تەدبىرلىرى»

بۇ چىڭ سۇلالىسى پادىشاھى گۇاڭشۈنىڭ "ھۆزۈرىدا بېكىتىلگەن"، ئەمەلدارلار تۈزگەن خاتىرە شەكلىدىكى تارىخىي ئەسەر. بۇ ئەسەرنى يى شىن قاتارلىقلار يارلىققا بىنائەن يېزىشقا كىرىشىپ، گۇاڭشۈنىڭ 22 - يىلى (1896 - يىلى) تاماملىغان، جەمئىي 320 جىلد، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە بىر جىلد سۆز بېشى بار. بۇ ئەسەردە شيەنفېڭ 5 - يىلى (1855 - يىلى) دىن گۇاڭشۈنىڭ 14 - يىلى (1888 - يىلى) غىچە بولغان ئارىلىقتىكى ۋەقەلەر، ئاساسلىقى قوقەندتە سەرگەردان بولۇپ تۇرۇۋاتقان خوجا ئەۋلادلىرىدىن ۋەلىخان تۆرە قاتارلىقلارنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەنلىكى، شەنشى، گەنسۇ، شىنجاڭدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ چىڭ سۇلالىسىغا قارشى قوزغىلاڭلىرى ۋە چىڭ قوشۇنلىرىنىڭ ياقۇپبەگنى باستۇرۇش جەريانى خاتىرىلەنگەن. بۇ ئەسەر خېلى كەڭ تارقالغان بولۇپ، ئورىگىنال نۇسخىسى، كۆچۈرمە نۇسخىسى، زۇڭلى يامۇلى باستۇرغان مەتبەئە نۇسخىسى، گۇاڭشۈنىڭ 22 - يىلى (1896 - يىلى) چوڭ قوغۇشۇن ھەرپ بىلەن بېسىلغان نۇسخىسى، ئۆلچەملىك تىزىپ بېسىلغان نۇسخىسى قاتارلىقلار بار. 1968 - يىلى تەيبېيدىكى چېڭۋېن نەشرىياتى گۇاڭشۈنىڭ 22 - يىلى (1896 - يىلى) دىكى نۇسخىسىنى فاكسىمىل نۇسخا قىلىپ نەشر قىلدى ۋە «جۇڭگو تاكتىكا چاتما كىتابلىرى» نىڭ 1-قىسمىغا كىرگۈزدى.

مىڭ - چىڭ دەۋرلىرىدە ھۆكۈمەت ياكى شەخسلەر تەرىپىدىن يېزىلغان غەربىي يۇرتقا دائىر خاتىرىلەر ناھايىتى كۆپ، بولۇپمۇ چىڭ سۇلالىسى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن غەربىي يۇرتقا بولغان چۈشىنىش

چوڭقۇرلاشتى. غەربىي يۇرت ۋە خوجىلار جەمەتىنىڭ پائالىيىتى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن كۆپلىگەن ئەسەرلەر قالدۇرۇلدى. گەرچە چىڭ سۇلالىسى غەربىي يۇرتنى بىرلىككە كەلتۈرۈشتىن ئىلگىرىكى ماتېرىياللاردا خوجىلار جەمەتىگە بىۋاسىتە چېتىشلىق مەزمۇنلار ئەكس ئەتتۈرۈلگەن خاتىرىلەر كۆپ بولمىسىمۇ، ئەمما مۇشۇ ئازغىنە ماتېرىياللار شۇ مەزگىلدىكى خوجىلار جەمەتىنىڭ پائالىيەتلىرىنى چۈشىنىشتە بىر قەدەر ئىشەنچلىك زامان ئارقا كۆرۈنۈشى بىلەن تەمىن ئەتتى، بۇلارنى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەر ئارقىلىق دەلىللەشكە ۋە تولۇقلاپ تۈزىتىشكە بولىدۇ. چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن ھۆكۈمەت ياكى شەخسىيلەر يازغان خاتىرىلەردە بولسا، چىڭ سۇلالىسى غەربىي يۇرتنى بىرلىككە كەلتۈرۈشنىڭ ئالدى - كەينىدىكى خوجىلارغا مۇناسىۋەتلىك ئەڭ مول، ئىشەنچلىك بىرىنچى قول ماتېرىياللار خاتىرىلەنگەندىن سىرت يەنە بۇنىڭدىن ئاۋۋالقى خوجىلار پائالىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلارمۇ ئازدۇر - كۆپتۇر تىلغا ئېلىنىدى. خوجىلار ئەۋلادلىرىنىڭ ئاسىيلىق، بۆلگۈنچىلىك پائالىيەتلىرىگە ئائىت خاتىرىلەر تېخىمۇ كۆپ قالدۇرۇلدى، ئەمما بۇلار ئەسىرىمىزنىڭ بايان قىلىش دائىرىسىدە بولمىغاچقا بۇ يەردە بىر-بىرلەپ كۆرسىتىلمىدى.

## § 2 تەتقىقاتنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

### 1. چىڭ دەۋرىدىكى تەتقىقات ئەھۋالى

خوجىلار ھەققىدە چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلوڭ يىللىرى يېزىلغان خېلى بۇرۇنقى ئەسەرلەردىمۇ مەلۇم خاتىرىلەر قالدۇرۇلغان. چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرگەن دەسلەپكى يىللاردا چىڭ

گاۋزوڭ (چيەنلوڭ) يارلىق چۈشۈرۈپ «خان ھۆزۈرىدا بېكىتىلگەن جۇڭغارلارنى تىنچىتىش تەدبىرلىرى»، «خان ئالىيلىرىنىڭ ھۆزۈرىدا بېكىتىلگەن پادىشاھلىق زېمىن غەربىي يۇرتىنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى»، «خان ھۆزۈرىدا بېكىتىلگەن غەربىي يۇرتتىكى ئوخشاش تىللىق ئەللەر تەزكىرىسى»، «خان ھۆزۈرىدا بېكىتىلگەن تاشقى ۋاسساللاردىن موڭغۇل، ئۇيغۇر ۋاڭ-بەگلىرىنىڭ تەرجىمىھالى» قاتارلىق چوڭ تىپتىكى تارىخ، جۇغراپىيە ئەسەرلىرىنى تۈزدۈردى ۋە غەربىي يۇرتنىڭ تارىخى، جۇغراپىيىسى، ئېتنوگرافىيىسى، دىنى، مەدەنىيىتى قاتارلىقلارغا مۇناسىۋەتلىك قىممەتلىك ماتېرىياللارنى رەتلەپ چىقتى. شەخسىيلەر يازغان ئەسەرلەردىن چۈنيۈەن (چى شىيى) نىڭ «غەربىي يۇرتتا كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىم»، نامەلۇم ئاپتورنىڭ «غەربىي يۇرت جۇغراپىيىسىنىڭ خەرىتىلىك شەرھى» قاتارلىقلار غەربىي يۇرتتىكى بىۋاسىتە كەچۈرمىش ئاساسىدا يېزىلغان بولغاچقا ئۇنىڭغا ئوردا تەرىپىدىن تۈزۈلگەن ئەسەرلەردە خاتىرىلەنمىگەن كۆپلىگەن ماتېرىياللار كىرگۈزۈلگەن. ئوردا ياكى شەخسىيلەر تەرىپىدىن يېزىلغان بۇ ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسىلا خوجىلارغا مۇناسىۋەتلىك كۆپلىگەن ماتېرىياللارنى ئۆز ئىچىگە ئالغاچقا بۇ ئەسەرلەرنى تۈزۈش، رەتلەش خىزمىتىنى غەربىي يۇرت خوجىلار جەمەتى مەسىلىسى ھەققىدىكى تەتقىقاتنىڭ باشلىنىشى، دەپ قاراشقا بولىدۇ.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرا مەزگىللىرىدىن كېيىن مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ چېگرا رايونلارغا بولغان كونتروللۇقىنىڭ كۈچىيىشى ۋە چېگرا رايونلار بىلەن ئىچكىرى ئۆلكىلەر مۇناسىۋىتىنىڭ كۈنسېرى قويۇقلىشىشىغا ئەگىشىپ چېگرا رايونلارنىڭ تارىخ - جۇغراپىيىسىنى تەتقىق قىلىش بارغانسېرى ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسى

بولۇپ قالدى، كۆپ مىللەتلىك بىرلىككە كەلگەن چوڭ سىياسىي ۋەزىيەت بولسا بۇ تەلەپنىڭ ئىشقا ئېشىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بەردى، شۇنداق قىلىپ غەربىي شىمال ئىلمىي قىزغىنلىقى تەدرىجىي باش كۆتۈردى. ئالىملار ۋەسىقە ـ ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىش بىلەن ئەمەلىي تەكشۈرۈشنى تېخىمۇ بىرلەشتۈرۈپ، شىمال، غەربىي شىمال رايونلىرىنىڭ تارىخ، جۇغراپىيىسى، ئېتنوگرافىيىسى، دىنى، ئۆرپ ـ ئادىتى ۋە مەدەنىيىتى قاتارلىقلارنى خېلى كەڭ تەتقىق قىلىپ، مول نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە غەربىي يۇرتنىڭ تارىخ ـ جۇغراپىيىسىنى تەتقىق قىلغۇچى ۋەكىللىك شەخسلەردىن چى يۈنشى (1751 ـ 1815) ، شۇ سۇڭ (1781 ـ 1848) قاتارلىقلار بار ئىدى. چى يۈنشى چىڭ دەۋرىدىكى غەربىي شىمال ئىلمىي بىلەن شۇغۇللانغۇچى دەسلەپكى شەخسلەردىن بولۇپ، چيەنلوڭ ـ جياچىڭ دەۋرلىرىدە ياشىغان. ئۇ چيەنلوڭ دەۋرىدە تەشرىپدار بولۇپ، دۆلەتلىك تارىخ سارىيىدا ۋەزىپىدە بولغانلىقتىن قىزىل تاشلىق ۋە سېرىق مۇقاۋىلىق شاھانە ئارخىپلار، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ھەر قايسى دەۋرلىرىدىكى ئوردا خاتىرىلىرى ۋە ئالاقىدار مىللەتلەرنىڭ يېزىقىدىكى ئەسەرلەرنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولۇپ، شۇ دەۋرنىڭ ئادەتتىكى كىشىلىرى كۆرەلمەيدىغان ۋەسىقە-ماتېرىياللارنى ئىگىلىدى، كېيىنچە يەنى جياچىڭنىڭ 10 ـ يىلى (1805 ـ يىلى) ئىقتىسادىي دېلوغا چېتىلىپ قېلىپ ئىلىغا سۈرگۈن قىلىنغاندا غەربىي يۇرتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ئەمەلىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشتى. ئۇ غەربىي يۇرت تارىخ ـ جۇغراپىيىسىگە ئائىت كۆپلىگەن ئەسەرلەرنى يېزىپ چىقتى. ئاساسلىقلىرىدىن «پادىشاھلىقنىڭ ۋاسساللىرى ھەققىدىكى مۇھىم خاتىرە» ، «غەربىي يۇرت يەرناملىرىنىڭ شەرھى» ، «غەربىي

چىگرا ھەققىدە مۇھىم خاتىرىلەر»، «تۇمەن چاقىرىملىق سەپەر خاتىرىسى»، «غەربىي يۇرتقا سەپەر قىلىش خاتىرىسى» قاتارلىقلار بار. شۇ سۆزنىڭ تەخەللۇسى شىڭبو بولۇپ، جىلۇنىڭ داشىڭ دېگەن يېرىدىن. ئۇ جياچىڭ دەۋرىدە تەشرىپدار بولغان بولۇپ، چىڭ دەۋرىدىكى غەربىي شىمال تەتقىقاتىدا غوللۇق شەخسلەردىن سانىلاتتى. ئۇنىڭ كەچۈرمىشلىرى چى يۈنشىنىڭكىگە ئوخشاپ كېتىدۇ: ئۇمۇ ئىلگىرى دارۇلئولۇمدا سالنامىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان، كېيىن مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئىلىغا پالانغاندا تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىنى كېزىپ چىققان. شۇ سۆڭ غەربىي يۇرتتا "بارغانلىكى يېرىدە خاتىرە دەپتىرىنى ئېچىپ، كومپاسنى توغرىلاپ تاغ - دەرىيالارنىڭ ناملىرىنى خاتىرىلىۋالاتتى. ئالاقىلىشىش راباتلىرىغا دۇچ كەلگەندە ئىچىگە كىرىپ ئاتباقار (مىراخور)، يايى، شاتۇر، تۇڭچى (تەرجىمان) قاتارلىقلار بىلەن بىر - بىرلەپ سۆھبەتلىشەتتى، ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن توپلىغانلىرى كۆپەيگەچكە ئۇلارنى خەرىتە قىلىپ ئىشلەپ چىقتى، كونا تارىخنامىلەر، تەدبىرلەر ۋە پۈتۈكنامىلەردىكى جۇغراپىيىلىك ئەھۋاللارنى خاتىرە قىلىپ پۈتۈۋالغاندى"⑮. شۇ سۆڭ ئەمەلىي تەكشۈرۈش ماتېرىياللىرىغا ۋەسىقىلەردىكى خاتىرىلەرنى بىرلەشتۈرۈش ئاساسىدا غەربىي يۇرتنىڭ تارىخ - جۇغراپىيىسى ھەققىدىكى كاتتا ئەسىرى «غەربىي يۇرتنىڭ دەريا - ئېقىنلىرى توغرىسىدا خاتىرە» نى يېزىپ، دەريا - ئېقىنلارنى بايان قىلىش ئاساسىدا غەربىي يۇرتنىڭ تارىخ، جۇغراپىيىسىنى ناھايىتى كەڭ، چوڭقۇر دەلىللىدى ۋە ئىزاھلىدى. چى يۈنشى ۋە شۇ سۆڭلارنىڭ تەتقىقاتىدا تارىخ - جۇغراپىيە ھەققىدىكى ئىزدىنىش ئاساسىي ئورۇندا تۇرغان بولسىمۇ، خوجىلارنىڭ پائالىيەتلىرى يەنىلا ئوخشىمىغان دەرىجىدە ئەكس ئەتتۈرۈلدى.

جىياچىلىك، داۋگۇاڭ دەۋرلىرىدە قوقەندتە سەرگەردان بولۇپ يۈرگەن خوجا ئەۋلادلىرىدىن جاھانگىر خوجا قاتارلىقلارنىڭ تاجاۋۇزچىلىق - ئاغدۇرمىچىلىق قىلمىشلىرى چىڭ سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرت خوجىلىرى مەسىلىسىگە بولغان دىققىتىنى قوزغىدى، ئۇردا ئىچى - سىرتىدىكىلەرمۇ بۇ مەسىلە ھەققىدە ئويلىنىشقا ۋە ئىزدىنىشكە باشلىدى، مەيلى ئوردا تۈزگەن «خان ھۆزۈرىدا بېكىتىلگەن مۇسۇلمانلار يۇرتىنى تىنچىتىش، ئاسىي ئوغرىلارنىڭ ئەۋلادلىرىنى يوقىتىش تەدبىرلىرى» بولسۇن ياكى شەخسىلەر يازغان «ناۋېنىيى ھەزرەتىنىڭ خانغا يوللىغان مەكتۇپلىرى» (نايەنچىڭ يازغان)، «چېگرا رايونلارنى قوغداش خاتىرىلىرى» (بېچىياڭ يازغان)، «مۇسۇلمانلار يۇرتىدىكى سىياسەت ۋە ئۆرپ-ئادەتلەر» (نامەلۇم ئاپتور تەرىپىدىن يېزىلغان) بولسۇن بۇ ئەسەرلەرنىڭ خوجىلارغا بولغان چۈشەنچىسى ئىلگىرىكى ئەسەرلەرنىڭكىگە قارىغاندا خېلى چوڭقۇر بولغان، بۇ ئەسەرلەردە خوجىلارنىڭ باش كۆتۈرۈشى، ئاقتاغلىقلار ۋە قاراتاغلىقلار ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش قاتارلىق مەسىلىلەرگە قارىتا ئوخشىمىغان دەرىجىدە تونۇش ھاسىل قىلىنغانىدى.

بىراق، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىدە يېزىلغان خوجىلار مەسىلىسىگە ئائىت ئەسەرلەرنىڭ ئەڭ سەرخىلى سۈپىتىدە ئەيۋۈن ئۆرۈشىنىڭ ئىس - تۈتەكلىرى ئىچىدە يېزىلغان «زەپەرنامە» نى كۆرسىتىش مۇمكىن. ئاپتور ۋېي يۈەن (1794 - 1857-يىللار) نىڭ تەخەللۇسى موشېن، خۇنەننىڭ شاۋياڭ دېگەن يېرىدىن بولۇپ مەشھۇر مۇتەپەككۇر، تارىخشۇناس، شۇنداقلا چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدىكى غەربىي شىمال تەتقىقاتىدا ۋەكىل خاراكتېرلىك شەخسلەرنىڭ بىرى ئىدى. ئۇ چيەنلوڭنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدىن شيەنفېڭنىڭ دەسلەپكى يىللىرىغىچە ياشىغان

بولۇپ، ئىنجادىيەتلىرى ئاساسەن جىياچىڭ، داۋگۇاڭ يىللىرى يەنى جۇڭگو تارىخىدا غايەت زور ئۆزگىرىشلەر بولۇۋاتقان مەزگىللەردە ئېلىپ بېرىلغانىدى. ھەممىلا ياقنى كرىزىس قاپلىغان، كۈنسېرى زاۋاللىققا يۈزلىنىۋاتقان ئىجتىمائىي رېئاللىق ئالدىدا، ۋېي يۈەن چىڭ سۇلالىسىنىڭ قۇرۇلغاندىن بۇيانقى گۈللىنىش ۋە ئاجىزلىنىش تارىخىدىن مۇۋەپپەقىيەتنىڭ تەجرىبىلىرى ۋە مەغلۇبىيەتنىڭ ساۋاقلىرىنى يەكۈنلەپ ئىسلاھات تەشەببۇسىنى ئوتتۇرىغا قويۇش ۋە گۈللىنىش يوللىرىنى تېپىش ئۈمىدىدە داۋگۇاڭنىڭ 22 - يىلى (1842 - يىلى) 14 جىلدلىق «زەپەرنامە» نى يېزىپ چىقتى. ۋېي يۈەن ئەينى مەزگىلدە پايتەختتىكى ”تارىخ سارىيىدا ساقلىنىۋاتقان ئوردىنىڭ مەخپىي ھۆججەتلىرىنى، شۇنداقلا ھەر قايسى ئۆلىمالارنىڭ تۈرلۈك ئەسەرلىرىنى تولۇق كۆرۈپ چىققان“⑯لىقى، قەلەم تەۋرەتكەندە يەنە ئەينى دەۋردىكى چېگرا رايون تارىخ- جۇغراپىيىسىگە دائىر تەتقىقاتلارنىڭ نەتىجىلىرىدىن تولۇق پايدىلانغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ بۇ ئەسىرى زاماندىشلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى بېسىپ چۈشۈپ، چېگرا رايون تارىخ- جۇغراپىيىسىگە دائىر ئەسەرلەرنىڭ كاتتىسى بولۇپ قالغانىدى. ئۇنىڭدىكى خوجىلارغا ئائىت تەتقىقاتلار ئاساسەن 4 - جىلدتىكى «چيەنلوڭ خانىنىڭ مۇسۇلمانلار يۇرتىنى ئەمىن تاپقۇزغانلىقى» ، «داۋگۇاڭ خانىنىڭ مۇسۇلمانلار يۇرتىدىكى قالدۇق ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىشى» قاتارلىق ماۋزۇلارغا مەركەزلەشكەن بولۇپ، خوجىلارنىڭ گۈللىنىشى ۋە زەئىپلىشىشى، خوجىلار بىلەن يەرلىك ھۆكۈمرانلارنىڭ مۇناسىۋىتى، خوجا ئەۋلادلىرىنىڭ ئاغدۇرمىچىلىق پائالىيەتلىرى ۋە مەغلۇبىيىتى قاتارلىق مەسىلىلەرنى بىرقەدەر سىستېمىلىق بايان قىلىپ بەرگەن. ئەمما دەۋرنىڭ ۋە ماتېرىياللارنىڭ چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن ئۇنىڭ

تەتقىقات بايانلىرىدا خېلى كۆپ خاتالىقلارغا يول قويۇلغان بولسىمۇ، خوجىلار جەمەتىنىڭ پەيرلەر ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ "مۇسۇلمانلار يۇرتىنى ئەمىن تاپقۇزۇپ گۈللەنگەن ۋە قۇدرەت تاپقان ۋەزىيەت يارىتالمايدىغانلىقى"⑰نى ئېنىق كۆرسىتىپ بەردى.

## 2. چەت ئەللەردىكى تەتقىقات ئەھۋالى

چەت ئەل ئالىملىرىنىڭ خوجىلار مەسىلىسى ھەققىدىكى تەتقىقاتى XIX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن باشلانغان بولۇپ، غەرب مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ مەملىكىتىمىزنىڭ غەربىي قىسمىغا سىڭىپ كىرىشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىدى، ئۇلارنىڭ دەسلەپكى تەتقىقاتلاردا ئاساسلانغىنى ئاساسىي جەھەتتىن شۇ جايلاردا بايقالغان مۇسۇلمان ۋەسىقىلىرى بولدى.

1858 - يىلى ۋەلىخان تۆرە ئىسيانىدىن كېيىن چوقان ۋەلىخانوف روسىيە ئەلچىلەر ئۆمىكىنىڭ ئەزاسى سۈپىتىدە تەكرىتاغنىڭ جەنۇبىغا كىردى. ئۇ ئۆزىنىڭ تىل جەھەتتىكى ئارتۇقچىلىقى ۋە تارىخ ئىلمى جەھەتتىكى بىلىمىگە تايىنىپ ئۆزى بارغان جايلارنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي، سىياسىي، ھەربىي، مەدەنىيەت ۋە دىنىي ئەھۋاللىرىغا ئائىت كۆپلىگەن ئاخباراتلارنى توپلاپ، نۇرغۇن قىممەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى، قوليازمىلارنى ئوغرىلاپ كەتتى ۋە «تەكرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى ئالتە شەھەرنىڭ ئەھۋالى. 1858 - 1859»ناملىق تەكشۈرۈش دوكلاتى يازدى. مەزكۇر دوكلاتنىڭ «قىسقىچە تارىخ» دېگەن بابىدا خېلى كەڭ سەھىپە ئاجرىتىپ خوجىلار تارىخىنى سىستېمىلىق بايان قىلدى⑱. چ. ۋەلىخانوف پايدىلانغان مەنبەلىرىنى كۆرسەتمىگەن، كېيىنكىلەر ئۇ ئاساسلانغان مەنبەنى مۇھەممەد سادىق قەشقەرىنىڭ

«تەزكىرەئى خوجىگان» ناملىق ئەسىرى بولۇشى مۇمكىن دەپ قىياس قىلىشىدۇ؛ قارىغاندا ئۇ يەنە باشقا مەنبەلەردىنمۇ پايدىلانغان بولۇشى مۇمكىن، چۈنكى ئۇنىڭ بايانلىرىدىكى بەزى جايلار مىرخالىدىن يەركەندىنىڭ «تەزكىرەئى ھىدايەت» ناملىق ئەسىرى بىلەن بەزى ئوخشاشلىقلارغا ئىگە. چ. ۋەلىخانوفنىڭ مەزكۇر دوكلاتى «روسىيە خانلىق جۇغراپىيە جەمئىيىتى ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ 1861 - يىللىق 3 - سانىدا ئېلان قىلىندى⑲. 1865 - يىلى جون. مىكېل ۋە روبېرت. مىكېل ئۇنى ئىنگلىزچىگە تەرجىمە قىلىپ «روسىيىلىكلەر ئوتتۇرا ئاسىيادا»⑳ ناملىق كىتابقا كىرگۈزدى. شۇنىڭ بىلەن چ. ۋەلىخانوفنىڭ «تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى ئالتە شەھەرنىڭ ئەھۋالى. 1858 - 1859» ناملىق ئەسىرى تېخىمۇ كەڭ تارقىلىپ، خوجىلار تارىخىنى تەتقىق قىلىشتىكى زۆرۈر ئوقۇشلۇق بولۇپ قالدى ۋە ھەمىشە مەنبە سۈپىتىدە پايدىلىنىپ كېلىندى.

1873 - يىلى بېللېۋ ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى ياقۇپبەگ ھۇزۇرىغا ئەۋەتكەن ئۆمەكنىڭ دوختۇرى سۈپىتىدە تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىغا كىردى. ئۇنىڭ تىل جەھەتتە ئارتۇقچىلىقى بولغاچقا شۇ جايلارنىڭ تارىخىنى تەكشۈرۈپ چىقتى ۋە 1875 - يىلى فورسىت تۈزگەن «1873 - يىلىدىكى يەركەنگە ئەلچىلىككە بېرىش دوكلاتى» دىكى «قەشقەرنىڭ تارىخى» دېگەن بىر بابنى يازدى. بېللېۋ ئىلمىگە ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىپ، ئاساسلانغان مەنبەلىرىنى بىر - بىرلەپ كۆرسىتىپ ئۆتتى، مەزكۇر باب ئاساسەن خوجىلار تارىخى بولۇپ، ئالدىنقى يېرىمى مىرخالىدىنىنىڭ «تەزكىرەئى ھىدايەت» (يەنى «ھىدايەتنامە» ) دېگەن ئەسىرىنى، كېيىنكى يېرىمىدا چ. ۋەلىخانوفنىڭ يۇقىرىقى دوكلاتىنى ئاساس قىلىپ يېزىلغاندى.

ئەمما ھەقىقىي تۇردە كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك

قوزغىيالىغىنى مۇھەممەد سادىق قەشقەرىنىڭ «تەزكىرەئى خوجىگان» ناملىق ئەسىرىنىڭ 1897 - يىلىدىكى ئىنگلىزچە قىسقارتىلما تەرجىمىسى بولدى. بۇ نۇسخىنى روبېرت. شاۋ تەرجىمە قىلغان، ئېلىئاس تەھرىرلەپ ئىزاھلىغان بولۇپ، «بېنگال ئاسىيا تەتقىقات جەمئىيىتى ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ 66- جىلد 1 - سانىنىڭ قوشۇمچىسى سۈپىتىدە نەشر قىلىندى. بۇ ئەسەرنى «تەزكىرەئى خوجىگان» نىڭ ئىنگلىزچە قىسقارتىلما تەرجىمىسى دېگەندىن كۆرە، خوجىلار تارىخى تەتقىق قىلىنغان مەخسۇس ئەسەر، دېگەن تۈزۈك، خوددى مەزكۇر تەرجىمە نۇسخىنىڭ ماۋزۇسى «شەرقىي تۈركىستان خوجىلىرىنىڭ تارىخى» بولغىنىدەك ئېلىئاس ئۇنىڭغا قارىتا ناھايىتى كۆپ ئىزاھلارنى ئىشلىگەندى. ئېلىئاس «تەزكىرەئى خوجىگان» نىڭ مەنبەلىك قىممىتىنى ناھايىتى ياخشى چۈشەنگەنلىكتىن ئادىللىق بىلەن مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: ”بۇ ئەسەردە يىل دەۋرى دېگەن نەرسە مەۋجۇت ئەمەس، 1 - بەتتە ئەسەرنىڭ يېزىلغان ۋاقتى تىلغا ئېلىنغاندىن باشقا پۈتكۈل باياندا بىرەر يىلنامە ئۇچرىمايدۇ، شۇنداقلا ئەسەر مۇئەللىپىنىڭ ئاسىيادىكى باشقا ئاپتورلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇپ چىققانلىقىمۇ ئەسكەرتىلمەيدۇ. پۈتۈن ئەسەرنىڭ ئاساسىي خاھىشىغا زۇلمەتتىكى خۇراپىيلىق ۋە ئەسەبىي قىزغىنلىق سىڭدۈرۈلگەن“. ئۇ خۇلاسىلەپ مۇنداق دېگەندى: ”بۇ ئەسەرنى مۇۋەپپەقىيەتسىز چىققان ئەسەر دەپ ئېتىراپ قىلىش كېرەك، ئەسەر ئاپتورىنىڭ ئەدەبىي ئىستىبداتىنىڭ قانچىلىك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنىڭ تارىخ بىلىمىنىڭ چولتىلىقى مانا مەن دەپ چىقىپ تۇرىدۇ“، ”بۇ ئەسەرنىڭ ئاساسلىق ۋە بىردىنبىر قىممىتى شۇ يەردىكى، ئۇ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھازىرغا قەدەر كىشىلەرگە مەلۇم بولمىغان تارىخىي دەۋرى ھەققىدە ئىشەنچلىك مەلۇمات بەردى“. شۇڭا ئۇ

ئەينى ۋاقىتتا تاپالىغانلىكى مەنبە ۋە ۋەسىقىلەردىن پايدىلىنىپ «تەزكىرەئى خوجىگان» غا تەتقىقات خاراكتېرلىك ئىزاھ ئىشلىگەن ۋە ئۇزۇن كىرىش سۆز يازغانىدى.

«تەزكىرەئى خوجىگان» نىڭ ئىنگلىزچە قىسقارتىلما تەرجىمىسى ھازىرغا قەدەر ئىلىم ساھەسىدە زور تەسىرگە ئىگە بولۇپ كەلمەكتە. ھالبۇكى، تۆۋەندىكى ئۈچ خىل ئامىل بۇ ئەسەر بىلەن تارىخىي پاكىتلار ئوتتۇرىسىدىكى ئارىلىقنى يىراقلاشتۇرۇۋەتكەنىدى: بىرىنچى، ئېلىئاس تەتقىقاتتا ئاساس قىلغان «تەزكىرەئى خوجىگان» نىڭ ئىنگلىزچە قىسقارتىلما تەرجىمىسىنىڭ ئۆزىدىلا ئېغىر مەسىلىلەر مەۋجۇت ئىدى. تەرجىمان روبېرت. شاۋ قوقەندلىك ئاتامان ياقۇپبەگ تەگرىتاغنىڭ جەنۇبىغا تاجاۋۇز قىلغان مەزگىللەردە بۇ رايونغا كەلگەنىدى، ئۇنىڭ چ. ۋەلىخانوف، بېللېۋ قاتارلىقلارغا ئوخشاش سىياسىي ۋەزىپە بىلەن كەلگەنلىكىنى تىلغا ئالمىساقمۇ، پەقەت ياقۇپبەگ قوزغىغان دىنىي ئەسەبىيلىك ۋە سىياسىي كەيپىياتنىڭ ئۆزىلا ئۇنىڭدا كۈچلۈك تەسىر قالدۇرغانىدى. شۇڭا ئۆزىنىڭ قىسقارتىلما تەرجىمىسىدە خوجىلارنىڭ كۆپلىگەن "كارامەتلىرى" نىلا ئەمەس، ئەسلىي تېكىستىكى ئۆزى زىددىيەتلىك دەپ قارىغان نۇرغۇن جايلارنى چىقىرىۋەتتى، ھەتتا ئەسلىي تېكىستنى ئۆزگەرتىپ مەزمۇنى چېچىلاڭغۇ ۋە تۇتۇق بولغان «تەزكىرەئى خوجىگان» نىڭ قۇرۇلمىسىنى رەتلەپ ئايدىڭلاشتۇرۇپ بەردى. بۇنىڭ بىلەن ئەسلىي تېكىستكە سادىق بولۇش جەھەتتە مەسىلە كۆرۈلدى. ئىككىنچى چ. ۋەلىخانوفنىڭ خوجىلار تارىخى توغرىسىدىكى بايانلىرىغا ئانچە ئېتىبار بېرىپ كەتمىدى، بېللېۋنىڭ «تەزكىرەئى ھىدايەت» تىن كەلتۈرگەن نەقىللىرىگە پۈتۈنلەي ئىنكار قىلىش پوزىتسىيىسىدە بولۇپ: "بۇئەسەر تارىخ نوقتىسىدىن ئېلىپ

ئېيتقاندا ئىشەنچسىز»، «مەن ئۇلاردىن پايدىلىنالمىدىم»㉒ دېدى.
ئەمەلىيەتتە چ. ۋەلىخانوف، بىللېۋ تەمىنلىگەن ماتېرىياللارنىڭ بىر قىسمى توغرا بولۇپ، ئىشەنچلىك مۇسۇلمان مەنبەلىرى ۋە خەنزۇچە مەنبەلەر ئارقىلىق دەلىللەنگەندى. ئۈچىنچى، ئەڭ مۇھىمى دەۋر ۋە شارائىتنىڭ چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن ئېلىئاس شاھ مەھمۇد جۇراسنىڭ «تارىخ» ۋە نامەلۇم ئاپتورنىڭ «قەشقەر تارىخى» ناملىق ئەسەرلىرىنى كۆرەلمىگەن ۋە پايدىلىنىشقا قادىر بولالمىغان، چۈنكى شاھ مەھمۇد جۇراسنىڭ ئەسەرلىرى سەل كېيىنرەك (1915 - يىلى) بايقالغان، يەنە كېلىپ بىردىنبىر بۇ قوليازما ئۇزۇن يىللارغىچە سوۋېت ئىتتىپاقىدا ساقلىنىپ 1976- يىلىغا كەلگەندىلا ئاندىن ئاشكارىلانغان؛ «قەشقەر تارىخى» نى بولسا بارتولد 1902 - يىلى ئوتتۇرا ئاسىيادا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىۋاتقاندا تاپقان ۋە ئۇنىڭ قىسقارتىلما تەرجىمىسىنى «تۈركىستان كاماندروپكىسىدىن خۇلاسە دوكلاتى» غا كىرگۈزگەن، بىراق «قەشقەر تارىخى» نىڭ ئەسلىدىلا بىر نەچچە خىل قوليازمىسى بولغاچقا هازىرغا قەدەر تېخى بىرلىككە كەلتۈرۈلمىگەن. شاھ مەھمۇد جۇراسنىڭ ئەسىرى XVI ئەسىردىن XVII ئەسىرنىڭ 70- يىللىرىغىچە بولغان غەربىي يۇرت تارىخى توغرىسىدىكى مەنبە بولسا، نامەلۇم ئاپتورنىڭ «قەشقەر تارىخى» ناملىق ئەسىرى شۇنىڭدىن كېيىنكى چارەك ئەسىرلىك تارىخ توغرىسىدىكى مەنبە ئىدى. ئۇندىن سىرت نامەلۇم ئاپتور يازغان «زىيائۇل قۇلۇب»، مەۋلانە شاھ مۇھەممەدنىڭ «جالىسۇل مۇشتاقىن»، مىر خالىدىن يەركەندىنىڭ «تەزكىرەئى ھىدايەت» قاتارلىق ئەسەرلىرى گەرچە خوجىلار ھەققىدە يېزىلغان تەزكىرە بولسىمۇ، بىراق كىتاب بولۇپ پۈتكەن ۋاقتى خېلى بالدۇر بولغاچقا مۇئەييەن مەنبەلىك قىممىتىگە ئىگە ئىدى، ئېلىئاس بۇلاردىنمۇ پايدىلانمىغانىدى؛ يەنە كۆپلىگەن

خەنزۇچە مەنبەلەر بولۇپ بۇلار ئارقىلىق مۇسۇلمان مەنبەلىرىنى توغرىلىغىلى، تولۇقلىغىلى ۋە دەلىللىگىلى بولاتتى، ئۇ بۇلاردىنمۇ ئۈنۈملۈك پايدىلىنالىمىغان ئىدى. شۇڭا ئىلىئاس غايەت زور تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ «تەزكىرەئى خوجىگان» نىڭ ئىنگلىزچە قىسقارتىلما تەرجىمىسىنىڭ ئاساسىي قۇرۇلمىسىنى ئۆزگەرتەلمىگەن، ئەكسىچە ئۇنىڭغا بىر قەۋەت "ئىلمىي" تۈس قوشۇپ كەسكىنلىك بىلەن تولغان تارىخشۇناسلىق ساھەسىگە ئىلىپ كىرگەنىدى.

«تەزكىرەئى خوجىگان» نىڭ ئىنگلىزچە قىسقارتىلما تەرجىمىسىنىڭ ئاساسىي قۇرۇلمىسى مۇنداق: خوجىلار مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ ئەۋلادلىرى، جۇڭغار خانلىقى يەركەن خانلىقىنى يوقاتقاندىن كېيىن، ئاۋۋالقى كىلىشىم بويىچە ئاقتاغلىق خوجىلاردىن ئافاق خوجا تەگرىتاغنىڭ جەنۇبىغا خان بولغان، شۇنىڭدىن ئىتىبارەن ئاقتاغلىق خوجىلار بىلەن قاراتاغلىق خوجىلار نۆۋەتلىشىپ بۇ يۇرتنى سورىغان، چوڭ ـ كىچىك خوجىلار ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن چىڭ سۇلالىسى غەربىي يۇرتنى بىرلىككە كەلتۈرگەن. «تەزكىرەئى خوجىگان» نىڭ ئىنگلىزچە قىسقارتىلما تەرجىمىسىنىڭ كەڭ تارقىلىشىغا ئەگىشىپ، ئاشۇ تارىخ قۇرۇلمىسىمۇ ئومۇمىيۈزلۈك قوبۇل قىلىندى، شۇنىڭ بىلەن "مۇقەددەس ئىسلام دۆلىتى" ياكى "خوجىلار دەۋرى" دېگەندەك يەكۈن خاراكتېرلىك ئاتالغۇلارمۇ چەت ئەل ئالىملىرىنىڭ ئەسەرلىرىدە كۆزگە چېلىقىشقا باشلىدى.

"مۇقەددەس ئىسلام دۆلىتى" دېگەن بۇ ئاتالغۇ 1905 - يىلىدىن تارتىپ خارتماننىڭ ئەسەرلىرىدە كۆزگە چېلىقىدۇ[23]. خارتمان گېرمانىيىلىك ئوتتۇرا ئاسىيا ۋەسىقىشۇناسى بولۇپ، شىنجاڭ رايونىغا ئائىت كۆپلىگەن مۇسۇلمان ۋەسىقىلىرىنى

توپلىغانىدى، ئۇ يەنە مۇھەممەد سادىق قەشقەرىنىڭ «تەزكىرەئى خوجىگان» دېگەن ئەسىرىنى تەرجىمە قىلىپ ئىزاھلىغان (ئاخىرىغا ئېلىپ چىقالمىغان). مۇشۇ مەنبە ۋە باشقا مۇسۇلمان ۋەسىقىلىرىگە ئاساسەن خارتمان «شەرقتە ئىسلام» ۋە «جۇڭگو تۈركىستانى»㉔ قاتارلىق ئەسەرلىرىدە خوجىلار مەسىلىسىنى بايان قىلغانىدى. «تەزكىرەئى خوجىگان» دىكى خاتىرىلەرنىڭ كۆزلىرىنى تۇمانلاشتۇرۇپ قويۇشى بىلەن، ئۇ XVII — XVIII گە ئەسىرلەردىكى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىنى خاتا ھالدا "مۇقەددەس ئىسلام دۆلىتى" دەپ بېكىتكەن ۋە "مۇقەددەس ئىسلام دۆلىتى"نى "ئىسلام دىنى دۆلىتى" يەنى دىن بىلەن سىياسىي بىرىككەن ئىسلام دۆلىتى دېگەنگە تەكلەشتۈرۈپ قويغان.

ياپونىيە ئالىملىرىدىن ئەڭ ئاۋۋال مۇشۇ تېمىنى تەتقىق قىلغىنى خانېدا ئاكىرا بولۇپ، ئۇ ئاساسەن «تەزكىرەئى خوجىگان» دىن مەنبە سۈپىتىدە پايدىلاندى㉕. شۇنىڭدىن كېيىن ساگۇچى تورۇ بۇ مەسىلە ھەققىدە داۋاملىق مۇتائىلە يۈرگۈزۈپ «شەرقىي تۈركىستاننىڭ فېئوداللىق جەمئىيەت تارىخىغا كىرىش سۆز»㉖ناملىق ماقالىسىدا "خوجىلار دەۋرى" دېگەن ئاتالغۇنى ئوچۇق - ئاشكارا ئوتتۇرىغا قويدى، 1952 - يىلى ياپونىيىلىك يەنە بىر ئالىم داۋتىيەن شىياڭپىڭ «تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى ئالتەشەھەر خوجىلىرى ۋە خانلىرى»㉗ ۋە«خوجىلار دەۋرىدىكى بەگلەر»㉘ قاتارلىق ئىككى پارچە ماقالىنى ئېلان قىلىپ غەربىي يۇرت خوجىلىرىنىڭ نەسەبنامىسى، خوجىلار بىلەن چاغاتاي خانلىقىنىڭ كېيىنكى خانلىرىنىڭ مۇناسىۋىتى، بەگلەر مەسىلىسى قاتارلىقلارنى مۇھاكىمە قىلدى. ئۇ "خوجىلاردەۋرى" دېگەن ئاتالغۇنى قوبۇل قىلىپلا قالماستىن يەنە ئۇنى مۇنداق دەپ ئالاھىدە ئىزاھلىدى: "خوجىلار دەۋرى" دېگەندە XVII ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن XVIII

ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا قەشقەر خوجىلىرىنىڭ تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرى كۆزدە تۇتىلىدۇ. يەنى خارتماننىڭ "مۇقەددەس ئىسلام دۆلىتى" دېگىنىگە توغرا كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇنداق دېيىشى دىنىي پاكى مەدەنىيەت نۇقتىسىدىن ئەمەس، بەلكى سىياسىي جەھەتتىن بۇ پەۋقۇلئاددە دەۋرنى ئېنىقلاپ "خوجىلار دەۋرى" دەپ ئاتىۋالغانلىق ئىدى.

1976 - يىلى ئامېرىكىلىق ئالىم شىۋارز «شەرقىي تۈركىستان خوجىلىرى»㉙ ناملىق ماقالىسىنى ئېلان قىلىپ XVIII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن ئىلگىرىكى يەنى چوڭ - كىچىك خوجىلار توپىلىڭىدىن ئاۋۋالقى خوجىلار تارىخىنى خېلى سىستېمىلىق مۇھاكىمە قىلىپ مۇشۇ مەزگىلدىكى خوجىلارنىڭ قالايمىقان ۋە چىگىش تەرەققىيات تارىخىنى ئىلمىي ھالدا ئېنىقلاشقا تىرىشتى. ئەمما ئۇنىڭ ئاساسلانغىنىمۇ يەنىلا «تەزكىرەئى خوجىگان» نىڭ ئىنگلىزچە قىسقارتىلما تەرجىمىسى ۋە خارتماننىڭ تولۇقسىز نېمىسچە تەرجىمىسى بولغاچقا ئۇنىڭ تەتقىقاتى يەنىلا «تەزكىرەئى خوجىگان» نىڭ خاتا قۇرۇلمىسىنىڭ چەكلىمىسىدىن خالىي بولالمىدى. بىراق دەل شۇ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىمى ئاكىمۇشكىن شاھ مەھمۇد جوراسنىڭ «تارىخ» ناملىق ئەسىرىنى رەتلەپ رۇسچىغا تەرجىمە قىلدى ۋە ئىزاھ ئىشلىدى ھەمدە موسكۋادا نەشر قىلدۇرۇپ، مەزكۇر تېما بويىچە بۆسۈش خاراكتېرلىك تەتقىقات ئېلىپ بېرىشقا ئىمكانىيەت ياراتتى. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىملىرىنىڭ مەزكۇر تېما بويىچە ئىشلىگەن ئەمگەكلىرى ئاساسەن بىر قىسىم مۇسۇلمان ئاپتورلار يازغان ۋەسىقىلەرنى رەتلەش، تەرجىمە قىلىش ۋە ئىزاھلاش بىلەن چەكلەندى، بۇلاردىن ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە بولغىنى «تارىخ» دۇر. بۇ ئەسەرنىڭ نەشر قىلىنىشى بىزنى تولىمۇ قىممەتلىك

بىرىنچى قول ماتېرىيال بىلەن تەمىن ئېتىپلا قالماي، يەنە نامەلۇم ئاپتور يازغان «قەشقەر تارىخى»، مىر خالىدىنىڭ «تەزكىرەئى ھىدايەت» قاتارلىق ئىلگىرى سەل قارالغان ۋەسىقىلەرنىڭ ئىشەنچلىك ئىكەنلىكىنى دەلىللىدى، شۇنداقلا مۇھەممەد سادىق قەشقەرىنىڭ «تەزكىرەئى خوجىگان» ناملىق ئەسىرى قالدۇرۇپ كەتكەن تۇمانلارنى ئىلىم دۇنياسىدىن سۈپۈرۈپ تاشلاپ، بۇ تېما ھەققىدىكى تەتقىقاتنى بىر يېڭى باسقۇچقا كۆتۈردى.

## 3. ئېلىمىزدىكى يېقىنقى تەتقىقاتلار

مۇسۇلمان مەنبەلىرىنىڭ رەتلىنىشى ۋە ئېلان قىلىنىشى، بولۇپمۇ «تەزكىرەئى خوجىگان»نىڭ ئىنگلىزچە قىسقارتىلما تەرجىمىسىنىڭ ئېلان قىلىنىشى ئېلىمىز ئىلىم ساھەسىگە مۇقەررەر ھالدا تەسىر كۆرسەتتى.

ۋېي يۈەندىن كېيىنكى يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىت ئىچىدە ئېلىمىزدىكى خوجىلارغا ئائىت تەتقىقاتتا ئاساسەن ھېچقانداق ئىلگىرىلەش بولمىدى، تاكى مۇشۇ ئەسىرنىڭ 20 ـ 30 ـ يىللىرى غەرب ئەللىرىنىڭ مۇسۇلمان مەنبەلىرىنى ئېلان قىلىشى ۋە پايدىلىنىشىنىڭ تەسىرىدە ئاندىن بەزى ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى. بىراق بۇ ھەقتە يەنىلا مەخسۇس تەتقىقات ئېلىپ بېرىلمىدى، ئالاقىدار تەتقىقاتلار پەقەت چېگرا رايون تارىخ ـ جۇغراپىيىسى ياكى چىڭ دەۋرى تارىخى ھەققىدىكى ئەسەرلەردىلا ئانچە ـ مۇنچە تىلغا ئېلىندى. بۇ خىلدىكى ئەسەرلەردىن سۈي يىشەننىڭ «چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئومۇمىي تارىخى» (1 ـ توم، شاڭۋۇ نەشرىياتى، 1923 ـ يىل)، جىن جاۋفېڭنىڭ «چىڭ سۇلالىسى تارىخىدىن ئومۇمىي تېزىس» (كەيمىڭ كىتابخانىسى، 1936 ـ يىل) ۋە زېڭ

ۋېنىۋۇنىڭ «جۇڭگونىڭ غەربىي يۇرتنى ئىدارە قىلىش تارىخى» (شاڭۋۇ نەشرىياتى، 1936 - يىل) قاتارلىقلار بار. بۇ ئەسەرلەرنىڭ مۇناسىۋەتلىك باب - پاراگرافلىرىدا خوجىلارنىڭ پائالىيەتلىرى سۆزلەنسىمۇ بەكلا ئاددىي، يەنە كېلىپ ئۇ ئاساسىي جەھەتتىن «تەزكىرەئى خوجىگان» نىڭ ئىنگلىزچە قىسقارتىلما تەرجىمىسىدىكى پىكىرنىڭ ئاددىيلا قوبۇل قىلىنىشى ئىدى. مېڭ سېن 30 - يىللاردا خوجىلار مەسىلىسىنى مۇھاكىمە قىلىپ كۆرگەن ۋە ۋېي يۈەننىڭ «زەپەرنامە» سىدىكى مۇناسىۋەتلىك بايانلارغا تەنقىدىي پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى㉚. ھازىرقى كۈندە قارايدىغان بولساق، ماتېرىيال شارائىتىنىڭ چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن ئۇنىڭ تەنقىدىدە نۇرغۇن جايلارنىڭ توغرا بولماي قالغانلىقىنى، مەلۇم دەرىجىدە «تەزكىرەئى خوجىگان» نىڭ ئېلىپ ئىزاھلىغان ئىنگلىزچە قىسقارتىلما تەرجىمىسىدىكىگە ئوخشاش رول ئويناپ قالغانلىقىنى ھېس قىلىمىز.

ئېلىمىز ئىلىم ساھەسىدىكىلەرنىڭ بۇ تېما ھەققىدىكى تەتقىقاتىنى تېخىمۇ كەڭ قانات يايدۇرۇشى 80 - يىللاردىن كېيىن ئىشقا ئاشتى.

1980 - يىلى چېن جۇنمۇ، جۇڭ مېيجۇ ئەپەندىلەر «تەزكىرەئى خوجىگان» نىڭ ئىنگلىزچە قىسقارتىلما تەرجىمىسىنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىپ «مىللەتلەر تارىخىغا دائىر تەرجىمە ماقالىلار توپلىمى» نىڭ 8 - قىسمىدا (جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر ئىنستىتۇتى تارىخ كافېدراسى ماتېرىيال بۆلۈمى تۈزگەن، 1980 - يىلى) ئېلان قىلدى ۋە «تەزكىرەئى خوجىگان» نىڭ ئىنگلىزچە قىسقارتىلما تەرجىمىسىنىڭ ئېلىمىز ئىلىم ساھەسىدىكى تەسىرىنى كېڭەيتتى.

شۇ يىلى چېن خۇيشېڭ ئەپەندى «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر

تەتقىقاتى» نىڭ 37-سانىدا «چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئاقتاغلىقلار ۋە قاراتاغلىقلار ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش ۋە ئۇنىڭ تەسىرى» ناملىق ماقالىسىنى ئېلان قىلىپ، خەنزۇ ۋە مۇسۇلمان مەنبەلىرىنى بىرلەشتۈرگەن ئاساستا خوجىلار جەمەتىدىكى قاراتاغلىقلار مەزھىپى ۋە ئاقتاغلىقلار مەزھىپى ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش مەسىلىسىنى مۇھاكىمىگە قويدى.

فېڭ شىشى ئەپەندى «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ 1980-يىللىق 3-سانىدا «چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ چوڭ-كىچىك خوجىلارنى تىنچىتقان يىلى توغرىسىدا تەتقىقات» ناملىق ماقالىسىنى ئېلان قىلىپ، ئەنئەنىۋى جەھەتتىن چوڭ-كىچىك خوجىلارنى تىنچىتقان يىلنى 1760 - يىلى دەپ بېكىتىشنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتى ھەمدە «چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئوردا خاتىرىسى» قاتارلىق چىڭ دەۋرىدە يېزىلغان مەنبەلەرگە ئاساسەن بۇ ۋاقىتنى 1759 - يىلى بولۇشى كېرەك، دەپ بېكىتتى.

1981 - يىلى «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ 2 - سانىدا ما داجېڭ، سەي جىيايى ئەپەندىلەر «جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭغا بولغان ھۆكۈمرانلىقى» ناملىق ماقالىسىنى ئېلان قىلىپ، جۇڭغارلار ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىللەردىكى خوجىلار پائالىيىتىنى مۇھاكىمە قىلدى.

«مىللەتلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 1982 - يىللىق 5 - سانىدا قىرغىز ئالىمى ئەنۋەر بايتۇرنىڭ «ئافاق خوجا توغرىسىدا» ناملىق ماقالىسى ئېلان قىلىندى. ماقالىدا مۇھەممەد سادىق قەشقەرىنىڭ «تەزكىرەئى خوجىگان» ناملىق ئەسىرى ۋە باشقا مۇسۇلمان مەنبەلىرى ئاساسىدا خوجىلار جەمەتىدىكى مۇھىم شەخس، ئاقتاغلىقلارنىڭ داھىيسى ئافاق خوجىنىڭ ھاياتى بايان

قىلىنىدى ۋە XVIII ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى ھەر قايسى مالىمانچىلىقنىڭ مەلۇم تەرەپلىرى مۇھاكىمە قىلىنىدى.

1984 - يىلى ما رۇخېڭ «نىڭشيا ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» نىڭ 2-، 3- ساندا «شىنجاڭدىكى خوجىلارنىڭ كۆچىيىشى ۋە ھالاك بولۇشى» ناملىق ماقالىسىنى ئېلان قىلىپ خوجىلار جەمەتىنىڭ باش كۆتۈرۈشى، گۈللىنىشى، زەئىپلىشىش جەريانى، خوجا ئەۋلادلىرىنىڭ ئاغدۇرمىچىلىق پائالىيەتلىرى ۋە ئۇنىڭ مەغلۇپ بولۇشىنى خېلى سىستېمىلىق بايان قىلدى.

1987 - يىلى چېڭ سولو ئەپەندى «مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ 1 - ساندا «چوڭ-كىچىك خوجىلار توغرىسىدا» ناملىق ماقالىسىنى ئېلان قىلىپ خوجىلارنىڭ نەسەبىنى تەتقىق قىلدى، شۇنداقلا چوڭ - كىچىك خوجىلارنىڭ چىڭ سۇلالىسىگە قارشى توپىلىڭىنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى ۋە خاراكتېرىنى مۇھاكىمە قىلدى.

چېن گوگۇاڭ ئەپەندى يېقىنقى يىللاردىن بېرى خوجىلار مەسىلىسىنى خېلى چوڭقۇر تەتقىق قىلىپ، تەتقىقات ساھەسىنى كېڭەيتتى ۋە بىر قىسىم ماقالىلەرنى ئېلان قىلدى، ئۇلاردىن ئاساسلىقلىرى «شىنجاڭ ئىسلام دىنى تارىخىدىكى ئىسھاقىيە»، «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى نەقشىبەندىيە تەرىقىتى ۋە ئېلىمىزنىڭ شىنجاڭ رايونىدىكى خوجىلار، غەربىي شىمال مەزھەپلىرى»، «چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرلەردىكى شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرىدا ئىسلامىيەت مەسىلىسى» قاتارلىقلار بولۇپ، ئايرىم-ئايرىم ھالدا «دۇنيا دىن تەتقىقاتى» نىڭ 1987 - يىللىق 1 - سان، 1988 - يىللىق 1 - سان ۋە 1990 - يىللىق 2 - سانلىرىدا ئېلان قىلىنىدى.

1990 - يىلى نەشر قىلىنغان «چىڭ سۇلالىسى تارىخىغا دائىر تەتقىقات ماقالىلىرى» نىڭ 7 - سانىدا فەن شياڭمىڭ ئەپەندىنىڭ «چىڭ دەۋرىدىكى شىنجاڭ خوجىلىرى ھەققىدە تەتقىقات» ناملىق ماقالىسى ئېلان قىلىندى. بۇ ماقالىدا ئاساسەن «تەزكىرەئى خوجىگان» نىڭ ئىنگلىزچە قىسقارتىلما تەرجىمىسىنىڭ خەنزۇچە تەرجىمىسىدىن پايدىلىنىپ خوجىلارنىڭ باش كۆتۈرۈشىدىكى دىنىي ۋە سىياسىي سەۋەبلەر تەھلىل قىلىندى، شۇنداقلا خوجىلار جەمەتىنىڭ نەسەبى، قىسقىچە تارىخى ۋە ئاقتاغلىق - قاراتاغلىق مەزھەپلەر ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش مۇھاكىمە قىلىندى.

ئۇنىڭدىن باشقا جۇڭ مېيجۇ ئەپەندى شىۋارزنىڭ يۇقىرىدا ئېيتىلغان ماقالىسىنى خەنزۇچىغا قىسقارتىپ تەرجىمە قىلدى ۋە «غەربىي شىمال تارىخ - جۇغراپىيىسى» نىڭ 1983 - يىللىق 3-سانىدا ئېلان قىلىپ بۇ تېما ھەققىدىكى تەتقىقاتنى ئالغا سۈردى.

مۇشۇ مەزگىلدە نەشر قىلىنغان بىر قىسىم كىتابلاردىمۇ بۇ ھەقتە ئاز-تولا تەتقاتلار بولدى. 1980 - يىلى نەشر قىلىنغان «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى) نىڭ مۇناسىۋەتلىك باب - پاراگرافلىرىدا خوجىلارنىڭ باش كۆتۈرۈشى ۋە پائالىيەتلىرى ئىخچام بايان قىلىندى، شۇنداقلا چوڭ - كىچىك خوجىلار توپىلىڭى ۋە ئۇنىڭ تىنچىتىلىش جەريانى تەپسىلىي سۆزلەندى. فېڭ جياشېڭ قاتارلىقلار تۈزگەن «ئۇيغۇر تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار توپلىمى» (2 - قىسىم، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1981 - يىلى) دا مەنبەلەر نوقتىلىق تونۇشتۇرۇلۇش بىلەن بىرگە خوجىلارغا مۇناسىۋەتلىك بەزى مەسىلىلەر قىسقىچە بايان قىلىنىپ ئۆتۈلدى. دەي يى ئەپەندىنىڭ باش مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن «چىڭ سۇلالىسىنىڭ قىسقىچە تارىخى» (خەلق نەشرىياتى، 1884 -يىلى) دىمۇ خوجىلارنىڭ روناق تېپىشى ۋە ئاجىزلىششى

بايان قىلىندى. ليۇزىشياۋنىڭ «ئۇيغۇر تارىخى» (1-قىسىم، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1985 - يىلى) دىكى خوجىلار تېمىسىغا ئائىت بايانلار ئاساسىي جەھەتتىن «تەزكىرەئى خوجىگان» قاتارلىق ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەرنى مەنبە قىلغان. «جۇڭغارلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» (خەلق نەشرىياتى، 1985 - يىلى) ۋە «ئويرات موڭغۇللىرىنىڭ قىسقىچە تارىخى» (1 - قىسىم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى) قاتارلىق ئويرات موڭغۇللىرى تارىخىغا ئائىت ئىككى ئەسەردىمۇ خوجىلار مەسىلىسى توغرىسىدا جۇڭغارلار ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرلەردىكى خوجىلارنىڭ پائالىيىتى نۇقتىلىق مۇھاكىمە قىلىندى. سەي ميېبياۋ قاتارلىقلار تۈزگەن «جۇڭگو ئومۇمىي تارىخى» نىڭ 10 - قىسمىدا (خەلق نەشرىياتى، 1992 - يىل) بەلگىلىك سەھىپە ئاجرىتىپ خوجىلارنىڭ باش كۆتۈرۈشى، چوڭ-كىچىك خوجىلارنىڭ چىڭ سۇلالىسىگە قارشى توپىلاڭلىرى ۋە ئۇنىڭ تىنچىتىلىش جەريانىنى «تەزكىرەئى خوجىگان» نىڭ ئىنگلىزچە قىسقارتىلما تەرجىمىسىنىڭ قۇرۇلمىسى بويىچە ئەمەس، ۋېي يۈەننىڭ «زەپەرنامە» ناملىق ئەسىرىدىكى نۇقتىئىنەزەر بويىچە بايان قىلدى. يۇقىرىقى ئەسەرلەر شەكىل جەھەتتىكى چەكلىمە تۈپەيلىدىن خوجىلار توغرىسىدىكى بۇ تېما ھەققىدە تېخىمۇ چوڭقۇر تەتقىقات ئېلىپ بېرىشقا مۇۋەپپەق بولالمىغان بولسىمۇ ئەمما قىسقا، ئىخچام بايانلىرى ئارقىلىق بۇ تېما ھەققىدىكى تەتقىقاتنى ئوخشىمىغان دەرىجىدە بېيىتتى ۋە ئالغا سۈردى.

لېكىن، ماتېرىيال چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن يۇقىرىقى تەتقىقاتلارنىڭ كۆپىنچىسى «تەزكىرەئى خوجىگان» نىڭ ئىنگلىزچە قىسقارتىلما تەرجىمىسىنى ئاساس قىلغاچقا، تەبىئىي ھالدا ئاشۇ تەرجىمە نۇسخىدىكى خوجىلار تارىخىغا ئائىت قۇرۇلمىنى قوبۇل قىلدى. دەۋرنىڭ ۋە كونكرېت شارائىتنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىغان

مۆتىۋەرلەرنى ئەيىبلەش ھاجەتسىز، ھازىرقى دەۋردە تارىخشۇناسلىقتا ناھايىتى زور ئىلگىرىلەشلەر بولىۋاتىدۇ، مەنبەلەرنىڭ كۆپلەپ تېپىلىشى، تەرجىمە قىلىنىشى ۋە ئېلان قىلىنىشى، ئۇچۇرنىڭ تېز تارقىلىشى، تەتقىقات ۋاستىلىرىنىڭ زامانىۋىلىشىشى ۋە تەتقىقات مېتودىنىڭ ئىلمىيلىشىشىغا ئەگىشىپ، «تەزكىرەئى خوجىگان» نىڭ ئىنگلىزچە قىسقارتىلما تەرجىمىسى سادىر قىلىپ قويغان خاتالىقلارنىڭ تەسىرىنى تۈگىتىپ مۇشۇ باسقۇچتىكى تارىخنى ئېنىقلاشقا ھازىر يېتەرلىك شارائىت ھازىرلاندى.

---

ئىزاھلار:

① ۋ.ۋ. بارتولد: «ئەسەرلەر»، VIII توم، 598 — 599 - بەتلەر؛ V توم، 309- بەت؛ ئېلىئاسنىڭ «تارىخى رەشىدىي»گە يازغان كىرىش سۆزى، 4 — 8 - بەتلەر.

② ۋ.ۋ بارتولد: «ئەسەرلەر»، V توم، 610 - بەت؛ VII توم، 309-بەت.

③ ئاكىمۇشكىن: «تارىخ»،(«سەئىدىيە خانلىقىنىڭ تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار»)، كىرىش سۆز. 46 - بەت.

④ ۋ.ۋ بارتولد: «ئەسەرلەر»، VIII توم، 174 - بەت.

⑤ ئا.م. مۇگىنوف: «ئاسىيا خەلقلىرى ئىنستىتۇتىدا ساقلىنىۋاتقان ئۇيغۇرچە قوليازمىلار»، موسكۋا 1962 - يىلى؛ ئاكىمۇشكىننىڭ «تارىخ»قا يازغان كىرىش سۆزى، 16 - بەت.

⑥ «قىرغىزلار ۋە قىرغىزلار رايونىنىڭ تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار»، 1 - قىسىم، 178 - بەت.

⑦ «تۈزىتىلگەن ‹ مىلك سۇلالىسىنىڭ ئوردا خاتىرىلىرى›گە كىرىش سۆز»، تەيبېي مەركىزىي تەتقىقات يۇرتى تىل تەتقىقات ئورنى باستۇرغان «مىلك سۇلالىسىنىڭ ئوردا خاتىرىلىرى»، 1 - كىتاب، 24 — 25 - بەتلەر.

⑧ ۋاڭ شۇمىن: «تارىخ تۈرىدىكى مۇھىم كىتابلارغا ئىزاھ»، 179 - بەت، جۇڭخۇا كىتابخانىسى، 1981 - يىل.

⑨ جىن مىنغۇ قاتارلىقلار تۈزگەن، 70 جىلد، سالنامە شەكلىدە يېزىلغان، گۇاڭشۇنىڭ 34 - يىلى (1908 - يىلى)دىن شۈەنتوڭنىڭ 3 - يىلى (1911 - يىلى)غىچە بولغان ئارىلىقتىكى ۋەقەلەر خاتىرىلەنگەن.

⑩ ۋاڭ شۇمىن: «تارىخ تۈرىدىكى مۇھىم كىتابلارغا ئىزاھ»، 180 - بەت.

⑪ «تۈۋت چوڭ مەجمۇئەنىڭ ئومۇمىي كاتالوگى»، 356 - بەت، جۇڭخۇا كىتابخانىسى، 1965- يىل.

⑫ «سۇلالىنىڭ كونا ۋەسىقىلىرىدىن دەسلەپكى توپلام»، سۆز بېشى جىلدى.

⑬ «مۇسۇلمانلار يۇرتىنىڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى»، «مۇقەددىمە»، ۋېنخەي نەشرىياتىنىڭ فاكسىمىل نۇسخىسى.

⑭ «پادىشاھلىقنىڭ ۋاسساللىرى ھەققىدە مۇھىم خاتىرىلەر»، «سۆز بېشى»، يۈنلۇ نۇسخىسى.

⑮ شۇسوڭ: «غەربىي يۇرتنىڭ دەريا - ئېقىنلىرى ھەققىدە خاتىرە»، لۇڭ ۋەنيۈنىڭ كىرىش سۆزى.

⑯ ۋېي يۈەن: «زەپەرنامە»، «بايان»، جۇڭخۇا كىتابخانىسىنىڭ تىنىش بەلگىلىك نۇسخىسى، 1984 - يىلى.

⑰ يۇقىرىقى كىتاب، 4-جىلد، «چىيەنلوڭنىڭ مۇسۇلمانلار يۇرتىنى تىنچىتىشى».

⑱ چ.چ. ۋەلىخانوف: «جۇڭگو تۈركىستانى ئەنلۇ (كىچىك بۇخارا)دىكى ئالتە شەھەر ياكى ئالتە شەرقىي شەھەرنىڭ 1858—1859-يىللاردىكى ئەھۋالى» ، «ئەسەرلەر»، III توم، ئالمۇتا. 1985 - يىلى.

⑲ «روسىيە خانلىق جۇغراپىيە جەمئىيىتى ژۇرنىلى»، 1861 - يىللىق 3 - سان.

⑳ «رۇسلار ئوتتۇرا ئاسىيادا»، لوندون، 1865 - يىلى.

㉑ «تەزكىرەئى خوجىگان»، خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخا، «كىرىش سۆز»، 57 — 59 - بەتلەر.

㉒ «تەزكىرەئى خوجىگان» خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخا، «مۇقەددىمە»، 67 - بەت.

㉓ مارتىن خارتمان: «مۇقەددەس ئىسلام دۆلىتى: چاغاتاي خانلىقىدىكى قەشقەرىيە خوجىلىرى»، بېرلىن، 1905 - يىل.

㉔ مارتىن خارتمان: «جۇڭگو تۈركىستانى»، خاللې، 1908 - يىل.

㉕ خانېدا ئاكىرا: «مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى، چىڭ سۇلالىسىنىڭ باشلىرىدىكى شەرقىي تۈركىستان خوجىلىرى-غەربىي يۇرتنىڭ ئىسلام دىنى تارىخىدىن تەكشۈرۈشلەر»، «شەرقىي ئوكيان تارىخى ھەققىدە تەتقىقات»، 7 - جىلد، 5 - سان، 1942 - يىلى.

㉖ ساگۇچى تورۇ: «شەرقىي تۈركىستاننىڭ فېئوداللىق جەمئىيەت تارىخىغا كىرىش سۆز—خوجىلار دەۋرى توغرىسىدىكى تەكشۈرۈشلەر»، «تارىخشۇناسلىق تەتقىقاتى»، 134-سان، 1948 - يىلى.

㉗ داۋتىيەن شىياڭپىڭ: «تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى ئالتە شەھەر خوجىلىرى ۋە خانلىرى»، «شەرقىي ئوكيان ئىلمىي ژۇرنىلى»، 34 - جىلد، 1 - 4-سان، 1952 - يىل.

㉘ داۋتيەن شىياڭپىڭ: «خوجىلار دەۋرىدىكى بەگلەر»، «شەرقشۇناسلىق»، 3 - جىلد، 1952 - يىل.

㉙ خ.گ. شۋارز: «شەرقىي تۈركىستان خوجىلىرى»، «ئوتتۇرا ئاسىيا ژۇرنىلى»، XX توم، 4 - سان، 1976 - يىل.

㉚ مېڭ سېن: «مىڭ - چىڭ تارىخىدىن لېكسىيىلەر»، 511 -، 526 - بەتلەر، جۇڭخۇا كىتابخانىسى، 1981 - يىل.

# Ⅱ باپ ئىسلام دىنىنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە غەربىي يۇرتقا تارقىلىشى

## 1 § ئىسلام دىنىنىڭ بارلىققا كېلىشى

ئەرەب يېرىم ئارىلى ئاسىيانىڭ غەربىي جەنۇب تەرىپىگە جايلاشقان بولۇپ، شەرقتە پارس قولتۇقى (ئەرەب قولتۇقى) ۋە ئومان قولتۇقى بىلەن، جەنۇبتا ئەرەب دېڭىزى بىلەن تۇتىشىدۇ. غەربتە قىزىل دېڭىز ئارقىلىق ئافرىقا چوڭ قۇرۇقلۇقىدىن ئايرىلىپ تۇرىدۇ، شىمالى مېسوپوتامىيە تۈزلەڭلىكى ۋە ئىئوردان جىلغىسىدىن ھاسىل بولغان "مۇنبەت ھىلال ئاي"غا تۇتىشىدۇ، ئومۇمىي كۆلىمى 3 مىليون كۋادرات كىلومېتىردىن ئارتۇق بولۇپ، دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ يېرىم ئارال ھېسابلىنىدۇ. ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ يەر تۈزۈلۈشى غەربتىن شەرققە قاراپ تەدرىجىي پەسەيگەن پەلەمپەي شەكلىدە بولۇپ، غەربىي قىسمى تاغلىق، شەرقىي قىسمى تۈزلەڭلىك. پۈتكۈل يېرىم ئارال غەربىي جەنۇبتىن شەرقىي شىمالغا قىيپاش سوزۇلۇپ تۇرىدۇ. يېرىم ئارالنىڭ غەرب تەرىپى تاغلىق ۋە دېڭىز ياقىسى تۈزلەڭلىكىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا شىمالدىكى ھىجاز بىلەن جەنۇبتىكى يەمەندىن ئىبارەت ئىككى چوڭ بۆلەككە ئايرىلىدۇ. ھىجاز شىمالدا ئاكابادىن باشلىنىدۇ، جەنۇبتا نامرات رايون يەمەنگە تۇتىشىدۇ، بۇ يەرنىڭ تاغ جىلغىلىرى كۆپ، ھاۋا كىلىماتى ئىنتايىن ئىسسىق، ئاھالىسىنىڭ كۆپ قىسمىنى كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بەدەۋىلەر

تەشكىل قىلىدۇ. ھىجاز جەنۇب بىلەن شىمال ئوتتۇرىسىدىكى مۇھىم تۈگۈن بولۇپ، يەمەن بىلەن شىمالدىكى رايونلارنىڭ سودىسىنى بىر-بىرىگە باغلاپ تۇرىدۇ. ھىجاز ناھايىتى مۇھىم جۇغراپىيىلىك ئەۋزەللىككە ئىگە بولۇپ، بۇ يەردىكى مەككە ئەڭ مەشھۇر شەھەر ھېسابلىناتتى. ھىجازنىڭ جەنۇبىي قىسمى يەمەن بولۇپ، يېرىم ئارالنىڭ غەربىي جەنۇب بۇرجىكىگە جايلاشقان. تارىختىن بۇيان باي - مۇنبەت زېمىن دەپ ئاتىلىپ كەلگەن يەمەن، ھىندىستان ۋە يېقىن شەرقتىكى ھەرقايسى رايونلار بىلەن ناھايىتى ئۇزۇن مەزگىللىك سودا ئالاقىسىغا ئىگە ئىدى. يەمەننىڭ شەرقىي قىسمى جەنۇبتىكى دېڭىز ياقىسىنى بويلاپ سوزۇلغان تاغ تىزمىلىرى بولۇپ، شەرقىي چېتىدە ئۇممانىنىڭ غەربىي قىرغىقىغا جايلاشقان، جەنۇبتىن شىمالغا قاراپ سوزۇلغان ھەيۋەتلىك بىر تاغ تىزمىسى بار. دېڭىز بويلاپ جايلاشقان بۇ تاغ تىزمىلىرى دېڭىز-ئوكياندىن كېلىۋاتقان ئىللىق ۋە نەم ھاۋا ئېقىمىنى توسۇۋالغاچقا، يېرىم ئارالنىڭ قۇرغاق، ھۆل - يېغىن ئاز بولۇش، ئېگىزلىك چۆلىنى ئاساس قىلىشتەك ھاۋا كىلىماتى شەكىللەنگەن. بۇ چۆللۈكلەر ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ، ئومۇمەن تۆۋەندىكىدەك ئۈچ چوڭ تۈرگە بۆلۈنىدۇ:

(1) نېفۇد چۆلى: يېرىم ئارالنىڭ شىمالىغا جايلاشقان بولۇپ، قۇمى كۆپ، يۇمشاق، دەريا ئېقىنى يوق، پەقەت ئاندا - ساندا قۇدۇق ۋە بۇلاقلىرى بار، قىشلىقى ھۆل - يېغىن كۆپ، ياز پەسلى قۇرغاق ئىسسىق. ئاھالىسى ئاساسەن كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بەدەۋىلەر.

(2) رۇب ئەل خالى چۆلى: شىمالدا نېفۇد چۆللۈكىدىن باشلىنىپ، جەنۇبتا دېڭىز ياقىسىدىكى تاغلىققىچە، شەرقتە پارس قولتۇقىغىچە سوزۇلىدۇ، پۈتۈنلەي قىزىل قۇم بىلەن قاپلىنىپ

تۇرىدۇ. يامغۇرلۇق پەسىللەردە، بۇ جاينىڭ ئوت - چۆپلىرى ناھايىتى بولۇق ئۆسىدىغان بولغاچقا، بەدەۋىلەرمۇ مۇشۇ جايدا چارۋا-ماللىرىنى بايلىتىدۇ. ئەمما يازلىقى ئوت - چۆپلەر ئىسسىقتا قۇرۇپ كېتىدىغان بولغاچقا، كىشىلەر بۇ جايغا كەمدىن-كەم ئاياغ باسىدۇ.

(3) قارا تاش چۆللۈكى: ئاساسلىقى ئوتتۇرا قىسمىدىكى ناجىد ئېگىزلىكى بىلەن غەربتىكى مەدىنەنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تاغلىق رايونلارغا جايلاشقان. بۇ بىرخىل تاغ جىنسى چۆللۈكى بولۇپ، سىرتقى يۈزىنى يانار تاغدىن ئېقىپ چىققان بىر قەۋەت ماگما ئۇزۇندىلىرى قاپلىغان بولغاچقا ھېچقانداق گىياھ ئۈنمەيدۇ.

تەبىئىي شارائىت جەھەتتىكى پەرق بىلەن جۇغراپىيىلىك جايلىشىشتىكى ئوخشىماسلىق ئەرەب يېرىم ئارىلىدىكى ھەرقايسى رايونلارنىڭ تەرەققىيات جەھەتتىكى تەڭپۇڭسىزلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. يېرىم ئارالنىڭ جەنۇبىي قىسمىدا ھۆل - يېغىن مول بولۇپ، تېرىقچىلىق قىلىشقا ماس كېلىپلا قالماستىن، دېڭىز يولى سودىسى ئۈچۈنمۇ ناھايىتى زور جۇغراپىيىلىك ئەۋزەللىككە ئىگە بولغاچقا قەدىمدىلا ناھايىتى يۈكسەك مەدەنىيەتكە ئىگە ئىدى. يېرىم ئارالنىڭ شىمالىمۇ مەدەنىيىتى تەرەققىي تاپقان رايونلار بىلەن قوشنا بولغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە شەرق بىلەن غەربنى تۇتاشتۇرىدىغان قاتناش لىنىيىسىگە جايلاشقانلىقى ئۈچۈن تارىختا بۇ رايوندا بىر قىسىم ھاكىمىيەتلەرمۇ بارلىققا كەلگەن. ئەمما، ئارالنىڭ كەڭ ئوتتۇرا قىسىم رايونلىرى، بولۇپمۇ ھىجاز ۋە ناجىد رايونلىرى ئۇزۇن مۇددەتكىچە قالاق ئۇرۇقداشلىق جەمئىيىتىدە توختاپ قالغان بولغاچقا، بۇ جايدىكى كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بەدەۋىلەر تارقاق ۋە تەرتىپسىز ھالەتتە ياشاپ كەلگەنىدى. جەنۇب بىلەن شىمالنى تۇتاشتۇرىدىغان سودا يولى بۇ

جاينى كېسىپ ئۆتۈپ، تارقاق بوستانلىقلاردا ئاندا ـ ساندا سودا يولى شەھەرچىلىرىنى شەكىللەندۈرگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار خەلقئارا سودا يولىنىڭ بىر ئوتتۇرا يول بېكىتى بولۇش بىلەنلا چەكلىنەتتى. ئۇلارنىڭ تەقدىرىنى توشۇلۇۋاتقان ماللارنىڭ ئاز كۆپلۈكى بەلگىلەپ كېلىۋاتاتتى. IV ئەسىردىن كېيىن غەرب بىلەن شەرقنى تۇتاشتۇرىدىغان سودا يولى مىسىر ۋە قىزىل دېڭىزدىن ياكى ئېفرات دەرياسى بىلەن پارس قولتۇقىدىن ئۆتىدىغان بولغاندىن كېيىن، ئەرەب جەمئىيىتى بۇنىڭ ناھايىتى چوڭ تەسىرىگە ئۇچرىدى، ئىقتىسادىي جەھەتتە زاۋاللىققا يۈزلەندى، ئىلگىرىكى شەھەر ۋە سودا راباتلىرى چۆلدەرەپ يوقۇلۇشقا يۈز تۇتتى، بەدەۋىلەرنىڭ كۆچمەن چارۋىچىلىقى سودا ۋە يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئورنىنى دەسسەپ، قەبىلە تۈرمۇشى ھۆكۈمران ئورۇنغا ئۆتتى.

بەدەۋىلەرنىڭ جەمئىيەت ئاساسى ئۇرۇقداشلىق تەشكىلى بولۇپ، بۇنى مۇشەققەتلىك تەبىئىي شارائىت بەلگىلىگەنىدى. ئۇلار ياشاپ كېلىۋاتقان ئوتتۇرا، شىمالىي رايونلارنىڭ كۆپىنچىسىدە چۆللۈك ۋە ئۆسۈملۈك يېپىنچىسى ناھايىتى شالاڭ بولغاچقا، پەقەت بىر قىسىم ئۆششاق چارۋىلارنى ۋە تۆگىلەرنى باقىلى بولاتتى. شۇڭا ئۇلار ئوت ـ چۆپ ۋە سۇ قوغلىشىپ كۆچمەن تۇرمۇش كەچۈرەتتى. بىر چېدىر بىر ئائىلە بولۇپ، قانداشلىق مۇناسىۋەتكە ئاساسەن بىرقىسىم ئائىلىلەر بىرلىشىپ ئۇرۇقداشلىقنى، ئورتاق ئەجدادقا ئىگە ئۇرۇقداشلار يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ قەبىلىنى شەكىللەندۈرەتتى. قەبىلە بەدەۋىلەرنىڭ تۈپ ئىجتىمائىي، ھەربىي تەشكىلى بولسىمۇ، ئەمما قەبىلىلەرنىڭ ئىتتىپاقىنى باغلاپ تۇرغان ئەڭ مۇھىم ئامىل يەنىلا قانداشلىق مۇناسىۋىتى ئىدى، ھەتتا بىر قىسىم چوڭ قەبىلىلەر ئىتتىپاقىدىمۇ بىرخىل قانداشلىق مۇناسىۋىتى ئارقىلىق ئەۋلادلارنى بىر-بىرى بىلەن تۇتاشتۇرۇپ،

پۇتكۇل ئىتتىپاقتىكى خەلقنى بىر قەۋمگە ئۇيۇشتۇراتتى. ئەمما ھەممە بىر ئائىلە بولۇشتەك بۇ خىل ھېسسىيات پۇتكۇل ئەرەب مىللىتىگە ئورتاق ئەمەس ئىدى. قەبىلىنىڭ سىرتىدا ئورتاق مەنپەئەت ۋە ئورتاق ھوقۇق بولمىغاچقا كىشىلەر قەبىلىلەرنىڭ ئەنئەنىۋى قائىدە يوسۇنلىرىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچراپ كەتمەيتتى. بەدەۋىلەرنىڭ نەزىرىدە ئۆز قەبىلىسىدىكىلەردىن باشقىلار دۈشمەن ھېسابلىناتتى. باشقا قەبىلىدىكىلەرنى تالان-تاراج قىلىش تۇرمۇشنىڭ يېتەرسىزلىكلىرىنى تولدۇرۇشتىكى ئىقتىسادىي ۋاستە بولۇپلا قالماي، بىرخىل ئىجتىمائىي ئادەت—جەسۇرلۇق ھېسابلىناتتى. شۇڭا قەبىلىلەر ئارا ئۇرۇش ھەمىشە بولۇپ تۇراتتى. قان - قېرىنداشلارنىڭ قىساسىنى ئېلىش بەدەۋىلەر ئۈچۈن مۇقەددەس بۇرچ ھېسابلىناتتى. سۇ، ئوتلاق، چارۋا ماللارنى تالىشىشتىكى كەسكىن كۈرەش قەبىلىلەر ئارىسىدا ئەۋلادتىن ئەۋلادقا داۋاملىشىدىغان ئۆچمەنلىكنى كەلتۈرۈپ چىقارغانىدى.

ئىسلام دىنى بارلىققا كېلىشتىن ئىلگىرىكى يۈز يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىچىدە، بەدەۋىلەر قەبىلىلەر ئۇرۇشىنىڭ قايناملىرىدا ئۈزۈۋاتقان بولۇپ، ئىجتىمائىي فورماتسىيە جەھەتتە ئومۇمەن ياۋايىلىق دەۋرىنىڭ يۇقىرى باسقۇچى ياكى قەھرىمانلىق دەۋرىدە تۇرۇۋاتاتتى. بۇ مەزگىلدە، ۋىزانتىيە ئىمپېرىيىسى بىلەن پېرسىيە ئىمپېرىيىسى ۋە ئۇلارنىڭ بېقىندىلىرى ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ شىمالىي رايونلىرىدا باش كۆتۈرۈپ چىققاچقا، ئەرەب كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىلىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز سىرتقا كۆچۈش دولقۇنى توسقۇنلۇققا ئۇچراۋاتاتتى، ئەمما جەنۇبتىكى ئەرەب قەبىلىلىرى داۋاملىق شىمالغا كۆچۈۋاتاتتى. بۇ ئەھۋال ئوتتۇرا ۋە شىمالىي رايونلار ئاھالىسىنىڭ نىسپىي زىچلىشىشىنى، ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ نىسپىي مۇقىم بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ،

ئىقتىسادنىڭ راۋاجلىنىشىنى، قەبىلىلەر ئارىسىدىكى تەپرىقىچىلىك ھالىتىنىڭ يوقىلىشىنى ئىلگىرى سۈردى، نەتىجىدە قانداشلىق قىساسى ۋە قەبىلىلەر ئارا ئۇرۇش - تالاش بايلىقنى كۆزلىگەن تالان-تاراجىقا ئۆزگەردى ھەم بارغانسېرى ئەۋج ئېلىپ تېخىمۇ ئەشەددىيلىشىپ كەتتى. ئەڭ مۇھىمى شۇكى، بىر ئۇرۇقتىن بولغان ئوخشىمىغان قەبىلىلەر ئارا يۈز بېرىۋاتقان قانداشلىق ئۆچمەنلىكى قانداشلىق مۇناسىۋىتىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ ئۇرۇقداشلىق تۈزۈمىنىڭ پارچىلىنىشىنى تېزلەتتى. بۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە دائىم يۈز بېرىپ تۇرىدىغان تالان - تاراجلار بىلەن دەھشەتلىك ئۇرۇشلار كەڭ قەبىلىلەرنى، بولۇپمۇ ئوتتۇرا، كىچىك قەبىلىلەر ئەڭ كۈچلۈك قەبىلىلەر ئىتتىپاقىنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشىشكە مەجبۇر قىلدى. بۇ ھەرقايسى قەبىلىلەرنىڭ تېخىمۇ چوڭ كۆلەملىك بىرلىككە كېلىشىنى ئىلگىرى سۈردى. بۇنىڭدىن باشقا ئۇرۇش مالىمانچىلىقى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئاپەت خاراكتېرلىك ئاقىۋەتلەردىن ساقلىنىش ئۈچۈن، قەبىلىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان بىر نوپۇزنى تۇرغۇزۇش تەلىپى تۇغۇلدى. ئەرەب جەمئىيىتىنىڭ بۇ خىلدىكى قەبىلىدىن مىللەت ۋە دۆلەتكە تەرەققىي قىلىش ۋەزىيىتى، ئىسلام دىنىنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشى ئۈچۈن تارىخىي ئالدىنقى شەرتنى ھازىرلاپ بەردى.

قەبىلىلەر ئارا تۈرلۈك زىددىيەتلەر مەۋجۇت بولسىمۇ، ئەرەبلەردە ئۆزلۈكىدىن بىر مىللەت بولۇپ شەكىللىنەلەيدىغان ئاڭ يەنىلا مەۋجۇت ئىدى. بۇ ئۆلاردا شېئىر - نەزمىدىن ئىبارەت ئورتاق روھىي بايلىقنىڭ بولغانلىقىدىن ئىدى، يەنە كېلىپ قەبىلىلەر ئۇرۇشى جەريانىدا ئەرەب شېئىر - قوشاقلىرى زور تەرەققىياتقا ئېرىشتى. بەدەۋىلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا، تىل قەدىمدىن تارتىپ تەبىئەتتىن ھالقىغان مەلۇم قەدىمىي سېھرىي كۈچنى ساقلاپ

كەلگەن نەرسە بولۇپ، شېئىر ـ قوشاقلار بولسا بىر كۈچلۈك قەبىلىدە كەم بولسا بولمايدىغان قورال ھېسابلىناتتى. كلاسسىك شېئىر ـ قوشاقلارنىڭ تەرەققىياتى يېرىم ئارالدا قەبىلىلەرنىڭ تار دىئالېكتلىرىدىن ھالقىغان ئورتاق مىللىي تىلنى ۋۇجۇدقا چىقارغانىدى. ئىسلام دىنى بارلىققا كەلگەن 100 يىلغا يېقىن مەزگىلدە بۇ خىل شېئىر ـ قوشاقلار ئۆزىنىڭ ئۆزگىچە تارقىلىش شەكلى ئارقىلىق، ئەرەبلەر بىلەن باشقا قوۋمدىكىلەرنى روشەن پەرقلەندۈرۈپ، ئەرەبلەرنىڭ ئورتاق مىللىي ئېڭى ئۈچۈن ئاساس سالدى.

VI ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا، خەلقئارا سودا يولىدىكى يەنە بىر قېتىملىق ئۆزگىرىش ئەرەب يېرىم ئارىلى ئۈچۈن يېڭى ھاياتىي پۇرسەت ۋە گۈللىنىش ئېلىپ كەلدى. ۋىزانتىيە ئىمپېرىيىسى بىلەن پېرسىيە ئىمپېرىيىسى ئوتتۇرىسىدىكى ئۇزۇن مۇددەتلىك ئۇرۇش ئېفرات دەرياسى بىلەن پارس قولتۇقىدىن ئۆتىدىغان سودا يولىنى ئۈزۈپ تاشلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ۋىزانتىيە بىلەن مىسىر ئوتتۇرىسىدىكى دىنىي مەزھەپلەرنىڭ كۈرىشى نىل دەرياسى بىلەن قىزىل دېڭىزدىن ئىبارەت سۇ يولى قاتنىشىنى سۇسلاشتۇرۇپ قويغاچقا سودىگەرلەر ئىلاجسىز سۈرىيەدىن باشلىنىپ ھىجاز ئارقىلىق يەمەنگە ئۆتىدىغان كونا سودا يولىغا قايتىپ كېلىشكە مەجبۇر بولدى. شۇنىڭ بىلەن ھىجاز رايونى قايتىدىن گۈللىنىشكە باشلىدى. بۇ مەزگىلدە جەنۇبتىكى يەمەن ئاللىقاچان پارچىلىنىپ يات قوۋملەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا ئۆتكەنىدى. شىمالدا بىر مەھەل گۈللەنگەن ئەرەب خاندانلىقلىرىمۇ يوقىلىپ ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ ئىقتىسادىي مەركىزى غەربكە يۆتكەلدى ۋە ھىجاز رايونىدىكى مەككە، مەدىنە ۋە تائىف قاتارلىق سودا يولى شەھەرلىرى كۈندىن-كۈنگە

ئاۋاتلىشىشقا باشلىدى. ئەمما بۇ شەھەرلەردە ھۆكۈمرانلىق ئورنىدا تۇرىدىغىنى يەنىلا چۆللۈك رايونلارنىڭ تۇرمۇش پرىنسىپى ئىدى. بۇ جايلاردىكى ئاھالىنىڭ كۆپىنچىسى ئولتۇراقلاشقىنىغا ئۇزۇن بولمىغان بەدەۋىلەر بولۇپ، ئىلگىرىكىگە ئوخشاشلا ھەرقايىسى ئۇرۇقداشلىق تەۋەلىكى بويىچە توپلىشىپ ياشايتتى، بىر-بىرىگە بېقىنمايتتى. پەقەت مەككىدىلا بۇخىل ئىجتىمائىي پرىنسىپ بىرقەدەر ئاجىزلاشقان بولۇپ، كىشىلەر كەبە ۋە ئۇنىڭ ۋاستىسى بىلەن گۈللەنگەن سودا-سېتىق ئىشلىرى سەۋەبىدىن ئورتاق پايدا-زىيان مۇناسىۋىتىنى شەكىللەندۈرگەنىدى. مەككىنىڭ قەدىمدىلا مۇقەددەس جاي ۋە سودا-سېتىق مەركىزى دېگەن مەشھۇر نامى بار بولۇپ، V ئەسىردىن كېيىن قۇرەيشلەرنىڭ كونتروللىقىدا تۇرۇۋاتاتتى، قورەيشلەر يۆتكەش سودىسى بىلەن شۇغۇللانغاندىن باشقا ئارالدىكى ئىچكى بازار سودىسىنى تەرەققىي قىلدۇردى. چەكلەنگەن جاي ۋە چەكلەنگەن ئاي دېگەن قائىدە-يوسۇنلار كاپالەتكە ئىگە بولدى. ئەرەبلەر ھەريىلى تۆت ئاي بۇلاڭ-تالاڭ قىلىنىشتىن ۋە قىرغىنچىلىق قىلىنىشتىن ساقلىنىپ، مەككىگە بىخەتەر بېرىپ ئۆزلىرىنىڭ دىنىي ۋە ئىقتىسادىي پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنالايدىغان بولدى. بۇ پائالىيەتلەردە مەككىدىكى كەبىنى قوغدىغۇچى، شۇنداقلا بازارلارنىڭ باشقۇرغۇچىسى بولغان قۇرەيش قەبىلىسىنىڭ ئۇستۇنلۇك ئورنى تېخىمۇ گەۋدىلىنىپ، ئۇلارنىڭ كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىلەر ئارىسىدىكى تەسىر كۈچى ۋە ئابرۇيى تېخىمۇ زورىيىشقا باشلىدى. VI ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە مەككە، ھىجاز ۋە قىزىل دېڭىز ياقىسىدىكى رايونلارنى كونترول قىلىپ بىردىنلا ئارالنىڭ غەربىدىكى سودا مەركىزىگە ئايلاندى. مەككىنىڭ گۈللىنىشى ۋە بازارلىرىنىڭ ئاۋاتلىشىشى شەھەرلەر بىلەن كۆچمەن چارۋىچى

قەبىلىلەر ئارىسىدىكى بېقىندىلىق ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتنى تەرەققىي قىلدۇردى. كەبە تەدرىجىي ھالدا نۇرغۇنلىغان قەبىلىلەرنىڭ يىغىلىدىغان جايىغا ئايلاندى. ئەرەبلەرنىڭ مىللىي ئۇيۇشۇشچانلىقى شۇنىڭدىن ئېتىبارەن كۈچىيىشكە باشلىدى.

ئىسلام دىنى ۋۇجۇدقا كېلىشتىن ئىلگىرى ئەرەبلەرنىڭ دىنى يەنىلا قەبىلىۋى دىنلار ئىدى. ھەرقايسى قەبىلىلەرنىڭ ئۆز ئالدىغا چوقۇنىدىغان ئىلاھلىرى بار ئىدى، شۇنداقلا باشقا قەبىلە ئىلاھلىرىنىڭ ئۆز دائىرىسى ئىچىدىكى ھوقۇقىنىمۇ ئېتىراپ قىلىشاتتى. ئىلاھلارنىڭ ئۆز ئالدىغا مۇقىم تۇرۇشلۇق جايى بولۇپ، ئادەتتە تاش، گىياھ، بۇلاق ياكى ئۆڭكۈر قاتارلىقلار ئۇلارغا سىمۋول قىلىناتتى. دىنىي مۇراسىمنىڭ يادروسى نەزىر-چىراغ ئۆتكۈزۈش ئىدى. بۇ خىل مۇراسىم ئارقىلىق ئىلاھ بىلەن قەبىلە ئوتتۇرىسىدا قانداشلىق مۇناسىۋىتى ئورنىتىلدى دەپ قارىلىپ، ئىلاھ قەبىلىنىڭ باش پاناھىغا، ئاتا - بوۋىسىغا ئايلاندۇرۇلاتتى. بەزى ئىلاھلارغا ئوخشىمىغان قەبىلىلەرمۇ چوقۇناتتى. بىر قەبىلە كۆچۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئەسلىدىكى ئىلاھ شۇ جايدا قالدۇرۇلاتتى، كۆچۈپ كەلگەن باشقا قەبىلىلەر ئۇنىڭغا تاۋاپ - تەزىم قىلاتتى. شۇنداق قىلىپ ئاساسلىق ئىلاھلار تەدرىجىي ھالدا بىرنەچچە قەبىلىنىڭ مۇئەييەن پەسىلدە ئورتاق سەجدە قىلىدىغان ئوبيېكتىغا ئايلاندى. بەدەۋىلەرنىڭ ئەڭ مۇھىم تاۋاپ مەركىزى ھىجازدا بىرنەچچە مۇقەددەس جاي بولۇپ، بەدەۋىلەر دائىم يىراق يەرلەردىن مەككىگە كېلىپ تاۋاپ قىلاتتى، كەبە ۋە ئاراپات تېغىنى ئايلىنىش مۇراسىملىرى، شۇنداقلا كەبە ئەتراپىدا ئۆتكۈزۈلىدىغان قۇربانلىق قىلىش مۇراسىملىرىغا قاتنىشاتتى.

ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ دىنىي مەدەنىيىتى ئۆز تەرەققىياتى جەريانىدا سىرتتىن كەلگەن يەھۇدىي دىنى ۋە خرىستىئان

دىنلىرىنىڭ بىر خۇدالىق ئىدىيىسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراشتىنمۇ خالىي بولالمىدى. ناھايىتى ئىلگىرىكى سۇلايمان (سولومون) دەۋرلىرىدىلا يەھۇدىي دىنى ئەرەبلەر بىلەن ئۇچراشقانىدى. تەخمىنەن I ئەسىردە يەھۇدىي دىنى ئەرەب يېرىم ئارىلىغا كىرىشكە باشلىغان ھەم ئارالنىڭ جەنۇبىدا ناھايىتى زور تەسىر قوزغىغانىدى. ئارالنىڭ غەربىي شىمالىدا تەشكىلىي تۈزۈمى چىڭ، توپ ئولتۇراقلاشقان يەھۇدىي مۇخلىسلىرىنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىجتىمائىي تەشكىلاتى بارلىققا كەلدى. يەھۇدىي دىنى ئەرەب مەدەنىيەت تۇرمۇشىدا مۇھىم ئورۇنغا ئۆتتى. يەھۇدىيلارنىڭ بىر خۇدالىق دىن تەلىماتى ۋە تارىخىي رىۋايەتلىرى ئەرەبلەرگە يېڭى دىنىي قاراش ۋە ئۇقۇملارنى ئېلىپ كېلىپ، پارچىلىنىشقا يۈزلىنىۋاتقان قەبىلە دىنلىرىغا قاتتىق زەربە بەردى. ئەمما يەھۇدىيلارنىڭ باشقىلارنى چەتكە قېقىشتەك ئەنئەنىۋى چۈشەنچىسى تۆپەيلىدىن يەھۇدىي دىنىنىڭ ئەرەب قەبىلىرى ئارىسىدىكى تەسىرى دېگەندەك چوڭقۇرلىشالمىدى. پەقەت شەھەر-بازارلار بىلەنلا چەكلىنىپ قالدى. خىرىستىئان دىنى پەيدا بولغان كۈندىن تارتىپ ئەرەب يېرىم ئارىلىغا تەسىر كۆرسىتىپ كەلدى. IV ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى يېرىم ئارالنىڭ شىمالىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان غەسسانىيلار خاندانلىقى خىرىستىئان دىنىنىڭ مونوفىزىم مەزھىپىگە چوقۇنۇشقا باشلىدى. VI ئەسىرنىڭ باشلىرى يېرىم ئارالنىڭ جەنۇبىدىكى خەجران خىرىستىئان دىنىنىڭ مۇھىم دىن تارقىتىش نۇقتىسىغا ئايلاندى. خىرىستىئان دىنىنىڭ يېرىم ئارالنىڭ جەنۇبىغا تارقىلىشى ئابىسسىنلارنىڭ تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى. شىمالدا بولسا ۋىزانتىيە ئىمپېرىيىسى غەسسانىيلار پادىشاھىنى تۇتۇش كويىدا يۈرۈۋاتقان ھەم مونوفىزىمغا ئۇزۇن مۇددەت بۇزغۇنچىلىق قىلغانلىقى سەۋەبلىك خىرىستىئان

دىنى ئەرەبلەر ئارىسىدا يامان تەسىر قوزغىدى. ئۇلار ئۇنى ھەمىشە تاجاۋۇزچىلىق، ئېتىقادتىن تېيىش بىلەن باغلاپ چۈشەندى. شۈبھىسىزكى، بۇ خرىستىئان دىنىنىڭ تارقىلىشىغا زىيانلىق ئىدى.

ئەرەبلەردىكى مىللىي ۋە سىياسىي بىرلىكنىڭ تەدرىجىي ئىلگىرى سۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ، دىن ساھەسىدىمۇ ئۇنىۋېرسماللاشتۇرۇش، ئابستراكتلاشتۇرۇش ۋە بىرلىككە كەلتۈرۈش ۋەزىيىتى بارلىققا كەلدى. VI ئەسىرگە كەلگەندە، مەككىنى مەركەز قىلغان ھالدا قەبىلىلەردىن ھالقىغان يەرلىك ئىلاھلار بارلىققا كەلدى، بۇنىڭ ئىچىدە كىشىلەرنىڭ ئەڭ كۆپ ئېتىقاد قىلىدىغىنى مەككىلىكلەر ”ئاللانىڭ قىزى“ دەپ ئاتىۋالغان لات، ئۇسا ۋە مونا قاتارلىق ئۈچ ئايال ئىلاھ ئىدى. بۇ ئىلاھلارغا شۇنچىلىك كۆپ قەبىلىلەرنىڭ چوقۇنۇشى ئۇرۇقداشلىق جەمئىيىتى پارچىلانغانلىقىنىڭ دىنىي قاراشتىكى ئىنكاسى ئىدى.

قەبىلىدىن ھالقىغان يۇقىرىقى ئىلاھلاردىن باشقا ئىسلام دىنى بارلىققا كېلىشتىن ئىلگىرى ئاللاھنىڭ ھەممىنى ياراتقۇچى قۇدرەتلىك ئىلاھ ئىكەنلىكى كىشىلەر تەرىپىدىن تونۇلغان ۋە قوبۇل قىلىنغانىدى. ئاللاھ ئەرەبلەرنىڭ نەزىرىدە ئەڭ قەدىمىي ئىلاھ، ھەممىنى ياراتقۇچى، ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان شەپقەتچى، ھەممىنىڭ گۇۋاھچىسى، غېرىب-مۇساپىرلارنىڭ باشپاناھى، خەتەردىن قۇتقۇزغۇچى يىگانە ئىلاھ ھېسابلىناتتى. ئەمما ئەينى ۋاقىتلاردا دىنىي مۇراسىم ۋە رىئال تۇرمۇشتا ”كەبىنىڭ ئىگىسى“ ھېسابلانغان ئاللاھ تېخى ھۆكۈمران ئورۇنغا ئۆتمىگەنىدى. كىشىلەر ئەڭ دەسلەپتە ھەممىگە قادىر ئاللاھقا ئىبادەت قىلماستىن بەلكى پەقەت ئۆزلىرىگە مۇناسىۋەتلىك ئەڭ يېقىن بولغان ئىلاھلارغا ئىبادەت قىلاتتى. ئەمما كېيىنچە بۇ خىل

ئىبادەتلەر ئەرەبلەرنىڭ دىنىي ئېڭىنى قانائەتلەندۈرەلمىدى. "دۇنيادا بىردىنبىر، ئەڭ ئۇلۇغ ئىلاھ — ئاللاھتۇر" دېگەن دىنىي چۈشەنچە كۈندىن- كۈنگە ئۇلغىيىشقا باشلىدى. بۇ خىل قاراشنىڭ تەرەققىياتى ئەسلىدىكى دىنىي ئاڭنىڭ بىرلىككە كەلتۈرۈلگەنلىكىنى ۋە يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلگەنلىكىنى ئىپادىلىدى. شۇنداقلا يەھۇدىي دىنى بىلەن خرىستىئان دىنىنىڭ تەسىرىنى ئەكس ئەتتۈردى.

بۇ دەۋردە ئەرەب جەمئىيىتىدە خىرە ھالدىكى بىر خۇدالىق دىنىي قاراش بارلىققا كەلدى، شەخسىي ئېتىقاد ۋە ئەدەپ - ئەخلاققا تەلپۈنۈش ئېڭى شەكىللەندى، قەبىلىدىن ھالقىغان، شەخسنى قۇتقۇزغۇچى ئالەم ئىلاھىغا بولغان ئېتىقادقا بۇرۇلۇش باشلىنىپ بىر خۇدالىق دىننى بارلىققا كەلتۈرۈش تەقەززاسى كۆرۈلدى. يەھۇدىي، خرىستىئان دىنلىرىنىڭ ئەرەب يېرىم ئارىلىدا بەلگىلىك تەسىرى بولسىمۇ، ئەمما بۇ دىنلار يات مىللەتلەرنىڭ تاجاۋۇزچىلىق قىلىپ كىرىش خاراكتېرىگە ئىگە بولۇشتەك كۆرۈنۈشى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئەرەب خەلقىنىڭ ھېسسىياتى بىلەن ئۇيغۇنلىشالمىدى، شۇڭا بەزى كىشىلەر دىنىي ساھەدە چوڭقۇر ئىزدىنىشكە كىرىشىپ، بىر خۇدالىق دىنىي ئېتىقاد ئىستىكىدە بولدى. بۇنداق جاپالىق ئىزدەنگۈچىلەرنى كېيىن مۇسۇلمانلار "نەفىلەر" ("ساداقەتمەن- لەر") دەپ ئاتىدى. ئۇلار دەۋرنىڭ ئۆزگىرىۋاتقانلىقىنى ئاللىقاچان تونۇپ يەتكەنىدى، تۈرلۈك دىنىي مەسىلىلەر ئۇلارنى چىرمىۋالغانىدى. ئۇلار بۇتقا چوقۇنۇشقا نەپرەتلىنەتتى، قىز بوۋاقلارنى تىرىك كۆمۈشتەك رەزىل ئىجتىمائىي ئادەتلەرگە رەددىيە بەردى، ھەتتا قەبىلە ئاقسۆڭەكلەر ئىمتىيازلىقىغا قارشى تۇردى. ئۇلار ئەرەب يېرىم ئارىلىدىكى دىنىي ئىسلاھاتنىڭ پېشۋالىرى بولۇپ، ئىسلام دىنىنىڭ بارلىققا كېلىشىدە مۇئەييەن تەسىر

قوزغىدى.

مانا مۇشۇنداق شارائىتتا، يەنى VI ئەسىرنىڭ 70 - يىللىرىنىڭ باشلىرىدا① مۇھەممەد پەيغەمبەر مەككىدىكى قۇرەيش قەبىلىسىدە دۇنياغا كەلدى.

قۇرەيش قەبىلىسى ئەسلىدە مەككىنىڭ ئەتراپىدا يېرىم چارۋىچىلىق، يېرىم سودا-سېتىق بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن قەبىلە بولۇپ، V ئەسىرنىڭ ئاخىرى جەنۇبتىكى ئەرەبلەردىن مەككىنى تارتىۋېلىپ، جەنوبقا كۆچۈپ كېلىپ ئولتۇراقلاشقان ۋە تەرەققىي قىلىپ مەخسۇس سودا بىلەن شۇغۇللىنىدىغان قەبىلىگە ئايلانغانىدى. قۇرەيش قەبىلىسى تەخمىنەن 20 ئۇرۇقنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ يادرولۇق ئۇرۇقى مەككىنىڭ مەركىزى—كەبە ئەتراپىغا ئولتۇراقلاشقانلىقى ئۈچۈن، "ئىچكى قۇرەيشلەر" ياكى "مۇقەددەس مەسچىت قۇرەيشلىرى" دەپ ئاتالدى ۋە مەككىنىڭ دىنىي ۋە سودا ھوقۇقىنى ئىگىلىدى. كەبە رايونىنىڭ سىرتىدا ئولتۇراقلاشقان باشقا ئۇرۇقلار "سىرتقى قۇرەيشلەر" دەپ ئاتالدى. ئۇنىڭدىن باشقا قۇرەيش قەبىلىسىنىڭ ئىتتىپاقداشلىرى ياكى قارمىقىدىكى قەبىلىلەر مەككىنىڭ ئەتراپىدا ئولتۇراقلاشقانلىقى ئۈچۈن "قۇرەيش ئەرەبلىرى" دەپ ئاتالدى. كەبە مەككىنىڭ مەركىزىگە جايلاشقان بولۇپ، ئۇ قۇرەيش قەبىلىسى ئىتتىپاقىنىڭ سىمۋولى ئىدى. ھەرقايسى ئۇرۇقلار چوقۇنىدىغان مۇقەددەس تاشمۇ مۇشۇ جايغا قويۇلغان، قەبىلە مەسلىھەت كېڭەشىمۇ مۇشۇ جايدا تەسىس قىلىنغانىدى. ئەمما سودا ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتى ۋە جەمئىيەتنىڭ ئىلگىرىلىشىگە ئەگىشىپ، بۇ خىل قانداشلىق مۇناسىۋىتىنى ۋاستە قىلغان ئۇرۇقداشلىق جەمئىيىتى تەدرىجىي پارچىلىنىپ، ئۇرۇقداشلارنىڭ ئەسلىدىكى مۇناسىۋىتى كۈندىن-كۈنگە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى. VI

ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىغا كەلگەندە، مەككىدىكى ئۆرۈقداش قەبىلىلەر ئارىسىدا باي ـ كەمبەغەللىككە بۆلۈنۈش ئېغىرلىشىپ، بىر قىسىم ئۆرۈقلار ئىقتىسادىي كۈچىدىن پايدىلىنىپ قەبىلە تەشكىلاتلىرىنى كونترول قىلىپ، مەنپەئەتنى دەپ ئۆرۈقداشلىق ئەخلاقىغا پىسەنت قىلمىدى، ئەنئەنىۋى كۆز قاراش ۋە ئادەتلەردە چىڭ تۇرغان ئۆرۈقلار بارغانسېرى ئاجىزلىشىپ ئەسلىدىكى تەسىر كۈچىدىن قالدى.

مۇھەممەد پەيغەمبەر تۇغۇلغان ھاشىم ئۆرۈقى دەل شۇنداق ئاجىزلاشقان ئۆرۈق ئىدى. ھاشىم ئۆرۈقى گەرچە "ئىچكى قۇرەيشلەر" دەپ ئاتالغان يادرولۇق ئۆرۈققا مەنسۇپ بولسىمۇ، مەككىدە تېخى يۇقىرى ئورۇنغا ئىگە ئەمەس ئىدى. مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ ئاتىسى ئابدۇللا ئۇششاق تىجارەتچى بولۇپ، مۇھەممەد پەيغەمبەر تۇغۇلۇشتىن بۇرۇن سودا سەپىرىدە ئالەمدىن ئۆتكەن، ئانىسى ئۇ ئالتە ياشقا كىرگەندە بەختكە قارشى قازا تاپقاندى. مۇھەممەد پەيغەمبەر بوۋىسى ئابدۇل مۇتەللىپ ۋە تاغىسى ئەبۇتالىپنىڭ تەربىيىسى بىلەن چوڭ بولغانىدى. ئۇ مەكتەپ يۈزى كۆرمىگەن بولۇپ، ياشلىق دەۋرىدە باشقىلارنىڭ چارۋىسىنى باقتى، كارۋانلارغا قوشۇلۇپ پەلەستىن ۋە سۈرىيەلەرگە باردى. 25 يېشىدا شۇ جايدىكى دۆلەتمەن تۇل ئايال خەدىچەنىڭ ياللىشى بىلەن ئۇنىڭ سودا ئىشلىرىنى باشقۇرۇپ، پەۋقۇلئاددە تالانتىنى كۆرسەتتى. بۇ دۆلەتمەن ئايال ئالدىنقى ئىككى ئېرىنىڭ بايلىقىغا ۋارىسلىق قىلىپ، ئۆزىنىڭ سودا ئىشلىرىنى مۇستەقىل باشقۇرۇپ كەلگەنىدى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئەينى ۋاقىتتا خەدىچە 40 ياشقا كىرىپ قالغان بولسىمۇ، مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ سېھرىي كۈچىگە مەپتۇن بولۇپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن توي قىلىش تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويغان. بۇ نىكاھ مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ

تۇرمۇشىنى ئۆزگەرتىپ ئۇنىڭ كېيىنكى دىنىي پائالىيەتلىرىنى كۈچلۈك مەدەت ۋە چوڭ تەسىر بىلەن تەمىن ئەتتى.

مۇھەممەد پەيغەمبەر ناھايىتى زېرەك سودىگەر بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ قىزىقىدىغىنى دىنىي ئىزدىنىش ئىدى. ئۇنىڭ دەسلەپكى ئەھۋاللىرى توغرىلىق ماتېرىيال يوق. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ 40 ياشلارغا كىرگەندە، دائىم مەككە شەھىرىنىڭ سىرتىدىكى ھىرا غارىدا كېچە-كۈندۈز چوڭقۇر ئوي - پىكىرلەرگە چۆمگەن ھالدا ئىستىقامەت قىلغان. مۇسۇلمان رىۋايەتلىرىدە ئېيتىلىشىچە، 610-يىلىنىڭ بىر ئاخشىمى مۇھەممەد پەيغەمبەر چوڭقۇر ئوي-پىكىرگە پېتىپ كەتكەن چاغدا ئاللاھتىن ۋەھىي كېلىپ، پەرۋەردىگار— ئاللاھنىڭ ئەلچىسىگە ئايلانغان②. شۇنىڭدىن باشلاپ مۇھەممەد پەيغەمبەر ئۆزىنىڭ يېقىن دوستلىرى ئارىسىدا مەخپىي ھالدا دىن تارقاتتى. ئايالى خەدىچە بىرىنچى بولۇپ مۇسۇلمان بولدى. ئۇنىڭدىن كېيىن نەۋرە ئىنىسى ئەلى، قۇللۇقتىن ئازاد قىلىنغان زەيد، يېقىن دوستى ئابابەكرى قاتارلىقلار ئۇنىڭ ئىشەنچلىك مۇرىتلىرى بولۇپ قالدى. تەخمىنەن ئۈچ يىلدىن كېيىن مۇھەممەد پەيغەمبەر ئاشكارا دىن تارقىتىشقا باشلىدى. ئۆلگەنلەرنىڭ تىرىلىدىغانلىقى ۋە ئاخىرەتلىك سوراق دەسلەپكى تارقىتىلغان دىنىي ئەقىدىلەرنىڭ يادروسى ئىدى، ئۇ پايدىنى كۆرسە ئەسلىنى ئۇنتۇيدىغان، يېتىم-يېسىرلارنى بوزەك قىلىدىغان رەزىللىكلەرگە ئەجەللىك زەربە بەردى؛ ئۇ دۇنيادىكى سوئال - سوراقنىڭ شەخسلەرنىڭ ئەخلاقىي پەزىلەتلىرىدىن ئالىدىغان ھېساب- كىتاب ئىكەنلىكىنى جاكارلىدى، ئۇ بەندىلەرگە ئاللانىڭ ئىرادىسى بويىچە ياشىسا ساۋابقا ئېرىشىپ، ئاخىرەتتە جەننەتكە كىرىدىغانلىقىنى، دىنغا ئىشەنمەيدىغان گۇمراھلارنىڭ جازالىنىپ دوزاخنىڭ دەھشەتلىك ئازابىنى تارتىدىغانلىقىنى قايتا-قايتا تەبلىغ قىلدى. بۇنداق دىنىي تەلىمات مەككىدىكى رىئال جەمئىيەتكە

كېيىن، جەمئىيەتنىڭ ئەڭ تۆۋەن قاتلىمىدا ياشاۋاتقان، تۇرمۇشقا ئۈمىدسىز قارايدىغان خەلقنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشتى، ئەكسىچە مەككىدىكى ئاقسۆڭەك ۋە بايلارنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىدى. مۇھەممەد پەيغەمبەرنى تاغىسى ئەبۇتالىپ ئۆز ھىمايىسىگە ئالغاچقا مەككە ئاقسۆڭەكلىرى جەمئىيەتنىڭ تۆۋەن قاتلىمىدىن چىققان مۇرىتلارغا ۋەھشىيلەرچە زىيانكەشلىك قىلىشقا باشلىدى. كۈتۈلمىگەن زىيانكەشلىكتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، مۇھەممەد پەيغەمبەر يۆتكىلىش يولىنى تاللاشقا مەجبۇر بولدى. ئۇ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان سادىق ھەمراھلىرىنى ئافرىقىنىڭ ئەبەير شەھىرىگە ماڭدۇرۇۋېتىپ، ئۆزى قەبىلىداشلىرىنىڭ ھىمايىسىدە مەككىدە داۋاملىق دىن تارقاتتى. بۇ مەزگىلدە مەككىدە ناھايىتى يۇقىرى ئىناۋەتكە ئىگە بولغان ئۆمەر قاتارلىق مۇھىم شەخسلەر مۇسۇلمان بولۇپ، قىيىن ھالەتتە قالغان مۇھەممەد پەيغەمبەرگە زور مەدەت بەردى. ئەمما بۇ يېڭى دىنىنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىشىدەك قىيىن ۋەزىيەتنى ئۆزگەرتەلمىدى. ئارقىدىنلا، 619 - يىلىغا كەلگەندە مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ ئەڭ كۈچلۈك قوللىغۇچىسى بولغان بوۋىسى ئەبۇتالىپ بىلەن ئايالى خەدىچە ئارقا-ئارقىدىن ئالەمدىن ئۆتۈپ، ۋەزىيەت تېخىمۇ قىيىنلاشتى ۋە يېڭى دىن ھالاك بولۇش خەۋپىگە دۇچ كەلدى. بۇ خىل شارائىت مۇھەممەد پەيغەمبەرنى ئۆز جەمەتىدىن ئايرىلىپ، قەبىلىدىن باشقا جايلارغا بېرىپ ئىسلام دىنىنىڭ مەۋجۇتلۇقى ۋە تەرەققىياتى توغرىسىدا ئىزدىنىشكە مەجبۇر قىلدى.

مۇھەممەد پەيغەمبەر ئالدى بىلەن مەككىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى تائىفنى تاللىۋالدى. بۇ جاي مەككىگە 120 كىلومېتىر كېلىدىغان بولۇپ، ھاۋا كېلىماتى يېقىشلىق، سۇيى مول، تۇپرىقى مۇنبەت، شۇنداقلا مۇھىم سودا شەھىرى ئىدى. سودا ئالاقىسىدا

تائىفدىكى ساقىغا قەبىلىسى بىلەن مەككىدىكى قۇرەيش قەبىلىسى ئوتتۇرىسىدا ھەمكارلىشىش ۋە رىقابەتلەر بولۇپ تۇراتتى. مۇھەممەد پەيغەمبەر تائىفقا كېلىپ ساقىغالارنىڭ قوللىشى ۋە قوغدىشىنى قولغا كەلتۈرۈشنى مەقسەت قىلغان بولسىمۇ، نەتىجىدە تىرىشچانلىقى بىكارغا كەتتى. كىشىلەر ئۇنى چۈشەنمىدى، ئۇنى مەسخىرە قىلىپ، چالما ـ كېسەك ئېتىپ ئۇنى قوغلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بۇ نىيىتىدىن ۋاز كېچىپ مەككىگە قايتىپ كېلىشكە مەجبۇر بولدى.

دەل مۇشۇ مەزگىلدە مەدىنىلىكلەر ئوتتۇرىغا چۈشتى. مەدىنە مەككىنىڭ غەربىي شىمالىغا 430 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى سودا يولىغا جايلاشقان بولۇپ، قەدىمدىن تارتىپ مۇھىم سودا بېكىتى بولۇپ كەلگەنىدى. كېيىنچە يەھۇدىي كۆچمەنلىرى ئۇ جاينى مۇنبەت يېزا ئىگىلىك رايونىغا ئايلاندۇرغانىدى. VI ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە، بەدەۋىلەرنىڭ ھەزرەج قەبىلىسى بىلەن ئوس قەبىلىسى مەدىنەنىڭ ھاكىممۇتلەقلىقىنى قولغا كىرگۈزۈۋېلىپ، يەھۇدىي ئاھالىسىنى يېرىم بېقىندىلىق ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويدى. كېيىنچە بۇ ئىككى ھوقۇقدار قەبىلە ئۆزئارا يەر-زېمىن تالىشىپ ئۇزۇن مۇددەت قىرغىنچىلىق قىلىشتى. 620-يىلدىن كېيىن، ئىسلام دىنى مەدىنىلىكلەر ئارىسىدا تارقىلىشقا باشلىدى، ئۇلار ئۇزۇن مۇددەت يەھۇدىيلار بىلەن بىللە ياشاپ، يەھۇدىيلارنىڭ بىر خۇدالىق دىنى ۋە ئاللانىڭ ئەلچىسى ھەققىدىكى ئۇقۇمىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ كەلگەنلىكتىن مەككىلىكلەر، تائىفلىكلەرگە قارىغاندا ئىسلام دىنىنى ئاسانراق قوبۇل قىلدى. مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ دىن تارقىتىش پائالىيىتى قىيىن ئەھۋالدا قالغاندا دىنغا يېڭىدىن كىرگەن بۇ مۇرىتلار مۇھەممەد پەيغەمبەرنى مەدىنىگە كېلىپ ئولتۇراقلىشىشقا چىللاپ، شۇ ئارقىلىق ئىككى

قەبىلە ئوتتۇرىسىدىكى ئۇزۇن مۇددەتلىك ئۇرۇشنى پەسەيتىشنى ئۈمىد قىلىشتى.

مۇھەممەد پەيغەمبەر ئەستايىدىل ئويلىنىپ، تولۇق تەييارلىق كۆرگەندىن كېيىن، 622 - يىلى يازدا بۇ تەكلىپكە قوشۇلدى ھەم مۇسۇلمانلارنى مەدىنىگە كۆچۈشكە سەپەرۋەر قىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىنكى تەخمىنەن ئۈچ ئاي ئىچىدە مۇسۇلمانلار ئۈن-تىنسىز ھالدا تۈركۈم تۈركۈملەپ مەككىدىن مەدىنە شەھىرىگە كۆچتى. مۇھەممەد پەيغەمبەر، ئابابەكرى، ئەلى قاتارلىقلار بولسا ئەڭ ئاخىرىدا قېلىپ، تاكى 9 - ئايغا كەلگەندىلا مۇھەممەد پەيغەمبەر ئابابەكرىنىڭ ھەمراھلىقىدا ئاقسۆڭەكلەرنىڭ قوغلاپ تۇتۇشىدىن ساقلىنىپ مەدىنىگە كەلدى. شۇنداق قىلىپ ئەڭ ئاخىرى زور كۆلەملىك كۆچۈش ھەرىكىتى— ھىجرەتنى تاماملىدى. بۇ ۋەقە ئىسلام دىنىنىڭ تەرەققىيات تارىخىدىكى بىر بۇرۇلۇش نۇقتىسى بولۇپ، شۇنىڭدىن كېيىن ئىسلام دىنى يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا قەدەم قويدى. كېيىن 2 - ئەۋلاد خەلىپە ئۆمەر دەۋرىگە كەلگەندە، شۇ يىلنى يىل بېشى (7 - ئاينىڭ 16 - كۈنى) قىلىپ ئىسلام دىنىنىڭ يىل ھېسابىغا باشلىنىش نۇقتىسى قىلىپ بېكىتتى.

مۇھەممەد پەيغەمبەر ئۆزىنىڭ ئادەتتىن تاشقىرى قابىلىيىتى بىلەن قەبىلىلەر ئارىسىدىكى جەڭگە - جېدەلنى ھەل قىلىشقا ياردەم قىلالىغانلىقى ئۈچۈن مەدىنىلىكلەرنىڭ تەكلىپ قىلىشى ۋە قوبۇل قىلىشىغا سازاۋەر بولالىغانىدى، ئۇنىڭدىن قالسا ئۇ بىر يېڭى دىننىڭ ئىجادچىسى سۈپىتىدە مۇرىتلىرىنىڭ قىزغىن سۆيۈشىگە ۋە قوللىشىغا ئېرىشتى. مەدىنىلىكلەرنىڭ تۈركۈم - تۈركۈملەپ ئىسلام دىنىغا كىرىشى بىلەن مەدىنىدىكى ھەرقايسى ئۇرۇقلارنىڭ ئاقساقاللىرىمۇ مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ پەيغەمبەرلىك ئورنىنى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر بولدى. مەككىدىن كۆچۈپ كەلگەن

مۇسۇلمانلار "مۇھاجىرلار" دەپ ئاتالدى، مەدىنەدىكى مۇسۇلمانلار "ئەنسارىلار" دەپ ئاتالدى. مۇھەممەد پەيغەمبەر مۇھاجىرلار ۋە ئەنسارىلارنىڭ قوللىشى ھەمدە دىنىي ئاڭ فورماتسىيىسىنىڭ كۈچى بىلەن مەدىنىدە ئېتىقادنى ئاساس قىلغان، مەدىنەنىڭ رېئال تەلىپىگە ماس كېلىدىغان ئۇممانى (ئىجتىمائىي تەشكىلات) قۇردى. ئۇ مەدىنىدىكى ھەرقايسى قەبىلە تەشكىلاتلىرى بىلەن بىرقاتار كېلىشىملەرنى تۈزۈپ ئۇممانىڭ "نىزامنامىسى" قىلدى. "نىزامنامە"دە بەلگىلىنىشىچە، ئۇمما باشقا قەبىلىلەرنىڭ بىرلىككە كەلگەن ئىجتىمائىي تەشكىلاتلىرىدىن پەرقلىنىدىغان بولۇپ، قۇرەيشلەر ۋە مەدىنىدىكى مۇسۇلمانلار، شۇنداقلا ئۇلارغا بويسۇنىدىغان ھەمدە ئۇلار بىلەن بىرلىكتە كۆرەش قىلىدىغان كىشىلەردىن تەركىب تاپقان. بۇ مەزگىلدە ئۇمما پەقەتلا قانداشلىقى ۋە ئېتىقادى ئوخشىمىغان ئاھالىدىن قۇرۇلغان رايون خاراكتېرلىك تەشكىلات بولۇپ، كېيىنچە ئىسلام دىنى كۈچلىرىنىڭ زورىيىشى، تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، بىرلا ئېتىقادلىق مۇسۇلمان كوممۇناسىغا ئۆزگەردى. ئۇمما قەبىلىلەر ئارىسىدىكى ئىچكى ئۆچمەنلىكنى توسۇپ، ئىچكى تىنچلىقنى كاپالەتكە ئىگە قىلىپلا قالماي قەبىلىلەر ئىچكى قىسمىدىكى ھەرقايسى قەبىلىلەرنىڭ مۇناسىۋىتىنى تەڭشەپ، باي - كەمبەغەللىككە ئايرىلىش كەلتۈرۈپ چىقارغان زىددىيەتلەرنى پەسەيتتى، سىياسىي تەشكىلاتلىق رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، سىرتقى دۈشمەنلەرگە تاقابىل تۇردى ۋە ھەربىي تەشكىلاتلىق خاراكتېرىنى نامايان قىلدى. ئۇممانىڭ بىرلىكىنى باغلاپ تۇرىدىغان ۋاستە قەبىلە ئىتتىپاقداشلىرىنىڭكىدەك قانداشلىق مۇناسىۋىتى بولماستىن، بەلكى ئورتاق ئېتىقادنى ئاساس قىلغان رايون مۇناسىۋىتى ئىدى. ئاللا دىنىي نۇقتىدىن ئەڭ يۇقىرى ئۇمما رەھبىرى بولۇپ، ئەلچىسى مۇھەممەد پەيغەمبەرگە چۈشۈرگەن

ۋەھىيلىرى ئارقىلىق يۈكسەك نوپۇزىنى نامايان قىلاتتى. ئۇمما ئاللانىڭ نامى بىلەن دۆلەت فۇنكسىيىسىنى يۈرگۈزەتتى. ئۇمما كېيىنكى خەلىپىلىك دۆلەت تۈزۈمىنىڭ دەسلەپكى شەكلى ئىدى.

مۇھەممەد پەيغەمبەر مەدىنىگە كۆچۈپ كېلىپ 2 - يىلى مەدىنىلىكلەرنى مەككىنىڭ سودا كارۋانلىرىغا ھۇجۇم قىلىشقا تەشكىللىدى، شۇنىڭدىن كېيىن مەككىلىكلەر بىلەن بولغان ئۇرۇش ئۈزۈلمىدى. مۇھەممەد پەيغەمبەر مەككىنى قىبلە قىلىشنى، كەبە (تەڭرىنىڭ ئۆيى) گە تاۋاپ قىلىشنى مۇقەددەس تۈزۈم قىلىپ بېكىتتى. شۈبھىسىزكى، ئىسلام دىنىدىكىلەر بۇتقا چوقۇنىدىغانلارنىڭ قولىدىن مۇقەددەس جاي مەككىنى تارتىۋالماقچى بولغانىدى. مۇھەممەد پەيغەمبەر بۇ نىشاندا ئاخىرغىچە چىڭ تۇرغان بولسىمۇ، ئەمما مەككىگە دەماللىققا ھۇجۇم قىلالمىدى. تاكى 628 -يىلىغا كەلگەندە مەدىنىدىكى يەھۇدىيلارنىڭ ھەيۋىسىنى يەرگە ئۇرۇپ، ئارقا سەپنى مۇستەھكەملەپ، مەككىلىكلەر بىلەن بولغان ئۇرۇشتا ئۇستۇنلۇكنى ئىگىلىگەندىن كېيىنلا، ئۇ ئاندىن تاۋاپ قىلغۇچى سالاھىيىتى بىلەن مەككىگە ئاتلاندى. نەتىجىدە مەككىلىكلەرنى ئون يىللىق ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمى تۈزۈشكە مەجبۇر قىلدى. مەككىدىكى قۇرەيشلەر مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ تەبلىغ قىلىپ مۇرىتلىرىنى كۆپەيتىشىگە، بىر يىلدا بىرقېتىم مەككىگە كېلىپ تاۋاپ قىلىشىغا قوشۇلدى. شۇنىڭدىن كېيىن بەدەۋىلەر تۈركۈملەپ مۇسۇلمانلار سېپىگە قوشۇلۇپ، مەككىنى بويسۇندۇرۇشقا پۇختا تەييارلىق كۆردى. ئىككى يىلدىن كېيىن مەككىلىكلەردە كېلىشىمگە خىلاپلىق قىلىش ئەھۋالى كۆرۈلگەنلىكى ئۈچۈن، مۇھەممەد پەيغەمبەر پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ مەككىگە قوشۇن تارتتى. مەككىلىكلەر ھېچقانچە قارشىلىق كۆرسىتەلمەيلا تەسلىم بولدى. مۇھەممەد پەيغەمبەر غالىبلىق

سالاھىيىتى بىلەن مەككىگە كىرىپ بۇيرۇق بىلەن كەبىدىكى بۇتلارنى چاقتۇرۇۋەتتى. كەبىدىكى ھەجرۇل ئەسۋەد ئىسلام دىنىنىڭ مۇقەددەس بۇيۇمى قاتارىدا ساقلاپ قېلىندى. شۇنداق قىلىپ ئەسلىدىكى بۇتقا چوقۇنىدىغانلارنىڭ مەركىزى بولۇپ كېلىۋاتقان جاي ئىسلام دىنىنىڭ مۇقەددەس جايىغا ئايلاندى. بۇنىڭ بىلەن مۇھەممەد پەيغەمبەر ۋە ئىسلام دىنىنىڭ تەسىرى زور دەرىجىدە كۈچىيىپ، ئىسلام دىنىنىڭ ئەرەب يېرىم ئارىلىدىكى، بولۇپمۇ غەربىي شىمال رايونىدىكى ھۆكۈمرانلىق ئورنى ئاساسىي جەھەتتىن تىكلەندى.

مەككىنى قولغا كەلتۈرگەندىن كېيىن، مۇسۇلمانلار قوشۇنى تائىفتىكى ساقىغا قەبىلىسى بىلەن ناجىدتىكى ھاۋاجىن قەبىلىسىنىڭ 30 مىڭ كىشىلىك بىرلەشمە قوشۇنىنى تارمار قىلىپ، ئۇلارنى ئىسلام دىنىغا كىرىشكە مەجبۇر قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا مۇسۇلمانلار قوشۇنى شىمالدىكى سۈرىيە چېگرىسىغا يۈرۈش قىلىپ، ئۇ يەردىكى خرىستىئان، يەھۇدىي قەبىلىلىرىنى باش ئەگدۈردى. ئۇلار جان بېجى تاپشۇرۇش شەرتى ئاستىدا مۇسۇلمانلارنىڭ قوغدىشىغا ۋە ئېتىقاد ئەركىنلىكىگە ئېرىشتى. مۇسۇلمانلارنىڭ ھەربىي جەھەتتىكى غەلىبىسى پۈتكۈل ئەرەب يېرىم ئارىلىنى زىلزىلىگە كەلتۈرۈۋەتتى. 630 ـ يىلى ئومان، ھەددام، يەمەن قاتارلىق يىراق جايلاردىكى ئەرەب قەبىلىلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن ۋەكىل ئەۋەتىپ ئەل بولىدىغانلىقىنى ياكى كېلىشىمگە ئىمزا قويىدىغانلىقلىرىنى بىلدۈرۈشكەنلىكى ئۈچۈن، ئىسلام دىنى تارىخىدا بۇ يىل ”ئەلچىلەر يىلى“ (ئام ئەل ۋۇفۇد) دەپ ئاتالدى. ئىسلام دىنى يېرىم ئارالنىڭ ھەرقايسى رايونلىرىغا كېڭىيىپ، ئۈزۈل ـ كېسىل غەلىبە قىلدى.

ئەمما ئۇزۇن ئۆتمەي، 632 ـ يىلى 6 ـ ئايدا، مۇھەممەد

پەيغەمبەر ئالەمدىن ئۆتتى. يېڭىدىن ۋۇجۇدقا كەلگەن ئىسلام دىنى بىلەن مەدىنە ھاكىمىيىتى يەنە خەۋپ ـ خەتەرگە دۇچ كەلدى. يېڭىدىن ئىسلامىيەتكە كىرگەن بىر تۈركۈم كىشىلەر تەۋرىنىشكە باشلىدى. ئەل بولغان نۇرغۇن قەبىلىلەر پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ مەدىنە ھاكىمىيىتىنىڭ بۇيرۇقلىرىغا قارشى چىقىپ ئىسلامىيەتنىڭ مەجبۇرىيەتلىرىنى ئادا قىلىشنى رەت قىلدى. مۇشۇنداق خەتەرلىك پەيتتە مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ ھايات چېغىدىكى يېقىن دوستى، ئىسلام دىنىدىكى مۇھىم زات ئابابەكرى ئۇنىڭ ۋارىسى بولۇپ خەلىپىلىككە سايلاندى. ئۇ مۇھەممەد پەيغەمبەر ھايات ۋاقتىدا بېكىتكەن تۈرلۈك سىياسەت ۋە پرىنسىپلارنى قەتئىي تەۋرەنمەي ئىجرا قىلىپ كەڭ مۇرىتلارنى ئىتتىپاقلاشتۇردى، مەدىنە ھاكىمىيىتىنىڭ ئىچكى قىسمىنى مۇقىملاشتۇرغاندىن كېيىن "خاۋارىجلار"غا قاتتىق سىياسەتلەر ئارقىلىق تاقابىل تۇردى. ئۇ بىر يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە ھەرقايسى قەبىلىلەرنى تىنچلاندۇردى. شۇنداقلا ئىلگىرى ئەل بولمىغان قەبىلىلەرنى باش ئەگدۈرۈپ مەدىنە ھاكىمىيىتىنىڭ ئەرەب يېرىم ئارىلىدىكى ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى قوغدىدى ۋە تۇرغۇزدى.

ئەرەب يېرىم ئارىلىغا بولغان ھۆكۈمرانلىق مۇستەھكەملەنگەندىن كېيىن، مەدىنە ھاكىمىيىتى سىرتقا قارىتا كېڭەيمىچىلىك خاراكتېرىنى ئالغان "غازات"نى باشلىۋەتتى. بۇ ۋاقىتتا يېرىم ئارالنىڭ سىرتىدىكى ۋىزانتىيە ئىمپېرىيىسى بىلەن پېرسىيە ئىمپېرىيىسى ئۇزۇن مۇددەت ئۇرۇش قىلىپ ھالىدىن كەتكەن ھەم ئىچكى قىسمىدىكى ئىجتىمائىي زىددىيەتلەر ئۆتكۈرلىشىپ، سىياسىي كرىزىس ئېغىرلىشىپ كەتكەن ئەھۋالدا تۇرۇۋاتقاچقا، ئىسلام دىنىنىڭ كېڭەيمىچىلىكى ئۈچۈن پايدىلىق تاشقى پۇرسەت يارىتىلغانىدى. 633 ـ يىلى كۈزدە، ئابابەكرى

ئىچكى ئۇرۇشنى بېسىقتۇرغاندىن كېيىن ئەسكىرىي كۈچىنى غەربكە يۆتكەپ، سۇرىيە ۋە پەلەستىنگە يۈرۈش قىلىپ، تىغ ئۇچىنى ۋىزانتىيە ئىمپېرىيىسىگە قاراتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا شەرقىي شىمالدىكى ئىراقنى بويسۇندۇرۇش ئۇرۇشىمۇ باشلاندى.

634 - يىلى ئابابەكرى ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن ئىسلام دىنىنىڭ يەنە بىر تۆۋرۈكى بولغان ئۆمەر خەلىپىلىككە ۋارىسلىق قىلىپ سىرتنى بويسۇندۇرۇشنى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈردى. غەربىي لىنىيىدە 635-يىلى مۇسۇلمانلار قوشۇنى سۇرىيىدە ۋىزانتىيە ئارمىيىسىنى ئارقا-ئارقىدىن مەغلۇپ قىلىپ دەمەشقنى باش ئەگدۇردى، 635-يىلى قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتمەكچى بولۇۋاتقان ۋىزانتىيە قوشۇنىغا ئەجەللىك زەربە بېرىپ قەيسەرىيە ۋە ئېرۇسالىمدىن باشقا پۈتكۈل سۇرىيە-پەلەستىن تېررىتورىيىسىنى ئىگىلىدى. 638-يىلى يېرۇسالىممۇ مۇسۇلمانلار ئىشغالىيىتىدىكى مۇقەددەس جاي بولۇپ قالدى. 640 - يىلىغا كەلگەندە قەيسەرىيەمۇ ئاخىر تەسلىم بولدى. سۇرىيەنىڭ باش ئەگدۇرۇلۇشى مۇسۇلمانلار قوشۇنىنىڭ غەيرىتىگە غەيرەت قوشتى، شۇنداقلا يېڭىدىن بويسۇندۇرۇلغان بۇ رايونلار سىرتقا قارىتىلغان كېڭەيمىچىلىكنىڭ ئىستراتېگىيىلىك بازىسىغا ئايلاندى. قەيسەرىيە ئەل بولۇشتىن ئىلگىرى يەنى 639 - يىلى مۇسۇلمانلار قوشۇنى ۋىزانتىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ "ئاشلىق ئىسكىلاتى" بولغان مىسىرغا يۈرۈش قىلىپ، ئارقىمۇئارقا غەلىبە قازانغاندى. 642 - يىلى مۇسۇلمانلار قوشۇنى ئىسكەندىرىيەنى ئىگىلىدى. 642 - 643 - يىللىرى غەربكە يۈرۈش قىلىپ كىرىنائىكاغا بېسىپ كىرىپ، تىرىپولىدىكى بەربەرلەر قەبىلىسىنى ئەل بولۇشقا مەجبۇر قىلدى.

شەرقىي لىنىيىدە، 635 - يىلى يازدا، ئۆمەر ئەسكەر باشلاپ ئىراققا ھۇجۇم قىلىپ، ساسانىيلار ئىمپېرىيىسىگە شىددەتلىك

ھۇجۇم قىلدى. 637 - يىلى مۇسۇلمان قوشۇنى ساسانىيلارنىڭ خىللانغان قوشۇنىنى يېڭىپ، مۇھىم شەھەر كېسخوننى ئىگىلىدى ۋە ئىراق زېمىنىنى پۈتۈنلەي قولغا كىرگۈزدى. مۇسۇلمانلار قوشۇنى داۋاملىق شىمالغا قاراپ ئىلگىرىلەپ، 640 - يىلى سۇرىيەنى بويسۇندۇرغان غەربىي لىنىيە مۇسۇلمانلار قوشۇنى بىلەن مېسسوپوتامىيە تۈزلەڭلىكىدە ئۇچراشتى. «مۇنبەت ھىلال ئاي»نى بويسۇندۇرۇش پىلانىنى تاماملىغاندىن كېيىن، مۇسۇلمانلار قوشۇنى داۋاملىق شەرققە قاراپ ئىلگىرىلەپ، 642 - يىلى پېرسىيەنىڭ نىخاۋاند دېگەن يېرىدە يەنە بىر قېتىم ساسانىيلار ئىمپېرىيىسىنىڭ قوشۇنىنى يېڭىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبىگە ئېرىشتى. شۇنىڭدىن كېيىن مۇسۇلمانلار قوشۇنى پېرسىيىگە تېزلىك بىلەن باستۇرۇپ كىردى. 651 - يىلى ساسانىيلار خانى مەرۋىگە قېچىپ كېتىۋاتقاندا ئۆلتۈرۈلدى. ساسانىيلار ئىمپېرىيىسى گۇمران بولۇپ ئوتتۇرا ئاسىياغا بارىدىغان يول داغدام ئېچىلدى.

644 - يىلى ئۆمەر قەستكە ئۇچراپ قازا قىلغاندىن كېيىن، مەككىدىكى ھۆكۈمران ئۇرۇق—ئۇمەييە ئۇرۇقىدىن كېلىپ چىققان ئوسمان 3 - قارارلىق خەلىپىلىككە سايلاندى. بۇ مەككە ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتىكى بۇرۇلۇش نۇقتىسى بولۇپ قالدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن تۈرلۈك زىددىيەتلەر كەسكىنلىشىشكە باشلىدى، سىرتقا قارىتىلغان زور كۆلەملىك ئۇرۇش بارا-بارا پەسكويغا چۈشۈپ قالدى. 656 - يىلى ئوسمان ئۆكتىچى مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. ئەلى ئىخلاسمەنلىرىنىڭ يۆلىشى بىلەن 4 - قارارلىق خەلىپىلىككە ئولتۇردى. بۇنىڭ بىلەن ئىسلامىيەت دۇنياسىنى ئىچكى ئۇرۇش قاپلىدى. 661 - يىلى ئەلى قەستكە ئۇچرىغاندىن كېيىن، ئۇمەييە خانلىقى قۇدرەتلىك ھەربىي كۈچىگە تايىنىپ، دەريا - دەريا قان

بەدىلىگە ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى تىكلىدى. ئىسلام دىنى شۇنىڭدىن كېيىن يېڭى بىر تەرەققىيات باسقۇچىغا قەدەم قويدى.

## 2 § ئىسلام دىنىنىڭ غەربىي يۇرتقا تارقىلىشى

### 1. ئەرەبلەرنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيانى بويسۇندۇرۇشى ۋە ئىسلام دىنىنىڭ شەرقتە تارقىلىشى

VII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى ئەرەبلەر ئىسلام تۇغى ئاستىدا ساسانىيلار ئىمپېرىيىسىنى ناھايىتى تېز بىتچىت قىلىپ، شەرقتە خۇراسان رايونىغا بېسىپ كىردى. خەلىپىلىك بۇ جايدا خۇراسان باش ۋالىي مەھكىمىسىنى تەسىس قىلىپ، ئەرەبلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى تىكلەپ، شۇ ئاساستا تاجاۋۇزچىلىقىنىڭ تىغ ئۇچىنى ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغا قاراتتى.

بۇ مەزگىلدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا غەربىي تۈرك خانلىقىنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكىدە ئىدى. VII ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمى زور دەرىجىدە قۇدرەت تاپقان تاڭ ئىمپېرىيىسى شىمالدىكى كۈچلۈك دۈشمىنى شەرقىي تۈرك خانلىقىنى تارمار قىلغاندىن كېيىن غەربىي تۈرك خانلىقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھۆكۈمرانلىقىنىمۇ غۇلىتىپ، ئەسلىدىكى غەربىي تۈرك خانلىقىغا قاراشلىق ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرنى ئۆز ھاكىمىيىتى ئاستىغا ئالدى ۋە ئۇ جايلارنى ئايماقلار مەھكىمىسى تەسىس قىلىش ئارقىلىق ئىدارە قىلدى. ئەمما VII ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىغا كەلگەندە چىگىخەي - شىزاڭ ئېگىزلىكىدە روناق تاپقان تۈبۈتلەر ئۆز تەسىرىنى غەربىي يۇرتقا كېڭەيتىپ تاڭ ئىمپېرىيىسى بىلەن تىركىشىشكە باشلىدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بىر مەزگىل تاڭ خاندانلىقىغا

قارام بولغان شەرقىي تۈرك خانلىقى قايتىدىن باش كۆتۈرۈپ غەربكە كېڭەيدى، غەربىي تۈركلەرنىڭ ئون ئوق قەبىلىسىگە قاتتىق زەربە بېرىپ ئۇلارنى ئېغىر ھالسىرىتىپ قويدى. بۇ ئەھۋاللار تاڭ ئىمپېرىيىسىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھاكىمىيىتىنى كۆپ ئاجىزلاشتۇرۇۋەتتى. يېرىم مۇستەقىل ھالەتتىكى ئوتتۇرا ئاسىيا يەرلىك ھاكىمىيەتلىرىمۇ ئۆزئارا جەڭگى-جېدەل بىلەن بولۇپ كەتكەچكە ئوبيېكتىپ جەھەتتە ئەرەبلەرنىڭ ھۇجۇم قىلىپ كىرىشىگە پايدىلىق شارائىت ھازىرلاپ بەردى.

ئەرەبلەرنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا كەڭ كۆلەملىك ھۇجۇم قىلىشى Ⅶ ئەسىرنىڭ 70 - يىللىرىدىن باشلانغانىدى. ئەمما شۇنىڭدىن تارتىپ Ⅷ ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە بولغان يېرىم ئەسىر جەريانىدا بۇنداق تاجاۋۇزچىلىق ئاساسلىقى بايلىق توپلاش، تالان - تاراج قىلىش ۋە ئۇرۇش ئولجىلىرىغا ئىگە بولۇشنى مەقسەت قىلدى. 705 - يىلى ۋەلىد ئۇمەييە خاندانلىقىنىڭ خەلىپىلىكىگە ۋارىسلىق قىلدى ۋە ۋەلىد I دەپ ئاتالدى (705 - يىلدىن 714 - يىلغىچە خەلىپىلىكتە ئولتۇرغان). شۇنىڭدىن باشلاپ ئەرەبلەر ئىككىنچى قېتىملىق سىرتقا قارىتا بويسۇندۇرۇشنى باشلىۋەتتى. شۇ يىلى ۋەلىد I تونۇلغان ياش سانغۇن قۇتەيبە ئىبىن مۇسلىم ئەل بەخىلىنى خۇراساننىڭ باش نايىب (ۋالىي) لىقىغا تەيىنلەپ، ئوتتۇرا ئاسىيانى بويسۇندۇرۇشنى رەسمىي باشلىدى.

قۇتەيبە ئەسلى ئۇمەييە خانلىقىنىڭ ھوقۇقدار ۋەزىرى بولۇپ، ئىراق ۋە شەرقىي رايون باش ئەمەلدارى ھەججاج (ھەججاج ئىبىن يۇسۇپ) نىڭ قول ئاستىدىكى يارامىلىق سانغۇن ئىدى. ئۇ مەرۋ (MarV) گە ئەۋەتىلىپ خۇراساننىڭ باش نايىبلىقىغا تەيىنلەنگەن يىلدىن تارتىپ ئوتتۇرا ئاسىياغا لەشكىرىي يۈرۈش قىلدى. ئۇ ئالدى بىلەن توخارىستان رايونى ئارقىلىق تالىقانغا يۈرۈش قىلدى.

ئاندىن بەلخ ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ باشلامچىلىقىدا ساغانىيانىي ئىگىلەش
ئارقىلىق ئۇلارنىڭ قوشنىسى شۇمان ۋە ئەخرۇنغا بېسىپ كىردى،
ئەمما بۇ يەردە ئۇلارنىڭ قاتتىق قارشىلىقىغا ئۇچرىدى. قۇتەيبە
ئىلگىرىلەشكە ئامال قىلالماي لەشكەرلىرىنى يىغىشتۇرۇپ،
مەرۋدىكى بارگاھىغا قايتىپ كەلدى.

ئىككىنچى يىلى (706 - يىلى) قۇتەيبە قوشۇن باشلاپ ئامۇ
دەرياسىدىن ئۆتۈپ ماۋارائۇننەھر (MaWaraal — Nahr) ③غا
ھۇجۇم قىلىپ، تىغ ئۇچىنى فانكەند شەھىرىگە قاراتتى. ئەمما
شەھەرگە يېقىن بارمايلا ئالدىن ئورۇنلاشتۇرۇلغان فانكەند
لەشكەرلىرى بىلەن ماۋارائۇننەھردىكى ھەرقايسى ياردەمچى
قوشۇنلار تەرىپىدىن قورشىۋېلىنىپ ئىككى ئايدىن ئارتۇق قامىلىپ
قالدى. كېيىن ئەرەب قوشۇنى سوغدىلار قوشۇنىنى يېڭىپ ۋە
ئۇلارغا قوغلاپ زەربە بېرىپ فانكەند شەھىرىنى قورشىۋالدى.
ئىككى ئايغا يېقىن قورشاپ ھۇجۇم قىلغاندىن كېيىن سوغدىلار
تەسلىم بولدى. ئەمما قۇتەيبە لەشكەرلىرىنى ئېلىپ بۇ جايدىن
قايتىشىغا فانكەند شەھىرى دەرھال قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، قېپ
قېلىپ شەھەرنى ساقلاۋاتقان ئاز ساندىكى ئەرەب لەشكەرلىرىنى
قىرىپ تاشلىدى. قۇتەيبە بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، كەينىگە
قايتىپ فانكەند شەھىرىگە قايتا ھۇجۇم قوزغاپ، ئۇلارنى شەپقەتسىز
باستۇرۇش ئارقىلىق ئاخىر بۇ رايوننى باش ئەگدۇردى.

707 - يىلى قۇتەيبە ماۋارائۇننەھرگە قايتا ھۇجۇم قوزغاپ،
ھەرقايسى رايونلارنىڭ بىرلەشمە قوشۇنىنىڭ كۈچلۈك قارشىلىقىغا
ئۇچرىغانلىقتىن ئىلاجسىز لەشكەر چېكىندۇردى. 708 - يىلىنىڭ
باشلىرىدا قۇتەيبە ھەججاجنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن بۇخاراغا
لەشكىرىي يۈرۈش قىلدى. بۇخارالىقلار قاتتىق قارشىلىق
كۆرسەتكەنلىكتىن ئۇ جاينى ئالالمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئارقا

سەپتىكى شۇمان ۋە تۇخارىستان قاتارلىق جايلاردا توپىلاڭ كۆتۈرۈلگەچكە ئالدىراپ - تېنەپ مەرۋىگە چېكىنىپ، ئارقا سەپتىكى توپىلاڭنى تىنچىتىشقا مەجبۇر بولدى.

711 - يىلى قۇتەيبە ئارقا سەپنى مۇستەھكەملىۋالغاندىن كېيىن، قوشۇن تارتىپ خارەزىمگە ھۇجۇم قوزغىدى. ئەينى چاغدا خارەزىم پادىشاھى چىغان بىلەن ئىنىسى خورزاد ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش ناھايىتى كەسكىن ئىدى. چىغان ئەرەبلەرگە قارام بولۇپ سېلىق تاپشۇرۇشنى شەرت قىلىپ قۇتەيبىدىن ياردەم سورىدى، قۇتەيبە پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ خارەزىمگە بېسىپ كىرىپ، خورزادنى ئەسىر ئالدى ھەم يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ خامجىردنى بويسۇندۇردى. ئۇنىڭدىن كېيىن غەلىبىسېرى ئىلگىرىلەپ سەمەرقەندكە ھۇجۇم قىلىپ ئۇلارنى ئەل بولۇشقا قىستىدى.

712 - يىلى قۇتەيبە مەرۋىدىن يولغا چىقىپ، ئامۇ دەرياسىدىن قايتا ئۆتۈپ، سىر دەريا ۋادىسىغا كىردى ۋە تاشكەنت، خوجەند، كاسان قاتارلىق جايلارنى بويسۇندۇردى. ئەمما قۇتەيبە مەرۋىگە قايتىپ كېلىشىگە، ھەرقايسى جايلاردا يېڭىۋاشتىن ئىسيان كۆرۈلدى. شۇ يىلىنىڭ ئاخىرى شەرقىي تۈركلەر پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ماۋارائۇننەھرگە لەشكىرىي يۈرۈش قىلدى. نەتىجىدە پەقەت سەمەرقەندلا ئەرەبلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا قالدى④. ھالبۇكى قۇتەيبە بۇنداق مۇقىمسىز ۋەزىيەتنى تىنچلاندۇرۇشقا يېتىشەلمەي قالدى. 714 - يىلى ئۇمەييە خاندانلىقىنىڭ يۇقىرى قاتلىمىدىكىلەرنىڭ ئالمىشىشى قۇتەيبىگە تەھدىت ئېلىپ كەلگەچكە، ئۇ ئىسيان كۆتۈرۈپ ئايرىم ھاكىمىيەت قۇرماقچى بولدى. نەتىجىدە قول ئاستىدىكىلەر تەرىپىدىن پەرغانىدە ئۆلتۈرۈلدى. شۇ يىلى ئۇ ئاران 47 ياشتا ئىدى.

قۇتەيبىنىڭ قىلىچ بىلەن بويسۇندۇرۇشىغا ئەگىشىپ ئىسلام

دىنىنى ئوتتۇرا ئاسىيادا تېز تارالدى. قۇتەيبە ئىسلام دىنىنىڭ ئاكتىپ تەشۋىقاتچىسى ئىدى. ئۇ بويسۇندۇرغانلىكى جايدا ئاھالىنى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشقا مەجبۇرلاپ، زوروئاستېر ۋە بۇددا دىنلىرىنى قەتئىي باستۇردى. زوروئاستېر ئىبادەتخانىلىرىنى، بۇددا ئىبادەتخانىلىرىنى چاققۇزدى. ئىسلام دىنىغا كىرىشنى خالىمىغان باشقا دىن مۇرىتلىرىنى تۈركۈملەپ قىرغىن قىلدى. ئىسلام دىنىغا كىرگەنلەرنى ئىسلام قانۇنى بويىچە ئادەم بېشىغا كېلىدىغان جان بېجىدىن كەچۈرۈم قىلدى. بۇ ئەھۋاللار تۆۋەن قاتلامدا تۇرمۇش كەچۈرىدىغان خەلققە نىسبەتەن جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگە بولغاچقا، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى زور تۈركۈم ئاھالە باجدىن قېچىپ ئۆز دىنىنى ئىسلام دىنىغا ئۆزگەرتتى. بۇلار ئوبيېكتىپ جەھەتتە ئىسلام دىنىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادا تارقىلىشىنى ئىلگىرى سۈردى. ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ بويسۇندۇرۇلۇشىغا ئەگىشىپ، نۇرغۇنلىغان ئەرەبلەر بۇ جايلارغا كۆچۈپ كېلىپ بۇ جايدىكى ئاھالىلەر بىلەن نىكاھلىنىپ ئەۋلاد قالدۇردى. ئۇلار ئەرەب ئىمپېرىيىسىنىڭ سادىق قوغدىغۇچىلىرى، شۇنداقلا ئىسلام دىنىنى ئاكتىپ تارقاتقۇچىلار بولۇپ، ئىسلام دىنىنىڭ شەرققە تارقىلىشى ئۈچۈن زور تۆھپە قوشتى.

قۇتەيبە ئۆلگەندىن كېيىن ئۇمەييا خاندانلىقى ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا مۇداپىئەگە ئۆتتى، تېخىمۇ كەڭ كۆلەملىك بويسۇندۇرۇشقا قۇدرىتى يەتمەيلا قالماي، بويسۇندۇرغان جايلاردىكى ھۆكۈمرانلىقىمۇ ئاجىزلىشىپ، مۇقىمسىز ھالەتكە چۈشۈپ قالدى، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئەرەبلەرگە قارشى قوزغىلاڭلار ئۈزلۈكسىز كۆتۈرۈلدى. خەلىپە ئىمپېرىيىسىدىكى ئۇمەييە جەمەتىگە قارشى تۈرلۈك سىياسىي كۈچلەر ئاستىرتتىن ئۆز كۈچلىرىنى زورايتتى. خۇراسان بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرى

بولسا تەدرىجىي ئۇمەييە خاندانلىقىغا قارشى بازىغا ئايلىنىپ كەتتى. 749 - يىلى ئاببىياسىيلار خۇراسانلىق ئەبۇ مۇسلىم⑤نىڭ ياردىمىدە ئۇمەييە خاندانلىقىنى ئاغدۇرۇپ، ئاببىياسىيلار خاندانلىقىنى تىكلىدى⑥. ئەبۇ مۇسلىم بولسا دۆلەت قۇرۇشتا ئۇلۇغ تۆھپە ياراتقانلار قاتارىدا خۇراساننىڭ باش نايىبلىقىغا تەيىنلەندى. بۇ پارسلارنىڭ ئىسلام دۇنياسىدا غەلىبە قىلغانلىقىدىن، خۇراسان ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا مىللىي كۈچلىرىنىڭ خەلىپە ئىمپېرىيىسىدىكى تەسىرىنىڭ كۈچەيگەنلىكىدىن، تارىخنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادا يەرلىك سۇلالىلارنىڭ شەكىللىنىشىگە قاراپ راۋاجلانغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى.

بۇ مەزگىللەردە تاڭ ئىمپېرىيىسى بىلەن تۈبۈتلەرنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تالاش - تارتىشى ناھايىتى كەسكىنلىشىۋاتاتتى. VIII ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا تاڭ ئىمپېرىيىسى روناق تېپىپ "كەييۈەن يىللىرىدىكى مەمۇرچىلىق" ۋەزىيىتىنى شەكىللەندۈردى ھەمدە ئوتتۇرا ئاسىياغا تەسىر كۆرسىتىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەشنى كۈچەيتتى. بۇ ئەھۋال ئاببىياسىيلار خاندانلىقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھۆكۈمرانلىقى بىلەن توقۇنۇشۇپ قېلىشتىن خالىي بولالمىدى. ئاخىر 751 - يىلى چوڭقۇر تارىخىي ئەھمىيەتلىك تالاس ئۇرۇشى پارتلاپ، تاڭ ئىمپېرىيىسى قوشۇنى ئېچىنىشلىق مەغلۇپ بولدى. ئارقىدىنلا تاڭ ئىمپېرىيىسىنىڭ ئىچكى قىسمىدا سەككىز يىل داۋاملاشقان "ئەنلۇك - سۆيگىن توپىلىڭى" يۈز بەردى. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تاڭ قوشۇنى توپىلاڭنى تىنچىتىشقا يۆتكەپ كېتىلگەنلىكتىن تاڭ خاندانلىقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيانى تالىشىشقا زامانى قالمىدى، تۈبۈتلەر پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ شەرقىي رايونلىرىنى بېسىۋالدى. ئەرەب ئىمپېرىيىسى ئوتتۇرا ئاسىيادا ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەپ، پارس سانغۇنى ئەبۇ

مۇسلىم ئارقىلىق ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ كۆپ قىسىم رايونلىرىدا ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى ساقلاپ قالدى.

ئەبۇ مۇسلىمنىڭ پېرسىيىنىڭ شەرقى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھۆكۈمرانلىقى مۇستەقىل پادىشاھلىققا ئوخشاپ قالغاچقا، خەلىپە ئىچى تارلىق قىلىپ گۇمانى قوزغۇلۇپ، 754-يىلى ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. ئەمما بۇ پېرسىيە ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا كۈنسېرى ئۈلغىيىۋاتقان يەرلىك كۈچلەرنىڭ تەسىرىنى پەسەيتمەكتە يوق، ئەكسىچە شۇ جايدىكى ئاھالىنىڭ ئابباسىيلار خاندانلىقىغا بولغان قارشىلىقىنى كۈچەيتىۋەتتى. ئەبۇ مۇسلىم ئۆلتۈرۈلگەن يىلى خۇراساندا ئۇنىڭ قوللىغۇچىلىرى قوزغىلاڭ كۆتۈردى، گەرچە بۇ قوزغىلاڭ باستۇرۇۋېتىلگەن بولسىمۇ، شۇنىڭدىن كېيىن قوزغىلاڭلار بىرىنىڭ ئارقىسىدىن بىرى كۆتۈرۈلۈپ تۇردى. بۇلارنىڭ ئارىسىدا ئەڭ مەشھۇر بولغىنى 766 - يىلى پارتلىغان ئەل مۇقەننا (Al.Muqanna) ⑦ رەھبەرلىكىدىكى قوزغىلاڭ بولدى. بۇ قېتىمقى قوزغىلاڭ خۇددى شىددەتلىك يانغىندەك لاۋۇلداپ ئوتتۇرا ئاسىياغا تېزلىك بىلەن كېڭەيدى ھەم شىمالدىكى تۈركلەرنىڭ ياردىمىگە ئېگە بولۇپ ھەيۋىتى ناھايىتى زور بولدى. تاكى 80 - يىللارنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندىلا ئاندىن باستۇرۇۋېتىلدى.

شۇنىڭدىن كېيىن، خۇراساننىڭ ئالىي ھوقۇقى ئۆزئۆزىن مۇددەتكىچە پېرسىيە كاتتىلىرىدىن بەرمەكىيلەر جەمەتىنىڭ قولىغا ئۆتتى. بۇ ئۇرۇقتىكىلەر كۆپ قېتىم خۇراساننىڭ باش نايىبلىقىنى ئۆتەپ، شۇ جاينىڭ ۋەزىيىتىنى كونترول قىلىپ كەلگەنىدى، ئۇلار IX ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندىلا ئاندىن يوقىتىلدى. ئەمما ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ماۋارائۇننەھر رايونىدا 806 - يىلى رافى ئىبىن لەيس (Rafi ibn Layth) باشچىلىقىدا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلدى، رافى شۇ جايدىكى ئاھالىلەرنىڭ ئەرەب ھۆكۈمرانلىقىغا بولغان

نارازىلىقىدىن پايدىلىنىپ، قوزغىلاڭ كۆتۈرگەنىدى. ئۇ تۈركلەرنىڭ ياردىمىدە لەشكەر باشلاپ سەمەرقەندتىكى ئەرەب ھۆكۈمرانلىرىنى ئۆلتۈرۈپ، بۇ رايونلارنى تىزگىنلىدى. تاشكەنت، نەسەب، پەرغانە، خوجەند، سۇترىشانا، بۇخارا، خارەزىم، قۇت قاتارلىق جايلاردىكى ئاھالىلەرمۇ ئارقا - ئارقىدىن ئاۋاز قوشتى. ھەتتا توققۇز ئوغۇزلار، قارلۇقلار، تۈبۈتلەرمۇ ياردەمگە لەشكەر ئەۋەتىپ ئەرەبلەرگە قارشى كۈچلۈك ئىتتىپاق بولۇپ شەكىللەندى. رافى بۇخارانى ئىگىلىگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ تەسىر دائىرىسى پۈتكۈل ماۋارائۇننەھر رايونىنى قاپلىدى. كېيىن گەرچە باستۇرۇلغان ۋە يېڭىلگەن بولسىمۇ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قوزغىلاڭ يالقۇنىنى ئۆچۈرۈۋەتكىلى بولمىدى.

809 - يىلى ئابباسىيلار خاندانلىقىنىڭ خەلىپىسى ھارۇن رەشىد ئۆلدى. ئۇنىڭ ئوغلى ئەمىن خەلىپىلىككە ئولتۇردى. يەنە بىر ئوغلى مەئمۇن خۇراساندىكى ھەرقايسى ئۆلكىلەرنى باشقۇردى. مەئمۇن پارس دېدىكىدىن تۇغۇلغان بولۇپ خۇراساندا كىشىلەرنىڭ كەڭ مىقياستا قوللىشىغا ئېرىشتى. ئۇ قوشۇن تەشكىللەپ، ئۆز كۈچىنى تولۇقلاپ، 813 - يىلى ئەمىننىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىدى ۋە خەلىپىلىككە ئولتۇردى. تەختكە چىققاندىن كېيىن رافى قوزغىلىڭى گەرچە بېسىقتۇرۇلغان بولسىمۇ، ئەمما ھەرقايسى جايلارنىڭ قارشىلىقى يەنىلا بىردەم كۈچىيىپ، بىردەم پەسىيىپ تۇردى. مەئمۇننىڭ بۇ خىل ۋەزىيەتنى كونترول قىلىشقا قۇربى يەتمىگەچكە، 821 - يىلى خۇراسان ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەرقايسى جايلارنى قول ئاستىدىكى داڭلىق پارس سانغۇنى تاھىرنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ، تاھىر ئارقىلىق ئۆزىنىڭ يىراقتىكى جايلارغا بولغان ھۆكۈمرانلىقىنى ساقلاپ قالماقچى بولدى. ئەمما، خۇراساننىڭ ئەمەلىي ھۆكۈمرانلىقىنى تۇتۇپ تۇرغان تاھىر

ئىككىنچى يىلى ئابباسىيلار خاندانلىقىدىن ئايرىلىپ چىققانلىقىنى جاكارلاپ، پارسلارنىڭ مۇستەقىل باشقۇرۇشىدىكى ئىسلام خاندانلىقىنى تىكلىدى، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىنى تەڭلا بۇ يېڭى ھاكىمىيەتنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا ئۆتتى. تاھىرىيلار خاندانلىقىنىڭ تىكلىنىشى ئەرەبلەرنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھۆكۈمرانلىقىغا خاتىمە بېرىلگەنلىكى، يېڭى ئىسلام خاندانلىقىنىڭ باشلانغانلىقىنى نامايان قىلدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىدا يېڭى بىر سەھىپە ئېچىلدى.

ئابباسىيلار خاندانلىقى دەۋرى ئەرەبلەرنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھۆكۈمرانلىقىنىڭ قەددەممۇ قەدەم ئاجىزلىشىش ۋە ئاخىر بېرىپ يوقۇلۇش دەۋرى بولدى. ئەمما يەنە ئىسلام دىنىنىڭ بۇ رايونلارغا يەنىمۇ كەڭرى تارقالغان ۋە تەرەققىي قىلغان دەۋرى بولدى. بۇ تارىخىي دەۋردە ئىسلام دىنى ئوتتۇرا ئاسىيا جەمئىيىتىنىڭ ھەرقايسى قاتلاملىرى تەرىپىدىن قوبۇل قىلىندى. سىرتتىن كىرگەن كۈچلۈك بويسۇندۇرۇش تۈسىنى ئالغان بۇ دىن تەدرىجىي ھالدا ئوتتۇرا ئاسىيا ئاھالىلىرىنىڭ ئۆز ئېتىقادىغا ئايلاندى. كېيىنچە ئوتتۇرا ئاسىيا يەرلىك خاندانلىقلىرىنىڭ تىكلىنىشى خەلىپە بىلەن بولغان دىنىي مۇناسىۋەتنى ئۈزۈۋېتەلمىدى، شۇنداقلا ئىسلام دىنىنىڭ مەنىۋى جەھەتتىكى يۈكسەك ھۆكۈمرانلىق ئورنىنىمۇ ئاجىزلاشتۇرالمىدى، ئەكسىچە بۇ يەرلىك سۇلالىلارنىڭ كېڭەيمىچىلىكىگە ئەگىشىپ ئىسلام دىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا سىرتقا قاراپ كېڭەيدى. دەل مۇشۇنداق ۋەزىيەتتە ئىسلام دىنى پامىرنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى رايونلارغا تارقالدى.

## 2. قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرىدىكى ئىسلام دىنىنىڭ تەرەققىياتى

744 - يىلى ئۇيغۇرلارنىڭ سەردارى كۆلبىلگە ئۆزىنى "قۇتلۇق بىلگە قاغان" دەپ ئاتاپ، قۇدرەتلىك ئۇيغۇر خانلىقىنى قۇردى ۋە ئورخۇن دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىدىكى ئۆتۈكەن تېغىدا بارگاھ قۇرۇپ، ھەرقايسى كۆچمەن چارۋىچى قوۋملەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلدى. 755 - يىلى تاڭ خاندانلىقىدا ئۆڭلۈك - سۆيگىن توپىلىڭى بولغاندا ئۇيغۇرلار تاڭ خاندانلىقىنىڭ توپىلاڭنى بېسىقتۇرۇشىغا ئىككى قېتىم ياردەم بېرىپ، تېخىمۇ قۇدرەت تېپىپ بىر مەھەل شەرقىي ئاسىيا ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ۋەزىيىتىنى تىزگىنلىدى. IX ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرى ئۇيغۇر خان جەمەتى ئىچىدە ئىچكى نىزا ئەۋج ئېلىپ، قاغان كۆپ قېتىم ئالمىشىپ ۋەزىيەت مۇقىم بولمىدى؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە "يىلمۇ يىل ئاچارچىلىق بولغانلىقى ئۈستىگە ئېغىر قار ئاپىتى بولغاچقا، ئۆلگەن مال-چارۋىلار يەر يۈزىنى قاپلىدى"⑧. مۇشۇنداق ۋەزىيەتتە، 840- يىلى ئۇيغۇر سەركەردىسى كۈلۈگباغا قىرغىزلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، 100 مىڭ ئاتلىق لەشكەر بىلەن ئوردىغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلدى. قاغان ئۆلتۈرۈلۈپ، قەبىلىلەر تارقىلىپ كەتتى. ئۇلاردىن ئاساسىي بىر بۆلۈك ئۇيغۇرلار خان جەمەتىدىن بولغان پانتېكىن ۋە ساغىنچىنىڭ باشلامچىلىقىدا غەربتىكى قارلۇقلار زېمىنىغا كۆچۈپ كەتتى.

قارلۇقلار ئەسلي ئۇيغۇرلارغا قاراشلىق 11 قەبىلىنىڭ بىرسى ئىدى. "جىدې يىللىرى (756-757) دىن كېيىن قارلۇقلار بارغانسېرى قۇدرەت تېپىپ، ئۇيغۇرلار بىلەن ئۈستۈنلۈك تالاشتى

ۋە ئون ئوقلار زېمىنىغا ھۇجۇم قىلىپ سۇياپ، تالاس قاتارلىق شەھەرلەرنى قولغا كىرگۈزۈۋالدى⑨"، ئاخىر 789 - يىلى ئۇيغۇرلاردىن بۆلۈنۈپ چىقىپ مۇستەقىل بولدى.

پسانتېكىن ئۇيغۇرلارنىڭ 15 قەبىلىسىنى باشلاپ قارلۇقلار دائىرىسىگە كىرگەندىن كېيىنكى ئەھۋاللار ھەققىدە جۇڭگو ۋە چەت ئەل مەنبەلىرىدە بىۋاستە خاتىرىلەر يوق. ئەمما بەزىبىر ۋاسىتىلىك ماتېرىياللارغا ئاساسلىنىپ قىياس قىلىشىمىزچە، پانتېكىن يەتتىسۇ رايونىغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن قارلۇق يابغۇسى بىلەن ئۇرۇش قىلغان، سامانىيلار جەمەتى (ئەينى ۋاقىتتا ئۇ تېخى خەلىپىلىك تۇزۇمىدىن رەسمىي ئايرىلىپ چىقمىغانىدى) دىن بولغان نوھ ئىبىن ئاساد پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ سىر دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى مۇھىم شەھەر ئىسفىجاب (ئاقسۇ شەھىرى) نى قولغا كىرگۈزۈۋالغان. ئاخىر پانتېكىن قارلۇقلارنى باش ئەگدۈرۈپ، شۇ جايدا ئۇيغۇرلارنىڭ يېڭى سۇلالىسىنى قۇردى، تارىختا بۇ ھاكىمىيەت "قاراخانىيلار خاندانلىقى" دەپ ئاتالدى.

مۇسۇلمان ئاپتور جامال قارشىنىڭ XIV ئەسىرنىڭ باشلىرىدا يازغان «‹سۇراھ لۇغىتى› گە تولۇقلىما» ناملىق ئەسىرىدە XI ئەسىردىكى مۇئەللىپ ئابدۇغاپپارنىڭ «قەشقەر تارىخى» ناملىق ئەسىرىدىكى بەزى بۆلەكلەر ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، بۆلەكلەردىن بىلىشىمىزچە قاراخانىيلار خاندانلىقىنىڭ قۇرغۇچىسى بىلگە كۆل قادىرخان ئىكەن. خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللاردا پانتېكىن "ئۆزىنى خان دەپ ئاتىدى"⑩ دېگەن يازما خاتىرىلەر بولۇپ، ئۇنى يۇقىرىدا بايان قىلىنغان مۇسۇلمانلارنىڭ تارىخىي ماتېرىياللىرى ئارقىلىق دەلىللەشكە بولىدۇ. "بىلگە كۆل قادىرخان" دېگىنى پانتېكىننىڭ تەختكە ئولتۇرغاندىن كېيىنكى ھۆرمەت نامى بولۇشى مۇمكىن. بىلگە كۆل قادىرخان بالاساغۇننىڭ يېنىدىكى قۇزئوردىدا

بارگاھ تىكتى. خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللارغا ئاساسلىنىپ شۇنى قىياس قىلىشقا بولىدۇكى، پانتېكىن يەتتىسۇ رايونىدا خان بولغاندىن كېيىن شەرققە ۋە جەنۇبقا يۈرۈش قىلىپ ئىلگىرى-كېيىن ئىلى دەرياسى ۋادىسى بىلەن قەشقەر رايونىنى يەنى، تاڭ خاندانلىقى باشقۇرۇشىدىكى بېشبالىق ۋە كۇچانىڭ بىرقىسىم رايونلىرىنى ئىگىلىۋالغان.

مۇسۇلمان مەنبەلىرىگە ئاساسلانغاندا، بىلگە كۆل قادىرخان قازا قىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ 2 ـ ئوغلى تەختكە ۋارىسلىق قىلغان. چوڭ ئوغلى بازىر چوڭ خان بولۇپ بالاساغۇننى ئىدارە قىلغان؛ 2 ـ ئوغلى ئوغۇلچاق قادىرخان بولۇپ، تالاسنى ئىدارە قىلغان. ئۇلارنىڭ نەسەبنامىسى توغرىسىدا قولىمىزدا ھېچقانداق ماتېرىيال يوق. «قەشقەر تارىخى» دىن ساقلىنىپ قالغان بەزىبىر ئابزاسلارغا ئاساسلىنىپ ئوغۇلچاقنىڭ سامانىيلار پادىشاھى ئىسمايىل ئىبنى مەھمۇد بىلەن زامانداش ئىكەنلىكىنى، ئۇلار ئوتتۇرىسىدا كەسكىن كۈرەشلەر بولۇپ ئۆتكەنلىكىنى بىلەلەيمىز. تالاس ئۇزۇن مۇددەت قورشاۋدا قالغاندىن كېيىن، ھىجرىيە 280-يىلى مۇھەررەم ئېيىدا (893 ـ يىلى 3 ـ 4 ـ ئايلاردا) ئىسمايىل تەرىپىدىن ئىشغال قىلىندى. ئوغۇلچاقنىڭ 10 مىڭ لەشكىرى ئۆلتۈرۈلۈپ، خوتۇنى بىلەن 15 مىڭ ئادىمى ئەسىرگە چۈشتى. ئىسمايىل بۇيرۇق چۈشۈرۈپ بۇ جايدىكى خرىستىيان چېركاۋلىرىنى مەسچىتكە ئۆزگەرتتى.

ئوغۇلچاق پايتەختنى قەشقەرگە يۆتكەپ، سامانىيلار خاندانلىقى بىلەن داۋاملىق ئۇرۇشتى. ئۇ سامانىيلار خاندانلىقىنىڭ ئىچكى زىددىيىتىدىن پايدىلىنىپ سامانىيلار خاندانلىقىنىڭ ماۋارائۇننەھر رايونىدىن قېچىپ چىققان بىر شاھزادىسىنى ئۆز ھىمايىسىگە ئالدى ۋە ئۇنى قەشقەرنىڭ شىمالىدىكى ئاتۇشتا تۇرغۇزدى. تەخمىنەن شۇ

مەزگىللەردە ( IX ئەسىرنىڭ ئاخىرى ياكى X ئەسىرنىڭ باشلىرى ) قاراخانىيلار خاندانلىقىنىڭ خان جەمەتىدىكى بەزى كىشىلەر دەسلەپكى قەدەمدە ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلدى.

ئىسلام دىنىنىڭ قاراخانىيلار خاندانلىقى دائىرىسىگە تارقىلىشىغا دائىر بىرنەچچە خىل قاراش بار. بىراق بۇلارنىڭ ھەممىسىلا رىۋايەت. ئىبنۇل ئەسىرنىڭ «تارىخى كامىل» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق بىر ھېكايە بار: قاراخان ساتۇق بىر كۈنى چۈشىدە بىر ئادەمنىڭ ئاسماندىن چۈشكەنلىكىنى ۋە: ”ئۆزۈڭنىڭ بۇگۈنى ۋە كېلەچىكىنى قۇتقۇزاي دېسەڭ ئىسلام دىنىغا كىر!“ دېگەنلىكىنى ئاڭلاپتۇ. جامال قارشىنىڭ «‹سۇراھ لۇغىتى›گە تولۇقلىما» ناملىق ئەسىرىدە ئەڭ قەدىمىي بىر رىۋايەت بار: قاراخانىيلار خاندانلىقىدا تۇنجى بولۇپ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغىنى ساتۇق بۇغراخان (ئابدۇلكەرىم) . ۋ. ۋ. بارتولدنىڭ قارىشىچە، بۇ ئىككى رىۋايەتتە ئېيتىلغىنى ئەمەلىيەتتە بىر ئادەم⑪. ئۇ . پرىتساكنىڭ ئېيتىشىچە، ساتۇق ئوغۇلچاقنىڭ جىيەنى بازىرنىڭ ئىككىنچى ئوغلى. ئۇ سامانىيلار شاھزادىسىنىڭ تەسىرىدە ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان، ياكى سوپىزم پېشىۋاسى ئەبۇل ھەسەن مۇھەممەد كارامەتنىڭ تەسىرى بىلەن دىنغا كىرگەن⑫ .

ساتۇق ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن دىنىي نامىنى ئابدۇلكەرىمگە ئۆزگەرتتى. ئۇ سامانىيلار خاندانلىقىنىڭ قوللىشى بىلەن ئوغۇلچاقنى يېڭىپ قەشقەرنى ئىگىلەپ، ئۆزىنى بۇغراخان دەپ جاكارلىدى. كېيىن ئۇ يەنە سامانىيلار خاندانلىقىدىن تالاسنى تارتىۋالدى ھەمدە ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلمىغان بالاساغۇن خانى بىلەن ئۇرۇش قىلدى. ئىسلام تارىخىي خاتىرىلىرىگە ئاساسلانغاندا، بالاساغۇن خانى جۇڭگونىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكىدىكى خاندانلىقلىرىدىن ياردەم تەلەپ قىلغاندا ئىچكى ئۇرۇش بىلەن بەنت

بولۇپ كەتكەن بەش دەۋر ھاكىمىيىتىدىن جىن سۇلالىسى لەشكىرىي ياردەم بەرمىگەن. ئەمما ساتوق بوغراخان مۇسۇلمانلار پىدائىيلار قوشۇنىنىڭ ياردىمىگە ئىگە بولۇپ، ھىجرىيە 330 - يىل (942 —943-يىللىرى) كەسكىن ئېلىشىش ئارقىلىق بالاساغۇننى ئىگىلىدى. ساتوق بوغراخان ھىجرىيە 344 - يىلى (955—956-يىللىرى) ۋاپات بولغان بولۇپ، ئاتۇشقا دەپنە قىلىنىدى. ساتوق ۋاپات بولغاندىن كېيىن چوڭ ئوغلى بايتاش تەختكە ۋارىسلىق قىلىپ، مۇسا ئىبنى ئابدۇلكەرىم دەپ ئاتالدى.

مۇسا تەختكە ۋارىسلىق قىلغاندىن كېيىن ئۆزىنى ئارسلانخان دەپ ئاتاپ قەشقەردە تۇردى. ساتۇقنىڭ ئىككىنچى ئوغلى مۇسانىڭ ئىنىسى سۇلايمان بالاساغۇننى ئىدارە قىلدى. ئارسلانخان مۇسا سوپىلارنىڭ ياردىمىدە خاندانلىقنى ئىسلاملاشتۇردى. ئىبنۇل ئەسىرنىڭ خاتىرىسىگە ئاساسلانغاندا، 960 - يىلى 200 مىڭ ئۆيلۈك تۈركىي خەلق ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان. شۇڭا نۇرغۇن تارىخشۇناسلار، دەل شۇ يىللىرى مۇسا ئىسلام دىنىنىڭ دۆلەت دىنى ئىكەنلىكىنى جاكارلىغان دەپ قارايدۇ. شۇندىن ئېتىبارەن ئىنسانىيەت تارىخىدا تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ تۇنجى ئىسلام خاندانلىقى تارىخى باشلاندى.

مۇسا ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە، بۇددا دىنىنىڭ مەركىزى بولغان خوتەنگە ”غازات“ قوزغىدى. بۇ ۋاقىتتا خوتەن رايونىغا لى جەمەتى خاندانلىقى ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتاتتى. خەنزۇچە مەنبەلەردە خاتىرىلىنىشىچە، 971 - يىلى ”بۇ دۆلەتنىڭ راھىبى جىشياڭ دۆلىتى پادىشاھىنىڭ بىر پارچە خېتىنى ئېلىپ كېلىپ، ئۆزلىرىنىڭ سۇلۇغ دۆلىتىنى يېڭىپ بىر ئۇسسۇلچى پىلنى ئولجا ئالغانلىقى، بۇ پىلنى پادىشاھقا تەقدىم قىلىش ئارزۇسىنىڭ بارلىقىنى ئىزھار قىلدى“⑬. بۇنىڭدىن قارىغاندا، ئۇرۇشنىڭ

دەسلىپىدە ئۈستۈنلۈك خوتەن تەرەپتە بولغان بولۇشى مۇمكىن. ئەمما ”سۇلۇغ دۆلىتىنى يەڭگەن“لىكى ئىشەنچلىك ئەمەس، چۈنكى بۇ ئىشنىڭ ئىسلام مەنبەلىرىدە زادىلا تىلغا ئېلىنماسلىقى مۇمكىن ئەمەس. شۇنى بىلىشىمىز كېرەككى، بۇ مەزگىلدە قاراخانىيلار خاندانلىقى ئاللىقاچان ئىسلام دۆلىتى بولۇپ شەكىللەنگەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە خوتەن بىلەن بولغان ”غازات“قا ئىماملار ۋە پىدائىيلار قاتناشقانىدى ⑭. بۇ ئۇرۇش 20 نەچچە يىل داۋاملاشقان بولۇپ، مۇساننىڭ ئوغلى ئەبۇلھەسەن ئەلى ھۆكۈمرانلىق دەۋرىدىمۇ توختىمىدى. «قازاق س س ر تارىخى» ئاپتورىنىڭ ئېيتىشىچە، 992 - يىلى ئەلىنىڭ بىر نەۋرە ئىنىسى يۇسۇپ (كېيىنچە قادىرخان دەپ ئاتالغان، بالاساغۇن ھۆكۈمرانى سۇلايماننىڭ نەۋرىسى، ھەسەننىڭ ئوغلى) خوتەننى بويسۇندۇرغان⑮. ئەمما بۇ يىلنامىدا بەزى شۈبھىلىك مەسىلىلەر بار، چۈنكى ئۇدۇن مەكتۇپىدا 993- يىلى ”گەنجۇ قاغانىنىڭ ئۇدۇن پادىشاھىغا يازغان مەكتۇپى“ دېگەن قۇرلار بار. ئەلى 998- يىلى ئۆلگەن، شۇڭا پىرىتساك ئۇنى خوتەن بىلەن بولغان غازاتتا شېھىت بولغان، دەپ قارايدۇ. مەيلى قانداقلا بولمىسۇن، قاراخانىيلار خاندانلىقى ئەڭ كېچىككەندىمۇ 1009 - يىلىدىن ئىلگىرى خوتەننى بويسۇندۇرغان. بۇ ھەقتە «سۇڭ تارىخى. ئۇدۇن تەزكىرىسى» دە: ”داجۇڭ شياڭفۇنىڭ 2 - يىلى (1009 - يىلى)، بۇ دۆلەتنىڭ پادىشاھى قاراخان ئۇيغۇر ياغلاقار سانغۇن قاتارلىقلارنى سوۋغا - سالام يوللاشقا ئەۋەتتى“ دېگەن ئېنىق دەلىل-ئىسپات بار.

سامانىيلار خاندانلىقى كېيىنكى مەزگىلگە كەلگەندە ئوردىدىكى ئىچكى ماجىرا، يەرلىك فېئودال كۈچلەر ۋە مەمۇرىي ئەمەلدارلارنىڭ توپىلىڭى تۈپەيلىدىن ھالىدىن كەتتى. ئاشۇ توپىلاڭلارنى بېسىقتۇرۇش سەۋەبىدىن خاندانلىقتا مالىيە

قــىــىنچىلىقى ئېغىرلاپ كەتكەچكە توخۇنى ئۆلتۈرۈپ تۇخۇمىنى ئېلىش ئۇسۇلى قوللىنىلىپ باج - سېلىقنى ئېغىرلىتىۋەتكەچكە، خـەلـق ئـامـمىسىنىڭ كۈچلۈك نارازىلىقىنى قوزغىدى. ھەسەن بۇغراخان (ھارۇن) بۇخىل پايدىلىق ۋەزىيەتتىن پايدىلىنىپ 990- يىلى ئەسكەر چىقىرىپ ئىسفىجاب شەھىرىنى بېسىۋالدى. بۇ شەھەر 150 يىل ئىلگىرى سامانىيلار خاندانلىقى تەرىپىدىن ئىگىلىۋېلىنغان بولۇپ، قاراخانىيلار خاندانلىقى ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلغاندا ھېچقانداق قـارشـىـلىققا ئۇچرىمىدى. قوشۇن شەھەرگە يېقىنلاشقاندا، شۇ جايدىكى ئاقسۆڭەكلەر بۇغراخاننىڭ كېلىشىنى قارشى ئېلىپ ئالدىغا چىقتى.

ئىككى يىل ئۆتكەندىن كېيىن، يەنى 992 - يىلى بۇغراخان يەنە ماۋارائۇننەھرگە قاراپ لەشكىرىي يۈرۈش قىلدى. سامانىيلار پادىشاھى نۇھ II (977 - 997) پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئەسكىرىي كۈچلەرنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈپ قارشىلىق بىلدۈرمەكچى بولغان بـولـسـىـمـۇ، ئارزۇسىغا يېتەلمىدى. چۈنكى "غازات" شوئارى ئاستىدا، خەلقنى ئىسلام دىنىغا ئىشىنىدىغان قاراخان ئارمىيىسىگە قـارشـى ئـاتـلانـدۇرۇش مـۇمـكـىـن ئـەمەس ئىدى. سامانىيلار سانغۇنلىرىمۇ نۇھ II نى قوللىمىدى. خۇراساننىڭ باش نايىبى ئەبۇ ئـەلـى شـىـمۇل ھەسەن بۇغراخان بىلەن ماۋارائۇننەھر رايونىنى بۇغراخانغا، ئامۇ دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى جايلارنى ئەبۇ ئەلىگە تەۋە قـىـلـىـش تـوغـرىسىدا مەخپىي كېلىشىم تۈزدى. كۆپ ساندىكى دېـھـقـانلار يەنى ئۇرۇق ئاقسۆڭەكلىرى ئارىسىدىكى زېمىندارلار سامانىيلار خاندانلىقىغا نارازى ئىدى، دىنىي ساھەدىكىلەرمۇ نۇھ II گـە نىسبەتەن قوللىماسلىق پوزىتسىيىسىدە ئىدى. مۇسۇلمان مۇئەللىپ تائالىبى بۇ ھەقتە بىزنى مۇنداق ماتېرىيال بىلەن تەمىن ئېتىدۇ: بۇغراخاننىڭ ماۋارائۇننەھرگە لەشكىرىي يۈرۈش قىلىشى

ماۋارائۇننەھردىن بالاساغۇنغا قېچىپ بارغان خەلىپە ئەۋلادلىرىدىن بىرەيلەننىڭ نەسەبەتىدىن بولغان، بۇ كىشىنىڭ ئىسمى بەسرى بولۇپ، تائالىبىنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ سامانىيلار خاندانلىقىنىڭ كۆمران بولۇشىنىڭ باش سەۋەبچىسى ئىكەن. دەل مۇشۇنداق ئەھۋالدا بۇغراخان لەشكەرلىرى ھېچبىر توسالغۇسىزلا شەھەرگە بېسىپ كىردى. سامانىيلار خاندانلىقىنىڭ بۇغراخان قوشۇنغا قارشى قوشۇن تارتىپ چىققان ئوردا ياساۋۇلى ئاياچ مەغلۇپ بولۇپ ئەسىرگە چۈشتى. نۇھ Ⅱ ئىلاجىسىز ئۆزىنىڭ سىياسىي دۈشمىنى فايىقنىڭ گۇناھىنى كەچۈرۈم قىلدى ۋە ئۇنىڭغا ئالىي مەرتىۋە بېرىپ، بۇغراخان قوشۇنغا قارشىلىق كۆرسىتىش ئۈچۈن سەمەرقەندگە ئەۋەتتى. ئەمما فايىق سەمەرقەندگە بېرىپلا يۈز ئۆرۈدى. نۇھ Ⅱ بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن بۇخاراغا قېچىپ بېرىۋالدى. 992 - يىلى ھەسەن بۇغراخان فايىقنىڭ قارشى ئېلىشى بىلەن بۇخارادىكى داڭلىق جۇيى مۇليان ئوردىسىغا كىرىپ ئورۇنلاشتى. بۇغراخان فايىقنى تېرمىزنىڭ باش نايىبلىقىغا تەيىنلىدى. بۇ مەزگىلگە كەلگەندە بۇغراخان خوراسان باش نايىبى ئەبۇ ئەلى بىلەن پۈتۈشكەن سامانىيلار خاندانلىقىنىڭ تەۋەلىكىنى بۆلۈشۈۋېلىش توغرىسىدىكى مەخپىي كېلىشىمنى ئىجرا قىلىشنى خالىمىدى. ئۇ سامانىيلار خاندانلىقىنىڭ پۈتكۈل زېمىنىغا ئىگىدارچىلىق قىلىش نىيىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئۆزىنىڭ ئوردا ياساۋۇللىرىغا تۇتقان پوزىتسىيىسى بىلەن ئەبۇ ئەلىگە خەت يازدى، ئاخىر ئىككى تەرەپنىڭ مۇناسىۋىتى يىرىكلەشتى ۋە ئەبۇ ئەلى نۇھ Ⅱ تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتى. ئەبۇ ئەلى ئۆزىگە "توغرا دىندىكى ھۆكۈمرانىنىڭ يېقىن ۋەزىرى" دەپ "لەقەب" بېرىشنى تەلەپ قىلدى. ئۇنىڭدىن ئىلگىرى پەقەت سامانىيلار پادشاھىغىلا بۇ نام بېرىلگەنىدى. ئەينى شارائىتتا، ئەبۇ ئەلىنىڭ لەشكەر تارتىشىنى

قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن نۇھ II ئۇنىڭ تەلىپىگە ئامالسىز قوشۇلدى، ئەمما ئەبۇ ئەلىنىڭ قوشۇنى يېتىپ كېلىش ئالدىدا، ۋەزىيەت سامانىيلار خاندانلىقىغا پايدىلىق تەرەپكە ئۆزگەردى. شۇنىڭ بىلەن نۇھ II بۇخاراغا قايتىپ كەلدى.

ئىسلام مەنبەلىرىگە ئاساسلانغاندا بۇخارانىڭ يەل - يېمىش ۋە كىلىماتى ھەسەن بۇغراخاننىڭ بوۋاسىرىنى قوزغاپ قويغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ بۇخارادىن ۋاز كېچىپ سەمەرقەندكە قايتىپ كېلىشكە مەجبۇر بولغان. ئۇ بۇخارادا نۇھ I نىڭ ئوغلى ئابدۇل ئەزىزنى قالدۇرۇپ قورچاق پادىشاھلىققا تەيىنلىدى ۋە قانۇن بويىچە خانلىق تەختىنى ئۇنىڭغا ئۆتكۈزۈپ بېرىشى كېرەك دەپ جاكارلىدى. ئەسلىدە نۇھ I (943 - 954) نىڭ "بەش ئوغلۇم رېتى بويىچە خانلىققا ۋارىسلىق قىلىدۇ" دېگەن ۋەسىيىتى بولۇپ، نۆۋەت ئىككىنچى ئوغلى سۇلايمانغا كەلگەندە خانلىقنى ئىنىسىگە ئۆتكۈزۈپ بەرمەي ئەكسىچە ئۆزىنىڭ ئوغلى نۇھ II گە ئۆتكۈزۈپ بەرگەنىدى. بۇغراخاننىڭ بۇنداق قىلىشتىكى مەقسىتى، سامانىيلار خانلىق جەمەتىنى ئىچكى ئۇرۇش، قىرغىنچىلىققا سېلىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى.

بۇ مەزگىلدە سىر دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمى رايونلىرىدا ئولتۇراقلاشقان تۈركمەنلەرمۇ[16] قاراخانىيلار خاندانلىقىنىڭ قوشۇنىغا ھۇجۇم قوزغىغاچقا ھەسەن بۇغراخان چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى، ۋە سەمەرقەندتىن بالاساغۇنغا قايتىش يولىدا ۋاپات بولدى. تارىخىي خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، ئۇ قوچقار باشى دېگەن جايدا ۋاپات بولغان. ھەسەن بۇغراخان تۇنجى بولۇپ ئىسلامىي ئاتاققا ئىگە بولغان قاراخان بولۇپ، ئۇنىڭ "لەقەبى" "شىھا بۇددەۋلە ۋە ناھىرۇد داۋا" يەنى "دۆلەتنىڭ نۇرى ۋە ئېتىقادنىڭ تۈۋ-رۈكى" دېگەن مەنىدە ئىدى. ئەمما بىرۇنىينىڭ ئېيتىشىچە، بۇ نام

- ئاتاق خەلىپىلىكتىن بېرىلگەن بولماي، ئۆزى قويۇۋالغان نام ئىكەن. بۇ مەزگىلدە قاراخانىيلار خاندانلىقىدىكى ئىسلام دىنى بىلەن باغداد خەلىپىلىكى ۋەكىللىكىدىكى ھەقىقىي مەنىدىكى ئىسلام دىنى ئوتتۇرىسىدا رەسمىي مۇناسىۋەت يوق ئىدى. ھىجرىيە 382 - يىلى (992 ـ 993) ھەسەننىڭ ئىراقتا قۇيدۇرغان پۇللىرى بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلايدۇ. بۇخىل پۇل قاراخانىيلار خاندانلىقىنىڭ ھازىرغا قەدەر تېپىلغان پۇللىرى ئىچىدە ئەڭ قەدىمكىسى ھېسابلىنىدۇ.

پۇلشۇناسلىق ماتېرىياللىرى ۋە ئىسلام مەنبەلىرىگە ئاساسلانغاندا، ئەلى ئىبنى مۇساخان ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئوغلى ئەھمەد قاراخانىيلار خاندانلىقىنىڭ سەردارى بولغان ۋە ئۆزىنى ”توغانخان“ دەپ ئاتاپ، قەشقەرنى ئىدارە قىلغان. ئۇنىڭ ئىنىسى ناسىر ئۆزىنى ”ئارسلان ئىلىك“ دەپ ئاتاپ (ئىسلام تارىخشۇناسى ئۇتبى ئۇنى ”ئىلىكخان“ دەپ ئاتىغان. پرىتساكنىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا، بۇ تارىخشۇناس خاتا ھالدا ئارسلان ئىلىك ناسىر ئىبنى ئەلى بىلەن توغانخان ئەھمەد ئىبنى ئەلىنى بىر ئادەم دەپ ئارىلاشتۇرۇپ قويۇپ، ئۇلار ئىككىسىنىڭ نامىنىمۇ بىرلەشتۇرۇۋەتكەن) ئۆزكەنتتە تۇرغان. ئىلىك ناسىر بۇغراخاندىن كېيىن داۋاملىق ھالدا ماۋارائۇننەھر رايونىنى بويسۇندۇرۇش سىياسىتىنى قوللانغان.

سامانىيلار پادىشاھى نۇھ II بۇخاراغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، بىرىنچى بولۇپ ئۆكسى ئەزىزنى قەتل قىلىپ ئۆزىنىڭ زەرەپشان دەريا ۋادىسىدىكى ھۆكۇمرانلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈردى. 996 - يىلى قاراخانىيلار خاندانلىقى قاغانى ئىلىك ناسىر سامانىيلار خاندانلىقىغا قارشى يېڭى ھۇجۇمنى باشلىدى. نۇھ II قاراخانىيلار خاندانلىقىنىڭ ھۇجۇمىغا تاقابىل تۇرالماي، ئۆزىنىڭ بېقىندىسى

بەلخىنىڭ نايىبى سەبۈك تېكىندىن ياردەم سورىدى. سەبۈك تېكىن زور قوشۇننى باشلاپ ماۋارائۇننەھر رايونىغا كىرىپ كېش بىلەن نىشاپۇرنىڭ ئارىلىقىغا كېلىپ ئورۇنلاشتى ۋە غۇزكەند، چاغىنىيان ۋە قوتتالنىڭ ئەمىرلىرى باشچىلىقىدىكى قوشۇن بىلەن ئۇچراشتى. سەبۈك تېكىنمۇ نۇھ II دىن لەشكىرىنى باشلاپ مۇشۇ جايغا يىغىلىشنى تەلەپ قىلدى. سامانىيلار خاندانلىقىنىڭ ۋەزىرى ئابدۇللا ئىبن ئۇزىر نۇھ II گە دۆلەت باشلىقى بولغان كىشى غايەت زور قوشۇننى باشقۇرۇۋاتقان سەبۈك تېكىن بىلەن كىچىك ئەمىرلەردەك ئۇچراشسا پادىشاھلىق ئورنىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ دەپ نەسىھەت قىلدى. نۇھ II بۇ نەسىھەتنى قوبۇل قىلدى ۋە سەبۈك تېكىننىڭ تەلىپىنى ئورۇنداشتىن ئۆزىنى قاچۇردى. شۇنىڭ بىلەن سەبۈك تېكىن ئۆزىنىڭ ئوغلى مەھمۇد ۋە ئىنىسى بۇغراچۇقنى 20 مىڭ لەشكەرگە باش قىلىپ، بۇخاراغا ئاتلاندۇردى. سامانىيلار خاندانلىقى ۋەزىر ئابدۇللانىڭ مەنسىپىنى ئېلىۋېتىشكە مەجبۇر بولۇپ، ئۇنى يالاپ سەبۈك تېكىنگە ئاپىرىپ بەردى. ئۇنىڭ ئورنىغا سەبۈك تېكىننىڭ يېقىنى ئەبۇ ناسىر ئەھمەد ئىبن مەھمۇد ۋەزىر بولدى. سەبۈك تېكىن بىلەن ئىلىك ناسىر ئوتتۇرىسىدا كېلىشىم ئىمزالىنىپ سامانىيلار خاندانلىقى بىلەن قاراخانىيلار خاندانلىقىنىڭ چېگرىسى كاتىۋان يايلىقى (سەمەرقەندنىڭ شىمالىدا) بولدى. شۇنداق قىلىپ سىر دەريا ۋادىسى پۈتۈنلەي قاراخانىيلار خاندانلىقىغا ئۆتۈپ كەتتى. سامانىيلار خاندانلىقى ئىلىك ناسىرنىڭ ئارزۇسىغا ئاساسەن فايىقنى سەمەرقەندنىڭ باش نايىبلىقىغا تەيىنلىدى.

نۇھ II 997 - يىلى ۋاپات بولۇپ، ئورنىغا ئابدۇلخارىس مەنسۇر ۋارىسلىق قىلدى. تارىخىي مەنبەلەرگە قارىغاندا، ئۇ ئەقىللىق، قاتتىق قول، خانلىق تۈزۈمىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە

كۆچ چىقارغان كىشى بولسىمۇ، سامانىيلار خانلىقىنى تۈپتىن ھالاك بولۇش تەقدىرىدىن قۇتۇلدۇرالمىغان. 998 - يىلى فايىق بىلەن بەگتۇزۇن ئارىسىدا ئۇرۇش بولدى. فايىق يەنە ۋەزىر بارقاش بىلەن پىتنىشالىمىدى، نەتىجىدە ۋەزىر بارقاش مەنسىپىدىن ئېلىپ تاشلاندى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ۋەزىرلەر قايتا - قايتا ئالماشتۇرۇلۇپ، ۋەزىيەت تېخىمۇ داۋالغۇشقا باشلىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي فايىق بىلەن بەگتۇزۇن يەنە تىل بىرىكتۈرۈپ 999 - يىلى 2 - ئاينىڭ 1 - كۈنى پادىشاھ مەنسۇرنى تەختتىن چۈشۈرۈپ، ئەما قىلىپ قويغاندىن كېيىن ئىنىسى ئوبولۋارىس ئابدۇل مالىكنى پادىشاھ دەپ جاكارلىدى.

غەزنەۋىيلەر ھۆكۈمرانى مەھمۇت، پادىشاھ مەنسۇر ئۈچۈن قىساس ئېلىش باھانىسىدا ئۆزىنىڭ باش ھۆكۈمرانى بولغان سامانىيلار خانلىقىغا قوشۇن تارتىپ، سامانىيلارنى بۈگۈنكى ئافغانىستاننىڭ شىمالىدىكى رايونلاردىن چېكىنىشكە مەجبۇر قىلدى. ئارقىدىنلا خۇراسانغا قوشۇن تارتىپ شانلىق غەلىبىلەرگە ئېرىشتى. شۇنىڭ بىلەن سامانىيلار خاندانلىقىنىڭ ئامۇ دەرياسى سىرتىدىكى پۈتكۈل رايونلىرى غەزنەۋىيلەرنىڭ زېمىنى بولۇپ قالدى.

999 - يىلى يازدا، سامانىيلار خانى مالىك II بىلەن فايىق خۇراساندىن بۇخاراغا قېچىپ كەلدى. ئۇزۇن ئۆتمەي قاراخانىيلار خان جەمەتىگە تۇغقان كېلىدىغان فايىق ئۆلدى، شۇنىڭ بىلەن ئېلىك ناسىر سامانىيلار خانلىقىنىڭ ماۋارائۇننەھر رايونىدىكى ھۆكۈمرانلىقىنى تۈپتىن گۇمران قىلىشنى قارار قىلدى. ئەينى دەۋر مۇئەللىپى ھىلال ئەس سابى بۇ ۋەقەنىڭ جەريانىنى ئىخچام قىلىپ مۇنداق خاتىرىلىگەن: ”خاقاننىڭ قوشۇنى يېتىپ كەلگەن چاغدا، مەن بۇخارادا ئىدىم. شۇ چاغدىكى سامانىيلار خانلىقىنىڭ

خاتىپى (دىن تارقاتقۇچىسى) مىھرابقا چىقىپ خەلقنى جەڭگە چاقىردى، شۇنداقلا سامانىيلار نامىدىن: ’بىلىشىڭلار كېرەككى، بىز سىلەرگە شۇقەدەر سىلىق ۋە ياخشى مۇئامىلىدە بولۇپ كەلدۇق. ھازىر ياۋ يەنە سىلەرگە تەھدىت سالماقتا، شۇڭا سىلەر بىزگە ياردەملىشىپ، بىز ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىشىڭلار كېرەك. ئاللاھدىن مەدەت تىلەيلى، ئۇ سىلەرنى ئۆز پاناھىدا ساقلىسۇن، ئاللاھ ئەمەلىي ئىشلىرىمىزغا ياردەم ھەم مەدەت بەرسۇن‘ دەپ خىتاب قىلدى. بۇخارالىقلار ماۋارائۇننەھردىكى (بارلىق) يەرلىك خەلققە ئوخشاش كۆپىنچە يېنىدا قورال ئېلىپ يۈرەتتى. كىشىلەر بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۆزلىرى ”فەقىھ“ (قانۇنشۇناس) دەپ قارىغان ئادەملەرنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئۇرۇش قىلىش ياكى قىلماسلىق توغرىسىدا پەتىۋا سورىدى. بىراق ئۇلار (فەقىھلەر) ئۇلارنىڭ ئۇرۇش قىلىشىنى توسۇپ: ’ئەگەر قاراخانىيلار خانلىقى دىن سەۋەبىدىن (سامانىيلار خانلىقى بىلەن) ئۇرۇش قىلسا، ئۇ چاغدا چوقۇم ئۇلار بىلەن كۈرەش قىلىش كېرەك. ئەگەر بۇ دۇنيادىكى مال - دۇنيانى دەپ ئۇرۇشماقچى بولسا، مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزئارا قىرغىنچىلىق قىلىشىپ، بىر-بىرىنى ئۆلتۈرۈشىگە يول قويماسلىق كېرەك. بۇ كىشىلەرنىڭ (يەنى قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ) تۇرمۇشى ناھايىتى ياخشى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلارنىڭ ئېتىقادىنى ئەيىبلەشكە بولمايدۇ. (شۇڭا) ئەڭ ياخشىسى (ھەرقانداق ئارىلىشىشتىن) يىراق تۇرۇش كېرەك، دېدى. مانا بۇ قاراخانىيلارنىڭ ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىشى ۋە سامانىيلارنىڭ ھالاك بولۇشىنىڭ بىر سەۋەبى“[17]. ئىلىك ناسىر ئۆزىنى سامانىيلار خانلىقىنىڭ دوستى ۋە قوغدىغۇچىسى سۈپىتىدە بۇخاراغا كەلدىم دەپ جاكارلىدى. بۇخارانىڭ ھەربىي ھوقۇقىنى تۇتۇپ تۇرۇۋاتقان بەگتۇرسۇن بىلەن يانار تېكىن ئۆزلۈكىدىن

ئىلىك ناسىرنىڭ بەرگاھىغا كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما نەزەربەنتكە ئېلىندى. 999 - يىلى 10 - ئاينىڭ 23 - كۈنى قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ قوشۇنى ھېچقانداق قارشىلىقسىز بۇخاراغا كىردى. ئىلىك ناسىر سامانىيلار خانلىقىنىڭ غەزىنىسىنى ئۆز ئىلكىگە ئېلىپ، ئاخىرقى پادىشاھ ئابدۇل مالىك ۋە خان جەمەتىدىكى باشقا كىشىلەرنى ئۆزكەنتكە قايتۇرىۋەتتى. ئىلىك ناسىرمۇ بۇخارادا باش نايىبتىن بىرنى قالدۇرۇپ قويۇپ، ئۆزكەنتكە قايتتى.

رۇس شەرقشۇناسى بارتولد بۇ مۇھىم ۋەقەگە قارىتا كىشىنى چوڭقۇر ئويغا سالىدىغان مۇنداق باھانى بەرگەن: "بۇ مەشھۇر خانلىق تولىمۇ بىچارىلەرچە ھالاك بولدى. ئەينى چاغدا ھېچكىمنىڭ يەرلىك ئارىئانلار ھۆكۈمرانلىقىنى مەڭگۈگە ئاخىرلاشتۇرغان بۇ تارىخىي ۋەقەنىڭ ئەھمىيىتىنى چۈشىنەلىشى ناتايىن ئىدى"⑱.

بىزنىڭچە بولغاندا، ماۋارائۇننەھر رايونىنىڭ قاراخانىيلار تېررىتورىيىسىگە قوشۇلۇشى ئىككى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە: بىرىنچىدىن، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى ئىزچىل ھالدا تۈرك ياكى تۈركلەشكەن ھەرقايسى مىللەتلەر ۋەكىللىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا بولۇپ كەلدى. بۇ شۈبھىسىزكى ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىنىڭ تۈركلىشىشىنى تېزلەتتى. ئىككىنچىدىن، تۈركىي تىللىق ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىق گۇرۇھلىرى ئالدى بىلەن ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىپ، دۆلەتنىڭ ئىسلاملىشىشىنى ئىلگىرى سۈردى، ئىسلام مەدەنىيىتىنى ئۆز ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى رايونلاردا كەڭ تارقاتتى شۇنداقلا ئۆز مىللىتىنىڭ مەدەنىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، بىرخىل يېڭى مەدەنىيەت—ئىسلام - تۈرك مەدەنىيىتىنى بەرپا قىلدى. ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە بىر نۇقتا ئالاھىدە دىققىتىمىزنى تارتىدۇ، يەنى قاراخانىيلارنىڭ ماۋارائۇننەھرنى بويسۇندۇرۇشى، ئىلگىرىكى

ئالېكساندىر. ماكېدونىسكى ۋە ئەرەبلەر، كېيىنكى چىڭگىزخان ۋە تۆمۈرلەڭنىڭ بويسۇندۇرۇشلىرىدىن روشەن پەرقلىنىدۇ. يەنى، قاراخانىيلارنىڭ بۇ رايوننى بويسۇندۇرۇشى كەڭ كۆلەملىك قىرغىن قىلىش، بۇلاڭ ـ تالاڭ ۋە ۋەيرانچىلىق، شۇنداقلا، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئىقتىسادى، مەدەنىيەت تەرەققىياتىنى توختىتىپ قويۇش شەكلى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئاساسىي جەھەتتىن تىنچ ھالدا ئۆزىگە قوشۇۋېلىش شەكلىدە ئىشقا ئاشتى. شۇ جايىنىڭ ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىمىغان ئىقتىسادى، مەدەنىيىتى ئۇزۇنغا بارمايلا ئەسلىگە كېلىپ، داۋاملىق تەرەققىي قىلدى. شۇڭا، ئوتتۇرا ئەسىر ئىسلام دۇنياسىدىكى ئەڭ ئۇلۇغ تارىخشۇناس ئىبنۇل ئەسىر ئادىللىق بىلەن: ”قاراخانىيلار خاندانلىقى تەرتىپ ۋە قانۇن جەھەتتە ئەڭ ياخشى دۆلەتلەرنىڭ بىرى ئىدى“⑲ دەپ كۆرسەتكەنىدى.

## 3. قارا قىتان ئىمپېرىيىسى ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى ئىسلام دىنى

1125 ـ يىلى شىمالدا دۆلەت قۇرغىلى 200 يىلدىن ئاشقان قىتان دۆلىتى يېڭىدىن گۈللەنگەن جىن سۇلالىسى تەرىپىدىن يوقىتىلدى. شۇنىڭدىن بىر يىل ئاۋۋال، قىتان خان جەمەتىدىن بولغان ياللۇغ تاشىن شىمالغا يۈرۈش قىلىپ غەربىي شىمالدىكى ئىچكى رايوندا پۇت تىرەپ تۇرۇپ، كۈچ توپلىدى ۋە دۆلەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش پۇرسىتىنى كۈتتى.

قىتان دۆلىتى غەربىي شىمالدىكى رايونلارغا ئىزچىل ھالدا ئەھمىيەت بېرىپ كەلگەنىدى. تەيزۇخان شەخسەن قوشۇن باشلاپ زېمىن كېڭەيتكەن ۋە ”قوشۇننى چۆل ـ جەزىرىدىن ئۆتكۈزۈپ قاغانبۇد شەھرىنى (ھازىرقى شىنجاڭ جىمىسارنىڭ خۇلبېيزى

قەدىمىي شەھىرى) قولغا كىرگۈزۈپ، ئاندىن غەربتىكى ھەرقايسى قەبىلىلەرنى بويسۇندۇرغان"[20]. شۇنداق قىلىپ قاراخانىيلار خانلىقى ۋە قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن چېگرىداش بولۇپ قالغانىدى. شىنزوڭ دەۋرىگە كەلگەندە، غەربىي شىمال رايونىغا بولغان ھۆكۈمرانلىقنى كۈچەيتىش ئۈچۈن خانىش (چى خانىش) يارلىقىغا بىنائەن غەربىي شىمالدىكى ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ۋە يوڭشىڭگوڭ ئوردا قوشۇنىنى باشلاپ، غەربىي شىمالنى ئەمىن تاپقۇزدى[21]. 1004 - يىلى خانىشنىڭ ئىلتىماسىغا ئاساسەن قەدىمىي قاتۇنبالىق[22] شەھىرىنى جېنجۇ ئايمىقى قىلىپ بېكىتتى ۋە جيەنئەن ساتراپىنىڭ تۇرۇشلۇق جايى قىلدى، ئاندىن ھەرقايسى قەبىلىلەردىن 20 مىڭدىن ئارتۇق خىللانغان ئاتلىق ئەسكەرنى شەھەرگە ئورۇنلاشتۇردى ھەم "ئۇرۇش قىلىشقا توغرا كەلگەندىمۇ بۇلارنى يۆتكەشكە بولمايدىغانلىقىنى" بېكىتتى[23]. قاتۇنبالىق شۇنىڭ بىلەن غەربىي شىمالدىكى مۇھىم قورۇل، غەربىي شىمالدىكى جازا يۈرۈش قوشۇنى باشبۇغى تۇرۇشلۇق جاي بولۇپلا قالماي بەلكى، شەرق تەرەپتە توختىماي ئۇرۇش بولۇۋاتقان ئەھۋالدا قىتان دۆلىتىنىڭ مۇھىم ئارقا سەپ بازىسى بولۇپ قالدى. قىتان دۆلىتىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە، جىن قوشۇنلىرى جەنۇب ۋە غەربكە يۈرۈش قىلغاندا پۈتۈن قىتان دۆلىتىنىڭ غەربىي شىمالىلا تىنچ، ھەربىي كۈچىمۇ زىيانغا ئۇچرىمىغان ھالەتتە بولۇپ، زاپاس ئاتلىرى نەچچە يۈز مىڭغا يەتكەنىدى[24]. مۇشۇنىڭ ئۆزىلا ناھايىتى زور ھەربىي قۇۋۋەت ئىدى.

1124 - يىلى ياللۇغ تاشىن قىتان دۆلىتىنىڭ ئاخىرقى پادىشاھى تيەنزونىڭ نادانلىقىدىن نەپرەتلىنىپ ئۇنى تاشلاپ كەتتى ۋە غەربىي شىمالغا سۈرۈلدى. غەربىي شىمالدىكى جازا يۈرۈش قوشۇنىنى باشقۇرۇشقا ۋە ھەرقايسى قەبىلىلەرنى ئىدارە قىلىشقا

قولايلىق بولۇشى ئۈچۈن، ئۆزىنى پادىشاھ دەپ ئېلان قىلدى. جىياشەن تېغىدىن شىمالغا يۈرۈش قىلىپ خېيشۈيدىن ئۆتۈپ يەنە داۋاملىق غەربىي شىمالغا ئىلگىرىلەپ قاتۇنبالىق شەھرىگە كەلدى ۋە ھاكىمىيەت قۇردى، ئاندىن بۇ جاينى بازا قىلىپ تۇرۇپ، چۆللۈكنىڭ شىمالىدا ئاساسىنى پۇختىلىۋالدى㉕. ئۇ كېيىنكى بەش يىل جەريانىدا ھاردۇقنى چىقىرىپ كۈچ توپلاپ تېخىمۇ كۈچلەندى. ئەمما جىن خاندانلىقىنىڭ قۇدرەتلىك ئىكەنلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، غەربكە كېڭىيىپ، ئۆزىنىڭ تەسىر دائىرىسىنى تېخىمۇ كېڭەيتىش، مۇستەھكەم ئاساس سېلىۋالغاندىن كېيىن جىن خاندانلىقىنى يوقىتىپ، قولدىن كەتكەن سەلتەنەتىنى قايتۇرۇۋېلىشنى قارار قىلدى.

1130 - يىلىنىڭ باشلىرىدا ياللۇغ تاشىن قوشۇنىنى غەربكە باشلاپ كەم دەريا ۋادىسىدىكى (ھازىرقى يېنىسەي دەرياسىنىڭ باش ئېقىمى) قىرغىزلار رايونىغا كىردى، ئۇ جايدىن غەربكە ئىلگىرىلەپ ئالتاي تېغىدىن ئۆتۈپ يىجىشۈي (ئېرتىش دەرياسى) ۋە ئېمىل دەرياسى ۋادىسىدىكى رايونلارغا كىردى، ئېمىلدا (ھازىرقى دۆربىلجىندە) خەندەك ياسىتىپ، بۇ يەرنى بازا قىلدى. شۇ جايدا ئولتۇرۇشلۇق تۈرك قەبىلىلىرىدىن 40 مىڭ تۈتۈننى ئەل قىلدى㉖. ئارقىدىنلا 1132 - يىلى ئېمىلدا ئۆزىنى پادىشاھ دەپ ئېلان قىلدى. شۇ جاينىڭ ئادىتى بويىچە "گۆرخان" يەنى "بۈيۈكخان" ياكى "شاھىنشاھ" دەپ ئاتالدى. خەنزۇچە ھۆرمەت نامى "تيەنيۇ" يەنى "تەڭرى ئۆز پاناھىدا ساقلىغان ئىلاھ" دېيىلدى. يىلنامىسىنى "يەنچىڭ" دەپ بېكىتتى.

شۇ يىلى يەنى 1130 - يىلى ياللۇغ تاشىن جەنۇبقا يۈرۈش قىلىپ تەڭرىتاغدىن ئۆتۈپ، ئىدىقۇت ئۇيغۇر دۆلىتى ئارقىلىق غەربتىكى قاراخانىيلار خاندانلىقىغا يۈرۈش قىلدى، قوشۇن

قەشقەرگە ئاز قالغاندا، قاراخانىيلار خاندانلىقى تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىندى. بۇ ئىشتىن بۇرۇن ۋاسسال بولۇشنى بىلدۈرگەن ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئارقىدىن ھۇجۇم قوزغىدى. ياللۇغ تاشىن چېكىنىشكە مەجبۇر بولۇپ ئىمىلغا قايتىپ كەلدى ۋە دېمىنى ئېلىۋېلىپ پۇرسەت پىشقاندا قايتا ھۇجۇم قىلماقچى بولدى. 1132 - يىلى ئىمىلدا ئورنىنى مۇستەھكەملىۋالغاندىن كېيىن، قوشۇنىنى باشلاپ جەنۇبقا يۈرۈش قىلىپ ئىدىقۇت دۆلىتىگە يەنە بىر قېتىم ھۇجۇم قىلدى. ئىدىقۇتلۇقلار ھېچقانداق قارشىلىق بىلدۈرمەيلا قارا قىتانلار تەۋەلىكىگە ئۆتۈپ ئۇنىڭ بېقىندىسىغا ئايلاندى. ياللۇغ تاشىن ئىدىقۇت ئۇيغۇر زېمىنىنى قارا قىتانلار زېمىنىغە قوشۇۋالغان بولسىمۇ، خانلىقنى يوقىتىۋەتمەي ئۇلارغا يەنە داۋاملىق مۇشۇ رايوننى باشقۇرغۇزدى.

ياللۇغ تاشىن قەشقەرگە ھۇجۇم قىلىپ پېشكەللىككە ئۇچرىغاندىن كېيىن، ھۇجۇم نىشانىنى يەتتىسۇ رايونىغا قاراتتى. ئىبنۇل ئەسىر خاتىرىلىشىچە، ياللۇغ تاشىن ئوتتۇرا ئاسىياغا كىرىشتىن ئىلگىرى، قاراخانىيلار خاندانلىقىنىڭ چېگرىسىدا قارا قىتان دۆلىتىدىن كەلگەن 16 مىڭ چېدىرلىق تۈرك - قىتانلار بار ئىدى. شەرقىي قاراخانىيلار خاندانلىقىدىكى ئارسلانخان مەھمۇت ئىبىن سۇلايمان ئۇلارنى چېگرىنى قوغداشقا ئەۋەتىپ، ئۇلارغا يەر ۋە باشقا ئىنئاملارنى بەرگەنىدى. كېيىن خانلىق بىلەن بۇ بىر تۈركۈم تۈرك - قىتانلار ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت تۇغۇلدى. خانلىق ئۇلارنى خوتۇنلىرىدىن ئايرىۋېتىپ، كۆپىيىشكە يول قويمىدى. بۇ تۈرك - قىتانلار بۇنىڭغا قارشىلىق كۆرسىتىپ ئىسيان كۆتەردى ۋە بالاساغۇنغا يۈرۈش قىلدى. بىراق ئارسلانخان قاتتىق زەربە بېرىپ، ئۇلارغا قارىتا كۆپ قېتىم "غازات" قىلدى. ئەمما گۈرخان ياللۇغ تاشىننىڭ زور قوشۇنى قاراخانىيلارنىڭ چېگرىسىدا پەيدا

بولغاندا، تۈرك-قىتانلار دەرھال ئۇلارنىڭ قوشۇنىغا قوشۇلدى. بۇنىڭ بىلەن قارا قىتان دۆلىتىنىڭ ئەسكىرىي كۈچى بىر ھەسسە زورايدى. ئەمما ياللۇغ تاشىن قوشۇننى باشلاپ بالاساغۇنغا يۈرۈش قىلمىدى، بەلكى چېگرىغا كېلىپ ئورۇنلۇشۇپ پۇرسەت كۈتتى.

شەرقىي قاراخانىيلار خانى ئارسلانخان ئەھمەد ئىبىن ھەسەن قازا قىلغاندىن كېيىن ئوغلى ئىبراھىم تەختكە ۋارىسلىق قىلدى. جۇۋەينىنىڭ خاتىرىلىشىچە، ئىبرايىم خان قابىلىيەتسىز كىشى بولغاچقا دائىم قارلۇقلار ۋە قاڭقىللارنىڭ بوزەك قىلىشىغا ئۇچراپ تۇرغان. ئۇلار ئۇنىڭ قەبىلىلىرى ۋە مال - ۋارانلىرىغا ھۇجۇم قىلىپ، بۇلاپ - تالاپ تۇراتتى. ئەمما ئۇ ئۇلارنى توسۇشقا ياكى قوغلىۋېتىشكە قادىر ئەمەس ئىدى. ياللۇغ تاشىننىڭ زور قوشۇننى چېگرىغا ئەكىلىپ ئورۇنلاشتۇرغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭغا ئەلچى ئەۋەتتى ۋە: "ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقىنى، قاڭقىللار ۋە قارلۇقلارنىڭ كۈچلۈك ۋە ئۆكتەم ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ، ياللۇغ تاشىننىڭ پايتەختكە (بالاساغۇنغا) كېلىپ، ئۆزىنىڭ پۈتكۈل زېمىنىنى ئۆز باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈۋېلىپ ئۆزىنى بۇ ئېغىر غەمدىن خالاس قىلىۋېتىشنى تەلەپ قىلدى"㉗. ياللۇغ تاشىن بۇ ئىلتىماسنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ زور قوشۇنى بىلەن بالاساغۇنغا كىرىپ، "بىر يارماق چىقىم تارتماي قولغا كەلگەن تەختكە ئولتۇردى". بۇ ۋەقە 1134 - يىلىنىڭ باشلىرى يۈز بەرگەنىدى. ياللۇغ تاشىن ئىبراھىمغا "ئىلىك ئەل تۈركمەن" ("تۈركمەن پادىشاھى" دېگەن مەنىدە) دېگەن مەرتىۋىنى بېرىپ، شەرقىي قاراخانىيلار خاندانلىقىنىڭ قەشقەر ۋە خوتەنگە بولغان ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى ساقلاپ قالدى ۋە ئۇنى بېقىندى دۆلەتكە ئايلاندۇرۇۋالدى. جۇۋەينىنىڭ خاتىرىلىشىچە، ياللۇغ تاشىن بىر بۆلۈك لەشكىرىنى ئاجرىتىپ، قەشقەر ۋە خوتەن رايونىنى چارلىتىپ تۇرغان.

1137 - يىلى قارا قىتان قوشۇنى ئىككىنچى باسقۇچلۇق تاشقى كېڭەيمىچىلىكنى قايتا باشلىدى. ئۇلار ئالدى بىلەن پەرغانە جىلغىسىغا كىردى. بۇ جايدا ھېچقانداق قارشىلىققا ئۇچرىمىغاندىن كېيىن داۋاملىق غەربكە ئىلگىرىلەپ، خوجەنتكە كەلگەندە، غەربىي قاراخانىيلار خاقانى مەھمۇد ئۇلارنىڭ ئالدىنى توستى. ئىبنۇل ئەسىرنىڭ خاتىرىلىشىچە، ھىجرىيە 531 - يىلى رامزان ئېيىدا (1137 - يىلى 5 - 6 - ئاي) ئىككى قوشۇن قاتتىق ئېلىشىپ، قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ قوشۇنى مەغلۇپ بولغان، خاقان مەھمۇد سەمەرقەندكە قېچىپ كەتكەن. "بۇ ۋەقەدىن كېيىن ئاھالىلار پاتپاراق بولۇشۇپ ساراسىملىق ۋە داد - پەريادلار ئۇلغايدى. بالا - قازانىڭ ئەتىگەن ياكى كەچتە يېتىپ كېلىشىنى كۈتمەكتىن باشقا چارە بولمىدى. بۇخارا ۋە ماۋارائۇننەھردىكى باشقا ئاھالىلارمۇ مۇشۇنداق ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى"㉘. ئەمما، قارا قىتانلار قوشۇنى غەلىبىسىرى ئىلگىرىلەۋەرمەي، يۇرۇشتىن توختاپ يېڭى ئىشغال قىلغان بازىلىرىنى مۇستەھكەملەپ، تېخىمۇ ياخشى پەيتنى كۈتتى.

غەربىي قاراخانىيلار خانلىقى 1089 - يىلىدىن باشلاپلا سالجۇقىيلار خاندانلىقىنىڭ بېقىندىسىغا ئايلانغانىدى. ئەمما كېيىنچە غەربىي قاراخانىيلار خانلىقى بىلەن سالجۇقىيلار خانداقلىقى ئوتتۇرىسىدا سۈركىلىش پەيدا بولدى. 1130-يىلى سالجۇقىيلار خانلىقىنىڭ سۇلتانى سانجار قوشۇن تارتىپ سەمەرقەندنى بېسىۋالدى، بۇنىڭ بىلەن قاراخانىيلار بېقىندىلىققا تېخىمۇ چوڭقۇر پاتتى. 1138-يىلى سۇلتان سانجار بىلەن ئۇنىڭ يەنە بىر بېقىندىسى بولغان خارەزىم شاھى سانجىس ئوتتۇرىسىدا قورالىق توقۇنۇش پەيدا بولدى. دەسلەپ سۇلتان سانجار خارەزىمغا لەشكىرىي قوشۇن تارتىپ سانجىسنى يەڭدى. ئەمما سانجار قوشۇن

چېكىنىدۇرگەندىن كېيىن سانجىس لەشكىرىي كۆچىنى تېزدىن ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، ھىجرىيە 534-يىلى (1140-1139) بىرلا ھۇجۇم بىلەن بۇخارانى ئىشغال قىلدى ۋە بۇ شەھەرنىڭ ئەسىر ئېلىنىغان باش نايىبى زەڭگى ئىبىن ئەلىنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلدى㉙ .

1141 - يىلى ماۋارائۇننەھر رايونىدا قاراخانىيلار خاندانلىقى بىلەن خاندانلىقنىڭ ھەربىي كۈچىنى تەشكىل قىلغۇچى ئاساسىي كۈچلەردىن بولغان قارلۇقلار ئوتتۇرىسىدىكى دائىملىق توقۇنۇش يەنە ئەۋجىگە چىقتى، قاراخانىيلار خاندانلىقىنىڭ خاقانى مەھمۇد سالجۇق سۇلتانى سانجاردىن ياردەم سورىدى. بۇنىڭدىن ئىلگىرى، مەھمۇدخان قارا قىتانلاردىن مەغلۇپ بولۇپ، سەمەرقەندكە قېچىپ كېلىۋالغان ۋە سۇلتان سانجارغا ئەلچى ئەۋەتىپ مۇسۇلمانلارنىڭ ئاپەتكە ئۇچرىغانلىقىنى بايان قىلىپ، مۇسۇلمانلارنى قوغداپ قېلىش ئۈچۈن ياردەم سورىغانىدى. خۇراسان، سىجىستان، غەزنە، مازاندران ۋە گۇرنىڭ پادىشاھلىرى لەشكەرلىرى بىلەن سۇلتان سانجارنىڭ قوشۇنىغا قوشۇلغاندىن كېيىن، سانجارنىڭ ئاتلىق ئەسكىرى 100 مىڭدىن ئېشىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ ھەربىي پاراتتىن ئۆتۈپ بولۇشىغا ئالتە ئاي ۋاقىت كەتتى. 1141 - يىلى 7 - ئايدا ئۇ زور قوشۇنىنى باشلاپ ئامۇ دەرياسىنى كېسىپ ئۆتۈپ، ماۋارائۇننەھر رايونىغا كىردى. ئۇ مەھمۇدخاننىڭ قارلۇقلار توغرىسىدىكى شىكايىتىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، قارلۇقلارغا ھۇجۇم قوزغىدى. قارلۇقلارمۇ ئادەم ئەۋەتىپ گۇرخان ياللۇغ تاشىندىن ياردەم سورىدى㉚ .

ياللۇغ تاشىن سەمەرقەندتە تۇرۇۋاتقان سالجۇقىيلار سۇلتانى سانجارغا نامە ئەۋەتىپ، قارلۇقلار ئۈچۈن ھال - ئەھۋال ئېيتىپ، ئۇلارنى كەچۈرۈشنى ئۆتۈندى. ئەمما سانجار ئۇنىڭ تەلىپىنى قوبۇل

قىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە مەكتۇپ ئەۋەتىپ ياللۇغ تاشىنىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشىنى، ئەگەر ئۇنىڭغا ئۇنىمىسا مەسىلىنى ئەلەم بىلەن ھەل قىلىدىغانلىقىنى بايان قىلدى. ئىبنۇل ئەسىر ئېيتىشىچە، سانجار قوشۇنىنىڭ قۇدرىتىدىن شۇ دەرىجىدە سۆيۈنەتتىكى، ئۇ مەكتۇپىدا ئۆز قوشۇنىنىڭ ھەرخىل قۇراللار بىلەن ئۇرۇش قىلالايدىغانلىقىنى بايان قىلىپ بولۇپ "بىلىپ قېلىڭلاركى، ئۇلار ئوقيا بىلەن ھەربىر تال چاچنىمۇ قارىغا ئالالايدۇ" دەپ يازدۇرغان. ۋەزىر تاھىر مەكتۇپنى بۇنداق يازسا ياخشى بولمايدىغانلىقىنى ئېيتقان بولسىمۇ سۇلتان سانجار بۇنىڭغا قۇلاق سالماي مەكتۇپنى ئەۋەتتى. ياللۇغ تاشىن سالجۇقىيلار خانلىقىنىڭ ئەلچىسى ئوقۇغان مەكتۇپنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئەلچىنىڭ بىر تۇتام ساقىلىنى يۇلدۇردى، ئۇنىڭغا بىر تال يىڭنە تۇتقۇزدى ۋە بىر تال ساقىلىنى يىڭنە بىلەن ئۈزۈپ بېقىشقا بۇيرۇدى. ئەلچى بۇنى ئورۇندىيالمىغاندىن كېيىن، "سەن يىڭنە بىلەن ساقىلىڭنى ئۈزەلمەيسەنۇ، كىم، قانداق قىلىپ ئوقيا بىلەن چاچنى ئۈزۈۋېتەلەيدۇ؟" دېدى. شۇنىڭ بىلەن ياللۇغ تاشىن قوشۇن تارتىشقا يارلىق قىلدى. بۇ قوشۇندا تۈرك، خەنزۇ ۋە قىتان قىسىملىرى بار ئىدى[31]. ئىككى قوشۇن گويا تاشقىنلىق ئىككى دەريادەك سەمەرقەندنىڭ شىمالىدىكى كاتىۋاندا ئۇچراشتى.

ياللۇغ تاشىن ئۆز قوشۇنىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، يەر شەكلىنى كۆزەتكەندىن كېيىن، قوشۇنغا دارجام جىلغىسىنى دالدا قىلىپ بارگاھ تىكىشكە بۇيرۇق قىلدى. ئۇ سانغۇن-نەۋكەرلەرگە: "قارشى تەرەپنىڭ قوشۇنى كۆپ بولغىنى بىلەن ئېپى يوق. ھۇجۇم قىلساق بېشى ئاخىرىسىغا ھەمدەمدە بولالماي قالىدۇ، بىز چوقۇم نۇسرەت قازىنىمىز" دېدى. ياللۇغ تاشىن شياۋۋولىلا ۋە ياللۇغ سۇڭشەنلەرنى 2500 لەشكەر بىلەن سانجار قوشۇنىنىڭ ئوڭ

قانىتىغا، سۇچارئاب، ياللۇغ شۇبى قاتارلىقلارنى 2500 لەشكەر بىلەن سول قانىتىغا ھۇجۇم قىلدۇرۇپ، ئۆزى قالغان قوشۇننى باشلاپ سانجارنىڭ ئوتتۇرا يول قوشۇنىغا ھۇجۇم قىلدى. سانجار قوشۇنىنىڭ ئوڭ قانىتىنى ئەمىر قۇماچ، سول قانىتىنى سىجىستان پادىشاھى باشلىغان ئىدى. ئوتتۇرا قىسىمدىكى قوشۇننى بولسا ئۆزى باشلىغان بولۇپ، تەجرىبىلىك كونا نەۋكەرلەردىن تەشكىللەنگەنىدى.

ھىجرىيە 536-يىلى سەپەر ئېيىنىڭ 5-كۈنى (مىلادى 1141-يىلى 9-ئايىنىڭ 9-كۈنى) ئۇرۇش باشلاندى. سىجىستان پادىشاھى باشلىغان قوشۇن سانجارنىڭ قوشۇنى ئىچىدە ئەڭ زور باتۇرلۇق كۆرسەتتى. بىراق قارا قىتان قوشۇنى ئۇرۇشقانسېرى باتۇرلىشىپ كەتتى. قارلۇقلارمۇ ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، سانجار قوشۇنىنى تىرىپىرەن قىلىۋەتتى. قارا قىتان قوشۇنى قوغلاپ كەلگەندە سۇلتان سانجار قېچىپ كېتەلىگەن بولسىمۇ، بىراق ئۇنىڭ خانىشى، ئوڭ قانات قوماندانى قۇماچ ۋە سول قانات قوماندانى سىجىستان پادىشاھى شۇنىڭدەك داڭلىق فىقھشۇناس ئالىم قۇساد ئۆمەر ئەسىرگە چۈشتى. سانجار قوشۇنىدا ئۆلۈش-يارىلىنىش ئېغىر بولدى. يالغۇز دارجام جىلغىسىدىلا 10 مىڭدىن ئارتۇق كىشى ئۆلدى ۋە يارىلاندى. ئۆلگەن ئادەمنىڭ سانى ھەققىدىكى خاتىرىلەر بىردەك ئەمەس. ئىبنۇل ئەسىر نەقىل كەلتۈرگەن يەنە بىر قاراشتا "100 مىڭ ئادەم ئۆلتۈرۈلگەن، ئۇنىڭ ئىچىدە 12 مىڭى سەللىلىك بولۇپ㉜، 4000ى ئايال كىشى ئىدى" دېيىلگەن، روشەنكى بۇ سان مۇبالىغىلەشتۈرۈۋېتىلگەن. چۈنكى مەيلى ئىشەنچلىك ئىسلام مەنبەلىرىدە بولسۇن ياكى خەنزۇچە مەنبەلەردە بولسۇن، ھەممىسىدە سانجار قوشۇنىنىڭ ئومۇمىي سانى "100 مىڭ" دېيىلگەن. بارتولدنىڭ قارىشىچە، بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا سانجار

قوشۇنىدا ئۆلگەنلەرنىڭ سانى 30 مىڭغا يەتكەن㉝. خەنزۇچە مەنبەلەردە بولسا "خۇراساندىكى مەغلۇبىيەتتە جەسەتلەر نەچچە ئون چاقىرىم يەرگىچە يېيىلدى"㉞ دېيىلگەن بولۇپ، ئۆلگەنلەرنىڭ سانى ئېنىق مۆلچەرلەنمىگەن. كاتىۋان ئۇرۇشى ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىدا بىر قېتىملىق مەشھۇر ئۇرۇش ھېسابلىنىدۇ. مۇسۇلمان تارىخچىسى ئىبنۇل ئەسىر: "ئىسلام تارىخىدا بۇنىڭدىن زور ئۇرۇش بولۇپ باقمىغان. خۇراساندىمۇ بۇنىڭدىن ئېغىر ئۆلۈم - يېتىم ۋەقەلىرى بولۇپ باقمىغان" دەيدۇ㉟.

سالجۇقىيلار خانلىقىنىڭ سۇلتانى سانجار قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ قاغانى مەھمۇدنى ئېلىپ ئالدىراپ-تېنەپ تېكىم (بۇگۇنكى تېرمىز) غا قېچىپ كەلدى ۋە ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتۈپ خۇراسانغا كىردى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن سالجۇقىيلار سۇلالىسىنىڭ ماۋارائۇننەھردىكى تەسىرى-كۈچى يوقالدى. ياللۇغ تاشىن ئەسىرلەرنى قويۇپ بېرىپ، قوشۇن باشلاپ سەمەرقەندكە كىرىپ كەلدى. ياللۇغ تاشىن غەربىي قاراخانىيلار خانلىقىنى يوقىتىۋەتمەي، شەرقىي قاراخانىيلار خانلىقىغا مۇئامىلە قىلغانغا ئوخشاش، ئۇلارنىڭ بۇ رايوننى داۋاملىق باشقۇرۇشىغا يول قويدى. 1141 - يىلى ياللۇغ تاشىن كاتىۋاندىكى ئۇرۇشتا سالجۇقىيلار باشچىلىقىدىكى بىرلەشمە ئارمىيىنى يېڭىپ، ماۋارائۇننەھرنى ئىگىلىگەن ۋە غەربىي قاراخانىيلار خانلىقىنى ئۆزىنىڭ بېقىندىسىغا ئايلاندۇرغاندىن كېيىن، چوڭ سانغۇن ئېربۇسنى ئامۇ دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىدىكى خارەزىم دۆلىتىگە ئەۋەتىپ، ئۇلارنى تەسلىم بولۇشقا مەجبۇرلىدى.

قارا قىتان دۆلىتىنىڭ ھۆكۈمرانلىرى بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى. قىتان ئاقسۆڭەكلىرى شىمالىي جۇڭگونى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، لياۋ سۇلالىسىنى تىكلەش جەريانىدا بۇددا دىنىنى

تەدرىجىي قوبۇل قىلىپ، بۇددا ئىبادەتخانىلىرىنى كۆپلەپ سالدۇردى ۋە شۇ جەرياندا قىتان خەلقىنىڭ بۇددا دىنىنى قوبۇل قىلىشىغا تۈرتكە بولدى. لياۋ سۇلالىسى يوقالغاندا، ياللۇغ تاشىن بىر قىسىم قىتانلار ۋە خەنزۇلارنى باشلاپ شىمالغا، شەرققە يۈرۈش قىلدى. ئۇلار يەنە بۇددا دىنىنى ئاساسەن ئىسلاملىشىپ بولغان ئوتتۇرا ئاسىياغا ئېلىپ كېلىپ، بۇددا ئىبادەتخانىلىرىنى كۆپلەپ سالدۇردى، بۇنىڭ بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادا چەتكە قېقىلغان بۇددا دىنى قايتىدىن باش كۆتەردى.

قارا قىتانلار دەۋرىدە قىتان ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ئېتىقادى يەنىلا مۇستەھكەم ئىدى. گەرچە ئۇلار ئىسلام دىنىنىڭ بەھەيۋەت دېڭىزى ئىچىدە تۇرغان، ئەمەلدار - پۇقرالىرى، شۇنىڭدەك بېقىندى دۆلەتلىرىنىڭ پۇقرالىرىمۇ مۇسۇلمانلارنى ئاساس قىلغان بولسىمۇ، قارا قىتان ھۆكۈمرانلىرى يەنىلا ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلمىدى. بىراق قارا قىتان ھۆكۈمرانلىرى ئۆزىنىڭ بېقىندى قوۋملىرىنىڭ دىنىي ئېتىقادىغا ئارىلاشمىدى. بۇنىڭ بىلەن قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ ئىسلام دىنىنى دۆلەت دىنى قىلىپ بەلگىلەپ، ئۆز دىنىدىن باشقا دىنلارنى يات دىن دەپ قاراش ھەمدە قاتتىق چەكلەپ مەنئىي قىلىش ھادىسىلىرىگە خاتىمە بېرىلدى. شۇڭا قارا قىتان دۆلىتى تەۋەسىدە بۇددا دىنى، شامان دىنى، مانى دىنى، يەھۇدىي دىنى، خرىستىئان دىنى قاتارلىق كۆپ خىل دىنلار بىردەك روناق تاپتى. بۇ مەزگىلدە ئىسلام دىنىمۇ ئوخشاشلا مۇھىم، زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى.

گەرچە X ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا قاراخانىيلار سۇلالىسى ئىسلام دىنىنى دۆلەت دىنى قىلىپ بېكىتىپ، ئىسلام دىنىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى بېكىتكەن بولسىمۇ، بەزى كۆچمەن قەبىلىلەر بولۇپمۇ چەت - ياقا رايونلاردىكى كۆچمەن قەبىلىلەر

ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلمىغانىدى. قارا قىتان خانلىقى ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدە، ئىسلام دىنى گەرچە خانلىق ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ئېتىبارىغا ئېرىشكەن بولسىمۇ، بىراق ئۇ يىگانە ئەتىۋارلىنىشتىن قېپقالدى. بۇ ئەھۋال شۇ يەرلىك مەشھۇر شائىر ئەھمەد يۈكنەكىنىڭ «ئەتەبەتۇل ھەقايىق» داستانىدا مۇنداق ئەكس ئېتىدۇ:

"ئالىملار ۋە زاھىدلار ئۆز ئىشنى تاشلىدى،
ئارىفلارنىڭ ئويۇن دەپ سامانى[36] ھەم باشلىدى.
بىدئەتلىكتىن ئۆزىنى تارتقان كىشى قالمىدى،
شۇڭا بىدئەت كۆپەيدىيۇ ھېچقاچان كېمەيمىدى[37]".

بۇ شېئىردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، بىرىنچىدىن "بىدئەتلىك" قارا قىتان ئىمپېرىيىسىدە چەكلەنمىگەن، ئۇلارنىڭ تەلىماتلىرى "ناھايىتى كەڭ تارالغان". دېمەك، نۇرغۇن كىشىلەر "بىدئەت" تەلىماتلارغا ئىشىنىدىغان بولغان. ئىككىنچىدىن، ئىسلام دىنىنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئىسلاھات ئېلېمېنتلىرى پەيدا بولغان. ئىسلام دىنى ئۆلىمالىرى (ئارىفلىرى) دىنلار ئارىسىدىكى بۇ بىر مەيدان "تىنچ رىقابەت" نىڭ ئۆتكۈرلۈكىنى كۆرۈپ، دىنىي قائىدە-مۇراسىملارنى ئىسلاھ قىلمىسا، ئاددىيلاشتۇرمىسا، شۇ يەرلىك خەلقنىڭ دىنىي ئېتىقادلىرىدىكى بەزى تەركىبلەرنى قوبۇل قىلمىسا "بىدئەتلىك"نى يېڭىشنىڭ تەس بولىدىغانلىقىنى، ئەسلىدىكى تەسىر دائىرىسىنىمۇ ئۇلارغا تارتقۇزۇپ قويۇش ئېھتىماللىقىنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلىشقانىدى. بۇ خىل ئىسلاھاتچىلارنىڭ ۋەكىلى ئەھمەد يەسەۋى ئىدى. ئۇ ئاممىباب، چۈشىنىشلىك تۈركىي تىلدا شېئىر يېزىپ ئۆز دىنىي ئەقىدىسىنى تەرغىب قىلدى. ئەھمەد يەسەۋى دىنىي ئەقىدىسىنىڭ مېغىزلىق مەزمۇنى ئىككى نۇقتىدا ئىپادىلىنىدۇ: بىرى، ئارزۇ-ھەۋەسنى

تەرك ئېتىش، يەنى ئەيش-ئىشرەتكە بېرىلمەسلىك، جاپالىق ھەم ئاددىي-ساددا ياشاش. ئىككىنچىسى، رايىش بولۇش، يەنى ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسلىق ئەقىدىسى ”رايىشلىق بىلەن بۇيرۇققا بويسۇنۇش“ ئىدى. بۇ خىل تەشەببۇس ھۆكۈمران سىنىپلارغا ناھايىتى ياقتى. بۇ ئارقىلىق پۇقرالارنى ئىتائەتچان بولۇشقا ئۈندەپ، ئۇلارنى خالىغانچە ئەزدى ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلدى. پۇقرالار بىلەن ھۆكۈمران سىنىپلار ھەرقايىسىسى ئۆز چۈشەنچىسى ئارقىلىق ئەھمەد يەسەۋىنىڭ دىنىي ئەقىدىسىنى قوبۇل قىلغانىدى. شەكلىي جەھەتتە، ئەھمەد يەسەۋى ئىسلام دىنى مۇراسىملىرىنى ئاددىيلاشتۇرۇپ، كۆچمەن چارۋىچى خەلق چۈشىنەلەيدىغان تۈركىي تىلدا تەبلىغ قىلىش بىلەن بىللە ئاشۇ كۆچمەن چارۋىچى خەلقلەر ئارىسىدا تەسىرى بولغان ئىلاھلارنىڭ ئىسمىلىرى ۋە دىنىي مۇراسىملارنى ئىسلام دىنى ئەقىدىسى، مۇراسىملىرى قاتارىغا ئېلىپ كىردى. شۇنداق قىلىپ ئۇنىڭ دىنىي ئەقىدىسى ۋە دىنىي مۇراسىملىرى كەڭ كۆچمەن چارۋىچى خەلقلەر تەرىپىدىن ناھايىتى تېز قوبۇل قىلىندى. ئۇنىڭ نۇرغۇن يارامىلىق شاگىرتلىرى يېتىشىپ چىقىپ، تېز ئارىدا، بىر يېڭى دىنىي مەزھەپ— ”يەسەۋىچىلىك“نى شەكىللەندۈردى. يەسەۋىچىلىك ھەرقايىسى تۈركىي تىللىق كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىلەر ئارىسىدا دىنىي تەرغىبات ئېلىپ بېرىپ زور ئۇتۇقلارغا ئېرىشتى. «ئەۋلىيا چۈچۈچىنىڭ غەربكە قىلغان زىيارىتى» نىڭ مۇئەللىپىنىڭ ئېيتىشىچە، XIII ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، ئىسلام دىنى بىلەن بۇددا دىنىنىڭ چېگرا سىزىقى ئاللىقاچان چانبالىق (بۈگۈنكى سانجى شەھىرى) قا بېرىپ قالغان، يەنى ئىدىقۇت ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ چوڭ شەھىرى بەشبالىق ئەتراپىغىچە سۈرۈلگەن. يەسەۋىچىلىك ئۇتۇقى تارىختىكى ھەرقانداق بىر دىنىي مەزھەپنىڭ ئۇتۇقىغا ئوخشاش،

ئەسلىي دىنىي ئەقىدىنى شۇ يەرنىڭ كونكرېت ئەھۋالىغا ئاساسەن ئىسلاھ قىلىپ، شۇ يەرنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي ئېھتىياجىغا ماسلاشتۇرغانلىقتا ئىدى. شۇنداق قىلىپ XII ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ كۆپ قىسىم رايونلىرىدىكى تۈركىي تىللىق قەبىلىلەر "ئىسلاملىشىپ" بولدى. بىراق شۇنى تەكىتلەپ ئۆتۈش زۆرۈركى، بۇ خىل "ئىسلاملىشىش" ماھىيەتتە "تۈركلەشكەن ئىسلامىيەت" ئىدى.

---

**ئىزاھلار:**

① مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ تۇغۇلغان ۋاقتى ھەققىدە ئېنىق خاتىرە يوق، مۇسۇلمان ئالىملار ئومۇمەن پىل يىلى يەنى 570 - يىلى، دەپ قارايدۇ. بىراق باشقا ماتېرىياللارغا ئاساسەن قىياس قىلغاندا 570 - يىلدىن سەل - پەل كېيىن بولسا كېرەك.

② ئىسلام دىنىدا بۇ كېچە "مىراج كېچىسى" دېيىلىدۇ.

③ "ماۋارائۇننەھر" ـ ئەرەبچە سۆز بولۇپ، "ئىككى دەريا ئارىلىقىدىكى جاي" دېگەن مەنىدە. ئەرەبلەر ئامۇ، سىر دەريالىرى ئارىلىقىدىكى جايلارنى شۇنداق ئاتىغان، مەزكۇر رايون خەنزۇچە كلاسسىك ۋەسىقىلەردە 河中 دەپ ئاتالغان.

④ «كۆل تېكىن مەڭگۇ تېشى» ـ «غەربىي تۈرك خانلىقى تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار توپلىمى» ، خەنزۇچە تەرجىمە نەشرى، 265-بەت؛ ۋ.ۋ بارتولد: «ئەسەرلەر» ، 1 - توم، 245 - بەت.

⑤ تولۇق ئىسمى ئابدۇراھمان ئىبنى مۇسلىم، ئىككى «تاڭنامە»دە 并波悉林 دېيىلگەن.

⑥ خەنزۇچە ۋەسىقىلەردە قارا يەكتەكلىك ئەرەبلەر ( 黑衣大食 ) دېيىلىدۇ.

⑦ "ئەل - مۇقەننا" ئەرەبچە سۆز بولۇپ، "نىقابلىق ئادەم" دېگەن مەنىدە، مەزكۇر كىشى ھەمىشە كۆك ياغلىق بىلەن يۈزىنى ئورىۋالىدىغان بولغاچقا شۇنداق دەپ ئاتىلىپ قالغان. ئۇنىڭ ھەقىقىي ئىسمى ھاشىم ئىبنى ھاكىم.

⑧ «تاڭ سۇلالىسى تارىخىنىڭ مۇھىم بايانلىرى»، 98 - جىلد.

⑨ «يېڭى تاڭنامە»، 217 - جىلد، «ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى».

⑩ «ئەلنى ئىدارە قىلىش ئۈرنەكلىرى»، 248 - جىلد.

⑪ ۋ.ۋ بارتولد: «ئەسەرلەر»، 2- توم، 1 - قىسىم، 41 — 42 بەتلەر.

⑫ ئو. پرىتساك: «قاراخانىيلار»، بېرلىن، 1953 - يىل.

⑬ «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى»، 490 - جىلد، «ئودۇن تەزكىرىسى».

⑭ لى جىننيەن: «شىنجاڭدىكى ئىسلام دىنى ھەققىدە تەتقىقات»، «جۇغراپىيە ئىلمى ژۇرنىلى»، 1919 - يىللىق 3 — 2 سان.

⑮ «قازاق س س ر تارىخى»، 2 - توم، 17 - بەت، ئالمۇتا 1977 - يىل.

⑯ "تۈركمەن" سۆزى پارسچە tūrkemān دېگەن سۆزدىن كەلگەن، mān نىڭ "...غا ئوخشىماق" دېگەن مەنىسى بار. شۇڭا بۇ سۆز "تۈرككە ئوخشايدىغان ئادەم" دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

⑰ روزىن: «ھىلال ئەس سابىنىڭ بۇغرالارنىڭ بۇغراسى دېگەن نامنى ئالغانلىقى ھەققىدىكى رىۋايەت»، ب. گ. غاپۇروف: «تاجىكلار»، موسكۋا346—347-بەتلەر، 1972 -يىل.

⑱ ۋ.ۋ. بارتولد: «ئەسەرلەر»، 1 - توم، 329 - بەت.

⑲ ئىززادىن ئەبۇل ئەل ھەسەن ئەلى ئىبىن مۇھەممەد ئىبنۇل ئەسىر: «تارىخى كامىل»، 9 - توم، 105 - بەت، «قىرغىزلار ۋە قىرغىزلار رايونىنىڭ تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار»نىڭ 1 - قىسىم، 56 - بېتىدىن نەقىل كەلتۈرۈلدى.

⑳ «لياۋ سۇلالىسى تارىخى»، 2 - جىلد، «تەيزۇ ھەققىدە خاتىرە».

㉑ «لياۋ سۇلالىسى تارىخى»، 13 - جىلد، «شېڭزوڭ ھەققىدە خاتىرە»(4).

㉒ قاتۇنبالىق شەھىرىنىڭ ئورنى توغرىسىدا كۆپ قىسىم ئالىملار ئۇيغۇر خانلىقى (744 — 840) قۇرغان ئوردۇ بالىقتا يەنى ھازىرقى موڭغۇلىيە جۇمھۇرىيىتى تەۋەسىدىكى تۇغلا دەرياسىنىڭ غەربى قىرغىقىدىكى بايانئۇر ئەتراپىدا، دەپ قارايدۇ («جۇڭگو تارىخى ئاتلىسى»، 6 - قىسىم، 6 - خەرىتە). قاتۇن — تۈركچە "خانىش" دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

㉓ «لياۋ سۇلالىسى تارىخى»، 37 - جىلد، «جۇغراپىيە تەپسىراتى»(1)؛ 14 -

جىلد، «شىڭژوۋڭ ھەققىدە خاتىرە»(5).

㉔ «دەشت - باياۋاندا ئاگلىغانلىرىم»نىڭ «داشى لىنيا» ماۋزۇسى؛ «قىتان دۆلىتى تەزكىرىسى»، 19 - جىلد، «داشى تەرجىمھالى».

㉕ ۋېي لياڭتاۋ: «غەربىي لياۋ تارىخىدىن ئومۇمى بايان»، 30—36 - بەتلەر، خەلق نەشرىياتى، 1991 - يىل.

㉖ جۇۋەينى: «تارىخى جاھانكۇشاي»، خەنزۇچە نۇسخا، 1 - قىسىم، 417 - بەت، ئىچكى موڭغۇل خەلق نەشرىياتى، 1980 - يىل.

㉗ يۇقىرىقى ئەسەر 417 — 418 - بەتلەر.

㉘ «تارىخى كامىل»، 11 - توم، 56-بەت، «قىرغىزلار ۋە قىرغىزلار رايونىنىڭ تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللار»نىڭ 1 - قىسىم، 66 - بېتىدىن نەقىل ئېلىندى.

㉙ ۋېي لياڭتاۋ: «قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ تارىخىدىن تېزىسلار»، 117-، 118- بەتلەر.

㉚ « تارىخى كامىل»، 11 - توم، 56 - بەت، «قىرغىزلار ۋە قىرغىزلار رايونىنىڭ تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار»نىڭ 1 - قىسىم، 66 - بېتىدىن نەقىل ئېلىندى.

㉛ ياللۇغ تاشىنىنىڭ قوشۇنىنىڭ ئومۇمىي سانى توغرىسىدا خەنزۇچە ۋەسىقىلەردە مەلۇمات بېرىلمىگەن. ئىبنۇل ئەسىر باشقا بىر قاراشنى نەقىل كەلتۈرۈپ "ئۈچ يۈز مىڭ چەۋەنداز" (ئىبنۇل ئەسىر: «تارىخى كامىل»، 11 - توم، 53 - بەت، «قىرغىزلار ۋە قىرغىزلار رايونىنىڭ تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار»نىڭ 1 - قىسىم، 64 - بېتىدىن نەقىل ئېلىندى) دەيدۇ، بۇ بەكلا مۇبالىغىلەشتۈرۈۋېتىلگەن سان. «لياۋ سۇلالىسى تارىخى»نىڭ 30 - جىلدىدا خاتىرىلەنگەن ياللۇغ تاشىنىنىڭ مۇشۇ قېتىملىق جەڭگە ئەۋەتكەن قوشۇن سانى ۋە ئۇنىڭ جەڭدىن ئاۋۋال لەشكەرلەرگە مەدەت بېرىپ تەرغىبات قىلغانلىقىدىن قارىغاندا ئۇنىڭ قوشۇنىنىڭ سانجارنىڭ 100 مىڭ كىشىلىك چەۋەندازلار قوشۇنىدىن خېلىلا ئاز ئىكەنلىكىنى مۇقىملاشتۇرۇشقا بولىدۇ.

㉜ ئىسلام ئۆلىمالىرى — فەقىھلەرنى كۆرسىتىدۇ.

㉝ ۋ.ۋ. بارتولد: «ئەسەرلەر»، 1 - توم، 389 - بەت.

㉞ «لياۋ سۇلالىسى تارىخى»، 30 - جىلد، «غەربىي لياۋنىڭ تارىخى».

㉟ كاتىۋان ئۇرۇشى ھەققىدىكى تەپسىلاتنى ئىبنۇل ئەسىرنىڭ «تارىخى كامىل»،

11 - توم، 53-، 57 - بەتلىرىدىن («قىرغىزلار ۋە قىرغىزلار رايونىنىڭ تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار»، 1 - قىسىم، 63-، 67 - بەتلەر)دىن كۆرۈڭ.

㊱ بۇ يەردىكى "ساما" - ئۇسسۇلنىڭ نامى، بۇ ئۇسسۇل شامان دىنىدىكى پېرىخونلۇق ئۇسسۇلىدىن پەيدا بولغان. ھازىرقى جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدىكى بەزى جايلاردا ھېلىمۇ "ساما" دەپ ئاتىلىدىغان ئۇيغۇرچە ئۇسسۇل ئوينىلىدۇ.

㊲ «ئەتەبەتۇل ھەقايىق»، خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخا، 32 - بەت.

# III باب موڭغۇل ئىستىلاسىدىن كېيىنكى غەربىي يۇرتتا ئىسلامىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە نەقشبەندىيە تەرىقىتىنىڭ باش كۆتۈرۈشى

## § 1 موڭغۇللارنىڭ غەربىي يۇرتنى بويسۇندۇرۇشى ۋە ئۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا ئىسلام دىنىنىڭ تەرەققىي قىلىشى

### 1. موڭغۇللارنىڭ غەربىي يۇرتنى بويسۇندۇرۇشى

XIII ئەسىرنىڭ بېشىدا موڭغۇللار چۆللۈكنىڭ شىمالىدا باش كۆتۈردى.

قەدىمكى مىللەتلەرنىڭ بىرى بولغان موڭغۇللار ئەسلىدە شىرۋىلارنىڭ بىر تارمىقى بولۇپ، تاڭ دەۋرىدە ”موغۇل شىرۋىلىرى“ دېگەن نامدا خەنزۇچە ۋەسىقىلەرگە پۈتۈلگەن. ئۇلار ئەڭ دەسلەپ چوڭ ھىنگان تاغلىرىدىكى ئېرگۈنا دەرياسى بويىدا تارقىلىپ ئولتۇراقلاشقان، كېيىنچە ئاستا-ئاستا موڭغۇل ئېگىزلىكىگە سۈرۈلگەن. XI ئەسىرنىڭ ئاخىرى XII ئەسىرنىڭ باشلىرى موڭغۇل قەبىلىلىرى يەنىلا تارقاق ھالەتتە بولۇپ، بەزىلىرى بېلىقچىلىق قىلسا بەزىلىرى ئوۋچىلىق قىلاتتى، بىر-بىرىگە بېقىنمىغاچقا توختىماي جەڭگى-جېدەل قىلىشاتتى. جىن سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا تۇرۇۋاتاتتى. XII ئەسىرنىڭ

دەسلەپتە قىيان قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلى تېمۇچىن باشقا قەبىلىلەرنى بىر - بىرلەپ ئۆزىگە قوشۇۋالدى. ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ تاتار، مېركىت، كېرەي، نايمان قاتارلىق قەبىلىلەرنى مەغلۇپ قىلىپ چۆللۈكنىڭ شىمالىنى بىرلىككە كەلتۈردى. 1206- يىلى موڭغۇل قەبىلىلىرى ئونون دەرياسى بويىدا قۇرۇلتاي ئۆتكۈزۈپ، تېمۇچىننى پۈتكۈل موڭغۇللارنىڭ خانى قىلىپ سايلىدى ۋە "چىڭگىزخان" دەپ ئاتىدى، دۆلەت نامىنى "يېكى موڭغۇل ئۇلۇسى" (ئۇلۇغ موڭغۇل دۆلىتى) دەپ ئاتىدى. چىڭگىزخان موڭغۇل قەبىلىلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن سىرتقا قارىتا كەڭ كۆلەملىك بويسۇندۇرۇش ئۇرۇشىنى باشلىۋەتتى.

موڭغۇللار چۆللۈكنىڭ شىمالىدا روناق تېپىۋاتقان مەزگىللەردە غەربىي يۇرتنى ئىدارە قىلىۋاتقان قارا قىتان خاندانلىقى چىرىكلىشىپ، ھەرقايسى بېقىندى دۆلەتلەرگە ئەۋەتىلگەن نازارەتچى ياكى مۇپەتتىشلەر زوراۋانلىق بىلەن يەرلىك ھۆكۈمرانلارغا بېسىم ئىشلىتىپ خەلقنىڭ مال - مۈلكىنى بۇلاپ-تالاۋاتقانىدى. جۇۋەينىنىڭ خاتىرىسىگە ئاساسلانغاندا، گۈرخان ئىدىقۇت دۆلىتىگە ئەۋەتكەن نازارەتچى "ئىدىقۇت① ۋە ئۇنىڭ سەركەردە-سەرۋازلىرىنى ھاقارەتلەپ، ئۇلارنىڭ شەرەپ-روماللىرىنى يىرتىپ تاشلىدى؛ شۇڭا ئۇ كاتتىلار ۋە ئاۋامنىڭ ئورتاق نەپرەتلىنىدىغان ئوبيېكتى بولۇپ قالدى"②. قارا قىتان خاندانلىقى ماۋارائۇننەھر رايونىدا مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان ۋە موڭغۇللار نايمانلارنى يوقاتقان ئەھۋال ئاستىدا ئىدىقۇت ئۇيغۇر پادىشاھى بارچۇق ئارت تېكىن ۋە ئۇنىڭ سەرۋازلىرى "موڭغۇللارنىڭ قۇدرەتلىكلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، موڭغۇللارنىڭ ھەيۋىتىدىن پايدىلىنىپ قارا قىتانلار ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلۇشنى

قارار قىلدى ۋە موڭغۇللارغا بەيئەت قىلدى"③. شۇنىڭ بىلەن 1209 - يىلى ئىدىقۇت خانلىقى يارلىق چۈشۈرۈپ قارا قىتانلار ئەۋەتكەن نازارەتچىنى بىر ئۆيگە سولاپ قويىدى ۋە ئۆينى ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆرۈپ تاشلىدى. ئاندىن قارا قىتانلار ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلغانلىقى ۋە چىڭگىزخانغا④ بەيئەت قىلغانلىقىنى جاكارلىدى. «ئىدىقۇتنىڭ شىپ جەمەتى شەجەرىسى» دىمۇ بۇ ۋەقە خاتىرىلەنگەن: "'قارا قىتان دۆلىتى'' خاندانلىقى پەرمان بىلەن ئەۋەتكەن نازارەتچى بۇ دۆلەتكە كەلگەندىن كېيىن ئۆز ھوقۇقىنى خالىغانچە ئىشلىتىپ كەيپ-ساپا، ئەيش-ئىشرەتكە بېرىلىپ كەتتى. 'ئۇيغۇر' پادىشاھى بۇنىڭدىن غەزەپلىنىپ ۋەزىر ئىلگە بىلەن: 'بۇنى قانداق قىلىش كېرەك؟' دەپ مەسلىھەتلەشتى. ئۇ جاۋابەن: 'نازارەتچىنى ئۆلتۈرۈپ بۈيۈك موڭغۇل دۆلىتىگە ئەل بولساق، ئۇنىڭدىن نېمە قورقۇش؟' دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئاۋامنى باشلاپ نازارەتچىنى قورشىۋالدى، نازارەتچى قوشۇنى بىلەن راۋاقتا بېكىنىۋالدى. ئۇلار راۋاقتا چىقىپ ئۇنىڭ بېشىنى كەستى ۋە پەسكە ئىرغىتىپ تاشلىدى"⑤. مۇسۇلمان مەنبەلىرى بىلەن خەنزۇچە مەنبەلەرنى سېلىشتۇرۇپ كۆرسەك پەقەت نازارەتچىنىڭ ئۆلۈمى توغرىسىدىكى بايانلاردىلا ئاز - تولا پەرق بارلىقىنى كۆرىمىز. موڭغۇللارغا بەيئەت قىلىشنىڭ جەريانى توغرىسىدا «زەپەرنامە» دە كونكرېت خاتىرە قالدۇرۇلغان: "يىلان يىلى (1209 - يىلى) باھاردا شاھىمىزنىڭ سۈر-ھەيۋىتىنى ئاڭلىغان ئىدىقۇت ئۇيغۇر پادىشاھى قىتانلار ئەۋەتكەن نازارەتچى ئەمەلدارنى ئۆلتۈرۈپ، سۇلھىلىشىشنى تەلەپ قىلدى. پادىشاھ (چىڭگىزخان) ئاۋۋال ئەنلىك بۇيان ۋە تارباي قاتارلىق ئىككى كىشىنى ئۇلارغا ئەلچىلىككە ئەۋەتتى. ئىدىقۇت قاتتىق خۇرسەن بولۇپ، (موڭغۇل دۆلىتى) بىزگە بەكمۇ زور ھۆرمەت كۆرسەتتى دەپ، بېگىس ۋە

ئالىڭ تۆمۈرنى ئەلچىلىككە ئەۋەتىپ: ‹كەمىنە ناتىۋانلىرى شاھىنشاھنىڭ شۆھرەتلىك نام-شەرىپىنى ئاڭلاۋاتقىنىغا ئۇزۇن بولدى. شۇڭا قىتانلار بىلەن بولغان كونا دوستلۇقنى تاشلاپ ئۆز ساداقىتىمنى بىلدۈرۈشكە ئەلچى ماڭدۇردۇم. بەيئەتكە باش ئېگىپ يىراقتىكى پەرىشتىنىڭ نەزىرىگە ئېلىنىشنى، بۇلۇتلارنى قايرىپ تاشلاپ قۇياشنىڭ جامالىنى كۆرۈشنى، مۇزلارنىڭ ئېرىپ سۇغا ئايلىنىشىنى ئەڭ چوڭ شادلىق دەپ قارىماسلىققا نىمە ھەددىم! ئۇشبۇ دەقىقىدىن تارتىپ پۈتكۈل قوۋمىم بىلەن قۇللىرى ئورنىدا تۆھپە كۆرسىتىشكە تەييارمەن› دېدى“⑥.

1211-يىلى بارچۇق ئارت تېكىن چىڭگىزخاننىڭ پەرمانىغا بىنائەن كىرولون دەرياسى بويىغا بېرىپ، بۇ يېڭى ھۆكۈمراننى تاۋاپ قىلدى. چىڭگىزخان ئۇنىڭغا ناھايىتى زور شان - شەرەپ ئاتا قىلدى: ”قىزىنى خوتۇنلۇققا بېرىپ، ئۇنىڭغا شاھزادىلار قاتارىدىن ئورۇن بەردى“، يەنى ئۇنى جۇجى، چاغاتاي، ئوكتاي ۋە تولويدىن كېيىنكى ”بەشىنچى ئوغۇل“ قىلىۋالدى. كېيىنكى مەزگىللەردىكى موڭغۇللارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيانى بويسۇندۇرۇش ئۇرۇشلىرىدا بارچۇق ئارت تېكىن ”قول ئاستىدىكى تۈمەن كىشىلىك قوشۇن بىلەن تۇرشاۋۇل قىسىم بولدى، ئۇلارنىڭ ئىنتىزامى بەكمۇ قاتتىق بولغاچقا بارغانلا يېرىدە غەلىبە قىلدى“: ئۇ تاڭغۇتلارنى بويسۇندۇرۇش ئۇرۇشىغىمۇ قاتنىشىپ ”چوڭ ئەجىر - تۆھپە كۆرسەتتى“⑦. شۇڭا ئىدىقۇت ئۇيغۇر دۆلىتى موڭغۇل دۆلىتىدە بويسۇندۇرۇلغان قارام ئەللەردىن پەرقلىق سىياسىي مۇئامىلىگە مۇشەررەپ بولۇپ، بېقىندى دۆلەت سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغانىدى، ياپونىيە ئالىمى ئابې تاكېئو ئۇنى ”بەشىنچى خانلىق“ دەپ ئاتايدۇ⑧. بارچۇق ئارت تېكىن ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى داۋاملىق پادىشاھ سۈپىتىدە ئىدىقۇت

ئۇيغۇرلىرى ئۇستىدىن ھۆكۈمرانلىق قىلىپ كەلدى، دۇۋا توپىلىڭدىن كېيىن ئۇلار بىر قىسىم ئۇيغۇرلارنى باشلاپ خېشى كارىدورىدىكى يۇڭچاڭ ئەتراپلىرىغا كۆچۈپ كەلدى ۋە داۋاملىق ئىدىقۇت پادىشاھى دەپ ئاتىلىپ "ئۇز قوۋمىنى باشقۇردى"، بۇ ئەھۋال ئېھتىمال تيەنلى يىللىرى (1328 - 1330) دىن كېيىنمۇ داۋاملاشقان بولسا كېرەك. ئەسلىدىكى ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىنىڭ زېمىنىدا دۇۋا توپىلىڭى تىنچىتىلغاندىن كېيىن يەن سۇلالىسى ئەمەلدار تۇرغۇزۇپ بىۋاسىتە ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزدى.

ئىدىقۇت ئۇيغۇر پادىشاھى بارچۇق ئارت تېكىن چىڭگىزخانغا بەيئەت قىلغان يىلى يەنى 1211 - يىلى قارلۇق ئاقساقىلى ئارسلانخانمۇ چىڭگىزخانغا باش ئېگىپ موڭغۇللارغا بەيئەت قىلدى.

قارلۇقلار - قاراخانىيلار سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ ئاساسىي تەركىبىي قىسمى بولسىمۇ ئەمما ئۇنىڭ ئاقساقاللىرى ھەمىشە قاراخانىيلار ئوردىسى بىلەن ئىركىشىپ قالاتتى. ياللۇغ تاشىنىڭ قوشۇنى بالاساغۇنغا كىرگەندە شەرقىي قاراخانىيلار خانىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن ئۇنىڭ قارلۇقلار ۋە قاڭقىللارغا تاقابىل تۇرۇشىغا ياردەملەشكەنىدى. ياللۇغ تاشىن بۇ زىددىيەتنى ھەل قىلىشتا قوللانغىنى قارلۇقلارنى قاراخانىيلار سۇلالىسىدىن ئايرىۋېتىپ مۇستەقىل سىياسىي گەۋدىگە ئايلاندۇرۇش، ئاندىن قارا قىتانلارنىڭ قارام دۆلىتى سۈپىتىدە قايالىق (ھازىرقى بالقاش كۆلىنىڭ جەنۇبى، تالدى قورغاننىڭ شەرقىدە) نى ئۇلارغا پايتەخت قىلىپ بېرىش تەدبىرىنى قوللاندى. قاراقىتان شاھىنشاھى مەزكۇر رايوننى ھەمكارلىشىپ باشقۇرۇشقا ئەۋەتتى. قارا قىتان دۆلىتى ئاجىزلىشىۋاتقان مەزگىللەردە خوتەندىكى ھۆكۈمدارلارمۇ قوشۇن تارتىپ قارا قىتان دۆلىتىگە قارشى تۇردى. گۈرخان چۇرۇق قوشۇن تارتىپ جازا يۈرۈشى قىلدى ۋە قارلۇق ئاقساقىلى ئارسلانخانىنىمۇ لەشكەر چىقىرىپ ياردەملىشىشكە بۇيرۇدى.

ياردەملىشىشكە بۇيرۇدى. مۇسۇلمان تارىخشۇناسلاردىن جۇۋەينىنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشتىكى مەقسىتى ئارسلانخاننى ئۆلۈم گىرداۋىغا ئىتتىرىش ئىدى. بىر بولسا ئارسلانخان باشقا خانلارغا ئوخشاش ئىسيان قىلىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئۇنى يۇرەكلىك ئۆلتۈرۈشكە بولىدۇ؛ بىر بولسا ئۇ بويسۇنىدۇ، ئەمما مۇسۇلمانلارغا چوڭقۇر مېھرى بولغاچقا ئۇلارغا يۇرۇش قىلىشقا كۆچەپ كەتمەيدۇ، بۇنىڭدىمۇ يەنىلا بۇنى باھانە قىلىپ ئۇنى كۆزدىن يوقاتقىلى بولىدۇ. قارلۇق ئاقساقىلى ئارسلانخان گۈرخاننىڭ ھۇزۇرىغا كەلگەندە قارا قىتان دۆلىتىنىڭ بىر سانغۇنى گۈرخاننىڭ سۇيىقەستىنى ئۇنىڭغا ئېيتىپ قويىدى ۋە زەھەر ئىچىپ ئۆلۈۋېلىشقا نەسىھەت قىلدى. شۇنداقلا ئۇنىڭ ئۇچۇن ئەھۋالدىن خەۋەرلەندۈرۈپ قويۇش ۋە ئوغلىنى تەختكە چىقىرىشقا ماقۇل بولدى. ئاقىۋەت ئارسلانخان زەھەر ئىچىپ ئۆلۈۋالدى. گۈرخان ئۇنىڭ ئوغلىنى قايالىغا ئاپىرىپ دادىسىنىڭ تەختىگە ئولتۇرغۇزدى ھەمدە شاھىنادىن بىرنى ئەۋەتىپ ئۇنى نازارەت قىلدى. بۇ نازارەتچى قارلۇقلارغا ھەددىدىن زىيادە زورلۇق - زومبۇلۇق قىلدى. موڭغۇل قوشۇنلىرىنىڭ غەربكە يۇرۇش قىلىپ ئارقا - ئارقىدىن غەلىبە قىلغانلىق خەۋىرى قايالىغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، قارلۇقلارنىڭ بېگى ئارسلانخانى قارا قىتان دۆلىتىنىڭ نازارەتچىسىنى ئۆلتۈرۈپ، موڭغۇللارغا باش ئەگدى. خان ئوردىسىدا ئۇ ئىززەت - ئىكرام بىلەن كۈتۈۋېلىنىپ، قايالىغا قايتۇرۇلدى. بۇ ئارسلانخانمۇ خان قىزىغا ئۆيلەندى. چىڭگىزخان ئوتتۇرا ئاسىيانى بويسۇندۇرغاندا ئۇ ئۆز قوشۇنىنى باشلاپ جەڭگە قاتناشتى ۋە ناھايىتى چوڭ رول ئوينىدى. شۇڭا مۆڭكەخان ئۆزكەنت شەھىرىنى ئۇنىڭ ئوغلىغا سۇيۇرغال قىلىپ بېرىپ ئاتىسىنىڭ موڭغۇل دۆلىتىگە قوشقان تۆھپىسىگە تەشەككۈر بىلدۈردى[9].

ئىدىقۇت دۆلىتى ۋە قارلۇق قەبىلىسى باش ئەگكەندىن كېيىن موڭغۇللارنىڭ چوڭ قوشۇنى داۋاملىق غەربكە يۈرۈش قىلىپ قارا قىتان زېمىنىغا ئاياغ باستى.

موڭغۇللار گۈللەنگەندىن كېيىن، نايمان قەبىلىسى چىڭگىزخان تەرىپىدىن تارمار قىلىنىپ قەبىلە ئاقساقىلىنىڭ ئوغلى كۈچلۈك قالغان - قاتقان قوۋمىنى باشلاپ بەشبالىققا قېچىپ كەلدى، ۋە يەنە تەڭرىتاغدىن ئۆتۈپ كۇچاغا كەلدى. ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى لەشكەرلەر كۇچادىكى تاغدا ”لاغايلاپ يۈرۈپ ئوزۇق-تۈلۈكسىز قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بىرلەپ ئىككىلەپ تارقاپ كەتتى“[10]. شۇنىڭ بىلەن كۈچلۈك ئىلاجىسىز قارا قىتان خانى گۈرخاننىڭ يېنىغا قېچىپ كەلدى. «زەپەرنامە» دىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، بۇ ۋەقەلەر 1208 - يىلى قىشتا يۈز بەرگەن. كۈچلۈك بالاساغۇنغا كەلگەندىن كېيىن بىر مەھەل گۈرخان ھۇزۇرىدا خىزمەتتە بولدى. خارەزىم شاھ مۇھەممەد قارا قىتان دۆلىتىگە قارشى لەشكەر تارتقاندا شەرقتىكى بىر قىسىم قارام دۆلەتلەر ۋە قارام قەبىلىلەرمۇ ئىسيان قىلىپ، چىڭگىزخان تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتى، بۇنىڭ بىلەن قارا قىتان دۆلىتى مۈشكۈل ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى. بۇ چاغدا كۈچلۈك گۈرخان چۇرۇققا: ”مېنىڭ ئادەملىرىم ناھايىتى كۆپ، ئېمىل، قايالى، بەشبالىق قاتارلىق جايلاردا كىشىلەر ئۇلارنى خورلاپ كېتىۋاتىدۇ. ئەگەر ماڭا ئىجازەت بېرىلسە ئۇلارنى توپلايتتىم. بۇ ئادەملەرنىڭ كۈچى بىلەن گۈرخان ئالىيلىرىنى مۈشكۈلاتتىن قۇتقۇزغىلى بولىدۇ. گۈرخان كۆرسەتكەن يولدىن قەتئىي قايتماي جان - دىلىم بىلەن ئالىيلىرىنىڭ بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلىمەن“ دېدى. گۈرخان ئۇنىڭ تەكلىپىگە قوشۇلۇپ، ئۇنىڭغا نۇرغۇن سوۋغا ئىنئام قىلدى ۋە قاغان مەرتىۋىسىنى ئاتا قىلدى. كۈچلۈك بالاساغۇندىن ئايرىلىپ،

ئېمىل ۋە قايالىدىن ئۆز قوۋمىدىكىلەرنى يىغدى ۋە باشقا قەبىلىدىكىلەر بىلەن ئىتتىپاق تۈزدى. ئۇ مۇشۇ تارماق قوشۇننى باشلاپ قارا قىتان خاندانلىقىنىڭ بىۋاستە ھۆكۈمرانلىقىدىكى رايونغا كىردى ۋە زورلۇق - زومبۇلۇق، بۇلاش-تالاش بىلەن بولۇپ كەتتى. كۈچلۈك يەنە خارەزىم شاھى مۇھەممەدكە ئەلچى ئەۋەتىپ، گۈرخانغا قىستاپ ھۇجۇم قىلىشقا كېلىشتى. ئىككى تەرەپ ئەگەر خارەزىم شاھ ئاۋۋال ھۇجۇمغا ئۆتۈپ نۇسرەت قازانسا قارا قىتان خانلىقىنىڭ ئالمىلىق ۋە قەشقەرگىچە بولغان تېررىتورىيىسى ئۇنىڭغا مەنسۇپ بولىدۇ؛ ئەكسىچە كۈچلۈك ئاۋۋال غەلىبە قىلسا فېناكەد دەرياسىغىچە بولغان قارا قىتان زېمىنى ئۇنىڭغا تەۋە بولىدۇ، دەپ ئەھدىلەشتى. كېلىشىمدىن كېيىن ئىككى تەرەپ لەشكەر چىقىرىپ قارا قىتان خانلىقىغا ھۇجۇم باشلىدى. كۈچلۈك ئاۋۋال قارا قىتان قوشۇننى مەغلۇپ قىلىپ ئۆزكەنتتىكى گۈرخاننىڭ غەزىنىسىنى تالان - تاراج قىلدى، ئاندىن ئۆزكەنتتىن بالاساغۇنغا ھۇجۇمغا ئۆتكەندە گۈرخاندىن مەغلۇپ بولۇپ، لەشكەرلىرىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى ئەسىرگە چۈشۈپ قالدى. كۈچلۈك ئەسلىي ئورنىغا قايتىپ، لەشكىرىي كۈچىنى توپلىدى ۋە يېڭىۋاشتىن ھۇجۇم قوزغاشقا تەييارلىق قىلدى⑪.

1210 - يىلىدىكى تالاس ئۇرۇشىدىن كېيىن قارا قىتان خاندانلىقى بىلەن خارەزىم شاھ ئۆز قوشۇنلىرىنى چېكىندۈرۈپ كەتتى. قارا قىتان قوشۇنلىرىنىڭ ئىنتىزامى بەكلا بوش بولۇپ، لەشكەرلەر يول بويى بۇلاڭ - تالاڭ، قىر - چاپ قىلىپ كەلدى. ئۇلار بالاساغۇنغا كەلگەندە شەھەر ئاھالىسى قوۋۇقلارنى مەھكەم تاقاپ، ئۇلارنىڭ شەھەرگە كىرىشىنى رەت قىلدى ۋە خارەزىم قوشۇنى ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن يېتىپ كېلىدۇ، دەپ قاراپ قارا قىتان قوشۇنلىرى بىلەن ئېلىشىشقا باشلىدى. قارا قىتان

قوشۇنلىرى ئۇلارغا سۇلھىلىشىش ھەققىدە نەسىھەت قىلىپ، خارەزىم شاھ قوشۇنلىرىنىڭ چېكىنىپ كەتكەنلىكىنى ئېيتقان بولسىمۇ قەتئىي ئىشەنمىدى ۋە جەڭنى 16 كۈن داۋاملاشتۇردى، ئەڭ ئاخىر قارا قىتان قوشۇنلىرى پىل بىلەن شەھەر قوۋۇقىنى بۇزۇپ تاشلىدى. قارا قىتان قوشۇنلىرى شەھەرگە كىرگەندىن كېيىن، ئاھالىنى ئۈچ كېچە - كۈندۈز قىرغىن قىلدى. جۇۋەينىنىڭ ئېيتىشىچە، 47 مىڭ ئەركەك قەتلىئام قىلىنغان[12]. قارا قىتان قوشۇنلىرى شەھەرگە كىرگەندىن كېيىن قاتتىق بۇلاڭ - تالاڭ قىلىپ، زور مىقداردىكى غەنىمەتلەرنى قولغا چۈشۈردى، ئەمما گۆرخاننىڭ دۆلەت خەزىنىسى قۇپقۇرۇق ئىدى. ۋەزىر مەھمۇدباي گۆرخاننىڭ ئۆزىنىڭ مال - مۈلكىنى يىغىشتۇرۇۋېتىشىدىن ئەنسىرەپ، لەشكەر ۋە سانغۇنلارنىڭ كۈچلۈكتىن بۇلىۋالغان خۇسۇسىي مال - مۈلۈكلىرىنى ئوردا ھېسابىغا قايتا يىغىش تەكلىپىنى بەردى. سانغۇنلار بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ھەرقايسىسى ئۆز قوشۇنلىرىنى باشلاپ چېكىنىپ كەتتى ۋە توپىلاڭ كۆتۈرۈشكە قۇتراتقۇلۇق قىلدى[13]. كۈچلۈك بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن 1211 - يىلى كۈزدە قوشۇننى باشلاپ گۆرخانغا ھۇجۇم قىلدى. خەنزۇچە مەنبەلەرگە ئاساسلانغاندا، گۆرخان چۇرۇق ئوۋغا چىققاندا "نايمان بېگى كۈچلۈك 8000 لەشكەرنى پىستىرمىغا قويۇپ، ئۇنىڭ خانلىق تەختىنى تارتىۋالدى"[14]. جۇۋەينىنىڭ «تارىخى جاھانكۇشاي» ناملىق ئەسىرىدىمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان خاتىرە بار: "... (كۈچلۈك) خۇددى بۇلۇتتىن چىققان چاقماق كەبى گۆرخانغا تاشلاندى ۋە زادىلا كۈتمىگەن يەردىن چىقىپ ئۇنى تىرىك تۇتۇۋالدى. . . ئۇنىڭ قوشۇنلىرى پاتىپاراق بولۇشۇپ، تەرەپ - تەرەپكە پىتراپ قېچىشتى. شۇنىڭ بىلەن مۇشكۇل ئەھۋالغا چۈشۈپ

قالغان (گۈرخان) كۈچلۈككە باش ئەگكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ، ئۇنىڭ ئالدىدا تىزلاندى"⑮. بۇ ئاخىرقى پادىشاھ تەختتە 34 يىل ئولتۇرۇپ، ھەممە ئادەمنى بىزار قىلغان ھالدا ياللۇغ تاشىن قۇرغان قارا قىتان ئىمپېرىيىسىنى ئاخىرلاشتۇردى.

كۈچلۈك ھاكىمىيەتنى قولغا ئالغاندىن كېيىن كۆرۈنۈشتە رېجىمدىكىلەرگە ئەدەپ بىلەن مۇئامىلە قىلدى، "چۇرۇقنى شاھىنشاھ دەپ، خانىشنى خانىش ئايىم، دەپ ھۆرمەتلەپ، ئەتىگەن كەچتە ئەھۋال سوراپ تۇردى"⑯. ئەمەلىيەتتە بولسا ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى مۇقىملاشتۇرۇشنى ئويلاتتى. كۈچلۈك قىتان ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىش ئۈچۈن قارا قىتان خاندانلىقىنىڭ بىر مەلىكىسىگە ئۆيلەندى⑰ ۋە مۇشۇ مەلىكىسىنىڭ نەسىھىتى بىلەن خرىستىئاندىن بۇددىستقا ئايلاندى، شۇنداقلا پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ھەدەپ بۇددىزمنى تەرغىپ قىلىپ ئىسلام دىنىغا قاتتىق زەربە بەردى. چۇرۇق دەرد - ئەلەم ئىچىدە ئىككى يىلدىن كېيىن 1213 - يىلى ئۆلدى⑱.

كۈچلۈك، گۈرخان چۇرۇقنىڭ ئورنىغا ھۆكۈمران بولغاندىن كېيىن شەرقىي قاراخانىيلار خاندانلىقىنىڭ سەردارى مەھمۇد. ئىبىن. يۇسۇپنى ئازاد قىلىپ، قەشقەرگە ئۇزىتىپ قويدى. ئەمما قەشقەر ئاقسۆڭەكلىرى ئۇنىڭغا سوغوق مۇئامىلىدە بولدى ۋە سۇيىقەست پىلانلاپ، ئۇ شەھەرگە كىرگەندە قەلئە قوۋۇقىدا قەستلەپ ئۆلتۈردى. بۇ ۋەقە 1211 - يىلى يۈز بەرگەن بولۇپ، شەرقىي قاراخانىيلار خاندانلىقمۇ شۇنىڭ بىلەن ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى ئاياغلاشتۇردى. ئەمما قەشقەر رايونى كۈچلۈككە بەيئەت قىلمىدى. شۇڭا ھەر يىلقى يىغىم مەزگىلىدە كۈچلۈك قوشۇن ئەۋەتىپ ئۇلارنىڭ زىرائەتلىرىنى ۋەيران قىلىۋېتەتتى، ئوت قويۇپ كۆيدۈرىۋېتەتتى، پۇقرالار ئۈچ - تۆت يىل ئۇدا ھوسۇل

يىغىلمىغاچقا ئاچارچىلىق بولۇپ، قەشقەر رايونىمۇ كۈچلۈككە بويسۇنۇشقا مەجبۇر بولدى. ئۇ لەشكەر باشلاپ قەشقەرگە كىرگەندە ھەربىر ئۆيگە بىردىن لەشكەر ئورۇنلاشتۇرۇپ ”ئاش-تاماق ۋە يېتىپ قوپۇشتا بىر ئۆيدە تۇرغۇزدى، بۇنىڭ بىلەن ھەممىلا جايدا باسقۇنچىلىق، ئوت قويۇش، ئادەم ئۆلتۈرۈش ئەۋج ئالدى“.

كۈچلۈك قەشقەردىن قوشۇن تارتىپ خوتەنگە بېسىپ كىردى ۋە يەرلىك ئاھالىنى ئىسلام دىنىدىن يۈز ئۆرۈپ خرىستىئان ياكى بۇددىست بولۇشقا، قىستانلارنىڭ يەكتەكلىرىنى كىيىشكە مەجبۇرلىدى. يەرلىك مۇسۇلمانلار ئىلاجسىز قىتانلارنىڭ يەكتەكلىرىنى كىيدى، ئىسلام دىنىدىكى ئىبادەتلەر توختىتىلدى، مەدرىسلەر تاقالدى ۋە بۇزۇپ تاشلاندى. كۈچلۈك شۇ جايدىكى كاتتا ئۆلىما ئالائىددىن مۇھەممەدنى قاتتىق قىيىن - قىستاققا ئالغاندىن كېيىن، مەسچىت دەرۋازىسىغا مىخلاپ ئۆلتۈرۈۋەتتى. كۈچلۈكنىڭ بۇ ۋەھشىيانە زوراۋانلىق قىلمىشلىرى كەڭ خەلقنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك غەزىپىنى قوزغىدى⑲.

كۈچلۈك قەشقەر ۋە خوتەندە خەلقنى بوزەك قىلىپ يۈرگەندە ئىلى ۋادىسىدىكى قارلۇقلاردىن ئاۋزار⑳ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ ئالمىلىق (ھازىرقى قورغاس ناھىيىسىنىڭ غەربىي شىمالىغا 13 كىلومېتىر كېلىدىغان جايدا) نى ئىگىلىدى، كۈچلۈك بىرنەچچە قېتىم ھۇجۇم قىلىپ باققان بولسىمۇ، ھەممىسىدىلا مەغلۇپ بولدى. ئاۋزار چىڭگىزخانغا ئەلچى ئەۋەتىپ، ئاددىي نەۋكەر بولۇشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. چىڭگىزخان ئۇنىڭغا ئىنئام ۋە مەدەت بېرىپ، جۇجىخانغا ئاۋزار بىلەن قۇدىلىشىشنى بۇيرۇدى. كېيىن ئاۋزار شەخسەن موڭغۇلىيىگە بېرىپ چىڭگىزخاننى تاۋاپ قىلدى ۋە ئىززەت - ئىكرام، ئىنئام - ئېھسانغا مۇشەررەپ بولدى. ئالمىلىققا قايتقاندىن كېيىن ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىش ئۈچۈن دائىم

شىكارغا چىقىپ تۇردى. بىر كۈنى شىكار مەيدانىدا كۈچلۈكنىڭ نەۋكەرلىرى ئۇنى تىرىك تۇتۇۋالدى، ئۇلار ئاۋزارنى ئالمىلىق شەھەر سېپىلى ئالدىغا ھەيدەپ ئاپىرىپ قوۋۇقنى ئېچىشقا پەرمان قىلىشنى بۇيرۇدى، بۇ ۋاقىتتا موڭغۇل قوشۇنلىرى قىستاپ كېلىپ قالغاچقا كۈچلۈك ئىلاجسىز مۇھاسىرىنى بوشىتىپ چېكىندى ۋە بالاساغۇنغا قايتىش يولىدا ئاۋزارنى قەتل قىلدى(21). شۇنداق قىلىپ ئىلى ۋادىسى كۈچلۈكنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن پۈتۈنلەي قۇتۇلدى.

خارەزىم شاھى مۇھەممەد كۈچلۈكنىڭ قارا قىتان ھاكىمىيىتىنى قولغا كىرگۈزۈۋېلىپ چۇرۇقنىڭ ئورنىغا ھۆكۈمران بولۇۋالغانلىقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، دەرھال شەرققە قوشۇن تارتتى ۋە بالاساغۇنغا ئەلچى ماڭدۇرۇپ قارا قىتان دۆلىتىنى بۆلۈشۈۋېلىش ھەققىدە كۈچلۈككە: "بىز ئۇلارنى (قىتانلارنى) بىرلىكتە يوقاتتۇق، ئەمدى ئۇلارنىڭ دۆلىتىنى بۆلۈشۈۋېلىشىمىز كېرەك" دېدى. كۈچلۈك جاۋابەن: "مېنىڭ ساڭا قىلىچتىن باشقا بېرىدىغىنىم يوق، سىلەردە قىتانلارچىلىك جاسارەت يوق، دۆلىتىڭلار قىتانلارنىڭكىچىلىك شۆھرەتكە ئىگە بولالىغىنى يوق، شۇنداق بولغانىكەن سىڭگەن نېنىڭلارنى يەڭلار، بولمىسا سىلەرگە قوشۇن تارتىپ، قىتانلاردىنمۇ ئېغىر كۈنگە قويىمەن" دېدى. ئاندىن قوشۇنلارنى تەرتىپكە سېلىپ مۇھەممەدكە قارشى ئاتلاندى. مۇھەممەد كۈچلۈكنىڭ تۇرشاۋۇل قىسمىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، يان تەرەپتىن ھەربىي لاۋازىم قىسمىغا زەربە بەردى ۋە قوشۇن ئەۋەتىپ كۈچلۈكنىڭ پۇقرالىرىنى پاراكەندىچىلىككە سالدى. كۈچلۈك مۇھەممەدكە ئەلچى ئارقىلىق "ئوغرى - قاراقچىلارلا مۇشۇنداق قىلىدۇ، پادىشاھ بۇنداق قىلمايدۇ. ئەگەر سۇلتان بولىدىغان بولساڭ ئۆزۈڭ ئېيتقاندەك يۈزمۇيۈز سوقۇشايلى: ياكى سەن مېنى يېڭىپ قولۇمدىكى دۆلەتنى

تارتىۋال ياكى مەن شۇنداق قىلاي" دېدى. ئەمما مۇھەممەد بۇنىڭغا پىسەنت قىلماي شاش (هازىرقى ئۆزبېكىستاننىڭ تاشكەند شەھىرى)، سايرام (هازىرقى چىمكەنتنىڭ شەرقى)، كاسان (هازىرقى نەمەنگاننىڭ غەربىي شىمالى) ۋە پەرغانىدىكى شەھەر ئاھالىلىرىنى ماۋارائۇننەھرگە كۆچۈرۈپ كەتتى، ئاندىن بۇ شەھەرلەرنى كۈچلۈك ئىگىلىۋالمىسۇن، دەپ ھەممىسىنى ۋەيران قىلىپ تاشلىدى㉒. بۇ شۇ يەرلەرنىڭ ئىجتىمائىي - ئىقتىسادىي ئۇچۇن يوقىتىش خاراكتېردىكى بىر قېتىملىق بۇزغۇنچىلىق بولدى.

كۈچلۈك دۆلەت ئىچىدىكى ئىسيان، قوزغىلاڭ ۋە دەخلى - تەرۇزلار بىلەن پايپېتەك بولۇۋاتقاندا موڭغۇللارنىڭ چوڭ قوشۇنى 1217 - يىلى چۇ دەرياسى ۋادىسىغا كىردى، ئەسلىدىكى قارا قىتان خانلىقىنىڭ سانغۇن - نەۋكەرلىرى قوزغىلىپ بۇنىڭغا ئاۋاز قوشتى، شۇنىڭ بىلەن كۈچلۈك بالاساغۇندىن جەنۇبقا قاچتى. 1218 - يىلى موڭغۇل قوشۇنىنىڭ تاپ بېسىپ قوغلىشى بىلەن كۈچلۈك پامىرغا قېچىپ كەلدى ۋە ۋاخان كارىدورىنىڭ شەرقىدىكى داراز تېغىدا ئۆلتۈرۈلدى㉓.

شۇنىڭدىن كېيىن موڭغۇللار غەربكە تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ كىرىپ، تىغ ئۇچىنى ئوتتۇرا ئاسىيادا مۇشتۇمزورلۇق قىلىۋاتقان خارەزىمگە قاراتتى. 1218 - يىلى چىڭگىزخاننىڭ خارەزىمگە ئەۋەتكەن سودا كارۋىنى ئوترااردا بۇلاپ - تالاندى ۋە تامام قەتل قىلىندى، بۇ ئىشتىن كېيىن چىڭگىزخان خارەزىم شاھىغا ئەلچى ئەۋەتىپ سۆزلەشمەكچى بولدى، ئەلچىلەرنىمۇ ئۆلتۈرۈپ تاشلىدى. سىرتقا قارىتا ھەدەپ بويسۇندۇرۇش يۈرۈشى ئېلىپ بېرىۋاتقان موڭغۇللار بۇ ئىشقا تاقەت قىلالمايتتى. شۇنىڭ بىلەن 1219 - يىلى كۈزدىن كېيىن چىڭگىزخان قوشۇن تارتىپ ماۋارائۇننەھرگە ھۇجۇم

باشلىدى ۋە تەڭداشسىز قۇدرەتكە ئىگىدەك كۆرۈنگەن خارەزىم دۆلىتىنى ناھايىتى تېزلىكتە يىمىرىپ تاشلىدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى بىر يېڭى دەۋرگە—موڭغۇل ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىگە قەدەم قويىدى.

## 2. موڭغۇللار ھۆكۈمرانلىقىدىكى غەربىي يۇرتتا ئىسلام دىنىنىڭ تەرەققىي قىلىشى

چىڭگىزخان ۋاپات بولۇشتىن ئىلگىرى ئۆزى قۇرغان ئىمپېرىيىسىنى ئائىلە مۈلكى قاتارىدا سۇيۇرغال قىلىپ، موڭغۇللارنىڭ ئانا ماكانى ۋە غەربتىكى بويسۇندۇرۇلغان كەڭ رايونلارنى تۆت ئوغلىغا بۆلۈپ بەردى: چوڭ ئوغلى جۇجىغا دەشتى قىپچاقنى، ئىككىنچى ئوغلى چاغاتايغا ئۇيغۇرلار زېمىنىدىن تاكى ئىلى دەريا ۋادىسى ئارقىلىق ماۋارائۇننەھرگىچە تۇتاشقان جايلارنى، ئۈچىنچى ئوغلى ئوكتايغا ھازىرقى شىنجاڭنىڭ چۆچەك، ئالتاي رايونلىرى ۋە موڭغۇللارنىڭ ئەسلىي زېمىنىنىڭ غەربىي قىسمىنى، تۆتىنچى ئوغلى تولىغا چىڭگىزخاننىڭ چوڭلۇقىنىڭ شىمالىدىكى ئەسلىي تېررىتورىيىسىنى بۆلۈپ بەردى. ئۇنىڭدىن باشقا ئىدىقۇت ئۇيغۇر پادىشاھى چىڭگىزخاننىڭ ئالاھىدە مەرھەمىتىگە ئېرىشىپ، غەربىي يۇرتنىڭ شەرقىدىكى ئەسلىدىكى زېمىنلىرىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋەردى.

بىراق، موڭغۇل دۆلىتى دەۋرىدە غەربىي يۇرتنىڭ ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقى ئاساسەن يەنىلا موڭغۇللارنىڭ چوڭ خانىنىڭ قولىدا ئىدى. غەربىي يۇرتتىكى بوستانلىق رايونلىرىنى چوڭ خان بىۋاستە ئەمەلدار ئەۋەتىپ باشقۇراتتى، ئۇلار ماۋارائۇننەھرلىك چوڭ سودىگەر مەھمۇد يالۋاچ ۋە ئۇنىڭ ئوغلى مەسئۇدنى باج -

سىلىق يىغىش قاتارلىقلارغا مەسئۇل قىلىپ بېكىتكەنىدى. مۆڭكە خان دەۋرىگە كەلگەندە بەشبالىق رايونى ۋە ئامۇ دەرياسى ۋادىسىدا ۋاقىتلىق دىۋان ۋازارىتى تەسىس قىلىنىپ، بىر تۇتاش باشقۇرۇش كۈچەيتىلدى. سۇيۇرغاللىققا ئېرىشكەن چاغاتاي، ئوكتاي ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى غەربىي يۇرتتىكى يايلاقلاردا كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانسىمۇ پەقەت سۇيۇرغال يەرلەردىن يىغىلغان باج ـ سېلىقنىڭ بىر قىسمىدىنلا بەھرىمەن بولالايتتى. قۇبىلاي بۇيۇك موڭغۇل دۆلىتىنىڭ چوڭ خانلىق تەختىنى تارتىۋالغاندىن كېيىن، يۈەن سۇلالىسىنى قۇرۇپ چىقتى. چوڭ خان نوپۇزىنىڭ ئاجىزلىشىشىغا ئەگىشىپ چاغاتاي، ئوكتاي قاتارلىقلارنىڭ ئەۋلادلىرى بىرلىشىپ يۈەن سۇلالىسىگە قارشى چىقتى ۋە موڭغۇل چوڭ خانىنىڭ قوشۇنلىرى بىلەن تۇرپان، بەشبالىق، ئالتاي ئەتراپلىرىدا شىددەتلىك جەڭلەرنى قىلدى. يۈەن سۇلالىسى قوشۇنلىرىنىڭ كۆپ قېتىملىق زەربىسى بىلەن 1306-يىلى ئوكتاي ئەۋلادىدىن چابار يۈەن سۇلالىسىگە تەسلىم بولدى. باشقا بەگ ـ سىپاھلارمۇ ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ چوڭ خانغا ئەل بولدى. چابار يۈەن سۇلالىسىگە تەسلىم بولغاندىن كېيىن ئوكتاي ئۇلۇسى مەۋجۇت بولۇشتىن قالدى، ئۇنىڭ سۇيۇرغال زېمىنىنى چاغاتاي ئۇلۇسى قوشۇۋالدى. شۇنداق قىلىپ، شەرق تەرەپتىكى تۇرپان، قۇمۇل رايونلىرىنى ھېساب قىلمىغاندا غەربىي يۇرت پۈتۈنلەي چاغاتاي خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا ئۆتتى.

موڭغۇللارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ئىستىلاسى گەرچە ئىسلام مەدەنىيىتىنى ئاساسىي ئالاھىدىلىك قىلغان ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتىنى بىر مەھەل ئېغىر ۋەيرانچىلىققا مۇپتىلا قىلغان بولسىمۇ، ئەمما ئىسلام دىنىنىڭ بۇ رايوندا تېخىمۇ كەڭ تارقىلىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىغا توسقۇنلۇق قىلمىدى. موڭغۇل

ئىستىلاچىلىرى شامان ۋە نېستورىيان دىنلىرىنىڭ مۇرىتلىرى ئىدى، كېيىنچە بۇددىزمغا ئېتىقاد قىلغانىدى، ئەمما ئۇلار ھۆكۈمرانلىق قىلغان جايلاردا دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى يولغا قويۇپ، ئۆزلىرى ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان ئاھالىلەرنىڭ دىنىي ئېتىقادىغا ئارىلاشمىدى. بۇ خىل سىياسەت، يېتەكچى ئورۇندا تۇرۇۋاتقان ئىسلام دىنىنىڭ تەرەققىياتىغا شەك-شۈبھىسىز پايدىلىق ئىدى، بولۇپمۇ كۈچلۈكنىڭ دىنىي زۇلمىدىن ئازاد بولغان قارا قىتان تېررىتورىيىسىدىكى ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىدا ئوبيېكتىپ جەھەتتىن تۈرتكىلىك رول ئوينىدى، شۇنداقلا بۇ رايوننىڭ ئىسلاملىشىش قەدىمىنى تېزلەتتى.

ئىسلام دۇنياسى ئىچىدە تۇرۇۋاتقان غەربىي يۇرتتىكى موڭغۇل ھۆكۈمرانلىرى موڭغۇللارنىڭ ئەنئەنىۋى ئادەتلىرىنى قەتئىيلىك بىلەن ساقلاپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، ئوبيېكتىپ جەھەتتىن تەرەققىي تاپقان ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراشتىن ساقلىنىشقا چارىسىز ئىدى. شۇڭا ئۇلار ئىستىخىيىلىك ھالدا ئىسلاملىشىشقا يۈزلەندى. تېخى چاغاتاي دەۋرىدىلا ئىسلام مەدەنىيىتىگە زوقلىنىپ كەتمەيدىغان بۇ ئىستىلاچىلار بۇ خىل مەدەنىيەتنىڭ قورشاۋىغا چۈشۈپ بولغانىدى. چاغاتاي مۇسۇلمانلاردىن ئۆزىنىڭ خاس تېۋىپلىقىغا تەيىن قىلىپلا قالماي يەنە ئوتتۇرا ئاسىيالىق مۇسۇلمان ھەبەش ھەمىدكە بەكلا ئىشىنەتتى، بۇ چوڭ سودىگەر چاغاتاي خانغا زور تەسىر كۆرسىتەلەيتتى. ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىدە ئوتتۇرا ئاسىيادا ماكانلاشقان بىر قىسىم موڭغۇل قەبىلىلىرى تەدرىجىي تۈركلىشىش بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە تەدرىجىي ئىسلاملاشتى، ئولتۇراق تۇرمۇشقا يۈزلىنىپ، ئەسلىدىكى كۆچمەن چارۋىچىلىق تۇرمۇش شەكلىدىن ئاستا - ئاستا قول ئۈزۈپ، دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللاندى. XIII ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا

چاغاتاي خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىرىدىن مۇبارەك شاھ، بوراق شاھ قاتارلىقلار ئولتۇراق تۇرمۇشقا بولغان روشەن مايىللىقىنى ئىپادىلىگەن ۋە ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغانىدى. XIV ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە بۇ خىل يۈزلىنىش تېخىمۇ كۈچەيدى. چاغاتاي ئەۋلادلىرىدىن دۇۋا ئۆلگەندىن كېيىن خانلىق تەختىنى تالىشىش كۆرىشىنى چۆرىدىگەن ھالدا ئۇنىڭ ئىككى ئوغلى ئېسەن بۇقا ۋە كېپەك ئۆز ئەتراپىغا بىر تۈركۈم ئەگەشكۈچىلەرنى يىغدى. ئېسەن بۇقا موڭغۇللارنىڭ ئۆز ئادەتلىرىنى قوغداش تەرەپدارلىرىنىڭ ۋەكىلى ئىدى، ئۇنىڭ ئىنىسى كېپەك بولسا ئولتۇراق دېھقانچىلىق تۇرمۇشىغا يۈزلىنىشنى تەشەببۇس قىلاتتى. XIV ئەسىرنىڭ 20-يىللىرى كېپەك ھۆكۈمرانلىق مەركىزىنى يەتتىسۇ ۋادىسىدىكى چارۋىچىلىق رايونىدىن ماۋارائۇننەھردىكى دېھقانچىلىق رايونىغا كۆچۈردى ۋە ئۆز ئەگەشكۈچىلىرى بىلەن بىرلىكتە ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلدى. ئېسەن بۇقا بولسا ئەنئەنىۋى كۆچمەن چارۋىچىلىق تۇرمۇش ئادىتىدە چىڭ تۇرۇپ ئالمىلىقتا بارگاھ تىكتى. ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش نەتىجىسىدە خانلىق ھوقۇق ئاجىزلاپ، چىڭگىزخان ئەۋلادلىرىدىن بولمىغان ھەربىي ئاقسۆڭەكلەرنىڭ تەسىرى كۈچەيدى. 1346 - يىلى ماۋارائۇننەھرنى كونترول قىلىپ تۇرۇۋاتقان بارلاس قەبىلىسىدىن قازغان چاغاتاي خانلىقىنىڭ خانى قازان سۇلتان خاننى ئۆلتۈرۈپ، ئوكتاي جەمەتىدىكى قايدۇنىڭ ئوغلى داشمانىنى خانلىق تەختىگە چىقاردى. باشقا قەبىلىلەردىكى ھەربىي ئاقسۆڭەكلەر بارلاس جەمەتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا بويسۇنماي، ئارقا-ئارقىدىن چىڭگىزخان ئەۋلادلىرىنى خان قىلىپ تىكلەپ، ئۇنىڭ بىلەن قارشىلاشتى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن خاننىڭ نوپۇزى ئاستا - ئاستا يوقىلىپ، خان ئەمەلىيەتتە ئەمىرلەر ۋە ئاقسۆڭەكلەرنىڭ قولىدىكى ئويۇنچۇققا

ئايلىنىپ قالدى، خانلىق قالايمىقانچىلىق ۋە تەپرىقىچىلىككە پېتىپ قالدى.

ھەرقايسى موڭغۇل قەبىلىلىرىدىكى ھەربىي ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ھاكىمىيەت ۋە زېمىن تالىشىش ئۇرۇشلىرى داۋامىدا، چاغاتاي خانلىقىنىڭ شەرقىدە ماۋارائۇننەھردىكى بارلاس جەمەتى ئەمىرلىرى بىلەن تىركىشەلىگۈدەك كۈچ سۈپىتىدە دوغلات ئەمىرلىرى باش كۆتۈرۈپ چىقتى. دوغلات ئەمىرلىرىدىن بۇلاجى "خانلىق تەختىنىڭ بوش تۇرغانلىقى"، "خان ئەۋلادلىرىنىڭ يولەنچۇكسىز قالغانلىقى"نى كۆرۈپ، "خاندىن بىرنى تىكلەپ، دۆلەت تەرتىپىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى قارار قىلدى". بىر مەزگىل ئىزدەپ يۈرۈپ، ئاخىر ئېسەن بۇقا خاننىڭ ئوغلى تۇغلۇق تۆمۈرخاننى تاپتى ۋە ھىجرىيە 748 - يىلى (1347—1348) ئاقسۇدا تەختكە چىقاردى㉔. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن چاغاتاي خانلىقى رەسمىي تۈردە شەرقىي چاغاتاي خانلىقى ۋە غەربىي چاغاتاي خانلىقى دەپ ئىككى قىسىمغا بۆلۈنۈپ كەتتى. تۇغلۇق تۆمۈرخان ۋە ئۇنىڭ ۋارىسلىرى پۈتۈن كۈچىنى خانلىقنىڭ بىرلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا قاراتقان، بىرنەچچە قېتىم ماۋارائۇننەھرگە قوشۇن چىقىرىپ ۋاقتىنچە مەقسىتىگە يەتكەن بولسىمۇ، ئەڭ ئاخىرى يەنىلا مەغلۇپ بولدى ۋە ئۆزىنىڭ شەرقىي قىسىمدىكى ھۆكۈمرانلىقىنىلا ساقلاپ قالالىدى. تۇغلۇق تۆمۈرخان ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ھۆكۈمرانلىق قىلغان رايون تارىختا "شەرقىي چاغاتاي خانلىقى" دەپ ئاتالدى. چاغاتاي خانلىقىنىڭ غەربىي قىسمى بولسا بارلاس قەبىلىسىنىڭ ئەمىرى تۆمۈر ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى تەرىپىدىن ئىدارە قىلىنىپ تارىختا "تۆمۈر ئىمپېرىيىسى" ياكى "تۆمۈرىيلەر سۇلالىسى" دەپ ئاتالدى.

شەرقىي چاغاتاي خانلىقىدىكى ئەمەلىي ھوقۇق دوغلاتلارنىڭ قولىدا ئىدى، تۇغلۇق تۆمۈرخان بولسا قورچاق خان بولۇپ

تۇرۇشنى ئەسلا خالىمايتتى، خانلىق ھوقۇقىنى زورايتىش ئۈچۈن ئۇ ئۆزىگە قوللىغۇچى تېپىشقا تىرىشتى. ئىسلام دىنى شۇ دەۋر شارائىتىدا كۈچلۈك ئىجتىمائىي تەسىرگە ئىگە ئىدى، بولۇپمۇ جەنۇبىي قىسمىدىكى دېھقانچىلىق رايونلىرى ئۆتمۇشتە ئاساسەن شەرقىي قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ زېمىنى بولۇپ، بۇ جايدىكى ئاھالىلەرنىڭ كۆپ قىسمى مۇسۇلمان ئىدى، باشقا رايونلاردىكى ئىسلام كۈچلىرىمۇ كۈنسېرى زورىيىۋاتقان بولۇپ، ئىسلاملىشىش ئاللىقاچان تارىخىي مۇقەررەرلىك بولۇپ قالغانىدى. بۇ خىل تارىخىي شارائىتتا تۇغلۇق تۆمۈرخان ئاقسۇدىكى شەيخ جامالىدىنغا يولۇقتى. ئەينى ۋاقىتتا تۇغلۇق تۆمۈرخان تېخى دوغلات ئەمىرلىرىنىڭ تەھتىدى بىلەن رەسمىي خانلىق تەختكە ئولتۇرمىغانىدى. ئۇ سەزگۈرلۈك بىلەن ئىسلام دىنىنىڭ زور سىياسىي تەسىرگە ئىگە يوشۇرۇن كۈچ ئىكەنلىكىنى، ئەگەر ئۆزى مۇسۇلمان بولۇپ، خانلىقتىمۇ ئىسلام دىنىنى يولغا قويسا خانلىقتا كەڭ تەسىر پەيدا قىلىپلا قالماي، يەنە زور قۇدرەتكە ئىگە ئىسلام دىنى دۇنياسىنىڭ قوللىشىنى، خەلقنىڭ ھىمايىسىنى قولغا كەلتۈرگىلى، شۇنداقلا بۇ كۈچلەردىن پايدىلىنىپ دوغلات جەمەتىنىڭ كونتروللۇقىدىن قۇتۇلۇپ چاغاتاي خانلىقىنىڭ ئىسمى-جىسمىغا لايىق خانى بولغىلى بولىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتتى. بۇ خىل سىياسىي ئېھتىياجنى كۆزدە تۇتۇپ، تۇغلۇق تۆمۈرخان دەرھال شەيخ جامالىدىنغا مۇسۇلمان بولۇش ئارزۇسىنى ئىزھار قىلدى ۋە رەسمىي خان بولغاندىن كېيىن مۇسۇلمان بولغانلىقىنى دەرھال جاكارلاشقا ۋەدە بەردى㉕.

شەيخ جامالىدىن ”بۇخارالىق خوجا ھافىزىدىنىنىڭ [ئەڭ ئاخىرقى مۇجتەھىد] ئىنىسى خوجا شۇجائىدىنىنىڭ ئەۋلادى“㉖ ئىدى. موڭغۇل قوشۇنلىرى ئوتتۇرا ئاسىيانى بويسۇندۇرغاندىن

كېيىن شۇجائىدىن قاراقۇرۇمغا ئېلىپ كېتىلگەن، ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى قېقىلىپ - سوقۇلۇپ يۇرۇپ تۇرپان بىلەن خوتەننىڭ ئارىلىقىدىكى لوب كەتەك دېگەن جايغا كېلىپ قالغان. ئەمما ئۇلارنىڭ بۇ رايوندىكى دىن تارقىتىش پائالىيىتى زور ئۇنۇمگە ئېرىشەلمىگەن. XIV ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى كەتەك قۇم بورىنىنىڭ زەربىسىگە ئۇچرىغاندا خوجا جامالىدىن بۇ جاينى تەرك ئېتىشكە مەجبۇر بولغان، ئەمما كۆتۈلمىگەن يەردە ئاقسۇدا دىنىي كۈچلەرنىڭ قوللىشىغا تەشنا بولۇۋاتقان تۇغلۇق تۆمۈرگە يولۇقۇپ قالغان. ئەمما جامالىدىن ئۇزاققا قالماي ۋاپات بولۇپ كەتكەچكە تۇغلۇق تۆمۈرخانغا ئىمان ئېيتقۇزۇش ۋەزىپىسىنى جامالىدىننىڭ ئوغلى مەۋلانە ئەرشىدىن ئورۇنلىدى.

تۇغلۇق تۆمۈرخان ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭ خانلىقتا يۈرگۈزۈلىدىغانلىقىنى جاكارلىغاندا شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنى كونترول قىلىپ تۇرۇۋاتقان دوغلات جەمەتى دەرھال مۇناسىپ تەدبىر قوللاندى ۋە ئۆزلىرىنىڭ ئالدىقاچان مۇسۇلمانلىقىنى، ئەمما تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ قارشى تۇرۇشىدىن قورقۇپ ئاشكارا قىلالمىغانلىقىنى جاكارلىدى. شۇنداق قىلىپ دوغلات جەمەتى شەرقىي چاغاتاي خانلىقىدىكى موڭغۇل بەگ - سىپاھلىرى ئارىسىدا ئەڭ ئاۋۋال مۇسۇلمان بولغانلار بولۇپ قالدى. كەڭ مۇسۇلمانلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىش، خانلىقنىڭ چوڭ ھوقۇقىنى مەھكەم كونترول قىلىش، خان ھوقۇقىنىڭ زورىيىشىنى چەكلەش ئۈچۈن دوغلات ئەمىرلىرىمۇ تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ ئىسلام دىنىنى كېڭەيتىشكە پائال ياردەملەشتى.

شۇنداقتىمۇ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىش يەنىلا بىر قىسىم قەبىلىلەرنىڭ قارشىلىقىغا دۇچ كەلگەندى. «تارىخى رەشىدىي» دىكى خاتىرىلەرگە قارىغاندا جوراس قەبىلىسى دەسلەپ قارشى

تۇرغان، كېيىنكى جىددىي ئېلىشىشتا غەيرىي دىن مۇرىتلىرى (كۇففارلار) مەغلۇپ بولغان، "كىشىلەر شادلىقتا چۆمۈپ شۇ كۈنىلا 160 مىڭ كىشى ئۆز ئۆزى چاچلىرىنى كېسىۋېتىپ ئىسلام دىنىغا كىرگەن"، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن "ئىسلام دىنى پۈتكۈل چاغاتاي خانلىقىدا تارقىلىشقا باشلىغان"㉗.

مەۋلانە ئەرشىدىننىڭ دىن تارقىتىش پائالىيىتى سىياسىي ئېھتىياجىنى كۆزلەۋاتقان تۇغلۇق تۆمۈرخان ۋە خانلىقنىڭ ئەمەلىي ھوقۇقىنى تۇتۇپ تۇرۇۋاتقان دوغلات جەمەتىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى، تۇغلۇق تۆمۈرخان مەۋلانە ئەرشىدىنگە تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدا ئەۋلادمۇئەۋلاد ۋارىسلىق قىلىنىدىغان ئالىي دىنىي ئىمتىيازنى بەردى ۋە كۇچادا ئەرشىدىننىڭ خاس باشقۇرۇشىدىكى خانىقادىن بىرنى سېلىپ بېرىپ، دىن تارقىتىش مەركىزى قىلدى㉘. دەرۋەقە بىر قورچاق خاننىڭ ئەمىر - پەرمانلىرى ھېچقانچە رول ئوينىيالمايتتى، ئەرشىدىننىڭ ھەقىقىي دىنىي داھىي بولۇشى ئەمەلىي ھوقۇقنى تۇتۇپ تۇرۇۋاتقان دوغلات جەمەتىنىڭ قوللاپ - قۇۋۋەتلىشىگە باغلىق ئىدى. كېيىنچە تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ ماۋارائۇننەھرنى بويسۇندۇرۇشىغا ئەگىشىپ، خانلىق ھوقۇقى تەدرىجىي زورايدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا تۇغلۇق تۆمۈرخان ئەمىر بۇلاجىنىڭ ۋاپات بولغانلىقىدىن پايدىلىنىپ، دوغلات قەبىلىسىنىڭ يېتەكچىلىك ھوقۇقىنى ئۇنىڭ كەنجى ئوغلى خۇدايداتقا تۇتقۇزۇپ قويدى ۋە شۇ ئارقىلىق مەزكۇر جەمەتنىڭ تەسىرىنى ئاجىزلىتىپ، خانلىق ھوقۇقىنى تېخىمۇ كۈچەيتتى. شۇنداق قىلىپ، تۇغلۇق تۆمۈر زور كۈچ بىلەن ئەرشىدىن جەمەتىنى قوللاپ، بۇ دىنىي كۈچنىڭ تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىغا ئومۇمىيۈزلۈك تارقىلىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بەردى. دىنىي روھتىكى بىرلىك ئۆز نۆۋىتىدە ھوقۇقنى مەركەزگە

مەركەزلەشتۈرۈشنى كۈچەيتىشكە تۈرتكە بولدى، بۇ خىل ئۆزگىرىش ئىلگىرى سۈرۈلۈش جەريانىدا ئەرشىدىن جەمەتى تەدرىجىي ھالدا شەرقىي چاغاتاي خانلىقىدىكى بىر قۇدرەتلىك دىنىي كۈچ بولۇپ شەكىللەندى. ئۇلار كىشىلەرنىڭ روھىي دۇنياسىنى كونترول قىلىپلا قالماستىن يەنە خانلىقنىڭ ھەربىي ۋە سىياسىي پائالىيەتلىرىگە بىۋاسىتە ئىشتىراك قىلدى. مەسىلەن، XV ئەسىرنىڭ باشلىرىدا خىزىر خوجا تۇرپانغا قارىتا ”غازات“ قوزغىغاندا ئەرشىدىننىڭ ئىككىنچى ئوغلى ئوبۇل فاتىھ ئاساسلىق قوماندان بولۇش سۈپىتى بىلەن مۇشۇ يەردە ”شېھىت“ بولغان㉙. مەزكۇر جەمەت يەنە دىنىي ئىمتىيازغا تايىنىپ ھەرقايسى جايلاردىكى ئەمىرلەرگە تەسىر كۆرسىتەتتى ھەتتا جايلارنىڭ يەرلىك ئىشلىرىغىمۇ ئارىلىشاتتى. ئەرشىدىن جەمەتىنىڭ كۈنسېرى زورىيىشىغا ئەگىشىپ، خان ئوردىسى يۆلەپ تۇرغۇزغان بۇ دىنىي كۈچ تەدرىجىي دۆلەت ئىشلىرىغا ئارىلىششقا باشلىدى ۋە دوغلات جەمەتى بىلەن دۈشمەنلىشىدىغان كۈچلەردىن بولۇپ قالدى، بۇ دىنىي كۈچ ھەم خانلىق ھاكىمىيىتىنىڭ كۈچلۈك قوللىغۇچىسى، ھەم خانلىقنىڭ ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا ئارىلاشقۇچى ئىدى.

تۇغلۇق تۆمۈرخان 15 يىل [ھىجرىيە 748 - يىلى (1347—1348) دىن ھىجرىيە 764 - يىلى (1362—1363) غىچە] تەختتە ئولتۇردى. ئۇ ۋاپات بولغاندىن كېيىن چوڭ ئوغلى ئىلياس خوجا تەختكە چىقىپ، بىر يىلدىن كېيىن دوغلات ئەمىرى قەمەرىدىن تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. قەمەرىدىن چاغاتاي ئەۋلادلىرىنىڭ ”قانۇنلۇق“ ھۆكۈمرانى بولۇۋېلىپ ئىچكى ئۇرۇش قوزغىدى. غەربتىكى تۆمۈرىيلەر ئىمپېرىيىسى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ كۆپ قېتىم قوشۇن تارتتى ۋە تۇرپانغىچە قىستاپ

كەلدى.

قەمەرىددىن جەڭدە ئۆلگەندىن كېيىن، 1389 - يىلى تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ كەنجى ئوغلى خىزىر خوجا دوغلات قەبىلىسىدىكى ئەمىر خۇدايداتنىڭ يۆلىشى بىلەن خانلىق تەختكە چىقىپ، چاغاتاي ئەۋلادلىرىنىڭ خانلىقتىكى ھۆكۈمرانلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈردى ۋە بەشبالىقتا بارگاھ تىكتى، شۇڭا مىڭ سۇلالىسى تارىخنامىلىرىدا شەرقىي چاغاتاي خانلىقى «بەشبالىق دۆلىتى» دەپ ئاتالغان. خىزىر خوجا تەختكە چىقىپ ئۇزۇن ئۆتمەي مىڭ سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتتى، ئەلچى 1391 - يىلى نەنجىڭگە يېتىپ كەلگەندە دەبدەبىلىك كۈتۈۋېلىشقا ۋە ئىنئامغا مۇيەسسەر بولدى، مىڭ تەيزۇمۇ جاۋابەن ئەلچى ماڭدۇردى. شۇنىڭدىن تارتىپ شەرقىي چاغاتاي خانلىقى بىلەن مىڭ سۇلالىسى ئەلچىلىرى بېرىش - كېلىشنى ئۈزۈپ قويماي، سىياسىي-ئىقتىسادىي جەھەتتىكى زىچ مۇناسىۋەتنى ساقلاپ كەلدى.

خىزىر خوجا دەۋرىدە خانلىق مۇستەھكەملىنىپ تەرەققىي تاپتى ۋە قورال كۈچى بىلەن تۇرپان رايونىنى قوشۇۋېلىپ بۇ جايدا ئىسلام دىنىنى مەجبۇرىي يولغا قويدى(30). مانا مۇشۇ مەزگىلدە شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ چېگرالىرى ئاساسەن مۇقىملاشتى، بۇ چېگرالار تۆۋەندىكى ئۈچ قىسىمدىن تەركىب تاپتى: (1) موغۇلىستان، يەنى «موڭغۇللارنىڭ يېرى» دېگەن مەنىدە. بۇ يەر شەرقتە ئالتاي تېغىدىن غەربتە تالاس دەرياسىنىڭ شەرقىدىكى قۇملۇقچە، شىمالدا تارباغاتاي تېغىدىن جەنۇبتا تەڭرىتاغنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا بالقاش كۆلى ئەتراپلىرىغىچە. (2) ماڭلاي - سۇيە. بۇ — دوغلات ئەمىرلىرىنىڭ سۇيۇرغاللىق زېمىنى بولۇپ، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى «ئالتە شەھەر» رايونى (قەشقەر، يېڭىسار، يەركەن، خوتەن، ئاقسۇ ۋە ئۈچتۇرپان) نى ۋە پامىرنىڭ غەربىدىكى پەرغانە

رايوننى، بەزىدە تاشكەنت رايوننىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. (3) ئۇيغۇرىستان، "ئۇيغۇرلارنىڭ يېرى" دېگەن مەنىدە، تۇرپان ۋە قاراشەھەر رايونلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، بەزىدە كۇچانىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ㉛.

تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ مۇسۇلمان بولۇشى پەقەت شەرقىي چاغاتاي خانلىقىدىكى موڭغۇل قەبىلىلىرىدە ئىسلام ئېتىقادىنىڭ باشلىنىشى بولۇپ، بۇ مەزگىللەردە ئىسلام دىنى تېخى بەگ ـ سىپاھلار ئارىسىدىلا تارقىلىۋاتقانىدى، كەڭ ئاۋام-پۇقرالار بولسا ئۇنى دەماللىققا قوبۇل قىلىپ كېتەلمەيتتى، خانلىقتىكى موڭغۇل قەبىلىلىرىنىڭ ئېتىقاد ئەھۋالىدىمۇ چوڭ ئۆزگىرىشلەر بولمىغانىدى. بۇ خىل ئەھۋال خىزىر خوجىنىڭ ئوغلى مەھمۇدخان تەختكە ئولتۇرغان مەزگىللەردىلا [ھىجرىيە 810 - يىلى (1407 — 1408) دىن ھىجرىيە 818 - يىلى (1415 — 1416) غىچە] ئاندىن روشەن ئۆزگىرىشكە باشلىدى. مەھمۇدخان ئەسەبىي مۇسۇلمان برلۇپ، خانلىق تەۋەسىدە تولىمۇ ۋەھشىيانە ۋاستىلەر ئارقىلىق ئىسلامنى ئومۇملاشتۇرغانىدى، قايسى موڭغۇل سەللە يۆگىمىسە بېشىغا ئات تاقىسىنى قاقتۇراتتى، "شۇڭا ئۇ تەختتە ئولتۇرغان خاسىيەتلىك مەزگىلدە كۆپ ساندىكى موڭغۇللار مۇسۇلمان بولۇپ بولغانىدى"㉜.

## § 2 نەقشبەندىيە تەرىقىتىنىڭ باش كۆتۈرۈشى

### 1. نەقشبەندىيە تەرىقىتىنىڭ بارلىققا كېلىشى

سوپىزم ئىسلام دىنىدىكى تەركىدۇنياچىلىق ۋە مىستىزم مۇرىتلىرىنىڭ ئومۇمىي نامى، "سوپى" سۆزى "يىرىك يۇڭدىن

توقۇلغان كىيىم"، "خام توقۇلما" دېگەن مەنىلەردە بولۇپ، مەزكۇر مەزھەپتىكىلەرنىڭ نامرات، تەركىدۇنيا تۇرمۇش كەچۈرىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. سوپىزم ئىسلامىيەتنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىكى جاپا-مۇشەققەتكە بەرداشلىق بېرىش، تەركىيدۇنياچىلىق تەلىماتىدىن ۋۇجۇدقا چىققان ۋە پەيدىنپەي راۋاجلانغان، ئىسلامىيەت گۈللەنگەن دەسلەپكى دەۋرلەردە بىر قىسىم تەقۋادار مۇرىتلار جاپا - مۇشەققەتلىك زاھىدلىق يولىنى چىقىش نۇقتىسى قىلغان ھالدا «قۇرئان» دىكى ئاتا - ئانىلارنى ھۆرمەتلەش، سەۋرى - تاقەت، ئىنساپ، ئىتائەتچان بولۇش، خەير-ئېھسان قىلىش، كەمتەر - كىچىك پېئىل بولۇش قاتارلىق ۋەز-پەرھىزلەرگە قاتتىق بويسۇنۇپ، ئاددىي - ساددا، نامرات، جاپالىق ھەتتا يەككە تۇرمۇش كەچۈرگەن ۋە ئىسلام دىنىدىكى غۇربەتچىلىككە كۆنۈش ۋە تەركىدۇنياچىلىقنى شەكىللەندۈرگەن. ئۇنىڭ ۋەكىل خاراكتېرلىك پېشىۋاسى ئۇمەييا سۇلالىسىدىكى مەشھۇر ئىلاھىيەتچى ھەسەن بەسرى ئىدى، ئۇ دىنىي تۇرمۇش جەھەتتە تەقۋادارلىق، جىمجىتلىق ۋە نامراتلىققا زارلىماسلىقتەك زاھىدلىق تەلىماتىنى؛ ئىلاھىيەتتە چوڭقۇر تەپەككۇر، ئۆز - ئۆزىدىن ئېھتىيات قىلىش ۋە ئاللانىڭ ئىرادىسىگە مۇتلەق بويسۇنۇش، شۇ ئارقىلىق بەندە بىلەن ئاللانىڭ ئىرادىسىنى ماسلاشتۇرۇش مەقسىتىگە يېتىشنى تەشەببۇس قىلدى. ئۇ كېيىنكى ۋاقىتلاردا شەكىللەنگەن سوپىزم تەرىپىدىن مەزكۇر مەزھەپنىڭ ئاساسچىسى دەپ تەرىپلەندى.

VIII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن خرىستىئان دىنى، نېستورىيان دىنى، يېڭى پىلاتونىزم ۋە پارس، ھىندى ئىدىيىلىرى ئىسلام دۇنياسىغا سىڭىپ كىرىشكە باشلىدى. بۇنىڭ تەسىرى بىلەن ئىسلام مىستىزمى زاھىدلىق ۋە تەركىدۇنياچىلىق تەلىماتلىرى

ئاساسىدا راۋاجلىنىشقا باشلىدى، ئىسلام مىستىزمى مۇخلىسلار بىلەن ئاللا ئوتتۇرىسىدىكى بىۋاستە سىزىمغا ئېرىشىشنى مەقسەت قىلاتتى. IX ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە مىستىزم تېخىمۇ راۋاجلاندى، تېئوسوپىيە ئىدىيىسى پەيدا بولۇپ، پەقەت ئاللانى ياد ئېتىش ئارقىلىقلا ئاللانى ھەقىقىي تونۇغىلى، شۇنداقلا بەندە بىلەن ئاللانىڭ بىرىكىشىگە يەتكىلى بولىدۇ دەپ قارىدى. بۇنداق تېئوسوپىيە ئىدىيىسىنىڭ بارلىققا كېلىشى سوپىزمنىڭ ئاساسىي جەھەتتىن شەكىللىنىپ بولغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. IX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن مىستىزملىق تېئوسوپىيە ئىدېئولوگىيىسى تېخىمۇ راۋاجلىنىپ پانئىسلامچىلىق ئىدېئولوگىيىسى بولۇپ شەكىللەندى. بۇ ئىدېئولوگىيە زاھىدلىق يولى (رىيازەت) ئارقىلىق بەندە بىلەن ئاللانىڭ بىرلىكىنى ئىشقا ئاشۇرماقچى بولدى.

سوپىزمنىڭ مىستىزملىق ئىدىيىلىرى، بولۇپمۇ پانئىسلامچىلىق نەزەرىيىسى بەكلا رادىكال بولغاچقا، ئىسلام ئەنئەنىۋى مەزھەپلىرىنىڭ كۈچلۈك قارشىلىقى ۋە زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىدى. بۇ ئەھۋال سوپىزمنى ماداراچىلىق شەكلى ئارقىلىق ئەنئەنىۋى ئېتىقادچىلار بىلەن بىرلىشىشكە مەجبۇر قىلدى. X ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى بىر تۈركۈم سوپىستلار نەزەرىيە جەھەتتە سوپىزمنىڭ ئورتودوكساللىقىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ سوپىزم بىلەن ئەنئەنىۋى ئېتىقادچىلىقنىڭ بىردەكلىكىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى تەكىتلىدى. XI ئەسىرگە كەلگەندە، سوپىزمنىڭ بۇ خىل ئورتودوكساللىق نەزەرىيىلىرى تېخىمۇ راۋاجلىنىپ، ئورتودوكسال سوپىستلار بىلەن ئەنئەنىۋى ئېتىقادتىكى مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدا چوڭ پەرق يوقلۇقىنى تەرغىب قىلىشقا باشلىدى. XI ئەسىرنىڭ ئاخىرى XII ئەسىرنىڭ دەسلەپىدىكى غەززالى دەۋرىگە كەلگەندىلا،

سوپىزم ئاندىن ئىسلام دىنىنىڭ ئەنئەنىۋى مەزھەپلىرىنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا مۇيەسسەر بولۇپ، ئەنئەنىۋى ئېتىقاد بىلەن بىرىكىشىش جەريانىنى تاماملىدى. غەززالى (1058 ـ 1111) خۇراساندا تۇغۇلغان، كىچىككىدىنلا سوپىستىك تەربىيە ئالغان، ئىلاھىيەتشۇناسلىقتا زور نەتىجىلەرگە ئېرىشكەن، شۇڭا ئىسلام دۇنياسى تەرىپىدىن تۆت چوڭ ئىمامدىن كېيىنكى ئەڭ مۇھىم ئىلاھىيەتچى دەپ قارىلىپ، "زەيىنىددىن" ۋە "ھۆججەتۇل ئىسلام" دېگەندەك نام- شەرەپلەرگە ئېرىشكەن. ئۇ سوپىستلارنىڭ دىنىي تۇرمۇشى شەرىئەت قائىدە ـ يوسۇنلىرىنى ئاساس قىلىشى كېرەك، شەرىئەت يولىنى تۇتۇش ئەڭ يۇقىرى تەقۋادارلىق دەرىجىسىگە يېتىشتىكى مۇقەررەر يول، سوپىستلارنىڭ ئوخشىمىغان ئىستىقامەت باسقۇچلىرى تاكامۇللىشىشى بىدئەتلىك ئەمەس، بەلكى شەرىئەت ئەھكاملىرىنى يۇرگۈزۈش بىلەن بىردەكلىككە ئىگە، دەپ قارايتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇ يەنە سوپىزمنىڭ پانئىسلامچىلىق تەلىماتىنى ئىنكار قىلىپ، سوپىزمنىڭ ئەۋلىيا ـ ئەنبىيالار ۋە مازارلارغا چوقۇنۇش خاھىشىنى كەسكىن ئەيىبلىدى. ئۇ ئېتىقادنىڭ رېئال تۇرمۇشقا مۇھتاج ئىكەنلىكىنى، بۇ خىل رېئاللىقنىڭ سوپىستلارنىڭ ئەمەلىي تۇرمۇشى ئارقىلىق سىنىلىدىغانلىقىنى تەكىتلىدى. بۇنىڭ بىلەن شەرىئەت ئەھكاملىرىغا قاتتىق ئەمەل قىلغان روھىيەت بىلەن ئىلاھىيەت بىرىكىپ، ئەنئەنىۋى ئېتىقادچىلىق بىلەن سوپىزمنىڭ بىرلىشىشى ئىشقا ئاشتى.

سوپىزمنى ئىسلام دۇنياسىدىكى ئەنئەنىۋى مەزھەپلەردىن سۈننىي مەزھىپى قوبۇل قىلدى. ئۇنىڭ قارىمۇقارشى تەرىپىدىكى شىئە مەزھىپىمۇ ئېتىراپ قىلدى. سوپىزم مىستىزمى بىلەن شىئە ئىلاھىيەتشۇناسلىقى ئوتتۇرىسىدا زىچ مۇناسىۋەت مەۋجۇت ئىدى؛

سوپىزمنىڭ قۇتۇپچىلىق ئىدىيىسى شىئە مەزھىپىدىكى ئىمام تەلىماتىدىن كەلگەندى، سوپىزمنىڭ تېئوسوپىيىلىك نەزەرىيىسى بىلەن شىئە مەزھىپىدىكى تېئوسوپىيىلىك نەزەرىيىلەر ئۆزئارا بىر-بىرىگە تۇتىشاتتى، سوپىزمدىكى مەھدىنىڭ قايتا يارىلىشىدىكى شەرت - شارائىت ۋە ۋاقىت شىئەلەرنىڭ نۇقتىئىنەزىرىگە ئاساسىي جەھەتتىن ماس كېلەتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، سوپىزمنىڭ "پەيغەمبەر جەمەتى" ياكى "پەيغەمبەر ئەۋلادلىرى"غا نىسبەتەن روھىي ۋە ھېسسىيات جەھەتتە پەۋقۇلئاددە چوقۇنۇش ۋە ساداقەتمەنلىك تۇيغۇسى بولۇپ، ئۇلارنىڭ نەسەب - شەجەرىسىنى سۈرۈشتە قىلغاندا ھەممىشە ئەلى ۋە فاتىمەگە تۇتىشاتتى. بۇ خىل ئوخشاپ كېتىش ھەتتا ئوخشاش چىقىپ قېلىش ئەھۋاللىرى سەۋەبىدىن سوپىزمنىڭ قانۇنلۇق ئورنى تەبىئىي يوسۇندا شىئە مەزھىپىنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشتى.

سوپىزم سۈننىي مەزھىپى تەرىپىدىن ئىسلام دۇنياسىدىكى قانۇنلۇق ئېتىقادنىڭ ئەڭ ئاخىرقى شەكلى سۈپىتىدە ئېتىراپ قىلىنغاندا سوپىستلار بۇنىڭلىق بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ئىسلامىيەتتىكى مەھەللىۋى دىنىي تۇرمۇشىدىن ۋاز كەچمىدى. ئۇلار يەنىلا سىرلىق قىياپەتتە يۈرۈۋەردى، رىيازەتتە تاۋلىنىشنى داۋاملاشتۇردى، ئاددىي - ساددا، نامرات تۇرمۇش كەچۈردى، روھىي جەھەتتىن تاكامۇللىششقا قاتتىق ئەھمىيەت بېرىپ، روھىي پاكلىققا يەتمەكچى بولدى ۋە ئۆز - ئۆزىنى ئۇنتۇدى، بۇ ئارقىلىق ئاللاغا يېقىنلىشىپ، ئاللا بىلەن بىر گەۋدىگە ئايلىنىشنى كۆزلىدى. تەسەۋۋۇپ نەزەرىيىسىنىڭ تەرەققىي قىلىشى بولۇپمۇ مەنىۋى داھىيلارنىڭ مۇرىتلارنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىدا يېتەكچى ئورۇندا تۇرىدىغانلىقى توغرىسىدىكى نەزەرىيىنىڭ تەرەققىي قىلىشى سوپىستلارنىڭ دىنىي تۇرمۇشىدىكى ئىماملار رىياسەتچىلىكىنى

مەنىۋىيەت پىرلىرىنىڭ رىياسەتچىلىكىگە ئايلاندۇرۇپ قويدى، ئۇلارنىڭ پائالىيەت مەركىزىنىمۇ مەسچىتتىن پىرلارنىڭ خانىقالىرىغا يۆتكىۋەتتى.

VIII ئەسىردىن تارتىپ سوپىزم مەزھىپىدە ھەرقايسى مۇرىتلارنىڭ ئۆزلۈكىدىن تەشكىللىنىشى ئارقىسىدا شەكىللەنگەن كىچىك سۇلۇكلەر پەيدا بولۇشقا باشلىدى. بۇ پۇتۇنلەي بىر تۈرلۈك ئىستىخىيلىك تەشكىلات بولۇپ، بۇ تەشكىلاتنىڭ يادرولۇق ئادىمى ياكى كونكرېت نىزامنامىسى بولمايتتى، بۇلار پەقەت ئوخشاش روھىي تاۋلىنىش ئۇسۇلى ۋە مەقسىتى بىلەن يىغىلىدىغان تاۋلىنىش كوللېكتىپى ئىدى، خالاس. بىراق، بۇ خىلدىكى كىچىك تەشكىلاتلار XI ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن تەدرىجىي ھالدا كونكرېت تەشكىلگە يەنى مەدرىس خاراكتېرىدىكى دىنىي توپقا ياكى مەزھەپ شەكلىگە يۈزلەندى، بۇ خىل يۈزلىنىش تولىمۇ ئاستا بولدى، تاكى XIII ئەسىردىكى موڭغۇل ئىستىلاسىدىن كېيىن ئاندىن ئاخىرقى ھېسابتا تاماملاندى.

XIII ئەسىرنىڭ دەسلەپىدىن باشلاپ موڭغۇلىيە ئېگىزلىكىدە باش كۆتۈرگەن موڭغۇللار ھەدەپ غەربتىكى ئىسلام دۇنياسىغا ئىستىلا قىلىش ئۇرۇشلىرىنى قوزغاپ كەلدى، چىڭگىزخاننىڭ غەربكە يۈرۈش قىلغانلىقىنىڭ داۋامى سۈپىتىدە ئوكتاي خان دەۋرىدە باتۇ قاتارلىقلار ”چوڭ ئوغۇلنىڭ غەربكە يۈرۈش قىلىشى“غا قوماندانلىق قىلدى. XIII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى چىڭگىزخاننىڭ نەۋرىسى، مۆڭكەخاننىڭ ئىنىسى ھىلاكۇخان بۇيرۇققا بىنائەن يەنە بىر قېتىم غەربكە قارىتا چوڭ كۆلەملىك بويسۇندۇرۇش ئۇرۇشى قوزغىدى. 1256 - يىلى ھىلاكۇ ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتتى. بۇنىڭ بىلەن پېرسىيە قاتارلىق جايلاردىكى ئۇششاق دۆلەتلەر ئارقا - ئارقىدىن ئەل بولدى. موڭغۇللار غەلىبىسىرى غەربكە سىلجىپ

1258 - يىلى باغدادنى ئىشغال قىلىپ، ئىسلام دۇنياسىنىڭ مەنىۋى داھىيسى بولغان ئابباسىيلار خاندانلىقى خەلىپىسىنى ئۆلۈمگە بۇيرۇدى، ئىسلام دۇنياسىدىكى خەلىپىلىك تۈزۈمىنى ئۈزۈل - كېسىل ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، پېرسىيەدە ئالتۇن ئوردا خانلىقى، چاغاتاي خانلىقى قاتارلىقلار بىلەن تەڭ ئورۇندىكى ئىلخانىيلار دۆلىتىنى قۇرۇپ چىقتى، بۇنىڭ بىلەن شەرقتىكى ئىسلام دۇنياسى موڭغۇللارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا ئۆتتى. موڭغۇل ئىستىلاسىدىن ئىلگىرى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەرقايسى ھاكىمىيەتلەر ئومۇمەن ئەنئەنىۋى سۈننىي مەزھىپى تەرەپدارلىرى ئىدى، خەلىپە بولسا ئىسلام دۇنياسىنىڭ داھىيسى سۈپىتىدە ئەنئەنىۋى ئېتىقادنىڭ ۋەكىلى دەپ قارىلاتتى. موڭغۇللارنىڭ ئىستىلاسى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە غەربىي ئاسىيادىكى ئەسلىدىكى ھۆكۈمرانلىق سىستېمىسىنى بۇزۇپ تاشلىدى، «ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە يېقىن شەرقتىكى كۆپ قىسىم جايلار تارتىۋېلىنغاندا، ئوچۇق - ئاشكارا ھالدا ئىسلام دىنىغا تايىنىپ مەۋجۇت بولۇپ كېلىۋاتقان ناھايىتى كەڭ سىياسىي ئاساسمۇ يىمىرىلىپ تاشلاندى». شۇنىڭ بىلەن مەھەللىۋى ئېتىقاد تۈسىدە مەۋجۇت بولۇۋاتقان سوپىزم پايدىلىق تەرەققىي قىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشتى، سوپىزمنىڭ «تۈيۈق» لىرىمۇ ئىسلام دۇنياسىدا «مىسلى كۆرۈلمىگەن ئىجتىمائىي رولنى» جارى قىلدۇردى㉝. سوپىزم ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىش بىلەن بىللە ئىسلام دىنىدىكى سىياسىي مەزھەپلەر شەكلىدىن پايدىلىنىپ، ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىشىدىكى ئىككىنچى قېتىملىق يۇقىرى دولقۇننى قوزغىدى.

سوپىزمدىكى بىرىنچى گورۇھ ئىرانلىق ئابدۇقادىر جىلانى (1077 - 1166) نىڭ نامىدا قۇرۇلغان قادىرىيە سۇلۇكى بولدى. ئابدۇقادىرنىڭ ئۆزى سوپى ئەمەس، بەلكى ھەمبەلى مەزھىپىنىڭ

مەشھۇر ئىلاھىيەتشۇناسى ئىدى، ئەمما ئىلاھىيەتشۇناسلىقتىكى نوپۇزلۇق شەخس بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇنىڭ كۆپلىگەن مۇرىتلىرى ۋە ئەگەشكۈچىلىرى بار ئىدى، باغداد شەھەر سىرتىدا يەنە ئۆزىنىڭ خانىقاسى بار ئىدى، شۇڭا ئەمەلىيەتتە تەسىرى چوڭ مەزھەپ بولۇپ قالغانىدى. ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن كىشىلەر ئۇنى ئۇلۇغلاپ ئەۋلىيا دەرىجىسىگە كۆتۈردى، كۆپلىگەن سوپىستلارمۇ ئۆزلىرىنى "قادىرىيىلەر" ياكى "قادىرىيە سۇلۇكى" مۇرىتى دەپ ئاتاشتى. ئەمما بۇ سۇلۇكنىڭ رەسمىي شەكىللىنىشى XII ئەسىرنىڭ ئاخىرى، XIII ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى ئىش بولۇپ، ئابدۇقادىرنىڭ ئوغلى دادىسىنىڭ نامىدا ۋۇجۇدقا چىقاردى. بۇ سۇلۇكنىڭ تەسىرى ناھايىتى چوڭ بولۇپ تۈركىيە، شىمالىي ئافرىقا ۋە شەرقتىكى ھىندىستانغىچە يېتىپ بارغان.

قادىرىيە سۇلۇكىدىن كېيىن سوپىستىك مەزھەپلەر ئارقا - ئارقىدىن ئوتتۇرىغا چىقتى، ئۇلاردىن بىر قەدەر داڭلىقلىرى شىھابىدىن ئۆمەر ئىبىن ئابدۇللا سۇخراۋەردى (1144 - 1234) باغدادتا قۇرغان سۇخراۋەردىيە㉞، بەسرەلىك ئەھمەد ئىبىن ئەلى رىفايى (1106 - 1182) نىڭ رىفائىيىيە، تۈركىستانلىق ئەھمەد يەسەۋى (? - 1166) نامىدا قۇرۇلغان يەسەۋىچىلىك، خارەزىملىق نەجمىدىن كۇبرا ( ? - 1221) نامىدىكى كۇبراۋى، سۈرىيىدىكى مۇيىنىددىن چىستى (? - 1236) خۇراساندا ۋۇجۇدقا چىقارغان چىستىيە ئىرانلىق سوپىستىك شائىر جالالىدىن رۇمى (? - 1273) ئاناتولىيىدە يارىتقان مەۋلەۋى مەزھىپى قاتارلىقلار ئىدى. بۇ مەزھەپلەر ئوتتۇرىسىدا گەرچە چوڭ پەرقلەر بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار نەسەبىنى بىردەك مۇھەممەد پەيغەمبەرگە تۇتاشتۇراتتى. كېيىنكى ۋاقىتلاردا قۇرۇلغان مەزھەپلەر ئادەتتە ئۆز نەسەبىنى يۇقىرىقى ئاشۇ مەزھەپلەرنىڭ بىرىگە ياكى بىرقانچىسىگە باغلىشىدۇ.

سوپىزمنىڭ باش كۆتۈرۈشى ئىسلام مەھەللىۋى ئېتىقادىدىكى مۇھىم تەرەققىيات، ئۇ خەلق ئىچىدىكى ئېتىقادىنىڭ تەشكىلىي شەكلىنى مۇكەممەللەشتۈردى، بۇ ئارقىلىق ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىغا كۈچلۈك تۈرتكە بولدى.

ئوتتۇرا ئاسىيا شەرق ـ غەرب مەدەنىيەتلىرى ئۆزئارا ئالمىشىدىغان ئوتتۇرا بېكەت، شۇنداقلا ياۋروپا ـ ئاسىيا مەدەنىيەتلىرىنىڭ قوشۇلۇش نۇقتىسى بولۇپ، ئىسلام دىنى تارقىلىشتىن ئىلگىرى بۇ رايوندا زوروئاستېر دىنى، مانى دىنى، بۇددا دىنى، تەرىقەت دىنى، نېستۇرى دىنى، شامان دىنى، ھىندى دىنى قاتارلىق دىنلار كەڭ ئەۋج ئالغان ۋە بۇ رايوندىكى ئىدېئولوگىيە، مەدەنىيەتنى رەڭگارەڭ مول مەزمۇنغا ئىگە قىلغانىدى. ئىسلام دىنى قورال كۈچى بىلەن بۇ رايوندا تارقالغاندا بۇ جايدىكى دىنىي مەدەنىيەتنىڭ تەسىرىگە ئۇچراشتىن خالىي بولالمىدى ۋە ئۇلارنىڭ ئىسلام تۈغى ئاستىدا ئۆزئارا سىڭىشىپ سوپىزمنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىغا مۇنبەت تۇپراق تەييارلاپ بەردى. XI ئەسىردە سوپىزم خۇراسان ۋە ماۋارائۇننەھر رايونىدا كەڭ تارقىلىپ، سوپىستلارنىڭ كۆپلىگەن ئىستىخىيىلىك كىچىك گۇرۇھلىرى بارلىققا كەلدى. XII ـ XIII ئەسىرلەردە، بولۇپمۇ موڭغۇل ئىستىلاسىدىن كېيىن ئەسلىدىكى كىچىك گۇرۇھلار تەدرىجىي سوپىزمنىڭ رەسمىي گۇرۇھلىرى بولۇپ تەشكىللىنىپ، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا ئارقا ـ ئارقىدىن چوڭ تەسىرگە ئىگە سوپىستىك گۇرۇھلار بارلىققا كەلدى، سوپىستىك ئېتىقاد ئوتتۇرا ئاسىيا ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسلىق ئىپادىلىنىش شەكلىگە ئايلىنىپ، سوپىزم ئىسلام مەدەنىي ھاياتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمىنى شەكىللەندۈردى ۋە بۇ رايوندا تېز سۈرئەتتە راۋاجلاندى. مانا مۇشۇنداق تارىخىي شارائىت ئاستىدا نەقشىبەندىيە

تەرىقىتى XIV ئەسىردە ئوتتۇرا ئاسىيادا ئاپىرىدە بولدى.

نەقشبەندىيە تەرىقىتىنىڭ نامى ئۇنىڭ ئىجادچىسى باھاۋۇدىن نەقشبەندى (1317 — 1389) نىڭ ئىسمىدىن كەلگەن. نەقشبەندىنىڭ ئەسلىي ئىسمى مۇھەممەد بىن مۇھەممەد باھاۋۇدىن ئەل بۇخارى، "نەقشبەندى" ئۇنىڭ لەقىمى ("سىزغۇچى" دېگەن مەنىدە)، بۇ لەقەم "تەڭداشسىز ئىلاھىي رەسىمنىڭ سىزىلىشى" ياكى تېخىمۇ سىرلىقلاشتۇرۇلۇپ "قەلبنىڭ ھەقىقىي تاكامۇللاشقان شەكىلگە كىرىشى" دەپ چۈشىنىلگەن. ئۇ ھىجرىيە 717 - يىلى (1317-يىلى) بۇخاراغا يېقىن بىر يېزىدا تۇغۇلغان، 18 يېشىدا بۇخارا بىلەن رامىتان ئارىلىقىدىكى سەمماس كەنتىگە مەشھۇر سوپىست بابا سەمماسىدىن سوپىزم تەلىماتلىرىنى ئۆگىنىشكە ئاپىرىپ بېرىلگەن. بابا سەمماسىنىڭ تەربىيىلەش ئۇسۇلى بويىچە بولغاندا زىكرنى يۇقىرى ئاۋازدا ئوقۇش كېرەك ئىدى، ئەمما باھاۋۇدىن نەقشبەندى تۆۋەن ئاۋازدا ئوقۇشنى تاللىۋالغاچقا بابا سەمماسى ۋە ئۇنىڭ مۇرىتلىرىنىڭ نارازىلىقىنى قوزغاپ قويغان. ئەمما ئېيتىشلارغا قارىغاندا بابا سەمماسى ئەڭ ئاخىر باھاۋۇدىننىڭ توغرا قىلغانلىقىنى ئېتىراپ قىلغان ۋە ئۆلۈپ كېتىش ئالدىدا ئۇنى ئۆزىنىڭ قانۇنىي ئىز باسارى، دەپ بېكىتكەن.

بابا سەمماسى ئۆلگەندىن كېيىن باھاۋۇدىن سەمەرقەندكە، ئۇ جايدىن بۇخاراغا بارغان ۋە شۇ يەردە ئۆيلەنگەندىن كېيىن يەنە يۇرتىغا قايتقان. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇ نەقساب، بۇخارا قاتارلىق جايلاردا ئەل كېزىپ يۈرۈپ ئىلاھىيەت تەتقىقاتى بىلەن مەشغۇل بولغان ۋە سوپىزم مۇتائىلىسى بىلەن شۇغۇللانغان. كېيىنچە باھاۋۇدىنغا خېلىل ئىسىملىك بىر زاھىد ئەگەشكەن. نامەلۇم بىر مۇسۇلمان ئاپتورنىڭ ئەسىرىگە ئاساسلانغاندا، بۇ زاھىد چىڭگىزخاننىڭ ئەۋلادلىرىدىن بولۇپ 1340 - يىلى ماۋارائۇننەھردە

خانلىق تەختىكە چىققان㉟. ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىغا مۇناسىۋەتلىك ئەسەرلەردىن چاغاتاي ئەۋلادى بولغان بۇ خاننىڭ ئىسمىنى تاپقىلى بولمىسىمۇ، ئەمما ئىبىن باتۇتانىڭ ئەسىرىدە چاغاتاي ئەۋلادلىرىدىن ياساۋۇلنىڭ خىلىل ئىسىملىك ئوغلىنىڭ بولغانلىقى قەيت قىلىنىدۇ، ئۇ چاغاتاي ئەۋلادلىرىدىن بۇزان خاننى مەغلۇپ قىلىپ ئالمىلىق، بەشبالىق قاتارلىق جايلارنى ئىگىلىگەن، كېيىنچە ھۇسەيىنگە ئەسىرگە چۈشۈپ قالغان. ئۇنىڭدىن سىرت ھازىر بايقالغان تەڭگىلەردىن ھىجرىيە 742 - 743 - يىللىرى (1342ـ1344) بۇخارادا قۇيۇلغان تەڭگىلەرگە "سۇلتان خىلىل ئەلى" دېگەن خەتلەر چۈشۈرۈلگەن بولۇپ، خىلىل ئىسىملىك كىشىنىڭ راستتىنلا ئۆتكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. بارتولد مەزكۇر خىلىل چاغاتاي ئەۋلادلىرىدىن خازان خان بولۇشى مۇمكىن، دەپ گۇمان قىلىدۇ، بۇ كىشى تارىخىي ئەسەرلەردە ئىسمى تىلغا ئېلىنغان ياساۋۇلنىڭ ئوغۇللىرىدىن خان بولغان بىردىنبىر كىشى ئىدى㊱.

خىلىل رەسمىي سۇلتان بولغاندىن كېيىن باھاۋۇدىن ئىزچىل ئۇنىڭ يېنىدا تۇرغان، خىلىل ۋاپات بولغاندىن كېيىن "ئۇ جاھاندىكى جىمى بايلىق ئەمدى ئۆز قىممىتىنى يوقىتىدىغان بولدى"㊲ دەپ قاراپ، بۇخاراغا يېقىن جايدىكى ئۆز يېزىسىغا قايتقان ۋە تەركىدۇنيالىق تۇرمۇشى بىلەن ھىجرىيە 791-يىلى (1389-يىلى) ۋاپات بولغان.

باھاۋۇدىن مول بىلىمگە ئىگە سوپىست بولۇپ، ئىلاھىيەتتە كامالەتكە يەتكەنىدى. ئۇ "پانىي دۇنيا تاشقى ئامىلدۇر، بىر ئاللالا ئىچكى ئامىلدۇر" دەپ قارىغان بولۇپ، ئۇنىڭ تەلىماتىدا كۈچلۈك دىئالېكتىك تۈس بار ئىدى. ئۇ ۋە ئۇنىڭ مۇرىتلىرى پانىي دۇنيا يەنى رېئال مەسىلىلەرگە بەكلا ئەھمىيەت بېرىدىغان بولۇپ،

تەركىدۇنياچىلىق ۋە زاھىدلىققا قارشى تۇراتتى، رىيال تۇرمۇشتىن بەھرە ئېلىشنى، ئەمگەك قىلىشنى ۋە ھۈنەر - بىلىم ئىگىلەشنى تەشەببۇس قىلاتتى، شۇڭا ئۇ زور جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگە ئىدى.

باھاۋۇددىن دەسلەپ مەزھەپ يارىتىشقا ئالدىراپ كەتمىگەنىدى. ئۇ پەقەت سوپىستلار ۋە ئۆز ئەگەشكۈچىلىرىدىن بىر جامائەت تەشكىل قىلغانىدى، كېيىنچە قاتناشقۇچىلار سانىنىڭ ئېشىشى ۋە تەسىرىنىڭ كېڭىيىشى بىلەن مەزكۇر تەشكىلات تېزدىن تەرەققىي قىلىپ، ناھايىتى زور تەسىرگە ئىگە رەسمىي مەزھەپكە ئايلاندى. كىشىلەر بىر يەرگە جەم بولۇپ، سۈكۈت ئىچىدە ئىبادەت قىلىش، ئۆزىنى تاۋلاش، قەلبىنى پاكلاش بىلەن مەشغۇل بولدى، دۇئا - تىلاۋەت، ئىستىقامەتنىڭ تاشقى ھالىتىگە ئەھمىيەت بېرىپ كەتمىدى. بۇ مەزھەپتىكىلەرنىڭ باشقا سوپىستىك مەزھەپلەردىن پەرقلىنىدىغان ئەڭ روشەن، ئەڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى ئىبادەتتە زىكىرنى يۇقىرى ئاۋازدا ئەمەس، تۆۋەن ئاۋازدا ئوقۇيدىغانلىقى بولۇپ، مۆتىدىل مىستىزمغا مەنسۇپ ئىدى.

نەقشبەندىيە تەرىقىتى بارلىققا كەلگەندىن كېيىن ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا تېزدىن تەرەققىي قىلدى ۋە ناھايىتى تېزلا تۈركىيە قاتارلىق جايلارغا تارقالدى. ئۇنىڭ تېزدىن باش كۆتۈرۈشى ۋە قۇدرەتلىك ئىجتىمائىي كۈچكە ئايلىنىشى ھۆكۈمرانلار سىنىپىنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى، جەمئىيەتتىكى كۆپلىگەن يۇقىرى قاتلام زات، ئۆلىما - ئەللامىلەر، ھەتتا يەرلىك ئالىي ھۆكۈمرانلارغىچە بەس-بەستە بۇ تەرىقەتكە ئەگەشتى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا سىياسىي سەھنىسىدە ناھايىتى قۇدرەتلىك ئىجتىمائىي، سىياسىي كۈچ سۈپىتىدە مەيدانغا چىقىپ مۇھىم روللارنى ئوينىدى، شۇنداقلا باشقا سىياسىي كۈچلەرنىڭ ئۆزگىرىش ۋە تەرەققىي قىلىشىغا زور تەسىرلەرنى

كۆرسەتتى.

## 2. نەقشبەندىيە تەرىقىتىنىڭ غەربىي يۇرتقا تارقىلىشى

XIV ئەسىردە باھاۋۇددىن نەقشبەندى بۇخارادا ۋۇجۇدقا چىقارغان نەقشبەندىيە تەرىقىتى XV ئەسىردىكى ئۇچىنچى ئەۋلاد ئىمام خوجا ئەھرار دەۋرىگە كەلگەندە ئوتتۇرا ئاسىيادا تېخىمۇ زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. ئەينى ۋاقىتتا تۆمۈرىيلەر سۇلالىسى يىمىرىلىشۋاتقان بولغاچقا، دەھرى ھاكىمىيەتلەر كۈنسېرى زاۋاللىققا يۈز تۇتۇپ دىن تەرەققىياتى ئۈچۈن ناھايىتى ياخشى ۋەزىيەت تۇغۇلغانىدى، نەقشبەندىيە تەرىقىتى بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ كۈچىيىشكە باشلىدى. خوجا ئەھرار "دىنىي جەھەتتە ئۇلۇغ بەگكە قارشى تۇراتتى، ئۇنىڭ ھۆكۈمەت تەشكىللىي تۈزۈمىگىمۇ قارشى تۇراتتى"، شۇڭا ئۇلۇغ بەگكە قارشى تۇرۇۋاتقان مىران شاھنىڭ ئەۋلادى ئەبۇ سەئىدنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشكەنىدى. XV ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى "ئەبۇ سەئىدنىڭ غەلىبىسى ئوخشاشلا خوجا ئەھرارنىڭ غەلىبىسى ئىدى"㊳. ئەبۇ سەئىد خوجا ئەھرارنى مەنىۋىيەت ئۇستازى قىلىپ بەلگىلەپ، ئۇنىڭ كۈچلۈك دىنىي تەسىرىدىن پايدىلىنىپ ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملىدى، خوجا ئەھرار بولسا بۇ ئارقىلىق ئورنىنى تىزگىنلەپ، ھەربىي ۋە سىياسىي ئىشلارنى كونترول قىلىشقا باشلىدى ھەمدە كېيىنكى 40 يىل ئىچىدە ماۋارائۇننەھرنىڭ دىنىي ھەتتا سىياسىي ساھەسىدە ھۆكۈمران شەخس بولۇپ قالدى.

نەقشبەندىيە تەرىقىتىنىڭ شەرقىي چاغاتاي خانلىقى ئورنىسىغا سىڭىپ كىرىشى ئۇۋەيسخان دەۋرىدىن باشلىنىدۇ. XV ئەسىرنىڭ دەسلىپىدە خىزىر خوجىنىڭ نەۋرىسى ئۇۋەيس تەخت ماجىراسى

سەۋەبىدىن تۆمۈرىيلەر سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىقىدىكى تۈركىستاندىن كەتكەنىدى. ئېھتىمال ئاشۇ قېتىمقى داۋالغۇش مەزگىلىدە بولسا كېرەك، ئۇۋەيسخان نەقشىبەندىيە تەرىقىتى بىلەن ئۇچرىشىپ شۇنى ھېس قىلدىكى، مەيلى ئىسلامىيەت نەزەرىيىلىرى ۋە سوپىستىك تەلىماتلىرى بولسۇن، ياكى ئوتتۇرا ئاسىيا ئىسلامىيەت دۇنياسىدىكى تەسىرى ۋە شۆھرىتى جەھەتتىن بولسۇن ئەرشىدىن جەمەتى ھەرگىزمۇ نەقشىبەندىيە تەرىقىتى بىلەن تەڭ تۇرالمايدۇ؛ ئەگەر نەقشىبەندىيە تەرىقىتىگە قول بەرسە بۇ قۇدرەتلىك دىنىي كۈچ ۋە ئۇنىڭ تەسىرىدىكى ماۋارائۇننەھر بەگ- سىپاھلىرىنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈپ ئۆز تەسىرىنى ۋە ئورنىنى ئۆستۈرگىلى، شۇ ئارقىلىق شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ تەختىنى تارتىۋالغىلى بولۇپلا قالماي، يەنە نەقشىبەندىيە تەرىقىتىنىڭ كۈچىدىن پايدىلىنىپ دۆلەت ئىشلىرىغا قول تىقىۋاتقان ئەرشىدىن جەمەتى ۋە ئۇلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈۋالغان ئاقسۆڭەكلەرنىڭ كۈچىنى چەكلەپ، خانلىق ھوقۇقىنى مۇستەھكەملىگىلى ۋە كۈچەيتكىلى بولاتتى. شۇڭا ئۇ نەقشىبەندىيە تەرىقىتىنىڭ ئىككىنچى ئەۋلاد مۇرىتى مەۋلانە مۇھەممەد كاسانىغا مۇرىتلىققا قول بېرىپ㊴، شەرقىي چاغاتاي خانلىقىدا نەقشىبەندىيە تەرىقىتىنى يولغا قويدى، بۇنىڭ بىلەن ئەرشىدىن جەمەتى زاۋاللىققا يۈز تۇتتى.

ئۇۋەيسخان ئۆلگەندىن كېيىن تەخت تالىشىش كۈرىشى قايتا باشلاندى، ئەمىرلەرنىڭ كۆپ قىسمى بىرلىشىپ ئۇۋەيسخاننىڭ ئىككىنچى ئوغلى ئېسەن بۇقانى خان قىلىپ تىكلىدى، چوڭ ئوغۇل بولغان يۇنۇسخان ئىلاجسىز ئازغىنا ھىمايىچىلىرى بىلەن سەمەرقەندتىكى ئۇلۇغ بەگدىن پاناھلىق تىلىگەندە ئۇلۇغ بەگ ئۇنى ئەسىر قىلىپ شاھرۇخقا ئاپىرىپ بەردى ۋە شاھرۇخنىڭ ئىززەت-ھۆرمىتىگە ئېرىشتى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن يۇنۇسخان خوراسان

رايونىدا سەرگەردان بولۇپ يۈرۈپ، يەزىدلىك مەۋلانە شەرىفىدىنىنى ئۇستاز تۇتتى. يۇنۇس تۆمۈرىيلەر سۇلالىسىدە ياشاش جەريانىدا يۇنۇس نەقشىبەندىيە تەرىقىتىنىڭ تەسىرىگە چوڭقۇر ئۇچرىدى ۋە ئاخىرقى ھېسابتا نەقشىبەندىيچىلەرگە قول بەردى. XV ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى ئەبۇ سەئىد ماۋارائۇننەھرنى قولغا ئالغاندىن كېيىن شەرقىي چاغاتاي خانلىقىدىكى ئېسەن بۇقانىڭ ھۆجۇمى ۋە پاراكەندىچىلىكىدىن بىئارام بولۇپ، يۇنۇسنى خان قىلىپ تىكلىدى ۋە شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ غەربىي قىسمىغا ھۆكۈمرانلىق قىلدۇرۇپ، ئېسەن بۇقانىڭ دەخلى - تەرۇز قىلىشىنىڭ ئالدىنى ئالماقچى بولدى. شەرقىي چاغاتاي خانلىقى شەرق ۋە غەرب ئىككى بۆلەككە بۆلۈنۈپ كەتكەندىن كېيىن يۇنۇسخان شەرقىي قىسىمدىكى كۆچلەرنى مەغلۇپ قىلىپ پۈتۈن ئەلنىڭ خانى بولۇپ قالدى، ئەمما ئولتۇراق تۇرمۇشقا تەلپۈنۈپ قوشۇنلىرىنى يەنە تاشكەنتتىكى دېھقانچىلىق رايونلىرىغا قايتۇرۇپ كەتتى، كۆچمەن تۇرمۇشتىن مېھرىنى ئۈزەلمىگەن يەنە بىر قىسىم موڭغۇل ئاقسۆڭەكلەر يۇنۇسخاننىڭ كەنجى ئوغلى ئەھمەدنى پاسىبان قىلىپ موغۇلىستانغا كەتتى. مىلادىيە 1487 - يىلى يۇنۇسخان ئۆلۈپ، چوڭ ئوغلى مەھمۇد تاشكەنتتە تەختكە چىقتى.

يۇنۇسخان ۋە مەھمۇدخان دەۋرلىرى خوجا ئەھرارنىڭ ئالتۇن دەۋرى بولدى، ئۇ ۋە ئۇنىڭ مۇرىتلىرى ماۋارائۇننەھرنى كونترول قىلىشتىن تاشقىرى، يەنە شەرقىي چاغاتاي خانلىقىغا بولغان تەسىرىنى كۈچەيتىشكە باشلىدى. ئۇزۇندىن بېرى شەرقىي چاغاتاي خانلىقىدىكى موڭغۇل قەبىلىلىرى ماۋارائۇننەھر رايونىدىكىلەرنى مۇسۇلمان ئەمەس، ئۇلار باشقا كۇففارلارغا ئوخشاش ئېلىپ - سېتىلىشى، قۇل قىلىنىشى كېرەك، دەپ قاراپ كەلگەنىدى⑩.

خوجا ئەھرار يۇنۇسخان بىلەن ماۋارائۇننەھر بەگ - سىپاھىلىرىنىڭ

تالاش - تارتىشنى مۇرەسسە قىلىش نامىدا يۇنۇسخاننى زىيارەت قىلدى. بۇ قېتىمقى كۆرۈشۈشتە ئۇ ئىسلام داھىيسىلىق نوپۇزى بىلەن يۇنۇسخان ۋە ئۇنىڭ قەبىلىسىدىكىلەرنىڭ مۇسۇلمانلىق سالاھىيىتىنى ئېتىراپ قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن خوجا ئەھرار ۋە ئۇنىڭ مۇرىتلىرى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەرقايسى بەگ- سىپاھلار ئارىسىدا يېرىپ - كېلىپ يۈرۈپ يۇنۇسخان ئاتا-بالا ۋە باشقا بەگ-سىپدى ۋە توقۇنۇشلارنى تۈگەتتى. شۇنىڭ بىلەن يۇنۇسخان ئاتا - بالا خوجا ئەھرارنىڭ مۇرىتلىرىدىن بولۇپ قالدى. يۇنۇسخان "ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە ئىلگىرىكى قىلمىش - ئەتمىشلىرىگە بارغانسېرى توۋا قىلىپ ئاللاغا سېغىندى ۋە شەۋكەتلىك ئەسىرىدىن خوجا ئۇبەيدۇللاغا مۇخلىس بولدى، يۇنۇسخان بۇ خوجىنى بەكمۇ ھۆرمەتلەيتتى، ئۇ باشقا كۆپلىگەن خوجىلار بىلەنمۇ ياخشى تونۇشاتتى، ئۇلار بىلەن دائىم باردى-كەلدى قىلىپ تۇراتتى"㊶. يۇنۇسخان تەختتىكى ۋاقىتتا مەھمۇدمۇ خوجا ئەھرارغا قول بېرىپ، خوجا ئەھرارنىڭ داڭدار مۇرىتى مەۋلانە مۇھەممەد قازى (ئەسلىي ئىسمى مەھمۇد ئىبنى بۇرھانىدىن) نى ئۆزى بىلەن خوجا ئەھرار ئوتتۇرىسىدىكى ۋاستىچى قىلىۋالدى㊷. بۇ كىشى كېيىنچە مەھمۇدخاننىڭ مەنىۋى ئۇستازى بولۇپ قالدى.

يۇنۇسخان، مەھمۇدخانلار خانلىقىنىڭ غەربىي قىسمىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان مەزگىللەردە يۇنۇسخاننىڭ كەنجى ئوغلى ئەھمەدمۇ شەرقىي رايوندا ئۆزىنى خان دەپ ئاتاپ، تۇرپاننى ئاستانە قىلىپ بېكىتتى. XVI ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە ئەھمەدخان كېسەل بولۇپ ئۆلدى، غەربىي قىسىمدىكى مەھمۇدخانمۇ ئۆزبېكلەرنىڭ سەردارى شەيبانىخان تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. ئەھمەدخاننىڭ چوڭ ئوغلى مەنسۇر ئاتىسى ھايات ۋاقىتتىلا خان دەپ جاكارلانغان بولغاچقا، شەرقىي قىسىم رايونلىرىنى باشقۇرۇشقا

باشلىدى، ئەمما بۇ ۋاقىتتا ئۇ ئەمەلىيەتتە پۈتۈن ئەلگە خان بولغانىدى.

شەرقىي چاغاتاي خانلىقى شەرق-غەرب ئىككى قىسىمغا بۆلۈنۈپ كەتكەندىن كېيىن ئەرشىدىن جەمەتى شەرقىي چاغاتاي خانلىقىغا تايىنىشقا باشلىدى. بۇ مەزگىللەردىكى ئەرشىدىن جەمەتىنىڭ ۋەكىللىك ئاقساقىلى خوجا تاجىدىن مۇھەممەد ئىدى(43). ئەمما خانلىق ھاكىمىيىتىنىڭ پارچىلىنىشى ۋە ماۋارائۇننەھردىكى خوجا ئەھرار يېتەكچىلىك قىلىۋاتقان نەقشىبەندىيە تەرىقىتىنىڭ شەرققە ئىچكىرىلەپ كىرىشى بىلەن ئەرشىدىن جەمەتىنىڭ تەسىرى يەنە بىر قېتىم ئاجىزلىدى ۋە چەتكە قېقىلدى. خوجا ئەھراردەك مۇنداق كۈچلۈك رەقىب ئالدىدا ئەرشىدىن جەمەتى ئىلاجسىز دەردىنى ئىچىگە يۇتتى. خوجا تاجىدىن بۇ خىل پاسسىپ ۋەزىيەتنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن خوجا ئەھرارغا قول بېرىپ، نەقشىبەندىيە تەرىقىتىگە كىردى(44). بۇنداق بولغاندا پاسسىپلىقتىن تەشەببۇسكارلىققا ئۆتكىلى بولۇپلا قالماي، يەنە خوجا ئەھرارنىڭ نام-ئابرۇيىدىن پايدىلىنىپ ئۆزىنىڭ تەسىر كۈچىنى مۇستەھكەملىگىلى ۋە كۈچەيتكىلى بولاتتى، نەقشىبەندىيىچىلەرمۇ بۇنىڭ بىلەن خانلىقنىڭ پۈتۈن تېررىتورىيىسىگە تارقىلالايتتى. خوجا تاجىدىننىڭ بىر قاتار تىرىشچانلىقلىرى ئارقىسىدا ئەرشىدىن جەمەتى مەلۇم دەرىجىدە جانلاندى. مۇھەممەدخان ۋە مەنسۇرخان دەۋرلىرىدە خوجا تاجىدىن ئوردىغا قول تىقىپ "پۈتۈن خانلىقتىكى ئىشلارغا يولىيورۇق بېرىپ تۇردى"، يەنە كېلىپ ھەر ئىككىلا خان ئۇنىڭ مۇرىتى ئىدى، ئىقتىسادىي جەھەتتە ئۇ خانلىقتىكى ئەڭ چوڭ سودىگەر ۋە يەر ئىگىسى ئىدى. ئۇ يەنە كۆپ قېتىم مىڭ سۈلالىسىگە قارشى ئۇرۇشلارنى پىلانلىغان ۋە قوماندانلىق قىلغانىدى. ئاخىر مىلادى 1524-يىلدىكى بىر قېتىملىق

"غازات"تا ئۆلتۈرۈلدى㊺.

## 3. يەركەن خانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە ئىسلام دىنى مەزھەپلىرىنىڭ جانلىنىشى

مەنسۇرخان ئىشقا ئاشۇرغان بىرلىككە كەلگەن ۋەزىيەت ئۇزاق داۋاملىشالمىدى. 1514 - يىلى مەنسۇرخاننىڭ ئىنىسى سەئىد㊻ دوغلات ئەمىرلىرىدىن مىرزا ئابابەكرىنىڭ يەركەندىكى ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، يېڭى ۋە مۇستەقىل ھاكىمىيەت—يەركەن خانلىقىنى قۇرۇپ، تۇرپاننى پايتەخت قىلىپ تۇرۇۋاتقان شەرقىي چاغاتاي خانلىقى ھاكىمىيىتى بىلەن تىركەشتى، ئۇلار چوڭ جەھەتتىن كۆچا بىلەن ئاقسۇ ئارىلىقىنى ئۆزلىرىگە چېگرا قىلىشقانىدى.

يەركەن خانلىقىنىڭ قۇرغۇچىسى سەئىدخان ئەھمەدخاننىڭ 3-ئوغلى بولۇپ 1490 - يىلى تۇرپاندا تۇغۇلغان، 12 يېشىدا ئاتىسىغا ئەگىشىپ تاغىسى مەھمۇدخاننىڭ ئۆزبېك خانى شەيبانىخانغا قارشى كۈرىشىگە ياردەملىشىشكە بارغان. شەرقىي چاغاتاي خانلىقى قوشۇنى جەڭدە يېڭىلىپ پاتپاراقچىلىق ئىچىدە چېكىنىۋاتقاندا سەئىدكە ئوقيا ئوقى تېگىپ ئەسىرگە چۈشۈپ قالغان، بىر يىلدىن كېيىن شەيبانىخان ئۇنى قويۇۋەتكەن، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ شەيبانىخان قوشۇنىغا ئەگىشىپ قەيەردە ئۇرۇش بولسا شۇ يەردە جەڭگە قاتنىشىپ يۈردى. شەيبانىخان خارەزىمگە يۈرۈش قىلغاندا ئۇ سەمەرقەندتىن تاغىسى مەھمۇدخاننىڭ بارگاھىغا قېچىپ كەلدى ۋە تاغىسىنىڭ "يارامسىز، ئەلنى ئىدارە قىلىشنى بىلمەيدىغان، دۆلەتنىڭ غېمىنى يېمەيدىغان" ھۆكۈمران ئىكەنلىكى ۋە بۇ يەردە ھېچقانداق ئىش قىلالمايدىغانلىقىنى تېزلا بايقاپ تاغىسىنى تاشلاپ

قىرغىزلار رايونىغا كەلدى ۋە قىرغىزلارنىڭ ھىمايە قىلىشى بىلەن سەردار بولۇپ سايلاندى. مەھمۇدخان ۋە مەنسۇرخان دائىم ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلىپ تۇردى، ئۇمۇ قايتۇرما زەربە بېرىپ تۇردى، بۇ جەرياندا يېڭىش - يېڭىلىش ئېنىق ئايرىلمىدى.

1508 - يىلى سەئىد قوشۇن تارتىپ مەھمۇدخانغا ھۇجۇم قىلدى، قىيىن ئەھۋالدا قالغان مەھمۇدخان پاناھلىق ئىزدەپ شەيبانىخان ھۇزۇرىغا بارغاندا ئۆلتۈرۈپ تاشلاندى. شۇ ۋاقىتتا مەنسۇرخانمۇ قوشۇن باشلاپ سەئىدكە ھۇجۇم قىلدى، شۇنىڭ بىلەن قېرىنداشلار ئالمۇتا دالىسىدا دەھشەتلىك ئۇرۇشتى، ئاقىۋەت سەئىد ئېچىنىشلىق مەغلۇپ بولۇپ ئەللىكچە ئادىمى بىلەنلا قېچىپ كەتتى. ئۇ نۇرغۇن جاپالار بىلەن شۇ يىلىنىڭ ئاخىرلىرى كابۇلغا يېتىپ كېلىپ ئىمپېراتور بابۇرنىڭ ئىززەت - ئىكرام بىلەن كۈتۈۋېلىشىغا مۇيەسسەر بولدى.

1511 - يىلى شەيبانىخان ئىرانلىق ئىسمايىلخان تەرىپىدىن جەڭ مەيدانىدا ئۆلتۈرۈلدى. دوغلات ئەمىرلىرىدىن سەئىد مۇھەممەد پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۆزبېكلەرنى قوغلاپ چىقىرىپ پەرغانىنى ئىگىلىدى ھەمدە بابۇر شاھقا مەكتۇپ يوللاپ ئۇنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرمەكچى بولدى. شۇنىڭ بىلەن بابۇر شاھ سەئىدنى سەئىد تەرەپدارلىرى بولغان بىر تۈركۈم موغۇل ئەمىرلىرى بىلەن پەرغانىگە ئەۋەتتى. ئۇ جايدىكى ئەمىرلەر سەئىدنى قىزغىن كۈتۈۋېلىپ، بويسۇندىغانلىقلىرىنى بىلدۈرۈشتى. سەئىد ئاۋۋال ئۆزبېك سۇلتانلىرىنىڭ ھۇجۇملىرىنى چېكىندۈردى، ئارقىدىن يەركەن ھۆكۈمرانى ئابابەكرىنىڭ پاراكەندىچىلىكىنى تىنچىتتى. بىراق 1514 - يىلى باھاردا ئۆزبېك سۇلتانلىرى يەنە بىر قېتىم چوڭ كۆلەملىك ھۇجۇم قوزغىدى. سەئىد پەرغانە رايونىنىڭ تۆت تەرىپىنىڭ ئوچۇقچىلىق ئىكەنلىكى،

ھەر دائىم سىرتنىڭ تاجاۋۇزىغا ئۇچراپ تۇرىدىغانلىقى، دائىرىسىنىڭ كىچىكلىكى، قۇدرەتلىك بىر قوشۇننى ئوزۇق - تۈلۈك بىلەن تەمىنلەپ كېتەلمەيدىغانلىقى، بۇ جايدا ئوتتۇرا ئاسىيانى كونترول قىلىشقا قۇربى يەتكۈدەك بىر ھاكىمىيەت قۇرۇشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكى قاتارلىقلارنى ئويلىشىپ، كەلگۈسى ئىستىقبالى ئۈچۈن ئۆزبېكلەرنىڭ زور قوشۇنى يېتىپ كېلىشتىن ئىلگىرى تەشەببۇسكارلىق بىلەن بۇ رايوندىن چېكىنىشنى قارار قىلدى. شۇنىڭ بىلەن كېڭەش ئۆتكۈزۈلۈپ، مەنزىل ھەققىدە مۇھاكىمە بولدى: ئاتىنىڭ بېشىنى بۇراپ موغۇلىستانغا قايتىش - ھەممىگە تونۇشلۇق يول بولسىمۇ بىراق ھازىر ئۇ جاينى مەنسۇرخان ئىگىلەپ تۇرۇۋاتاتتى، ئىلگىرىكى كۈچ سىنىشىشلار بولسا ئۆزلىرىنىڭ مەنسۇرخاننىڭ رەقىبى بولالمايدىغانلىقىنى ئىسپاتلىغانىدى؛ يەنە بىر يول قەشقەر رايونى بولۇپ، دوغلات جەمەتىنىڭ زېمىنى بولغان بۇ رايونغا ھازىر مىرزا ئابابەكرى ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتاتتى، ئۇلار گەرچە ئىلگىرى ئابابەكرىنى مەغلۇپ قىلغان بولسىمۇ، يەنىلا ئۇنىڭ مۇئەييەن كۈچى بار ئىدى، ئۇنىڭ زېمىنىغا ئىچكىرىلەپ كىرگەندىن كېيىن ”ئۆلۈم ئالدىدا جاھىللارچە قارشىلىشىشى مۇمكىن“ ئىدى، ئەمما قانداقلا بولمىسۇن ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇش ئۆزبېكلەرگە تاقابىل تۇرۇشتىن كۆپ ئوڭاي ئىدى، چۈنكى ئابابەكرى ئاتمىشتىن ئاشقان ئادەم، قىرىق نەچچە يىل ھۆكۈمران بولۇش جەريانىدا خەلققە زۇلۇم سېلىپ، پۇقرالارنىڭ غەزىپىگە قالغان ۋە ”يار-يۆلەكسىز قالغان“ ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە قەشقەر رايونىنىڭ زېمىنى كەڭرى، ئەۋزەل تەبىئىي شارائىتقا ئىگە بولۇپ، قولغا ئالغان ھامان خانلىق بەرپا قىلىشقا بولاتتى. شۇڭا كېڭەش ئەھلى يۆتكىلىشنى قارار قىلدى، شۇنىڭ بىلەن سەئىد موغۇل قەبىلىلىرىنى باشلاپ تەڭرىتاغدىن

ھالقىپ ئۆتۈپ قەشقەرىيىگە كىردى.

1514 - يىلى يازدا سەئىدنىڭ قوشۇنلىرى ئاتۇشقا يېتىپ كەلدى. ئۇ ئائىلە - تاۋابىئاتلىرىنى ۋە ھەربىي لاۋازىم قىسمىنى مۇشۇ يەردە قالدۇرۇپ، 4700 نەۋكەر بىلەن قەشقەر شەھىرىگە ھۇجۇم قىلدى، جەڭدە ئۇستۇنلىكنى ئىگىلىگەن بولسىمۇ، شەھەرنى ئالالمىغاچقا، مىرزا ئابابەكرىنىڭ ئۆزىسى بولغان يەركەننى بىۋاستە پەتھى قىلىش قارارىغا كەلدى. ئەمما لەشكىري يۈرۈشتە بىرقىسىم سەرۋاز - نەۋكەرلەر خېيىم - خەتەردىن قورقۇپ، قېچىپ كەتمەكچى بولدى، بۇنىڭ بىلەن قوشۇندا تەۋرىنىش بولدى. سەئىد ئاۋۋال يېڭىسارنى ئىشغال قىلىپ سەرۋاز-نەۋكەرلەرنىڭ كۆڭلىنى تىندۇرۇش، لەشكەرلەرنىڭ جاسارىتىنى ئۆستۈرۈش قارارىغا كەلدى ۋە بەش كېچە - كۈندۈزلۈك قاتتىق ھۇجۇم بىلەن يېڭىسار قەلئەسىنى ئالدى. بۇ ۋاقىتتا ئابابەكرى يەركەن شەھىرىنىڭ سىرتىدا يېڭى تەشكىللەنگەن قوشۇنلارنى كۆزدىن كەچۈرۈۋاتاتتى، ئۇ يېڭىسارنىڭ قولدىن كەتكەنلىكى ۋە قەشقەرنى ساقلاۋاتقان سەكەردىسىنىڭ شەھەرنى تاشلاپ قاچقانلىقىنى ئاڭلاپ شۇنداقلا يېڭى تەشكىللەنگەن قوشۇنىنىڭ يارامسىزلىقىنى كۆرۈپ ”بۇنداق قوشۇن بىلەن ئوتياش تەرگىلىمۇ بولمايدۇ“ دەپ ئويلاپ شەھەرگە قايتتى، پۈتۈن بىساتىنى يىغىشتۇرۇپ، ئوغلى جاھانگىرنى شەھەرنى ساقلاشقا قالدۇرۇپ، ئۆزى خوتەن تەرەپكە قاچتى. جاھانگىر سەئىد قوشۇنلىرىنىڭ يېقىنلاپ قالغانلىقىنى ئاڭلاپ ھەممىلا كىشى ئېلىپ كېتەلەيدىغانلىكى نەرسە بولسا ئېلىپ كېتىش، ئېلىپ كەتكىلى بولمىسا كۆيدۈرۈۋېتىش توغرىسىدا يارلىق چۈشۈردى، بۇنىڭ بىلەن يەركەن يەنە بىر قېتىم قاتتىق بۇلاڭ - تالاڭغا ئۇچرىدى. سەئىدنىڭ قوشۇنلىرى ھېچقانداق توسالغۇسىزلا يەركەن شەھىرىگە كىردى، سەئىد قوشۇنى لاداق

يولىدا ئابابەكرىگە يېتىشىۋېلىپ، ئۇنى شۇ جايدىلا ئۆلتۈرۈۋەتتى، جاھانگىر تەسلىم بولغاندىن كېيىن يېگىسارىدا نەزەربەنتكە ئېلىندى ۋە ئۇزاق ئۆتمەي يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈلدى.

1514-يىلى 9-ئاينىڭ 3-كۈنى سەئىد ھەرقايسى ئەمىرلەرنىڭ يۆلىشى بىلەن خانلىق تەختىگە چىقىپ، يەركەننى پايتەخت قىلدى، بۇ خانلىق تارىختا "يەركەن خانلىقى" دەپ ئاتالدى⑰. سەئىدخان تەشەببۇسكارلىق بىلەن سۈلھىلىشىش توغرىسىدا مەنسۇرخانغا ئەلچى ئەۋەتتى ۋە ئۇنىڭغا بويسۇنىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. سەئىدخاننىڭ قىساس ئېلىشىدىن قورقۇپ تۇرغان مەنسۇرخان ئەلچى ئەكەلگەن مەكتۇپنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن بەكلا خۇشال بولۇپ كەتتى. 1516 - يىلى بۇ قېرىنداش ئاكا - ئۇكىلار ئۇزلىرى ئەمەلىي كونترول قىلىپ تۇرۇۋاتقان جايلارنىڭ چېگرىسى— ئاقسۇ بىلەن كۇچا ئارىلىقىدا ئۇچراشتى. سەئىدخان مەنسۇرخانغا يۈكسەك ھۆرمەت كۆرسىتىپ خۇتبىدە مەنسۇرخاننىڭ ئىسمىنى تىلغا ئالىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ نامىدا پۇل قۇيدۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. بۇ ئىسكى ئىش ئىسلام ئادىتىدە ئەڭ ئالىي ھۆكۈمرانلىقنىڭ سىمۋولى ئىدى. بۇ قېتىمقى ئۇچرىشىش شەكىل جەھەتتە شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ بىرلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپلا قالماي، يەنە تىنچ ئىجتىمائىي مۇھىت ياراتتى. بۇ ھەقتە «تارىخى رەشىدىي» نىڭ ئاپتورى مۇھەممەد ھەيدەر مۇنداق دەيدۇ: "ئاكا - ئۇكا قېرىنداشلارنىڭ يارىشىپ قېلىشى نەتىجىسىدە پۇقرالار خاتىرجەم، ئەل ئاۋات بولدى، چىندىكى قۇمۇلدىن پەرغانىغىچە بولغان جايلاردا ئوغرى - قاراقچىلاردىن قىلچە ۋايىم يېمەستىن ئوزۇق - تۈلۈكسىز ھالدا تەنھا سەپەرگە چىققىلى بولىدىغان بولدى"⑱.

1517 - يىلى قىرغىزلار پەرغانە رايونىغا تېگىش قىلىپ، ئاھالىلەرنى بۇلاپ - تالىغاندا سەئىدخان قوشۇن باشلاپ بۇ رايوننى

قايتۇرۇۋالدى. 1522 - يىلى سەئىدخان لەشكەر تارتىپ موغۇلىستانغا كىردى ھەمدە بۇ رايوننى ئىگىلەپ تۇرۇۋاتقان قىرغىز ۋە قازاقلارنى ھەيدەپ چىقىرىپ چوڭ ئوغلى ئابدۇرەشىدنى بىر قىسىم موغۇل لەشكەرلەر بىلەن مۇشۇ جايىنى ساقلاشقا ئەۋەتتى. ئەمما ئۆزاق ئۆتمەي قازاقلار بۇ رايونغا يەنە كىرگەندە ئابدۇرەشىد تاقابىل تۇرالماي قەشقەرگە چېكىندى. سەئىدخان 1519 - يىلى ۋە 1530 - يىلى ئىككى قېتىم بەدەخشانغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇنىڭ يېرىمىنى يەركەن خانلىقىنىڭ تېررىتورىيىسىگە قوشۇۋالدى.

سەئىدخان دۆلەت قۇرۇشتا تايانغان قەشقەر رايونى دوغلات جەمەتىنىڭ ئاتا مىراس زېمىنى بولغاچقا، ئەرشىدىن جەمەتى دوغلات جەمەتىنىڭ تەسىرىدىن پايدىلىنىپ بۇ رايوندا ئۆزىنىڭ دىنىي جەھەتتىكى ھۆكۈمرانلىقىنى تىكلىۋالغانىدى. XV ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن، دوغلات ئەمىرلىرىدىن مىرزا ئابابەكرى خوجا ئەھرارنىڭ قوللىشى بىلەن بۇ رايوندا ئەمەلىي مۇستەقىل ھاكىمىيەت قۇرۇۋېلىپ ئەرشىدىن جەمەتىنى بىر مەھەل سىقىپ چىقارغانىدى㊾. ئەمما ئۇزاق ئۆتمەيلا سىياسىي ئېھتىياج يۈزىسىدىن ئابابەكرى يەنە بۇ جەمەت بىلەن يارىشىۋالغانىدى، بولۇپمۇ ئەرشىدىن جەمەتى نەقشبەندىيە تەرىقىتىگە قول بەرگەندىن كېيىن بۇ رايونغا بولغان مەنىۋى كونتروللۇقىنى پۈتۈنلەي ئەسلىگە كەلتۈرۈۋالدى. سەئىدخان ئابابەكرىنىڭ قولىدىن مەزكۇر رايوننى تارتىۋالغاندىن كېيىنكى بىر مەزگىل ئىچىدە بۇ رايون يەنىلا ئەرشىدىن جەمەتىنىڭ تەسىر دائىرىسى بولۇپ كەلدى. قۇدرەتلىك دىنىي كۈچ يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان يەركەن ھاكىمىيىتى ئۈچۈن بىر ئېغىر تەھدىت ئىدى، يەنە كېلىپ بەزى تارىخىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئەرشىدىن جەمەتى يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان يەركەن ھاكىمىيىتىگە قارىغاندا شەرقىي چاغاتاي خانلىقى ھاكىمىيىتىگە

بەكرەك مايىل ئىدى. شۇڭا سەئىدخان ھاكىمىيەت بەرپا قىلغاندىن كېيىن ئىزچىل تۈردە ئەرشىدىن جەمەتىنىڭ خانلىق ئىشلىرىغا ئارىلىشىشقا تاقابىل تۇرالىغۇدەك بىر يېڭى دىنىي كۈچنى ئىزدىدى. مانا مۇشۇنداق ئەھۋالدا ماۋارائۇننەھردىكى خوجا ئەھرارنىڭ نەۋرىسى خوجا مۇھەممەد يۇسۇپ سەمەرقەندتىن قەشقەرگە كەلدى، سەئىدخان "دەرھال خوجىغا قول بېرىپ" خانلىقتا يېڭى بىر دىنىي كۈچنى يۆلەپ تۇرغۇزماقچى بولدى. بۇنىڭدىن ئۇزۇن ئۆتمەي خوجا مۇھەممەد يۇسۇپنىڭ قېرىندىشى خوجا نۇرى (يەنە "ھەزرىتى خوجا خاۋەندى مەھمۇد شاھابىدىن" دەپمۇ ئاتىلىدۇ) مۇ يەركەن خانلىقىغا كەلدى، ئەمما بۇ قېرىنداشلار ئەپ ئۆتمىگەنلىكتىن خوجا نۇرى بۇ جايدا ئۇزاق تۇرالماي تۇرپان، بەدەخشان قاتارلىق جايلاردا پائالىيەت قىلىپ يۈردى، خوجا مۇھەممەد يۇسۇپ ئاساسەن يەركەن خانلىقى ئوردىسىدا پائالىيەت ئېلىپ باردى ۋە سەئىدخاننىڭ كەنجى ئوغلى سۇلتان ئىبراھىمنى ئاسراندى ئوغۇل قىلىۋالدى(50). ئۇ يەركەن خانلىقىدا خېلى بىر مەزگىل تۇرغاندىن كېيىن ھىجرىيە 937 - يىلى (1530 — 1531) قەشقەردە ۋاپات بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن خوجا نۇرى سەئىدخاننىڭ كىشى ئەۋەتىپ چىللاپ كېلىشى بىلەن قايتىپ كېلىپ يېڭىسارنى مەركەز قىلغان ھالدا دىنىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللاندى(51).

سەئىدخاننىڭ بۇ ئىشلىرىغا ئەرشىدىن جەمەتى پۈتۈن كۈچى بىلەن قارشى تۇردى. خوجا مۇھەممەد يۇسۇپ ۋە خوجا نۇرى ئاكا-ئۇكىلارنىڭ ئايىغى يەركەنگە تېگە - تەگمەيلا ئەرشىدىن جەمەتىدىكى ۋەكىللىك شەخس، شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ ھامىيلىقىدا تۇرۇۋاتقان خوجاتاجىدىن تۇرپاندىن تېزلىكتە يېتىپ كەلدى(52). يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ھاكىمىيەتنىڭ بۆلۈنۈپ كېتىشى بىلەن شەرقىي قىسىمدىكى ھاكىمىيەتكە تايىنىپ تۇرۇشقا

مەجبۇر بولغان ئەرشىدىن جەمەتى يەركەن خانلىقى دائىرىسىدە يەنىلا ناھايىتى زور تەسىرگە ئىگە ئىدى، يەركەن خانلىقىدىكى بەگ - سىپاھلارغىمۇ چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىپ بولغانىدى، مەسىلەن، خانلىقنى ئالقىنىدا ئوينىتىۋاتقان دوغلات ئەمىرلىرىمۇ مەزكۇر جەمەتنىڭ بىر قىسىم ئەزالىرى بىلەن قويۇق مۇناسىۋەتتە ئىدى، يەركەن خانلىقىنىڭ مۇھىم ۋەزىرى، «تارىخى رەشىدىي» نىڭ ئاپتورى دوغلات جەمەتىدىن بولغان مۇھەممەد ھەيدەرنىڭ مەنىۋى ئۇستازى دەل ئەرشىدىن جەمەتى ۋارىسلىرىدىن مەۋلانە خوجا مۇھەممەد ئىدى، خوجا تاجىدىنىنىڭ قارشىلىقى شۇبھىسىزكى چوڭ ھوقۇقىنى تۇتۇپ تۇرۇۋاتقان ئاشۇ ئاقسۆڭەك ۋە ئەمىرلەرنىڭ قوللىشىغا ئېرىشەتتى. ئەرشىدىن جەمەتىنىڭ كۈچلۈك قارشىلىقى بىلەن خوجا نۇرى يەركەندە پۇت تىرەپ تۇرالماي ئاخىر ئىلاجسىز يەركەن خانلىقىدىن ئايرىلدى ۋە ھىندىستاندىكى ھۇمايۇننىڭ قېشىغا كەتتى⑤③.

سەئىدخان ھىجرىيە 940 - يىلى (1533 - يىلى) ئالەمدىن ئۆتۈپ، چوڭ ئوغلى ئابدۇرەشىد تەختكە ۋارىسلىق قىلدى. ئابدۇرەشىدخان خانلىق تەختكە چىقىشى بىلەنلا يۈرەكلىك ئىش تۇتۇپ خانلىقىنىڭ ھەربىي-سىياسىي ھوقۇقلىرىنى كونترول قىلىۋالغان دوغلات ئەمىرلىرىنى باستۇرۇپ، ئۆز ۋۇندىن بېرى خانلىق ھوقۇق بىلەن تىركىشىپ كېلىۋاتقان بۇ قۇدرەتلىك كۈچنى يوقاتتى. سىياسىي جەھەتتىكى غەلىبە مەنىۋى جەھەتتىكى مۇستەھكەملىنىشكە مۇھتاج ئىدى، ئەمما ئەينى ۋاقىتتا كىشىلەرنىڭ روھىي دۇنياسىنى كونترول قىلىپ تۇرۇۋاتقان ئەرشىدىن جەمەتى يەركەن خانلىقى ھاكىمىيىتىنى قوللىمايتتى. ئەرشىدىن جەمەتىگە تاقابىل تۇرۇشتا ئابدۇرەشىد خان خوجا مۇھەممەد شېرىفتىن پايدىلاندى.

خوجا مۇھەممەد شېرىف سايرامدا تۇغۇلغان بولۇپ، يەتتە يېشىدا ئاتىسىدىن ئايرىلغان، ياشلىقىدا ئىلىم ئۆگىنىش ئارزۇسىدا سەمەرقەندكە كەلگەن ۋە بۇ يەردىكى بىر مەدرىستە 30 يىلنى ئۆتكۈزگەندىن كېيىن قەشقەرگە كۆچۈپ كەلگەن. شۇنىڭدىن كېيىن يەنە مەككىگە ھەج - تاۋاپقا بېرىپ، تەقۋادارلىقى بىلەن شۆھرەت قازانغان، قايتىپ كەلگەندىن كېيىن سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان مازىرىدا شەيخ بولغان. ئابدۇرەشىدخان ئۇنىڭ بىلەن تونۇشقاندىن كېيىن ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ ئەرشىدىن جەمەتىنىڭ خانلىقتىكى تەسىرىگە قارشى تۇرغىلى بولىدۇ دەپ قارىدى، شۇڭا دەرھال ئۇنىڭغا قول بېرىپ ئۇنىڭغا ئاتاپ مەسچىت - مەدرىس سالدۇردى ۋە ئۇنىڭ دىن تارقىتىش پائالىيەتلىرىنى پائال قوللىدى. خاننىڭ بۇنداق تىرىشچانلىقى بىلەن خوجا مۇھەممەد شېرىف يەركەن، قەشقەر رايونلىرىدا مۇرىت توپلىدى ۋە تېز سۈرئەتتە زورىيىشقا باشلىدى، خوجا مۇھەممەد شېرىفمۇ خانلىقنىڭ ھەربىي - سىياسىي ئىشلىرىغا ئاكتىپلىق بىلەن ئىشتىراك قىلىپ، ئابدۇرەشىدخاننىڭ قىرغىزلارنى تارمار قىلىشىغا ياردەملەشتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ قەشقەردىن يەركەنگە كېلىپ، بۇ يەردە يەنە 10 يىل ياشاپ، ھىجرىيىنىڭ 963 - يىلى (1555 — 1556) ئۆلدى. ئۇ ھايات ۋاقتىدىلا مۇھەممەد ۋەلى سوپىنى ئۆزىنىڭ ئىزباسارى قىلىپ بەلگىلىگەنىدى(54).

ھىجرىيە 967-يىلى (1559—1560) ئابدۇرەشىدخان ۋاپات بولغاندا ئىككىنچى ئوغلى ئابدۇكېرىم، مۇھەممەد ۋەلى سوپىنىڭ يوشۇرۇن ۋاقىپلاندۇرۇشى بىلەن تولۇق تەييارلىق كۆرۈپ ئىنىسى سوپى سۇلتاندىن ئاۋۋال يەركەنگە يېتىپ كېلىپ، خانلىق تەختىگە چىقتى. مۇشۇ سەۋەبتىن مۇھەممەد ۋەلى سوپى ئوردىدا بەكلا ئەتىۋارلىنىپ، ئابدۇكېرىمخان ئۇنىڭغا قول بېرىپ مۇرىت بولدى(55).

ئابدۇكېرىمخان ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە بىرقەدەر خەلقچىل سىياسەت يۈرگۈزۈلگەن بولۇپ، قانۇن - تۈزۈم كۆچەيتىلگەنلىكتىن ئادەتتىكى مۇسۇلمانلارنىڭ جانجان مەنپەئەتى ھۆكۈمەتنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشىگە ئېرىشكەنىدى، تاشقى مۇناسىۋەتتە ئۆزبېك خانى شەيبانى بىلەن دوستلۇق ئورنىتىلىپ، ئەلچىلەر بېرىپ-كېلىپ تۇردى، قازاق ۋە قىرغىزلارغا كۆپ قېتىم يۈرۈش قىلىنىپ ھەممىسىدىلا غەلىبە قازىنىلدى. ئابدۇكېرىمخان ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدىكى ئەڭ مۇھىم ۋەقە شەرقىي چاغاتاي خانلىقى يەنى قۇمۇل، تۇرپان رايونلىرىنى يەركەن خانلىقى تېررىتورىيىسىگە قوشۇۋېلىش بولدى، بۇنىڭ بىلەن خانلىقنىڭ زېمىنى مىسلىسىز كېڭەيدى.

شەرقىي چاغاتاي خانلىقىدىكى مەنسۇرخان بىرنەچچە قېتىم قوشۇن چىقىرىپ يەركەن خانلىقى كونتروللۇقىدىكى ئاقسۇغا ھۇجۇم قىلىپ باققان بولسىمۇ ھەممىسىدىلا مەغلۇپ بولدى، يەركەن خانلىقى شەرقىي چاغاتاي خانلىقىدىن پۈتۈنلەي ئايرىلىپ چىقىپ مۇستەقىل بولدى، شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ چېگرىسى ئاران تۇرپان، چالىش ۋە قۇمۇل بىلەنلا چەكلىنىپ قالدى. ھىجرىيىنىڭ 950 - يىلى (1543—1544) مەنسۇرخان كېسەل بىلەن ئۆلدى. «تارىخى رەشىدىي» دە ئېيتىلىشىچە، مەنسۇرخان تەقۋادار مۇسۇلمان بولۇپ، ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە تەختىنى چوڭ ئوغلى شاھ سۇلتانغا ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، ئۆزى ئىستىقامەت بىلەن مەشغۇل بولغان [56]. شاھ سۇلتان ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىللەردە مىڭ سۇلالىسى بىلەن دوستانە تىنچ مۇناسىۋەت ئورناتقان ۋە مىڭ سۇلالىسىگە كۆپ قېتىم سوۋغات يوللاپ، دائىملىق سىياسىي-ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتنى ساقلاپ كەلگەنىدى، ئۇ يەركەن خانلىقى بىلەنمۇ خېلى ياخشى مۇناسىۋەت ئورناتقانىدى.

ئەمما شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ ئويراتلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئىنچىكە جىددىيچىلىك ئىچىدە ئۆتتى، شاھ سۇلتانمۇ ئويراتلارغا قارشى بىر قېتىملىق "غازات"تا ئۆلجىلىرىنى ئېلىپ قايتىۋاتقاندا ئويراتلارنىڭ توسۇپ زەربە بېرىشىگە ئۇچراپ "شېھىت بولدى"57. مىڭ دەۋرىدىكى خەنزۇچە مەنبەلەرگە ئاساسلانغاندا، بۇ ۋەقە 1565 - يىلى ياكى ئۇنىڭدىن سەل ئىلگىرى يۈز بەرگەن بولسا كېرەك58. شاھ سۇلتان ئۆلگەندىن كېيىن تاغىسىنىڭ ئوغلى مەسئۇد "ئاۋامىنىڭ يۆلىشى بىلەن تەختكە چىقتى" ۋە مىڭ سۇلالىسىدىن "قوۋۇقتىن ئۆتۈپ تاۋاپ - تەزىم قىلىشقا ئىجازەت قىلىشنى ئۆتۈندى"59. ئەمما نامەلۇم ئاپتور يازغان «قەشقەر تارىخى» دا ئېيتىلىشىچە، شاھ خاندىن كېيىن شەرقىي چاغاتاي خانلىقىدا باشقىدىن خان تىكلەنمىگەن60. بۇ ئېھتىمال مەسئۇد سۇلتاننىڭ "ئاۋامنىڭ يۆلىشى بىلەن تەختكە چىقىشى" ئەنئەنىۋى تەختكە ۋارىسلىق قىلىشقا ئوخشىمايدىغانلىقى سەۋەبىدىن ئومۇميۈزلۈك ئېتىراپ قىلىشقا ئېرىشەلمىگەنلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك. بۇ ئەھۋال يەركەن خانلىقىنىڭ شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنى قوشۇۋېلىشىغا شارائىت ۋە باھانە بولدى.

1570 - يىلى ئابدۇكېرىمخان ئىنىلىرى سوپى سۇلتان، مۇھەممەد سۇلتان، ئەبۇ سەئىد سۇلتان ۋە قۇرەيش سۇلتان قاتارلىقلارنى "ئادەم باشلاپ تۇرپانغا بېرىشقا ئەۋەتتى، ئۇلار بارغاندىن كېيىن خانلىقنى تارتىۋالدى"، "ئىلگىرىكى پادىشاھ مەسئۇد ۋە ئۇنىڭ ئىنىسى سۇلتان مۇھەممەد ئەلى باھادۇر قاتارلىقلارنى چەمبەرچاس باغلاپ سەمەرقەندكە ئېلىپ كەلدى، سۇلتان مۇھەممەد ئەلى باھادۇر سەمەرقەندتە يوقاپ كەتتى. ئۇنىڭ ئاكىسى مەسئۇد دەريانىڭ غەربىدىكى يىراق جايلارغا

كەتكۈزۈۋېتىلدى"[61]، مۇھەممەد سۇلتان تۇرپاننىڭ نائىبى بولۇپ تەيىنلەندى. «مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئوردا خاتىرىلىرى» دە مۇنداق دېيىلىدۇ: "تۇرپاندا مۇھەممەد يېڭىدىن خان بولدى ۋە ئەلچى ئەۋەتىپ ھۆرمەت - ئېھتىرام بىلەن سوۋغات ئەۋەتىشنى ئىلتىماس قىلدى، ئۇنىڭ قېرىنداشلىرىدىن سوپى سۇلتان، قۇرەيش سۇلتان، ئەبۇ سەئىد سۇلتان قاتارلىقلارمۇ شۇ مەزمۇندا ئۆز ئەلچىلىرىنى ئەۋەتىشتى ۋە مىڭ سۇلالىسى پادىشاھلىرىنىڭ ئالاھىدە ئىجازىتىگە ئېرىشتى"[62]. خەنزۇچە مەنبەلەرگە ئاساسلانغاندا "سوپى سۇلتاننىڭ ئۈچىنچى ئىنىسى مۇھەممەد تۇرپاندا تۆت يىل پادىشاھ بولغان، تۇرپاننى ساقلاۋاتقان ئاتامانلار مۇھەممەدنىڭ شاھ بولغىنىغا قايىل بولماي ئۇنى قەستلەشنى مەسلىھەتلەشكەن. مۇھەممەد بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن بالا - چاقىسىنى ئېلىپ يەركەنگە كەتكەن. ئوردا ئەھلى بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئاندىن سۇلتان مۇھەممەد ئەلى باھادۇرنى سەمەرقەندتىن تەكلىپ قىلىپ كېلىپ خانلىق تەختكە چىقارغان"[63]. «مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئوردا خاتىرىلىرى» گە ئاساسلانغاندا، سۇلتان مۇھەممەد ئەلى باھادۇر 1575—1576-يىللىرى ئىلگىرى - كېيىن ئىككى قېتىم مىڭ سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتىپ، ئات ۋە نەرسە-كېرەك تارتۇق قىلغان، ئەمما 1579 - يىلى خان ئالمىشىش بولۇپ "تۇرپانغا سۇلتان ئەبۇ ناسىر ئەھمەد خان بولغان ۋە مەۋلانە باشچىلىقىدىكى ئات ۋە نەرسە - كېرەك تەقدىم قىلىش كارۋىنىنى ئەۋەتىپ، مېھىر - شەپقەتكە جاۋاب قايتۇرۇش يۈزىسىدىن ئولپان تاپشۇرۇشقا ئىجازەت قىلىشنى تەلەپ قىلغان"[64]. XVI ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرىنىڭ باشلىرى خوتەن نائىبى قۇرەيش سۇلتان ئىسيان كۆتۈردى[65]، چوڭ ئوغلى خۇدابەندى سۇلتان 1583 - يىلى تۇرپاننى ئىگىلەپ، شۇ يىلىلا مىڭ سۇلالىسىگە ئەلچى ماڭدۇردى

ھەممىدە ”شاپائەتكە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن تارتۇق يوللاشقا ئىجازەت قىلىشنى ئۆتۈندى“(66). ئەمما ئابدۇكېرىمخان يەرلىك بەگ - سىپاھلارنىڭ مۇستەقىل بولۇۋېلىشىغا قاراپ تۇرالمايتتى، شۇڭا دەرھال مۇھەممەد سۇلتاننى ئەۋەتىپ ئۇلارنى باستۇردى. قورەيش سۇلتان يېڭىلگەندىن كېيىن يەركەنگە يالاپ كېلىندى ۋە ھىندىستانغا سۈرگۈن قىلىندى، ئوغلى خۇدابەندە سۇلتان يەنىلا تۇرپانغا ھۆكۈمرانلىق قىلدى، قارىغاندا ئۇ ھېچ بولمىغاندا نامدا بولسىمۇ ئابدۇكېرىمخانغا بويسۇنغاندەك قىلاتتى. مۇھەممەد سۇلتان تەختكە چىققاندىن كېيىن خانلىق نوپۇزىنى كۈچەيتىپ خۇدابەندىنىڭ تۇرپاندىكى تۇپلىڭىنى تىنچىتتى ۋە كەنجى ئىنىسى ئابدۇرەھىم سۇلتاننى تۇرپان نائىبى قىلىپ تەيىنلىدى، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن IX ئەسىردىن بۇيانقى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىنى ئىككى ھاكىمىيەتتىن بۆلۈپ ئىدارە قىلغان، ئىككى خىل دىنغا ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن ۋەزىيەت ئاخىرلاشتى. بۇ ئەھۋال جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىغا ۋە ئىقتىساد، مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا پايدىلىق بولدى ھەمدە يېقىنقى زامان ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ شەكىللىنىشىگە كۈچلۈك تۈرتكە بولدى.

ئابدۇكېرىمخان تەقۋادار مۇسۇلمان بولۇپ، تەختتىكى مەزگىلدە مۇھەممەد ۋەلى سوپى ۋە ئۇنىڭ مۇخلىسلىرىنىڭ دىنىي پائالىيىتىنى زور كۈچ بىلەن قوللىدى. ئىسلام دىنىنىڭ كەڭ تارقىلىشى ۋە كىشىلەر قەلبىگە چوڭقۇر ئورنىشىشى بىلەن ئەسلىدىكى ئىرق قارىشى ۋە قوۋم چېگرىسى ئاجىزلىشىپ، ئابدۇكېرىمخاننىڭ ھاكىمىيىتى موغۇل ئۇلۇسى مەنپەئىتىنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىشتىن پۈتكۈل مۇسۇلمانلار مەنپەئەتىنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىشقا يۈزلەندى. بۇ ئەھۋال موغۇللار بىلەن يەرلىك ئاھالىنىڭ سىڭىشىپ كېتىشىنى

تېزلىتىپ، جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقى ۋە ئىقتىساد، مەدەنىيەتنىڭ راۋاجلىنىشىغا پايدىلىق بولدى.

ھازىرقى ماتېرىياللاردىن قارىغاندا، خوجا مۇھەممەد شېرىپ ۋە ئۇنىڭ ۋارىسلىرى بىرەر چوڭ ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرالمىغان، ئۇنىڭ دىن تارقىتىش پائالىيەتلىرىمۇ ئاساسەن قەشقەر، يېڭىسار ۋە يەركەن قاتارلىق جايلار بىلەن چەكلىنىپ قالغان بولۇپ، ئانچە مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇپ كەتمىگەن. ئەمما شۇنىڭغا دىققەت قىلىشىمىز كېرەككى، گەرچە ئۇۋەيسخان دەۋرىدە تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي رايونلىرى تەدرىجىي ماۋارائۇننەھر مەزھەپلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، ماۋارائۇننەھردىكى دىنىي زاتلارنىڭ بۇ رايونغا كىرىپ دىنىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشى كۆپ قېتىم يۈز بەرگەن بولسىمۇ، ھېچقايسىسى كۆرۈنەرلىك مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشەلمىگەن، يەنە كېلىپ ئالدىراپ - تېنەپلا كېلىپ - كېتىپ تۇرغاچقا مۇقىم دىنىي كۈچ بولۇپ شەكىللىنەلمىگەن، ھالبۇكى خوجا مۇھەممەد شېرىپ تەسىرىنىڭ باش كۆتۈرۈشى بولسا پۈتۈنلەي باشقا گەپ بولۇپ، ئۇلار تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىنى بازا قىلىپ تۇرۇپ، ئەرشىدىن جەمەتى بىلەن قارشىلاشتى ۋە ئەرشىدىن جەمەتىنىڭ تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى بىر مەزگىللىك ھۆكۈمرانلىقىنى ۋەيران قىلدى.

بۇ رايون ئەنە شۇنداق دىنىي كۈچلەرنىڭ تۈرلۈك كۈرەشلىرىگە پېتىپ قېلىپ تىنچىماي تۇرغان بىر پەيتتە، ماۋارائۇننەھردىكى نەقشىبەندىيە تەرىقىتىنىڭ بەشىنچى ئەۋلاد سەردارى مەخدۇم ئەزەمنىڭ ئوغلى خوجا ئىسھاق ۋەلى بۇ رايونغا كەلدى ۋە جىددىي تۇتۇشۇشلار ئارقىلىق يۇقىرىقى بارچە كۈچلەرنى تارمار كەلتۈردى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى ئىسلامىيەت تەرەققىياتى يېڭى بىر باسقۇچقا — نەقشىبەندىيىچىلەر

كونتروللۇقىدىكى دىنىي تەرەققىيات مەزگىلىگە قەدەم قويدى.

---

**ئىزاھلار:**

① ئىدىقۇت ـ تۈركچە سۆز، مەنىسى "بەخت-سائادەتلىك شاھ" بولۇپ، ئىدىقۇت ئۇيغۇر دۆلىتى پادىشاھلىرىنىڭ ھۆرمەت نامى، ئەسلىدە باسمىللار قوللانغان نام ئىدى («تارىخى جاھانكۇشاي»، ئىنگلىزچە نۇسخا، 1 ـ قىسىم، 45-بەتتىكى «ئىدىقۇت» دېگەن ئىزاھقا قاراڭ؛ خەنزۇچە نۇسخا، 1 ـ قىسىم، 50—51- بەتلەر).

② «تارىخى جاھانكۇشاي»، خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخا، 1 ـ قىسىم، 49- بەت.

③ خەن رۇلىن باش مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن: «يۈەن سۇلالىسى تارىخى»، 1 ـ قىسىم، 132 ـ بەت، خەلق نەشرىياتى، 1986 ـ يىل.

④ «تارىخى جاھانكۇشاي»، 1 ـ قىسىم، 49 ـ بەت.

⑤ «گۇيىزەي توپلىمى»، 11 ـ جىلد.

⑥ «ۋاڭ گوۋېي ئەسەرلىرى»، 13 ـ قىسىم، «زەپەرنامەگە ئىزاھ». ئىدىقۇت ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ موڭغۇل دۆلىتىگە بېقىندى بولغانلىقى ھەققىدىكى خاتىرىلەر يەنە «يۈەن سۇلالىسى تارىخى»، 124 ـ جىلد ۋە «جامىئۇل تەۋارىخ» خەنزۇچە نۇسخا، 1 ـ توم، 2 ـ قىسىم، 211 — 213 ـ بەتلەردە كۆزگە چېلىقىدۇ.

⑦ «يۈەن سۇلالىسى تارىخى»، 122 ـ جىلد، «بارچۇق ئارت تېكىنىنىڭ تەرجىمىھالى».

⑧ ئابې تاكېئو: «غەربىي ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ تارىخى ھەققىدە تەتقىقات»، خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخا، 24 — 25 بەتلەر، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1985- يىل.

⑨ بۇ ھەقتىكى تەپسىلىي باياناتلارنى «تارىخى جاھانكۇشاي»، خەنزۇچە نۇسخا، 1- قىسىم، 86 —، 89 ـ بەتلەردىن كۆرۈڭ.

⑩ يۇقىرىقى ئەسەر، 71 ـ بەت.

⑪ يۇقىرىقى ئەسەر، 71 —، 72 ـ بەتلەر.

⑫ شۇبھىسىزكى بۇ سانلار مۇبالىغىلەشتۈرۈۋېتىلگەن، ئەينى مەزگىلدىكى بالاساغۇندا

بۇنچە كۆپ ئەركەكلەرنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس.

⑬ «تارىخى جاھانكۇشاي»، خەنزۇچە نۇسخا، 1 - قىسىم، 421 - بەت.

⑭ «لياۋ سۇلالىسى تارىخى»، 30-جىلد ، «قارا قىتان خانلىقىنىڭ تارىخى».

⑮ «تارىخى جاھانكۇشاي»، خەنزۇچە نۇسخا، 1 - قىسىم، 422 - بەت.

⑯ «لياۋ سۇلالىسى تارىخى»، 30 - جىلد، «قارا قىتان خانلىقىنىڭ تارىخى».

⑰ «جامىئۇل تاۋارىخ»، خەنزۇچە نۇسخا، 1 - توم، 2 - قىسىم، 248- بەت؛ «تارىخى جاھانكۇشاي»دا كۈچلۈكنىڭ بىر قىزنى خوتۇنلۇققا ئالغىنى ئېيتىلسىمۇ ئۇنىڭ سالاھىيىتى توغرىسىدا بىر نەرسە دېيىلمىگەن (خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخا، 1 - قىسىم، 72 - بەت).

⑱ «جامىئۇل تاۋارىخ»، خەنزۇچە نۇسخا، 1 - توم، 2 - قىسىم، 251- بەت.

⑲ «تارىخى جاھانكۇشاي»، خەنزۇچە نۇسخا، 1 - قىسىم، 73—74 - بەتلەر.

⑳ "ئاۋزار" دېگەن ئىسىم جامال قارشىنىڭ «سۇرراھ لۇغىتى»دە "بۇزار" دېيىلىدۇ. «تارىخى جاھانكۇشاي»، ئىنگلىزچە نۇسخا، 1 - قىسىم، 65- بەت، تەرجىمانىنىڭ ئىزاھى؛ خەنزۇچە نۇسخا، 1 - قىسىم، 73 - بەت.

㉑ «تارىخى جاھانكۇشاي»، خەنزۇچە نۇسخا، 1-قىسىم، 87-بەت.

㉒ ئىبنۇل ئەسىر: «تارىخى كامىل»، XII جىلد، 179 - بەت؛ «قىرغىزلار ۋە قىرغىزلار رايونىنىڭ تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللار»، 1- توم، 75—76 - بەتلەر.

㉓ ياۋ دالى: «كۈچلۈك ئۆلتۈرۈلگەن جاي توغرىسىدا تەتقىقات» – «يۈەن سۇلالىسى ۋە شىمال مىللەتلىرى تارىخىغا دائىر تەتقىقات ماقالىلار توپلىمى»، 5- سان، 1981- يىلى.

㉔ «تارىخى رەشىدىي»، خەنزۇچە نۇسخا، 1-قىسىم، 151—155 - بەتلەر. تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا «تارىخى رەشىدىي»دە ئېسەن بۇقانىڭ ئوغلى، دۇۋاخاننىڭ نەۋرىسى دېيىلىدۇ. بارتولد بۇنىڭغا گۇمان بىلەن قاراپ، تۇغلۇق تۆمۈرخان تۇغۇلۇشتىن خېلى يىللار ئىلگىرى ئېسەن بۇقانىڭ ھايات ئىكەنلىكىگە بىر نەرسە دېيىش قىيىن، دەيدۇ ( بارتولد:«ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركلىرى تارىخىغا دائىر 12 لېكسىيە»، خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخا، 212 – 213 - بەتلەر)، لىيۇيىڭشېڭ بۇنى تېخىمۇ چوڭقۇر تەتقىق قىلىپ، "ئېسەن بۇقا 1320 - يىلىدىن ئىلگىرى ئۆلگەن، شۇڭا تۇغلۇق تۆمۈرخان ھەرگىزمۇ ئېسەن

بـۇقانىڭ ئوغلى ئەمەس“ دەپ يەكۈن چىقاردى (‹‹يۇەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرلىرىدىكى چـاغـاتاي خانلىقى›› - ‹‹غەربىي شىمال مىللەتلەر تەتقىقاتى››، 1986-يىللىق 1-سان).
‹‹مۆتىۋەر كاتتىلار شەجەرىسى››دە تۇغلۇق تۆمۈرخان دۇۋا خاننىڭ ئوغلى ئېمىل خوجىنىڭ ئوغلى دېيىلىدۇ، ئەمما بارتولد بۇمۇ پۈت تىرەپ تۇرالمايدۇ، ”تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ چوڭ خان جەمەتىدىن كېلىپ چىققانلىقى ھەققىدىكى ھېكايىنى دوغلات ئەمىرلىرى توقۇپ چىقارغان بولۇشى ئېھتىمالغا تولىمۇ يېقىن“ (بارتولد: ‹‹ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركلىرى تارىخىغا دائىر 12 لېكسىيە››، 213 - بەت) دەپ قارايدۇ. ۋېي لياڭتاۋ ‹‹دوغلات ئەمىرلىرىنىڭ گۈللىنىشى ۋە ھالاكىتى››، (‹‹يۇەن سۇلالىسى ۋە شىمال مىللەتلىرى تارىخىغا دائىر تەتقىقات ماقالىلار توپلىمى››، 12—13- قىسىم، 1989—1990-يىللار)دە بۇ مەسىلە ھەققىدە ئوخشاشمىغان پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. مەزكۇر ماقالىدا، ‹‹مۆتىۋەر كاتتىلار شەجەرىسى›› ۋە ‹‹زەپەرنامە›› گــە ئاساسلىنىپ: ”تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ ئېسەن بۇقانىڭ ئوغلى بولۇش ئېھتىماللىقىنى پۈتۈنلەي چەتكە قېقىشقا بولىسمۇ، ئەمما بۇنىڭغا قارشى يېڭى مەنبەلەر بايقالمىشتىن ئىلگىرى تـۇغـلـۇق تـۆمۈرخاننىڭ چاغاتاي ئەۋلادلىرى ئارىسىدىكى قانداشلىق مۇناسىۋەتتە ئەڭ ھۆرمەتلىك بولغان دۇۋاخاننىڭ نەۋرىسى، يەنى ئېمىل خوجىنىڭ ئوغلى ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلىشقا بولمايدۇ“ دەپ كۆرسىتىلىدۇ.

㉕ ‹‹تارىخى رەشىدىي››، خەنزۇچە نۇسخا، 1 - قىسىم، 161—163 - بەتلەر.

㉖ يۇقىرىقى ئەسەر، 2 - قىسىم، 322 - بەت.

㉗ يۇقىرىقى ئەسەر، 1 - قىسىم، 162 -، 165 - بەتلەر.

㉘ ليۇزىشياۋ: ‹‹ئۇيغۇر تارىخى››، 1 - قىسىم، 296 - بەتلەر، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1985 - يىل.

㉙ ‹‹جالالىدىن بۇخارى قاتارلىق كىشىلەرنىڭ تارىخى ھەققىدىكى پاراگىلار››، ‹‹شىنجاڭ دىن تەتقىقات ماتېرىياللىرى››، 16 - قىسىم.

㉚ ‹‹تارىخى رەشىدىي››، خەنزۇچە نۇسخا، 1 - قىسىم، 225 - بەت؛ ۋېي لياڭتاۋ: ‹‹مىڭ دەۋرىدىكى قوچۇغا ئائىت بىرقانچە مەسىلە››.

㉛ بۇ قىسىملار ‹‹تارىخى رەشىدىي››دىكى خاتىرىلەر ۋە ‹‹تارىخى رەشىدىي››نىڭ ‹‹ئىنگلىزچە تەرجىمە نۇسخىسىنىڭ مۇقەددىمىسى›› (‹‹تارىخى رەشىدىي››، خەنزۇچە نۇسخا،

1-قىسىم، 59-، 65-بەتلەر)گە ئاساسەن رەتلەندى. "ماڭلاي سۇيە"دىكى "ماڭلاي"نى مىرزا ھەيدەر «تارىخى رەشىدىي»دە پارسىچە Aftabru بىلەن مەنىداش، يەنى "كۈنگەي" دەپ ئىزاھلايدۇ، ئەمما بۇ نامنىڭ قايسى تىل، قايسى دۆلەت ياكى قايسى مىللەتكە تەۋە ئىكەنلىكى ھەققىدە ئارتۇق بىر نەرسە دېمەيدۇ. ئېلىئاس مەزكۇر كىتابنىڭ ئىزاھلىرىنى ئىشلىگەندە "ماڭلاي سۇيە"دىكى "ماڭلاي"نىڭ ساپ تۈركچە سۆز بولۇپ: "ئالدى، ئالدى تەرەپ، پېشانە" دېگەندەك مەنىلەرگە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئېنىقلىغان بولسىمۇ، "سۇيە" سۆزىنى چۈشەندۈرۈشكە ۋە مەنبەسىنى بېكىتىشكە ئۇلاجىسىز قالغان. «تارىخى رەشىدىي»، خەنزۇچە نۇسخا، 1 - قىسىم، 155 - بەت ۋە شۇ بەتتىكى ئىزاھقا قاراڭ.

㉜ «تارىخى رەشىدىي»، خەنزۇچە نۇسخا، 1 - قىسىم، 233 - بەت.

㉝ جوكىنىس فرايىچ: «جۇڭگو سوپىزمىدىكى 'تۆيۈق' لار»، گېڭ شىڭ تەرجىمە قىلغان «جۇڭگو خۇيزۇلىرى ھەققىدە تەتقىقات»، 1 - قىسىم.

㉞ يەنە بىر خىل قاراشتىكىلەرنىڭ پىكرىچە مەزكۇر مەزھەپنى ئەبۇ نەجىب سۇخرەۋەردى (1097 - 1168) ياراتقان.

㉟ بارتولد: «ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركلىرى تارىخىغا دائىر 12 لېكسىيە»، خەنزۇچە نۇسخا، 211 - بەت.

㊱ يۇقىرىقى ئەسەر، 212 - بەت.

㊲ يۇقىرىقى ئەسەر، 212 - بەت.

㊳ يۇقىرىقى ئەسەر، 236 - بەت.

㊴ «تارىخى رەشىدىي»، خەنزۇچە نۇسخا، 1-قىسىم، 244-، 249 - بەتلەر.

㊵ يۇقىرىقى ئەسەر، 299—300 - بەتلەر.

㊶ يۇقىرىقى ئەسەر، 2 - قىسىم، 9 - بەت.

㊷ يۇقىرىقى ئەسەر، 1 - قىسىم، 327 - بەت.

㊸ ملك دەۋرىدىكى خەنزۇچە مەنبەلەردە "خوجا تاجىدىن" دېيىلىدۇ. بۇ كىشى مىڭ سۇلالىسىگە قارشى ئۇرۇشلارغا قاتناشقانلىقتىن مىڭ دەۋرىدىكى ۋەسىقىلەردە كۆپ ئۇچرايدۇ.

㊹ «تارىخى رەشىدىي»، خەنزۇچە نۇسخا، 1 - قىسىم، 346 - بەت.

㊺ يۇقىرىقى ئەسەر، 1 - قىسىم، 346 - بەت، «يات ئەللەر خاتىرىسى»، 13 -

جىلد، «تۇرپان».

㊻ «مىڭ ۋۇزۇڭ دەۋرىدىكى ئوردا خاتىرىلىرى»، 187 - جىلدتا 写赤 دەپ يېزىلغان.

㊼ ئېنى ۋاقىتتا شۇ جايلاردىكى ئاپتورلار مەزكۇر دۆلەتنىڭ قۇرۇلما تېپىنى "موگغۇل دۆلىتى" دەپ ئاتىغان. بۇ نام توغرىسىدىكى تەپسىلىي مەزمۇننى ۋېي لياڭتاۋنىڭ «يەركەن خانلىقىنىڭ تارىخىدىن ئومۇمىي بايان» ناملىق ئەسىرىنىڭ 2—6 - بەتلىرىدىن كۆرۈڭ، خېيلۇڭجياڭ مائارىپ نەشرىياتى، 1994 - يىل.

㊽ «تارىخى رەشىدىي»، خەنزۇچە نۇسخا، 1 - قىسىم، 356 - بەت.

㊾ «جالالىدىن بۇخارى قاتارلىقلارنىڭ تارىخى ھەققىدە پاراگلار».

㊿ «تارىخى رەشىدىي»، خەنزۇچە نۇسخا، 2 - قىسىم، 326 - بەت.

51 يۇقىرىقى ئەسەر، 2 - قىسىم، 347 — 349 - بەتلەر.

52 يۇقىرىقى ئەسەر، 321 -، 323 - بەتلەر.

53 يۇقىرىقى ئەسەر، 360 - بەت.

54 «تارىخ» 155—156 - بەتلەر؛ « تەزكىرەئى خوجا مۇھەممەد شېرىف» روسىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىدا ساقلىنىۋاتقان C582 نۇسخىنىڭ 138-بەت ئالدى تەرىپى ۋە 149-بەت ئارقا تەرىپى، «تارىخ» 265-بەتتىكى 55-ئىزاھتىن نەقىل ئېلىندى؛ «جالالىدىن بۇخارى قاتارلىقلارنىڭ تارىخى توغرىسىدا پاراگلار». خوجا مۇھەممەد شېرىفنىڭ ئۆلگەن يىلى ھەققىدە سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيىسى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىدا ساقلىنىۋاتقان يەنە بىر قولىيازما D371 (193 - بەتنىڭ ئارقا تەرىپى)دا ھجرىيە 963 - يىلى (1555 — 1556) دېيىلىدۇ، C582 نومۇرلۇق قولىيازمىدا ھجرىيە 967-يىلى (1565 — 1566) دېيىلىدۇ. «جالالىدىن بۇخارى قاتارلىقلارنىڭ تارىخى ھەققىدە پاراگلار» دىكىسى ھجرىيە 973 - يىلى بولسىمۇ، يەنە بۇ خوجا ۋاپات بولۇپ ئۈچ يىلدىن كېيىن ئابدۇرەشىدخاننىڭ ۋاپات بولغانلىقى ئېيتىلىدۇ. «تارىخ» (157- بەت)قا ۋە مەزكۇر ئەسەردىكى 69 - ئىزاھقا ئاساسلانغاندا ئابدۇرەشىدخاننىڭ ھجرىيە 967 - يىلى (1559—1560) ۋاپات بولغانلىقى مەلۇملۇق. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا «تارىخ» (159-بەت)دا ئابدۇرەشىدخاندىن كېيىنكى تەخت ماجىراسى ھەققىدە سۆز بولغاندا ئۇنىڭغا ئىشتىراك

قىلغۇچىنىڭ خوجا مۇھەممەد شېرىپ ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ۋارىسى مۇھەممەدئۆەلى سوپى ئىكەنلىكى ئېيتىلىدۇ. شۇڭا بۇ بايانلارنى D371دىن كۆچۈرۈلگەن دېيەلەيمىز.

㊺ «تـارىـخ»، 159—163-بـەتلەر؛ شاھ مەھمۇد جۇراس: «ئەنىسەتتالىبىن» («ھەقىقەت ئىزدىگۈچىلەر دوستى»)، 97 - بەت ئالدى يۈز، «تارىخ»نىڭ «قوشۇمچە» سىگە قاراڭ.

㊻ «تارىخى رەشىدىي»، خەنزۇچە نۇسخا، 1 - قىسىم، 350 - بەت.

㊼ «تارىخ»، 166 - بەت.

㊽ «مىڭ شىزوڭ دەۋرىدىكى ئوردا خاتىرىلىرى»، 556 - جىلد، جياجىڭ 45 - يىلى (1566 - يىلى)3-ئايدا: "دەسلەپ ياتلار پادىشاھى شاھ سۇلتان شىمال تائىپىلىرىنىڭ قەبىلىلىرىنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلغاندا ئوقيا ئوقى تېگىپ ئۆلدى" دېيىلىدۇ.

㊾ «مىڭ شىزوڭ دەۋرىدىكى ئوردا خاتىرىلىرى»، 556-جىلد، جياجىڭ 45-يىلى (1566-يىـلى) 3-ئاي؛ شى ماۋخۇا: «شەنشى ۋالىيسى يى ئەننىڭ خانغا يوللىغان مەكتۇپلىرى»، 6 - جىلد، «يىراقتىكى تائىپىلەرنىڭ شاپائەتكە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ تارتۇق تەقدىم قىلىشنى ئۆتۈنگەنلىكى»؛ چېن گاۋخۇا: «مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى قۇمۇل، تۇرپانغا دائىر ماتېرىياللار توپلىمى»، 421 - بەت؛ ۋېي لياڭتاۋ: «مىڭ سۇلالىسى دەۋرى ۋە چىڭ سۇلالىسىنىڭ باشلىرىدىكى تۇرپان ھۆكۈمرانلىرىنىڭ شەجەرىسى»— «تارىخ تەتقىقاتى»، 1986 - يىللىق 6 - سان.

㊿ «قەشقەر تارىخى». قولىيازما. 71 - بەت — «تارىخ» 123 - بەتتىن ئېلىنغان نەقىل.

(61) شى ماۋخۇا: «شەنشى ۋالىيسى يى ئەننىڭ خانغا يوللىغان مەكتۇپلىرى»، 6 - جىلد، «يىراقتىكى يات تائىپىلەرنىڭ شاپائەتكە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ تارتۇق تەقدىم قىلىشنى ئۆتۈنگەنلىكى».

(62) «مىڭ مۇزوڭ دەۋرىدىكى ئوردا خاتىرىلىرى»، 49 - جىلد، جياجىڭ 40 - يىلى (1570 - يىلى) 9 - ئاي.

(63) شى ماۋخۇا: «شەنشى ۋالىيسى يى ئەننىڭ خانغا يوللىغان مەكتۇپلىرى»، 6 - جىلد، «يىراقتىكى يات تائىپىلەرنىڭ شاپائەتكە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ تارتۇق تەقدىم

قىلىشنى ئۆتتۈنگەنلىكى».

⑭ «مىڭ شىنزۇڭ دەۋرىدىكى ئوردا خاتىرىلىرى»، 92 - جىلد، ۋەنلى 7 - يىلى (1579 - يىلى) 10 - ئاي.

⑮ مۇسۇلمان ئاپتورلار يازغان تارىخ كىتابلىرىدىكى بۇ ۋەقە توغرىسىدا بېرىلگەن مەلۇماتلار چۇۋالچاق شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئېنىق يىل دەۋرى يوق، «بەھرۇل ئەسرار فى مەناقىبۇل ئەخيار» («ئېسىلزادىلارنىڭ باتۇرلۇق روھىنىڭ سىرلىرى»)، «ئەنسەتتالىبىن» («ھەقىقەت ئىزدىگۈچىلەر دوستى») ۋە «ئەكبەرنامە» لەردە بىردەك بۇ ھەقتىكى مەلۇماتلار خاتىرىلەنگەن، تەپسىلىي مەلۇمەتلارنى «تارىخ»دىن كۆرۈڭ. تەرجىمانىڭ 280—281 - بەتلەردىكى 118 - ئىزاھى.

⑯ «مىڭ شىنزۇڭ دەۋرىدىكى ئوردا خاتىرىلىرى»، 142 - جىلد، ۋەنلى 11 - يىلى (1583-يىلى) 10 - ئاي.

# IV باب قاراتاغلىق خوجىلارنىڭ باش كۆتۈرۈشى

## 1 § خوجىلارنىڭ يىلتىزى

ئوتتۇرا ئاسىيا سىياسىي ۋەزىيىتىنى يېرىم ئەسىر دېگۈدەك ئۆز قولىدا تۇتقان كامىل نەيرەڭۋاز، مەشھۇر دىنىي داھىي خوجا ئەھرار ھىجرىيە 895 - يىلى (1490 - يىلى) ئۆلۈپ ئۇزاق ئۆتمەيلا ئۇنىڭ يېتىلگەن مۇرىتى ۋە ئىزباسارى بولغان مەۋلانە مۇھەممەد غازىمۇ ھىجرىيە 921 - يىلى (1515—1516) ئالەمدىن ئۆتتى، شۇنىڭ بىلەن نەقشبەندىيە تەرىقىتىنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقى تەدرىجىي مەخدۇم ئەزەمنىڭ قولىغا ئۆتتى.

مەخدۇم ئەزەمنىڭ ئەسلىي ئىسمى ئەھمەد كاسانى بولۇپ، ھىجرىيە 866-يىلى (1461—1462)، ھىجرىيە 949-يىلى (1542—1543) ئۆلگەن①. مۇھەممەد سادىق قەشقەرىنىڭ «تەزكىرەئى خوجىگان» ناملىق ئەسىرىدىكى بايانلارغا قارىغاندا ئۇنىڭ ئاتا - بوۋىلىرى مەدىنىلىك بولۇپ، بوۋىسى كېيىنچە پەرغانە رايونىغا كېلىپ ماكانلاشقان②. ئۇنىڭ ئەجدادلىرى ھەققىدىكى شەجەرىلەر ئون خىلدىن ئاشىدىغان بولۇپ ئەۋلاد سانى، ھۆرمەت نامى ۋە ئىسمى قاتارلىقلاردا ناھايىتى چوڭ ئوخشىماسلىقلار مەۋجۇت، شۇنداق بولسىمۇ ھەممىسىدىلا ئۆز يىلتىزىنى فاتىمەگە تۇتاشتۇرۇپ، بۇ ئارقىلىق مۇھەممەد پەيغەمبەرگە باغلىشىدۇ.

مەخدۇم ئەزەم ياش ۋاقىتلىرىدا تاشكەنتتىكى بىر مەدرىستە ئىلىم تەھسىل قىلغان بولۇپ، ئوقۇشنى تۈگەتمەيلا نەقشبەندىيە

تەرىقەتىگە كىرگەن ھەمدە شۇ ۋاقىتتىكى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مەشھۇر ئۆلىما مەۋلانە مۇھەممەد غازىغا مۇرىت بولغان، مۇھەممەد غازى ئۆلگەندىن كېيىن نەقشىبەندىيە تەرىقىتىنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقى تەدرىجىي ئۇنىڭ قولىغا ئۆتتى. ئۇ ئوتتۇرا ئاسىيا سوپىزم دۇنياسىدا يۇكسەك شۆھرەتكە ئىگە بولۇپ، كېيىنكىلەر تەرىپىدىن "دىنىنىڭ نۇرى ۋە تۈۋرۈكى"③ دەپ تەرىپلەنگەن. مەخدۇم ئەزەم سۈننىي مەزھەپىدە بولۇپ، ئۇنىڭ كۆز قاراشلىرى پان ئىسلاھچىلىققا ئوخشىشىپ كېتەتتى. ئۇ سوپىلار ھەمىشە خانىقا④ دا تۇرۇشى كېرەك، پەقەت دىن تارقىتىش توغرا كەلگەندىلا ئاندىن ئۆزىنى مەزگىل سىرتىدا تۇرسا بولىدۇ، دېگەننى تەشەببۇس قىلىپ، يەككە - يىگانە زاھىدلىققا قارشى تۇراتتى. ئۇ نەقشىبەندىيە تەرىقىتىنىڭ يوسۇنلىرىغا ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈپ، ئەگەر مۇرىتلار مەزھەپ ئىچىدىكى رەسمىي پائالىيەتلەردە "پەس ئاۋازلىق زىكىر" ئۈچۈن خىراج تۆلىسە، ئۇلارنىڭ "يۇقىرى ئاۋازدا زىكىر قىلىشى" ۋە ساما ئوينىشىغا ئىجازەت بەردى ھەمدە مۇزىكا ساما ئۇسۇلى ئۈچۈن زۆرۈر، دېگەننى ئىپتىراپ قىلدى. مەخدۇم ئەزەممۇ ئۆزىدىن ئىلگىرىكى پېشىۋالارغا ئوخشاش زور تەسىر كۆچىگە ئىگە دىنىي سىياسىي پائالىيەتچى بولغاچقا شەيبانى سۇلالىسىنىڭ ھەربىي-سىياسىي ئىشلىرىغا ۋە سۇلالىدىكى ئىچكى كۈرەشلەرگە پائال قاتناشتى⑤. ئۇ ئۆمرىنىڭ كۆپ قىسمىنى ماۋارائۇننەھردە ئۆتكۈزدى. بىراق، خ. ۋ. بېللېۋنىڭ «قەشقەر تارىخى» دېگەن ئەسىرىگە ئاساسلانغاندا، مەخدۇم ئەزەم ئابدۇرەشىدخان دەۋرىدە قەشقەرگە كەلگەن ۋە خانلىقنىڭ ئىززەت - ئىكرام بىلەن كۈتۈۋېلىشى، يەرلىك خەلقنىڭ يۇكسەك ھۆرمىتىگە مۇيەسسەر بولۇپ، شۇ يەرلىك بىبىچە ئىسىملىك بىر ئايالغا ئۆيلەنگەن، بۇ ئايالدىن بىر ئوغۇل يەنى مەشھۇر خوجا ئىسھاق ۋەلى تۇغۇلغان⑥. ئا.

ن. كروپاتكىن ۋ. ۋ. گىرىگورىيېۋنىڭ «مىرزا شەمسىدىن بۇخارى خاتىرىلىرى» (1861-يىلى نەشرى، 34-بەت) ناملىق ئەسىرىگە ئاساسەن يۇقىرىقىغا ئوخشاپراق كېتىدىغان خولاسىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ⑦. ئەمما ئەجەبلىنەرلىك يېرى ئۇنىڭ بىلەن زاماندىش بولغان مىرزا ھەيدەر «تارىخى رەشىدىي» دە مەخدۇم ئەزەم توغرىلىق ھېچنەرسە دېمىگەن، «تارىخى رەشىدىي» نىڭ داۋامى دەپ قارىلىۋاتقان شاھ مەھمۇد جۇراسنىڭ «تارىخ» دېگەن ئەسىرىدە ئۇنى تىلغا ئالغان ۋە ئۇنىڭ نەسەبنامىسىنى تەپسىلىي بايان قىلغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ يەركەن خانلىقىغا كەلگەنلىكى توغرىسىدا بىرەر خاتىرە پۈتۈلمىگەن. «تارىخ» نىڭ ئاپتورى قاراتاغلىقلاردىن بولۇپ، ئۆز ئەسىرىدە خوجىلارنى مەدھىيىلەيدىغان ھېچقانداق پۇرسەتنى بوش قويۇۋەتمىگەن. قارىغاندا، بۇ رايوندا مەخدۇم ئەزەم ئۆنچىۋالا چوڭ تەسىرگە ئىگە بولالمىغان، بۇ رايونمۇ ئۇنىڭ ھاياتىدا زور سالماقنى تەشكىل قىلمىغاندەك تۇرىدۇ، شۇڭا مەيلى «تارىخى رەشىدىي» ، «تارىخ» قاتارلىق تارىخىي ئەسەرلەر بولسۇن ياكى خوجىلار تەزكىرىلىرى بولسۇن ھېچقايسىسىدا بۇ ئىش تىلغا ئېلىنمىغان ياكى ناھايىتى ئاز تىلغا ئېلىنغان.

مۇسۇلمان مەنبەلىرى ۋە خەنزۇچە مەنبەلەرگە ئاساسلانغاندا مەخدۇم ئەزەمنىڭ ناھايىتى كۆپ ئوغۇللىرى بولغان، ئەمما كونكرېت سانى ۋە ئىسىملىرىدا پەرقلەر بار. تۆۋەندە ئۇلارنى تۆۋەندىكىچە تىزىپ چىقتۇق:

I . «غەربىي يۇرتتىكى ئوخشاش تىللىق ئەللەر تەزكىرىسى» نىڭ 11 - جىلد «تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى مۇسۇلمان كىشى ئىسىملىرى» ۋە «غەربىي يۇرتنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» نىڭ 48- جىلد «ئارىلاش خاتىرىلەر» دىكى بايانلارغا ئاساسلانغاندا 14 ئوغلى بولغان: 1. مۇھەممەد ئىمىن، 2. دوست خوجا، 3.

باھاۋۇددۇن، 4. ئابدۇخالىق، 5. مۇھەممەد، 6. ئىبراھىم، 7. ئىسھاق، 8. مۇھەممەدئىبلى، 9. ئارالىيان، 10. مۇھەممەد، 11. سىدىق، 12. ھەسەن، 13. شەيخ خوجا، 14. ئابدۇللا.

II. «تەزكىرەئى خوجىگان» نىڭ ئىنگلىزچە قىسقارتىلما تەرجىمىسىدىكى «كىرىش سۆز» ۋە 3 - ئىزاھتا ئېيتىلىشىچە: 1. ئىشان كالان، 2. دوست خوجا، 3. باھاۋۇددۇن، 4. خوجا ئابدۇخالىق، 5. خوجا مۇھەممەد، 6. سۇلتان ئىبراھىم، 7. خوجا ئىسھاق ۋەلى.

III. «جالىسۇل مۇشتاقىن» («ھەقىقەت تەشنالىرىنىڭ ھەمسۆھبىتى») ۋە «جامىئۇل ئەسرار» دا 13 ئوغلى بولغان دېيىلىدۇ: 1. مۇھەممەد ئىمىن. بۇ كىشى خوجا كالان ياكى خوجا دەھبىدى نامى بىلەن مەشھۇر بولغان. 2. دوست خوجا [خوجا سىدىق]. 3. ئىشان خوجا باھاۋۇددۇن [مۇھەممەد خوجا]. 4. خوجا ئىسھاق. 5. ئىشان خوجا ئابدۇخالىق [خوجا باھاۋۇددۇن]. 6. ئىشان خوجا [دوست خوجا]. 7. ئىشان خوجا ھەسەن [خوجا ئابدۇخالىق]. 8. ئىشان خوجا ئىلاھى [خوجا ھەسەن]. 9. ئىشان خوجا مۇھەممەد ئىمىن [خوجا ئىلاھى]. 10. ئىشان خوجا شەيخ [خوجا مۇھەممەدئىبلى]. 11. ئىشان خوجا مۇھەممەد [خوجا شەيخ]. 12. ئىشان سۇلتان ئىبراھىم. 13. ئىشان خوجا ئەبەيدۇللا ⑧. (يۇقىرىقىلاردىكى [] بەلگىسى ئىچىدە بېرىلگىنى «جامىئۇل ئەسرار» دىكى چوڭ - كىچىكلىك تەرتىپىنى كۆرسىتىدۇ).

IV. «تەزكىرەئى ئەزىزان» دا مەخدۇم ئەزەمنىڭ 13 ئوغلى بارلىقى تىلغا ئېلىنىدۇ، ئەمما تۇنجى خوتۇنى (تۆت ئوغۇل، ئىككى قىز تۇغقان) دىن بولغان چوڭ ئوغلى "ئىشان كالان" ئىكەنلىكى ۋە ئىككىنچى خوتۇنى (ئۈچ ئوغۇل، ئىككى قىز تۇغقان) دىن بولغان چوڭ ئوغلىنىڭ "ئىسھاق ۋەلى"⑨ ئىكەنلىكىلا قەيت

قىلىنىدۇ.

روشەنكى، «غەربىي يۇرتتىكى ئوخشاش تىللىق ئەللەر تەزكىرىسى» ۋە «تەزكىرەئى خوجىگان» نىڭ ئىنگلىزچە قىسقارتىلما تەرجىمىسىدىكى «كىرىش سۆز» دە كۆرسىتىلگەن ئالدىنقى يەتتە كىشى پۈتۈنلەي ئوخشاش، «جالىسۇل مۇشتاقىن» («ھەقىقەت تەشنالىرىنىڭ ھەمسۆھبىتى») ۋە «جامىئۇل ئەسرار» لاردىن ھەممىسىنى تاپقىلى بولىدۇ، «تەزكىرەئى ئەزىزان» دا كۆرسىتىلگەن ئىككى كىشىمۇ بۇنىڭ ئىچىدە؛ «غەربىي يۇرتتىكى ئوخشاش تىللىق ئەللەر تەزكىرىسى» بىلەن «جالىسۇل مۇشتاقىن» ۋە «جامىئۇل ئەسرار» دىكى باشقا شەخسلەرمۇ ئاساسەن ئۇدۇل كېلىدۇ، پەقەت «غەربىي يۇرتتىكى ئوخشاش تىللىق ئەللەر تەزكىرىسى» ۋە «غەربىي يۇرتنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» دىكى "9. ئاراليان" ۋە "10. مۇھەممەد"، «جالىسۇل مۇشتاقىن» ۋە «جامىئۇل ئەسرار» دىكى "8. ئىلاھى" قاتارلىقلارنىڭ باشقا ماتېرىياللاردىكى ماس ئىسىملىرىنى تېپىشقا مۇمكىن بولمايدۇ. بۇنداق بولغاندا «غەربىي يۇرتتىكى ئوخشاش تىللىق ئەللەر تەزكىرىسى» ۋە «غەربىي يۇرتنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» دىكى "10. مۇھەممەد" دېگىنى ئېھتىمال "5. مۇھەممەد" دېگەنىنىڭ تەكرار يېزىلىشى بولسا كېرەك، يەنى بىر ئادەمنى ئىككى قېتىم خاتىرىلەپ قويغان. بۇنداق بولغاندا بۇ ئەھۋال باشقا ماتېرىياللاردىكى "مەخدۇم ئەزەمنىڭ 13 ئوغلى بولغان" دېگەن بايانلار بىلەن ئۆز ئارا ماس كېلىدۇ. «غەربىي يۇرتتىكى ئوخشاش تىللىق ئەللەر تەزكىرىسى» ۋە «غەربىي يۇرتنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» دىكى "9. ئاراليان" دېگىنى ئېھتىمال «جالىسۇل مۇشتاقىن»، «جامىئۇل ئەسرار» دىكى "8. ئىلاھى" دېگەن بىر ئادەم ئىسمىنىڭ ئوخشاشمىغان خەتلەر بىلەن يېزىلىشى بولسا

كېرەك، ياكى ئۇنىڭ بىرى خاتا بولۇپ قالغان. «جالىسۇل مۇشتاقىن» دىكى "13. ئۇبەيدۇللا" دېگىنى بەلكىم "ئابدۇللا" («جامىئۇل ئەسرار» دىكى 13.؛ «غەربىي يۇرتنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» دىكى 14.) نىڭ خاتا يېزىلىپ قېلىشى بولسا كېرەك، يەنى ئالدىنقىسىدىكى "ب" ھەرپىدىن كېيىن ئوزۇن سوزۇق تاۋۇش "ئى" ئارتۇق يېزىلىپ قالغان. ئوغۇللارنىڭ تەرتىپىدە چوڭ ئوغۇل مۇھەممەد ئىمىندىن باشقىلىرىنى رەتكە تۇرغۇزۇش قىيىن، چۈنكى مەيلى قاراتاغلىق مۇرىتلارنىڭ قولىدىن چىققان «تەزكىرەئى خوجىگان» بولسۇن ياكى ئاقتاغلىق خوجىلار يازغان «تەزكىرەئى ئەزىزان» بولسۇن مەخدۇم ئەزەمنىڭ ئوغۇللىرىنى بايان قىلغاندا خوتۇنلىرىنىڭ تەرتىپى بويىچە بايان قىلغان، ئايرىم-ئايرىم ھالدا ھەر قايسى خوتۇنلىرىدىن توغۇلغان پەرزەنتلەرنى بايان قىلغاچقا، بىر ئانىدىن بولغان پەرزەنتلىرىنىڭ چوڭ-كىچىكلىك تەرتىپىنى بىلىشكىلا ئىمكانىيەت بار. بۇنىڭ بىلەن كېيىنكى ئايالىدىن بولغان چوڭ ئوغۇل گەرچە ئالدىنقى خوتۇنىدىن بولغان كەنجى ئوغۇلدىن، ھەتتا باشقا ئوغۇللاردىن چوڭ بولسىمۇ ئەمما خاتىرىلىگەندە ئالدىنقى خوتۇنىدىن بولغان كەنجى ئوغۇلنىڭ ئارقىسىغا تىزىپ قويۇلغان ⑩. ئىسھاق ۋەلى مەخدۇم ئەزەمنىڭ 3 - خوتۇنىدىن بولغان ئوغلى بولۇپ، ئالدىنقى ئىككى خوتۇندىن جەمئىي ئالتە ئوغۇل بولغانلىقى سەۋەبلىك⑪ يەتتىنچى ئورۇنغا تىزىلغان.

مەخدۇم ئەزەم ھايات ۋاقتىدىلا ئوغۇللىرىنىڭ ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، چوڭ ئوغلى مۇھەممەد ئىمىن⑫ نى ("ئىشان كالان" نامى بىلەن مەشھۇر) نەقشىبەندىيە تەرىقىتىنىڭ باش پىرلىقىغا، قالغان ئوغۇللىرىنى مەزكۇر مەزھەپنىڭ ھەرقايسى جايلاردىكى سەردارلىقىغا بەلگىلىدى. ئەمما مەخدۇم ئەزەم ئۆلۈشى

بىلەنلا ئوغۇللىرى مەزھەپنىڭ ئەڭ ئالىي ھوقۇقىنى تالىشىپ كەسكىن كۈرەشلەرنى قوزغىدى، ئەمما بۇ مەيدان كۈرەشتە چوڭ ئوغۇل مۇھەممەد ئىمىن باشقىلارغا قارىغاندا نامى ئۇلۇغ، سۆزى يۈللۇق بولغاچقا تەبىئىي ھالدا ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىدى، ئەمما ئىسھاق ۋەلى مەخدۇم ئەزەمنىڭ قەشقەرلىك خوتۇنىدىن تۇغۇلغان ھەمدە بۇ خوتۇن سەئىد جەمەتىدىن⑬ كېلىپ چىققان بولغاچقا ئىسلام دىنىدىكى "ئوغۇل ئانىسى نەسەبىدىن ئەتىۋارلىق" دېگەن ئەنئەنە بويىچە ھۆرمەتكە سازاۋەر بولۇپ "خوجائى قەشقەرى" دەپ ئاتالدى، يەنە كېلىپ ئۇ قابىلىيەتلىك بولغاچقا، ئۇمۇ مۇھەممەد ئىمىن بىلەن ئۆزەڭگە سوقۇشتۇرالايدىغان كۈچكە ئايلاندى. شۇڭا بۇ ئىككىسى ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش تولىمۇ كەسكىن بولدى، ئۇلارنىڭ مۇرىتلىرىمۇ تەدرىجىي ئىككى چوڭ گۇرۇھقا بۆلۈندى. مانا بۇ كېيىنكى ۋاقىتلاردىكى ئاقتاغلىق، قاراتاغلىق خوجىلارنىڭ مەنبەسى ئىدى. "بۇ كۈرەش ماۋارائۇننەھر رايونىدىن ھالقىپ، موغۇل دۆلىتى (يەنى يەركەن خانلىقى)، قازاقلار ۋە قىرغىزلار تېررىتورىيىلىرىگىچە يامرىدى"⑭، بۇ قارىمۇقارشى ئىككى مەزھەپ بۇ رايونلاردا كۆپلەپ مۇرىت توپلاپ، تەسىرىنى زورايتتى ۋە ئۆز كۈچىنى ئۇلغايتتى. مانا مۇشۇنداق ئەھۋالدا خوجىلار غەربىي يۇرتقا كىرىپ كەلدى.

## § 2 خوجا ئىسھاقنىڭ يەركەن خانلىقىدىكى پائالىيەتلىرى

### 1. خوجا ئىسھاقنىڭ شەرقتىن كېلىشى

مۇسۇلمان مەنبەلىرىگە ئاساسلانغاندا، ئىسھاق ۋەلى ھىجرىيە

1008- يىلى (1599- يىل) 94 يېشىدا سەمەرقەندتە ۋاپات بولغان⑮. ئاتىسى مەخدۇم ئەزەم ھىجرىيە 949 - يىلى (1542—1543) قازا قىلغاندا ئىسھاق ۋەلى 35 ياشتا⑯ بولۇپ، بۇ ئۇنىڭ ھىيلە- نەيرەڭدە كامالەتكە يەتكەن، دىنىي مەزھەپنىڭ" دانا سەردارى "سانىلىۋاتقان ۋە سىياسىي پائالىيەتچى بولۇۋاتقان مەزگىللىرى ئىدى. «تەزكىرەئى خوجىگان» ۋە «تەۋارىخى خەمسەئى شەرقى» دە ئېيتىلىشىچە، مەخدۇم ئەزەم ۋاپات بولغاندا خوجا ئىسھاق ۋەلى بۇخارادا ئىدى⑰. ئۇ بۇخارادىن ئايرىلىپ، مەدىنىدە دىنىي تەرغىبات بىلەن مەشغۇل بولدى ھەمدە بەلخكە يېقىن شابۇرغاندا⑱ دىنىي پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقاندا شۇ جايدىكى مەشھۇر ئۆزبېك شائىر ئىبىن يەمىنىنىڭ ئوغلى شۇتۇر⑲ نى مۇرىتلىققا قوبۇل قىلدى، بۇ كىشى كېيىنچە خوجا ئىسھاق ۋەلىگە يارامىلىق ياردەمچى بولۇپ، مەشھۇر "خەلىپە" لەردىن بولۇپ قالدى⑳. شۇنىڭدىن كېيىن خوجا ئىسھاق ھىسار قاتارلىق جايلارغا بېرىپ، دىنىي پائالىيەتلەر بىلەن مەشغۇل بولغان㉑ بولسىمۇ، ئانچە زور ئۇتۇق قازىنالماي، مەرھۇم ئاتىسىنىڭ تەسىر دائىرىسىدىكى مەركىزىي شەھەر سەمەرقەندكە قايتىپ كەلدى. «تەۋارىخى خەمسەئى شەرقى» دە خاتىرىلىنىشىچە، خوجا ئىسھاق سەمەرقەندكە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئىلاھىي نوپۇز ئىگىسى بولغان قاسىم شەيخ تەرىپىدىن "بىدئەت" دەپ ئەيىبلەندى ۋە يەرلىك ھۆكۈمران ئابدۇللاخاننىڭ چەتكە قېقىشىغا ئۇچرىدى㉒. ئەمما «زىيائۇل قۇلۇب» («قەلب نۇرى») دا مۇنداق دېيىلىدۇ:

"خوجا ئىسھاق سەمەرقەندكە كەلگەندىن كېيىن، ھەر قايسى جايلاردىكى ھۆكۈمرانلار ئادەملىرىنى ئەۋەتىپ، مەكتۇپ يوللاپ قەلبىدىكى ھۆرمەت - ئېھتىرامىنى ۋە ئۇنى تاۋاپ قىلىشتەك كۈچلۈك ئارزۇسىنى ئىپادە قىلدى ھەمدە: 'جانابلىرىغا قۇل

بولۇش بەختىگە مۇشەررەپ قىلغايلا، قەدەملىرى تەگكەن توپىنى كۆزلىرىمىزگە سۈرۈتۈۋالايلى' دەپ ئۆتۈنۇشتى. ئۇلار تاشكەنتتىكى دەرۋىشخان، تۈركىستاندىكى بابايخان، ئەنجاندىكى قارامشاھ سۇلتان، قەشقەرىيەدىكى ئابدۇكېرىمخانلاردۇر.

خوجا ئىسھاق ۋە ئۇنىڭ مۇخلىسلىرى كېڭىشىپ كۆرگەندىن كېيىن، قەشقەرگە قاراپ يول ئالدى. سەپەر ئۈستىدە يۇقىرىدا نامى زىكرى قىلىنغان ھۆكۈمرانلارغا يولۇققان بولىسمۇ، ئۇلارنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كەتتى. ھۆكۈمرانلار خوجا ئىسھاقتىن: 'جانابلىرى، تەۋەيىمىزدە تۇرۇپ قالغايلا' دەپ ئۆتۈنۇشكەن بولسىمۇ شان-شەۋكەتلىك خوجام ئالىيلىرى ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسىغا پىسەنت قىلماي، داۋاملىق قەشقەرىيىگە يول ئالدى"㉓. خوجا ئىسھاق كۆپلىگەن رايونلار ھۆكۈمرانلىرىنىڭ تەكلىپلىرىنى تاپشۇرۇۋالغان بولسىمۇ، قايتا - قايتا دەڭسەپ كۆرۈش ئارقىلىق ئەڭ ئاخىر دىنىي تەرغىبات ۋە تەسىر كۈچىنى زورايتىشتىكى مۇھىم نۇقتا سۈپىتىدە ئانىسىنىڭ يۇرتى بولغان قەشقەرنى تاللىۋالدى. بۇ ئەھۋال مۇھەممەد سادىق قەشقەرىنىڭ «تەزكىرەئى خوجىگان» ناملىق ئەسىرىدىمۇ بايان قىلىنىدۇ㉔.

بۇنىڭدىن بىز ئىشان كالان بىلەن پىرلىق ۋە تەسىر دائىرىسى تالاشقان ئىسھاق خوجىنىڭ ئاتىسىنىڭ بارگاھى بولغان سەمەرقەندتە تۇمشۇقىغا يېگەندىن كېيىن يەرلىك دىنىي زاتلار ۋە دەھرى ھاكىمىيىتىنىڭ بىرلەشمە قارشىلىقى (بۇ خىل قارشىلىق ئەلۋەتتە ئۇنىڭ قېرىندىشى ئىشان كالان بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى) غا ئۇچراپ، پۇت تىرەپ تۇرۇشقا ئامالسىز قالغانلىقى ۋە سىرتقا كېڭىيىشكە مەجبۇر بولغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز، يەركەن خانلىقى قاتارلىق ھاكىمىيەتلەر ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ئۇنى تەكلىپ قىلىشى دەل ئېھتىياجلىق بولغان پايدىلىق پۇرسەت بولغانىدى.

ئۇنداقتا ئىسھاق خوجا نېمە ئۈچۈن يەركەن خانلىقىنى تاللىۋالىدۇ؟ بۇنىڭ ئۈچۈن بۇ رايوننىڭ دىنىي - سىياسىي ۋەزىيىتىنى قىسقىچە ئەسلەپ ئۆتۈش ۋە تەھلىل قىلىپ بېقىش ئارتۇقلۇق قىلمايدۇ. XIV ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن غەربىي يۇرت شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولۇپ كەلدى. شەرقىي چاغاتاي موغۇل ھۆكۈمرانلار گۇرۇھى ئىسلام دىنىغا كىرىپ، دىنىي كۈچلەردىن پايدىلىنىش ئارقىلىق سىياسىي كۈرەشلەرنى قوزغىدى، خانلىقنىڭ يۆلىشى بىلەن ئەرشىدىن جەمەتىدىن ئىبارەت بۇ دىنىي كۈچ تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدا باش كۆتۈردى. 1514 - يىلى بۇ رايوننىڭ غەربىي قىسمىدا يەركەن خانلىقى قۇرۇلۇپ، تۇرپاندىكى شەرقىي چاغاتاي ھاكىمىيىتى بىلەن تىركەشتى، ئەرشىدىن جەمەتى شەرقىي چاغاتاي ھاكىمىيىتىگە تايىنىپ، يەركەن خانلىقىغا كۆشەندە بولدى. ئەرشىدىن جەمەتىنىڭ يەركەن خانلىقىدىكى تەسىرىنى ئاجىزلىتىش ئۈچۈن يەركەن ھاكىمىيىتى ئىسلام دىنىدىكى باشقا كۈچلەرنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشتى ۋە خوجا مۇھەممەد شېرىپ ھەمدە ئۇنىڭ ۋارىسى خوجا مۇھەممەد ۋەلى سوپى قاتارلىقلارنى يۆلەش ئارقىلىق ئەرشىدىن جەمەتىنىڭ تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى دىنىي جەھەتتىكى بىر تۇتاش ھۆكۈمرانلىقىنى يىمىرىپ تاشلىدى. ئەمما XVI ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى ئەرشىدىن جەمەتى يەنىلا يەركەن خانلىقى بىلەن تىركىشىپ تۇرۇۋاتقان قۇدرەتلىك دىنىي كۈچ ئىدى، مۇھەممەد ۋەلى سوفى تەرەپدارلىرى كۈرەشتە يەنىلا ناچار ئەھۋالدا تۇرۇۋاتاتتى. ئۇنىڭدىن سىرت، XV ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن تارتىپ نەقشىبەندىيە تەرىقىتى ئۆزىنى مەزگىلگىچە تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىغا سىڭىپ كىرىش، تەرغىبات ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق بۇ مەزگىلگە كەلگەندە يۇقىرىسى ھوقۇقدار كاتتىلاردىن تۆۋىنى ئاۋام

يۇقىرىلارغىچە غايەت زور تەسىرگە ۋە كەڭ ئاممىۋى ئاساسقا ئىگە بولۇپ بولغانىدى. مانا مۇشۇ خىل ۋەزىيەت ئاستىدا ئابدۇكېرىمخان نەقشىبەندىيە تەرىقىتىنىڭ داھىيسى بولغان مەخدۇم ئەزەمنىڭ ئوغۇللىرىدىن تەسىرى بىر قەدەر كۈچلۈك ۋە قەشقەر بىلەن قانداشلىق باغلىنىشى بولغان خوجا ئىسھاق ۋەلىنى تەكلىپ قىلىپ، شۇ ئارقىلىق ئەرشىدىن جەمەتىنى چەكلىمەكچى ھەتتا بويسۇندۇرماقچى شۇنداقلا خانىنىڭ ئەلگە بولغان كونتروللۇق ھوقۇقىنى كۈچەيتمەكچى بولدى، بۇ ئەھۋالنىڭ تولۇق مۇمكىنچىلىكى بار ئىدى. سىرتقا كېڭىيىشكە تەشنا بولۇپ تۇرۇۋاتقان خوجا ئىسھاققا نىسبەتەن ئېيتقاندا يەركەن خانلىقىدىكى ۋەزىيەت بەكمۇ پايدىلىق ئىدى: ئۇ يەردىكى دەھرى ھاكىمىيەت بىلەن دىنىي كۈچلەرنىڭ تىركىشىپ تۇرۇشى، مەزھەپلەر ئارىسىدىكى كۈرەشلەر سىرتتىن كەلگەن دىنىي كۈچلەرنىڭ ئىچكىرىلەپ كىرىشى ۋە راۋاجلىنىشى ئۈچۈن ناھايىتى ياخشى پۇرسەتلەر بىلەن تەمىن ئېتەتتى. يىراقنى كۆرەر بۇ دىنىي پائالىيەتچى تەڭرى ئاتا قىلغان بۇنداق ياخشى پۇرسەتنى ھەرگىزمۇ قولدىن بەرمەيتتى. ئەمەلىيەتتە ئابدۇكېرىمخان تەكلىپ قىلمىغان ھالەتتىمۇ خوجا ئىسھاق ۋەلى بەرىبىر مۇشۇ رايونغا سۇرۇلەتتى.

## 2. ئىسھاق خوجىنىڭ يەركەن خانلىقىدىكى دىنىي پائالىيەتلىرى

خوجا ئىسھاق ۋەلىنىڭ يەركەن خانلىقىغا كىرىشىدىكى تۇنجى بېكەت ئاتىسىنىڭ يۇرتى قەشقەر بولدى. ئەينى ۋاقىتتا بۇ رايونغا ئابدۇكېرىمخانىنىڭ تۆتىنچى ئىنىسى سوپى سۇلتان ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتاتتى. ئۇ سىرتتىن كەلگەن بۇ دىنىي

تەرغىباتچىغا قىزغىن مۇئامىلىدە بولمىدى. خوجا ئىسهاق قەشقەرگە كەلگەندە قەشقەر نائىبى بولۇپ تۇرۇۋاتقان سوپى سۇلتان ئاتۇشتىكى سۇتۇق بۇغراخان قەبرىگاھىنى تاۋاپ قىلىشقا كەتكەن بولۇپ، شەھەردە يوق ئىدى. ھۆرمەت - ئېھتىرامغا داخىل بولالمىغان خوجا ئىسهاق نارازى بولۇپ: ”ئۆلۈك شىردىن تىرىك مۈشۈك ياخشى ئىكەن“ دېدى㉕. بىراق ئاقسۇ نائىبى، ئابدۇكېرىمخاننىڭ بەشىنچى ئىنىسى مۇھەممەد سۇلتان سىرتتىن كەلگەن بۇ دىنىي كۆچكە بەكلا ئېتىۋار بېرىپ ، ئالدىنئالا ئاقسۇدىن قەشقەرگە كۇتۇۋېلىشقا كەلدى ۋە يۈكسەك ئېھتىرام بىلدۈردى.

مۇھەممەد سۇلتان خوجا ئىسهاق بىلەن ئۇچراشقاندىن كېيىن ماۋارائۇننەھردىن كەلگەن بۇ دىنىي كۆچنىڭ غايەت زور يوشۇرۇن قۇدرەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ كەلگۈسىدىكى سىياسىي ھاياتىدا ئىككىلەنمەي تايانسا بولىدىغان ئىجتىمائىي-سىياسىي كۆچ ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر تونۇپ يەتتى. شۇڭا دەرھال ئىسهاق خوجىنىڭ ئايىغىغا باش ئۇرۇپ، ئۇنى مەنۋى ئۇستاز قىلىۋالدى㉖.

ئىسهاق ۋەلى ئۆزىنىڭ شان - شەۋكەتلىك خوجىلىق سالاھىيىتى، مەرتىۋىلىك شەجەرىسى ۋە يۈكسەك ئابرۇيى، شۇنداقلا پەۋقۇلئاددە پائالىيەتچانلىقى بىلەن قەشقەردە زور ئۇتۇق قازاندى. شاھ مەھمۇد جۇراسنىڭ خاتىرىلىشىچە، شۇ جايدىكى دىنىي زاتلاردىن موللا قاسىم خەلپە ئۆز مۇرتلىرىنى ۋە يېقىن - يورۇقلىرىنى باشلاپ كېلىپ خوجا ئىسهاققا قول بەردى، موللا ئىبىن يۇسۇپ خەلپىمۇ خوتەندىن كېلىپ ئۇنىڭغا مۇرىت بولدى. دىنىي ساھەدىكى يۇقىرى قاتلام زاتلىرىنىڭ بۇنداق باش ئېگىشلىرى كەڭ مۇسۇلمانلار ئاممىسىغا نىسبەتەن شەكسىزكى غايەت زور تەسىرگە ۋە چاقىرىق كۈچىگە ئىگە ئىدى، شۇڭا كۆپلىگەن كىشىلەر بۇ سەپكە قېتىلىپ كەتتى㉗.

ھالبۇكى، خانلىق ئوردا جايلاشقان يەركەندە خوجا ئىسھاق ۋەلى سوغۇق مۇئامىلىگە ھەتتا دۈشمەنلىككە دۇچ كەلدى، ئەڭ ئاخىر ئۇنى يەركەن خانلىقىغا كېلىشكە تەكلىپ قىلغان ئابدۇكېرىمخان تەرىپىدىن قوغلاپ چىقىرىلدى. بۇ ۋەقەنىڭ جەريانى ۋە سەۋەبى توغرىسىدا ئىسھاق خوجا تەزكىرىسىنىڭ يازغۇچىسى مۇھەممەد ئىۋەزنىڭ «زىيائۇل قۇلۇب» («قەلب نۇرى») ناملىق ئەسىرىدە تەپسىلىي خاتىرىلەر پۈتۈلگەن:

”ئابدۇكېرىمخان بۇ خەۋەرنى (يەنى ئىسھاق ۋەلىنىڭ يەركەنگە يېتىپ كەلگەنلىك خەۋىرى - ئا) نى ئاڭلاپ ئالدىغا چىقىپ دەبدەبىلىك بىلەن كۈتۈۋالدى ھەمدە ئەڭ ئالىي ئېھتىرام بىلەن ئۇنىڭ خىزمىتىدە بولىدىغانلىقى ھەققىدە ۋەدە بەردى. بىراق خوجا ئىسھاقنىڭ كۆڭلى پاراكەندە بولغاچقا ئابدۇكېرىمخان تېگىشلىك مەدھىيىگە نائىل بولالمىدى. شۇندىن كېيىن ئابدۇكېرىمخان مۇخلىسلىقتىن قول ئۈزۈپ، ئۇنىڭغا ھۆرمەت بىلدۈرمىدى. 40 كۈندىن كېيىن ئۇ [ئابدۇكېرىمخان] بىر كىشى ئارقىلىق كونا ئىگەر - توقۇم ۋە ئۈزەڭگىلەر بىلەن جابدۇقلانغان يۇك ئېتىدىن بىرنى ئەۋەتتى. خوجام ئالىيلىرى قاتتىق خاپا بولۇپ: ’بىز ئۇنىڭ دەرگاھىمىزغا كېلىشىگە ئىجازەت بەرگەن تۇرساق، ئۇ ئەكسىچە بىزگە مۇشۇنداق مۇئامىلىدە بولامدىكەن!‘ دېدى. بىر ھازادىن كېيىن ئۇ يېقىن - يورۇقلىرىغا: ’بەرھەق، بەرھەق. ئۇ بىزنى ئۆز تەۋەسىدىن قوغلاۋېتىپتۇ. بۇنى ئۇنتۇماڭلار‘ دېدى. بۇ ئىش بولۇپ ئىككى - ئۈچ كۈندىن كېيىن بىر كىشى ئابدۇكېرىمخاننىڭ: ’خوجا ئىسھاق، تەۋەلىكىمدىن ئايرىلىپ باشقا جايغا يول ئالغايسىز‘ دېگەن مەزمۇندىكى مەكتۇپىنى ئېلىپ كەلدى. بۇ شەۋكەتلىك خوجام بارچە مۇخلىسلىرىنى ۋە بالا - چاقىلىرىنى ئەگەشتۇرگىنىچە قىرغىزلار تەۋەسىگە كەلدى. بۇ يەردە بارگاھ -

چېدىرلارنى تىكىپ جايلىشىپ قالدى"㉘.

شاھ مەھمۇد جوراسنىڭ «تارىخ» ناملىق ئەسىرى ۋە «ئەنىسەتتالىبىن» («ھەقىقەت ئىزدىگۈچىلەر دوستى») دىمۇ ئاساسەن ئاشۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان خاتىرىلەر قالدۇرۇلغان. «تارىخ» دا مۇنداق خاتىرىلىنىدۇ: "[خوجا ئىسھاق] يەركەنگە قەدەم تەشرىپ قىلدى. يەركەن ئېسىلزادىلىرى كۈتۈۋېلىشقا چىقىشتى. خوجا ئىسھاق ئورۇنلىشىپ دەم ئالغاندىن كېيىن، ئابدۇكېرىمخانمۇ سالامغا كەلدى. بۇ چاغدا خوجا ئىسھاق تىلاۋەتخانىدا ئىدى، خاننىڭ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئۇ دەرھال خاننىڭ ئالدىغا ماڭدى. خەلىپىلەر توسۇپ: 'ئابدۇكېرىمخان دېگەن بىر مالچى موغۇل، ئەڭ ياخشىسى ئۇنىڭ ئالدىغا كېچىكىپرەك بارغان ياخشىمىكىن' دېيىشتى. شۇنىڭ بىلەن خوجا بىر ئاز ۋاقىتنى ئۆتكۈزدى. ئابدۇكېرىمخان ۋە خوجا ئۇبەيدۇللا قاتارلىقلار، مۇھەممەد ۋەلى سوپى (ئاللا ئۇنىڭغا شەپقەت قىلغاي!) نىڭ مۇرىتلىرى ئىدى. شۇڭا خان بۇنى ھار ئالدى. خوجا ئۇبەيدۇللا يامان غەرەزدە: 'بىز ھازىرلا ئوردىغا قايتايلى' دېۋىدى خان دەرھال ئوردىغا يول ئالدى. خان بىلەن خوجا ئىسھاق مانا مۇشۇنداق ئارازلىشىپ قالدى. خوجا ئىسھاق يەركەندە بىر مەزگىل دىنىي تەرغىبات ئېلىپ بارغاندىن كېيىن، خوتەنگە يۈرۈپ كەتتى"㉙.

بۇ يەردە ئابدۇكېرىمخان بىلەن خوجا ئىسھاقنىڭ ئارازلىشىپ قالغانلىقىنىڭ بىر قىسىم مەسئۇلىيىتى ھوقۇقدار ۋەزىر ئۇبەيدۇللاغا ئارتىلغان. بۇ ھەقتە شاھ مەھمۇد جوراس «ئەنىسەتتالىبىن» دا تېخىمۇ ئېنىق چۈشەنچە بېرىدۇ: "خوجا ئۇبەيدۇللا (ئاللا ئۇنىڭغا شاھىد بولسۇن!) ئابدۇكېرىمخاننىڭ قول ئاستىدا ئىدى. خان بىلەن بۇ ۋەزىر مۇھەممەد ۋەلى سوپىنىڭ مۇرىتلىرى ئىدى. مۇھەممەد ۋەلى سوپى (ياتقان جايى مۇقەددەس

بولغاي! ) بولسا خوجا مۇھەممەد شېرىپ ( ئاللا ئۇنىڭ روھىنى پاك قىلغاي! ) نىڭ نائىبى ئىدى. ئابدۇكېرىمخان ( ياتقان جايى نۇرلۇق بولغاي! ) ھەزرىتى ئەزىزلەرگە⑳ دۇشمەنلىك نەزىرىدە قارىغانلىقتىن ئۇلارنىڭ ئۇچرىششى يوققا چىقتى. ئەل - يۇرتنىڭ ھەممىسى خاننىڭ بۇ قىلمىشىنىڭ ۋەزىر خوجا ئۇبەيدۇللانىڭ كۆرسەتمىسى بىلەن بولغانلىقىدىن كۆرۈشتى. ھەزرىتى ئەزىزلەر ئاللا ئۇلارغا رەھــمــەت قــىلــغــاي: 'ئــەي خــوجا ئۇبەيدۇللا، تەقدىرىمىزنىڭ قانداقلىقىنى سەن بىلمەيسەن. ۋاقتى-سائىتى كەلگەندە ئوت يۇرەك مــۇخــلــىــســلــىرىمىز سېنىڭ ئاشۇ ئالتۇن قەسىرلىرىڭنى ئېغىل قىلىۋالىدۇ!' دېدى"㉛. ئاپتور بۇ يەردە ئابدۇكېرىمخان بىلەن خوجا ئىسـھاقــنىڭ مۇناسـىۋىتـىنى «تارىخ» تىكى "ئارازلىشىپ قــېــلــىــش" تىن "دۇشمەنلىك نەزىرىدە قاراش"قا ئۆزگەرتكەن، شۇنداقلا بۇ خىل "دۇشمەنلىك كۆزدە قاراش" نىڭ مەسئۇلىيىتىنى پۈتۈنلەي ۋەزىر خوجا ئۇبەيدۇللاغا ئارتىپ قويغان. باشقا مۇسۇلمان مەنبەلىرىدىن «جالىسۇل مۇشتاقىن» ( «ھەقىقەت تەشنالىرىنىڭ ھەمسۆھبىتى» ) ، «بەھرۇلئەسرارفى مەناقىبۇل ئەخيار» ( «ئېسىلزادىلەرنىڭ باتۇرلۇق روھىنىڭ سىرلىرى» ) ، «تەزكىرەئى خوجىگان» قاتارلىقلاردىمۇ يۇقىرىقىغا ئوخشاپ كېتىدىغان ماتېرىياللار خاتىرىلەنگەن㉜.

يۇقىرىقى نەقىللەردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئىسھاق خوجا يەركەن خانلىقىغا كەلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ كۈچلۈك تەسىرى ۋە ھەيۋىتى بولۇپمۇ قەشقەردە ئۇنىڭ مۇھەممەد سۇلتانغا مايىللىق مەۋقە تۇتۇشى ئابدۇكېرىمخاننى بىئارام قىلىپ قويغانىدى، بۇ خان شۇنى تونۇپ يەتتىكى، ئىسھاق خوجىنىڭ كېلىشى ئۆز ئىرادىسىگە پۈتۈنلەي خىلاپ بولۇپ، يېڭىدىن كىرىپ كەلگەن بۇ دىنىي كۈچ خانلىق ھوقۇقىغا يوشۇرۇن رەۋىشتە زور تەھدىت بولۇپ قالغانىدى.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا خوجا ئىسهاقنىڭ يېتىپ كېلىشى يەرلىك دىنىي فېئودااللارنىمۇ ئالاقزادە قىلىۋەتكەنىدى، ئۇلار سەمەرقەندتىن كەلگەن بۇ خوجىنى ئەڭ ئاساسلىق رەقىب، دەپ قارايتتى، شۇنداقلا ئۇنىڭ سەۋەبىدىن ئۆز ئىمتىيازى ۋە تەسىرىدىن ئايرىلىپ قېلىشتىن قورقاتتى. ئابدۇرەشىدخان زامانىسىدىن تارتىپ يەركەن ئىنزچىل هالدا خوجا شېرىف ۋە ئۇنىڭ ۋارىسى مۇهەممەد ۋەلى سوپىنىڭ بازىسى بولۇپ كەلگەچكە، مۇهەممەد ۋەلى سوپى بۇ يەردە غايەت زور تەسىر كۈچكە ئىگە ئىدى، خاندىن تارتىپ يۇقىرى قاتلامدىكى بەگ - سىپاهلارنىڭ كۆپىنچىسى ئۇنىڭ مۇرىتى ئىدى. شۇڭا يەرلىك دىنىي كۈچلەر خوجا ئىسهاقنىڭ كېلىشىگە قارشى تۇرۇپ، كۈچىنىڭ بارىچە خاننى بۇ رەقىبىنى قوغلىۋېتىشكە كۈشكۈرتتى (ياكى بىۋاستە ئوردىدىكى هوقۇقدارلار ئارقىلىق خانغا ئىلتىماس قىلدى). هالبۇكى خاننىڭ بۇ خوجىنى ئوڭايلا قوغلىۋېتەلىگەنلىكى ئىسهاق خوجىنىڭ يەركەندە تېخى هېچقانچە تەسىرنىڭ يوقلۇقىنى چۈشەندۈرىدۇ، شۇنداقلا يەركەن خانلىقى، هېچبولمىغاندا يەركەن خانلىقى ئوردىسىنىڭ مۇستەهكەم ۋە قۇدرەتلىك بولۇپ، زور تۈركۈمدىكى ساداقەتمەن، قىزىققان ۋە ئەسەبىي مۇرىتلار ئەگەشكەن بۇ خوجىنى قوغلىۋېتىشكە يېتەرلىك ئىقتىدارغا ئىگە ئىكەنلىكىنىمۇ چۈشەندۈرىدۇ.

خوجا ئىسهاقنىڭ يەركەندىن هەيدىۋېتىلگەندىن كېيىن قەيەرگە بارغانلىقى توغرىسىدا هازىر ساقلىنىۋاتقان مەنبەلەردىكى خاتىرىلەر بىر - بىرىگە ئوخشىمايدۇ: يۇقىرىدا نەقىل كەلتۈرۈلگەن «تارىخ» تىكى خاتىرىدە "خوتەنگە كەتتى" دېيىلىدۇ، «زىيائۇل قۇلۇب» تا بولسا: "شان - شەۋكەتلىك خوجام بارچە مۇخلىسلىرى ۋە بالا - چاقىلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ قىرغىزلار تەۋەسىگە كەتتى. ئۇ يەرگە بارغاندىن كېيىن چېدىرلىرىنى تىكىشىپ، جايلىشىپ قالدى"

دېيىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا مۇھەممەد سادىق قەشقەرى «تەزكىرەئى ئەزىزان» دا يەنە: "خان (ئابدۇكېرىمخان - ئا) ئۇنى رەنجىتىپ قويغاچقا ئۇ قازاقلار ئارىسىغا كەتتى"㉝ دەيدۇ. بۇ ماتېرىياللارغا ئاساسلىنىپ تۇرۇپ خوجا ئىسھاقنىڭ يەركەندىن ئايرىلغاندىن كېيىن ئالدى بىلەن قەيەرگە بارغانلىقى توغرىسىدا كېسىپ بىر نەرسە دېگىلى بولمايدۇ. ئادەتتىكىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇ يەركەندىن ئايرىلغاندىن كېيىن ئالدى بىلەن خوتەنگە، كېيىن يەنە ئاقسۇغا، ئاندىن ئاقسۇدىن قىرغىزلار ياكى قازاقلار رايونىغا بارغان بولۇشى مۇمكىن.

خوجا ئىسھاقنىڭ خوتەندىكى دىنىي پائالىيەتلىرىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى، دېيىشكە بولىدۇ. شۇ جاينىڭ نائىبى، ئابدۇكېرىمخاننىڭ يەتتىنچى ئىنىسى قۇرەيىش سۇلتان ئۇنىڭغا مۇرىت بولۇپ، ئوغلى خۇدابەندىنى ئۇنىڭ خىزمىتىگە تاپشۇردى، خۇدابەندى "خوجىنىڭ سادىق مۇرىتى، قەتئىي ھىمايىچىسى بولدى"㉞. خوجا ئىسھاق خوتەننىڭ شەرقىدىكى چىرا بازىرىدا ئۈچ يىل تۇرۇپ دىنىي تەرغىبات ئېلىپ باردى. «تارىخ» تىكى خاتىرىلەرگە قارىغاندا قۇرەيىش سۇلتان كېيىنچە بۇ خوجىنى رەنجىتىپ قويغاچقا، ئۇ بۇ يەردىن ئاقسۇغا كەتكەن㉟. ئەمما «جالىسۇل مۇشتاقىن» گە ئاساسلانغاندا، خوجا ئىسھاق قۇرەيىش سۇلتاننىڭ تەكلىپىگە بىنائەن خوتەنگە بېرىپ دىنىي تەرغىبات بىلەن شۇغۇللانغان بولسىمۇ، بىراق "ھەسەتخورلار ئارام بەرمىگەنلىكتىن" ئابدۇكېرىمخان ئۇنى چېگرىدىن قوغلاپ چىقىرىش توغرىسىدا يارلىق چۈشۈرگەن㊱. «تارىخ» نىڭ رۇسچە تەرجىمىسىگە ئىزاھ ئىشلىگەن ئاكىمۇشكىن مۇشۇنىڭغا ئاساسلىنىپ تۇرۇپ، خوجا ئىسھاقنىڭ خوتەندىكى پائالىيىتى ئېھتىمال قۇرەيىش سۇلتاننىڭ ئابدۇكېرىمخانغا قارشى كېيىنكى

ئىسىيانىغا سەۋەب بولغان بولسا كېرەك، دەپ قارايدۇ㊲.
قولىمىزدا تېخىمۇ كۆپ ماتېرىياللار بولمىغاچقا، مەزكۇر خوجىنىڭ خوتەندىن كېتىشىدىكى ھەقىقىي سەۋەبلىرى توغرىسىدا ئېنىق بىر نەرسە دېيەلمەيمىز، شۇنداقلا ئۇ چېگرىدىن قوغلاپ چىقىرىلغانمۇ ياكى بۇ يەردىن بىۋاسىتە ئاقسۇغا بارغانمۇ دېگەنگە كېسىپ ھۆكۈم قىلالمايمىز. شۇنداقتىمۇ ھازىرقى ماتېرىياللارغا ئاساسلىنىپ تۇرۇپ مۇنداق ئىككى تۈرلۈك خۇلاسىگە كېلىش مۇمكىن: بىرىنچى، خوجا ئىسھاقنىڭ خوتەندىكى پائالىيىتى مەركىزىي ھاكىمىيەتكە زىيانلىق بولغان بولسا كېرەك. ئىككىنچى، ئۇ ئىلگىرى ئاقسۇدا دىنىي تەرغىبات قىلغان.

ئاقسۇ بىلەن ئەرشىدىن جەمەتى تەسىر دائىرىسىنىڭ مەركىزى بولغان كۇچانىڭ ئارىلىقى يېقىن بولغاچقا، ئاقسۇ دىنىي جەھەتتە ئىزچىل ئەرشىدىن جەمەتىنىڭ كونتروللۇقىدا بولۇپ كەلگەنىدى، خوجا شېرىف، خوجا مۇھەممەد ۋەلى سوپى قاتارلىقلارمۇ بۇ جايغا تەسىر كۆرسىتەلمىگەنىدى، گەرچە ماۋارائۇننەھردىكى بىر قىسىم ئىسلاھىيەتشۇناسلار بۇ يەرگە قەدەم باسقان بولسىمۇ، ئەرشىدىن جەمەتىنىڭ بۇ يەردىكى ئاساسى بەكلا مۇستەھكەم بولغاچقا، ئۇلارمۇ بۇ يەردە ھېچقانچە ئىز قالدۇرالمىغانىدى. خوجا ئىسھاقنىڭ يېتىپ كېلىشىمۇ ئوخشاشلا ئەرشىدىن جەمەتىنىڭ چەكلىشىگە ئۇچرىدى، گەرچە بۇ جايىنى ساقلاۋاتقان مۇھەممەد سۇلتان ئۇنىڭ مۇرىتى بولسىمۇ شۇنداق بولدى. شاھ مەھمۇد جۇراسىنىڭ «تارىخ»ىدا مۇنداق دېيىلىدۇ: ”مۇھەممەد ئەينى ۋاقىتتا ئاقسۇغا ھۆكۈمران ئىدى. ئۇ ئۈچ كۈنلۈك يولغا ئالدىغا چىقىپ ئەزىزلەرنى [خوجا ئىسھاقنى-ئا] قارشى ئېلىپ خىزمىتىدە بولدى. شۇڭا ئۇنىڭغا: ’سېنىڭ ئەۋلادىڭ پادىشاھ بولغاي‘ دېدى. كېيىن ئەزىزلەر ئاقسۇغا چۈشتى. ئاقسۇ ئاھالىسى خوجا ئىسھاقلارنىڭ مۇبارەك قەدەملىرىنى

غەنىيمەت بىلىپ سوۋغا-سالام ھەدىيە قىلىشتى، ساپ نىيەتلىرى بىلەن چىن دىلىدىن بويسۇنۇپ مۇرىت بولۇشتى، يەنە بىر بۆلۈك قاراقورساقلار بويسۇنمىدى. خوجا ئىسھاق ئۇشبۇ ۋاقىتتا قۇتلۇق مۇھەممەد مىرزا جۇراستىن سورىدى: ’ئەي قۇتلۇق مۇھەممەد، ئادەملەر نېمىشقا بىكار يۈرىيدۇ؟‘ قۇتلۇق مۇھەممەد مىرزا ئۇنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ ئېيتتى: ’مەن بېرىپ ئادەملەرگە ئوچۇق ئېيتاي‘ قۇتلۇق مۇھەممەد مىرزا بېرىپ ئاقسۇلۇقلارغا ئېيتتى: ’ئەي يارەنلەر، ھەزرىتى ئەزىزلەرنىڭ بۇ تەۋەللىككە كەلگەنلىكى بۇ دۇنيانىڭ ئىززىتى، ئاخىرەتنىڭ نىجاتلىق. بۇ ئەزىزلەرنىڭ بۇسۇغىسىنى تاۋاپ قىلىش دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ سائادىتى ھېسابلىنىدۇ!‘. ئاقسۇلۇقلارنىڭ ئارىسىدىن بىر كىشى سۆز باشلاپ: ’ۋىلايەتتىن (ماۋارائۇننەھرنى دېمەكچى - ئاكىمۇشكىن) كىملا كەلسە مەن خوجا، مەن ئەزىز، دەيدىكەن‘ دېدى. گەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە ئۇشتۇر خەلىپە (ئاللا ئۇنىڭغا شەپقەت قىلغاي!) ئاقسۇلۇقلارغا خوجا ئىسھاقنى تونۇشتۇردى. ئاندىن قولىغا بىر ھاسىنى ئالدى - دە ھېلىقى ئىنكار قىلغۇچى كىشىنى بىرنى قويۇپلا يەرگە چاپلىۋەتتى. ئاقسۇلۇقلار خەلىپە ئۇشتۇر (ئاللا ئۇنىڭغا شەپقەت قىلغاي!) نىڭ بۇ كارامىتىنى كۆرۈش بىلەن قايتىدىن ئىسھاق خوجىغا ساداقەتمەن مۇرىت ۋە قەتئىي ئەگەشكۈچى بولۇشتى، ئۇلار قۇتلۇق مۇھەممەد مىرزا جۇراسىنىڭ باشچىلىقىدا ئۇنىڭغا قول بېرىشتى“[38]. خوجا ئىسھاقنىڭ ئاقسۇدىكى دىنىي پائالىيىتى شۇ يەرنىڭ ھۆكۈمرانى مۇھەممەد سۇلتانىنىڭ قارشى ئېلىشىغا ۋە قوللىشىغا ئېرىشكەن بولسىمۇ، دىنىي تەرغىباتلىرى ئۇتۇقلۇق بولمىدى، ئاقسۇلۇقلار بۇ يېڭى كەلگەن خوجىغا بويسۇنۇشنى خالىمىدى، ئاقسۇدىكى ھوقۇقدارلاردىن قۇتلۇق مۇھەممەدنىڭ دەۋەتلىرىمۇ كارغا كەلمىدى، ئېنىقكى بۇنىڭدا

ئەرشىدىن جەمەتى رول ئويناۋاتاتتى. دەرۋەقە، تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ۋە كۈچ سىڭىشىش ئارقىلىق خوجا ئىسھاق يەنىلا ئۇتۇق قازاندى. خوجا ئىسھاق بىلەن ئەرشىدىن جەمەتى ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش توغرىسىدا «جالالىدىن كېتىكى ۋە تۇغلۇق تۆمۈرخان ھەققىدە قىسسە» دە مۇنداق بىر ئابزاس تەپسىلىي ۋە بىۋاستە بايانلار بار:

”ئىسھاق ۋەلى ئاقسۇغا كېلىپ، ئايكۆلدە مەۋلانە جالالىدىننىڭ مازىرىنى زىيارەت قىلىپ، چۈشىدە جالالىدىندىن بىشارەت تاپتى. جالالىدىن: ’ئەي ئىسھاق، ئاقسۇ، كۇچا، چالىش، تۇرپاننىڭ خوجىلىقىنى سىزگە بەردىم. بىزنىڭ ئەۋلادلىرىمىز ئىشانلىقنى تاشلاپ ئەمەل تۇتۇشنى، بەگلىكنى ئارزۇ قىلدى. بەگلىك ئۇلارغا بولسۇن‘ دېدى. بۇنىڭ بىلەن خوجا ئىسھاق ئاقسۇدىكى مازارلارنى زىيارەت قىلىپ، جالالىدىننىڭ نەۋرىسى قازى ئابدۇرەھىمنى يوقلىدى. ئۇلار مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن قازى ئابدۇرەھىم ئىسھاق خوجىغا بەيئەت قىلىپ، خەلقنى ھەم مۇرىت بولۇشقا ئۈندىدى. خەلق قوبۇل قىلمىغاندا قازى ئابدۇرەھىم: ’ئىشانلىق يولىنى قازىلىق - بەگلىك بىلەن ئالماشتۇرۇپ، بۇ ئىشنىڭ ئەھدىسىدىن چىقالماس بولدۇق، بۇۋام جالالىدىننىڭ تەلىپى شۇنداق. ئەمدى خوجىلىق تەرىقىتىگە پىرلىق بىزدىن بۇ ئەزىزگە قالدى‘ دەپ ئۆزى باشلاپ خەلقنى بۇ خوجا ئىسھاققا بەيئەت قىلدۇردى“㊴. گەرچە بۇ بايانلارغا قويۇق دىنىي تۈس بېرىلگەن بولسىمۇ، ئەرشىدىن جەمەتىنىڭ بۇ رايوندىكى ھۆكۈمرانلىقىنىڭ نەقەدەر مۇستەھكەم ئىكەنلىكىنى، بۇ مەيدان كۈرەشنىڭ جىددىيلىكىنى ۋە خوجا ئىسھاقنىڭ ناھايىتى قىيىندا يول ئاچقانلىقىنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەس. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بۇ ئەھۋال ئەينى ۋاقىتتىكى ئەرشىدىن جەمەتىنىڭ دىنىي جەھەتتە

ئاقسۇ، كۇچا، چالىش (قاراشەھەر) ۋە تۇرپان، يەنى ئاقسۇنىڭ شەرقى، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى رايونلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

مۇھەممەد سۇلتان خوجا ئىسھاق ئۈچۈن ئاقسۇدا خانىقا سالدۇردى، بۇنىڭ بىلەن ئۇ كەڭ مىقياستا دىنىي تەرغىبات ئېلىپ بېرىپ، كەڭ كۆلەمدە مۇرىت توپلىدى ۋە تۇرپانغا خەلىپە ئەۋەتتى. ئىسھاق خوجىنىڭ دىنىي پائالىيەتلىرى روشەن سىياسىۋىيلىككە ئىگە بولۇپ، يەرلىك ھۆكۈمرانلارنى قۇترىتىپ ۋە ئۇلارنىڭ چوڭ خانغا بولغان قارشىلىقلىرىنى قوللاپ، چوڭ خاننىڭ ئورنىنى ئىگىلەشنى مەقسەت قىلاتتى. ئۇنىڭ بىر مۇرىتى ناھايىتى ئوچۇق قىلىپ: "ئەگەر ئىسھاق خوجا بۇ ئەلدە يەنە بىر مەزگىل ھەرىكەتلەنگەن بولسا ئابدۇكېرىمخان دېگەن بۇ موغۇل تۇگەشكەن بولاتتى، ھەتتا تامامەن يوقىلاتتى" دېگەن⑩. شۇڭا بۇ ئىش سۇلتان ئابدۇكېرىمخاننىڭ ھوشيارلىقىنى قوزغىماي قالمىدى، شۇنىڭ بىلەن خان ئۇنىڭ ئوردىدا پائالىيەت ئېلىپ بېرىشىغا يول قويمايلا قالماستىن، يەرلىكتە پائالىيەت ئېلىپ بېرىشىغىمۇ ئىجازەت بەرمىدى، كېيىن ئۇنى خانلىق تەۋەسىدىن قوغلاپ چىقىرىشقا يارلىق قىلدى. ئەينى چاغدا ئاقسۇ نائىبى مۇھەممەد سۇلتاننىڭ ئەمەلىي كۈچى تېخى ئوردا بىلەن قارشىلاشقۇدەك دەرىجىدە ئەمەس ئىدى. ئۇ خوتەن نائىبى قۇرەيش سۇلتاننىڭ ساۋىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، خاننىڭ بۇيرۇقى بويىچە ئىش قىلدى، خوجا ئىسھاقنى ئاقسۇدىن قىرغىزلار ئېلى تەرەپكە بېرىپ، ئاندىن سەمەرقەندكە قايتىپ كېتىشنى تەۋسىيە قىلدى.

ئىسھاق خوجا يەركەن خانلىقىدىن ھەيدەلگەن بولسىمۇ، ئەمما خانلىقنىڭ ھەممە يېرىدە ئۇنىڭ قالدۇرۇپ كەتكەن خەلىپىلىرى بار ئىدى. شاھ مەھمۇد جوراسنىڭ «ئەنىساتتالىبىن» ناملىق ئەسىرىدە

خاتىرىلىنىشىچە، يەركەن خانلىقى تەۋەسىدە ئۇنىڭ 64 خەلىپىسى (ۋارىسلىرى) بولغان㊶. ئىسهاق خوجا دەھرىي ھاكىمىيەتنىڭ دىنىي قوللىشىدىكى مۇھىم رولىنى چۈشىنىپ يەتكەچكە، يېقىن ۋە ئىشەنچلىك ئادىمى ئۇشتۇرنى قەشقەرنىڭ خەلىپىسى (بۇ ۋاقىتتا سوپى سۇلتان ئاللىقاچان قازا قىلىپ، مۇھەممەد سۇلتان ئۇنىڭ ئورنىغا قەشقەر نائىبى بولغانىدى) بولۇشقا ئەۋەتتى ھەمدە مۇھەممەد سۇلتاننى "خەلىفەتۇل خەلىفە" لىككە تەيىنلەپ، يەركەن خانلىقىدىكى بارلىق خەلىپىلەرنى باشقۇرۇشقا قويدى. قويۇق سىياسىي تۈس ئالغان بۇ ئىشلار كېيىن مۇھەممەد سۇلتان تەختكە چىققاندىن كېيىن مۇشۇ مەزھەپنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن قىلىنغان تەييارلىق بولۇپ قالدى.

ئىسهاق خوجىنىڭ يەركەندىكى پائالىيەتلىرى توغرىسىدا يېزىلغان تارىخىي ئەسەرلەردە كونكرېت يىل دەۋرى قالدۇرۇلمىغان. يۇقىرىدا كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك، خوجا ئىسهاق يەركەن خانلىقىغا كەلگەندە قۇرەيش سۇلتان ئۇنى خوتەندە كۈتۈۋالغان، خوتەندىكى چىرادا ئۈچ يىل تەرغىبات بىلەن شۇغۇللانغاندىن كېيىن قۇرەيش سۇلتان ئىسيان قىلىشتىن ئىلگىرىلا ئۇ يەردىن كەتكەن. قۇرەيش سۇلتان 1580 - يىلىنىڭ بېشىدا ئىسيان كۆتۈرگەن، ئۇنىڭ ئوغلى 1583 - يىلى تۇرپاننى ئىگىلىگەن. مۇشۇ بويىچە بولغاندا خوجا ئىسهاقنىڭ يەركەن خانلىقىغا دەسلەپ كەلگەن ۋاقتى كېچىككەندىمۇ 1580 - يىلىدىن ئاۋۋال بولىدۇ. يەنە خوجا ئىسهاق يەركەن خانلىقىدىن قوغلانغاندا مۇھەممەد سۇلتان ئاقسۇ نائىبى ئىدى، 1587 - يىلىغا كەلگەندە بولسا مۇھەممەد سۇلتان قەشقەر نائىبى بولۇۋاتاتتى㊷. مۇھەممەد سادىق قەشقەرىنىڭ «تەزكىرەئى خوجىگان» ناملىق ئەسىرىدە ئېيتىلىشىچە، ئىسهاق خوجا يەركەن خانلىقىدا 12 يىل دىنىي

تەرغىبات بىلەن مەشغۇل بولغان، ئەگەر مۇشۇ خاتىرە ئىشەنچلىك بولسا ئىسھاق خوجىنىڭ يەركەن خانلىقىغا دەسلەپ كەلگەن ۋاقتى 1575 - يىلىدىن بۇرۇن بولىدۇ. ئالدىنقى بايانلاردا كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك، مۇھەممەد سۇلتان 1570 - يىلى شەرققە يۈرۈش قىلىپ "تۇرپاننى ئىگىلەپ پادىشاھ بولغان" ۋە تۇرپاندا "تۆت يىل ھۆكۈمران بولغان". بۇنداق بولغاندا خوجا ئىسھاقنىڭ يەركەن خانلىقىغا كەلگەن ۋاقتى تېخىمۇ بالدۇر بولغان بولسا كېرەك، بىراق، ئابدۇكېرىمخان 1560 - يىلى تەختكە چىققان بولغاچقا بۇ ۋاقىتتىن ئىلگىرى بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇ XVI ئەسىرنىڭ 60 - يىللىرىنىڭ ئوتتۇرلىرىدىن 70 - يىللارنىڭ ئاخىرلىرىغىچە يەركەن خانلىقىدا پائالىيەت ئېلىپ بارغان.

## 3 § قاراتاغلىق خوجىلارنىڭ يەركەن خانلىقىدا ئۈستۈنلۈك قازىنىشى

### 1. خوجىلارنىڭ تەسىرىنى چەكلەش ۋە ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇش

قىسقىسى، خوجا ئىسھاقنىڭ تەشرىتاغىنىڭ جەنۇبىدىكى دىنىي پائالىيەتلىرى مۇئەييەن نەتىجىلەرگە ئېرىشىپ، مۇھەممەد سۇلتانغا ئوخشاش بەگ - سىپاھلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان زور ساندىكى مۇرىتلىرىنى قولغا كەلتۈرگەن بولسىمۇ، ئەمما تەۋرەنمەس ۋە مۇستەھكەم ئاساس ئورنىتىشقا قادىر بولالمىدى. ئابدۇكېرىمخان ۋە مۇھەممەد ۋەلى سوپى قاتارلىق دىنىي فېئوداللار ماۋارائۇننەھردىن كەلگەن بۇ دىنىي كۈچكە قارىتا چەكلەش

پوزىتسىيىسىدە بولدى، بۇنىڭ بىلەن ۋاقتىنچە پەسكويغا چۈشۈپ قالغان شىمالدىكى ئاقسۇ قاتارلىق جايلاردىكى ئەرشىدىن جەمەتىنىڭ تەسىرى ھەرۋاقىت قايتا باش كۆتىرىشكە تەييارلاندى.

يەركەن خانلىقى شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنى قوشۇۋالغاندىن كېيىن، ئەسلىدىكى ئاقسۇ ھۆكۈمرانى مۇھەممەد سۇلتان ئابدۇكېرىمخان تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلغان يېڭى رايونلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا تەيىنلەندى. خوجا ئىسھاقنىڭ بۇ سادىق مۇرىتى ئۆزىنىڭ بۇ رايوندىكى ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن تۇرپانلىقلار باش ئۇرۇۋاتقان "ئەنبىيا" ئالىپ ئاتاغا ھۆرمەت بىلدۈردى㊸. بۇ ئەھۋالغا ماۋارائۇننەھردىن كەلگەن دىنىي نوپۇز ئىگىسى ئىسھاق ۋەلى تاقەت قىلىپ تۇرالمايتتى، ئۆتكۈزۈۋېتىشكىمۇ رايى بارمايتتى، شۇڭا دەرھال يارامىلىق ياردەمچىسى ئۇشتۇر خەلىپىنى تۇرپانغا دىنىي تەرغىباتقا ئەۋەتتى. بۇ ھەقتە شاھ مەھمۇد جۇراس مۇنداق يازىدۇ: "ئۇشتۇر خەلىپە تۇرپانغا يېتىپ كېلىپ تۇرپانلىقلار بىلەن ئۇچراشتى. تۇرپانلىقلار بويسۇنمىدى، ئۇلار ھەزرىتى ئالىپ ئاتاغا ئېتىقاد قىلاتتى، ئۇشتۇر خەلىپە ئالىپ ھەزرەتلىرىنىڭ نۇرغا تولغان قەبرىستانلىقىغا بېرىپ، ئالىپ ئاتانىڭ قەبرىسىگە مىندى. قەبرە ھەرىكەتكە كېلىپ، ئۇشتۇر خەلىپىنى يەرگە ئاتتى. ئۇشتۇر خەلىپە سەكرەپ قوپۇپ يەنە مىندى، يەنە ئاتتى. قەبرە يېرىلىپ بىر شىر كۆرۈندى. ھەزرىتى ئەزىزلەر مەنىۋى جەھەتتىن ئۇشتۇر خەلىپىنى ھىمايىسىگە ئېلىپ قۇتۇلدۇرۇۋالدى. تۇرپان، چالىش ئاھالىلىرى سوۋغا - سالاملىرىنى ئېلىپ كېلىپ ھاجەتلىرىنى ئىزھار قىلىشتى. ئۇشتۇر خەلىپە (ئاللا ئۇنىڭغا شەپقەت قىلغاي!) ئۇلار بىلەن خەيرلىشىپ، ھەزرىتى خوجا ئىسھاقنىڭ خىزمىتىگە قايتتى. ئاندىن كېيىن ھەزرىتى ئەزىز سېغىنغان ۋەتىنى سەمەرقەندكە قايتتى"㊹. ئۇشتۇر

خەلىپىنىڭ يېتىپ كېلىشىمۇ تۇرپانلىقلارنىڭ ئېتىقادىنى دەماللىققا ئۆزگەرتەلمىدى، ئۇنىڭ دىنىي تەرغىباتلىرىمۇ كۈچلۈك قارشىلىققا ئۇچرىدى، ئەنبىيا ئالىپ ئاتاغا ئېتىقاد قىلىدىغان يەرلىك ئاھالە ماۋارائۇننەھردىن كەلگەن بۇ دىنىي تەرغىباتچىنىڭ تەلىماتلىرىنى قوبۇل قىلىشنى خالىمىدى، شۇ جايدىكى دىنىي كۈچلەرمۇ ئۇنىڭغا قارشى جىددىي كۈرەشنى قانات يايدۇردى. يۇقىرىقى خاتىرىدىكى ئەپسانىۋى تۈسنى چىقىرىۋەتكەندە بىر جىددىي كۈرەش كارتىنىسىنى كۆرىمىز: نەتىجىدە ئۇشتۇر مەغلۇپ بولۇپ، جېنىدىن ئايرىلغىلى قىل قالدى ۋە خوجا ئىسھاقنىڭ "كارامەتلىرى" گە تايىنىپلا مەغلۇبىيەتنى نۇسرەتكە ئايلاندۇرالىدى ھەمدە يەركەن خانلىقىغا يېپىشىدىن قوشۇلغان تۇرپان، قاراشەھەر قاتارلىق جايلاردا پۇت تىرەپ تۇرالىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بۇ خاتىرە بىزگە شۇنى ئۇقتۇرىدۇكى، تۇرپان ئاھالىسىنىڭ قارشىلىقى خوجا ئىسھاق يۇرتى سەمەرقەندكە قايتىشتىن ئاۋۋال يۈز بەرگەن.

بىراق، مۇھەممەد سادىق قەشقەرىنىڭ «تەزكىرەئى خوجىگان» ناملىق ئەسىرىدە بۇ ۋەقەنى ئىسھاق خوجا سەمەرقەندكە قايتقاندىن كېيىن يۈز بەرگەن، دەيدۇ. «تەزكىرەئى خوجىگان» (خەنزۇچە قىسقارتىلما تەرجىمە نۇسخىسى، 97 -، 98 - بەتلەر) دا مۇنداق دېيىلىدۇ: "ئىسھاق ۋەلى يەركەن، قەشقەر، خوتەن ۋە ئاقسۇ قاتارلىق جايلاردا 12 يىل ئەل كېزىپ، دىنىي تەرغىبات ۋە مۇزىت تۇپلاش بىلەن مەشغۇل بولدى. ئاندىن ئۇشتۇر خەلىپىنى ئۆز ئورنىغا ۋارىس قىلىپ بېكىتىپ، ئۆزى سەمەرقەندكە قايتتى. قەشقەردىكى خان-پۇقرالارنىڭ ئۇلارغا بولغان ئېتىقادى تەدرىجىي سۇسلاپ، ئېتىقادىنى تۇرپاندىكى ئەنبىيا قەبرىسىگە بۇرىدى. ئۇشتۇر ئۇلار بىلەن بىللە ئاشۇ يەرگە بېرىپ، چاترىقنى كەرگىنىچە قەبرىگە مىندى ۋە قەبرىنى قاتتىق تەپتى، شۇ زامان

بىر ئەجدىھا چىقىپ ئۇنى يېۋەتمەكچى بولۇۋىدى، سەمەرقەندتىكى هەزرىتى ئىشان خوجا ئىسهاق ۋەلى بۇ ئىشتىن غايىبانە ۋاقىپلىنىپ ۋارىسى ئۇشتۇرنى قۇتقۇزۇشقا ئاقسۇدىكى ئوغلىنىڭ روهىنى ئەۋەتتى. شەهباز ئىسىملىك بۇ ئوغۇل شۇ زامان جان تەسلىم قىلىپ، ئۇشتۇر ئامان قالدى». بۇ يەردە دېيىلگەن "قەشقەردىكى خان" يەنى خوجىغا مۇرىت بولغان مۇهەممەد سۇلتان «تەزكىرەئى خوجىگان» (خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخا، 97 - بەت) دا خانلىق تەختكە چىقىپ بولغان دېيىلىدۇ. بۇ ماتېرىيال ئۇشتۇر خەلىپىنىڭ تۇرپاندا قەبرىگە هۆرمەتسىزلىك قىلغىنىنى يۇقىرىدا نەقىل كەلتۈرۈلگەن «تارىخ» تىكى خاتىرە بىلەن ئاساسەن ئوخشاش شەكىلدە بايان قىلىپ بېرىدۇ. ئەمما بۇ ئىشنىڭ يۈز بەرگەن ۋاقتىنى خوجا ئىسهاق سەمەرقەندكە قايتقاندىن كېيىنگە سۈرۈۋېتىدۇ، هالبۇكى خوجىلارنىڭ تەسىرىگە قارشىلىق كۆرسىتىش يالغۇز يېڭى قوشۇۋېلىنغان تۇرپان رايونى بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن، يەركەن خانلىقىنىڭ غەربىي قىسمىدىمۇ يۈز بەرگەنىدى. روشەنكى، مۇهەممەد سادىق قەشقەرىنىڭ خاتىرىسىدە خوجىلارغا قارشى باشقا ۋەقەلەر توغرىسىدىكى ئۇچۇرمۇ خاتىرىلەنگەن. بۇ ۋەقەلەرگە شاھ مەهمۇد جۇراسنىڭ يەنە بىر ئەسىرى ـ «ئەنىسەتتالىبىن» دىن دەلىل كۆرسىتىشكە بولىدۇ: "قەشقەر ۋە يەركەن خەلقى ئۇشتۇر خەلىپىگە قارشى چىقتى. خەلىپە (ئاللا ئۇنىڭغا شەپقەت قىلغاي!) غۇسلى قىلىپ ئاللادىن ئامانلىق تىلىدى. هەزرىتى ئەزىزان [45] ئۇنىڭغا: 'ئەي ئوت يۈرەك مۇرىتىم! قوزۇق سېنىڭ زەربەڭدىن يەرگە كىرىپ كەتتى، ۋاپاغا جاپا قىلىدىغان بۇ كىشىلەرنى ئىككىلەنمەي ئۇجۇقتۇرماق كېرەك' دېدى. شۇنىڭ بىلەن خەلىپە ئويغىنىپ كەتتى. هەر قېتىم بىرەر يامان ئىش يۈز بەرگەندە ئۇ هەمىشە تەنبىھ بېرىپ تۇردى. ئۇ دائىم

قولىدىن ھاسىنى چۈشۈرمەي يولدىن چىققانلارنى ئەدەبلەپ تۇردى. ھاسا يېگەن ئادەملەر 'خوجام' دېيىشكىنىچە دەس تۇرۇپ، تەقۋادار مۇرىتلارغا ئايلاندى"㊻. خانلىقنىڭ غەربىدىكى قەشقەر ۋە يەركەندىن ئىبارەت ئەڭ مۇھىم بولغان بۇ رايونلاردا يۈز بەرگەن خوجىلار تەسىرىگە قارشى (يەنە قويۇق سىياسىي تۈسكە ئىگە) دىنىي ۋەقەلەرنىڭ تىغ ئۇچى بىۋاسىتە ھالدا خوجىلارنىڭ قەشقەر ۋە يەركەندىكى خەلىپىسى—ئۇشتۇر خەلىپىگە قارىتىلغاندى. بىزگە مەلۇمكى، ئۇشتۇر خەلىپە خوجا ئىسھاق يەركەن خانلىقىدىن كېتىدىغان ۋاقىتتا تەيىنلىگەن خەلىپە (ئىزباسار) ئىدى، شۇڭا شۇنداق ھۆكۈم قىلالايمىزكى، قەشقەر ۋە يەركەندىكى "ئاسىيلىق"، خوجا ئىسھاق يەركەن خانلىقىدىن كەتكەندىن كېيىن يۈز بەرگەن. ناھايىتى ئېنىقكى، يۇقىرىدا نەقىل كەلتۈرۈلگەن «تەزكىرەئى خوجىگان» دىكى خاتىرىدە خوجا ئىسھاق يەركەن خانلىقىدىن ئايرىلىشتىن ئىلگىرى يۈز بەرگەن تۇرپاندىكى قارشىلىشىش ۋەقەسى بىلەن مەزكۇر خوجا سەمەرقەندكە قايتقاندىن كېيىن يۈز بەرگەن قەشقەر، يەركەندىكى قارشىلىشىش ۋەقەلىرى ئارىلاشتۇرۇپ قويۇلغان، بۇ قارشىلىقلار شەك - شۈبھىسىز يەرلىك دىنىي فېئوداللار ۋە ئۇلارنىڭ ۋەكىللىرىنىڭ قۇتراتقۇلۇقى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىدى.

يۇقىرىقى رايونلاردىن باشقا، يەركەن خانلىقىنىڭ باشقا جايلىرىدىمۇ خوجىلار تەسىرىنىڭ كۈچىيىشىگە قارشى كەيپىيات مەۋجۇت ئىدى، خوجا ئىسھاق بۇنىڭغا جەزمەن خېلى بالدۇرلا دىققەت قىلغان، شۇڭا ئۇ ئەمەلىي سىياسىي ھوقۇق تۇتۇپ تۇرۇۋاتقان مۇھەممەد سۇلتاننى ئۇلۇغ خەلىپە (خەلىپىلەرنىڭ خەلىپىسى) قىلىپ تەيىنلەپ، ئەڭ يارامىلىق ياردەمچىلىرىدىن بىرى بولغان ئۇشتۇر خەلىپىنى قەشقەر ۋە يەركەندىن ئىبارەت ئەڭ

مۇھىم ئىككى جايغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغاندىن سىرت يەنە ئىككىنچى ئوغلى شەھبازنى خانلىقنىڭ شىمالىدىكى مۇھىم جاي ئاقسۇغا قويۇپ قويغانىدى㊼. قەشقەر، يەركەنلەردە "ئاسىيلىق" ۋەقەلىرى كۆرۈلگەندە ئاقسۇنىڭ ۋەزىيىتىمۇ ناھايىتى جىددىي بولدى، ئەنە شۇ مەزگىللەردە شەھباز ئۇشتۇمتۇتلا قازا قىلدى. «تەزكىرەئى خوجىگان» دا ئېيتىلىشىچە، خوجا ئىسھاق "ئىزباسارى ئۇشتۇرنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن، ئاقسۇدىكى ئوغلىنىڭ روھىنى تەقدىم قىلغان"، "ئۇنىڭ ئوغلى شەھباز شۇ ۋاقىتتىلا ئاخىرەتكە سەپەر قىلغان"㊽. يوشۇرۇن ۋە سىرلىق بۇ دىنىي باياناردىن ھالقىپ ئۆتسەك ئەينى ۋاقىتتىكى خوجىلارغا قارشى دولقۇننىڭ خېلىلا كۈچلۈكلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز، بۇ دولقۇن جەزمەن ئاقسۇغا تەسىر كۆرسەتكەن بولسا كېرەك، شۇنىڭ بىلەن بۇ خوجىزادە ئۇشتۇمتۇتلا ئۆلۈپ كەتكەن.

## 2. مۇھەممەدخاننىڭ تەختكە چىقىشى ۋە قاراتاغلىق خوجىلارنىڭ غەلىبە قىلىشى

ھىجرىيە 1000 - يىلى (1591—1592) سۇلتان ئابدۇكېرىمخان ئالەمدىن ئۆتتى، ئورنىغا بەشىنچى ئىنىسى مۇھەممەد سۇلتان تەختكە ۋارىسلىق قىلدى. بەزى مۇسۇلمان ئاپتورلار سۇلتان ئابدۇكېرىمخاننىڭ ئۆلۈمى ئىسھاق خوجىنىڭ "كارامىتى" دىن بولغان دەيدۇ㊾. بۇ ئىسھاق خوجا تەرىپىدىن قەستلەپ ئۆلتۈرۈلگەن دېگەنلىكتۇر، لېكىن بۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى، سۇلتان ئابدۇكېرىمخان ئالەمدىن ئۆتكەندە ئاللىقاچان "پەيغەمبەر يېشىغا يېرىپ قالغان" يەنى 63 ياشقا كىرگەنىدى. ئۇ ئەينى دەۋردىكى ئوتتۇرا ئاسىيا

ھۆكۈمرانلىرىغا نىسبەتەن چوڭ ياش ھېسابلىناتتى. ئەينى دەۋردىكى تارىخچىلارمۇ سۇلتان ئابدۇكېرىمخاننىڭ ئۆلۈمى ئىسھاق خوجىنىڭ "كارامىتى" بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكى توغرىسىدا بىرەر خاتىرە قالدۇرغان ئەمەس. مۇسۇلمان ئاپتورلار بولۇپمۇ قاراتاغلىق ئاپتورلار بۇنداق ۋەقەلەر بولغان بولسا خاتىرىلىمەي قالمايتتى، ئۇلار بۇنى راستىنلا ئىسھاق خوجىنىڭ "ئۇلۇغلۇقى" ۋە ياراتقۇچىنىڭ "كارامىتى" دەپ قاراپ، بۇ ھەقتە جەزمەن تارىخىي ئەسەردە توختالغان بولاتتى. يەنە بىر جەھەتتىن مۇھەممەد سۇلتاننىڭ خانلىق تەختكە ۋارىسلىق قىلىشى موڭغۇللارنىڭ "چوڭ ئوغۇل خان بولۇش" ئەنئەنىسىگە ئۇيغۇن، ئورۇنلۇق بولۇپ، سۇيىقەست قىلىشىنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇ سۇلتان ئابدۇكېرىمخان ھايات ۋاقتىدىلا "ۋەلىئەھد"لىك ئورنىغا — قەشقەرنىڭ نائىبلىق كۇرسىغا ئولتۇرۇپ بولغانىدى. قائىدە بويىچىمۇ يەركەن خانلىقىدا خانلىق تەختكە ۋارىسلىق قىلىدىغانلار بۇ مەنسەپكە ئېرىشەلەيتتى. گەرچە مۇھەممەد سۇلتاننىڭ تەختكە چىقىشىنى قاراتاغلىق خوجىلار پائالىيىتىنىڭ نەتىجىسى دەپ قاراشقا بولمىسىمۇ، ئۇنىڭ تەختكە چىقىشى ئەمەلىيەتتە قاراتاغلىق خوجىلارنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى زور غەلىبىسى بولدى. ئۇلار مۇھەممەدخاننىڭ قوللىشى بىلەن باشقا مەزھەپلەرگە زەربە بەردى ۋە ئۇلارنى سىقىپ چىقىرىپ، ئۆز مەزھىپىنىڭ تەسىرىنى كېڭەيتتى. مۇسۇلمان تارىخچىلارنىڭ ئەسەرلىرىدە خاتىرىلىنىشىچە، سۇلتان ئابدۇكېرىمخاننى خوجا ئىسھاقنى يەركەن خانلىقىدىن قوغلىۋېتىشكە "دەۋەت" قىلغان ھوقۇقدار ۋەزىر خوجا ئۇبەيدۇللا يەركەن دىندارلىرىدىن مۇھەممەد ۋەلى سوپىنىڭ مۇرىتى بولۇپ، ئابدۇكېرىمخاندىن ئۈچ ئاي ئىلگىرى قازا قىلغان. ئەمما مۇھەممەدخان تەختكە چىققاندىن كېيىن قاراتاغلىق خوجىلار ئۈچ

ئېلىشنى ۋە ئۇنىڭغا زەربە بېرىشنى ئۇنتۇمىدى، خانلىققا زور تۆھپە قوشقان مەرھۇم ۋەزىرنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ئۇرۇق - تۇغقانلىرى مۇھەممەدخان تەرىپىدىن خوتەنگە سۇرگۇن قىلىندى، ئۇنىڭ ئۆي - ئىمارەتلىرىنى ئۇشتۇر خەلىپە ئىگىلىۋېلىپ، كېيىنچە ئاتخانىغا ئايلاندۇرۇۋەتتى⑩. ئۇشتۇر خەلىپە، خوجا ئىسھاقنىڭ يەركەندىكى ئەمەلىي ۋەكىلى (گەرچە مۇھەممەدخان مەزكۇر خوجىنىڭ يەركەن خانلىقىدىكى ئۇلۇغ خەلىپىسى بولسىمۇ، ئۇشتۇر خەلىپە خوجا ئىسھاقنىڭ ئىشەنچلىك ئادىمى بولۇش سۈپىتىدە ئۇنىڭ بىلەن بىۋاستە ۋە ئېخىمۇ زىچ مۇناسىۋەت ئورناتقان شۇنداقلا مۇھەممەدخانىنى كۆزىتىپ تۇرۇش مەجبۇرىيىتىنى ئۈستىگە ئالغان) بولۇش سۈپىتى بىلەن كەڭ مىقياستا مۇرىت توپلاپ، قۇدرەتلىك ئىجتىمائىي كۈچ بولۇپ شەكىللەندى. ئۇ دائىم ئاتقا مىنىپ ئۆزىنى ھاسىنى كۆتۈرۈپ بىر توپ ئەسەبىي مۇرىتلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ يۈرەتتى. بەزى چاغلاردا مۇرىتلىرىنىڭ سانى 4000—5000دىنمۇ ئېشىپ كېتەتتى. ئۇ كېتىۋېتىپ ھاسىسى بىلەن جاھىللارنى، يەنى قاراتاغلىقلار مەزھىپىگە كىرمىگەن مۇسۇلمانلارنى پات - پات ئەدەبلەپ تۇراتتى. قاراتاغلىق خوجىلارمۇ مۇھەممەدخان ھاكىمىيىتىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن قوللىدى ۋە شۇ ئارقىلىق ئۆز تەسىرىنى كېڭەيتىپ، خانلىقنىڭ ئېخىمۇ كۈچلۈك قوللىشىغا ئېرىشتى. مۇھەممەدخان تەختكە چىققان دەسلەپكى يىللىرى يەنى ھىجرىيە 1003-يىلى (1594—1595) ئۆزبېكلەردىن ئابدۇللاخان (1583—1598) تەخمىنەن بەش تۈمەن كىشىلىك قوشۇن توپلاپ ⑪ ئۆزبېك سۇلتان ۋە خوجام قۇل قوشبېگىنى قوماندانلىققا تەيىنلەپ قەشقەرگە ھۇجۇم قىلدۇردى. «ئەنىسەتتالىبىن» دىكى خاتىرىلەرگە قارىغاندا، ئابدۇللاخان بىلەن ئابدۇكېرىمخان ئىتتىپاقداشلاردىن بولۇپ، ئۇنىڭ قوشۇن

چىقىرىشى ئابدۇكېرىمخاننىڭ خوتەننى سۇيۇرغال قىلغان ئوغلى شاھ ھەيدەر مۇھەممەد سۇلتاننى قوغداش بولغان. چۈنكى ئۇنىڭ ھوقۇق ئىمتىيازى تەختكە چىققىنىغا ئۇزۇن بولمىغان مۇھەممەدخاننىڭ دەخلى-تەرۇز قىلىشىغا ئۇچرىغان(52).

مۇھەممەدخان پۈتۈن مەملىكەتتىكى قوشۇنلارنى سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرۈپ، شەخسەن ئۆزى قەشقەرگە كېلىپ تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن ياۋغا قارشى تۇردى. ئۆزبېك قوشۇنى قەشقەرگە يېقىن جايدا ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچراپ، لەشكەرلىرىنى يەركەنگە ھۇجۇم قىلىشقا يۆتكىدى ۋە بۇغرا قۇمدىكى يېقىن يولدىن مېڭىپ ئۇچىنچى كۈنى چۈشتىن كېيىن يېتىپ كەلدى، ئاندىن يەركەننى ساقلاۋاتقان سەردارغا "تەسلىم بولساڭلار ھاياتىڭلار ۋە مال-مۈلۈكىڭلارغا كاپالەتلىك قىلىمىز، بولمىسا شەھەرنىڭ كۈلىنى كۆككە سورۇپ، قەتلىئام يۈرگۈزىمىز" دەپ ئۇلتىماتۇم ئەۋەتتى. شەھەرنى ساقلاۋاتقان سەردار: "ئەتە جۈمە كۈنى ئىكەن، جۈمە نامىزىدىن يېنىپ قول باغلاپ شەھەرنى تاپشۇرايلى" دەپ جاۋاب بەردى. شۇ كۈنى تۈن يېرىمىدا مۇھەممەدخان قوشۇننى باشلاپ چوڭ يول بىلەن يەركەنگە يېتىپ كەلدى. ئەتىسى بامدات نامىزىدىن كېيىن مۇھەممەدخان پۇقرالارنى ئۆزبېكلەر بىلەن ھايات-ماماتلىق جېڭى قىلىشقا چاقىردى ۋە قوۋۇقلارنى داغدام ئېچىپ ھۇجۇمغا ئۆتتى. بىر قەپەس قاتتىق ئېلىشىشتىن كېيىن ئۆزبېك قوشۇنى يەركەندىن چېكىندى ۋە "ماكانىغا قايتىپ كەتتى"(53).

ئۆزبېكلەرنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا زەربە بېرىشتە قاراتاغلىق خوجىلار خەلقنى سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرۈش ۋە نەۋكەرلەرنىڭ جاسارىتىگە مەدەت بېرىش قاتارلىق جەھەتلەردە ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىدى. شاھ مەھمۇد جوراس «تارىخ» تا مۇنداق يازىدۇ: "ئەڭ ئاخىر مەرد-مەردانىلەر ۋە خوجا ئىسھاقنىڭ مەدىتى بىلەن ئۆزبېكلەر

مەغلۇبىيەتلىك تەقدىرگە مۇپتىلا بولدى“[54].

قاراتاغلىق خوجىلارنىڭ غايەت زور قۇدرىتىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن مۇھەممەدخاننىڭ ئۇلارغا بولغان ھۆرمىتى تېخىمۇ ئاشتى. ئۇ سەمەرقەندتە تۇرۇۋاتقان خوجا ئىسھاققا يازغان خېتىدە ئۆزىنى ”ئەڭ پەس قۇل“ دەپ ئاتىدى ھەمدە ”ئەرزىمەس بېشىنى سوۋغا ئورنىدا خوجا ئىسھاققا ئاتا قىلىش“نى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى[55]. قاراتاغلىق خوجىلارنىڭ يەركەن خانلىقىغا بولغان بىۋاسىتە كونتروللۇقىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن ئىسھاق خوجا 1596-يىلى ئەمدىلا يەتتە يېرىم ياشقا كىرگەن ئوغلى مۇھەممەد يەھيا (خوجا شادى نامى بىلەن مەشھۇر) نى يەركەنگە ئەۋەتتى[56]. مۇھەممەدخان بۇنىڭغا بەكمۇ ئېتىۋار بىلەن قاراپ، شەخسەن ئۆزى قىزغىن ۋە سەلتەنەتلىك قارشى ئېلىش مۇراسىمىغا رىياسەتچىلىك قىلدى. بۇ ھەقتە شاھ مەھمۇد جۇراس مۇنداق يازىدۇ: ”خوجا مۇھەممەد يەھيا ئىبنى خوجا ئىسھاق بىنى مەخدۇم ئەزەم (ھەممىدىن قۇدرەتلىك بولغان ئاللا ئۇنىڭ روھىنى پاك قىلغاي!) ماۋارائۇننەھرىدىن بۇ يەرگە قەدەم تەشرىپ قىلدىلەر. مۇھەممەدخان قوش قەمبەرگە كۈتۈۋېلىشقا كەلدى ۋە ئەڭ ئالىي ئىززەت-ئېكرام بىلەن ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ قاراقۇم يېزىسىغا كەلدى. ئاندىن مۇھەممەدخان ئاتتىن چۈشۈپ مۇھەممەد يەھيا مىنگەن ئاتنىڭ چۇلۋۇرىنى ئۆز بوينىغا سالغىنىچە ئۇنى ئوردىغا باشلاپ كىردى ۋە ئۇنىڭ شەرىپىگە ئۇدا ئۈچ كۈن ھەشەمەتلىك زىياپەت ئۆتكۈزۈپ ئۇنىڭدىن مەقبۇل كۆرۈشنى تەلەپ قىلدى، شۇنداقلا مۇھەممەد يەھياغا مەخسۇس خانا تەييارلاپ شۇ يەردە جايلىشىشقا تەكلىپ بەردى“[57]. شۇندىن ئېتىبارەن قاراتاغلىق خوجىلار يەركەن خانلىقىنىڭ ئوردىسىغا قەدەم باستى. مۇھەممەدخان، مۇھەممەد يەھيا خوجا (يەنى خوجا شادى) نى

مەنۋى ئۇستاز تۇتۇپ، مەخسۇس ئۇنىڭغا ئاتاپ ئىمارەت سالدۇرۇپ بەرگەندىن باشقا يەنە فەيزىباد ۋە سانقاش يېزىلىرىنى سۇيۇرغال قىلىپ بەردى[58]، كېيىنچە يەنە ئۇزلۇكسىز ھالدا كەنت - يېزىلارنى سۇيۇرغال قىلىپ بېرىۋەردى ھەمدە قاشتېشى قېزىشتىن كىرگەن كىرىمنى ئۇنىڭ خىراجىتىگە تاپشۇردى. شۇنداق قىلىپ قاراتاغلىق خوجىلار خانلىقنىڭ قوللىشى بىلەن كۆپلەپ مۇرىت - تالىپ قوبۇل قىلىپلا قالماي يەنە ناھايىتى كۆپ بايلىققا ئېرىشكەچكە، ئىسلام دىنىدىكى باشقا مەزھەپلەر قارشىلىشىشقا پېتىنالمايدىغان دەرىجىدە كۈچەيدى، خوجا ئەرشىدىن جەمەتى بىلەن مۇھەممەد ۋەلى سوپى مەزھىپى تەدرىجىي پەسكويغا چۈشۈپ قالدى. 1610 - يىلى مۇھەممەدخان ئالەمدىن ئۆتكەندە خوجاشادى 21 ياشقا كىرگەن بولۇپ، بۇ ئۇنىڭ كۈچ - قۇۋۋىتى ۋە غەيرەت - جاسارىتى ئۇرغۇپ تۇرغان قىران يىگىتلىك ۋاقتى ئىدى. ئۇ نۇرغۇن ئادەم كۈچى ۋە ماددىي كۈچىنى تىزگىنلەپ ئۆز قولىدا تۇتتى، نەقشبەندىيە تەرىقىتىنىڭ ئەنئەنىسى بويىچە سىياسىغا قول تىقىپ ئۆز تەسىرىنى ئۇزلۇكسىز كېڭەيتتى ۋە جەمئىيەتنىڭ ھەر قايسى قاتلاملىرىغىچە سىڭىپ كىردى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن يەركەن خانلىقىدىكى يۇقىرىسى لەشكىرىي - سىياسىي ساھەدىكى مۇھىم ئىشلاردىن تۆۋەندە ئاددىي پۇقرالارنىڭ تۇرمۇشىغىچە بولغان ھەممە ئىشلار خوجىلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچراشقا باشلىدى.

# 4 § يەركەن خانلىقىنىڭ زاۋاللىققا يۈزلىنىشى ۋە خوجىلار تەسىرىنىڭ كۈچىيىشى

## 1. خانلىق ھوقۇقىنىڭ ئاجىزلىشىشى ۋە خانلىقتىكى ماجىرالار

ھىجرىيە 1018 - يىلى (1609—1610) مۇھەممەدخان ئالەمدىن ئۆتتى، ئوردىدا پائال ھەرىكەتلىنىۋاتقان خوجا شادى، ۋەزىر خوجا لىتىپ، قوشبېگى (ئەلىڭ ئالىي لەشكىري قوماندان) مىرزاغىياس، ئىشىكئاغا (ئوردا ياساۋۇللىرىنىڭ باشلىقى) مىرزا ئابدۇللا قاتارلىقلار دەرھال خاننىڭ چوڭ ئوغلى، قەشقەر نائىبى شۇجائىددىن ئەھمەد سۇلتانغا مۇسىبەت خەۋىرىنى يەتكۈزدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ يەركەنگە كېلىپ خانلىق تەختىگە ئولتۇردى. ئەينى چاغدا يەركەن ھاكىمى مىرزا شاھ قازا قىلغاچقا، ئەھمەدخان دەرھال ئۆزىنىڭ ئوغلى ئەلى ئەسقەر شاھ (شاھى فارىبىھ نامى بىلەن مەشھۇر) نى بۇ مۇھىم ۋەزىپىگە تەيىنلىدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە مىرزا ھەيدەر جۇراس بىلەن مىرزا ھاجى بارلاسنى لەشكەر بېشىلىققا تەيىنلەپ، ئۇلارنى قوشۇن تارتىپ خوتەنگە بېرىپ شاھ ھەيدەر مۇھەممەد سۇلتاننى ئېلىپ كېلىشكە ئەۋەتتى ھەمدە ئۇنى ماۋارائۇننەھر رايونىغا پالىدى. قارىغاندا، موغۇللارنىڭ قەدىمكى ئەنئەنىسى بويىچە ئەھمەد سۇلتاننىڭ خانلىق تەختىگە ۋارىسلىق قىلغىنى قانۇنلۇق بولمىغان بولسا كېرەك. چۈنكى، چوڭلارنىڭ ئىچىدىكى 12 - تاغىسى، تۇرپان نائىبى ئابدۇرەھىم سۇلتان تېخى ھايات، قۇرداشلىرىدىن ئابدۇكېرىمخاننىڭ ئوغلى، خوتەن نائىبى شاھ ھەيدەر مۇھەممەد سۇلتان چوڭ بولغاچقا ئۇلارنىڭ ھەر

ئىككىسىلا ئەھمەد سۇلتاندىن ئاۋۋال تەختكە ئولتۇرۇشقا ھوقۇقلۇق ئىدى. لېكىن، ئەھمەد سۇلتان شادى خوجا ۋە ئۇنىڭ ۋەزىر، ئەمىرلىرىنىڭ قوللىشى بىلەن تەختكە چىقىپ ئوردا ئىچى بىلەن پۈتكۈل خانلىقنىڭ ۋەزىيىتىنى ۋاقتىنچە مۇقىملاشتۇرۇپ تۇردى.

ئەھمەدخانغا خانلىق تەختنىڭ نېسىپ بولۇشى قانۇنلۇق بولمىغانلىقتىن، تەختنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئاتىسى ئورناتقان قانۇن - تۈزۈملەرنى ساقلاپ قېلىشقا مەجبۇر بولدى، خوجىلار بىلەن ھوقۇقدار ۋەزىر - ۋۇزرالارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئەتلىرىگە كاپالەتلىك قىلىپلا قالماي، يەنە ئۇلارنىڭ ھوقۇقىنى ئۆستۈرۈپ تۇردى: خوجا لېتىپ ۋەزىرلىككە تەيىنلەندى، مىرزا غىياس ساغرىچى قازا قىلغاندىن كېيىن ئۇنىڭ جىيەن ئوغلى ئەبۇ گۇر قوشبېگى ۋە ئۈچبېگىلىككە تەيىنلەندى، مىرزا ئابدۇللا قازا قىلغاندىن كېيىن ئورنىغا كۈيئوغلى ئەبۇ مائانشاھ ئىشكئاغىلىققا تەيىنلەندى، ئۇ مەرھۇم يەركەن ھاكىمى مىرزا شاھنىڭ ئوغلى بولۇپ، يەركەن ھاكىمى شاھ ئىبىن فاربھنىڭ ئىنىسى ئىدى. شۇنداق قىلىپ، مىرزا شاھ جەمەتى ئوردا بىلەن خان سارىيىنى بىۋاسىتە كونترول قىلىۋالدى. خوجا شادىنىڭ تەسىر كۈچى تېزلىك بىلەن كېڭىيىپ مۇرىتلىرى ئون مىڭدىن ئېشىپ كەتتى، بۇ ئەسەبىيلەشكەن ھەم قارامىلىقتا چېكىگە يەتكەن زور كۈچ ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە خان ئارقا - ئارقىدىن تارتۇق قىلغان زېمىن، ئۆي - جاي ۋە پۇل-ماللار بىلەن "باي ۋە قۇدرەتلىك فېئودالارغا ئايلانغانىدى"(59). خوجىلار جەمەتى ۋە مۇھىم ئەمەلدارلارنىڭ تەسىر كۈچىنىڭ كۈچىيىپ بېرىشىنىڭ ئەكسىچە خانلىق ھوقۇقى كۈنسېرى ئاجىزلاشتى.

قىرغىزلار مۇھەممەدخاننىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن 5000 كىشىلىك قوشۇن توپلاپ تىللابەگ ۋە بايبوتا قارانىڭ

باشچىلىقىدا ئاقسۇغا ھۇجۇم قىلىپ بۇلاڭ - تالاڭ قىلدى. ئاقسۇ نائىبى زىياۋۇدۇن ئەھمەد سۇلتان (تۆمۈر سۇلتان دېگەن نام بىلەن مەشھۇر) ئاتالىق (پىر ئۇستاز مەنىسىدە) مىرزا قاسىم بايرىنىڭ قوللىشى بىلەن قىرغىزلارنىڭ ھۇجۇمىغا قايتۇرما زەربە بەردى ھەمدە ئۇچ ھاكىمى مىرزا قاسىم جۇراسقا قوشۇن باشلاپ توسۇپ زەربە بېرىش توغرىسىدا نامە ئەۋەتتى. قىرغىز قوشۇنى يەركەن خانلىقىنىڭ ئالدى ۋە كەينى تەرەپلەردىن بەرگەن زەربىسىدە مەغلۇپ بولدى، 2000 غا يېقىن ئادىمى ئۆلدى، قالغانلىرى تەسلىم بولدى. تۆمۈر سۇلتان قىرغىزلارغا كەڭچىلىك قىلىپ، ئۇلارنىڭ قايتىپ كېتىشىگە ئىجازەت بەردى. شۇنىڭدىن كېيىن تۆمۈر سۇلتان يەركەنگە ئاتلاندى ۋە ئەھمەدخاننىڭ چوڭ ئوغلى بولۇش سۈپىتى بىلەن قەشقەرنىڭ نائىبلىقىغا تەيىنلەندى، قەشقەر ھاكىمى مىرزا ھەيدەر جۇراس ئۇنىڭ ئورنىغا ئاتالىققا تەيىنلەندى⑹⓪.

شۇ يىلى (ھىجرىيە 1018 - يىلى، مىلادى 1609—1610 - يىللىرى) خانلىقنىڭ شەرقىي قىسمىدىمۇ توپىلاڭ كۆتۈرۈلدى. چالىشتىكى مۇھەممەد قاسىم سۇلتان⑹① ئەھمەدخاننىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا نارازى ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ يەنە تۇرپان نائىبى ئابدۇرەھىم سۇلتان بىلەنمۇ چىقىشالمايتتى، شۇڭا ئۇ جەڭگە تەييارلىنىپ، ئويراتلاردىن ياردەم سورىدى. ئويراتلار ئۇنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن ياردەمگە كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما چالىش بىلەن تۇرپان ئوتتۇرىسىدىكى جەڭ باشلانغاندىن كېيىن لەشكەرلىرىنى جەڭگە قاتناشتۇرماي تاماشا كۆردى، چالىش قوشۇنى يېڭىلگەن چاغدا ئۇلار تۇرپان قوشۇنى بىلەن بىرلىشىپ چالىش قوشۇنىغا قاتتىق زەربە بەردى. مۇھەممەد قاسىم سۇلتان ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ چالىشقا چېكىندى، ئويراتلار بىر مەيدان ئېغىر بۇلاڭ - تالاڭدىن كېيىن قايتىپ كەتتى. ئابدۇرەھىم سۇلتان قوشۇنى

چالىشنى مۇھاسىرىگە ئالغاچقا مۇھەممەد قاسىم سۇلتان مۇشكۇل ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىپ، ئابدۇرەھىم سۇلتاندىن بىر چېكىنىش يولى بېرىشنى ئۆتۈندى، ئىجازەت بېرىلگەندىن كېيىن مۇھەممەد قاسىم سۇلتان كۇچاغا قاچتى. ئابدۇرەھىم سۇلتان قوشۇنىنى باشلاپ ئارقىدىن تاپ بېسىپ قوغلىدى ۋە مۇھەممەد قاسىم سۇلتانغا كىشى ئەۋەتىپ "بۇ يەرگە ئىسيان كۆتۈرگىلى ئەمەس، ئۆزئارا ھەمكارلىشىپ ۋە بىرلىشىپ يەركەندىن (بىزنىڭ) ئاتا مىراس زېمىنىمىزنى تەلەپ قىلىپ كەلدۇق" دېدى[62]. مۇھەممەد قاسىم سۇلتان ئابدۇرەھىم سۇلتاننىڭمۇ ئەھمەدخانغا قارشى تۇرۇش جەھەتتە ئۆزى بىلەن بىردەك ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن ئەمىرلەرگە مەسلىھەت سالدى. ئەمىرلەرنىڭ بەزىلىرى تەسلىم بولۇشقا قارشى چىققان بولسىمۇ، كۆپىنچىسى بۇنىڭغا قوشۇلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار شەھەر قوۋۇقىنى ئېچىپ ئەل بولدى. تۇرپان قوشۇنى كۇچا شەھىرىگە كىرىپ ئۇزۇن ئۆتمەي مۇھەممەد قاسىم سۇلتان چاھار باغدا ئابدۇرەھىم سۇلتاننىڭ مەھرىمى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى، ئابدۇرەھىم سۇلتان ئۇنىڭ ئەمىرلىرىنى چەمبەرچاس باغلاپ كۇچادىن ئېلىپ كەتتى، چۈنكى بۇ ۋاقىتتا تۆمۈر سۇلتاننىڭ جازا يۈرۈش قىلغان قوشۇنى يېقىنلاپ قالغانىدى.

قەشقەر نائىبى تۆمۈر سۇلتان ئاتىسى ئەھمەدخاندىن ئىجازەت ئېلىپ ئاسىي ئابدۇرەھىم سۇلتانغا جازا يۈرۈشى قىلدى. ئۇنىڭ ئاتالىقى مىرزا ھەيدەر جوراس مەسلىھەتچى بولدى. بۇ قوشۇنغا ئۇچ ھاكىمى قاسىم جوراس ۋە ئاقسۇ ھاكىمى مىرزا قاسىم بايرىن قوشۇنلىرىنى باشلاپ بىرلەشتى، ئۇلار كۇچاغا بارغاندىن كېيىن يەرلىك قوشۇنمۇ ئۇلارغا قوشۇلۇپ زور قوشۇن بولۇپ تەشكىللەندى. ئەمما كىم تۇرشاۋۇل قوشۇن بولىدۇ، دېگەن مەسىلىدە ھەر قايسى قوشۇنلارنىڭ ئەمىرلىرى ئوتتۇرىسىدا

ئىختىلاپ تۇغۇلدى. ئاخىر تۆمۈر سۇلتان، ئارلات قەبىلىسىنىڭ ئەمىرى قوشۇننى باشلاپ ئالدىدا ماڭسۇن، دەپ بەلگىلىگەن بولسىمۇ زىددىيەت يەنىلا ھەل بولمىدى. زور قوشۇن كورلىغا يېتىپ كېلىپ، تۇرشاۋۇل قوشۇن كىلى تاغ ئېغىزىدىن ئۆتۈۋاتقاندا دۈشمەننىڭ تۇيۇقسىز ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى. ئارقىدىن كېلىۋاتقان قوشۇنلار ۋاقتىدا يېتىپ كېلەلمىگەنلىكتىن ئارلات قەبىلىسىنىڭ ئۈچ ئەمىرىدىن ئىككىسى ئۆلۈپ، بىرى يارىلاندى. تۆمۈر سۇلتاننىڭ چوڭ قوشۇنى يېتىپ كەلگەندىن كېيىن دۈشمەن قوشۇننىڭ توساقلىرىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ چالىش رايونىغا كىردى، ئابدۇرەھىم سۇلتان چالىشتىن تۇرپانغا كەتتى. تۆمۈر سۇلتان چالىش شەھىرىنىڭ ئەتراپلىرىنى ئىگىلىگەن بولسىمۇ شەھەرنى ئالالماي قوشۇننى چېكىندۈرۈپ پايتەختكە قايتتى.

ئىككىنچى يىلى (ھىجرىيە 1019-يىلى، مىلادى 1610—1611-يىللىرى) تۆمۈر سۇلتان يەنە قوشۇن باشلاپ ھەربىي يۈرۈشكە ئاتلاندى. بۇ قېتىمقى تۇرشاۋۇل قوشۇن بايرىن قەبىلىسى بىلەن ئارلات قەبىلىسىنىڭ ئەمىرلىرىدىن تەشكىللەندى. ئۇلار كورلىدىن چىقىپ، قالغا تاغ ئېغىزىدىن ئۆتۈۋاتقاندا دۈشمەننىڭ بۆكتۈرمىسىگە ئۇچرىدى، قايتا - قايتا ئېلىشىشتىن كېيىن دۈشمەن قوشۇننى چېكىندۈرۈپ، چالىشنى ئىشغال قىلدى. بۇ چاغدا ئابدۇرەھىم سۇلتان چالىشتىن تۇرپانغا كەتكەنىدى. تۆمۈر سۇلتان لەشكەرلىرىنى ئىككى يولغا بۆلدى، بىر يول قوشۇننى ئابدۇرەھىم سۇلتانغا قوغلاپ زەربە بېرىشكە، يەنە بىر يول قوشۇننى چالىش شەھىرىگە قورشاپ ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتتى، چالىشنى مۇھەممەد ۋەلى بەگ ساقلاۋاتاتتى، مۇھەممەد ۋەلى بەگ ھەيدەر جوراسنىڭ ئىنىسى ئىدى، ھەيدەر جوراس ئۇنى ئەل بولۇشقا دەۋەت قىلغان بولسىمۇ ئۇ تەكلىپنى قاتتىق سۆز بىلەن رەت قىلدى.

تۆمۈر سۇلتاننىڭ قوشۇنى شەھەرنى ئىشغال قىلالماي چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. شۇنداق قىلىپ ئۇنىڭ ئاسىي ئابدۇرەھىم سۇلتانغا قىلغان ئىككى قېتىملىق جازا يۈرۈشى مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمىدى[63]. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئابدۇرەھىم سۇلتان يېڭىۋاشتىن مەركىزىي ھاكىمىيەتنىڭ كونتروللۇقىدىن ئايرىلدى، شۇنىڭدىن باشلاپ خان دەپ ئاتالغان بولۇشىمۇ مۇمكىن.

تۆمۈر سۇلتان ئىككى قېتىملىق ھەربىي يۈرۈشتە گەرچە ئابدۇرەھىم سۇلتاننىڭ ئىسيانىنى باستۇرۇشتەك ئاخىرقى مەقسەتكە يېتەلمىگەن بولسىمۇ، ئەمما ئىسيانچىلارنىڭ ھۇجۇمىنى توختاتتى ۋە كۈچانى قايتۇرۇۋالدى، بۇ يەركەن خانلىقىنىڭ مۇستەھكەملىنىشىدە مۇھىم رول ئوينىدى. بۇ ئىككى قېتىملىق ھەربىي يۈرۈشتە تۆمۈر سۇلتاننىڭ ئاتالىقى، قەشقەرنىڭ ھاكىمى مىرزا ھەيدەر جۇراس ئالاھىدە خىزمەت كۆرسەتتى، شۇڭا ئۇ "يۈرۈش-تۇرۇش، سۆز-ھەرىكەتلىرىدە تەكەببۇرلىشىپ" قەشقەردىكى ئەمىرلەرگە بېسىم ئىشلىتىپلا قالماي تۆمۈر سۇلتانغىمۇ بىھۆرمەتلىك قىلىشقا باشلىدى، ھەتتا ئۇنى چەكلەپ قويدى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە يەركەندىكى خان جەمەتىنىڭ ھوقۇقىغىمۇ تەسىر يەتكۈزدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بىرلىشىپ جۇراس ئەمىرلىرى جەمەتىگە تاقابىل تۇردى. ئۇلار جۇراس ئەمىرلىرىنى تۆمۈر سۇلتان بىلەن مەسلىھەتلەشمىگەن بىر ئىش بار، دەپ بىر - بىرلەپ ئوردىغا چاقىرتىش، مۆكۈنۈپ تۇرغان كاللا كېسەرلەر ئۇلارنى بىر - بىرلەپ جايلىۋېتىش توغرىسىدا پىلان تۈزدى، شۇنداق قىلىپ ھەيدەر، ئايۇپ، ئابدۇۋەلى قاتارلىقلار ئوردىدا ئۆلتۈرۈلدى؛ سۇلتان ئەلى ئىسىملىك ئىنىسى قىرغىزلار رايونىغا قېچىپ بارغاندا ئۇمۇ ئۆلتۈرۈلدى؛ پەقەت ئىككى ئىنىسى لېتىپ بىلەن مۇھەممەد رەھىملا يەركەنگە قېچىپ كېلىپ

ئەھمەدخاننىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشتى. بۇ ۋەقەدىن كېيىن ھەيدەر جۇراسىنىڭ سىياسىي رەقىبى مىرزا ئەلى مەردان قەشقەرنىڭ ھاكىملىقىغا تەيىنلەندى؛ تۆمۈر سۇلتان كەيپ - ساپا ۋە زوراۋانلىق بىلەن بولۇپ كەتتى. ھەيدەر جۇراس ئۆلۈپ بىر يىلدىن كېيىن يەنى ھىجرىيە 1023 - يىلى (1614—1615)㊹ تۆمۈر سۇلتان كەيپچىلىكتە ئاتلىق سەيلە قىلىش جەريانىدا بىر كېنىزەكنى قوغلاپ كېتىۋېتىپ شام گۆرگە چۈشۈپ كېتىپ ئۆلدى㊺.

تۆمۈر سۇلتاننىڭ ئۇشتۇمتۇت ئۆلۈمىدىن ئەھمەدخان ۋەزىيەتنىڭ يامانلىقىنى ھېس قىلدى، ئۇ دەرھال شاھ ئىبىن فارىبھنى قەشقەرگە ھال سوراشقا ئەۋەتتى، ئەمما بەزى ئەمىرلەر (جۈملىدىن لىتىپ جۇراس بىلەن مۇھەممەد رەھىم جۇراس) ئەھمەدخان تۆمۈر سۇلتاننىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرى بىلەن ئالدىراش بولۇۋاتقانلىقىدىن پايدىلىنىپ شەرەفىدىن سۇلتاننى ھىمايە قىلىپ قەشقەرگە باردى. ئۇلار شاھ ئىبىن فارىبھتىن چاققان كېلىپ، تۇن نىسبىدە شەھەرگە كىردى ۋە شەرەفىدىن سۇلتاننى خان، دەپ ئېلان قىلدى، ئەلى مەردان بىلەن بەزى ئەمىرلەرنى زىندانغا تاشلىدى. شەرەفىدىن سۇلتان سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننىڭ نەۋرىسى، يۇنۇس سۇلتاننىڭ ئوغلى، ئەھمەدخاننىڭ بىر نەۋرە ئىنىسى ئىدى. ئەھمەدخان شەرەفىدىن سۇلتاننىڭ كەتكەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ دەرھال مىرزا ماناق جۇراسنى قوشۇن باشلاپ ئۇنى قوغلاشقا ئەۋەتتى. مىرزا ماناق جۇراس قەشقەرگە كېلىپ، قوشۇننى ئىبىن فارىبھنىڭ قوشۇنى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، قەشقەر شەھىرىنى قورشىۋالدى ۋە شەھەرگە شىددەتلىك ھۇجۇم قوزغىدى. مۇشۇنداق ھالقىلىق پەيتتە دىندارلار يەركەن خانلىقى تەرەپتە تۇردى، مەۋلانە قارى ئاقسۇ زىندانىدىكى ئەلى مەرداننى ۋە باشقا ئەمىرلەرنى قويۇۋەتتى، ئۇلار شەھەر سىرتىغا چىقىپ، يەركەن

قوشۇنىغا قوشۇلدى. ئاسىيلار قوشۇنى پارچىلىنىپ، نەۋكەرلەر ئارقا ـ ئارقىدىن قاچقان بولسىمۇ ھەممىسى يەركەن قوشۇنىدىكىلەر تەرىپىدىن تۇتۇۋېلىندى، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى شۇ جايدىلا ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىپ قالغانلىرى يالاپ ئېلىپ كېتىلدى. ئەھمەدخان بەزى ئاسىي ئەمىرلەرنى ئۆلتۈرۈپ، شەرەفىدىن سۇلتان ۋە ئۇنىڭ ئىنىسى مەھدى سۇلتان ھەمدە نۇرغۇن ئەمىرلەرنى خانلىق زېمىنىنىڭ سىرتىغا سۈرگۈن قىلدى.

ئەھمەدخان شەرەفىدىن سۇلتان توپىلىڭىنى ئوڭۇشلۇق تىنچىتقاندىن كېيىن ئەمىرلەر ئابدۇرەھىم سۇلتاننىڭ توپىلىڭىنى تېززەك باستۇرۇش كېرەكلىكى، بولمىسا ۋاقىتنىڭ ئۇزىرىشى بىلەن توپىلاڭنى تىنچىتىشنىڭ قىيىنغا چۈشىدىغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە شۇ يىلى يىل بېشىدا مىرزا گورنىڭ ھەربىي يۈرۈشى چالىشتا يەنە مەغلۇپ بولغانلىقى ئۈچۈن جەزمەن شۇنداق قىلىش كېرەكلىكى توغرىسىدا تەكلىپ بەردى. ئەھمەدخان بۇ تەكلىپنى مۇۋاپىق كۆرۈپ، لەشكەرلەرنى يىغىشقا بۇيرۇق بەردى. مىرزا نەزەر مۇھەممەد جۇراس 1000 كىشىلىك يەركەن قوشۇنىنى، مىرزا مۇھەممەد يۈسۈپ خوتەن قوشۇنىنى، مىرزا قاسىم بايرىن ئاقسۇ قوشۇنىنى، مىرزا قاسىم جۇراس ئۇچ قوشۇنىنى باشلاپ بىرلىكتە ئابدۇرەھىم سۇلتانغا جازا يۈرۈشى قىلدى. ئۇلار كورلىغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن ئابدۇرەھىم سۇلتان قوشۇنى بىلەن ئۇچرىشىپ كەسكىن ئېلىشتى. ئابدۇرەھىم سۇلتاننىڭ خىزمىتىدە بولۇۋاتقان قازاق خانى ئىسكەندەر سۇلتان ياۋغا قارشى ھۇجۇمغا ئۆتكەندە ئۆلتۈرۈلدى، ئەمما تورپان قوشۇنى قايتۇرما ھوجۇمغا ئۆتۈپ دۈشمەن قوشۇنىنى تارمار قىلدى، ئەھمەدخاننىڭ ئەمىرلىرى قوشۇنىنى چېكىندۇردى. خان ئىسكەندەر سۇلتاننى ئاقسۇ نائىبلىقىغا، مىرزا بايرىننى يەنىلا ھاكىملىققا تەيىنلىدى⑯.

شاھ مەھمۇد جۇراسنىڭ «تارىخ»ىدا خاتىرىلىنىشىچە، قەشقەر ئاھالىسى "كەمبەغەللەردىن بايلارغىچە، پۇقرالاردىن ئاقسۆڭەكلەرگىچە، ھەممىسى ئەھمەدخاننىڭ كىچىك ئوغلى ئابدۇلىتىپ سۇلتاننى قەشقەرگە نائىب قىلىپ ئەۋەتىشنى ئىلتىجا قىلغاندا خان ئۇلارنىڭ ئىلتىجاسىغا 'ھۆرمەت' قىلىپ، ئەمدىلا 11 ياشقا كىرگەن ئابدۇلىتىپ سۇلتاننى قەشقەرگە ئەۋەتتى ھەمدە ئەبۇگور ساغىرچىنى ئاتالىققا تەيىنلىدى، ئەمىرلەرمۇ پەرزەنتلىرىنى بۇ سۇلتاننىڭ خىزمىتىدە بولۇشقا ئەۋەتتى"(67). ناھايىتى ئېنىقكى، ئەھمەدخان "خەلق رايى" بىلەن ئەمىرلەرنىڭ "ھىمايىسى"دىن پايدىلىنىپ، ئۆز ۋارىسىنىڭ ئورنىنى مۇستەھكەملىمەكچى بولغانىدى. لېكىن، شۇنداقتىمۇ سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننىڭ باشقا نەۋرىلىرى كونا قائىدە - يوسۇن بويىچە خانلىق تەختىگە ۋارىس بولۇشنى ياكى تەختنى تارتىۋېلىشنى ئويلايتتى، ئاقسۇ نائىبى ئىسكەندەر سۇلتان ئەنە شۇ مەزگىللەردە ئۆزاققا قالماي يەنە ئىسيان كۆتۈردى.

ئىسكەندەر سۇلتان قۇرەيش سۇلتاننىڭ نەۋرىسى، خۇدابەندىنىڭ ئوغلى، يەنە ئەھمەدخاننىڭ كۇيئوغلى ئىدى، شۇڭا ئۇ مۇھىم شەھەرنىڭ نائىبلىقىغا تەيىنلەنگەنىدى. «بەھرۇل ئەسرار فى مەناقىبۇل ئەخيار» («ئېسىلزادىلەرنىڭ باتۇرلۇق روھىنىڭ سىرلىرى») دا خاتىرىلىنىشىچە، ئىسكەندەر سۇلتان ئاقسۇدىكى سۇيۇرغاللىققا ئېرىشىپ بىر يىلدىن كېيىن ئابدۇرەھىم سۇلتان بىلەن دوستانە مۇناسىۋەت ئورناتتى ھەمدە ئاقسۇ ھاكىمى مىرزا قاسىم بايرىن ۋە مەركىزىي ھاكىمىيەتكە سادىق بەزى ئەمىرلەرنى ئۆلتۈردى(68). ئەھمەدخان شەخسەن ئۆزى قوشۇن باشلاپ ھەربىي يۈرۈش قىلىش قارارىغا كېلىپ، لەشكەرلىرىنى يىغىپ ھەربىي مەشىق قىلدۇرغاندىن كېيىن ئاقسۇغا قاراپ ئاتلاندى. ئۇ ئىلگىرى-

كېيىن بولۇپ ئاقسۇ بىلەن ئۇچنى مۇھاسىرىگە ئالدى ۋە شەھەر ئاھالىلىرىنى ئاچ قويۇپ قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويدى، ئاندىن ئارىنى بۇزۇش ھىيلىسى ئىشلىتىپ شەھەر ئاھالىسى بىلەن ھۆكۈمرانلارنىڭ ئارىسىغا بۆلگۈنچىلىك سالدى. ئۇ ئەسىرگە چۈشكەن بىر كىشىگە: "بۇ ئەل مېنىڭ ئاتا مىراس سۇيۇرغاللىق زېمىنىم، ئۇلار ( ئاھالىلەرنى دېمەكچى- نەقىل ئالغۇچىدىن) نىڭ بۇ يولىغا (ئىسيان يولى دېمەكچى-نەقىل ئالغۇچىدىن) مېڭىشى ئەمىرلەرنىڭ زورلاۋاتقانلىقىدىن بولغان" دېدى. ئاھالىلەر خاندىن يەركەنگە قايتىپ كېتىشنى تەلەپ قىلىشتى، ئاندىن خانغا بەيئەت قىلدى. ئەھمەدخان بۇ ئىككى شەھەرنىڭ ئاھالىلىرىگە مۆھلەت بەلگىلەپ بېرىپ، يەركەنگە قايتىپ كەتتى ھەمدە شاھىمقۇلنى بىر تۈركۈم ئادەم بىلەن ئاقسۇغا تەسلىمنى قوبۇل قىلىشقا ماڭدۇردى. شەھەر ئاھالىسى خان تەرەپكە ئۆتۈپ كەتكەچكە ئىسكەندەر سۇلتان قورغاننى 40 كۈن ساقلىغان بولسىمۇ ئوزۇق-تۈلۈكى پۈتۈنلەي تۈگەپ كېتىپ قورغاندىن چىقىپ تەسلىم بولۇشقا مەجبۇر بولدى. شاھىمقۇل ئۇنى يەركەنگە يالاپ كېتىۋېتىپ يېرىم يولدا ئۆلتۈرۈۋەتتى. ئەھمەدخان شاھىمقۇلغا ئىلتىپات قىلىپ ئۇنى خەير- ساخاۋەتخانىنىڭ نازارەتچىلىكىگە تەيىنلىدى. تۆمۈر سۇلتاننىڭ ئوغلى ئەھمەدنى ئاقسۇنىڭ نائىبلىقىغا، مىرزا ماناقبەگ جۇراسنى ئاقسۇنىڭ ھاكىملىقىغا تەيىنلىدى[69]. شاھ مەھمۇد جۇراسنىڭ «تارىخ» ناملىق ئەسىرىدە خاتىرىلىنىشىچە، ئاقسۇغا جازا يۈرۈشى قىلغاندىن كېيىن ئەبۇسەئىد سۇلتاننىڭ ئوغلى ئابدۇكېرىم سۇلتان، جەمەتىنىڭ ئارىغا بۆلگۈنچىلىك سېلىشى نەتىجىسىدە ئەھمەدخان بىلەن چىقىشالمىغان، شۇنىڭ بىلەن خان ئابدۇكېرىم سۇلتاننى بەلخكە سۈرگۈن قىلغان[70]. بۇ چاغدا يەركەن خانلىقىدا سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننىڭ ئەۋلادلىرىدىن شەرقىي

قىسمىدا مۇستەقىل بولۇۋالغان ئابدۇرەھىم سۇلتاندىن باشقا پەقەت ئەھمەدخاننىڭ جەددى - جەمەتىلا خېلى روناق تاپتى، باشقا جەمەتتىكىلەر يا ئۆلتۈرۈلدى، يا سۈرگۈن قىلىندى، ئۇلاردىن ھېچقانچە كىشى قالمىدى. نەتىجىدە پۇتكۇل خان جەمەتىنىڭ تەسىر كۈچى ئاجىزلاپ ئەمىرلەرنىڭ تەسىر كۈچى نىسپىي ھالدا كۈچەيدى. ئەھمەدخان مۇشۇنداق ئەھۋالدا ئورنى ۋە كېلىپ چىقىشى تۆۋەنرەك، ئۆزىگە سادىق ئەمەلدارلارنى يۇقىرى مەنسەپكە قويۇپ، ئۇلارنى ئاشۇ زومىگەر، تەسىرلىك ئەمىرلەرنىڭ ئورنىغا دەسسەتتى. بۇ شاھ جەمەتىنىڭ نارازىلىقىنى قوزغىغاچقا، ئۇلار خانغا قارشى ئىسيان كۆتۈرۈش سۇيىقەستىنى پىلانلىدى(71).

دۆلەت پارچىلاندى، خانلىق ھوقۇق ئاجىزلاشتى. بىراق ئەھمەدخان بۇرۇنقىدەكلا سەيلە -تاماشا بىلەن كۈن ئۆتكۈزدى، قارچىغا بىلەن شىكار قىلىشقا ھېرىسمەن بولۇپ كەتتى. ھىجرىيە 1028 - يىلى (مىلادى 1618—1619-يىللىرى) يەنى ئەھمەدخان تەختكە چىقىپ 11 - يىلى ئەھمەدخان يەنە شىكارغا چىقماقچى بولدى. شۇ چاغدا شاھ جەمەتىدىن ئەبۇ مائانى بىلەن مۇھەممەد قاسىم— ئاكا - ئۇكىلار توپىلاڭ كۆتۈرگىدەك دېگەن گەپ تارالدى، ئۇلارنىڭ چوڭى خاننىڭ ئىشكئاغىسى، كىچىكى سىرىققۇل ھاكىمى ئىدى، ئۇلار تەخمىنەن 500 كىشىلىك ئاسىي قوشۇن تەشكىللىدى. شاھ جەمەتىدىكىلەرنىڭ چوڭى ئىبىن فارىبھ بۇ ئەھۋالنى خانغا مەلۇم قىلىپ، خاننى ئاسىيلارنى يوقىتىشقا دەۋەت قىلدى. خان "بۇنداق قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق" دەپ قاراپ: "بىز شاھ ئەبۇ مائانى بىلەن مۇھەممەد قاسىمنى بىقىپ چوڭ قىلىپ، ئۇلارغا شاپائەت قىلدۇق. مۇبادا ئۇلار نىيىتىنى بۇزۇپ بىزگە قارشى چىقسا بۇنى ھەممىدىن ئۇلۇغ ئاللا كۆرۈپ تۇرىدۇ ۋە بىزگە شاھىد بولىدۇ" دېدى. ئۇ يەنىلا شىكارغا چىقتى، نۇرغۇن جايلارنى سەيلە

قىلدى، بارغانلا يېرىدە بىرنەچچە ۋە ھەمراھلىرى بىلەن بارچۇق (ھازىرقى مارالبېشى) قا بارغاندا شاھ ئەبۇ مائانى بىلەن شاھ مۇھەممەد قاسىم ئىككى يۈز چەۋەنداز بىلەن ئۇلارغا كېچىسى تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلدى ۋە ئۇلارنىڭ بارگاھىنى قورشىۋالدى، شۇنىڭ بىلەن خان ۋە ئۇنىڭ يېقىنلىرى مۇزخانىغا يوشۇرۇنۇۋالدى. ئەمما ئاسىيلار شىددەت بىلەن ھۇجۇم قىلىشۇەرگەچكە "خان ئۆي ئىچىدىكى ھەممەيلەننىڭ ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، كۆڭلىدە 'بۇ بەدنىيەتلەرگە كېرىكى مەن' بىر ئادەمنىڭ ئامانلىقىنى دەپ مىڭ ئادەمنى قازا قىلىشقا بولمايدۇ، مەن بۇ يەردە تۇڭلاپ نېمە قىلىمەن؟' دەپ ئويلىدى - دە 'سىلەر ئىزدەۋاتقان خان مانا بۇ يەردە' دەپتوۋلىغىنىچە يوشۇرۇنغان جايىدىن چىقتى. ئەبۇ مائانى شاھ ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئۇنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ: 'پادىشاھىم، قورقمىسىلا، ھېچ ئىش بولمايدۇ' دېدى. نەدىم ئىسىملىك بىر مۇناپىق بۇنى ئوبدان پۇرسەت دەپ قاراپ خانغا خەنجەر سالدى، خان زۇۋان سۈرەلمەي توۋا - ئىستىغپار ئوقۇدى. ئەبۇ مائانىنىڭ ئاشپىزى يۇسۇپ خاننىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرىنى تاماملىدى. ئىپلاس شاھ ئەبۇ مائانى بىلەن رەزىل شاھ مۇھەممەد قاسىم خاننىڭ ئالدىدىكى ۋەھىمىلىك كەيپىياتتىن قۇتۇلۇپ شەھەرگە قايتىپ كەتتى. خاننىڭ جەسىتى قان ئىچىدە قالدى"(72). شاھ مەھمۇد جۇراسىنىڭ بۇ بايانى ئەھمەد خاننىڭ ئۆلۈش جەريانىنى جانلىق تەسۋىرلەپ بېرىدۇ شۇنداقلا يەنە ئەينى دەۋردىكى بىر تەقۋادار مۇسۇلماننىڭ ئەخلاق قارىشى ۋە قىممەت قارىشىنىمۇ ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

## 2. خوجىلار تەسىرىنىڭ تېخىمۇ زورىيىشى

يۇقىرى تەبىقىدىكى دىنىي زاتلار بۇ قېتىمقى سىياسىي ئۆزگىرىشنى قوللىمىدى. ئۇلار ئەھمەددخان ئۇچۇن كاتتا دەپنە مۇراسىمى ئۆتكۈزدى ۋە مۇھەممەد يەھيا خوجا بىلەن خەلىپە ئۇشتۇرنى تەكلىپ قىلىپ ئەپكەلدى. ئۇلار خاننى ئۆلتۈرگەن قاتىللىنى تېپىشنى تەلەپ قىلغاندا ئەبۇ مائانى شاھ قىلچە تەپتارتماستىن: "خاننى مەن قەتل قىلدىم" دېدى. دىنىي زاتلار ئۇنىڭغا يول قويۇپ، ئۇنىڭدىن خاننى زادى كىمنىڭ ئۆلتۈرگەنلىكىنى سۈرۈشتۈردى. ئەبۇ مائانى شاھ غەزەپلىنىپ: "خاننى مەن ئۆلتۈردۈم، سىلەر نېمىگە ئاۋارە بولۇسىلەر؟" دېدى⑬. ئۇنىڭ ئىنىسى شاھ ئىبىن فاربىھ بۇ ئىشنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ ئېغىرلىقىنى بىلسىمۇ ئاسىيلارنىڭ كۈچىدىن قورقۇپ، دەسلەپتە سۈكۈت قىلدى، ئۇمۇ كېيىن ئاسىيلارغا قوشۇلۇپ كەتتى. شاھ ئەبۇ مائانى، مۇھەممەد قاسىم شاھ بىلەن ئەھمەددخاننىڭ ئەمىرلىرىنى چاقىرتىپ كەلدى، ئەمىرلەر ئۆزلىرى خالاپ بەيئەت قىلدى، بىر قىسىم ئەمىرلەر بېسىم ئاستىدا مەجبۇرىي بەيئەت قىلدى. ئۇلار قۇرەيىش سۇلتاننى خان، دەپ جاكارلىدى. قۇرەيىش سۇلتان، سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننىڭ 10 - ئوغلى يۇنۇس سۇلتاننىڭ ئوغلى ئىدى؛ ئۇ ئەھمەددخان بىلەن بىر نەۋرە بولۇپ، ئەمدىلا 14 ياشقا كىرگەن قەشقەر نائىبى ئابدۇلېتىپ سۇلتاننىڭ ئاتىسى بىلەن قۇرداش ئىدى، موغۇللارنىڭ قەدىمكى ئەنئەنىسى بويىچە ئۇنىڭ خان بولۇشى تېخىمۇ ئورۇنلۇق ئىدى. قۇرەيىش سۇلتان خاننىڭ نامىدا قەشقەرگە "قەدىمكى ئۆرپ - ئادىتىمىز بويىچە مەن خانلىققا تەيىنلەندىم، خۇتبىنى مېنىڭ

نامىمغا ئوقۇغىلار، پۈلنىمۇ مېنىڭ نامىمدا قويۇڭلار، سىلەر شۇ ئارقىلىق ماڭا بەيئەت قىلغانلىقىڭلارنى ئىپادىلەڭلار. قائىدە - يوسۇن بويىچە مەن قەشقەر بىلەن يېڭىسارنىڭ ھاكىملىرىنى باشقىدىن تەيىنلەيمەن، ئەمىرلەر ئەسلىي مەنسىپىدە قالىدۇ ياكى مەنسىپىدىن ئېلىپ تاشلىنىپ بۇ ئەلدىن ھەيدىلىدۇ» دەپ پەرمان چۈشۈردى⑭. لېكىن قەشقەر ھاكىمى مۇھەممەد يۇسۇپ بايىرىن بىلەن يېڭىسار ھاكىمى مىرزا ھاجى بارلاس پەرمانغا ئىتائەت قىلماي خان ئۈچۈن قىساس ئالماق بولۇپ، ئاسىيالاردىن «قانخور» نى تاپشۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. ئەبۇ مائانى شاھ بىلەن مۇھەممەد قاسىم شاھ يەنە قەشقەر ۋە يېڭىسارغا ئەلچى ئەۋەتىپ، ئەمىرلەر بىلەن بىۋاستە كېڭەش ئۆتكۈزدى. ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا جىددىي سىياسىي كۈرەش بولدى، نەتىجىدە بەزىلەر ئۇنىڭغا مايىل بولۇشقا باشلىدى. مۇھەممەد يۇسۇپ بايىرىن سەزگۈر قوماندان ئىدى، ئۇ مەسىلىنىڭ ئېغىرلىقىنى تونۇپ يېتىپ دەرھال ئەمىرلەرگە خىزمەت ئىشلىدى، بولۇپمۇ ياشلارغا نەسىھەت قىلىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈپ ۋەزىيەتنى مۇقىملاشتۇردى ھەمدە قوشۇن تەشكىللەپ ئاسىيالارغا جازا يۈرۈشى قىلىشقا يەركەنگە ئاتلاندى.

ئابدۇلېتىپ سۇلتاننىڭ يەركەندىكى قوللىغۇچىسى ۋەزىر خوجا لېتىپ ۋە بەزى ئەمىرلەر قەشقەر تەرەپ بىلەن ئالاقىلىشىشقا ئادەم ئەۋەتىپ «قەشقەردىكى ئەمىرلەر بىلەن ئابدۇلېتىپخان تېزرەك قەدەم تەشرىپ قىلغاي، بىز سىلەرنىڭ يولۇڭلارغا ئىنتىزار، رەزىل شاھ جەمەتىنىڭ زوراۋانلىقىدىن بىز ئىنتايىن مۇشكۈل ئەھۋالدا قالدۇق» دېدى⑮. دىنىي زاتلارنىڭ قوللىماسلىقى ۋە بەزى ئەمىرلەرنىڭ پاسسىپلىق قىلىشى بىلەن شاھ جەمەتى ئاران 2000 كىشىلىك قوشۇن تەشكىللەپ، شەھەر سىرتىدا ئابدۇلېتىپ سۇلتان

قوشۇنى بىلەن تۇتۇشتى، "شىددەتلىك جەڭدىن كېيىن شاھ جەمەتى قوشۇنى بىتچىت قىلىندى. مۇھەممەد قاسىم شاھ ئەسىرگە ئېلىنىپ ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىندى، شاھ ئىبىن فارىبھ جەڭدە قازا قىلدى، ئەبۇ مائانى شاھ جەڭگاھتىن قېچىپ ئىز - دېرەكسىز يوقالدى. شۇنداق قىلىپ مىرزا شاھتىن باشلاپ كۆچەيگەن شاھ جەمەتى كۈچلىرى ئۇزۇل - كېسىل يوقىتىلدى، خوجىلار جەمەتىنىڭ تەسىرى خانلىق تەۋەسىدە تېخىمۇ زورايدى.

«تارىخ» نىڭ ئاپتورى شاھ مەھمۇد جوراسنىڭ ئېيتىشىچە، قۇرەيىش سۇلتانمۇ جەڭگاھتىن قاچقان، "بىراق، بۇ ياراتقان ئىگەمگىلا ئېنىق"[76] دەيدۇ؛ مۇھەممەد ئىبىن ۋەلى «بەھرۇل ئەسرار فى مەناقىبۇل ئەخيار» دا: "قۇرەيىش سۇلتان ئىنىسى بىلەن بىللە ئۆلتۈرۈلدى" دەپ يازىدۇ؛ نامەلۇم ئاپتور تەرىپىدىن يېزىلغان «قەشقەر تارىخى» دىمۇ قۇرەيىش سۇلتان باشقىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى، دەپ خاتىرىلەنگەن[77]: قارىغاندا پەقەت توققۇز كۈنلا تەختتە ئولتۇرالىغان بۇ سۇلتان باشقىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن. شاھ مەھمۇد جوراس بۇ ئىشنى يوشۇرۇشنى ئويلاپ (خانىنىڭ ئۆز جەمەتىدىكىلەرنى ئۆلتۈرۈشى سەتچىلىك دەپ قاراپ)، پەقەت مۇجمەل سۆز - ئىبارىلەرنى ئىشلىتىپ، بۇ ئىشنى "ئاللا" نىڭ ھۆكۈم قىلىشىغا ئىتتىرىپ قويغان، كېيىنكى ئىككى ئاپتور يەركەن خانلىقىنىڭ پۇقراسى بولمىغاچقا، گەپنى ئۇدۇللا ئېيتقان. قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، قۇرەيىش سۇلتان يەركەندە بولمىغانىكەن، ئابدۇلېتىپ سۇلتاننىڭ تەختكە چىقىشى يوللۇق بولۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن مۇھەممەد يەھيا خوجا (يەنى خوجا شادى) بىلەن بەگ - سىپاھلار "قەدىمكى ئادەت بويىچە ئابدۇلېتىپخاننى تەختكە چىقاردى"، بەزى تارىخىي ۋەسىقىلەردە ئۇنى ئافاق خان دەپمۇ ئاتايدۇ. بۇ يىل تەخمىنەن ھىجرىيە 1028-

يىلى (1618—1619) ئىدى⑱.

ئابدۇلېتىپخاننىڭ ھىمايىچىلىرى سەلتەنەتنى قايتىدىن تەقسىملەشتى: مىرزا مۇھەممەد يۇسۇپ بايىرىن خاننىڭ ئاتالىقى ھەم يەركەننىڭ ھاكىملىقىغا، خوجا ئابدۇلېتىپ يەنىلا ۋەزىرلىككە، ئابدۇغاپپار قوشبېگىلىككە، مىرزا ئابدۇساتتار ئاقباراق ئىشىكئاغىلىققا تەيىنلەندى، مىرزا ھاجى بارلاس قەشقەرنىڭ ھاكىملىقىغا تەيىنلەندى، مىرزا قۇربان جۇراس سەلقۇرنىڭ ھاكىملىقىغا، ئەمىر خۇسراۋ بايىرىن قەشقەر تۈمەن دەرياسىنىڭ مىرابلىقىغا، تاھىرمۇتىۋەللى [mutawali، ۋەخپە (مەسچىت ياكى مەدرىسىنىڭ مۈلۈك مۈلكى) نى نازارەت قىلغۇچى] لىككە تەيىنلەندى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇلار ئەھمەدخاننىڭ نەقىبى⑲ خوجا ئابدۇرازاق ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرىنى خانلىق تەۋەسىدىن قوغلاپ چىقىرىشنى قارار قىلدى. ئۇ نەقشبەندىيىچى خوجىلارنىڭ ئۈچىنچى ئەۋلاد شەيخۇلئىسلامى خوجا ئەھرارنىڭ پۇشتى بولۇپ، ئوردىدا ناھايىتى يۇقىرى ئىناۋەتكە ئىگە ئىدى، ئۇ يەركەن خانلىقىدىن ھەيدەلگەندىن كېيىن خوجا شادى خانلىقتىكى دىنىي زاتلارنىڭ ئەڭ نوپۇزلۇقى بولۇپ قالدى.

ئابدۇلېتىپخان ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە يەركەن خانلىقىدا ئىچكى مالىمانچىلىق ۋە تاشقى ئاپەت تېخىمۇ ئېغىرلاشتى. خانلىقنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى ھۆكۈمران ئابدۇرەھىمخان ئەھمەدخان ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا يەنە لەشكەر چىقىرىپ كۇچاغا قورشاپ ھۇجۇم قىلدى. كۇچا ھاكىمى مىرزا ئوبۇل ھادى ئابدۇرەھىمخانغا: "ئەگەر چوڭ ئوغلىڭىز ئابدۇللا سۇلتاننى شەھەرگە كىرىشكە ئەۋەتكەن بولسىڭىز كەمىنە قۇلىڭىز ئوغلىڭىزنى بويىنۇمغا مىندۇرۇپ دەرھال جانابىڭىزغا باش ئۇراتتىم"⑳ دېدى. ئابدۇرەھىمخان ئۇنىڭ شەرتىگە ماقۇل بولدى.

ئەمما كۇچا ھاكىمى ئابدۇللا سۇلتاننى گۆرۈگە تۇتتۇالدى، شۇنىڭ بىلەن ئابدۇرەھىمخان ئىلاجسىز مۇھاسىرىنى بوشىتىپ، ئاقسۇغا قورشاپ ھۇجۇم قىلىشقا مەجبۇر بولدى. نەتىجىدە ئابدۇرەھىمخان ئاقسۇدا ئېغىر تالاپەتكە ئۇچراپ ئۆز تەۋەسىگە قايتىپ كەتتى.

ئەھمەدخاننىڭ قازا قىلغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئابدۇرەھىمخان يەنە قوشۇن چىقاردى، قازاق خانى ئېسىمخانمۇ تاشكەنتتىن لەشكەر باشلاپ كەلدى، ئاندىن بىرلىكتە ئاقسۇ شەھىرىگە ھۇجۇم قىلدى. بىراق، ئاقسۇ ئەمىرلىرى پۇختا تەييارلىق كۆرۈپ قوىغانلىقى ۋە شەھەر ئەتراپىدىكى ئاھالىلەر دەل ۋاقتىدا جەڭگە چۈشكەنلىكى سەۋەبىدىن ئابدۇرەھىمخان ئاز-تولا نۇسرەت قازانغان بولسىمۇ لېكىن شەھەرنى ئۈچ ئاي ھۇجۇم بىلەنمۇ ئالالمىدى. بۇ ۋاقىتتا ئابدۇلېتىپخان بىلەن خوجا شادى ياردەمچى قوشۇننى باشلاپ كەلدى، ئېسىمخان ئابدۇلېتىپخان بىلەن ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلماقچى بولغاندا ئابدۇرەھىمخان بۇنىڭغا قوشۇلمىدى. ئۇ ”ئابدۇلېتىپخاننىڭ خوجا شادىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەنلىكىنى، خوجا شادى تەلۋە مۇرىتلارغا بىرلا كۆز ئىشارىتى قىلىپ قويسا ئۇلارنىڭ ھېچنەرسىدىن يانمايدىغانلىقىنى، يەركەن ۋە قەشقەر قوشۇندىكىلەرنىڭ سان جەھەتتىن بەكلا كۆپلۈكىنى، ئۇلار بىلەن ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىشنىڭ ئاقىلانىلىق ئەمەسلىكىنى ۋە پايدىسىز ئىكەنلىكىنى“[81] بىلەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار لەشكەرلىرىنى چېكىندۇردى، ئابدۇلېتىپخان كۇچاغا كېلىپ بۇ يەردىكى لەشكەرلەر ۋە پۇقرالاردىن ھال سورىدى، ئاقسۇغا بولغان كونتروللۇقنى كۈچەيتىش ئۈچۈن مىرزا ئەلى مەردانبەگنى ئاقسۇنىڭ ھاكىملىقىغا تەيىنلىدى[82]. شۇنىڭدىن كېيىن ئابدۇرەھىمخان قازاق خانى ئېسىمخان بىلەن تىل بېرىكتۈرۈپ، ئاقسۇغا ئۇدا بەش يىل ئارقا - ئارقىدىن دەخلى - تەرۇز قىلىپ

تۇردى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئويراتلارمۇ ئارىغا چۈشۈپ قازاقلارغا ھۇجۇم قىلىش باھانىسىدا باينىڭ ئەتراپىغا ئىككى قېتىم كېلىپ، ئۇ جايلارنى قۇرۇقداپ قويدى. ئۇزۇن مۇددەتلىك تىركىشىش جېڭىدە ئاقسۇ رايونىدىكى ئاھالىلەر سورۇقچىلىققا ئۇچراپلا قالماي، پۈتۈن خانلىقمۇ ھالسىراپ قالدى، ئاخىر ئابدۇلېتىپخان باينى تاشلاپ بەردى، شۇنىڭ بىلەن ئابدۇرەھىمخان باينى تەۋەلىكىگە قوشۇۋالدى. كۇچا ھاكىمى ئوبۇل ھادى ئۆز تەۋەسىدە تەسىرىنى كېڭەيتتى، ھەر ئىككى تەرەپكە بەيئەت قىلىپ شامالغا بېقىپ ئىش تۇتتى ۋە ئۆزىنى كۈچەيتتى.

ھۆكۈمرانلار گۇرۇھىنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئەمىرلەرنىڭ ھوقۇق تالىشىشى كۈنسېرى كەسكىنلەشتى. خاننىڭ ئاتالىقى، يەركەن ھاكىمى مۇھەممەد يۈسۈپ بايرىن خوتەن ھاكىمى مىرزا ئەبۇ گورنىڭ تەسىرىنىڭ كۈچىيىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەيتتى، چۈنكى ئەبۇگور دەسلەپتە ئابدۇلېتىپخانغا ئاتالىق بولغانىدى. مۇھەممەد يۈسۈپ بايرىن بىر قىسىم ئەمىرلەرنى قوشۇن باشلاپ بېرىپ مىرزا ئەبۇ گورنى تۇتۇشقا ئەۋەتتى ۋە ئۇنى ئۇرساڭغا سۈرگۈن قىلدى، مىرزا ئەبۇ گور سانجۇغا كەلگەندە كېسەل بولۇپ قېلىپ قايتىپ كەلدى، مۇھەممەد يۈسۈپ بايرىن ئادەم ئەۋەتىپ ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. مۇھەممەد يۈسۈپ بايرىن خانلىقنىڭ ئەڭ ئالىي ئەمىرى بولۇۋالغاندىن كېيىن مۇھەممەد يۈسۈپ ھوقۇقنى چاڭگىلىغا كىرگۈزىۋېلىپ، زورلۇق - زومبۇلۇق قىلدى، باشقىلارنى چەتكە قېقىپ ئىلگىرى ئۆزىنى قوللىغان ئەمىرلەرنىمۇ خانلىقتىن قوغلاپ چىقاردى. بۇ ئەھۋال ئابدۇلېتىپخان بىلەن ئۇنىڭ ئانىسى خانىم پادىشاھنى خاتىرجەمسىزلەندۈرۈپ قويدى. ئۇلار قەشقەرگە ئادەم ئەۋەتىپ ئەمىرلەرگە "مىرزا مۇھەممەدنىڭ قىلغانلىرى ھوقۇق دائىرىسىدىن ئېشىپ كېتىۋاتىدۇ"⑧③ دېدى.

قەشقەر ئەمىرلىرىمۇ مۇھەممەد يۈسۈپنىڭ مۇستەبىتلىكىدىن نارازى بولۇپ تۇراتتى، ئۇلار دەرھال 500 كىشىلىك سەرخىل قوشۇن بىلەن يەركەنگە تۇيۇقسىزلا يېتىپ كېلىپ، مۇھەممەد يۈسۈپنى تۇتۇپ خان ئوردىسىغا ئاپاردى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇنىڭ تاغىسى مىرزا خۇسراۋ بايرىنىمۇ تۇتتى، ئەمما مىرزا قۇربان جۇراس ئائىلە - تاۋابىئاتلىرى، مۇلازىملىرى ۋە يېقىنلىرىنى باشلاپ ئاقسۇغا قېچىپ كەتتى. بۇ چاغدىكى ۋەزىيەت ئىنتايىن جىددىي ئىدى، خان بىلەن خانىم پادىشاھ مالىمانچىلىقتىن ساقلىنىش ئۈچۈن مۇھەممەد يۈسۈپكە كەڭچىلىك قىلىش، ئۇنى يەنىلا يەركەن ھاكىمى ۋە خاننىڭ ئاتالىقىغا تەيىنلەش قارارىغا كەلدى. ئۇلار مۇھەممەد يۈسۈپنى دەرھال قويىۋەتتى ھەمدە ئۇنىڭغا ئۆزرىخاھلىق ئېيتتى، خان ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇنىڭغا تەسەللىي بەردى، بارلىق سەۋەنلىكلەرنى مىرزا خۇسراۋغا دۆڭگەپ ئۇنى بەلخكە سۈرگۈن قىلدى⑧④.

لېكىن خوجا شادى مىرزا مۇھەممەد يۈسۈپ بەگنىڭ ئوردىدا بۇرۇنقىدەكلا ئۆز بېشىمچىلىق قىلىپ يۈرۈۋېرىشىگە بەكلا نارازى ئىدى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە بۈيۈك خەلپە ئۇشتۇرنىڭ بارلىق دىنىي ئىشلارنى تىزگىنلىۋالغانلىقىدىن تېخىمۇ غەزەپلىنەتتى. خوجا ئىسھاق ۋەلى ھىجرىيە 1008 - يىلى (1599 - يىلى) سەمەرقەندتە قازا قىلغاندا يېشى كىچىك خوجا شادى ئاتىسىنىڭ يەركەن خانلىقىدىكى دىنىي ئىشلارغا قالدۇرۇپ قويغان ۋارىسى⑧⑤ بولۇپ قالدى، ئۇنىڭغا ھىيلە - مىكىردە كامالەتكە يەتكەن ئۇشتۇر خەلپە يول كۆرسىتىپ ھەمدەم بولدى. بىراق يېشىنىڭ چوڭىيىشى بىلەن تەدرىجىي قىرانلىققا قەدەم قويغان خوجا شادى ئۇشتۇرنىڭ ھەممە ئىشلارنى كونترول قىلىۋېلىشىغا تاقەت قىلالمىدى، ئابدۇلېتىپخان دەۋرىدە خوجا شادى دىنىي مەزھەپنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن رەھبىرىي

بولۇپ قالدى، ھالبۇكى مۇشۇ مەزگىللەردىكى خانلىق ھوقۇقىنىڭ ئاجىزلىشىشى ۋە خانلىقتىكى ماجىرالارنىڭ ئەۋج ئېلىشى فېئوداللىق دىنىي كۈچلەرنىڭ زورىيىشىغا ياخشى پۇرسەت بولۇپ بەردى. خوجا شادىنىڭ تەسىرى كۈنسېرى كۈچىيىپ ئاۋامنىڭ نەزىرىدە يۈكسەك ھۆرمەتكە، مۇرىتلارنىڭ قەلبىدە مۇتلەق نوپۇزغا ئىگە بولدى. بۇنىڭ بىلەنلا قالماي يەنە خان ئوردىسىدىمۇ ناھايىتى مۇھىم ئورۇن تۇتۇپ خانلىقنىڭ ھەربىي، سىياسىي ئىشلىرىغا بىۋاسىتە قول تىقتى، ھەتتا خانلىقنىڭ ۋەزىيىتىنى كونترول قىلىشقا باشلىدى. دىنىي ۋە دەھرىي كۈچلەرنىڭ كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ نەۋقىرانلىق مەزگىلىدە تۇرۇۋاتقان خوجا شادى ئۇشتۇر خەلىپىنىڭ كونتروللۇقىدىن بىزار بولۇشقا باشلىدى، شۇنداقلا خان ئوردىسىدا مىرزا مۇھەممەد يۈسۈپنىڭ ھاكىممۇتلەقلىقىنى ئۆزىنىڭ سىياسىي تەسىرىنى كېڭەيتىشىدىكى ئەڭ چوڭ توسالغۇ دەپ قارىدى، شۇنىڭ بىلەن دىنىي - سىياسىي كۈچلەر ئوتتۇرىسىدىكى كەسكىن ۋە ئېچىنىشلىق بىر مەيدان كۆرەشتىن ساقلانغىلى بولمىدى.

شاھ مەھمۇد جۇراسنىڭ «تارىخ» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دېيىلىدۇ:

”ھەزرىتى ئەزىزان ئۇلۇغ ئاتىلىرى مىرزا پۇر ئەنۋارنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن سەمەرقەند تەرەپكە قوزغالدى. ئەنجاندىن ئۆتۈپ، سەمەرقەندكە يېتىپ كېلىپ، ئۇلۇغ ئاتىسى مىرزا پۇر فۇتۇھنىڭ مازىرىنى زىيارەت قىلىشقا مۇشەررەپ بولدى. ئاندىن كېيىن شۇتۇر خەلىپە، مىرزا مۇھەممەد يۈسۈپ قاتارلىقلار توغرىسىدا شىكايەت قىلىشقا باشلىدى. ھەزرىتى ئەزىزان خەلىپىلەرنى مازارنىڭ سىرتىدا قالدۇرۇپ ئىسمائىل سوپىنىڭ ھەمراھلىقىدا مازارنى تاۋاپ قىلىشقا كىردى، شۇندا قەبرىلەردىن

بىشارەت بولدى. ھەزرىتى ئەزىزان بىلەن ئىسمائىل سوپىلار بىشارەتتىن ۋاقىپ بولغاندىن كېيىن مازاردىن قايتىپ چىقىشتى. خەلىپىلەر ئارىسىدا قەشقەرلىك ھافىز ناسىر خەلىپىمۇ بار ئىدى. ھەزرىتى ئەزىزانغا كەشىپ بىلەن مەلۇم بولغان ئىش ناسىر خەلىپىگىمۇ ئوخشاش يوسۇندا مەلۇم بولاتتى. ناسىر خەلىپە خەلىپىلەرگە: 'ھەزرىتى ئەزىزان شۇتۇر خەلىپە بىلەن مىرزا مۇھەممەد يۇسۇپلەرنى ئۇردى' دەپ ئوچۇق ئېيتتى، لېكىن ئۇنىڭغا زىيان يەتمىدى. بىراق ئىسمائىل سوپى كىشىلەرگە ھەزرىتى ئەزىزاننىڭ سىرىنى ئاشكارىلاپ قويغاچقا ئۈچ كۈندىن كېيىن، ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلدى. ھەزرىتى ئەزىزان قەشقەر تەرەپكە قايتىپ شارت داۋاندىن ئۆتكەندە شۇتۇر خەلىپە بىلەن مىرزا مۇھەممەد يۇسۇپلەرنىڭ ئۆلۈم خەۋىرى يېتىپ كەلدى. ھەزرىتى ئەزىزان ئۇق سالورغا يېتىپ كەلگەندە قەشقەرلىكلەر قارشى ئېلىشقا ئالدىغا چىقتى. ھەزرىتى ئەزىزان قەشقەرگە چۈشۈپ ئۈچ كۈن شۇ يەردە تۇردى، ئاندىن يەركەنگە ئۆتۈپ كەتتى. ئابدۇلېتىپخان دۆلەتنىڭ بەگ - سىپاھلىرى بىلەن قارشى ئېلىپ ھەزرىتى ئەزىزاننىڭ ئالدىغا چىقتى ۋە مېھمانلارنى شەھەرگە باشلىدى"(86). مەزكۇر مۇھەممەد يەھيا خوجا يەنى خوجا شادى سەمەرقەندكە بېرىپ ئاتىسى خوجا ئىسھاق ۋەلىنىڭ مازىرىنى تاۋاپ قىلغان، تاۋاپ - تەزىمدىن كېيىن مەزھەپتىكى ۋە ئوردىدىكى توسالغۇ ھېسابلانغان ئۇشتۇر خەلىپە بىلەن مىرزا مۇھەممەد يۇسۇپلەرنى خۇددى مۆجىزە يۈز بەرگەندەكلا مەغلۇپ قىلغان، ئاندىن بۇ ئىككىسىنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى ئاڭلىغان. بۇ "كارامەتلىك" بايانلاردىن ھالقىپ ئۆتسەك بۇنىڭ ئەمەلىيەتتە كەسكىن بىر مەيدان سىياسىي ئېلىشىش ئىكەنلىكىنى ھېچ زورۇقمايلا كۆرۈۋالالايمىز: مۇھەممەد يەھيا (خوجا شادى) رەقىبلىرى ئۈستىدىن غەلىبە قىلىش مەقسىتىدە رەقىبلىرى

چوڭقۇر يىلتىز تارتقان يەركەندىن ئايرىلىپ يۇرتى سەمەرقەندكە قايتقان، ئاندىن تەييارلىق كۆرۈش، پىلان تۈزۈش ئارقىلىق بۇ بىر مەيدان كۈرەشنىڭ ئەڭ ئاخىرقى غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرگەن؛ ئەل - يۇرتقا خوجا شادىنىڭ "سىرى"نى ئاشكارىلاپ قويغان ئىسمائىلنىڭ ئۆلۈمىنى خوجا شادى بىلەن مۇناسىۋەتلىك دېيىشكە بولىدۇ. «تارىخ» نى نەشرگە تەييارلىغان ئاكىمۇشكىن ئۇشتۇر خەلىپە ۋە مىرزا مۇھەممەد يۇسۇپلەر قەستلەپ ئۆلتۈرۈلگەن دەپ قارايدۇ. مۇسۇلمانلارنىڭ تارىخىي ئەسەرلىرىدە كاتتا ئىشانلار بىلەن خوجىلار يوشۇرۇن قەتل قىلىش ۋاسىتىسى ئارقىلىق ئۆزلىرى ئۆچ كۆرىدىغانلارغا تاقابىل تۇرىدىغانلىقى، ئۇلارنىڭ مۇرىتلىرى ۋە تەزكىرىچىلەر بۇ ئىشلارنى "مۆجىزە" دەپ ئاتايدىغانلىقى خاتىرىلەنگەن㊽ .

ئۇشتۇر خەلىپە ۋە مىرزا مۇھەممەد يۇسۇپ قاتارلىق بۇ ئىككى رەقىبىنى كۆزدىن يوقاتقاندىن كېيىن خوجا شادىنىڭ يەركەن خانلىقىدىكى تەسىرى تېخىمۇ كۈچەيدى، خوجا شادى مەزھەپتىكى مۇتلەق نوپۇز ئىگىسى ۋە ئىسمى - جىسمىغا لايىق بىردىنبىر داھىيغا ئايلاندى، ئۇ يەنە خانلىقتا تېخىمۇ چوڭ سىياسىي ھوقۇقلارنى قولغا ئېلىشقا باشلىدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن خوجىلار يەركەن خانلىقىدىكى خانلىقنى قوللىغۇچىلاردىن خانلىق ھوقۇقىنى يۈرگۈزگۈچىلەرگە ئايلاندى.

---

**ئىزاھلار:**

① «تارىخ»، 20 - ئىزاھ، 255 - بەت.

② «تەزكىرەئى خوجىگان»، خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخا، 96 - بەت.

③ يۇقىرىقى ئەسەر، 96-، 97 - بەتلەر.

④ بۇ سۆزنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى شەكلى خانىقا (haniqa)، مەنىسى: 1) چوڭ مەسچىت، 2) مەسچىتنىڭ ئىچكى نامازخانىسى، 3) ئىشان، سوپىلارنىڭ سەردارلىرى ساما ئوينايدىغان جاي («ئۇيغۇرچە - خەنزۇچە لۇغەت»، 123 - بەت).

⑤ «تارىخ»، 20 - ئىزاھ، 255 - بەت.

⑥ بېللېۋ: «قەشقەر تارىخى» ـ فورست تۈزگەن «1873 - يىلى يەركەنگە ئەلچىلىككە بېرىش خاتىرىسى»، 174 - بەت، بىبىچە «تەزكىرەئى خوجىگان» دا "ئۇ سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان غازىنىڭ ئەۋلادلىرىدىن" دەپ كۆرسىتىلگەن (Tkh. 3 - ئىزاھ، 32- بەت).

⑦ ن. كۇروپاتكىن: «قەشقەرىيە»، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى يېقىنقى زامان تارىخى ئىنستىتۇتى ئىشلىگەن خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخا، 92-، 93- بەتلەر، شاڭۋۇ نەشرىياتى، 1982 - يىل.

⑧ «تارىخ» 95 - ئىزاھ، 275 ـ 276 - بەتلەر.

⑨ بۇ يەردىكى ئىسھاق ۋەلىنىڭ ئانىسى ھەققىدىكى خاتىرىلەر «تەزكىرەئى خوجىگان» - دىكىگە ئانچە ئوخشاپ كەتمەيدۇ، «تەزكىرەئى خوجىگان» دا، ئىسھاق ۋەلىنىڭ ئانىسى مەخدۇم ئەزەمنىڭ ئۈچىنچى ئايالى، دېيىلىدۇ (Tkh. 3 - ئىزاھ، 32- بەت).

⑩ Tkh، 3 - ئىزاھ، 32- بەت، «تەزكىرەئى ئەزىزان»، 7 - بەت.

⑪ Tkh، 3 - ئىزاھ، 32- بەت.

⑫ "مۇھەممەد ئىمىن" دېگەن ئىسىم ئەينى دەۋرنىڭ ئادىتى بويىچە 马黑麻 · 额敏 دەپ تەرجىمە قىلىنىشى كېرەك ئىدى. ئەمما «غەربىي يۇرتتىكى ئوخشاش تىللىق ئەللەر تەزكىرىسى»، «غەربىي يۇرتنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» قاتارلىق خەنزۇچە مەنبەلەردە بىردەك 玛木特 · 额敏 دەپ ئېلىنغان. بۇ خىل ئاھاڭ تەرجىمىسى شەرقىي قىسىم ئۇيغۇر تىلى دىيالېكتىدىكى ئىككى سوزۇق تاۋۇش ئارىسىدا كەلگەن تاڭلاي سىرىلغۇ تاۋۇشى ـ h ـ نىڭ ئاجىزلىشىدىغانلىقىنىڭ نەتىجىسى ئىدى، ھازىرقى كۈندە 买买提 دەپ تەرجىمە قىلىنىشىمۇ مۇشۇ سەۋەبتىن ئىدى. بۇ خىلدىكى مىساللاردىن يەنە "شەھەر" مەنىسىدىكى Shahr>Shahir>Shar قاتارلىقلارنى كۆرسىتىش مۇمكىن.

⑬ «تارىخ»، 94 - ئىزاھ، 275- بەت.

⑭ «تارىخ»، 95 - ئىزاھ، 275-، 276- بەتلەر.

⑮ ئىسھاق ۋەلى ۋاپاتىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي يېزىلغان «زىيائۇل قۇلۇب» ۋە «جەلىسۇل مۇشتاقىن» قاتارلىقلاردا بىردەك "ئىسھاق ۋەلى خوجام ھجرىيە 1008 - يىلى رەببىيەلئەۋۋەل ئېيى (3 - ئاي)نىڭ 10 - كۈنى (1599 - يىلى 9 - ئاينىڭ 30 - كۈنى) سەمەرقەندتە قازا قىلدى" دېيىلىدۇ؛ شاھ مەھمۇد جۇراسنىڭ «ئەنىسەتتالىبىن» (94 - ۋاراق ئالدى يۈز) دىگەن ئەسىرىدە ئىسھاق ۋەلى 94 يىل ئۆمۈر كۆرگەن، دېيىلىدۇ. «تارىخ»نىڭ 94 - ئىزاھ، 275 - بېتىدىن نەقىل ئېلىنغان.

⑯ ھىجرىيە بويىچە ھېسابلاندى.

⑰ TKh، 3 - ئىزاھ، 32 - بەت؛ قۇربان ئەلى ۋەلىد ھاجى خالىدىيىك: «تەۋارىخى خەمسەئى شەرقى» — چېن گوگۇاڭنىڭ «شىنجاڭ ئىسلام دىنى تارىخىدىكى ئىسھاقىيە» («دۇنيا دىن تەتقىقاتى»، 1987 - يىللىق 1 - سان) دىگەن ماقالىسىدىن نەقىل ئېلىندى.

⑱ "شـــابۇرقان"، "شابۇرغان"، "شافۇرقان" دەپمۇ يېزىلىدۇ. «مۇئىن پارسچە لۇغىتى»نىڭ V توم 886 - بېتىدە: "خۇراساننىڭ شەرقىي شىمال قىسمىدىكى بىر قەدىمىي قەلئە، مەرۋىدىن بەلخكە بارىدىغان يولدىكى تاغلىق رايوندا، بۇ يەردىن بەلخكە بىر كۈنلۈك يول" دېيىلىدۇ. ف. ستەينگاس تۈزگەن «پارسچە - ئىنگلىزچە لۇغەت»تە (731 - بەت) "بەلخنىڭ قەدىمكى نامى" دېيىلىدۇ، قارىغاندا، ئۇ ئاشۇ بىر كۈنلۈك مۇساپىنى دىققەتتىن ساقىت قىلىۋەتكەن بولسا كېرەك.

⑲ شـۇتـۇر (Shutur) «تـەزكـىـرەئـى خوجىگان»نىڭ خەنزۇچە قىسقارتىلما تەرجىمىسىدە "ئۇشتۇر" دەپ ئېلىنغان، بۇ پارسچە "شۇتۇر" ("تۆگە") دىگەن سۆزنىڭ كونىچە ئوقۇلۇشى.

⑳ شاھ مەھمۇد جۇراس «ئەنىسەتتالىبىن»دا مۇنداق يازىدۇ: "شۇتۇر خەلپە ئۆزبېك بولۇپ شابۇرقاندا تۇغۇلغان. ئانىسىنىڭ بۇ يەردە بىر پارچە يېرى بولۇپ، دادىسى ئىبنى يەمىنى ئۇ تۇغۇلۇپ ئۇزاق ئۆتمەيلا ئۆلۈپ كەتكەن. خوجا ئىسھاق بۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىن، شۇتۇر خەلپە ئۇنىڭغا مۇرىت بولغان، ئەمما ئۇنىڭ بۇ ئىشى ئانىسى ۋە ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىغان، ئاخىر ئۇشتۇر خەلپە ئۇلارنىڭ ئارزۇسىغا خىلاپ

هالدا خوجا ئىسهاققا يەتتە يىل خىزمەت قىلغان (96 ـ ۋاراق ئارقا يۈز، «تارىخ»قا قوشۇمچە قىلىنغان «ئەنىسەتتالىبىن» ناملىق پارسچە قول يازمىسىنىڭ قىسقارتىلمىسىغا قاراڭ).

ئۇنىڭدىن باشقا "خەلىپە" سۆزى بۇ كىتابتا "ۋاكالەتچى"، "ئىزباسار" دېگەن مەنىدە بولۇپ، ئادەتتە ئېيتىلىدىغان سىياسىي بىلەن دىن بىر گەۋدىلەشكەن ئىسلام دۆلەتلىرىدىكى داھىينىڭ نامى مەنىسىدە ئەمەس.

㉑ «تەزكىرەئى خوجىگان»، خەنزۇچە نۇسخا، 97 ـ بەت.

㉒ چېن گوگۇاڭ: «شىنجاڭ ئىسلام دىنى تارىخىدىكى ئىسهاقىيە».

㉓ «زىيائۇل قۇلۇب»، 24 ـ ۋاراق ئالدى يۈز ۋە ئارقا يۈز ؛ «قىرغىزلار ۋە قىرغىزلار رايونىنىڭ تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار»، 1 ـ قىسمىدىن نەقىل ئېلىندى.

㉔ «تەزكىرەئى خوجىگان»، خەنزۇچە نۇسخا، 97 ـ بەت.

㉕ «جالىسۇل مۇشتاقىن»، 38-، 39- بەتلەر ؛ «تارىخ»، 97- ئىزاھ 276- بەتتىن نەقىل ئېلىندى.

㉖ «تارىخ»، 162-، 163- بەتلەر.

㉗ «تارىخ»، 163 ـ بەت.

㉘ «زىيائۇل قۇلۇب»، 24-ۋاراق ئارقا يۈزدىن 25-ۋاراق ئالدى يۈزگىچە ؛ «قىرغىزلار ۋە قىرغىزلار رايونىنىڭ تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار»، 1 ـ قىسمىدىن نەقىل ئېلىندى.

㉙ «تارىخ»، 163 ـ بەت.

㉚ ئىسهاق ۋەلىنى كۆرسىتىدۇ. شاھ مەھمۇد جۇراس مۇشۇ ئەسىرى ۋە «تارىخ» تا مەزكۇر خوجىنىڭ ئىسمىنى بىۋاسىتە تىلغا ئالمىغان، بەلكى ھۆرمەت بىلەن "ھەزرىتى ئەزىزان" دەپ ئاتىغان. "ھەزرەت" ـ ئەرەبچە سۆز، مەنىسى "ئالىيلىرى، جانابلىرى"؛ "ئەزىزان" پارسچە سۆز، "ئەزىز" ("ھۆرمەتلىك، قىممەتلىك")نىڭ كۆپلۈك شەكلى.

㉛ «ئەنىسەتتالىبىن»، 97 ـ ۋاراق ئالدى يۈزى.

㉜ «تارىخ»، 103 ـ ئىزاھ، 277 ـ بەت.

㉝ «تەزكىرەئى خوجىگان»، خەنزۇچە نۇسخا، 97 ـ بەت.

㉞ «تارىخ»، 163 ـ بەت.

㉟ «تارىخ»، 164 - بەت.

㊱ «جالىسئۇل مۇشتاقىن»، 40 - ۋاراق ئارقا يۈزىدىن 41 - ۋاراق ئارقا يۈزىگىچە، 93 - ۋاراق ئالدى يۈز؛ «تارىخ»، 103 - ئىزاھ، 277 - بەت.

㊲ «تارىخ»، 103 - ئىزاھ، 277 - بەت.

㊳ «تارىخ»، 164 - بەت.

㊴ «شىنجاڭ دىن تەتقىقاتىغا دائىر ماتېرىياللار»، 16 - توپلام، 1988 - يىل.

㊵ «تارىخ»، 165 - بەت.

㊶ «تارىخ»، 101 - ئىزاھ، 277 - بەت.

㊷ «تارىخ»، 166 - بەت؛ 125 - ئىزاھ، 283 - بەت.

㊸ «تارىخ»، 165 - بەت.

㊹ «تارىخ»، 165 - بەت. تۇرپانلىقلارنىڭ خوجىلار تەسىرىنىڭ كىرىشىگە قارشى تۇرغانلىقى ھەققىدە مۇھەممەد ئىۋەزنىڭ «زىيائۇل قۇلۇب» ناملىق ئەسرىدە (29-ۋاراق ئارقا يۈزىدىن 30-ۋاراق ئارقا يۈزىگىچە) ئاساسەن ئوخشىشىپ كېتىدىغان بايانلار خاتىرىلەنگەن: ئاللىقاچان خوجا ئىسھاققا مۇرىت بولغان مۇھەممەدخان تۇرپان ئەنبىيالىرىدىن مەدەت تىلىگەندە شۇتۇر خەلپە ئاشۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان قەبرىسىگە بىھۆرمەتلىك قىلىشتەك ۋەقەنى سادىر قىلغان ۋە شۇ ئارقىلىق ئۆز خوجىسى خوجا ئىسھاقنىڭ بۇ ئەۋلىيا ئالدىدىكى ئۇلۇغلۇقىنى نامايىش قىلغان. بىراق مەزكۇر بايانda ئەنبىيالار قەبرىسىدىن چىققان شىر ئورنىغا ئەجدىھا دەسسىتىلگەن. «تارىخ»، 114 - ئىزاھ، 279 - بەت.

㊺ يەنى ئىسھاق ۋەلىنى كۆرسىتىدۇ، ”ھەزرىتى ئەزىزان“ دېگەن نەقىلگە قاراڭ.

㊻ «ئەنىسەتتالىبىن»، 96 - ۋاراق ئارقا يۈزىدىن 97 - ۋاراق ئالدى يۈزىگىچە - «تارىخ»دىكى پارىچە ئەسلىي تېكىست قوشۇمچىسىغا قاراڭ.

㊼ «تارىخ»، 217 - بەت؛ «تەزكىرەئى خوجىگان»، خەنزۇچە نۇسخا، 98 - بەت.

㊽ «تەزكىرەئى خوجىگان»، خەنزۇچە نۇسخا، 98 - بەت.

㊾ «زىيائۇل قۇلۇب»، 29 - ۋاراق ئارقا يۈزى ؛ «تارىخ»، 118 - ئىزاھ، 281 - بەتتىن نەقىل؛ «تەزكىرەئى خوجىگان»، خەنزۇچە نۇسخا، 97 - بەت.

㊿ «ئەنىسەتتالىبىن»، 97 - ۋاراق ئالدى يۈزى.

(51) «زىبائۇل قۇلۇب»دا خاتىرىلىنىشىچە، تەخمىنەن بەش تۈمەن كىشى (30-ۋاراق ئارقا يۈزدىن 31-ۋاراق ئالدى يۈزىگىچە)؛ «تارىخ»نىڭ تەرجىمىسىنى ئىشلىگەن ئاكىمۇشكىن بۇ سان يەنىلا كۆپ بولۇپ كەتكەن، بىراق «تارىخ»نىڭ مۇئەللىپى ئېيتقان 10 تۈمەن، دېگەن سانغا قارىغاندا رىئاللىققا تېخىمۇ يېقىنراق كېلىدۇ دەپ قارايدۇ.

(52) «ئەنىسەتتالىبىن»، 107 - ۋاراق ئارقا يۈزى.

(53) بۇ ئۇرۇشنىڭ ئاخىرقى نەتىجىسى ھەققىدىكى خاتىرىلەر بىردەك ئەمەس. يەركەن خانلىقىدىكى تارىخشۇناس شاھ مۇھەممەد جۇراسنىڭ ئېيتىشىچە ئۆزبېكلەر يېڭىلىپ قاچقان، ئۆزبېكلەر ئالاي يايلىقىدا قوغلاپ كەلگۈچىلەر تەرىپىدىن يەنە بىر قېتىم مەغلۇپ قىلىنغان، ئۇلارنىڭ مۇشۇ قېتىملىق ھەربىي يۈرۈشىدە جەمئىي تۆت تۈمەندىن ئارتۇق ئادىمى چىقىم بولغان («تارىخ» 174 - بەت). ئەمما خانلىق سىرتىدىكى ئاپتورلاردىن مەھمۇد ئىبىن ۋەلى «بەھرۇل ئەسرار فى مەناقىبۇل ئەخيار»دا "يەركەن خانلىقى قوشۇنى ئاخىر مەغلۇپ بولدى. خان ئاستانىنى مەھكەم ساقلاپ يېتىۋالدى. ئۆزبېكلەر بۇ ئەلنى بۇلاڭ - تالاڭ قــىــلــغــانــدىن كېيىن ماۋارائۇننەھرگە قايتتى" دەيدۇ (قولىيازما، 84-ۋاراق). قارىغاندا ئۆزبېكلەرنىڭ بۇ قېتىمقى ھەربىي يۈرۈشى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولمىغان، يەركەن خانلىقىنىڭ بىــرەر چــوڭ شەھىرىنىمۇ ئىشغال قىلالمىغان، ئەڭ ئاخىر ئالدىراپ - تېنەپ قوشۇن چېكىندۈرگەن، بۇ ئەھۋال يەركەن خانلىقىغا نىسبەتەن شەك - شۈبھىسىز بىر چوڭ غەلىبە ئىدى.

(54) «تارىخ»، 174 - بەت.

(55) «تارىخ»، 175 - بەت.

(56) «تارىخ»، 281 - ئىزاھتا خوجا شادىنىڭ يەركەن خانلىقىغا كەلگەن دەۋرى ئېنىقلانغان، 309 - بەت.

(57) «تارىخ»، 176-، 177- بەتلەر. شاھ مەھمۇد جۇراس «ئەنىسەتتالىبىن» ناملىق يەنە بىر ئەسىرىدىمۇ (98 - ۋاراق) مۇشۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان بايانلارنى كەلتۈرىدۇ.

(58) «ئەنىسەتتالىبىن»، 96 - ۋاراق؛ «تارىخ»، 157 - ئىزاھ 289 - بەتتىن نەقىل.

(59) ئەھمەدخاننىڭ خانلىق تەختكە چىقىشى ھەققىدىكى ئەھۋاللارنى «تارىخ»نىڭ 178 - بېتى ۋە 281 - ئىزاھى (310 - بەت) دىن كۆرۈڭ.

⑥⓪ «تارىخ»، 178-، 179- بەتلەر.

⑥① مۇھەممەد قاسىم سۇلتان قۇرمىش سۇلتاننىڭ نەۋرىسى، خۇدابەندى سۇلتاننىڭ ئوغلى ئىدى، ئۇنىڭ ئانىسى بولسا مۇھەممەد خاننىڭ قىزى خەدىچە خېنىم ئىدى. «بەھرۇل ئەسرار فى مەناقىبۇل ئەخيار»دا خاتىرىلىنىشىچە، مۇھەممەد قاسىم سۇلتان مۇھەممەدخان ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان مەزگىللەردە ئابدۇرەھىم سۇلتاننى مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن چالىشتا جايلىشىپ قالغان (قولىيازما، 84-، 85- ۋاراق ؛ «تارىخ»نىڭ 291 - بەتتىكى 167 - ئىزاھىدىن نەقىل).

⑥② «تارىخ»، 180 - بەت.

⑥③ «تارىخ»، 180 — 183 - بەتلەر. لېكىن مەھمۇد ئىبنى ۋەلىنىڭ «بەھرۇل ئەسرار فى مەناقىبۇل ئەخيار» (خەۋەرنىڭ مەنبەلىرى ئىچىدە مىرزا ھەيدەر جۇراسنىڭ ۋەقەگە بىۋاستە ئىشتىراك قىلغان ئىنىسى لېتىپمۇ بار) دېگەن ئەسىرىدە بەزى ئوخشىماسلىقلار بار: سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننىڭ نەۋرىسى، سۇلتان ئەبۇ سەئىدنىڭ ئوغلى سۇلتان ئابدۇكېرىم كېرىيىدە ئەمەل تۇتتى ھەمدە شۇ جايدا ئەھمەدخاننىڭ قىزىنى ئالدى، لېكىن ئۇ مەركىزىي ھاكىمىيەتتىن يۈز ئۆرۈپ سۇلتان ئابدۇرەھىمنىڭ قېشىغا قېچىپ كەتتى. ئابدۇرەھىم بۇ چاغدا سۇلتان مۇھەممەدنى مەغلۇپ قىلىپ كۇچانى بېسىۋالدى ھەمدە سۇلتان ئابدۇكېرىمنى كۇچانىڭ ئەمىرلىككە تەيىنلەپ، بىرلىكتە ئاقسۇغا ھۇجۇم قوزغىدى. ئاقسۇنىڭ ھاكىمى قاسىم بايىرىن ئەھمەدخاندىن ياردەم تەلەپ قىلدى، خان سۇلتان تۆمۈرنى قەشقەر ۋە يەركەندىكى قوشۇنلارنى باشلاپ جازا يۈرۈشى قىلىشقا ئەۋەتتى. ئىستىلاچىلار ئاقسۇ رايونىدىن چېكىنىپ كۇچا شەھىرىنى مەھكەم ساقلىدى، سۇلتان تۆمۈر شەھەرنى ئالالماي شەھەر ئەتراپىنى ۋەيران قىلىپ قوشۇنلىرىنى چېكىندۈردى. ئىككىنچى يىلى ئۇ يەنە لەشكەرلىرىنى باشلاپ كۇچاغا ھۇجۇم قىلدى. سۇلتان ئابدۇكېرىم سۇلتان ئابدۇرەھىمدىن ياردەم سورىغاندا سۇلتان ئابدۇرەھىم قازاق سۇلتان ئىسكەندەرنى 15 مىڭ كىشىلىك قوشۇننى باشلاپ مۇھاسىرىنى بوشىتىشقا ئەۋەتتى، لېكىن ئۇنىڭ قوشۇنى ھەيدەر جۇراس ۋە قاسىم بايىرىنلارنىڭ 10 مىڭ كىشىلىك قوشۇنى تەرىپىدىن يوقىتىلدى. سۇلتان ئابدۇكېرىم ئەل بولدى ۋە يەركەنگە ئاپىرىلدى، خان ئۇنىڭغا ئاۋۋالقىدەك كەڭچىلىك قىلىپ يەنە كېرىيىگە ئەۋەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن سۇلتان تۆمۈر ئويىراتلارنىڭ سۈيۈرغال تەۋەسىگە كىرىپ ئۇلارنى مەغلۇپ قىلدى،

ئاندىن قىرغىز ۋە قازاقلارنىڭ قەبىلىلىرىنى ھەيدىۋەتتى. سۇلتان ئابلايخان قىزىنى ئۇنىڭغا ياتلىق قىلدى. شۇنداق قىلىپ سۇلتان تۆمۈر "بۇ رايونلاردا يۈز بەرگەن ئۇچكى جەڭگى - جېدەلنىڭ چاڭ - توزانلىرىنى سىپرىپ تاشلىدى" (قولىيازما نۇسخا 86-، 87- بەتلەر؛ «تارىخ»نىڭ 292-، 293- بەتلىرىدىكى 179 - ئىزاھتىن نەقىل).

(64) سۇلتان تۆمۈرنىڭ ۋاپات بولغان يىلى توغرىسىدا «تارىخ»نىڭ 293 - بېتىدىكى 185 - ئىزاھقا قاراڭ.

(65) «تارىخ»، 184—186 - بەتلەر.

(66) «تارىخ»، 187—188 - بەتلەرگە قاراڭ. لېكىن «بەھرۇل ئەسرار»نىڭ ئاپتورى بۇ قېتىمقى جازا يۈرۈشىنىڭ ۋاقتىنى سۇلتان تۆمۈر ئۆلۈشتىن بۇرۇن يەنى ھىجرىيە 1023-يىلى (1614 — 1615) دىن بۇرۇن قىلىپ قويغان، كونكرېت جەريانىدىمۇ ئوخشىماسلىق بار: سۇلتان ئابدۇرەھىمنىڭ خىزمىتىدە بولغان ئوبۇل ھادى مىكرىت يەركەنگە كەلگەندە سۇلتان ئەھمەدخان ئۇنى سۇلتان خۇدابەندىنىڭ ئوغلى سۇلتان ئىسكەندەرنىڭ ئاتالىقىغا تەيىنلىدى ۋە ئۇلارنى بىرلىكتە چالىشقا ئەۋەتىپ خوتەن، ئاقسۇلاردىكى قوشۇنلىرىنى ھەمدە يەركەندىكى بىر قىسىم قوشۇنلارنى ئۇلارنىڭ قوماندانلىقىغا تاپشۇردى. ئۇلار چالىشقا بېرىپ، شەھەر ئەتراپىنى بىر ئاي تالان - تاراج قىلغاندىن كېيىن كۇچاغا قايتىپ بارگاھ قۇردى، ئۇلار ۋاقىتلىق قوماندانلىق قىلغان قوشۇنلار ئەسلىي جايلىرىغا قايتىپ كەتتى. بىر يىلدىن كېيىن ئوبۇل ھادى ئەھمەدخانغا ھېچقانچە كۈچ سەرپ قىلمايلا چالىشنى بېسىۋالالايدىغانلىقى توغرىسىدا مەلۇمات سۇندى ھەمدە خاننىڭ لەشكەر چىقىرىپ ياردەم بېرىشىنى ئۆتۈندى. خان ئەبۇ گور ۋە ئابدۇغاپپار باشچىلىقىدا 1500 كىشىلىك قوشۇننى ۋە ئاقسۇدىكى پۈتۈن قوشۇننى ئۇلارغا ياردەمگە ئەۋەتتى. سۇلتان ئابدۇرەھىم ئاخباراتقا ئېرىشكەندىن كېيىن چالىش شەھىرىدىن تۇرپانغا قايتىپ كەتتى. سۇلتان ئىسكەندەر ۋە ئوبۇل ھادىلار شەھەرگە كىرگەندىن كېيىن ئۆزىنىڭ تەرتىپ-تۈزۈملىرىنى ئورناتتى، بۇنىڭ بىلەن ئاھالىنىڭ نارازىلىقى قوزغىلىپ ئىسيان كۆتۈرۈلۈش خەۋپى تۇغۇلدى. ئوبۇل ھادى سۇلتان ئەھمەدخاندىن يەنە ياردەمچى قوشۇن ئەۋەتىشنى ئۆتۈندى. خان يەنە مىرزاقۇل باشچىلىقىدا 500 لەشكەر، مىرزاشاھ مۇراد باشچىلىقىدا ئاقسۇدىن كەلگەن 1500 كىشىلىك قوشۇننى ۋە بايىنىڭ ھاكىمى سۇبھانقۇلبەگنىڭ قوشۇنىنى ياردەمگە ئەۋەتتى. بۇ چاغدا سۇلتان

تۆمۈرنىڭ ۋاپات بولغانلىق خەۋىرى يېتىپ كەلدى، بۇنىڭ بىلەن ئەمىرلەر ئوتتۇرىسىدا پىكىر ئىختىلاپى كۆرۈلدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا چالىش ئاھالىسى ئاشكارا ھالدا سۇلتان ئابدۇرەھىمغا مايىل ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى. سۇلتان ئابدۇرەھىم بۇ پايدىلىق پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ لەشكەر چىقىرىپ چالىش شەھىرىنى قورشاۋغا ئېلىۋالدى، شۇنىڭدىن كېيىن بىر قاتار ئۇرۇشلار يۈز بەردى. قازاق سۇلتانى ئىسكەندەر بىر قېتىملىق جەڭدە ئۆلدى. سۇلتان ئىسكەندەر بىلەن ئەبۇ ھادى ئۇزۇنغىچە مۇھاسىرىنى يىمىرەلمىگەچكە كىچىك قاراڭغۇلۇقتىن پايدىلىنىپ شەھەرنى تاشلاپ قېچىپ كەتتى. سۇلتان ئابدۇرەھىم ئالدىنئالا پۇقرالار يەتكۈزگەن مەخپىي خەۋەرگە ئىگە بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ زەربە بەردى، لېكىن كېچىلىك ئۇرۇشتا ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى. سۇلتان ئىسكەندەر بىلەن ئوبۇل ھادىلار كۇچاغا تىنچ - ئامان قايتىپ كەلدى. ئۇزاق ئۆتمەي بۇ ئىككىسى ئوتتۇرىسىدا ماجىرا تۇغۇلدى. ئاقسۇنىڭ ھاكىمى مىرزا قاسىم بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن مىرزا مەجىد باشچىلىقىدا 700 كىشىلىك ئاتلىق لەشكەر ئەۋەتىپ سۇلتان ئىسكەندەرنى قوللىدى. ئەمما ئوبۇل ھادى چاپارمەن ئەۋەتىپ سۇلتان ئابدۇرەھىمغا پۇل تۆلەش ئارقىلىق ئۇنى تېزلىكتە لەشكەر ئەۋەتىپ كۇچانى ئۆتكۈزۈۋېلىشقا تەكلىپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن سۇلتان ئابدۇرەھىمنىڭ ئىتتىپاقداش دوستى قازاق ئېسىمخان كۇچاغا كىردى ۋە سۇلتان ئىسكەندەرگە ھۇجۇم قىلدى، ئىسكەندەر سۇلتاننى كۇتۇۋالغىنى مەغلۇبىيەتلىك تەقدىر بولدى، مىرزا مەجىد سۇلتان ئىسكەندەرنى جەڭگاھتىن قۇتقۇزۇپ چىقىپ ئاقسۇغا ئېلىپ كەتتى. سۇلتان ئەھمەدخان ئاقسۇنىڭ ھاكىمى مىرزا قاسىمنى سۇلتان ئىسكەندەرنىڭ ئاتالىقىغا تەيىنلىدى (قولىيازما 87-، 88- ۋاراقلار « XV – XVIII ئەسىرلەردىكى قازاق خانلىقلىرىنىڭ تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار» ، 335-، 338- بەتلەردىن نەقىل ئېلىندى، يەنە «تارىخ»نىڭ 294-، 295- بەتلىرىدىكى 189 - ئىزاھقا قاراڭ).

(67) «تارىخ» ، 188-، 189- بەتلەر.

(68) «بەھرۇل ئەسرار» ، قولىيازما 89—90- ۋاراقلار ؛ («تارىخ»نىڭ 295—296- بەتلىرىدىكى 195 - ئىزاھتىن نەقىل ئېلىندى).

(69) «تارىخ» ، 189—192-بەتلەر؛ 196 - ئىزاھ، 296 - بەت.

(70) «تارىخ» ، 192 - بەت؛ ئەمما «بەھرۇل ئەسرار » دىكى خاتىرىلەر بۇنىڭغا

ئوخشمايدۇ: ئەھمەدخان كىرىيە نائىبى ئابدۇكېرىم سۇلتاننى ئاقسۇدىكى توپىلاڭنى تىنچىتىشقا ئەۋەتكەن، ئەمما ئۇ ئۈچ ئايلىق ھەربىي ھۇجۇم بىلەنمۇ ئاقسۇنى ئىشغال قىلالماي يەركەنگە قايتقان، ئەھمەدخان ئۇنى يەنە پۇتكۇل خوتەننىڭ نائىبلىقىغا ئۈستۈرگەن، ئەمما ئۇزاق ئۆتمەيلا ئۇنىڭ ئىسكەندەر سۇلتاننى قوللاۋاتقانلىقىنى سېزىپ قېلىپ ئۇنى بالىتقا پالىۋەتكەن («تارىخ»، 95 - ئىزاھ، 295 — 296 - بەتلەر).

⑦① «بەھرۇل ئەسرار»، قولىيازما 90 - ۋاراق ؛ «تارىخ»، 203 - ئىزاھ، 297 - بەتتىن نەقىل ئېلىندى.

⑦② «تارىخ»، 193 - بەت.

⑦③ «تارىخ»، 194 - بەت.

⑦④ «تارىخ»، 195 - بەت.

⑦⑤ «تارىخ»، 196 - بەت.

⑦⑥ «تارىخ»، 199 - بەت.

⑦⑦ «بەھرۇل ئەسرار»، 90 - ۋاراق ئالدى يۈزى؛ نامەلۇم ئاپتور يازغان «قەشقەر تارىخى»، 78 - ۋاراق ئالدى يۈزى ؛ «تارىخ»، 297 - بەتتىكى 208 - ئىزاھتىن نەقىل.

⑦⑧ ئابدۇلېتىپخاننىڭ تەختكە چىققان ۋاقتى توغرىسىدىكى مەلۇماتلار ھەرقايسى تارىخي ئەسەرلەردە ئوخشاشمايدۇ: «بەھرۇل ئەسرار »دا ھىجرىيە 1024-يىلى (1615-يىلى) دېيىلسە، «قەشقەر تارىخى»دا ھىجرىيە 1026-يىلى (1617-يىلى) دېيىلىدۇ، ئاكىمۇشكىن بولسا تەخمىنەن ھىجرىيە 1028-يىلى (1618—1619 - يىلى) دەپ بېكىتىدۇ. «چاغاتاي ئۇلۇسىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى ھۆكۈمرانلار يىلنامىسى» («تۇغلۇق تۆمۈرخان شەجەرىسى»غا قاراڭ) «تارىخ»، 298 - بەتتىكى 210 - ئىزاھتىن نەقىل.

⑦⑨ نەقىب — بۇ ئەمەلگە خوجا نەسلىدىن بولمىغانلارنى قويۇشقا بولمايتتى، ئۇ سەئىدزادىلەرگىلا خاس ئەمەل ئىدى. بۇ ئەمەلنى تۇتقانلار ئوردىدا خاننىڭ سول تەرىپىدە، خان ۋارىسىنىڭ يۇقىرىسىدا ئولتۇراتتى، ئۇرۇش مەزگىلىدە قوشۇنغا نازارەتچىلىك قىلاتتى، ۋەزىپىسىنى ئادا قىلمىغان سەركەردىلەرنى تەپتىش قىلاتتى. تەپسىلاتىنى «تارىخ»تىن كۆرۈڭ. 212 - ئىزاھ، 298 - بەت.

⑧⓪ «تارىخ»، 202 - بەت.

⑧① «تارىخ»، 203 - بەت.

⑧② «بەھرۇل ئەسرار»، قولىيازما، 91—93 - بەتلەر؛ « XV — XVIII ئەسرلەردىكى قازاق خانلىقلىرىنىڭ تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار»، 336-، 346- بەتلەردىن نەقىل؛ «تارىخ»، 228 - ئىزاھ، 301-، 303- بەتلەر.

⑧③ «تارىخ»، 201 - بەت.

⑧④ «تارىخ»، 201 - بەت.

⑧⑤ «تەزكىرەئى خوجىگان» (خەنزۇچە نۇسخا، 98 - بەت)دا مۇنداق دېيىلىدۇ: "ئىسھاق خوجىدىن ئىككى ئوغۇل قالدى: 1) قۇتبىدىن، ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى خوجا ئىسھاقنىڭ قەبرىسىنى ساقلاشقا مەسئۇل ئىدى؛ 2) خوجا شادى ئاتىسىنىڭ يەركەنتدىكى ۋارىسى قىلىپ بېكىتىلدى".

⑧⑥ «تارىخ»، 204 - بەت.

⑧⑦ «تارىخ»، 230 - ئىزاھ، 303 - بەت.

# V باب قاراتاغلىق خوجىلار بىلەن ئاقتاغلىق خوجىلار ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش ۋە ئۇنىڭ يەركەن خانلىقىغا كۆرسەتكەن تەسىرى

## 1 § قاراتاغلىق خوجىلارنىڭ سىياسىي ۋەزىيەتنى كونترول قىلىۋېلىشى

### 1. خوجا شادىنىڭ خان ھوقۇقىنى تىزگىنلىۋېلىشى

مۇسۇلمان ۋەسىقىلىرىگە ئاساسلانغاندا، ئابدۇلېتىپخان 12 يىل تەختتە ئولتۇرۇپ 26 يېشىدا قازا قىلغان. بۇ تەخمىنەن ھىجرىيە 1040 - يىلى (1630—1631) ئىدى①. «بەھرۇل ئەسرار» دىكى خاتىرىگە قارىغاندا ئابدۇلېتىپخاننىڭ كېسىلى ئېغىرلىشىپ قالغان مەزگىللەردىلا چوڭ تەسىرگە ئىگە ئەمىرلەر خان ۋارىسىنىڭ نامزاتىنى مۇھاكىمە قىلىشقان② ۋە ئاقسۇ نائىبى سۇلتان ئەھمەدنى تەخت ۋارىسى قىلىش قارارىغا كېلىشكەن. ئابدۇلېتىپخان ئۆلگەندىن كېيىن ئۇلار مىرزا مەسئۇدبەگنى ئاقسۇغا مۇسىبەت خەۋىرىنى يەتكۈزۈشكە ئەۋەتكەن، سۇلتان ئەھمەد مەسئۇدبەگنى ئاقسۇنى ساقلاشقا قالدۇرۇپ، ئۆزى ئەلى مەردانبەگ بىلەن دەرھال يەركەنگە قاراپ ئاتلانغان.

سۇلتان ئەھمەد يەركەنگە كەلگەندىن كېيىن ئەمىرلەر بىلەن بەگ-تۆرىلەرنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا مۇيەسسەر بولدى ۋە خان

دەپ ئېلان قىلىندى. «قەشقەر تارىخى» دا خاتىرىلىنىشىچە، شادى خوجىمۇ خاننىڭ تەختكە ئولتۇرۇش مۇراسىمىغا قاتناشقان③.
سۇلتان ئەھمەدخان مىرزا ساتتارنى ئىشىكئاغىلىققا، شاھ مەنسۇر بەگنى قاراقاشنىڭ ھاكىملىقىغا تەيىنلىدى، ئەلى مەردانبەگ سۇلتان ئەھمەدخانغا مۇلازىم بولدى. بۇنىڭ بىلەن دۆلەتنىڭ چوڭ ئىشلىرىنىڭ ھەممىسى سۇلتان ئەھمەدخاننىڭ ئاقسۇدىكى ئوردا بېگى جەمەتىنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتتى. بۇ يەركەن ئەمىرلىرىنىڭ قاتتىق نارازىلىقىنى قوزغىدى، ئۇلار پاراكەندىچىلىك تۇغدۇرۇپ ئەلى مەردانبەگنىڭ مال - مۈلكىنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلدى ۋە تەقسىم قىلىشۋالدى، ئاندىن ساتتار بەگنى بالىتقا سۇرگۈن قىلدى (ئەمەلىيەتتە يول ئۈستىدە ئوردا بېگى جەمەتى تەرىپىدىن تۇسۇۋېلىنىپ قەشقەرگە ئېلىپ كېتىلدى)، شاھ مەنسۇر بەگمۇ قاراقاشتىن كۆچاغا قاچتى، كېيىن يەنە قەشقەرگە بېرىپ سۇلتان مەھمۇدنىڭ خىزمىتىدە بولدى. سۇلتان ئەھمەدخان پايتەختىنىڭ تەرتىپىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن ۋەزىپىسىنى تولۇق ئادا قىلمىغان مىرزا ھاجى بارلاسنى يەركەننىڭ ھاكىملىقىدىن ئېلىپ تاشلاپ، ئورنىغا مىرزا قۇربان جوراسنى قويدى. خاننىڭ ئىشلارنى بۇنداق بىر تەرەپ قىلىشى ئوردىدىكى يەنە بىر قېتىملىق كۆرەشكە سەۋەب بولدى.

قەشقەر نائىبى سۇلتان مەھمۇد كونا قائىدە - يوسۇن بويىچە تەخت ۋارىسى بولۇشقا تېگىشلىك بولسىمۇ، بىراق تاغىسى ئابدۇلېتىپخان ئۆلگەندىن كېيىن خانلىق تەختكە ئاقسۇ نائىبى سۇلتان ئەھمەد چىقتى. بۇنىڭغا سۇلتان مەھمۇدنىڭ بەكلا قورسىقى كۆپتى، يەنە كېلىپ پايتەختتىكى ئۆزلۈكسىز يۈز بېرىۋاتقان مالىمانچىلىق ئۇنىڭ خانلىق تەختىنى تارتىۋېلىش ئىرادىسىنى كۈچەيتتى. يەركەن ئەمىرلىرىنىڭ كۆرشىدە كىمنىڭ غالىپ

چىقىدىغانلىقى تېخى مۇقىملاشمىغان ئەھۋالدا سۇلتان مەھمۇد يەركەنگە كېلىپ ۋەزىيەتنى كۆزەتتى ۋە تەسىر كۈچىنى كېڭەيتتى. ئۇ ئالدى بىلەن ۋەزىر خوجا لېتىپنىڭ قىزىغا ئۆيلىنىش تەلىپىنى قويدى، بىراق توي بولۇۋاتقاندا خوجا لېتىپنىڭ قىزىنى خان ئېلىپ كەتتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ قاسىم خوجىنىڭ قىزىغا ئۆيلىنىپ قەشقەرگە قايتتى. ئۇ يەركەنگە تېگىش قىلىش قارارىغا كېلىپ لەشكەر توپلىدى ۋە قورال - ياراق هازىرلىدى. ئاقسۇ ئەمىرلىرىمۇ قوشۇن چىقىرىپ ياردەم قىلدى. نامەلۇم ئاپتور يازغان «قەشقەر تارىخى» دا خاتىرىلىنىشىچە، قىرغىزلارمۇ لەشكەر چىقىرىپ ياردەم قىلغان، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ قوشۇنى كۆپىيىپ 7000 كىشىگە يەتكەن④. ئۇلار يەركەنگە 20 كۈن قورشاپ هۇجۇم قىلىپمۇ ئىشغال قىلالماي قوشۇنىنى چېكىندۈرۈپ قەشقەرگە قايتتى.

بىر يىلدىن كېيىن سۇلتان مەھمۇد يەنە قوشۇن چىقىرىپ يەركەنگە هۇجۇم قىلدى. سۇلتان ئەھمەدخان هەربىي كېڭەش ئۆتكۈزۈپ تاقابىل تۇرۇش تەدبىرلىرىنى مۇزاكىرىلەشتى. ۋەزىر خوجا لېتىپ بىلەن يەركەن هاكىمى مىرزا قۇربان جۇراس شەهەر مۇداپىئەسىنى كۈچەيتىپ، ياۋ هالسىرىغاندا ئاندىن زەربە بېرىش تەكلىپىنى بەردى. بىراق كۆپ ساندىكى ئەمىرلەر شەهەردىن چىقىپ جەڭ قىلىشنى قۇۋۋەتلىدى. خان كۆپ سانلىقلارنىڭ پىكرىنى مۇۋاپىق كۆرۈپ، سۇلتان مەھمۇد بىلەن هەل قىلغۇچ جەڭ قىلىش ئۈچۈن قوشۇن باشلاپ شەهەردىن چىقتى. ئىككى تەرەپ قوشۇنى سەپ تارتىپ جەڭگە كىرە - كىرمەيلا خان قوشۇنىنىڭ ئوڭ، سول قاناتلىرى پاتپاراق بولۇپ باش سانغۇن ئالدى بىلەن قاچتى، قوشۇنىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرغان سۇلتان ئەھمەدخانمۇ جەڭگاھتىن چېكىنىپ ئاقسۇغا قاچماقچى بولدى. مىرزا قۇربان جۇراس خاننى توختىتىپ ئۇنىڭدىن جەڭگە باشچىلىق

قىلىشنى ئۆتۈنگەن بولسىمۇ بىراق خان يەنىلا ئاقسۇغا قاچتى.
مىرزا قۇربان جۇراس ئەسكەرلىرى بىلەن تۈن كېچىگىچە يىگانە
جەڭ قىلدى. ۋەزىر خوجا لېتىپ ئۇنى جەڭنى توختىتىشقا ئۈندەپ،
ئۇنى سۇلتان مەھمۇدقا تونۇشتۇردى. لېكىن، سۇلتان مەھمۇد
تەختكە چىققاندىن كېيىن ئەل بولغۇچىلارغا قىلچە يۈز - خاتىرە
قىلماي خوجا لېتىپ، مىرزا قۇربان جۇراس ۋە بىر تۈركۈم
ئەمىرلەرنى بەلخكە پالىدى. مىرزا مۇھەممەد دوست ئارلاتنى
يەركەننىڭ ھاكىملىقىغا، مىرئەزەم شاھنى ۋەزىرلىككە ۋە
مۆھۈردارلىققا تەيىنلىدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ھەرقايسى
چوڭ شەھەرلەرنىڭ ھاكىملىرىغىمۇ بىردىن ئەمىر بەلگىلەپ
بەردى. «قەشقەر تارىخى» دا خاتىرىلىنىشىچە، سۇلتان مەھمۇد
ھىجرىيە 1042-يىلى (1632—1633) تەختكە چىققان⑤.

ھىجرىيە 1044 - يىلى (1634—1635) يەركەن خانلىقىنىڭ
شەرقىدىكى سۇلتان ئابدۇرەھىمخان ئالەمدىن ئۆتتى، ئورنىغا چوڭ
ئوغلى ئابدۇللا تەختكە ۋارىسلىق قىلدى. ئابدۇللاخان لەشكەر
چىقىرىپ كۇچانى ئىشغال قىلدى ۋە ئاقسۇغا ھۇجۇم قىلدى.
سۇلتان ئەھمەدنىڭ ئەمىرلىرى ئابدۇللاخان تەرەپكە ئۆتۈپ
كەتكەچكە سۇلتان ئەھمەد ئاقسۇنى تاشلاپ يەركەنگە قېچىپ
كېتىشكە مەجبۇر بولدى. سۇلتان مەھمۇدخان ئىنىسى سۇلتان
ئەھمەدنى خانلىقتىن قوغلاپ چىقىرىشقا يارلىق چۈشۈرگەندە خوجا
شادى بىلەن مەھمۇدخاننىڭ ئانىسى ئۇنىڭدىن رەھىم قىلىشنى تەلەپ
قىلىپ: "ئۇ ئابدۇللاخاندىن قۇتۇلۇپ قېلىش غەرىزىدە
ئالىيلىرىدىن پاناھلىق تىلەپ بۇ يەرگە كەلگەنىدى، ئەمدى ئۇنى
قوغلاپ چىقارسىلا بەكمۇ رەھىمسىزلىك بولىدۇ" دېيىشتى⑥.
شۇنىڭ بىلەن خان ئۇنى ياخشى كۈتۈۋالدى ۋە شەھەرنىڭ
شىمالىدىكى چاھارباغ—شامالباغنى ئۇنىڭغا ئىنئام قىلدى.

سۇلتان مەھمۇدخان لەشكىري يۈرۈش قىلىپ ئاقسۇنى قايتۇرۇۋېلىشقا تەرەددۇتلىنىۋاتاتتى، ئەمما ھىجرىيە 1045 ـ يىلىنىڭ بىر كۈنى كىچىك مەسچىتتە ناماز ئوقۇۋاتقاندا پاجىئە يۈز بەردى. ئۇ ئۈچ يىلغا يېقىن تەختتە ئولتۇردى، ۋاپات بولغاندا ئارانلا 22 ياشتا ئىدى⑦. شاھ مەھمۇد جۇراس «ئەنىسەتتالىبىن» («ھەقىقەت ئىزدىگۈچىلەر دوستى») ناملىق ئەسىرىدە بۇ قېتىمقى "پاجىئە"نىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى بىرقەدەر ئېنىق بايان قىلغان: "سۇلتان ئەھمەدخان (فولادخان نامى بىلەن مەشھۇر) ئابدۇللاخان تەرىپىدىن يېتىلىپ ئىنىسى سۇلتان مەھمۇدخان (قىلىچخان نامى بىلەن مەشھۇر) نىڭ قېشىغا كەلدى. قىلىچخان جىگەرلىك ۋە قارام پادشاھ ئىدى. ئۇ قوشۇن توپلاپ، ئابدۇللاخان (ئاللا ئۇنىڭ ياتقان جايىنى نۇرلۇق قىلغاي!) غا قارشى ئاقسۇغا يۈرۈش قىلدى. بىر قىسىم ئىشلاردا قىلىچخان شېرىفنىڭ دېگىنىگە قوشۇلمىدى. ھەزرىتى ئىشان ⑧ ھافىز ناسىر خەلىپىگە فۇڭگى خەلىپە مەرتىۋىسىنى، مىرزا مۇھسىنبەگكە خەلىپە بەگ ئاتىقىنى بېرىپ: 'دىنىمىزنىڭ تۈۋرۈكى قىلىچخان باقىي ئالەمدىن ئايرىلىش ئالدىدا تۇرىدۇ، فولادخاننى ئۇنىڭ ئورنىغا چىقارماق زۆرۈر. سىلەر بېرىپ فولادخاننى خانلىق تەختكە چىقىرىڭلار' دېگەن يارلىقنى چۈشۈردى. فۇڭگى سوپى ۋە خەلىپە بەگ شۇنىڭ بىلەن فولادخان تامان يول ئالدى. شۇ چاغدا فولادخان شىمالدىكى چاھار باغدا، قىلىچخان ئابابەكرى مىرزىنىڭ ⑨ قەلئەسىدە تۇرۇۋاتاتتى. فۇڭگى خەلىپە ۋە خەلىپەبەگ فولادخاننى كۆتۈرۈپ تېپىلغاق نەم يەرگە تاشلىۋېدى، خان ئورنىدىن دەس تۇردى. بۇ ئىش توگەپ بىرەر سائەت ئۆتمەي قىلىچخان ئىنىسى فولادخاننى يوقلاپ كەلدى. قېرىنداشلار گىلەمدە بەدەشقان قۇرۇپ ئولتۇرۇپ بارچە ئەھۋاللار توغرىسىدا مۇزاكىرىلەشتى، ئۇلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشقاندا ناھايىتى روھلۇق

كۆرۈندى، ئەمما قىلىچخان ئانچە ئېچىلىپ كەتمىدى، ئۇ ئوردىغا كېلىۋىدى فولادخاننىڭ ئادەملىرىنىڭ جان - پىنى چىقىپ كېتىشتى. فۇڭگى خەلپە ۋە خەلپەبەگ نامى بىلەن مەشھۇر بولغان مىرزا مۇھىدبەگ قاتارلىقلار ئۆزىنى ۋەلى، دەپ ئاتىۋېلىشقانىدى. ھەرقايسى كاتتىلار قىلىچخان توغرىسىدا غۇلغۇلا قىلىشىپ: 'فولادخاننى ئاللىقاچان سۇلتانلىق تەختىگە چىقىرىپ بولۇشتى، راستىنلا شۇنداق بولدى. قىلىچخان كەلگەنىكەن، كەچقۇرۇن جەزمەن بۇ ئىشلاردىن ۋاقىپلىنىدۇ، ئەتىلىككە ھەممىمىزنى قەتلىئام قىلىدۇ' دېيىشتى. فۇڭگى خەلپە ۋە خەلپەبەگ: 'بىز ئۆزلۈكىمىزدىن بۇ ئىشنى قىلماقچى بولغىنىمىز يوق، بىز پەقەت ھەزرىتى ئىشان جانابلىرىنىڭ پەرمانىنى ئىجرا قىلماقچىمىز، قورقماڭلار، يۈرۈكىڭلارنى توق تۇتۇڭلار' دېدى. شۇ كېچىسى قىلىچخان ئوردىغا كەلگەندە قەستكە ئۇچراپ ئاخىرەت سەپىرىگە يول ئالدى. سەھەردە ئەمىرلەر ۋە بەگ - تۆرىلەر ھەزرىتى ئىشاننىڭ قېشىغا بېرىپ مەھمۇدخاننىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى يەتكۈزدى. ھەزرىتى ئىشان ھەرقايسى ئەمىرلەر، ۋەزىر - ۋۇزرالار ۋە ئۇلۇغ - ئۇششاقلارنىڭ ھەمراھلىقىدا شىمالىي چاھارباغقا يول ئالدى. سۇلتان ئەھمەدخاننى ئوردىغا ئاپىرىپ، مەھمۇدخاننىڭ جەسىتىنى ئېلىپ كەتتى. ھەزرىتى ئىشان يەنى ھەزرىتى خوجامنىڭ كارامەتلىرى تېخىمۇ كۆپ كىشىلەرگە ئايان بولدى"⑩.

شاھ مەھمۇد جۇراس بۇ ۋەقەنىڭ ئومۇمىي جەريانىنى ناھايىتى جانلىق تەسۋىرلەپ بەرگەن بولۇپ، ئۇنىڭ بۇ بايانلىرىدىن بۇنىڭ پۈتۈنلەي خوجا شادى پىلانلىغان ۋە شەخسەن يېتەكچىلىك قىلغان سىياسىي ئۆزگىرىش ئىكەنلىكىنى ئېنىق كۆرۈۋالالايمىز. خان ھوقۇقى ئاجىزلاپ بەگ - تۆرىلەر ئۆزى بەگ-ئۆزى خان بولۇۋېلىۋاتقان بۇ خىل ۋەزىيەتتە خوجىلارنىڭ تەسىرى تېخىمۇ

كۈچىيىپ خان ئوردىسىنى پۈتۈنلەي دېگۈدەك كونترول قىلىۋالدى، ھەتتا خاننى ئويۇنچۇقتەك ئالقىنىدا ئويناتتى، ھەدېسىلا سىياسىي ئۆزگىرىش، قەستلەش قاتارلىق شەكىللەر بىلەن كونا خاننى بىكار قىلىپ، يېڭى خان تىكلەپ تۇردى، بۇ خىلدىكى تەخت ئالماشتۇرۇشلار ئارقىلىق خوجىلار خان ھوقۇقىغا بولغان كونتروللۇقىنى تېخىمۇ كۈچەيتتى.

سۇلتان مەھمۇدخان (يەنى قىلىچخان) ئۆلگەندىن كېيىن "تارقان-سەردارلارغا كونا يوسۇن بويىچە سۇلتان ئەھمەدخاننى خان دەپ جاكارلاشقا بىردەك قوشۇلدى". سۇلتان ئەھمەدخان تەختكە ئولتۇرغاندىن كېيىن خوجا شادىغا تەشەككۇر ئېيتىش يۈزىسىدىن كۆمان كەنتىنى ئۇنىڭغا ئىنئام قىلىپ بەردى. ئەمما ئۇزۇن ئۆتمەي ئېھتىمال سۇلتان ئەھمەدخان مەزكۇر دىنىي فېئودالنىڭ بويۇنتۇرۇقىدا ياشاۋېرىشنى خالىمىغانلىقتىن بولسا كېرەك، ئىككىسىنىڭ مۇناسىۋىتى يىرىكلىشىپ قالدى، نەتىجىدە "لەشكەرلەر ۋە ئاۋام پۇقرالارنىڭ ھەممىسى سۇلتان ئەھمەدخاندىن بىزار بولدى"⑪. خوجىلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنىڭ يامانلىشىشى سۇلتان ئەھمەدخاننىڭ مۇقەررەر ھالاك بولىدىغانلىقىنى بەلگىلىگەنىدى. بۇ ۋاقىتتا خانلىقنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى بۆلۈنمە كۈچ ئابدۇللاخان توختاۋسىز غەربكە سىلجىپ قوشۇن باشلاپ قەشقەرنىڭ يېنىغىلا كېلىپ قالغانىدى. خانلىقنىڭ تەقدىرىنى قولىدا تۇتۇپ تۇرۇۋاتقان قاراتاغلىق خوجىلار سۇلتان ئەھمەدخاننى چۆرۈۋېتىپ، شەرقىي قىسمىدىكى كەڭ رايونلارنى ئىگىلەپ تۇرۇۋاتقان تەپرىقىچى ئابدۇللاخاننى قوللاشقا ئۆتتى. شۇنىڭ بىلەن ئابدۇللاخاننىڭ ئەتراپىغا جەڭگە ياراملىق بىر تۈركۈم ئەمىرلەر ۋە باھادىرلارلا ئەمەس، يەنە قاراتاغلىق خوجىلارنىڭ قۇترىتىقۇلىقىدىن ئەسەبىيلەشكەن زور بىر تۈركۈم مۇرىتلارمۇ

يىغىلدى. ھىجرىيە 1048 - يىلى (1638—1639) قاراتاغلىق خوجىلارنىڭ قۇللىشىغا ئېرىشكەن ئابدۇللاخان يەنە بىر قېتىم غەربكە يۈرۈش قىلىپ، ناھايىتى تېزلا قەشقەرنى ئىشغال قىلدى، سۇلتان ئەھمەدخان ۋەزىيەتنىڭ ئۆزىگە پايدىسىزلىقىنى كۆرۈپ، خانلىقنى تاشلاپ بەلخكە قاچتى. شۇنىڭ بىلەن ئابدۇللاخان قوشۇنلىرى ھېچقانداق قارشىلىقسىزلا يەركەن شەھىرىگە باستۇرۇپ كىردى، سۇلتان ئەھمەدخان بولسا بەلختىن ماۋارائۇننەھرگە بېرىپ جانى خانلىقىدىكى ئىمام قۇلىخانغا بېقىندى، ئۆز ۆن ئۆتمەي ئەنجانغا ھۇجۇم قىلىش ئۇرۇشىدا ئۆلدى.

## 2. ئابدۇللاخاننىڭ تەختكە چىقىشى

ئابدۇرەھىمخان ئابدۇرەشىدخاننىڭ 12 - ئوغلى بولۇپ، ئاتىسى ئالەمدىن ئۆتۈپ ئۈچ ئايدىن كېيىن تۇغۇلغاندى. قېرىندىشى مۇھەممەدخان ھىجرىيە 1004 - يىلى (1595—1596) ئۇنى تۇرپاننىڭ نائىبلىقىغا تەيىنلىگەن، مۇھەممەدخان ھايات ۋاقتىدىلا ئۇ ئىسيان كۆتۈرۈش خاھىشىنى ئاشكارىلاپ مەركىزىي ھاكىمىيەت بىلەن قوراللىق توقۇنۇشقاندى. ئەھمەدخان دەۋرىدە (1609 - 1618- يىللار) ئۇ تەختكە كۆز تىكىپ ھەدېسە غەربكە ھۇجۇم قىلىپ، كېيىنچە ئۆزىنى خان دەپ ئاتىۋالغاندى. ئابدۇلېتىپخان دەۋرىدە (1618 - 1631) ئابدۇرەھىمخاننىڭ تۇرشاۋۇل قوشۇنى كۇچادىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ باينى ئىشغال قىلىۋالغاندى، بۇ ۋاقىتتا ئۇ ئاللىقاچان مەركىزىي ھاكىمىيەت بىلەن ئۆزىگە سوقۇشتۇرالىغۇدەك ئەمەلىي كۈچكە ئىگە بولۇپ بولغاندى. ئابدۇرەھىمخان كۈچىنى توپلاپ يەركەن خانلىقىنىڭ خانلىق تەختىنى تارتىۋېلىش ئۈچۈن مىڭ سۇلالىسى، ئويراتلار،

قازاقلارغا قارىتا ئىناق قوشنىدارچىلىق سىياسىتىنى يولغا قويۇپ دوستانە بېرىش - كېلىش مۇناسىۋىتىنى ساقلاپ كەلدى ۋە قوراللىق توقۇنۇشۇپ قېلىشتىن ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ساقلاندى. ئابدۇرەھىمخان يەركەن خانلىقىنىڭ شەرقىي (غەربتە ئاقسۇ ۋە كۇچا تەۋەسىدىن شەرقتە جىيايۇگۇەنگىچە) قىسمىدا "40 يىل ئۆز ئالدىغا خان بولۇپ"⑫ ھىجرىيە 1044-يىلى (1634—1635) 77 يېشىدا ۋاپات بولدى⑬. ئۇ ئابدۇللاخان، ئوبۇل مۇھەممەدخان، ئىبراھىم سۇلتان، ئىسمايىلخان، باباقخان، ئافاق سۇلتان، شاھ سۇلتان، مەنسۇر سۇلتان، بىچىن سۇلتان قاتارلىق توققۇز ئوغۇل پەرزەنت كۆرگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى كېيىنچە يەركەن خانلىقىنىڭ تارىخىغا زور تەسىرلەرنى كۆرسەتتى.

ئابدۇرەھىمخان ۋاپات بولغاندا ئىككىنچى ئوغلى ئوبۇل مۇھەممەدخان قۇمۇل تەرەپتە توپىلاڭچى ئەمىرلەر بىلەن جەڭ قىلىۋاتاتتى. ئاتىسىنىڭ مۇسىبەت خەۋىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن توپىلاڭچى ئەمىرلەر بىلەن سۈلھى تۈزۈپ، دەرھال چالىشقا قايتتى ۋە تەختكە ۋارىسلىق قىلدى. چوڭ ئوغۇل ئابدۇللاخان يەتتە ياش چېغىدىلا كۇچا ھاكىمى مىرزا ئوبۇل ھادى مەكرىتكە تۇرغاقلىققا بېرىلىپ شۇنىڭ يېنىدا تۇرۇۋاتاتتى. ئوبۇل ھادى ئابدۇرەھىمخاننىڭ قازا قىلغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئابدۇللاخاننى ئېلىپ ئالدىراپ - تېنەپ چالىشقا يول ئالدى. ئۇلار كەلگەندىن كېيىن ئوبۇل مۇھەممەدخان موغۇللارنىڭ "چوڭ ئوغۇل خان بولۇش" تەك ئەنئەنىۋى ئادىتى بويىچە تەختنى ئاكىسىغا ئۆتۈنۈپ بېرىپ، ئۆزى تۇرپانغا قايتتى. ئوبۇل ھادى پۈتكۈل شەرقىي رايوننى كونترول قىلىش ئۈچۈن بىر قىسىم يەرلىك ئەمىرلەرنى ئۆلتۈرگەندىن سىرت يەنە ئابدۇرەھىمخاننىڭ جەددى - جەمەتىنى قىرىۋېتىپ، نەۋرىسىنى خانلىق تەختكە ئولتۇرغۇزۇش ۋە شەخسەن ھەممىسىگە باش بولۇش

سۈيىقەستىنى پىلانلىدى. مۇشۇ مەقسەتتە ئۇ قوشۇن تارتىپ تۇرپاندىكى ئوبۇل مۇھەممەدخانغا ھۇجۇم قىلدى. ئەمما قىيىنئانىسى ئارقىلىق سۈيىقەستتىن خەۋەر تاپقان ئابدۇللاخان ئەمىرلەر بىلەن كېڭىشىپ بىر قېتىملىق زىياپەتتە ئوبۇل ھادىنى ئۆلتۈردى⑭. شۇنىڭ بىلەن يەركەن خانلىقىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى تەرتىپ مۇقىملىشىپ، ئابدۇللاخان ئاتىسىنىڭ ئارمىنى —يەركەن خانلىقىنىڭ تەختىنى تارتىۋېلىپ پۈتكۈل خانلىققا خان بولۇشقا جىددىي تەييارلاندى.

ئابدۇللاخاننىڭ يەركەن خانلىقىنىڭ تەختىنى تارتىۋېلىشىدا خوجا شادىنىڭ قوللىشى زور رول ئوينىدى. ئالدىنقى بايانلاردا كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك سۇلتان ئەھمەدخان خوجا شادىنىڭ يۆلىشى بىلەن يېڭىۋاشتىن تەختكە چىقىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا خانلىق ھوقۇقىنى تىزگىنلىۋالغان خوجا شادى بىلەن يىرىكلىشىپ قېلىپ مۇناسىۋىتى يامانلىشىپ كەتكەنىدى، بۇنىڭغا غايەت زور ئادەم كۈچى، ماددىي كۈچ ۋە سىياسىي تەسىرگە ئىگە بولۇپ تۇرۇۋاتقان بۇ چوڭ دىنىي فېئودال تاقەت قىلىپ تۇرالمايتتى، يەنە كېلىپ بۇ ۋاقىتتا بارغانچە قۇدرەت تېپىۋاتقان شەرقتىكى تەپرىقچى كۈچ ئابدۇللاخان قەدەممۇقەددەم قىستاپ كېلىپ، پۈتكۈل خانلىقنى قوشۇۋېلىش ۋە خانلىق تەختىنى تارتىۋېلىشقا ئەنت ئىچكەنىدى. خوجا شادى يىراقنى كۆرەر سىياسىيئونلۇق نەزىرى بىلەن ۋەزىيەتنى كۆزىتىپ بېقىپ، مەۋقەنى ئابدۇللاخان تەرەپكە يۆتكىدى. شاھ مەھمۇد جۇراسنىڭ «تارىخ»ىدا خاتىرىلىنىشىچە، ئابدۇللاخان قەشقەرگە ھۇجۇم قوزغىغاندا سۇلتان ئەھمەدخان قوشۇن باشلاپ جەڭگە چىققان، ئىككى قوشۇننىڭ تورغايدىكى ئۇرۇشىدا يەركەن قوشۇنى ئۇستۇنلۇكنى ئىگىلىگەن، ئەمما ”خوجا مۇھەممەد يەھيانىڭ ئابدۇللاخانغا مېھرى بولغاچقا“ ئۇنىڭ قوللىشى بىلەن ”ئابدۇللاخان

ئامان ـ ئېسەن ئاقسۇغا كېلىۋالغان"⑮. بۇ ۋاقىتتىكى خوجا شادى لەشكەرلەر ۋە پۇقرالار رايىنىڭ قانداق بولۇشىغىلا ئەمەس، جەڭدىكى يېڭىش-يېڭىلىشنىڭ قانداق بولۇشىغىمۇ تەسىر كۆرسىتەلەيتتى ۋە ئۇنى بەلگىلىيەلەيتتى، ھەتتا پادىشاھلارمۇ ئۇنىڭ "كارامىتى" تۈپەيلىدىن جانلىرىدىن جۇدا بولاتتى، ئەمەلىيەتتە، ئۇ ئاللىقاچان خانلىقنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلىگۈچىلەردىن بولۇپ قالغانىدى.

خوجا شادىنىڭ ئابدۇللاخانغا مايىل بولۇشى بىلەن خوتەن ئەمىرلىرى تۇشمۇتۇشتىن ئەھمەدخاندىن ئايرىلىپ چىقىپ، ئابدۇللاخانغا بەيئەت قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ ئاقسۇغا ئەلچى ئەۋەتىشتى، بىر قىسىم نامدار باھادىرلارمۇ ئارقا ـ ئارقىدىن قەشقەر ۋە يەركەننى تاشلاپ، ئاقسۇدىكى ئابدۇللاخاننىڭ يېنىغا قېچىپ كەلدى. «قەشقەر تارىخى» دا خاتىرىلىنىشىچە، خوجا شادى يەنە كۇيئوغلى پادىشاھ خوجىنى ئاقسۇدىكى ئابدۇللاخاننىڭ خىزمىتىدە بولۇشقا ئەۋەتكەن⑯. مەزھەپ داھىيسىنىڭ بۇ ھەرىكەتلىرى يەركەن خانلىقىنىڭ سېپىنى پارچىلاپ، ئابدۇللاخاننىڭ ئەمەلىي كۈچ ۋە جاسارىتىنى ئاشۇردى. ھىجرىيە 1048 ـ يىلى (1638—1639) ئابدۇللاخان قاراتاغلىق خوجىلارنىڭ قوللىشى بىلەن قەشقەرنى ئىشغال قىلدى ۋە يەركەنگە كىرىپ، يەركەن خانلىقىنى يېڭىۋاشتىن بىرلىككە كەلتۈردى. ئابدۇللاخان خوجا شادى، مەۋلانە خوجا ناسىر، مەۋلانە موللا سالىھ ۋە باشقا ۋەزىر ـ ۋۇزرالارنىڭ ھىمايىسى بىلەن يەركەن خانلىقىنىڭ خانلىق تەختىگە ئولتۇردى.

ئابدۇللاخان يەركەن خانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدىكى خانلار ئىچىدە ئۆزىنىڭ ئالاھىدە تۆھپىسى بىلەن گەۋدىلىنىپ تۇرغاچقا، ئۇنى يەركەن خانلىقىنى "قايتا گۈللەندۈرگەن خان" دەپ

ئاتاشقا بولىدۇ. ئابدۇللاخاننىڭ تۇنجى بولۇپ قىلغان ئىشى زور كۆچ سەرپ قىلىپ مەركەز ۋە يەرلىكتىكى ئەمەلدارلارنى تەرتىپكە سېلىش يەنى ئاقسۇدا تۇرغان ۋاقىتلىرى (ھىجرىيە 1048—1045-يىللىرى، يەنى مىلادىيىللار) دىكى كونا ۋەزىر - سانغۇنلىرى (ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئاتىسى ئابدۇرەھىمخاننىڭ كونا ھەقەمسايىلىرى ئىدى، يەنە بەزىلىرى سۇلتان ئەھمەدخاندىن يۈز ئۆرۈپ ئەل بولغان ئەمىرلەر ئىدى) نى مۇھىم ئورۇنلارغا قويۇش بولدى، ئەمما بۇ يېڭى ئاقسۇڭەكلەرنىڭ ئورنى ئىلگىرىكىدەك ئۇنداق مۇقىم ئەمەس ئىدى، ھەرقاچان ئالماشتۇرۇلۇپ يۆتكىلىپ تۇراتتى، ئابدۇللاخان شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئالدىنقى دەۋرنىڭ بىر قىسىم كاتتىلىرىنى ھىندىستانغا پالىۋەتتى. ئۇزۇن ئۆتمەي سۇلتان ئەھمەدخاننىڭ ماۋارائۇننەھردىكى ئىمام قۇلىخاننىڭ قوللىشى بىلەن قوشۇن تارتىپ ئەنجانغا ھۇجۇم قىلغانلىق خەۋىرى يېتىپ كەلگەندە ئابدۇللاخان ئالدىنقى پادىشاھنىڭ ئىبىسلزادە.تۆرىلىرىنىڭ ئۇلارغا ھەمدەم بولۇشىدىن ئەنسىرەپ، قەشقەردە 200گە يېقىن نامدار كىشىنى قەتلىئام قىلدى، ئۇنىڭ ئىچىدە بىر قىسىم دىنىي مۆتىۋەر زاتلار بار ئىدى؛ يەركەندىمۇ ئۆزىنى يۆلەپ خانلىق تەختكە چىقارغان مەۋلانە خوجا ناسىر قاتارلىق 100گە يېقىن كىشىنى قىرىپ تاشلىدى⑰.

ئابدۇللاخاننىڭ بۇ تەدبىرلىرى شەك - شۈبھىسىز مەركىزىي ھاكىمىيەتنى كۈچەيتىپ، شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىدىكىدەك ئەمىرلەر ھوقۇقىنى ئىگىلىۋېلىپ تەپرىقچىلىك پەيدا قىلىدىغان ئەھۋالنىڭ قايتا سادىر بولۇشىدىن ساقلاپ قالدى، ئەمما ئۇ قەتل قىلغان بىر قىسىم يۇقىرى قاتلامدىكى دىنىي زاتلار قاراتاغلىق خوجىلاردىن ئەمەس ئىدى، بۇ خوجا شادىنىڭ ئورنىنى تېخىمۇ مۇستەھكەملەپ ئىسلام دىنىنىڭ ئىچكى قىسمىدا يېڭى بىر

كۈچىنىڭ باش كۆتۈرۈپ چىقىشىغا، ئاقتاغلىق خوجىلارنىڭ ئېزىلگەن مۇسۇلمانلارنىڭ قوللىشى بىلەن ناھايىتى تېز زورىيىپ قاراتاغلىقلار بىلەن ئۈزەڭگە سوقۇشتۇرالىغۇدەك كۈچكە ئايلىنىشىغا سەۋەب بولدى. شۇنىڭ بىلەن يەركەن خانلىقىدىكى سىياسىي كۈرەش تېخىمۇ مۇرەككەپلىشىپ كەتتى.

## § 2 ئاقتاغلىق خوجىلارنىڭ باش كۆتۈرۈشى ۋە خانلىقتىكى ئىچكى ماجىرالارنىڭ كۈچىيىشى

### 1. ئاقتاغلىق خوجىلارنىڭ يەركەن خانلىقىغا كېلىشى

ھازىرقى مەۋجۇت مەنبەلەردىن ئاقتاغلىق خوجىلارنىڭ پىر ئۇستازى ئىشان كالان (يەنى مۇھەممەد ئىمىن، مەخدۇم ئەزەمنىڭ چوڭ ئوغلى) نىڭ شەخسەن تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىغا كەلگەنلىكىگە ئائىت بىرەر يىپ ئۇچىنى تاپقىلى بولمايدۇ، ئۇنىڭ ئۆمرى ئاساسەن ماۋارائۇننەھردە ئۆتكەن، مەزكۇر مەزھەپتىكى خوجىلارنىڭ يەركەن خانلىقىغا كېلىشى ئۇنىڭ ئوغلى مۇھەممەد يۇسۇپتىن باشلىنىدۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن خوجىلار جەمەتىدىكى پۈت تېپىشىپ كېلىۋاتقىنىغا ئۇزۇن بولغان بۇ ئىككى مەزھەپ يەركەن خانلىقىدا كەسكىن ئېلىشتى، بۇ ئېلىشىش جەريانىدا خوجا ئىسھاق ئەۋلادلىرى "قاراتاغلىقلار"، ئىشان كالان ئەۋلادلىرى "ئاقتاغلىقلار" دەپ ئاتالدى.

«تەزكىرەئى ئەزىزان» دا خاتىرىلىنىشىچە، خوجا يۇسۇپ ماۋارائۇننەھردىن يەركەن خانلىقىنىڭ شەرقىدىكى قۇمۇلغا كېلىپ قالغاندا شۇ يەرلىك دىنىي ئاقسۆڭەك سەئىد جېلىلىنىڭ قىزىغا

ئۆيلىنىپ، ئۇنىڭدىن ھىدايىتۇللا (ئاپاق خوجا نامى بىلەن مەشھۇر) ئىسىملىك بىر ئوغۇل پەرزەنت كۆرگەن⑱. ئاپاق خوجا ئاتىسىغا ئەگىشىپ قۇمۇلدىن قەشقەرگە كەلگەندە 11 ـ 12 ياشلارغا كىرىپ قالغان بولۇپ، بۇ ئابدۇللاخان تەختتىكى مەزگىل ئىدى. «تەزكىرەئى خوجىگان» دىمۇ خوجا يۇسۇپ ۋە ئۇنىڭ ئوغلى ئاپاق خوجا يىراق يوللارنى بېسىپ قەشقەرگە كەلگەندە مۇھەممەدخاننىڭ ئاللىقاچان قازا قىلىپ، ئابدۇللاخاننىڭ يۇرت سوراۋاتقانلىقى قەيت قىلىنىدۇ. روشەنكى، بۇ خوجا مۇھەممەد يۇسۇپنىڭ قەشقەرگە ئىككىنچى قېتىم كېلىشى ئىدى، «تەزكىرەئى خوجىگان» دا خوجا يۇسۇپنىڭ تۇنجى قېتىم يەركەن خانلىقىغا كېلىشى ۋە قۇمۇلدا بىر مەزگىل تۇرۇپ قېلىشىغا دائىر خاتىرە يوق. ئابدۇللاخاننىڭ يەركەن خانلىقىنىڭ خانلىق تەختىگە چىققان ۋاقتىنىڭ ھىجرىيە 1048 ـ يىلى (1638—1639) ئىكەنلىكى، خوجا يۇسۇپنىڭ ھىجرىيە 1053 ـ يىلى (1643—1644) قازا قىلغانلىقى بىزگە مەلۇم (كېيىن يەنە ئايرىم بايان قىلىمىز). شۇنداق بولغاندا، خوجا يۇسۇپنىڭ قەشقەرگە تۇنجى قېتىم كەلگەن ۋاقتى XVII ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىنىڭ ئاخىرى 40 ـ يىللىرىنىڭ باشلىرى بولۇپ چىقىدۇ، خوجا مۇھەممەد يۇسۇپنىڭ تۇنجى قېتىم يەركەن خانلىقىغا كېلىشى بولسا بۇنىڭدىنمۇ ئىلگىرىرەك ئىدى. فېك جياشېڭ قاتارلىقلار «غەربىي يۇرتنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى»، «زەپەرنامە» قاتارلىق خەنزۇچە مەنبەلەرگە ئاساسلىنىپ تۇرۇپ خوجا مۇھەممەد يۇسۇپ بۇ رايونغا XVII ئەسىرنىڭ باشلىرى كەلگەن، دەپ ھۆكۈم قىلىشىدۇ⑲، بىزنىڭچە، خوجا يۇسۇپ XVII ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرى يەركەن خانلىقىغا كەلگەن، 30 ـ يىللارنىڭ ئاخىرلىرى، 40 ـ يىللارنىڭ باشلىرى قەشقەردە ماكانلىشىپ قالغان.

خوجا مۇھەممەد يۇسۇپ يەركەن خانلىقىغا كەلگەندە
ئابدۇلېتىپخان تەختتە ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا خوجا شادى
باشچىلىقىدىكى قاراتاغلىقلار مەزھىپى غايەت زور تەسىرگە ئىگە
ئىدى، ئۇلار يۇقىرىسى ئوردىدىن تۆۋىنى ئاۋامغىچە بولغان
جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى قاتلاملىرىغا سىڭىپ كىرىپ، خانلىقنىڭ
ئىجتىمائىي-سىياسىي تۇرمۇشىنى تىزگىنلەپ تۇرۇۋاتاتتى. بۇخىل
ۋەزىيەت ئاستىدا ئۇلارنىڭ رەقىبى بولغان ئاقتاغلىق خوجىلارنىڭ
پۇت تىرەپ تۇرمىقى قىيىن ئىدى، ئۆز تەسىرىنى كېڭەيتىشىدىن
سۆز ئاچقىلى تېخىمۇ بولمايتتى. خوجا مۇھەممەد يۇسۇپ مىڭبىر
مۇشەققەتلەر بىلەن ۋەز - تەبلىغ قىلىپ يۈرۈپ يەركەن خانلىقىنىڭ
شەرقىي قىسمىغا كەلدى. بۇ جاي قاراتاغلىقلارنىڭ مەركىزى
بولغان يەركەندىن يىراق بولغانلىقى ئۈچۈن قاراتاغلىقلارنىڭ
تەسىرىگە ئانچە ئۇچرىمىغانىدى، يەنە كېلىپ ئەينى ۋاقىتتا
ئابدۇللاخاننىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا نىسپىي مۇستەقىللىققە ئىگە
بولغاچقا يەركەن خانىنىڭ قىلچە چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايتتى.
مۇھەممەد يۇسۇپ خوجا قۇمۇلغا كەلگەندىن كېيىن يەرلىك دىنىي
فېئودالنىڭ قىزىغا ئۆيلىنىپ، نىكاھ ۋاسىتىسى ئارقىلىق يەرلىك
دىنىي كۈچلەر بىلەن بىرلەشتى ۋە ئۇلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى.
مۇھەممەد يۇسۇپنىڭ مۇشۇ مەزگىللىك (تەخمىنەن 12 - 13 يىل)
دىنىي تەرغىبات پائالىيەتلىرى قۇمۇل رايونى بىلەنلا چەكلىنىپ
قالمىدى، خانلىقنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى باشقا جايلاردىمۇ نۇرغۇن
ئىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتتى، بىراق ئۇنىڭ غەربكە قاراپ زورىيىش
ئارزۇسى تۇرپان رايونىدا قاراتاغلىقلارنىڭ مۇئەييەن تەسىرىنىڭ
مەۋجۇت بولغانلىقى سەۋەبىدىن زور ئۇتۇقلارغا ئېرىشەلمىدى.
ئالدىنقى بايانلاردا كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئابدۇكېرىمخان
دەۋرىدىلا قاراتاغلىق خوجىلارنىڭ تەسىرى بۇ يەرلەرگە يېتىپ

كەلگەنىدى، يەرلىكلەر كېيىنچە يېنىۋالغان بولسىمۇ بىراق مۇھەممەدخان دەۋرىگە كەلگەندە قاراتاغلىق خوجىلارنىڭ بۇ رايوندىكى دىنىي نوپوزى مۇقىملاشقانىدى، شۇڭا ئاقتاغلىقلار بۇنداق بىر ماكاندا زورىيىمەن دېسە ناھايىتى كۆپ مۇشكۇلاتلارغا دۇچ كېلەتتى، قۇمۇلنىڭ شىمالىدىكى تەڭرىتاغدىن ھالقىپ ئۆتسە بۇتقا چوقۇنىدىغان ئويراتلارنىڭ يايلىقى بولۇپ، مۇھەممەد يۇسۇپ ئۇ جايدا ھېچنەرسە قىلالمايتتى. شۇڭا بۇ مەزگىلدە ئاقتاغلىق خوجىلارنىڭ پاسىبانى مۇھەممەد يۇسۇپ ئاساسەن قۇمۇل ۋە ئۇنىڭ شەرقىدىكى خېشى كارىدورى ئەتراپلىرىدا دىنىي تەرغىبات بىلەن شۇغۇللاندى.

ھىجرىيە 1044 - يىلى (1634—1635) ئابدۇللاخان شەرقىي قىسىمدىكى پۈتۈن كۈچىنى توپلاپ غەربىي قىسىمدىكى يەركەن خانلىقىغا ھۇجۇم قوزغىدى ۋە ئاقسۇنى ئىشغال قىلىپ قەشقەرگە قىستاپ كەلدى. يەركەن خانلىقى قاراتاغلىق خوجىلارنىڭ سىياسىي قوللىغۇچىسى ۋە ھىمايىچىسى بولغاچقا يەركەن خانلىقىنىڭ مەغلۇبىيىتى شۈبھىسىز قاراتاغلىق خوجىلارنىڭ پۈتۈن مەملىكەتتىكى تەسىرىنىڭ ئاجىزلاپ كېتىدىغانلىقىنىڭ ئىنكاسى ئىدى. ۋەزىيەتتىكى بۇخىل ئۆزگىرىش ئاقتاغلىقلار مەزھىپىدىكى مۇھەممەد يۇسۇپنىڭ غەربكە قاراپ كېڭىيىشىگە ئۈمىد ئاتا قىلدى. ئالاھازەل مۇشۇ مەزگىللەردە ئۇ دىنىي تەرغىباتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى خانلىقنىڭ شەرقىدىن غەربكە يۆتكىدى. ھىجرىيە 1048 - يىلى (1638—1639) ئابدۇللاخان ئاخىرقى ھېسابتا تەختتىكە ئولتۇرۇپ پۈتكۈل يەركەن خانلىقىنىڭ خانى بولغاندىن كېيىن مۇھەممەد يۇسۇپ 11 - 12 ياشلارغا كىرىپ قالغان ئوغلى ھىدايىتۇللانى ئەگەشتۈرۈپ خانلىقنىڭ غەربىي قىسمىغا كۆچۈپ كەلدى، بىراق ئەھۋال مۇھەممەد يۇسۇپنىڭ ئارزۇسىدىكىدەك

بولماي قالدى. گەرچە ئابدۇللاخان ئەسلىدىكى يەركەن هاكىمىيىتىنىڭ رەقىبى بولسىمۇ قاراتاغلىقلارنىڭ داھىيسى خوجا شادى سەل ئىلگىرى مەۋقەسىنى ئۆزگەرتىشكە ئۈلگۈرۈپ ئابدۇللاخاننىڭ قوللىغۇچىلىرىدىن بولۇپ قالغانىدى، شۇڭا يەركەن خانلىقىنىڭ ئوردىسىدا خان ئالماشقاندىن كېيىنمۇ قاراتاغلىقلار ھېچقانداق زىيان - زەخمەتكە ئۇچرىمىدى، خوجا شادى يەنىلا خانلىقنىڭ سىياسىي تۇرمۇشىدىكى ئاساسلىق ئىشتىراكچى ۋە ئىش تەۋرەتكۈچى بولۇۋەردى، يەركەن يەنىلا قاراتاغلىقلارنىڭ مۇستەھكەم بارگاھى بولۇش سۈپىتى بىلەن سىرتتىن كەلگەن ئاقتاغلىقلارغا ھېچقانداق يوچۇق قالدۇرمىدى. شۇڭا خوجا مۇھەممەد يۈسۈپ ئۇرۇش مالىمانچىلىقى يېڭىلا تىنچىتىلغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قەشقەردە پۇت دەسسەپ تۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. بىراق، خوجا مۇھەممەد يۈسۈپ ئۆزىنىڭ كېلەچەكتىكى دىنىي تەرغىبات ۋە تەرەققىيات ئەھۋالىغا قارىتا تولۇق ئىشەنچتە ئىدى: ئابدۇللاخان ھەرگىزمۇ خوجا شادى باشچىلىقىدىكى قاراتاغلىقلارنىڭ دېيىشىغا ئۇسسۇل ئوينايدىغان ئىلگىرىكى ئىككى خانغا ئوخشىمايتتى، ئاقتاغلىق خوجىلارنىڭ ئابدۇللاخاننىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرەلىشىدىن يەنىلا ئۈمىد بار ئىدى، پەقەت دەھرىي ھاكىمىيەتنىڭ قوللىشى ۋە ھىمايىسىگە ئېرىشىۋالسىلا بۇ كەڭ زېمىندا كەڭ تەرەققىيات ئىستىقبالىنى ياراتقىلى، قورقماي تۇرۇپ قاراتاغلىقلار بىلەن تىركەشكىلى ھەتتا قارشى تەرەپنى يەڭگىلى بولاتتى. خوجا مۇھەممەد يۈسۈپ ئىزچىل مۇشۇ ئۈمىدتە بولۇپ كەلدى، ھىجرىيە 1053-يىلى (1643—1644) خوجا شادى ئالەمدىن ئۆتكەندە مۇھەممەد يۈسۈپ يەركەن ئوردىسىغا ئاتلىنىپ ئابدۇللاخان ھاكىمىيىتىنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرمەكچى بولدى[20].

ھالبۇكى، ئاقتاغلىق خوجىلار ئاقىۋەت يەنىلا ئابدۇللاخان ئوردىسىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشەلمىدى، ئەكسىچە ئاقتاغلىقلار مەزھىپىنىڭ تېز روناق تېپىشى ۋە زورىيىشى ئۇنىڭ يەركەن خانلىقىغا قارشى كۈچلەر بىلەن بىرلەشكەنلىكىنىڭ نەتىجىسى ئىدى. ئالدىنقى بايانلاردا كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئابدۇللاخان يەركەن خانلىقىنىڭ تەختىنى تارتىۋېلىپ خانلىقنى يىگىرمە يىلدىن ئارتۇق باشقۇرغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ھاكىمىيىتى يەنىلا ئاغىمچى بولغان بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن يەركەن خانلىقىنىڭ ئىلگىرىكى ۋەزىر - ۋۇزرالىرىنىڭ كۆپىنچىسىگە قارىتا كۆڭلىدە شۈبھە ساقلاپ كېلىۋاتاتتى، مەركىزىي ھاكىمىيەتنى مۇستەھكەملەش ۋە خانلىقنىڭ مۇقىملىقىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن ئابدۇللاخان بىر قاتار كەسكىن تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، بۇ سابىق ۋەزىر - ۋۇزرالارغا زەربە بەردى ۋە ئۇلارنى چەكلەپ تۇردى، ھەتتا بىر قىسىم "گۇمانلىق"لىرىنى سىياسەت تىغىدىن ئۆتكۈزدى، شۇنىڭ بىلەن بېسىمغا ئۇچرىغان بۇ فېئوداللار ئاقسۆڭەكلەر خانلىقنىڭ غەربىي قىسمىدا خانلىققا قارشى ئىجتىمائىي كۈچ بولۇپ تەشكىللەندى. ئۇنىڭدىن سىرت، قاراتاغلىقلار مەزھىپىگە مەنسۇپ بولمىغان بىر قىسىم دىنىي فېئوداللارمۇ باستۇرۇلدى، بۇنىڭ بىلەن خوجا شادىنىڭ دىنىي ساھەدىكى ھاكىممۇتلەقلىقى تېخىمۇ كۈچىيىپ، ئاقىۋەتتە دىنىي ساھەدە يەركەن خانلىقىغا قارشى بىر ئېقىم شەكىللەنگەندىن باشقا بېسىمغا ئۇچرىغان مۇسۇلمانلار ئارىسىدىمۇ قاراتاغلىقلارغا بولغان نارازىلىق بارغانسېرى كۈچىيىشكە باشلىدى. خوجىلار مەركىزىي ھاكىمىيەتنىڭ قوللىغۇچىسى بولۇۋاتقان ئەھۋالدا خوجىلارغا قارشى چىققانلىق ماھىيەتتە مەركىزىي ھاكىمىيەتكە قارشى چىققانلىققا باراۋەر ئىدى. شۇڭا قاراتاغلىق خوجىلار بىلەن ئۇزۇندىن بېرى تۇتۇشۇپ كېلىۋاتقان ئاقتاغلىق خوجىلار مەركىزىي ھاكىمىيەتكە قارشى

ئىجتىمائىي-سىياسىي كۈچلەرنىڭ قوللاپ - قۇۋۋەتلىشىگە ۋە قاراتاغلىقلارغا نارازى بولۇۋاتقان مۇسۇلمانلارنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشتى ھەمدە تېز سۈرئەتتە روناق تاپتى، بولۇپمۇ ئابدۇللاخاننىڭ ئوغلى، قەشقەر نائىبى يولبارس سۇلتان (يولۋاس سۇلتان) بىلەن بىرلەشكەندىن كېيىن تەسىرى تېز ئېشىپ، ناھايىتى تېزلا قاراتاغلىقلار بىلەن تىركىشەلىگۈدەك دىنىي كۈچ بولۇپ شەكىللەندى، ئۇلار قەشقەرنى بازا قىلىپ تۇرۇپ، خانلىق تەۋەسىدە قاراتاغلىقلار بىلەن پۈت تېپىشىشكە باشلىدى.

## 2. قاراتاغلىقلار ۋە ئاقتاغلىقلار ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇش

شاھ مەھمۇد جوراس «ئەنىسەتتالىبىن» دا مۇنداق يازىدۇ:

"ھەزرىتى ئىشان يەنى ھەزرىتى خوجا شادى خوجام (ئاللا ئۇنىڭ ياتقان جايىنى پاك قىلغاي!) 56 يېشىدا كەرەملىك ئاللانىڭ ھۆكمىگە بىنائەن پانىي دۇنيادىن باقىي ئالەمگە سەپەر قىلدى. شانۇ شەۋكەتلىك پىر ئۇستازلىق خوجا ساپى خەلىپە نامى بىلەن مەشھۇر بولغان خوجا سەئىد خەلىپە㉑گە ئۆتتى. ھەزرىتى ئىشان قەشقەردە ئاللانىڭ پاناھىغا كەتتى، خوجا خەلىپە (ئاللا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلغاي!) ئۇنىڭ مېيىتىنى ئېلىپ قايتىپ كەلدى. ئابدۇللاخان (ئۇنىڭغا ئاللا گۇۋاھ بولسۇن!) ئەمىرلەر، بەگ - تۆرىلەر ۋە ئۇلۇغ - ئۇششاقلارنىڭ ھەمراھلىقىدا ئالدىغا چىقىپ كۈتۈۋالدى. خوجا ساپى خەلىپە (ئاللا ئۇنىڭ ياتقان جايىنى پاك قىلسۇن!) تۆگىنىڭ چۇلۇۋۇرىدىن يېتىلەپ كېلىۋاتاتتى، كەرەملىك زاتنىڭ مۇبارەك بويى ئاشۇ تۆگىگە ئارتىلغانىدى...... خەلىپەم ۋە بارلىق تارقان - بەگلەر ئەزىز مېيىتنى ئالتۇنلۇق㉒قا ئېلىپ كەلدى.

ئابدۇللاخان ( ئاللا ئۇنىڭ شىپھىتلىكىنى ئىپارغا تولدۇرغاي! ) ئۇنى ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ يېنىغا قويدى. خوجا ساپى خەلىپە ( ئاللا ئۇنىڭ ياتقان جايىنى يورۇق قىلغاي! ) ئاشۇ مازارنىڭ يېنىغا كەڭ - ئازادە قىلىپ 40 خانىقا سالدۇردى ۋە شۇنىڭدا تۇردى. ئۇ زاماندا خوجا ساپى بارچە بەگ - تۆرىلەرنىڭ كاتتىسى ۋە خەلىپىلەرنىڭ خەلىپىسى بولۇپلا قالماي يەنە جانابى كەرەملىك (خوجا شادىنى دېمەكچى - نەقىل ئالغۇچىدىن) نىڭ ۋارىسى ئىدى“㉓. ھەزرىتى ئىشان يەنى يەركەن خانلىقىنىڭ چوڭ ھوقۇقىنى تىزگىنلەپ تۇرۇۋاتقان قاراتاغلىقلارنىڭ پاسىبانى خوجا شادى 56 يېشىدا قەشقەردە ۋاپات بولغان. گەرچە بۇ باياندا بۇ ۋەقە يۈز بەرگەن كونكرېت ۋاقىت كۆرسىتىلمىگەن بولسىمۇ، شاھ مەھمۇد جوراس مەزكۇر ئەسىرىنىڭ باشقا جايىدا ”ئەمدىلا يەتتە يېرىم ياشقا كىرگەن مۇھەممەد يەھيا خوجا يەنى خوجا شادى مۇھەممەدخان دەۋرىدە خانلىققا كەلگەن، مۇھەممەدخان قازا قىلغاندا ئۇ 21 ياشقا كىرىپ قالغانىدى“㉔ دەپ ئېنىق كۆرسەتكەن. شۇنداق بولغاندا خوجا شادىنىڭ ھىجرىيە 997 - يىلى (1588—1589) تۇغۇلغانلىقى، 56 يىل ياشاپ ۋاپات بولغان يىلىنىڭ ھىجرىيە 1053 - يىلى (1643—1644) ㉕ ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز. بۇ دەل ئابدۇللاخان تەختنى تارتىۋالغىلى تۆت يىل بولغان، ئاقتاغلىق خوجىلاردىن مۇھەممەد يۇسۇپ ئاتا - بالىنىڭ ئەمدىلەتىن قەشقەردە پۇت تىرەپ مۇشۇ جاينى مەركەز قىلغان ھالدا دىنىي تەرغىبات بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ۋە ئاقتاغلىقلارنىڭ تەسىرىنى زورايتىۋاتقان مەزگىلى ئىدى. دىققەت قىلىشقا تېگىشلىكى خوجا شادى ئۆزىنىڭ چوڭ بارگاھى بولغان يەركەندە ئەمەس، بەلكى ئاقتاغلىق خوجىلار ئىگىلەپ تۇرۇۋاتقان قەشقەردە ئۆلگەن، ئاندىن ئۇنىڭ مۇرىتلىرىدىن خوجا ساپى مېيىتنى پايتەخت يەركەنگە يۆتكەپ

كەلگەن. قارىغاندا خوجا شادى بەكلا ئۇشتۇمتۇت قازا قىلغان بولسا كېرەك. خوجا شادىنىڭ ئۆلۈش سەۋەبى ۋە ئەينى ۋاقىتتىكى كونكرېت ئەھۋاللار توغرىسىدا يۇقىرىقى خاتىرە ۋە باشقا ئالاقىدار ماتېرىياللاردا ھېچقانداق شەرھ بېرىلمىگەچكە بىزمۇ بۇ ھەقتە بىر نەرسە دېيىشكە ئىلاجسىزمىز. لېكىن، خوجا شادىنىڭ قەشقەر سەپىرىنى ئەينى ۋاقىتتىكى كونكرېت ۋەزىيەتكە ئاساسەن ئاقتاغلىق خوجىلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك دېيىشكە بولىدىغاندەك قىلىدۇ. ئاقتاغلىق خوجىلاردىن مۇھەممەد يۇسۇپ خوجا ئاتا ـ بالىنىڭ پائالىيىتى جەزمەن قاراتاغلىقلارنىڭ بۇ داھىيسىنىڭ دىققىتىنى قوزغىغان، ھەتتا ئۇنى بىئارام قىلغان، ئىككى مەزھەپ ئوتتۇرىسىدىمۇ نۇرغۇن سۈركىلىشلەر كۆرۈلگەن، خوجا شادىنىڭ ئۆزىنىڭ يارامىلىق ياردەمچىسى خوجا ساپىنى ئېلىپ قەشقەرگە كېلىشىدە جەزمەن مۇھىم دىنىي تەرغىبات مۇددىئاسى بولغان، شۇنداقلا جەزمەن ئاقتاغلىقلار بىلەن تۇتۇشقان. يامان يېرى، ئوردىغا بىر كەلگەن بۇ دىنىي فېئودال كاتتىۋاش مانا مۇشۇ ھالقىلىق پەيتتە تۇيۇقسىز قازا قىلغان. بۇ شۈبھىسىز ئۇنىڭ رەقىبى بولغان ئاقتاغلىقلارنىڭ روناق تېپىشى ئۈچۈن پايدىلىق پۇرسەت ئىدى. ھالبۇكى، ئالىي رەھبىرىدىن ئايرىلىپ قالغان قاراتاغلىقلار سەركىسىز قالغان پادىدەك تېرىلىپ كەتمىدى، ئۇلاردىكى رەھبەرلىك ھوقۇقى پىر ئۇستازلىق شەكلىدە خوجا ساپى خەلىپىنىڭ قولىغا ئۆتتى، كېيىنكى پاكىتلار شۇنى كۆرسەتتىكى، ھوقۇقىغا ۋارىسلىق قىلغان بۇ كىشى ھەرگىزمۇ بوش ئادەم ئەمەس ئىدى. خۇددى ئاتىسى شۇتۇر خەلىپە ئەينى ۋاقىتتا خوجا شادىغا ياردەملەشكەندەك خوجا ساپى خەلىپىمۇ خوجا شادىنىڭ ئوغۇللىرى خوجا مۇھەممەد ئابدۇللا ۋە خوجا ئۇبەيدۇللا باشچىلىقىدىكى قاراتاغلىقلار مەزھىپىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك قوغداپ قالالىدى.

خوجا شادى ئۆلگەندىن كېيىن ئاقتاغلىق خوجا مۇھەممەد يۈسۈپ يەركەنگە خىرىس قىلىشقا باشلىدى. مۇھەممەد سادىق قەشقەرى «تەزكىرەئى خوجىگان» دا مۇنداق يازىدۇ:

”خوجا شادى قازا قىلغاندىن كېيىن يەركەندە ئابدۇللا ۋە ئۇبەيدۇللا دېگەن ئىككى ئوغلى قالدى، يۈسۈپ خوجا يەركەنگە كېلىپ خوجا شادىنىڭ مازىرىغا دۇئا - تەكبىر ئوقۇپ سەجدە قىلدى، شۇ چاغدا سۇلتان ۋە كۆپلىگەن ئاۋام پۇقرا ئۇنىڭغا ئەگىشىپ باغلاپ خوجا شادى ئەۋلادلىرىدىن يىراقلاشتى، ئۇلارنىڭ مۇرىتلىرى بۇنىڭغا قاتتىق رەنجىدى ۋە سۇلتاننى تەنقىد قىلدى. شۇنىڭ بىلەن سۇلتان ئەتە جاۋاب بېرەي دەپ كېتىپ قالدى. شۇ كېچىسى سۇلتان بىر چۈش كۆردى، چۈشىدە ئالتۇنلۇق مازىرىدىكى خوجا شادىنىڭ قەبرىسىدىن بىر بوتىلاق چىقىپ يوغان بىر بۇغرانى قوغلاپ ئۆلتۈرۈۋالغۇدەك. سەھەردە يۈسۈپ خوجا سۇلتان بىلەن خوشلاشمايلا كېتىپ قالدى. يەركەندىن چىقىپ بىر كۈن مېڭىپلا ئاغرىپ قالدى ۋە توپلۇق دېگەن جايدا قازا قىلدى. ھەزرىتى ئاپاق كېلىپ ئۇنىڭ مېيىتىنى ئېلىپ كەتتى ۋە ياغدۇ دېگەن جايغا دەپنە قىلدى“㉖.

ئاقتاغلىق خوجىلاردىن مۇھەممەد يۈسۈپ مەرھۇمنىڭ روھىغا دۇئا قىلىش نامىدا يەركەنگە كەلگەن ۋە قاراتاغلىقلار قۇدرەتلىك سەرداردىن ئايرىلىپ قالغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ يەركەندىكى دىنىي رەھبەرلىك ھوقۇقىنى تارتىۋالماقچى، ئاندىن تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ مەركىزىي ھاكىمىيەتنى كونترول قىلماقچى بولغان. قارىغاندا ئۇنىڭ بۇ ئىشلىرى مەلۇم ئۇتۇق قازانغاندەك قىلىدۇ، ئۇنىڭغا بىر قىسىم مۇرىتلار ئەگەشكەن، ھەتتا ئابدۇللاخانمۇ تەۋرىنىپ قالغان. ئەمما قاراتاغلىق خوجىلار بۇنىڭغا قەتئىي قارشىلىق كۆرسىتىپ ۋەزىيەتنى ئوڭشىۋالغان ۋە مۇھەممەد يۈسۈپنى يەركەندىن قوغلاپ چىقارغان، مۇھەممەد يۈسۈپ

قەشقەردىكى بازىسىغا قايتىش يولىدا تۇيۇقسىز قازا قىلغان.

يەركەندە يۈز بەرگەن بۇ قىيتىمقى مەزھەپلەر كۈرىشى توغرىسىدا يەركەن خانلىقىدىكى تارىخشۇناس، قاراتاغلىقلارنىڭ مۇرىتى شاھ مەھمۇد جوراس خېلى ئېنىق تەپسىلاتلارنى خاتىرىگە ئالغان:

"خوجا مۇھەممەد يۇسۇپ (ئاللا ئۇنى مەغپىرەت قىلغاي!) قەشقەردىن يەركەنگە كەلدى. خەلىپەم ئالدىنقى كۈنى تۈن نىسبىدە خوجام㉗نىڭ ئىككى بايۋەچچىسىنى چەۋەندازلارچە كىيىندۈرۈپ ئابدۇللاخاننىڭ چېدىرىغا ئەۋەتتى ۋە: 'مۇھەممەدخان ۋە ئابدۇرەھىمخان سەلتەنەتىدىن تا ھازىرغا قەدەر ئەل - يۇرت ئۇلۇغ ھەزرىتى ئەزىزانغا مۇھتاج بولۇپ كېلىۋاتىدۇ. خوجا شادى خوجام (ئاللا ئۇنىڭ روھىنى پاك قىلغاي!) (يەنى يۇقىرىدا ئېيتىلغان ھەزرىتى ئىشان) ھەزرىتى ئەزىزاندىنمۇ تۆۋەن تۇرىدىغان سىلىنى مۇرىتلىققا قوبۇل قىلدى. مۇھەممەدخان ۋە ئابدۇرەھىمخان زامانىسىدىن تارتىپ مەۋجۇت بولۇپ كېلىۋاتقان مۇھتاجلىق ھەل بولدى، ھەل بولغاندىمۇ ھەسسىلەپ ھەل بولدى. ھازىر شۇم كەلگىندىلەر ئاياغ بېسىپلا قالماي، يەنە مۇشۇ يەرنى ماكان قىلىۋالماقچى بولۇۋاتىدۇ. ئۆزلىرى خان بولغاندىن سىرت يەنە خەلىپىلەرنىڭ خەلىپىسىدۇرلا. ئەگەر ئاشۇ چۈپرەندىلەر شەۋكەتلىك بايۋەچچىلەرنى قولغا كەلتۈرۈۋالسا جەزمەن ئۇلارنىڭ ۋارىسلىق ھوقۇقىنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەمدى قانداق قىلىش كېرەكلىكىنى ئۆزلىرى قارار قىلسىلا، دېدى. ئابدۇللاخان بۇنىڭغا قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، خەلىپەمنىڭ ئالدىدا تۇۋا قىلدى: 'ئەي خەلىپەم، مۆرۋۋەتلىك ئەزىزان ۋە بىزنىڭ يولباشچىمىزسىز. بىز باشقىلارغا مۇھتاج ئەمەس' دېدى. ئابدۇللاخان (ئاللا ئۇنىڭ ياتقان جايىنى يورۇق قىلسۇن!) خوجا

مۇھەممەد يۈسۈپ خوجا (ئۇنىڭ شېھىتلىكى ئىپارغا تولسۇن!) غا ئىتائەت قىلمىدى، ئۇنىڭغا مۇرىت بولمىدى، پۈتكۈل يەركەنلىكلەرمۇ ئىتائەت قىلمىدى. مىر ئابدۇللا بەگ يەركەننىڭ نەقىبى بولۇپ، ئابرۇيلۇق كىشى ئىدى. ئۇ خوجا مۇھەممەد سادىق خەلىپىگە: ’كەمىنە خوجا مۇھەممەد يۈسۈپ خوجا (ئاللا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) غا چىن دىلىمدىن تۇۋا قىلىشنى ئىستەيمەن، ئۆزلىرى ماڭا ھەمراھ بولسىلا ھۆرمەتلىك ئاتىلىرى خوجا ساپى خەلىپە (ئاللا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلغاي!) مۇ باشقا كۆزدە قارىمايدۇ. پېقىر تەھجىد (tahjid) ۋاقتىدا كۆرۈنۈش قىلاي، بامدات ۋاقتىدا خوجا بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭغا مۇرىت بولايلى‘ دېدى. خوجا مۇھەممەد سادىق خەلىپە (ئاللا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلغاي!): ’سىلىنىڭ تاللىغانلىرى... قىلايلى‘㉘ دېدى. مۇھەممەد سادىق خەلىپە تۈن نىسپىدىن ئىلگىرى ئورنىدىن تۇرۇپ غۇسلى قىلدى ۋە ئىستىكاپقا كىردى. تەھجىد ۋاقتى بولغاندا مۇھەممەد سادىق خەلىپە (ئاللا ئۇنىڭ شېھىتلىكىنى ئىپار قىلسۇن!) تەھجىدنى ئوقۇپ، مىر ئابدۇللا بەگنىڭ كېلىشىنى كۈتتى. مىر ئابدۇللا خوجا بامدات ۋاقتىغىچىمۇ كەلمىدى. ئۇ خانىقادا بامداتنى ئوقۇپ دۇئا قىلىپ بولغاندىن كېيىن سۈرە ياسىن㉙نى ئوقۇشقا باشلىدى. مىر ئابدۇللا خوجىنىڭ مەھرىمى كېلىپ... مۇھەممەد سادىق خەلىپە (ئاللا ئۇنىڭ ياتقان جايىنى يورۇق قىلغاي!) مىر ئابدۇللا بەگنىڭ ئۆيىگە ماڭدى. قارىسا مىر ئابدۇللا بەگ ھەزرىتى خوجا مۇھەممەد يۈسۈپ خوجىغا ئېيتقانلىرىدىن پۈتۈنلەي يېنىۋالغانىكەن، ئۇ مۇھەممەد سادىق خەلىپىگە ئىتائەت قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ: ’ئاتىلىرى خوجا ساپى خەلىپە يوق، ئۇ توققۇز كەندكە كەتتى، پېقىر ئۆزلىرىگە ساداقىتىمنى بىلدۈرىمەن‘ دېدى. ئۇ ساداقىتىنى خەلپەمگە

بېغىشلىدى. خەلىپەم ئەھۋالنى سورۇشتۇرۇپ بېقىۋېدى مىر ئابدۇللا بەگ: ‹پېقىر بىر چۈش كۆردۈم، چۈشۈمدە بىراۋ خوجا ساپى خەلىپە (ئاللا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) خوجا مۇھەممەد يۇسۇپ خوجا (ياتقان جايى پاك بولسۇن!) نى تۇتۇپ قەتل قىلماقچى › دەپ جاكارلاپتۇدەك. شۇ ۋاقىتتا ئۆزلىرى كېلىپ: ‹ھاي - ھاي، كىشىلەر ئۇنى ھەرقاچان ـ ھەرزامان قوغداپ تۇرىدۇ› دەپلا. خوجا مۇھەممەد يۇسۇپ خوجا شۇ چاغدا بابا سۆگەت دېگەن جايدا تۇرۇشلۇق ئىدى. خوجا ساپى خەلىپە (ياتقان جايى يورۇق بولسۇن!) شەھەر تەرەپتىن چىقىپ كەپتۇدەك. ئۇ تۈنۈگۈندىن تارتىپ خوجىنىڭ ئىككى بەگزادىسىنى ئەگەشتۇرۇۋالغانىكەن، ئۇشبۇ چاغدا ئۇ ئىككى بەگزادىنى ئىززەت - ئىكرام بىلەن تېرىگە ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ: ‹ئەي بەگلىرىم، مۇشۇ يەردە بىر ئاش پىشىم ئولتۇرۇپ تۇرۇڭلار. كىمدەكىم سىلەرنىڭ ۋارىسلىق ھوقۇقىڭلارنى تارتىۋالماقچى بولىدىكەن، مەن ئۇنىڭ جېنىنى جەھەننەمگە ئۇزىتىۋېتىمەن!› دېدى. ئۇلار يەڭلىرىنى شىمايلاپ تۇتۇشتى. بىرىنچى مەرتەمدە خەلىپەم خوجىنى ئىتتىرىپ يەرگە چاپلىۋەتتى، ھەزرىتى خوجىنىڭ بېشى يەر بىلەن بىرلىشىپ كەتتى، ئەتراپتىن قىقاس - چۇقان سادالىرى كۆتۈرۈلۈپ كۆكنى تىترىتىۋەتتى. چۆچۈپ ئويغانسام چۈشۈمكەن، شۇنىڭ بىلەن دەرھال نىيىتىمدىن يېنىپ ئۆزۈمنى ئىشانغا تاپشۇردۇم“㉚.

بۇنىڭدىن ئاقتاغلىق خوجىلارنىڭ ھەيۋىتىنى، قاراتاغلىقلار بىلەن بولغان كەسكىن كۆرەشلىرىنى كۆرەلەيمىز، خوجا مۇھەممەد يۇسۇپنىڭ تىرىشىشى بىلەن يەركەندىكى ۋەزىيەت بىراقلا قاراتاغلىقلارغا پايدىسىز تەرەپكە يۈزلەندى. ئەمما كۆپ قىسىم پۇقرا ۋە ۋەزىر - ۋۇزرالار مۇھەممەد يۇسۇپكە مۇرىت بولۇشقا تەمشىلىۋاتقان، ھەتتا خانلىقنىڭ ئەڭ ئالىي ھۆكۈمرانى بولغان

ئابدۇللاخانمۇ تەۋرىنىپ قېلىۋاتقان، ۋەزىيەت قىل ئۈستىدە تۇرۇۋاتقان مانا مۇشۇنداق ھالقىلىق پەيتتە پىر ئۇستاز خوجا شادىنىڭ ۋارىسى خوجا ساپى خەلىپە پەۋقۇلئاددە تالانتىنى نامايان قىلدى، ئۇنىڭ يولباشچىلىقىدا قاراتاغلىقلار كۈچلۈك قايتۇرما زەربىگە ئۆتتى. خوجا ساپى خوجا شادىنىڭ ئىككى ئوغلى خوجا مۇھەممەد ئابدۇللا ۋە خوجا ئۇبەيدۇللانى قاراتاغلىقلارنىڭ سەردارى قىلىپ ۋە ئۇلارنى قانات ئاستىغا ئېلىپ، ئۇلارنىڭ خوجىلىق سالاھىيىتىنى پەش قىلىپ تۇرۇپ خوجا مۇھەممەد يۇسۇپ بىلەن مۇرەسسەسىز ئېلىشتى، يەنە ئابدۇللاخاننى قولغا كەلتۈرۈپ ۋەزىيەتنى مۇقىملاشتۇردى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا زورلۇق ئىشلىتىش قاتارلىق ھەرخىل ۋاستىلەردىن پايدىلىنىپ ئاقىۋەت خوجا مۇھەممەد يۇسۇپنى مەغلۇپ قىلدى، شۇنىڭ بىلەن تەۋرىنىپ قالغان ئاشۇ مۇسۇلمانلار يېڭىۋاشتىن قاراتاغلىقلارنىڭ ئايىغىغا باش قويدى.

يۇقىرىقى نەقىلدىكى بىر نۇقتا بەكلا دىققىتىمىزنى تارتىدۇ: خانلىقنىڭ ئالىي ئەمەلدارلىرىدىن نەقىب مەنسىپىدىكى مىر ئابدۇللا خوجا شەخسەن ئاقتاغلىق مۇھەممەد يۇسۇپ خوجىغا مۇرىت بولۇشقا تەييارلانغاندىن سىرت يەنە خوجا ساپى خەلىپىنىڭ ئوغلى مۇھەممەد سادىقنى قولغا كەلتۈرمەكچى بولغان. "نەقىب"— كۆپ ۋەزىپىلىك ئەمەل. مەھمۇد ئىبنى ۋەلى «بەھرۇل ئەسرار» دا نەقىبنىڭ ئورنىنىڭ ناھايىتى يۇقىرى بولىدىغانلىقىنى، ئوردا كېڭەشلىرىدە خاننىڭ سول تەرىپىدە ئولتۇرىدىغانلىقىنى، ۋەلىئەھدىنىڭ ئۈنىڭدىن تۆۋەندە ئولتۇرىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ㉛. «تارىخ» نىڭ رۇسچە نۇسخىسىنى ئىشلىگەن ئاكىمۇشكىننىڭ قارىشىچە، بۇ يەردىكى "نەقىب" نامى مەمۇرىي ۋەزىپىدىكى مەنسەپ دەرىجىسىنى ئەمەس، بەلكى دىنىي ساھەدىكى سالاھىيەتنى كۆرسىتىدىكەن㉜.

سىمىئونوۋا "نەقىب" مەنسىپىنىڭ سەئىد جەمەتىگە خاس ئىكەنلىكىنى، "لەشكىرىي يۈرۈش، يۆتكىلىش ۋە ئۇرۇش مەزگىللىرىدە قوشۇنلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش، ئەسلىھەلەرنى بىر تەرەپ قىلىش، تۇرشاۋۇل قوشۇن، ئارقا سەپ مۇداپىئەسى، ئوڭ-سول قانات، ئوتتۇرا قوشۇن ۋە بۆكتۈرمە نۇقتىلىرى قاتارلىقلارنى ئىگىلەش قاتارلىق ئىشلارغا مەسئۇل بولغاچقا خالىغان بىرەر مەنسەپتىكى كىشىنى ئۇنىڭغا يات بولغان بۇ ئىشقا قويغىلى بولمايدىغانلىقىنى"㉝ ئېيتىدۇ. خانىكوفنىڭ ئېيتىشىچە، "نەقىب" ئادەتتە ئەمىرلەر يېتىشمىگەندە نەۋكەرلەرنى تەكشۈرۈپ تۇرغۇچى بولۇپ، مەنسەپ دەرىجىسى لەشكىرىي سودىيەدىن يۇقىرى تۇرىدىكەن㉞. يۇقىرىقىلارنى ئومۇملاشتۇرۇپ قارىغاندا "نەقىب" مەنسىپىنىڭ خاس سەئىد جەمەتىدىن بولغان دىنىي زاتلارغا بېرىلىدىغانلىقى، ئۇنىڭ قوشۇنلارنى نازارەت قىلىش فۇنكسىيىسىگە ئىگە ئىكەنلىكى مەلۇملۇق. شۇنداق بولغاندا "نەقىب" بولغان مىر ئابدۇللانىڭ مەۋقە ئۆزگەرتىشى ئاقتاغلىق خوجىلاردىن مۇھەممەد يۇسۇپنىڭ خانلىقتىكى يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلارغا كۆرسەتكەن تەسىرىنىڭلا ئەمەس، تېخىمۇ مۇھىمى ئەينى ۋاقىتتىكى يەركەن دىنىي زاتلىرىنىڭ مۇرەككەپلىكى ۋە ئۇلارنىڭ ئاقتاغلىقلارغا بولغان كۆز قارىشىنىڭمۇ ئىنكاسى بولۇپ، ئەھمىيەت نۇقتىسىدىن ئىككى تەرەپلىمىلىككە ئىگە ئىدى. خوجا ساپى خەلىپىنىڭ ئوغلى مۇھەممەد سادىق خەلىپىنىڭ مەۋقەسىگە كەلسەك نەقىل كەلتۈرۈلگەن ماتېرىيالدىكى كەمتۈكلۈك تۈپەيلىدىن بىرەر ئېنىق يەكۈن چىقىرىشقا ئىلاجىسىزمىز، ئەمما بۇ بىر مەيدان كۆرەشتە ئۇنىڭ ئاتىسى بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ قاراتاغلىقلارنىڭ مەنپەئەتىنى قوغدىغانلىقى شۈبھىسىز. ئەمما مىرئابدۇللانىڭ ئۇنى ئۆزىگە يولداش قىلىۋېلىش خىيالىغا كەلگەنلىكى ئەينى ۋاقىتتا

بۇنىڭغا مەلۇم ئىمكانىيەتنىڭ بارلىقىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ ئەھۋاللار مۇھەممەد يۇسۇپ خوجىنىڭ يەركەندىكى دەسلەپكى قەدەملىك دىنىي تەرغىباتلىرىنىڭ خېلىلا ئۇتۇقلۇق بولغانلىقىنى، كەڭ پۇقرالار ۋە خانىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان يۇقىرى قاتلام ھۆكۈمرانلىرىنىڭ قوللىشى ۋە ھېسداشلىقىنى قولغا كەلتۈرۈپلا قالماي يەنە دىنىي ساھەدە زور تەسىر پەيدا قىلغانلىقىنى، ھەتتا قاراتاغلىقلار مەزھىپىنى پارچىلىۋېتىش خەۋپىنى كەلتۈرۈپ چىقارغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

يۇقىرىقى ئىككى نەقىلدە بىردەك ”چۇش“كە دائىر بايانلار خاتىرىلەنگەن، بۇ ئەمەلىيەتتە رىۋايەت كۆرەشنىڭ بۇرمىلانغان ئىنكاسى بولۇپ، خوجىلار تەزكىرىسىدىكى دائىملىق ”ئۇسلۇب“ ئىدى. بۇ ئىككى چۇش پەقەت مەزمۇن جەھەتتىنلا پەرقلىنىدۇ: ئالدىنقىسى بەكلا ئىخچام بولۇپ، سىمۋوللاشتۇرۇش ئۇسۇلى قوللىنىلغان، كېيىنكىسىدە ئەمەلىيەت بايان قىلىنىپ كەسكىن ۋە جىددىي كۆرەش كارتىنىسى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىلگەن.

ئۇنىڭدىن باشقا، مۇھەممەد سادىق قەشقەرىنىڭ «تەزكىرەئى خوجىگان» ناملىق ئەسىرىدە مۇھەممەد يۇسۇپ خوجىنىڭ يەركەندىن قەشقەرگە قايتىش سەپىرىدە تۇيۇقسىز قازا قىلغانلىقى ئېيتىلىدۇ، شاھ مەھمۇد جوراس بولسا پەقەت ئاشۇ ”چۇش“نى تەسۋىرلىگەن ۋاقىتتا خوجا سايى خەلپە مۇھەممەد يۇسۇپ خوجىنى ئۆلتۈردى، دەپلا قويىدۇ، ئەمما باياندا بۇ ھەقتە بىر نەرسە دېمەيدۇ، مانا مۇشۇ ئەھۋال بىزنىڭ دىققىتىمىزنى قوزغايدۇ. ئاقتاغلىق خوجىلارنىڭ مۇرىتلىرى يازغان «تەزكىرەئى ئەزىزان» دا ئاشۇنىڭغا ئوخشاپراق كېتىدىغان خاتىرىلەر پۈتۈلگەن، لېكىن ئۇنىڭدا قاراتاغلىق خوجىلارنىڭ يۇسۇپ خوجىنىڭ يەركەنگە كېلىشىگە بەكلا ئىچى تارلىق قىلغانلىقى، ئۇلارنىڭ يۇسۇپ خوجىنى يەركەندىن قوغلاپ چىقىرىپلا قالماي يەنە ئۇنىڭ ئۆلۈمىگە سەۋەبچى بولغانلىقى يەنى

"ئوغا بېرىپ قەستلىگەنلىكى"، شۇنىڭ بىلەن يۇسۇپ خوجىنىڭ قەشقەرگە قايتىش يولىدا قازا قىلغانلىقى قاتارلىقلار ئوچۇق كۆرسىتىلگەن㉟. قارىغاندا، مۇھەممەد يۇسۇپ خوجا قاراتاغلىقلارنىڭ سۈيىقەستى بىلەن ئۆلگەن بولسا كېرەك، قاراتاغلىقلارنىڭ مۇرىتلىرىدىن بولغان مۇھەممەد سادىق قەشقەرى ۋە شاھ مەھمۇد جوراس بۇنى قاتتىق سىر تۇتقان ياكى بايان قىلىپ ئۆتۈشتىن ئۆزىنى قاچۇرغان، ياكى بولمىسا بىۋاسىتە بايان قىلىشقا قۇربى يەتمەي يوشۇرۇن ئىپادىلىگەن. شۇ قېتىملىق توقۇنۇش ۋە مۇھەممەد يۇسۇپ خوجىنىڭ قەستكە ئۇچرىشى ئىككى مەزھەپ ئوتتۇرىسىدىكى ئۆچمەنلىك ۋە قارشىلىقنى تېخىمۇ كۈچەيتمۇەتتى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن خوجا مۇھەممەد ئابدۇللا باشچىلىقىدىكى قاراتاغلىقلار بىلەن ئافاق خوجا باشچىلىقىدىكى ئاقتاغلىقلار ئايرىم-ئايرىم ھالدا يەركەن ۋە قەشقەرنى بازا قىلىپ، ئۆزلىرى كونترول قىلىۋالغان مەركىزىي ياكى يەرلىك ھاكىمىيەتلەر ئارقىلىق خوجىلار جەمەتىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى مەزھەپ كۈرىشىنى ئىككى سىياسىي گۇرۇھنىڭ كۈرىشى بىلەن بىرلەشتۇرۇۋەتتى، قارىمۇقارشىلىق ۋە كۈرەشنىڭ جىددىيلىشىشى نەتىجىسىدە قاراتاغلىقلار ۋە ئاقتاغلىقلار ھاكىمىيەتكە بولغان كونتروللۇقنى كۈچەيتتى، بۇنىڭ بىلەن خانلىقتىكى مەركىزىي ھاكىمىيەت بىلەن يەرلىك ھاكىمىيەت، يەرلىك ھاكىمىيەت بىلەن يەرلىك ھاكىمىيەت ئوتتۇرىسىدىكى قارىمۇقارشىلىقلار تېخىمۇ كۈچىيىپ كەتتى، بۇ ئەھۋالدا رەقىب بولۇپ تۇرۇۋاتقان سىياسىي كۈچلەر كۈرەشنىڭ ئېھتىياجى يۈزىسىدىن دىنىي كۈچلەرگە تېخىمۇ بەكرەك تايانسى، بۇ ئەھۋال ئايلىنىپ كېلىپ مەزھەپ سەردارلىرىنىڭ ھاكىمىيەتنى تىزگىنلىشىنى كۈچەيتمۇەتتى.

## 3. يولۋاس سۇلتاننىڭ تەختنى تارتىۋېلىشى ۋە ئاقتاغلىقلار تەسىرىنىڭ زورىيىشى

ئابدۇللاخان يەركەن خانلىقىنىڭ تەختىنى تارتىۋېلىپ خانلىقنى يېڭىۋاشتىن بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، پۈتۈن زېھنىنى مەركىزىي خان ھوقۇقىنى كۈچەيتىش، يەرلىك بۆلۈنمە كۈچلەر ۋە ئوردىدىكى ھوقۇقدار ۋەزىرلەرنى تازىلاش ئىشلىرىغا قاراتتى. ھىجرىيە 1051 - يىلى (1641—1642) قىرغىزلارغا جازا يۈرۈشى قىلىنغاندا ئابدۇللاخاننىڭ ئۈچىنچى ئىنىسى، خوتەن نائىبى ئىبراھىمنىڭ قوشۇنى چوڭ رول ئوينىدى ۋە زور تۆھپە كۆرسەتتى، بىراق خوتەن نائىبى بولغان ئىبراھىمنىڭ جاسارىتى ۋە قوشۇنىنىڭ قۇدرىتى خاننى بىئارام قىلىپ قويدى. قىرغىزلارنى مەغلۇپ قىلىپ يەركەنگە قايتقاندىن كېيىن ئابدۇللاخان بىر تەرەپتىن ئىنىسىدىن كۆڭۈل سورىدى، يەنە بىر تەرەپتىن خوتەن ئەمىرلىرىنى يىغىپ كېڭەش قىلدى، ئۇلارغا ئىشىنىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ ئۇلارنى ئايرىم - ئايرىم خوتەن رايونىدىكى ھەرقايسى شەھەرلەرگە ھاكىم قىلىپ تەيىنلىدى، بۇ ئەمەلىيەتتە خوتەن نائىبى ۋە ھاكىملىرىنىڭ ئەمەلىي كۈچىنى ئاجىزلىتىش، ئۇلار بىلەن ئەمىرلەرنىڭ مۇناسىۋىتىگە سوغۇقچىلىق سېلىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى. كېيىن ئابدۇللاخان "ئىبراھىمخان ۋە ئىسمايىلخاننى تۇتۇپ، سۈرگۈن قىلىش"[36] مەزمۇنىدا پەرمان چۈشۈردى ۋە پەرماننى ئىجرا قىلىشقا بەگدىن ئىككىنى ئەۋەتتى. ئىبراھىم سۇلتان ۋە ئىسمايىل سۇلتان ئاكىسىنىڭ پەرمانىغا بويسۇنۇپ چالىشقا كەتتى. شۇنداق قىلىپ، يەركەن خانلىقىنىڭ غەربىي قىسمىدا پەقەت ئابدۇللاخان ئەۋلادلىرىدىن بولغان نائىبلارلا قالدى: يەركەندىن قالسىلا ئىككىنچى چوڭ شەھەر ھېسابلىنىدىغان

قەشقەردە ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى يولۋاس سۇلتان ھۆكۈمران ئىدى، شىمالدىكى مۇھىم قورغان ئاقسۇنى ئىككىنچى ئوغلى نۇرىدىن سۇلتانغا تاپشۇردى. بىراق، شۇنداقتىمۇ تەخت تالىشىش ماجىراسىدىن يەنىلا ساقلىنالمىدى، ئۇزۇن ئۆتمەي ئابدۇللاخان ۋە يولۋاس سۇلتان ئاتا ـ بالا ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش كەسكىنلىشىشكە باشلىدى.

يولۋاس سۇلتان ئابدۇللاخاننىڭ چوڭ ئوغلى بولۇپ، ئانىسى كۇچا ھاكىمى مىرزا ئوبۇل ھادى مەكرىتنىڭ قىزى ئىدى، ئۇ ئاتىسى كۇچادا تۇرۇۋاتقان مەزگىللەردە تۇغۇلغان. ھىجرىيە 1044- يىلى (1634—1635) ئابدۇللا يەركەن خانلىقىنىڭ شەرقىي قىسمىغا خان بولغاندا ئوبۇل ھادى خاننى جەددى ـ جەمەتى بىلەن قوشۇپ يوقىتىشنى پىلانلاپ تېخى سەبىي بالا ھالەتتىكى نەۋرىسى يولۋاسنى خانلىق تەختكە چىقارماقچى بولدى. كېيىن سۇيىقەست ئاشكارىلىنىپ قېلىپ ئوبۇل ھادى يوقىتىلدى، يولۋاسمۇ قورچاق خان بولالمىدى. ھىجرىيە 1048-يىلى (1638 —1639) ئابدۇللاخان يەركەن خانلىقىنىڭ رەسمىي خانى بولغاندىن كېيىن ئەمدىلا سەككىز ياشقا كىرگەن يولۋاس سۇلتاننى قەشقەر نائىبلىقىغا تەيىنلىدى㊲. ئۇنىڭ زاماندىشلىرىدىن يەركەن خانلىقىدىكى تارىخشۇناس شاھ مەھمۇد جوراسنىڭ ئېيتىشىچە، يولۋاس سۇلتان "قەتئىي ئىرادىلىك، دانا، ئۇلۇغۋار غايىگە ئىگە كىشى" ئىدى، بىراق ئاتىسى يىقىلىپ كېتىش سەۋەبىدىن مېڭىسى زەخمە يەپ گەپ-سۆزلىرى تۇتامسىز، قىلىقلىرى غەلىتە بولۇپ قالغان㊳. شاھ مەھمۇد جوراس يەنە "ئۇنىڭ تەبىئىتى زۇلۇم ۋە پىتنە ـ پاسات بىلەن كۆتۈرۈلۈپ كەتكەنىدى"، "لەشكەرلەرنى ياخشى تەربىيىلەيتتى، ئەمما ئازغىنە بەدگۇمانلىق بىلەن رەنجىتىپمۇ قوياتتى"㊴ دەيدۇ. شاھ مەھمۇد جوراس قاراتاغلىق

مۇخلىس بولغاچقا، ئاقتاغلىقلارغا مۇرىت بولۇپ ئۇلارنى قوللاۋاتقان يولۋاسخانغا باھا بەرگەندە بەزىبىر تەرەپلىملىكلەردىن ساقلىنالمىغان، ئەمما ئۇنىڭ بىلەن زاماندا تارىخشۇناس بولۇش سۈپىتى بىلەن ئومۇمەن يەنىلا بىرقەدەر ئوبيېكتىپ باھا بەرگەن.

بارلىق مۇستەبىت پادىشاھلارغا ئوخشاش ئابدۇللاخانمۇ خان جەمەتىدىكىلەرگە ئىشەنمەيتتى، چوڭ ۋەزىرلىرىگىمۇ ئىشەنمەيتتى، ئۇلارنى پات - پاتلا يەڭگۈشلەپ تۇراتتى، شاھ مەھمۇد جوراسنىڭ «تارىخ» ناملىق ئەسىرىدە خاتىرىلىنىشىچە، ئابدۇللاخان ”بەزىدە ئالدىنقى خاندىن قالغان ئەمىرلەرنىڭ ئورنىغا ئۆز كىشىلىرىنى دەسسىتىشنى خىيال قىلاتتى“. خاننىڭ مۇستەبىتلىكى ۋە گۇمانخورلۇقى ئەمىرلەر، ۋەزىر - ۋۇزرالار ئارىسىدا قورقۇنچ ۋە نارازىلىق پەيدا قىلدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بىرلىشىپ ئابدۇللاخاننى مەككىگە بېرىپ ھەج قىلىپ كېلىشكە دەۋەت قىلدى. ئابدۇللاخان يەركەندىن مېڭىشىغا ئۇلار دەرھال قەشقەر نائىبى يولۋاس سۇلتاننى يەركەنگە چىللاپ كېلىپ خان، دەپ ئېلان قىلدى. سەپەر ئۈستىدىكى ئابدۇللاخان بىردىنلا ئارقىغا قايتقانلىقتىن بۇ قېتىمقى سىياسىي ئۆزگىرىش ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىدى. قانات - قۇيرۇقى تېخى يېتىلىپ بولالمىغان يولۋاس سۇلتان ئاتىسى بىلەن ئاشكارا قارشىلىشىشقا پېتىنالماي ”تىترەپ تۇرۇپ ئاشۇ ئەمىرلەرنى قاتتىق سۆكتى“، ”ئۇلارنىڭ خاننى يوقىتىش ئۈچۈن بىرلىشىۋالغانلىقىنى پاش قىلدى“. ئابدۇللاخان ئوغلىنى كەچۈرگەن بولسىمۇ سىياسىي ئۆزگىرىشكە قاتناشقان ئەمىرلەرنى قاتتىق باستۇردى، ئۇلاردىن بىر قىسمىنى ھىندىستانغا سۈرگۈن قىلدى[40]. شاھ مەھمۇد جوراس بۇ ۋەقەنىڭ ئېنىق يىلى دەۋرىنى كۆرسەتمىگەن، «تارىخ»نىڭ رۇسچە تەرجىمىسىنى ئىشلىگەن ئاكىمۇشكىن نامەلۇم ئاپتورنىڭ «قەشقەر تارىخى» دىكى

ئالاقىدار بايانلىرىغا ئاساسەن بۇ ۋەقە ھىجرىيە 1060 - يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن 1061 - يىلىغىچە بولغان ئارىلىق (1650 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىن 1651 - يىلىغىچە) تا㊶، يەنى يولۋاسخان 20 ياشقا تولۇپ مۇستەقىل، ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش ئىستىكىدە يېنىۋاتقان مەزگىللەردە يۈز بەرگەن بولۇشى مۇمكىن، دەپ قىياس قىلىندۇ.

ھالبۇكى، "تەبىئىتى زۇلۇم ۋە پىتنە - پاسات بىلەن كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن" يولۋاس سۇلتان ئابدۇللاخانغا پەقەت كۆرۈنۈشتىلا بويسۇناتتى، قەشقەرگە قايتقاندىن كېيىنمۇ داۋاملىق مەسىلەكداش ئىزدەپ كۈچ توپلىدى ۋە قايتا ئىش تەۋرىتىشكە تەييارلاندى. بۇ ياش سۇلتانىنىڭ مۇستەقىللىق ئىستىكى ۋە ئاسىيلىق قىلمىشىنى ئاقتاغلىق خوجىلار قوللىدى. ئالدىنقى بەتلەردە بايان قىلىنغاندەك خوجىلار جەمەتىدىكى ئىككى مەزھەپنىڭ يەركەندىكى كۈرىشى ئاقتاغلىق خوجىلارنىڭ مەغلۇپ بولۇشى ۋە مۇھەممەد يۈسۈپ خوجىنىڭ ئاچچىق يۇتۇپ ئۆلۈشى بىلەن ئاخىرلاشتى. بۇ ئەھۋال ئاقتاغلىق خوجىلارنىڭ يەركەندىكى مەركىزىي ھاكىمىيەتنىڭ قوللاپ - قۇۋۋەتلىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈمىدىنىڭ پۈتۈنلەي كۆپۈككە ئايلانغانلىقىنى ئىپادىلىگەنىدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئاقتاغلىقلار مۇھەممەد يۈسۈپ خوجىنىڭ ئوغلى ھىدايىتۇللا ("ئافاق خوجا" دېگەن نام بىلەن مەشھۇر) نىڭ رەھبەرلىكىدە قەشقەرنى بازا قىلىپ تۇرۇپ، قاراتاغلىقلار ۋە ئۇلارنىڭ قوللىغۇچىسى بولغان يەركەن خان ئوردىسىغا ئوچۇق - ئاشكارا قارشى تۇرۇش مەقسىتىدە دىنىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللاندى، تەرەققىيات ئىستىقبالى تېپىش ئۈچۈن ئاقتاغلىقلار پائال تۇردە قەشقەردىكى يەرلىك ھاكىمىيەتنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈردى. قەشقەرنى ئىدارە قىلىۋاتقان يولۋاسخانمۇ يەرلىكنىڭ ۋە

دىنىي كۆچلەرنىڭ قوللىشىغا مۇھتاج ئىدى، ئۇ شۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ مەركىزىي ھاكىمىيەت بىلەن قارشىلىشىشتىكى ئەمەلىي كۈچىنى ئاشۇرۇشنى ئويلايتتى. شۇنداق قىلىپ، يولۋاس سۇلتاننىڭ يەرلىك ھاكىمىيىتى بىلەن ئاقتاغلىقلاردىن ئىبارەت كۈندىن-كۈنگە كۈچىيىۋاتقان بۇ دىنىي كۈچ مەركىزىي ھاكىمىيەت ۋە قاراتاغلىق خوجىلارغا قارشى سىياسىي ئىتتىپاقداشلاردىن بولۇپ قالدى: يولۋاس سۇلتان ئاقتاغلىقلارنىڭ مۇرىتى بولۇش سالاھىيىتى بىلەن ئاقتاغلىق خوجىلار تەسىرىنىڭ روناق تېپىشىغا مەدەت بەردى، ئاقتاغلىق خوجىلار بولسا يولۋاس سۇلتاننىڭ يەركەندىكى مەركىزىي ھاكىمىيەتكە قارشى تۇرۇشىنى ئاكتىپ قوللىدى. يەركەندىكى تەخت تارتىۋېلىش سىياسىي ئۆزگىرىشى مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن يولۋاسخان قەتئىي نىيەتكە كېلىپ خانلىق تەختىنى ئەمەلىي كۈچى بىلەن تارتىۋېلىشنى قارار قىلدى. شۇڭا قەشقەرگە قايتقاندىن كېيىن، ئۇ ئىلاج قىلىپ ئاقتاغلىقلار بىلەن بولغان ئىتتىپاقداشلىقنى مۇستەھكەملەش ۋە كۈچەيتىشكە كىرىشتى. «ئەنىسەتتالىبىن» دا مۇنداق دېيىلىدۇ:

"يولۋاسخاننىڭ شاھزادە ماھىم ئىسىملىك بىر ھاممىسى بولۇپ، ئۇ مىرزا ھادى مەكرىتنىڭ قىزى، مىرزا ياقۇپ جۇراسىنىڭ ئايالى ئىدى. ياقۇپبەگ ئۇنى تالاق قىلغاندىن كېيىن، يولۋاس خان ئافاق خوجا بىلەن قۇدىلاشتى ۋە ئۇنىڭغا بولغان ساداقىتى، ئىشەنچىسىنى ئىپادىلىدى"㊷. ئاقتاغلىق خوجىلار ۋە ئۇلارنىڭ مۇرىتلىرىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىش ئۈچۈن يولۋاس سۇلتان ھاممىسىنى ئاقتاغلىقلارنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى داھىيسى ئافاق خوجىغا ياتلىق قىلىپ، نىكاھ مۇناسىۋىتى ئارقىلىق ئىتتىپاقداشلىقنىڭ ئىچكى ئۇيۇشۇش كۈچىنى ئاشۇردى ۋە ئاقتاغلىق خوجىلارغا غايەت زور مەدەت بەردى. بۇنىڭ بىلەن

ئاقتاغلىق خوجىلارنىڭ تەسىرى تېز زورايدى، يولۋاس سۇلتان بولسا ئاقتاغلىقلارنىڭ پۈتۈن كۈچى بىلەن قوللىشى ۋە ياردەم بېرىشى بىلەن ئەمەلىي كۈچ جەھەتتە كۈندىن-كۈنگە قۇدرەت تاپتى. ئۇزۇن ئۆتمەي يولۋاس سۇلتان يەركەندىكى خان ئوردىسىغا قارشى ئىسيان كۆتۈرۈپ، ئاتىسى ئابدۇللاخان بىلەن ئاشكارا قارشىلاشتى.

بۇ مەزگىللەردە تەڭرىتاغلىرى ۋە ئۇنىڭ شىمالىدىكى جايلاردا كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ئويرات قەبىلىلىرى پات - پاتلا جەنۇبقا تېگىش قىلىپ تۇردى، ھەتتا خوتەن رايونىغىچە ئىچكىرىلەپ كىردى، ئابدۇللاخانمۇ دائىم جايلاردىكى قوشۇنلارنى توپلاپ ئۇلارنى توستى ۋە زەربە بېرىپ تۇردى. ئەمەلىي كۈچى كۈنسېرى كۈچىيىۋاتقان يولۋاس سۇلتان مانا مۇشۇ ۋاقىتتا ئۆزىنىڭ بۆلۈنمىچىلىك ئىستىكىنى ئىپادىلىدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئابدۇللاخانغا بولغان قارشىلىقى تەدرىجىي ئاشكارا كۆرەشكە ئايلاندى. ئويرات قوشۇنلىرى نىيەگە بېسىپ كىرگەندە يولۋاس قوشۇن باشلاپ ئابدۇللاخانغا ئەگىشىپ ئويراتلارغا زەربە بەردى، ئەمما ئۇ ئاقتاغلىقلارنىڭ قوللىشى بىلەن قەشقەر قوشۇنىدىن بىر مۇستەقىل قىسىم قۇرۇۋالدى. جەڭلەردە يولۋاس سۇلتاننىڭ مۇشۇ تارماق قوشۇنى ھەل قىلغۇچ رول ئويناپ، ئۇنىڭ ئەمەلىي كۈچ جەھەتتە زور قۇدرەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى نامايەن قىلدى. ئۇرۇشتىن كېيىن يولۋاس سۇلتان يەركەن ئوردىسىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا قول تىقىپ ئابدۇللاخاندىن سابىق مىراب مىرزا تىنىبەگنى يەركەن ھاكىملىقىغا، ئەمىر نەقى بەگنى ئىشىكئاغىلىقىغا تەيىنلەشنى تەلەپ قىلدى، چۈنكى بۇ ئىككىسى ئۇنىڭ ئوردىدىكى قوللىغۇچىلىرى ئىدى. دەرۋەقە ئابدۇللاخان بۇنىڭغا قوشۇلمىدى، چۈنكى بۇ ئىككى مەنسەپنىڭ بىرى پايتەختنىڭ شەھەر باشلىقى قوشۇمچە ئامانلىق ساقلاش قوماندانىغا، يەنى بىرى ئوردا

ياساۋۇللىرىنىڭ باش قوماندانىغا توغرا كېلەتتى، ناۋادا بۇ ھوقۇقلار ياتلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتسە ئۇنىڭ غۇلاپ چۈشكىنى شۇ ئىدى. ئەمما بۇ ۋاقىتتىكى يولۋاس سۇلتان ئالدىنقى قېتىمقى سىياسىي ئۆزگىرىشتىكى ئاتىسىنى كۆرگەن ھامان پۇت - قولىغا تىترەك ئولىشىدىغان يولۋاس سۇلتان ئەمەس ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاقتاغلىق خوجىلارنىڭ قوللىشى بىلەن ئۇنىڭ ئەمەلىي كۈچى مەركىزىي ئوردا بىلەن تىركىشەلىگۈدەك ھالغا كەلگەنىدى، شۇڭا تەلىپى رەت قىلىنغاندىن كېيىن خوتەندىن قوشۇننى باشلاپ ئۇدۇللا قەشقەرگە قايتتى.

شۇنىڭدىن كېيىن يولۋاس سۇلتان يەركەنگە ئۆزمەي ھۇجۇم قوزغىدى، يولۋاس سۇلتاننىڭ زور بېسىمى ئاستىدا ئابدۇللاخان مادارا قىلىپ يول قويۇشقا مەجبۇر بولدى. شاھ مەھمۇد جوراس ئەينى ۋاقىتتىكى ۋەزىيەت توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ: ”ئەينى ۋاقىتتا ئابدۇللاخان خوتەندىن كېرىيىگىچە بولغان دائىرىنى يولۋاس خاننىڭ ئوغلىغا، بارچۇق ۋە سېرىققولنى ئۇنىڭغا ئىنئام قىلىپ بېرىۋەتتى، خاننىڭ قولىدا يەركەن زېمىنىدىن باشقا ھېچقانداق زېمىن قالمىدى. يولۋاس خاننىڭ يارلىقى ھەممىلا جايدا ئۆتەتتى. ئاتىسىنىڭ بىرەر ئەمىرى كېرەك بولۇپلا قالسا سورىيالايتتى ۋە ئېلىپ كېتەلەيتتى. ئۇ ئەنە شۇنداق قۇدرەت تاپقان مەزگىللەردە ھېچكىمنى كۆزگە ئىلىپ باقمىدى“㊸. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئاقتاغلىقلارنىڭ بۇ قوللىغۇچىسىنىڭ قاراتاغلىقلارنى باستۇرۇشى ۋە ئۇلارغا زەربە بېرىشمۇ كۈچەيگىلى تۇردى. خاننىڭ ھوقۇقى ئاجىزلاپ كەتكەنلىكتىن قاراتاغلىق خوجىلار ئابدۇللاخاننىڭ ھىمايىسىگە نائىل بولالماي يەركەندىن ئىبارەت چوڭ بازىسىدىن ۋاز كەچتى ۋە قاراتاغلىقلارنىڭ مۇرىتى، ئابدۇللاخاننىڭ ئىككىنچى ئوغلى نۇرىدىن سۇلتاننىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى ئاقسۇغا يۆتكەلدى㊹.

شۇنىڭدىن ئېتىبارەن يەركەن خانلىقى ئوردىسى قاراتاغلىقلارنىڭ قولىدىن مەھرۇم بولۇپ، ۋەزىيەت تېخىمۇ يامانلىشىپ كەتتى.

## 3 § ئىككى مەزھەپنىڭ كۈرىشى ۋە يەركەن خانلىقىدىكى ماجىرالار

### 1. تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى مالىمانچىلىق ۋە ئاقتاغلىقلار تەسىرىنىڭ تېز سۈرئەتتە زورىيىشى

يولۋاس سۇلتان ئاقتاغلىق خوجىلارنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا يەركەن خانلىقى ئوردىسى ۋە قاراتاغلىق خوجىلارغا زور كۈچ بىلەن ھۇجۇم قىلىۋاتقاندا ئابدۇللاخاننىڭ ئىككىنچى ئوغلى، خانلىقنىڭ شىمالىدىكى مۇھىم قورغان ئاقسۇنىڭ ھۆكۈمرانى نۇرىدىن سۇلتان ئولتۇرالماي قالدى. ئاكىسىنىڭ تەختكە قىلىۋاتقان خىرىسىغا تاقابىل تۇرۇش ۋە ئۆز تەسىرىنى زورايتىش غەرىزىدە نۇرىدىن سۇلتان ئۆزلىكىدىن يەركەندىكى قاراتاغلىقلار بىلەن دوست تارتىشىپ بۇ دىنىي كۈچنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈردى. شاھ مەھمۇد جۇراس «تارىخ» تا مۇنداق يازىدۇ:

”نۇرىدىن خان مىرزائامان كېرەگ ياراغنى يەركەنگە ئەۋەتىپ، خوجا مۇھەممەد ئابدۇللانى ئاقسۇغا ئېلىپ كەلدى. يولۋاسخان خوجا مۇھەممەد ئابدۇللاغا تولىمۇ ھۆرمەتسىزلىك قىلغىنى يەتمىگەندەك مەجبۇرىي يوسۇندا فەيزىئابادقا ئۆزىنىڭ كىشىسىنى ھاكىم قىلىپ ئەۋەتتى، يەنە تېخى بۇنىڭدىنمۇ بەتتەر ئىشلارنى قىلدى. نۇرىدىن خان پۇرسەت ھامان كېلىدۇ، دەپ قاراپ، كۆكتە پەرۋاز قىلىۋاتقان بۈركۈتكە ئاۋۋال ئېرىشتى، مانا بۇ يولۋاسخاننىڭ (كېيىنكى)

بەختسىزلىكىنىڭ سەۋەبى"[45].

فەيزئاباد قەشقەرنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا بولۇپ، قاراتاغلىق خوجىلارنىڭ ئاتا مىراس زېمىنى ئىدى، فەيزئابادنى ئەينى ۋاقىتتا مۇھەممەدخان خوجا شادىغا ئىنئام قىلىپ بېرىۋەتكەنىدى. يولۋاس سۇلتانىنىڭ بۇ جايغا ئۆز ئادىمىنى ھاكىم قىلىپ ئەۋەتىشى قاراتاغلىق خوجىلارنىڭ مۇشۇنداق "ئانا ماكانى" نى ئۆز ئىلكىگە ئېلىش، شۇ ئارقىلىق قاراتاغلىق خوجىلارنىڭ غەربىي قىسمىدىكى "ئۇۋۇسلىرى" نى بۇزۇپ تاشلاپ قاراتاغلىقلار مەزھىپىنىڭ بۇ رايوندىكى تەسىرىنى تۈپتىن تۈگىتىشنى مەقسەت قىلغانىدى. بۇنىڭدىن يولۋاس بىلەن ئاقتاغلىق خوجىلارنىڭ ئىتتىپاق تۈزۈپ قاراتاغلىق خوجىلارغا ھۇجۇم قىلىشى ۋە زىيانكەشلىك قىلىشىنىڭ قايسى دەرىجىگە بارغانلىقىنى، نېمىشقا "بۇنىڭدىن بەتتەر ئىشلارنى قىلغانلىقى" نى بىلىۋالالايمىز، كۈندىن - كۈنگە ھالسىراپ كېتىۋاتقان ئابدۇللاخاننىڭ مەركىزىي ھاكىمىيىتى قاراتاغلىق خوجىلارغا باشپاناھ بولۇشقا ئامالسىز قالغاچقا، ئۇلار ئىلاجسىز سىرتقا كۆز تىكىپ بىرەر يەرلىك ھاكىمىيەتنىڭ قوللىشى ۋە ھىمايىسىگە نائىل بولۇشقا مەجبۇر بولدى. مانا مۇشۇ ۋاقىتتا ئاقسۇنى ساقلاۋاتقان نۇرىدىن سۇلتان تېزدىن ئىنكاس بىلدۈرۈپ قاراتاغلىقلارنىڭ داھىيسى مۇھەممەد ئابدۇللا خوجىنى ئاقسۇغا چىللاپ كەلدى، شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىككەيلەن يولۋاس سۇلتان ۋە ئاقتاغلىقلارغا قارشى سىياسىي بىرلەشمە بولۇپ قالدى. بۇ ھەقتە شاھ مەھمۇد جوراس يەنە بىر ئەسىرى «ئەنىسەتتالىبىن» دا تېخىمۇ تەپسىلىي قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

"نۇرىدىنخان ... نۇر ئامان داروغانى يەركەنگە ماڭدۇرۇپ ھەزرىتى خوجام پادشاھنى جان - دىلى بىلەن چىللىدى. نۇر ئامان ئاقسۇدىن مېڭىپ يەركەنگە كەلدى ۋە نۇرىدىن خاننىڭ بەكمۇ

دوستانە مۇبارەك مەكتۇپىنى ئالىيلىرىغا (يەنى خوجام پادىشاھقا. نەقىل ئالغۇچى) سۇندى. خوجام پادىشاھ (ياتقان جايى پاك بولسۇن!) . نۇرئامان داروغاننىڭ يول باشلىشى بىلەن يەركەندىن ئاقسۇغا يول ئالدى. ئاقسۇغا ئاز قالغاندا نۇرىدىن خان ئۇلۇغ - ئۇششاق پۇقرالار، ئەمىرلەر، ۋەزىر - ۋۇزرالارنى ئەگەشتۈرگىنىچە ئالدىغا چىقتى. خان ۋە پۇقرالار، بەگ - تۆرىلەر ھەممىسىلا جانابىي ھەزرەتنىڭ پېشىنى كۆزىگە سۈرتۈۋېلىش ۋە بىر قېتىم بولسىمۇ ئايىغىغا باش ئۇرۇۋېلىش بەختىگە مۇيەسسەر بولدى، ھەزرىتى خوجام ئاقسۇغا شادىمانلىق ۋە بەخت ئېلىپ كەلدى. نۇرىدىن خان بەجايىكى بىر قۇلدەك ئۆز مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىشقا كىرىشتى. بۇ خەۋەر يولۋاسخاننىڭ قۇلىقىغا يەتكەندىن كېيىن يۈرىكىنى قۇرت يېگەندەك بىئارام بولدى، غەزەپ ئوتلىرى گۈلخان كەبى ياندى. نۇرئامان يەنە بىر قېتىم يەركەنگە كېلىپ، ئاقسۇغا قايتىش سەپىرىدە تىرىك تۇتۇلۇپ قالدى ۋە قەشقەرگە ئېلىپ بېرىلدى. يولۋاسخان ئۇنىڭغا قاتتىق غەزەپ قىلىپ سىياسەت تىغىدىن ئۆتكۈزدى، ھەزرىتى خوجام پادىشاھ كۆڭلى بىئارام بولۇپ: 'يولۋاسخاننىڭ بېشىغىمۇ ئاشۇ كۈنلەر كەلگىيدى ئىلاھىم، ئاشۇ كۈنلەر كەلگىيدى!' دېدى"(46). بۇ يەردىكى خوجام پادىشاھ دەل خوجا مۇھەممەد ئابدۇللا ئىدى، نۇرئامان داروغا دېگىنى ئېھتىمال «تارىخ» تىكى مىرئامان كېرەگ ياراغ دېگەن كىشى بولسا كېرەك. بۇ نەقىلدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى، نۇرىدىن سۇلتان قاراتاغلىق خوجىلارنى ئاقسۇغا چىللاپلا قالماي يەنە يەركەن تەرەپ بىلەنمۇ قويۇق مۇناسىۋەتنى ساقلاپ قالغان ۋە يەركەن مەركىزىي ھاكىمىيىتى بىلەن ئاقسۇ يەرلىك ھاكىمىيىتى ئۆزئارا بىرلەشكەن قاراتاغلىقلار بارگاھىنى قۇرۇپ چىققان، بۇ ئەھۋال يولۋاس سۇلتان ۋە ئاقتاغلىق خوجىلارنىڭ دىققىتىنى تارتقان ۋە

ئۇلارنى بىئارام قىلغان، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئاقسۇ بىلەن يەركەن ئارىلىقىدا قاتناۋاتقان ئاقسۇ ئەلچىسىنى ئۆلتۈرگەن. بۇ ئەھۋاللار بىر-بىرىگە قارشى بۇ ئىككى مەزھەپنىڭ زىددىيىتىنى ئۆتكۈرلەشتۈرۈپ، قاراتاغلىقلار مەزھىپى بىلەن قەشقەردىكى ئاقتاغلىقلار مەزھىپىنىڭ ئاشكارا توقۇنۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

يولۋاس سۇلتان يەركەن تەرەپكە بولغان ھۇجۇمنى كۈچەيتتى، شۇنداقلا ئوردىدىكى ئەمىرلەر ۋە ۋەزىر-ۋۇزرالارغا پات - پاتلا مەكتۇپ ئەۋەتىپ ئۇلارنى ئابدۇللاخانغا قارشى توپىلاڭ كۆتۈرۈشكە كۈشكۈرتتى. بەزى ئەمىرلەر بۇ ئەھۋاللارنى ئابدۇللاخانغا يەتكۈزگەندە ئەسلىدىنلا قول ئاستىدىكىلەرگە مۇستەبىتلىك ۋە گۇمانخورلۇق بىلەن مۇئامىلە قىلىپ كېلىۋاتقان بۇ خان ھىجرىيە 1076-يىلى شەۋۋال ئېيى (10-ئاي) نىڭ سەككىزىنچى كۈنى (1666-يىلى 4-ئاينىڭ 13-كۈنى) يەكشەنبە يەركەننىڭ مەركىزىدىكى مەيداندا مىرزاتىنى بەگ ۋە نەقى بەگ قاتارلىقلارنى ئۆز قولى بىلەن قەتل قىلدى، دۈشەنبە كۈنى يەنە يولۋاس سۇلتاننىڭ قىزى، ئۆزىنىڭ نەۋرىسى خانزادە خانىمنى ئۆلتۈردى. ئۇ يەنە خوتەنگە يارلىق ئەۋەتىپ: ”مۇھەممەد قاسىم بەگ ۋە ئەمىرلەر مېنىڭ بىخەتەرلىكىم ئۈچۈن سۇلتاننى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىڭلار، قوشۇنلارنى قوراللاندۇرۇپ دەرھال يەركەنگە كېلىڭلار“[47] دەپ پەرمان چۈشۈردى. خوتەن ئەمىرلىرىنىڭ قىستىشى بىلەن ئۇبەيدۇللا سۇلتان زەھەر ئىچىپ ئۆلۈۋالدى. شۇنداق قىلىپ ئەمدىلا 18 ياشقا كىرگەن ئۇبەيدۇللا سۇلتان ئاتا-بالا ۋە بوۋا-نەۋرە ئوتتۇرىسىدىكى تەخت تالىشىش كۈرىشىدە ھاياتىدىن ئايرىلدى.

خوتەن ئەمىرلىرى قوشۇن باشلاپ يەركەنگە كەلگەندىن كېيىن ئابدۇللاخان ئۇلارغا قوشلاپ ئىنئام بەردى. ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە

ئاقسۇدىكى قوشۇننى يۆتكەش توغرىسىدا يارلىق ئەۋەتتى، نۇرىدىن خان يارلىقنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن دەرھال خوجا مۇھەممەد ئابدۇللا بىلەن بىرلىكتە قوشۇن باشلاپ يەركەنگە يولغا چىقتى. ئاقسۇ قوشۇنلىرى يەركەنگە يېتىپ كەلگەندىن كېيىن ئابدۇللاخان نۇرىدىن خاننى شان ـ شەرەپكە كۆمۈۋەتتى، ئارقىدىنلا ئۇلار "گۇمانلىق" ۋە "سەۋەنلىك ئۆتكۈزگەن" بىر قىسىم كىشىلەرنى قەتلىئام قىلدى. ئۇلار ئارقا سەپ مۇستەھكەملەندى، ئەمدى ھېچكىم ئىسيان قىلالمايدۇ، دەپ قوشۇن باشلاپ قەشقەرگە جازا يۈرۈشى قىلدى، خوجا مۇھەممەد ئابدۇللامۇ بۇ قېتىمقى جازا يۈرۈشكە قاتناشتى. يولۋاسخان بىر قىسىم ئەمىرلەرنى يەركەن قوشۇنىغا قارشى جەڭگە ئاتلاندۇرۇپ قويۇپ، ئۆزى تۈن قاراڭغۇسىدا يېقىن-يورۇقلىرىنى ئېلىپ قەشقەردىن يوشۇرۇن قاچتى ۋە ئويراتلاردىن پاناھلىق تىلىدى. نۇرىدىن خان ۋە خوجا مۇھەممەد ئابدۇللا قەشقەر شەھىرىگە كىردى، ئابدۇللاخان قەشقەرنى نۇرىدىن خانغا ئىنئام قىلىپ، ئۆزى يەركەنگە قايتتى. نۇرىدىن خان بىلەن قاراتاغلىق خوجىلار قەشقەردىكى رەقىبلىرىنى يەنە بىر قېتىم قىرغىن قىلدى، بۇ قىرغىنچىلىقتا قىرغىز ئەمىرلىرى جاللاتلىق قىلدى. نۇرىدىن خان ئۇلارغا: "ئۇلارنى تامام قىرىۋەتسەڭلار ئۇلارنىڭ مال ـ مۈلكىنى سىلەرگە ئىنئام قىلىپ بېرىمەن" دېدى. شاھ مەھمۇد جوراس قاراتاغلىقلار مەزھىپىنىڭ تەقۋادار مۇرىتى بولسىمۇ، بۇ ئىشقا ناھايىتى ئادىللىق بىلەن باھا بېرىپ: "زورلۇق، ئۆكتەملىك ۋە قىرغىنچىلىقلار كىشىلەرنى تەسۋىرلىگۈسىز مۇشكۈل ھالغا چۈشۈرۈپ قويدى"(48) دېگەندى. نۇرىدىن خان بۇ غەلىبىدىن بېشى كۆككە يېتىپ جاھانغا پاتماي قالدى ۋە دادىسىغا ئەنجانغا يۈرۈش قىلىش توغرىسىدا تەكلىپ بېرىپ ئۇنىڭ رازىلىقىنى ئالدى. لېكىن قوشۇن ئاتلىنىپ يېرىم

يولغا كەلگەندە نۇرىدىن خان يۇقۇملۇق كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ، ئالەمدىن ئۆتتى. ئابدۇللاخان قوشۇنىنى باشلاپ يەركەنگە قايتتى.

نۇرىدىن‌خان ئۆلگەندىن كېيىن ئابدۇللاخان ئاۋۋال مىرزا تولەك جۇراسنى قەشقەرنىڭ ھاكىملىقىغا تەيىنلىدى، ئەمما ئۇ قەشقەر ھاكىمى بولۇپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئالەمدىن ئۆتتى، ئابدۇللاخان ئۇنىڭ ئورنىغا قىرغىز قويسارى دېگەن كىشىنى ھاكىملىققا تەيىنلىدى، شۇنىڭدىن باشلاپ چوڭ‌باغىش ئۇرۇقى قەشقەردە ماكانلاشتى. لېكىن يەرلىك ئاھالىلەر بىلەن زىتلىشىپ قالغاچقا جەمئىيەتتە ئەمىنلىك بولمىدى. يولۋاسخان ئويراتلاردىن ئۇچىرتۇ تەيجىنىڭ قوللىشى بىلەن قەشقەردىكى زېمىنىغا قايتقاندا ئاتۇش ئاھالىسى يولۋاسخاننى قىزغىن قارشى ئالدى. ئۇ قوشۇن باشلاپ قەشقەر شەھىرىگە يېقىنلاشقاندا قەشقەردىكى بەزى ئەمىرلەر ئىسيان قىلىپ ئۇنىڭغا بەيئەت قىلدى. يولۋاسخان ئاز راق ئۇتۇق قازانغان بولسىمۇ، لېكىن قەشقەر شەھىرىنى ئىگىلەشكە ئىشەنچ قىلالماي قوشۇننى قايتۇرۇپ كەتتى.

ھىجرىيە 1078 - يىلى (1667—1668) يولۋاسخاننىڭ قەشقەرگە ھۇجۇم قىلغانلىق خەۋىرى يەركەنگە تارقالغاندىن كېيىن ئابدۇللاخان ساراسىمىگە چۈشتى، ئارقىدىنلا كۇچانىڭ ھاكىمى خوجا يار قىپچاقنىڭ غەيرىي نورمال سۆز - ھەرىكەتلىرى ھەققىدىكى خەۋەرلىرى يېتىپ كېلىپ ئابدۇللاخاننى تېخىمۇ ئەندىشىگە سالدى، شۇنىڭ بىلەن ئابدۇللاخان دەرھال بۇ يەردىن كېتىش قارارىغا كەلدى. بۇ مەزگىللەردە ئۇ تېخىمۇ گۇمانخور بولۇپ كەتكەنىدى، يەنە كېلىپ ئاۋامىمۇ بۇ مۇستەبىت زالىم پادىشاھتىن بىزار بولغانىدى. ئابدۇللاخان ئۆزى ئىشەنچلىك دەپ قارىغان قول ئاستىدىكى 2000 كىشىلىك قىرغىز قوشۇنىنى يولۋاسخانغا قارشى تۇرۇشقا ئەۋەتتى، ئۆزىمۇ بالا - چاقىلىرى، بەگ - سىپاھلىرى

ۋە يېقىنلىرىنى ئېلىپ ئوردىنى تاشلاپ ھىندىستان ئارقىلىق مەككىگە ھەج قىلىشقا ماڭدى، يەنى "يۈز - ئابرويىنى ساقلاپ قېلىش" شەكلى بىلەن تەختتىن ۋاز كەچتى، كېيىن يات ئەللەردە ئالەمدىن ئۆتتى㊾. ئابدۇللاخان تەختنى تاشلاپ مەككىگە كەتكەندىن كېيىن خوجا مۇھەممەد ئابدۇللا مۇرىتلىرى ۋە نۇرغۇن ئەمىرلەرنى باشلاپ يەركەندىن قاراتاغلىقلارنىڭ كونتروللىقىدىكى ئاقسۇغا كەتتى، يەنە بەزى ئەمىرلەر ئاۋۋال خوتەنگە، ئاندىن ئۇ يەردىن ئاقسۇغا باردى، قەشقەرنىڭ بەزى ئەمىرلىرىمۇ ئاقسۇغا باردى. ئۇلار يېتىپ بېرىشتىن بۇرۇن ئاقسۇنىڭ ئەمىرلىرى ئويراتلاردىن ئىلدان تەيشىنىڭ يېنىغا ئادەم ئەۋەتىپ ئابدۇللاخاننىڭ ئاشۇ يەردە سەرسان بولۇپ يۈرگەن تۆتىنچى ئىنىسى ئىسمائىلنى ئەكىلىپ قويۇشنى تەلەپ قىلدى. ئىلدان تەيشىنىڭ قوللىشى بىلەن ئىسمائىل ئاقسۇغا كېلىپ خانلىق تەختكە چىقىرىلدى. بۇ ۋاقىتتا يەركەن ۋە قەشقەردىكى ئاھالىلەر تۈركۈم - تۈركۈملەپ ئاقسۇغا كېلىپ ئىسمائىلخانغا ئىتائەت قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى، شۇنىڭ بىلەن ئاقسۇ يولۋاسخان ۋە ئاقتاغلىقلارغا قارشى بازىغا ئايلىنىپ قالدى. ئۇلار يەركەنگە يۈرۈش قىلىشنى قارار قىلغاندا ئىلدان تەيشىمۇ ئۆز ئوغلىنى يۈرۈشكە قاتناشتۇردى. خوجا مۇھەممەد ئابدۇللامۇ بارلىق مۇرىت ۋە مۇلازىملىرىنى ئەگەشتۈرۈپ ھەربىي يۈرۈشكە قاتناشتى. ئۇلار بارچۇققا كېلىپ شۇ يەردىكى ئاھالىلەرنىڭ مال - مۈلكىنى بۇلاپ - تالىدى، ئاندىن ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئاقسۇغا قايتىپ كەتتى، ئىسمائىلخان باشلاپ ماڭغان 1500 كىشى داۋاملىق يەركەنگە قاراپ ئىلگىرىلىدى. تۇرشاۋۇل قىسىم شامالباغ (يەركەننىڭ شىمالىدىكى چاھارباغ) قا ئورۇنلىشىپ، ۋەزىيەتنى كۆزەتتى.

ئابدۇللاخان يەركەندىن كەتكەندىن كېيىن قەشقەردە يولۋاسخان

قايتىپ كېلىدىكەن، دېگەن مىش - مىش پاراڭلار تېزلىكتە تارقالدى. مىرزا شېرىپ ۋە مىرزا ئىسفاندىيارلار يولۋاسخاننى قوللايدىغانلار بولغاچقا، ئۇلار خەلق ئارىسىدا تەرغىباتچىلىق قىلدى، شۇنىڭ بىلەن ئاھالىلەرنىڭ كۆپىنچىسى يولۋاسخاننىڭ قايتىپ كېلىشىنى قارشى ئېلىشقا تەييارلاندى. مىرزا شېرىپ قاتارلىقلار يەنە يەركەنگە بېرىپ تەرغىبات قىلدى ۋە خەلقنىڭ ھىمايىسىنى قولغا كەلتۈردى. ئۇلار يولۋاسخان قەشقەرگە كېلىپ بولدى، يەركەنلىكلەر ئالدىغا ئادەم ئەۋەتىپ قارشى ئېلىشى كېرەك، دېدى. شۇنىڭ بىلەن يەركەنلىكلەر تاغارچى (ھەربىي لاۋازىم ئۇچۇن كۆكبېجى يىغقۇچى) ئىۋەز خوجا ۋە مۇفتى (شەرىئەت قائىدىلىرىنى شەرھىيلىگۈچى) موللا قارا خوجا ھەم بىر قىسىم دىنىي مۆتىۋەر زاتلارنى يولۋاسخاننى قارشى ئېلىشقا ئەۋەتتى، لېكىن ئۇلار قەشقەرگە كېلىشى بىلەنلا مىرزا شېرىپ ئۇلارنى گۆرۈگە تۇتۇۋالدى. ئاقسۇ قوشۇنى يەركەنگە كەلگەندە شەھەر ئاھالىسى گۆرۈگە ئالغانلارنىڭ قەشقەر ئەمىرلىرى تەرىپىدىن زىيانكەشلىككە ئۇچرىشىدىن ئەنسىرەپ، قاراپ بېقىش پوزىتسىيىسىدە بولدى. بۇ چاغدا يولۋاسخان قەشقەرگە كېلىپ تۇن يېرىمىدا يەركەنگە يۈرۈش قىلدى، يەركەندىكى نامدار كىشىلەر يولۋاسخاننىڭ ئالدىغا چىقىپ ئۇنى شەھەرگە ئېلىپ كىردى، ئارقىدىن يولۋاسخاننىڭ چوڭ قوشۇنىمۇ ئىز بېسىپ يېتىپ كەلدى، ئۇلار يەركەن شەھىرىنىڭ سىرتىدىكى توقاچ دېگەن جايدا ئىسمائىلخاننىڭ قوشۇنى بىلەن ئۇچرىشىپ، بىر قەپەس شىددەتلىك جەڭ قىلدى. نەتىجىدە قەشقەر قوشۇنى مەغلۇپ بولدى، لېكىن يولۋاسخان يەركەن شەھىرىنى ئالىبۇرۇن ئىگىلىۋالغاچقا، ئۇنىڭ قوشۇنى شەھەرگە بىخەتەر چېكىنىپ كىرىۋالالىدى. ئىسمائىلخان قوشۇننى باشلاپ ئاقسۇغا قايتتى[50].

يولۋاسخان ئاقتاغلىقلاردىن ئافاق خوجا ۋە قەشقەر، يەركەندىكى تۆرىلەرنىڭ قوللىشى بىلەن ئۆزىنى يەركەن خانلىقىنىڭ چوڭ خانى دەپ ئېلان قىلدى. ئۇ يېقىنلىرىنى ھەرقايسى جايلارغا ھاكىملىققا تەيىنلىگەندىن كېيىن قاراتاغلىقلاردىن رەھىمسىزلارچە ھېساب ئېلىشقا كىرىشتى. ئۇ ”خوجا مۇھەممەد ئابدۇللاغا ئەگىشىپ ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئاقسۇغا بارغان كىشىلەرنىڭ يەركەندە قالغان ئائىلە - تاۋابىئاتلىرىنى، جۈملىدىن خوتۇن-قىزلىرى ۋە نارىسىدە باللىرىنى قەتلىئام قىلىش توغرىسىدا يارلىق چۈشۈر-دى“. ئۇ يەنە قارانىيەگىنى يەركەن ۋە خوتەن قوشۇنىنى، تاشلانبەگنى قەشقەر ۋە يېڭىسار قوشۇنىنى باشلاپ بىرلىكتە ئاقسۇغا جازا يۈرۈشى قىلىشقا ئەۋەتتى. لېكىن بۇ قېتىمقى جازا يۈرۈشىنى ئىسمائىلخان تارمار كەلتۈردى، ”نۇرغۇن كىشى ئەسىرگە چۈشۈپ قالدى، جازا يۈرۈشى قىلغان قىسىملاردىن ناھايىتى ئاز كىشىلەرلا قايتىپ كېلەلىدى“⑤¹. يولۋاسخان ئاقسۇغا قىلىنغان جازا يۈرۈشى مەغلۇبىيەت بىلەن ئاياغلاشقاندىن كېيىن بەكلا ئۈمىدسىزلىنىپ قاچماقچى بولدى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ قوللىغۇچىسى - ئويراتلاردىن سېڭگى تەيجى دەرھال لەشكەر چىقىرىپ ئۇنىڭغا ياردەم قىلدى، ئۇلارنىڭ بۇ بىرلەشمە قوشۇنى ئاقسۇغا قايتا يۈرۈش قىلدى. ئويراتلاردىن ئېلدان تەيشىمۇ لەشكەر چىقىرىپ ئىسمائىلخاننى قوللىدى ۋە ئۇنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن جەڭگە ئاتلىنىشقا دەۋەت قىلدى. شۇنىڭ بىلەن تېخىمۇ زور كۆلەملىك بىر مەيدان جەڭ باشلاندى. ئويرات قەبىلىلىرىنىڭ لەشكىرىي كۈچلىرى ئوتتۇرىغا قىسىلغانلىقتىن يەركەن خانلىقىدىكى ئىككى خىل سىياسىي كۈچ ۋە ئىككى خىل مەزھەپ ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش تېخىمۇ كەسكىنلەشتى ۋە تېخىمۇ مۇرەككەپلىشىپ كەتتى.

## 2. ئىسمائىلخاننىڭ تەخت تارتىۋېلىشى ۋە قاراتاغلىق خوجىلارنىڭ قايتا روناق تېپىشى

ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى جەڭ يولۋاسخان ۋە سېڭگى تەيجىنىڭ بىرلەشمە قوشۇنىنىڭ غەلىبىسى بىلەن ئاخىرلاشتى. بىراق، بۇ چاغدا يولۋاسخان ئۆزىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى تېخىمۇ ئېنىق تونۇپ يەتكەنىدى، ”ئۆزىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، دۆلەتنى سېڭگىگە تاپشۇرۇپ، ئاتىسىنىڭ خىزمىتىدە بولۇش“، خانلىق تەختىدىن ۋاز كېچىپ، مەككىگە بېرىپ ”ھەج قىلىش“ نىيىتىگە كەلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ”خان ھوقۇقىنىڭ بەلگىسى بولغان بۇيۇملار“نى سېڭگىگە تاپشۇرۇپ يەركەنگە قايتتى. سېڭگى ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى يولۋاسخاننىڭ ئوغلى ئەبۇ سەئىدكە ”تاپشۇرۇپ“ بەردى ھەمدە بۇ قورچاق خانغا يېڭى باسقاق بەگ بەلگىلەپ، مىرزا ئەلى شاھنى ئاتالىققا، ئىسفاندىياربەگنى قەشقەرنىڭ ھاكىملىقىغا، ئىۋەز بەگنى ئىشىكئاغىلىققا، موللا قارا خوجىنى قازىلىققا تەيىنلىدى. سېڭگى يەنە ئەركابەگ باشچىلىقىدىكى مىڭ كىشىلىك قوشۇننى ”بۇ خانلىقنى قوغداش“قا ئەۋەتتى[52].
ئەمما يولۋاسخان يەركەنگە قايتقاندىن كېيىن تەختتىن ۋاز كەچمەي ئاقتاغلىق خوجىلارنىڭ قوللىشى بىلەن قاراتاغلىقلارنىڭ كۈچلىرىنى باستۇرۇشنى داۋاملاشتۇردى. لېكىن ئەركابەگ باشچىلىقىدىكى ئويرات قوشۇنى يولۋاسخاننىڭ ئارقىسىدىنلا يەركەنگە كەلدى، ئەركابەگكە يولۋاسخاننى جايلىۋېتىش ۋەزىپىسى تاپشۇرۇلغانىدى، يەنە كېلىپ ئۇ قاراتاغلىقلارنىڭ مۇرىتى بولۇپ، ئەسلىي سايرام (ھازىرقى قازاقىستاندىكى چىمكەنتنىڭ شەرقى) لىق كىشى ئىدى. ياش ۋاقىتلىرىدا ئويرات خانى باتۇر قۇنتەيجىنىڭ، كېيىن سېڭگىنىڭ خىزمىتىدە بولغان، جەڭلەردە كۆپ قېتىم خىزمەت

كۆرسەتكەچكە ئەتىۋارلىنىپ ئىشلىتىلگەنىدى، ”مۇسۇلمانلارنىڭ چاقىرىقى“ ئۇنىڭ ”ھېسداشلىقى“نى قوزغىغانىدى، بولۇپمۇ ئاتالىق مىرزا ئەلى شاھنىڭ ئىنىسى داۋۇد خوجا ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئۇ ئويرات قوشۇنىنى ئەلىبەگنىڭ ئوردىغا باستۇرۇپ كىرىشىگە ياردەمگە ئەۋەتىپ، يولۋاسخاننى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ ئوغلى ئابدۇلېتىپنى خان، دەپ ئېلان قىلدى. لېكىن ئاقتاغلىقلار مەغلۇبىيەتكە تەن بەرمەي، پائال ھەرىكەتلىنىپ قايتا ھۇجۇم قوزغاشنى پىلانلىدى. ئەمما ئەلى شاھبەگ ئۇستۇنلۇكنى قولغا كەلتۈرگەندىن كېيىن كەيپ - ساپاغا بېرىلىپ كەتكەچكە، بۇنىڭدىن ئەمەلدارلار نارازى بولدى. يولۋاسخاننىڭ خانىكىسى بېكەم ئۆلارنىڭ قوللىشى بىلەن ئەلى شاھبەگنى ئوردىغا ئالداپ ئەكىلىپ قەتلىئام قىلدى. ئەركابەگ بۇ ۋەقەدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن دەرھال يەركەندىن قەشقەرگە كەتتى، ئۇ يەنە ئاقسۇغا ئادەم ئەۋەتىپ، ئىسمائىلخاننى يەركەنگە يۈرۈش قىلىشقا تەكلىپ قىلدى.

ئىسمائىلخان يەركەندە يۈز بەرگەن ۋەقەلەردىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن ئابدۇلېتىپخاننىڭ ئەركابەگ باشچىلىقىدىكى ئويرات قوشۇنىنىڭ قوللىشىدىن مەھرۇم بولغانلىقىدىن پايدىلىنىپ، دەرھال يەركەنگە قوشۇن تارتتى، ئىلدان تەيشى چوڭ ئوغلى چۆچېكىن باشچىلىقىدا ياردەمچى قوشۇن ئەۋەتتى، ئىبراھىمخاننىڭ ئوغلى بەھرام سۇلتانمۇ كۇچادىكى قوشۇننى باشلاپ ھەربىي يۈرۈشكە قاتناشتى، قاراتاغلىق خوجىلار ھەربىي يۈرۈشنى قوللاپ، مۇرىتلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ ئىسمائىلخاننىڭ قوشۇنىغا قوشۇلدى. ئىسمائىلخاننىڭ قوشۇنى بارچۇققا كەلگەندىن كېيىن دولان ۋە بايرىن قەبىلىسىمۇ ئۇنىڭ سېپىگە قوشۇلدى. ئىسمائىلخان يەركەننى تەسلىم بولۇشقا ئۈندەپ ئەلچى ئەۋەتتى، لېكىن يەركەندىكى ئەمىرلەر ئەلچىنىڭ بۇرنى، قۇلاقلىرىنى كېسىۋېتىپ،

قولىغا ئارغامچا تۇتقۇزۇپ قايتۇرۇۋەتتى. بۇ ئىسمائىلخانغا "سەن تەسلىم بول" دېگەندىن بىشارەت ئىدى. شۇنداق قىلىپ بىر مەيدان شىددەتلىك جەڭدىن ساقلانغىلى بولمايدىغان بولۇپ قالدى. ئاقسۇ قوشۇنى ئىككى كۈن قاتتىق جەڭ قىلىپ يەركەننى مۇھاسىرىگە ئالدى، بۇ چاغدا ئەركابەگمۇ ئويرات قوشۇننى باشلاپ ياردەمگە كەلدى، لېكىن شەھەرنىڭ مۇداپىئەسى مۇستەھكەم بولغاچقا، شەھەرنى ئېلىش قىيىنغا چۈشتى. چۈچېكىن ۋە خوجايار قاتارلىقلار ئەڭ ياخشىسى ئاقسۇغا قايتىپ، پۇرسەت پىشىپ يېتىلگەندە قايتا قوشۇن تارتىشنى تەۋسىيە قىلدى، ئەركابەگ بولسا ئاۋۋال قاغىلىقنى ئىشغال قىلىپ، ئاندىن يەركەنگە قايتا ھۇجۇم قوزغاشنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئىسمائىلخان ئەركابەگنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنى ھەرقايسى يوللاردىكى قوشۇنغا قوماندانلىق قىلىپ قاغىلىقنى مۇھاسىرىگە ئېلىشقا بۇيرۇدى. سۇ مەنبەسى ئۈزۈپ تاشلانغانلىقتىن، شەھەرنى ساقلاۋاتقانلار شەھەر قوۋۇقلىرىنى ئېچىپ ئىسمائىلخانغا ئەل بولدى. يەركەن ئاھالىسى بۇ خەۋەرنى ئۇققاندىن كېيىن ئىۋەز بەگنىڭ باشچىلىقىدا شەھەر سىرتىغا چىقىپ ئاللىقاچان شەھەر سېپىلى ئەتراپىغا كېلىپ بولغان ئىسمائىلخانغا تەسلىم بولدى. لېكىن ئابدۇلېتىپخان ۋە ئۇنىڭ يېقىنلىرى ئاقتاغلىقلاردىن ئاپئاق خوجىنىڭ ھىمايىسىدە يەركەندىن قەشقەرگە قاچتى.

ھىجرىيە 1080 - يىلى زۇلقەئىد ئېيىنىڭ 11 - كۈنى (مىلادى 1670 - يىلى 4 - ئاينىڭ 2 - كۈنى) دۈشەنبە كۈندە ئىسمائىلخان بىلەن قاراتاغلىق خوجىلاردىن مۇھەممەد ئەبەيدۇللا شەھەردە قىزغىن قارشى ئېلىندى. چوڭ تۆرىلەر ۋە ئەمىرلەر كونا قائىدە بويىچە ئىسمائىلخاننى يەركەن خانلىقىنىڭ خانى دەپ ئېلان قىلدى. ئۇ دەرھال خوجا يار بىلەن ئىلياسبەگنى قەشقەرگە ئەۋەتتى، ئۇلار

يولۋاسخاننىڭ قەشقەردىكى ئوغۇللىرىنى ئۆلتۈرۈپ، ئاقتاغلىقلارنى قانلىق باستۇردى. خانلىقنىڭ تەۋەسىدىكى ھۆكۈمرانلىقنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن ئىسمائىلخان يەنە ئوغلى باباق سۇلتاننى قەشقەرگە ھۆكۈمران قىلىپ ئەۋەتىپ، ئاقتاغلىقلارنىڭ بۇ بازىسىدا ھەرقاچان يۈز بېرىشى مۇمكىن بولغان قارشىلىقتىن مۇداپىئە كۆردى53 .

ئىسمائىلخان خانلىق ھوقۇقنى قايتا تەقسىم قىلىپ، غىياسبەگنى قەشقەرنىڭ ھاكىملىقىغا، ھەيدەربەگنى يەركەننىڭ ھاكىملىقىغا، خوجايارنى خوتەننىڭ ھاكىملىقىغا، قاسىمبەگنى ئىشىكئاغىلىققا، قازى ئابدۇللانى قازىلىققا، ئەركابەگنى باش مىرابلىققا تەيىنلىدى، ئۇلار بىردەك قاراتاغلىقلارنىڭ مۇرىتلىرى ئىدى، شۇنداق قىلىپ قاراتاغلىق خوجىلار خانلىق ھاكىمىيەتنى قايتىدىن كونترول قىلدى54 . ئىسمائىلخان ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە ئۇ ئاكىسى ئابدۇللاخاننىڭ سىياسىتىنى داۋاملاشتۇرۇپ، ھوقۇقدار ئېسىلزادىلەرنى چەكلىدى ۋە مەركەزدىكى خان ھوقۇقىنى كۈچەيتتى. نامەلۇم ئاپتورنىڭ «قەشقەر تارىخى» دېگەن ئەسىرىدە ”ئىسمائىلخان ئۇلۇغلارنىڭ نەسىھىتىنى ئاڭلىماي نادانلارنىڭ گېپى بويىچە ئىش قىلاتتى“ دېيىلىدۇ، قىسقىسى، ئۇ ”ئۇلۇغلارنى نادان، نادانلارنى دانا“ كۆرگەنىدى. لېكىن بۇ نامەلۇم ئاپتور يەنە ئىسمائىلخان ئادىل، جاسارەتلىك، ئېسىل ئەخلاق - پەزىلەتلىك خان ئىدى، دەيدۇ55 .

---

**ئىزاھلار:**

① ئابدۇلېتىپخاننىڭ ئالەمدىن ئۆتكەن ۋاقتى توغرىسىدا «بەھرۇل ئەسرار»دا ”12 يىل تەختتە ئولتۇرۇپ 26 يېشىدا يەنى ھىجرىيە 1036-يىلى (1627—1628)

قازا قىلدى"، دېيىلىدۇ؛ «قەشقەر تارىخى»دا: 12 يىل تەختتە ئولتۇرۇپ 25 يېشىدا يەنى ھىجرىيە 1037 - يىلى (1627—1628) قازا تاپتى" دېيىلىدۇ؛ «تارىخى ئەمنىيە»دە بولسا: " 12 يىل تەختتە ئولتۇرۇپ 26 يېشىدا يەنى ھىجرىيە 1037 - يىلى (1627—1628) ئالەمدىن ئۆتتى" دېيىلىدۇ. ئاكىمۇشكىن بولسا: "تەخمىنەن ھىجرىيە 1040 - يىلى (1630—1631) ئۆلگەن" دەپ قارايدۇ. «چاغاتاي ئۇلۇسىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى ھۆكۈمرانلار نەسەبنامىسى» («تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ شەجەرىسى») ۋە «تارىخ»، 236 - ئىزاھ، 304 - بەتكە قاراڭ.

② «تارىخ»، 237 - ئىزاھ، 304 - بەت.

③ «تارىخ»، 237 - بەت، 304 - بەت.

④ «قەشقەر تارىخى»، قوليازما 82 - ۋاراق؛ «تارىخ»، 305 - بەتتىكى 237 - ئىزاھتىن نەقىل.

⑤ «قــەشــقــەر تارىخى»، قولىيازما، لېكىن «بەھرۇل ئەسرار»دىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا سۇلتان مەھمۇدنىڭ تەختكە چىققان ۋاقتى بۇنىڭدىنمۇ بۇرۇنراق بولغان، چۈنــكى ئۇ سۇرگۈن قىلغان ئەمىرلەردىن مىرزا لېتىپ جۇراس ھىجرىيە 1040-يىلى (1630—1631) بەلــخــكە يېــتــىپ كەلــگــەن (قولــيازما 94-ۋاراق). تەپــســلاتــىنى «تارىخ»، 241 - ئىزاھ، 305 - بەتتىن كۆرۈڭ.

⑥ «تارىخ»، 209 - بەت.

⑦ «تارىخ»، 209 - بەت.

⑧ يەنى خوجا شادى.

⑨ يەنى شەرقىي چاغاتاي خانلىقى دەۋرىدىكى دوغلات ئەمىرلىرىدىن بولۇپ، XV ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن 1514 - يىلغىچە تەكلىماكاننىڭ جەنۇبىي قىسمىغا 40 يىلدىن ئارتۇقراق ھۆكۈمرانلىق قىلغان.

⑩ «ئەنىسەتتالىبىن»، 99 - ۋاراق ئارقا يۈزىدىن 100 - ۋاراق ئالدى يۈزىگىچە.

⑪ «تارىخ»، 210 - بەت.

⑫ «تارىخ»، 208 - بەت.

⑬ «قەشقەر تارىخى»، قولىيازما 85 - بەت؛ «تارىخ»، 305 - بەتتىكى 243 -

ئىزاھتىن نەقىل ئېلىندى.

⑭ «تارىخ»، 208 - بەت ۋە 245 -، 246 - ئىزاھلار، 305 -، 306 - بەتلەر.

⑮ «تارىخ»، 210 - بەت.

⑯ «قەشقەر تارىخى»، 87 - ۋاراق؛ «تارىخ»، 306 - بەتتىكى 255 - ئىزاھقا قاراڭ.

⑰ «تارىخ»، 212 - بەت.

⑱ «تەزكىرەئى ئەزىزان» خەنزۇچە نۇسخا، 8 -، 10- بەتلەر - «شىنجاڭ دىن تەتقىقات ماتېرىياللىرى»، 16 - توپلام، 1986 - يىل. «تەۋارىخى خەمسەئى شەرقى»دە خاتىرىلىنىشچە، ئافاق خوجىنىڭ ئاتىسى ماۋارائۇننەھردىن خوتەنگە كېلىپ، شۇ جايدىكى نامدار مۆتىۋەر ھاجى مىرغېرىبنىڭ قىزىغا ئۆيلەنگەن، ئۇلاردىن ئافاق خوجا تۇغۇلغان [ جاۋ ئېنرۇنىڭ «قۇمۇل ۋاكى، ئىسلام دىنى ۋە قۇمۇل تارىخى ھەققىدىكى تەكشۈرۈش خاتىرىسى» دېگەن ماقالىسىدىكى 8 - ئىزاھ («شىنجاڭ دىن تەتقىقات ماتېرىياللىرى»، 15 -توپلام. 1987-يىل)تىن نەقىل ئېلىندى]. خوتەن يەركەن، قەشقەر، ئاقسۇ قاتارلىق جايلار ئوخشاشلا قاراتاغلىقلار ئۈزۈن مەزگىل پائالىيەت ئېلىپ بارغان جايلار بولۇپ، خوجا يۈسۈپنىڭ مۇنداق بىر جايدا يوت تىرەپ تۇرالىشى ئەقىلگە سىغمايدۇ، شۇڭا «تەزكىرەئى ئەزىزان»دىكى قاراش قوبۇل قىلىندى.

⑲ فېڭ جىياشېڭ قاتارلىقلار:«ئۇيغۇر تارىخىغا دائىر قىسقىچە ماتېرىياللار توپلىمى»، 2 - قىسىم، 188 -، 189 - بەتلەر، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1981 - يىل.

⑳ «ئەنسەبتتالىبىن»، 101 - ۋاراق ئارقا يۈزىدىن 102 - ۋاراق ئارقا يۈزىگىچە.

㉑ ئۇشتۇر خەلىپىنىڭ ئوغلى.

㉒ يەركەن خانلىقىدىكى خانلارنىڭ قەبرىگاھى، ھازىرقى يەركەن ناھىيىسى تەۋەسىدە.

㉓ «ئەنسەبتتالىبىن»، 100 - ۋاراق ئارقا يۈزىدىن 101 - ۋاراق ئالدى يۈزىگىچە.

㉔ «ئەنسەبتتالىبىن»، 98 - ۋاراق ئالدى يۈز.

㉕ شاھ مەھمۇد جۇراسىنىڭ يەنە بىر ئەسىرى بولغان «تارىخ» (218 - بەت) تا خوجا شادىنى ھىجرىيە 1055 - يىلى (1645—1646) 63 يېشىدا ئۆلگەن دېيدۇ، بۇ

«ئەنىسەتتالىبىن» دا ئېيتىلغان ۋاقىتتىن ئىككى يىل كېيىن بولۇپلا قالماي، «تارىخ» تىكى ئالاقىدار باشقا ۋەقەلەرنىڭ يىل دەۋرى بىلەنمۇ ئۇدۇل كەلمەيدۇ. شۇڭا «ئەنىسەتتالىبىن» دىكى ۋاقىت ئاساس قىلىندى.

㉖ «تەزكىرەئى خوجىگان» ، خەنزۇچە نۇسخا، 99 - بەت.

㉗ يەنى خوجا شادى.

㉘ پارسچە ئەسلى تېكىستتە بۇ جاي بەكلا كەمتۈك بولغاچقا، پۈتۈن جۈملىنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىشكە مۇمكىن بولمىدى، شۇڭا بۇ جۈملىدىكى ئوقۇغىلى بولىدىغان خەتلەر بىرمۇبىر ئۇدۇل تەرجىمە قىلىندى.

㉙ «قۇرئان كەرىم» نىڭ 36 - سۈرىسى.

㉚ «ئەنىسەتتالىبىن» ، 101 - ۋاراق ئارقا يۈزدىن 102 - ۋاراق ئارقا يۈزگىچە.

㉛ ۋ.ۋ.بارتولدنىڭ « XVII ئەسىر ئۆزبېك خانلىرىنىڭ ئوردا قائىدە-يوسۇنلىرى» ، («ئەسەرلەر» ، II توم، 2 - كىتاب، 394 - بەت) ناملىق ماقالىسىدىن نەقىل ئېلىندى.

㉜ «تارىخ» ، 212 - ئىزاھ، 298 — 299 - بەتلەر.

㉝ سېمىيونوۋا: «ئوتتۇرا ئەسىردىكى بۇخارادا ئەمەلناملىرى، ئەمەل دەرىجىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ مەجبۇرىيەتلىرى» ، «تارىخ» 298 - بەتتىكى 212 - ئىزاھتىن نەقىل ئېلىندى.

㉞ خانىكوف: «بۇخارا خانلىقى» ، 190 - بەت — «تارىخ» ، 298 —، 299 - بەتلەردىكى 212 - ئىزاھتىن نەقىل ئېلىندى.

㉟ «تەزكىرەئى ئەزىزان» ، 12 - بەت.

㊱ «تارىخ» ، 217 - بەت.

㊲ «تارىخ» ، 234 - بەت.

㊳ «ئەنىسەتتالىبىن» ، 104 - ۋاراق ئالدى يۈز.

㊴ «تارىخ» ، 234 - بەت.

㊵ «تارىخ» ، 221 —، 222 - بەتلەر.

㊶ «تارىخ» ، 290 - ئىزاھ، 311 - بەت.

㊷ «ئەنىسەتتالىبىن» ، 103 - ۋاراق ئارقا يۈز.

㊸ «تارىخ» ، 235 - بەت.

㊹ «تارىخ»، 233-بەت؛ «ئەنسەتتالىبىن» 102-ۋاراق ئارقا يۈزدىن 104-ۋاراق ئالدى يۈزىگىچە.

㊺ «تارىخ»، 233 - بەت.

㊻ «ئەنسەتتالىبىن»، 103 - ۋاراق ئارقا يۈزدىن 104 - ۋاراق ئالدى يۈزىگىچە.

㊼ «تارىخ»، 236 - بەت.

㊽ «تارىخ»، 238 - بەت.

㊾ «تارىخ»، 344 - ئىزاھ، 219 -، 220 - بەتلەر.

㊿ «تارىخ»، 240 -، 242 - بەتلەر.

(51) «تارىخ»، 242 - بەت.

(52) «تارىخ»، 243 - بەت.

(53) «تارىخ»، 249 - بەت؛ «تەزكىرەئى خوجىگان»، خەنزۇچە نۇسخا، 99 - بەت؛ «تەزكىرەئى ئەزىزان» («شىنجاڭ دىن تەتقىقات ماتېرىياللىرى»، 12 - توپلام) 13 - بەت.

(54) «تارىخ»، 249 - بەت.

(55) ۋ.ۋ بارتولدنىڭ «تۈركىستان كاماندىروپكىسىدىن دوكلات» («ئەسەرلەر»، VIII توم، 186 - بەت) ناملىق ئەسىرىدىن نەقىل ئېلىندى.

# VI باب جۇڭغار خانلىقىنىڭ تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي قىسمىنى قوشۇۋېلىشى ۋە ئاقتاغلىق خوجىلارنىڭ يەنىمۇ روناق تېپىشى

## 1 § جۇڭغار خانلىقىنىڭ يەركەن خانلىقىنى پاراكەندە قىلىشى ۋە تىزگىنلىۋېلىشى

جۇڭغار خانلىقى جۇڭغار قەبىلىسى تەرەققىياتىنىڭ مەھسۇلى ئىدى. جۇڭغارلار ئەسلىدە غەربىي موڭغۇللارنىڭ ئويرات قەبىلىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، مىڭ - چىڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدە خوشۇت، تورغۇت، دۆربىت، قونت قاتارلىق قەبىلىلەر بىلەن بىللە تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدىكى يايلاقلاردا كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. ”جۇڭغار“ سۆزى موڭغۇلچە Jagun—ghar(>jon—ghar) نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى بولۇپ، ”سول قول“، ”سول قانات“ دېگەن مەنىدە. جۇڭغار خانلىقى باتۇر قونتەيجى دەۋرىدە يەنى XVII ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرى بىر مۇستەقىل سىياسىي گەۋدە سۈپىتىدە دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندى. ئەينى ۋاقىتتا ئۇ گەرچە خان، دەپ ئاتالمىغان بولسىمۇ، ئەمما جۇڭغار قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلى قوشۇمچە ئويرات ئىتتىپاقى (چۇرغان) نىڭ ئىككى نەپەر ئىتتىپاق سەردارىنىڭ بىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئىتتىپاق ئاقساقىلى بولۇپ تۇرۇۋاتقان خوشۇت قەبىلىسى ئاقساقىلى بىلەن ئۇزۇن مەزگىل ئۇزەڭگە سوقۇشتۇرۇپ يۈردى، مەيلى ماھىيەت جەھەتتىن

بولسۇن ياكى كۆرۈنۈشتە بولسۇن ھېچقانداق كۈچكە بېقىنمىدى، شۇنداقلا ”ئېردەنى باتۇر قۇنتەيجى“ دېگەن ئاتاقنى قوبۇل قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئويرات سەردارلىرى ئارىسىدىكى ئورنىنى يۇقىرى كۆتۈردى①. شۇڭا، گەرچە 1679 - يىلى غالدان ئۆزىنى ”بوشۇكتۇخان“ دەپ ئاتىغاندىن كېيىن جۇڭغار خانلىقى ئاخىرقى ھېسابتا شەكىللەنگەن بولسىمۇ، جۇڭغار خانلىقى بىلەن يەركەن خانلىقىنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدا سۆز بولغاندا گەپنى يەنىلا باتۇر قۇنتەيجى زامانىسىدىن باشلاشقا توغرا كېلىدۇ.

## 1. جۇڭغارلارنىڭ جەنۇبقا سۈرۈلۈشى

ئويراتلارنىڭ ئەجدادلىرىنى يۈەن سۇلالىسى دەۋرىگىچە سۈرۈشكە بولىدۇ. يۈەن-مىڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدە قوللىنىلغان 瓦剌 ، 歪剌歹 ، 外剌歹 ، 外剌 ، 猥剌 ، 斡亦剌惕 ، 斡亦剌 قاتارلىق ئوخشىمىغان ناملار بىردەك موڭغۇلچە Oyirad دېگەن سۆزنىڭ ئوخشىمىغان ئاھاڭ تەرجىمىلىرىدۇر②. چىڭ دەۋرىدىكى ۋەسىقىلەردە يەنە 厄魯特, 额魯特 دەپ ئاتالغان، تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئويراتلارنى ”قالماقلار“ دەپ ئاتايدۇ③.

ئويراتلار چىڭگىزخانغا خېلى بالدۇرلا ئىتائەت قىلغان ”ئورانغۇتلار“نىڭ بىرى ئىدى. مىڭ سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە ئويراتلار خەنزۇچە ۋەسىقىلەردە 瓦剌 دېگەن نامدا ئۇچرايدۇ. XIV ئەسىرنىڭ ئاخىرى يۈەن ئىمپېرىيىسىنىڭ ھالاك بولۇشى بىلەن ئويراتلارغا باش كۆتۈرۈشنىڭ ياخشى پۇرسىتى تۇغۇلدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئويراتلار چۆللۈكنىڭ غەربىدە قەد كۆتۈرۈپ، موڭغۇل ئېگىزلىكىگە يۈرۈش قىلدى ۋە ئۇ جايدا مۇشتۇمزور بولۇۋالدى، ئاندىن سىرتقا قارىتا كېڭەيمىچىلىك قىلىپ، XV ئەسىرنىڭ

ئالدىنقى يېرىمىغا كەلگەندە تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدىكى جايلارغا كىرىشكە باشلىغاندى. ئويراتلار چۆللۈكنىڭ غەربىدە باش كۆتۈرۈۋاتقاندا شەرقىي چاغاتاي خانلىقى گۈللىنىش مەزگىلىدە تۇرۇۋاتاتتى، خىزىر خوجا جاپالىق ئەجىر سىڭدۈرۈش بەدىلىگە شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنى تەدرىجىي مۇستەھكەملەپ، قۇدرەت تاپقۇزغانىدى. يوڭلې 1 - يىلى (1403 - يىلى) خىزىر خوجا ۋاپات بولۇپ ئوغلى شەمئى جاھان تەختكە ۋارىسلىق قىلدى، بۇ مەزگىلدە خانلىق تېخىمۇ زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. بۇ ۋاقىتتىكى شەرقىي چاغاتاي خانلىقى بىر تەرەپتىن شەرقتىكى مىڭ سۇلالىسى بىلەن دوستانە بېرىش - كېلىش مۇناسىۋىتىنى ساقلاپ كەلسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئەتراپىدىكى يېقىن قوشنىلىرىغا قارىتا قاتتىق قول دىپلوماتىيە سىياسىتى قوللاندى. «مىڭ تەيزوڭ دەۋرىدىكى ئوردا خاتىرىلىرى» نىڭ 66 - جىلدىنىڭ يوڭلې 5 - يىلى (1407 - يىلى) 4 - ئايدىكى خاتىرىسىدە مۇنداق دېيىلىدۇ: "بەشبالىق پادىشاھى شەمئى جاھان، تويى بۇقا قاتارلىق ئەلچىلەردىن قاشتېشى ۋە باشقا بۇيۇملارنى ئەۋەتىپ سەمەرقەندنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ زېمىنى ئىكەنلىكىنى ئېيتتى ۋە ئۇ يەرنى بويسۇندۇرۇپ بېرىشنى ئۆتۈندى". شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ غەربتىكى قۇدرەتلىك قوشنىسى بولغان تۆمۈرىيلەر سۇلالىسى بىلەن قورقماي تۇرۇپ يۈت تېپىشكەنلىكىدىن ئۇنىڭ دىپلوماتىك سىياسەتتىكى ئاكتىپلىقى ۋە قەتئىيلىكىنى كۆرۈۋېلىش مۇمكىن، شۇڭا شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ ئويراتلارنىڭ جەنۇبقا سۈرۈلۈشى ۋە غەربكە يۈتكىلىشىگە كۈچلۈك ئىنكاس بىلدۈرگەنلىكىنى كۆرۈۋېلىش قىيىن ئەمەس. بىراق مۇشۇ دەۋردىكى ئالاقىدار ۋەسىقىلەرنى ۋاراقلاپ كۆرسەك ئويراتلارنىڭ شەرقىي چاغاتاي خانلىقى بىلەن توقۇنۇشقانلىقى توغرىسىدىكى ئېنىق خاتىرىلەرنى ئۇچرىتالمايمىز. پەقەت «مىڭ

تەيزوك دەۋرىدىكى ئوردا خاتىرىلىرى» نىڭ 41-جىلد يوڭلې 3- يىلى (1405 - يىلى) 4 - ئايدىكى خاتىرىسىدە مۇنداق دېيىلىدۇ: ” ئەلچى ئارقىلىق بەشبالىق پادىشاھى شەمئى جاھانغا تاۋار-دۇردۇن ۋە پۇل-پۇچەك ھەدىيە قىلىندى. قۇمۇلنىڭ ساداقەتمەن پادىشاھى ئەنك تۆمۈرنى گۇيلىچى زەھەر بېرىپ ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكتىن شەمئى جاھان گۇيلىچىدىن ھېساب ئېلىش ئۈچۈن قوشۇن تارتتى. خان ئالىيلىرى بۇنى ئاڭلاپ قولىلاپ-قۇۋۋەتلىدى ۋە ئىنئام-تارتۇق يوللىدى، ئاندىن توقتودۇنمۇنى ساداقەتمەن ۋاڭ قىلىپ تەيىنلىگەنلىكى توغرىلىق يارلىق ئەۋەتتى“. خوۋورت ( Howorth ) نىڭ ۋە خې تيەنچىڭنىڭ تەتقىق قىلىپ ئېنىقلىشىچە گۇيلىچى ئويرات سەردارى ئىكەن④. بۇ نەقىل شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ شەرقتىكى قوشنىسى بولغان قۇمۇلغا ئېتىبار بىلەن قارايدىغانلىقىنى، مەزكۇر قاتناش تۈگۈنىنى كونترول قىلىش غەرىزىدىكى ھەرقانداق ئورۇنۇشقا يول قويمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بۇ مەزگىلدىكى شەرقىي چاغاتاي خانلىقى بىلەن ئويراتلارنىڭ توقۇنۇشقانلىقى ھەققىدىكى خاتىرىلەرنىڭ كەملىكىدىن قارىغاندا، XV ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى ئويراتلار تېخى يېتەرلىك دەرىجىدە قۇدرەت تاپالمىغان بولۇپ، شەرقتە تاتارلار بىلەن كۈچ سىنىشىش جەريانىدا ئۇلارنى بويسۇندۇرالمىغان ۋە باشقا كۈچلەر بىلەنمۇ ئېلىشقۇدەك دەرىجىدە قۇدرەت تاپالمىغان. شۇڭا قۇدرەتلىك شەرقىي چاغاتاي خانلىقى بىلەن تۇتۇشۇپ بېقىشقا تەۋەككۈل قىلالمىغان.

لېكىن ئۇزۇن ئۆتمەي ئەھۋالدا ئۆزگىرىش يۈز بەردى. يوڭلې 5 - يىلى (1407 - يىلى) شەمئى جاھان ۋاپات بولۇپ، ئىنىسى مۇھەممەد تەختكە ۋارىسلىق قىلدى، شۇنىڭدىن كېيىنلا ئويراتلار بىلەن شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ توقۇنۇشىشىغا ئائىت خاتىرىلەر

ۋەسقىلەرگە پۈتۈلۈشكە باشلىدى. «مىڭ تەيزوڭ دەۋرىدىكى ئوردا خاتىرىلىرى» نىڭ 123-جىلد يوڭلې 9- يىلى (1411-يىلى) كەبىسە يىل 12 - ئايدىكى خاتىرىدە مۇنداق دېيىلىدۇ: "شۇنىڭ بىلەن فۇئەن قاتارلىقلار بەشبالىق ئەلچىسى مۇھەممەد قاتارلىقلارنى ئۇزۇتۇپ قويدى، ئويرات ئەلچىسى بەشبالىق پادشاھى مۇھەممەد ئويرات قەبىلىلىرىگە ھۇجۇم قىلماقچى بولۇۋاتىدۇ، دېگەن خەۋەرنى يەتكۈزگەنلىكتىن (پادىشاھ) فۇئەن ئارقىلىق پادىشاھ مۇھەممەدكە: 'يېقىندا ئويرات ئەلچىسى كېلىپ شاھ ئالىيلىرىنى ئويراتلارغا ھۇجۇم قىلماقچى بولۇۋاتىدۇ، دەپ مەلۇمات يەتكۈزدى. بۇ گەپ راستمۇ؟ ئويرات ئەلچىلىرىنىڭ سۆزىگە ئىشەنسەك بولامدۇ؟' دېگەن مەزمۇندا نامە ئەۋەتتى". دېمەك، ئىككى تەرەپنىڭ توقۇنۇشى روشەنلەشكەن ۋە ئۆتكۈرلەشكەن، يەنە كېلىپ شەرقىي چاغاتاي خانلىقى بۇ توقۇنۇشتا روشەن ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەن. ئەمما بۇ ئەھۋاللار بۇ مەزگىلدىكى ئويراتلارنىڭ خېلىلا كۈچلەنگەنلىكىنى، شەرقتە تاتارلار بىلەن تۇتۇشۇپ تۇرۇپمۇ غەربتىكى قوشنىسى شەرقىي چاغاتاي خانلىقىغا قاتتىقلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىشقا قادىر بولۇۋاتقانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئويراتلار كۈنسېرى قۇدرەت تېپىۋاتقان مەزگىللەردە شەرقىي چاغاتاي خانلىقى قەدەممۇقەدەم زاۋاللىققا يۈزلەندى. يوڭلې 13 - يىلى (1415-يىلى) مۇھەممەدخان ۋاپات بولغاندىن كېيىن شەرقىي چاغاتاي خانلىقى تەخت ماجىراسىغا پېتىپ قېلىپ، خانلىقنىڭ ئەمەلىي كۈچى ئاجىزلاپ كەتتى، ئويراتلار بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ غەربكە قاراپ كېڭىيىشنى تېزلەتتى ۋە شەرق، شىمال ئىككى تەرەپتىن شەرقىي چاغاتاي خانلىقىغا بېسىم ئىشلەتتى. تەخت ماجىراسى تۈپەيلىدىن مالىمانچىلىققا پېتىپ قالغان شەرقىي چاغاتاي خانلىقى ئويراتلارنىڭ بېسىمىنى توسۇشقا ھەرقانچە قىلىپمۇ قادىر

بولالمىدى. «مىڭ تەيزوڭ دەۋرىدىكى ئوردا خاتىرىلىرى» نىڭ 196 -جىلد يوڭلې 16 - يىلى (1418 - يىلى) 2 - ئايدىكى خاتىرىدە مۇنداق دېيىلىدۇ: ”بەشبالىق ئاتامانلىرىدىن سۇگا، كىرامانىرا قاتارلىقلار سۇلالىمىزگە بەيئەتكە كېلىپ ئولپان تاپشۇردى ۋە پادىشاھى نەقشى جاھانخاننى ئىنىسى ئۇۋەيسىنىڭ ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكىنى، غەربكە كۆچۈپ كېتىپ ئۆزىنى ئىلبالىق ئېلى، دەپ ئاتىۋالغانلىقىنى يەتكۈزدى“. ئىلبالىق ھازىرقى شىنجاڭنىڭ غۇلجا تەۋەسىگە توغرا كېلىدۇ. ئويراتلارنىڭ غەربكە سىلجىۋاتقانلىقىدەك قۇدرەتلىك بېسىمى ئاستىدا ”خاننى ئۆلتۈرۈپ خان بولۇۋالغان“ ئۇۋەيسخان پايتەختنى ئىلبالىققا كۆچۈرۈپ كېتىشكە مەجبۇر بولغان، مىڭ دەۋرىدىكى ۋەسىقىلەردە بۇ خانلىق ”ئىلبالىق دۆلىتى“ دەپ ئاتالغان. مانا مۇشۇ مەزگىللەردە ئويراتلار شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ موغۇلىستان رايونىغا كىرىپ، شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنى ئۇزمەي تالان-تاراج قىلىپ تۇردى، بۇ ئەھۋاللار مىڭ دەۋرىدىكى خەنزۇچە ۋەسىقىلەردە ئازدۇر - كۆپتۇر ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. مەسىلەن: «مىڭ تەيزوڭ دەۋرىدىكى ئوردا خاتىرىلىرى» نىڭ 240 - جىلد يوڭلې 19 - يىلى (1421 - يىلى) 8 - ئايدىكى خاتىرىدە مۇنداق دېيىلىدۇ: ”ئاغۇات خەي توڭ، مۇشاۋىر بەي جوڭ قاتارلىقلار ئويراتلار ماكانىدىن قايتىپ كېلىپ ئىلبالىق پادىشاھى ئۇۋەيسىنىڭ دانىشمەن ۋاڭ تەيپىڭ بىلەن سوقۇشۇۋاتقانلىقىنى، بىردەم ئۇ يەڭسە بىردەم بۇ يېڭىپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى يەتكۈزدى“. دانىشمەن ۋاڭ تەيپىڭ دېگىنى مىڭ دەۋرىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىكى ئويراتلارنىڭ ئۈچ قەبىلىسىنىڭ سەردارلىرىدىن بىرى ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئويراتلار يەنە جەنۇبقا ھۇجۇم قىلىپ قۇمۇلدىكى كارۋان يوللىرىدا بۇلاڭچىلىق قىلغان. «مىڭ تەيزوڭ دەۋرىدىكى ئوردا

خاتىرىلىرى» نىڭ 238 - جىلد يۈگۈلي 19 - يىلى (1421 - يىلى) 6 - ئايدىكى خاتىرىسىدە مۇنداق دېيىلىدۇ: "قۇمۇلدىكى ساداقەتمەن خان تۇل تۆمۈر ئويراتلارنىڭ ئۆز تەۋەسىگە بېسىپ كىرىپ بۇلاڭ-تالاڭ قىلغانلىقىنى، دانىشمەن ۋاڭ تەيپىڭ قاتارلىقلارغا قاتتىق سۆزلەر بىلەن يېزىلغان نامە ئەۋەتىپ ئۇلارنى ئەيىبلىگەنلىكىنى ۋە بۇلاپ كەتكەن نەرسىلەرنى ئۆز ئىدىتى بويىچە قايتۇرۇۋشنى تەلەپ قىلغانلىقىنى يەتكۈزدى". ئويراتلارنىڭ قۇمۇلنى تالان - تاراج قىلىشىنى توسۇشقا بۇ ۋاقىتتىكى شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ قۇربى يەتمىدى، تېخىمۇ يامان بولغىنى ئويراتلار شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ شەرقىدىكى مۇھىم قاتناش تۈگۈنى تۇرپانغىمۇ ھۇجۇم قوزغىدى، سودا يولىغا بولغان كونتروللۇقىنى قولىدىن چىقارماسلىق ئۈچۈن ئۇۋەيسخان قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈشكە مەجبۇر بولدى. «تارىخى رەشىدىي» دىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، ئۇۋەيسخان تۇرپان ئەتراپلىرىدا ئويراتلار بىلەن جەڭ قىلغان، ھەر يىلى تۇرپان، تارىم، لوپ، كەتەك قاتارلىق جايلارغا بېرىپ ئوۋ ئوۋلىغان، يەنە تۇرپاندا شەخسەن ئۆزى يەر سۇغىرىپ تېرىقچىلىق قىلغان ۋە ئۆز - ئۆزىنى تەمىنلەشكە كىرىشكەن⑤. ئويراتلارنىڭ تەسىرى غەربكە سۈرۈلۈۋەرگەنلىكتىن شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ مەركىزى ئىلى ۋادىسى ۋە تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىغا يۆتكەلدى.

ئويراتلار شەرقىي چاغاتاي خانلىقىغا شەرقتىن بېسىم قىلىش بىلەن بىرگە يەنە ئېمىل دەرياسى، كۆكتېڭگىس (ھازىرقى بالقاش كۆلى) لىنىيىسىنى بويلاپ شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ شىمالىدىن جەنۇبقا ھۇجۇم قىلدى ۋە يەتتىسۇ رايونىنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلىپ ئىلى ۋادىسىغا ئىچكىرىلەپ كىردى. «تارىخى رەشىدىي» دە ئۇۋەيسخان بىلەن ئويراتلارنىڭ مىڭلاق ۋە موغۇلىستان چېگرىسىدىكى قاباق

دېگەن جايلاردا ئىككى قېتىم جەڭ قىلغانلىقى قەيت قىلىنىدۇ⑥.
پېللىئوتنىڭ پىكرىچە "مىڭلاق" دېگەن نام "مىڭ بۇلاق" دېگەن
نامنىڭ خاتا ئاتىلىشى، "قاباق" دېگىنى Qabilqaqla ۋە Qabiqalar
دېگەن جايلار ئىكەن ⑦. «تارىخى رەشىدىي» دە خاتىرىلىنىشىچە،
ئۇۋەيسخان ئويراتلار بىلەن ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ 61 قېتىم
سوقۇش قىلغان، پەقەت بىر قېتىم غەلىبە قىلغاننى ھېسابقا
ئالمىغاندا باشتىن - ئاخىر يېڭىلگەن، شۇنداقلا ئۇۋەيسخان ئۆزىمۇ
ئاز دېگەندە ئىككى قېتىم ئەسىرگە چۈشكەن⑧.
ئويراتلار توغان دەۋرىدە تېخىمۇ كۈچەيدى. شۇەندې 9 - يىلى
(1434 - يىلى) ئويرات ئاقساقىلى توغان شەرقىي موڭغۇللارنى
قاتتىق مەغلۇپ قىلدى، جېڭتوڭ يىللىرىنىڭ باشلىرى توغان
ئويرات قەبىلىلىرىنى ئۆزىگە قوشۇۋېلىپ، شەرقىي ۋە غەربىي
موڭغۇللارنى ۋاقتىنچە بىرلىككە كەلتۈردى. توغان ئۆزىنى خان،
دەپ جاكارلارشنى ئويلىغان بولسىمۇ ئەينى دەۋردىكى "چىڭگىزخان
ئەۋلادلىرىدىن غەيرىلەرنىڭ خان بولۇشى مەنئى قىلىنغان"
ئەنئەنىسىنىڭ چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن ئىلاجسىز چىڭگىزخان
ئەۋلادلىرىدىن توقتو بۇقانى خان قىلىپ تىكلىدى، "ئۆزى باش
ۋەزىر بولۇپ، شىمالىي دالادا دەۋران سۈردى"⑨. بىراق ئارىدىن
ھېچقانچە ۋاقىت ئۆتمەي يەنى جېڭتوڭ 4 - يىلى (1432-يىلى)
توغان ئۆلدى، ئورنىغا ئوغلى ئېسەن ۋارىسلىق قىلىپ خۇەيۋاڭ
خەلپەت بېگى دەپ ئاتالدى، "شىمالدىكى بارچە قوۋملار ئېسەنگە
بەيئەت قىلدى، توقتو بۇقا پەقەت قۇرۇق نامغىلا ئىگە بولۇپ
قالدى، ۋەزىرلىك تۈزۈمىمۇ قايتا ئەسلىگە كەلتۈرۈلمىدى"⑩.
توغان ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئاخىرقى يىللىرى ئويراتلار قۇدرەت
تېپىشقا باشلىغان بولسا، ئېسەن ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن زاماندا
ئويراتلار قۇدرەت تېپىپ ئەڭ يۇقىرى پەللىگە يەتتى.

تەسىر كۆچىنىڭ ئېششى ۋە شىمالىي دالادىكى ھاكىممۇتلەقلىقىنىڭ ئورنىتىلىشى بىلەن ئويراتلار تېزدىن غەربكە كېڭەيدى، ئەمما بۇ ۋاقىتتىكى شەرقىي چاغاتاي خانلىقى بولسا چەك-چېگىدىن بۆسۈلۈپ كەتكەن تەپرىقىچىلىك ھالەتتە ئىدى. شۇەندى 7 - يىلى (1432 - يىلى) ئۇۋەيسخان ۋاپات بولغاندىن كېيىن تەخت ماجىراسى قايتا ئەۋج ئالدى، ئۇنىڭ كەنجى ئوغلى ئېسەن بۇقا خانلىققا كۆتۈرۈلۈپ، چوڭ ئوغلى يۇنۇس خانلىق تەۋەسىدىن قوغلاپ چىقىرىلدى، كېيىنچە سەمەرقەندتىكى تۆمۈرىيلەر ئەۋلادلىرىدىن ئەبۇ سەئىدنىڭ قوللىشى بىلەن يۇنۇس شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ غەربىي قىسمىنى ئىگىلەپ، ئۆزىنى خان، دەپ ئېلان قىلدى. بۇ چاغدا تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي يېنى ئاتالمىش "ماڭلاي سۈيە"نى كونترول قىلىپ تۇرۇۋاتقان دوغلات ئەمىرلىرى بۇ رايونغا مۇستەقىل پادىشاھ بولۇۋالدى، شۇنىڭ بىلەن شەرقىي چاغاتاي خانلىقى ئەمەلىيەتتە ئۈچكە بۆلۈنۈپ كەتتى. بۇ ئويراتلارنىڭ غەربكە سۈرۈلۈشى ئۈچۈن ياخشى پۇرسەت بولۇپ قالدى. ئويراتلار جەنۇبتا مىڭ سۇلالىسىگە ھۇجۇم قىلىش بىلەن بىرگە شەرقىي چاغاتاي خانلىقى بىلەنمۇ شىددەتلىك جەڭلەرنى قىلدى ۋە تەڭرىتاغنىڭ شىمالى، يەتتىسۇ رايونلىرىغا ئۈزلۈكسىز ئىچكىرىلەپ كىردى.

«تارىخى رەشىدىي» دە ئېيتىلىشىچە، ئېسەن بۇقا تەختكە ۋارىسلىق قىلغان دەسلەپكى يىللاردا شەرقىي چاغاتاي خانلىقىدا خان ھوقۇقى ئاجىزلاپ "ھەرقايسى ئەمىرلەر گۇرۇھ بولۇۋېلىپ ئۆزەڭگە سوقۇشتۇرۇۋاتاتتى"⑪، شۇڭا شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ ئويراتلارنىڭ ھۇجۇملىرىغا ئۇنۇملۇك قارشى تۇرالىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. «تارىخى رەشىدىي» دە مۇنداق دېيىلىدۇ: "مىرھەق بەردى بەگ جىغاي ئىسسىقكۆلدىكى كۆيسۈي ناملىق ئارالدا تۇراتتى،

ئۇ بۇ يەردە بىر قەلئە سېلىپ پۈتۈن جەددى-جەمەتىنى ئارالغا كۆچۈرۈپ كەلدى ۋە شۇ ئارقىلىق قالماقلارنىڭ ھۇجۇمىدىن پاناھلاندى··· جۇراس جەمەتى ۋە بايرىن قەبىلىسىنىڭ ئەمىرلىرى قالماق زېمىنىدىكى ئىسەن تەيشىنىڭ ئوغلى ئامازانچ تەيشىنىڭ پاناھلىقىغا ئۆتتى"⑫. بۇ مەزگىلدە ئويراتلار موغۇلىستانىنىڭ شەرقىي قىسمىدا چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ، شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ ئىلى ۋادىسى ۋە يەتتىسۇ رايونلىرىغا بولاڭ - تالاڭ خاراكتېرلىك جازا يۈرۈشى قىلىۋاتاتتى، ھەتتا غەربىي قىسمىدىكى ماۋارائۇننەھر رايونىغىمۇ پاراكەندىچىلىك سېلىۋاتاتتى. جىڭتەي 3-يىلىدىن 6 - يىلىغىچە (1452 - 1455) ئويراتلار سىر دەريا ۋادىسىغا ئىچكىرىلەپ كىرىپ، شۇ جايدىكى ئۆزبېكلەرنى مەغلۇپ قىلدى⑬. ئەمما ئويراتلارنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك گۈللىنىشى ئانچە ئۇزۇن داۋاملىشالمىدى. جىڭتەي 5-يىلى (1454 - يىلى) ئىسەن بۇقا ئىچكى ماجىرادا ئۆلتۈرۈلدى، شەرقىي ۋە غەربىي موڭغۇللارنىڭ ۋاقىتىنچە بىرلىككە كېلىش ۋەزىيىتىمۇ ئىسەن بۇقانىڭ ئۆلۈمى بىلەن تەڭلا ئاخىرلاشتى، ئويراتلارنىڭ شەرقىي موڭغۇللارغا بولغان ھۆكۈمرانلىقىنىڭ يىمىرىلىشىگە ئەگىشىپ ئويراتلاردىكى ئىچكى ماجىرالار بېسىقمىدى. «تارىخى رەشىدىي» گە ئاساسلانغاندا، ھىجرىيە 873-يىلى (1468—1469) ئىسەن بۇقانىڭ ئىچكى نىزالاردا مەغلۇپ بولغان ئوغلى ئامازانچ تەيشى قەبىلىسىدىكىلەرنى باشلاپ موغۇلىستانغا قېچىپ كەلدى ۋە ئىلى ۋادىسىغا كىردى. بۇ چاغدا شەرقىي چاغاتاي خانلىقىدا ئىسەن بۇقا ئالەمدىن ئۆتۈپ، قېرىندىشى يۇنۇسخان پۈتۈن خانلىققا خان بولغانىدى. ئامازانچ تەيشى "ئىلى دەرياسى بويىدا يۇنۇسخان بىلەن دەرقەم بولۇشۇپ ئۇنى قاتتىق مەغلۇپ قىلدى. شۇ قېتىملىق جەڭدە ئوتتۇز موغۇل ئەمىرلىرى جان تەسلىم قىلدى"⑭، يۇنۇسخان

جەيھۇن بويلىرىغا قاچتى. ھىجرىيە 877-يىلى (1472—1473) غا كەلگەندە بۇ ئويرات قوشۇنى ”ئەسلىي ماكانىغا قايتتى“، ”موغۇلىستان ئىگىسىز پادىشاھلىق بولۇپ قالغاچقا يۇنۇسخان موغۇل قوۋمىنى باشلاپ، ئۆزلىرىنىڭ ئەسلىي ماكانىغا قايتىپ كېلىشتى“⑮. شۇنىڭدىن كېيىن ئويراتلارنىڭ تەدرىجىي زاۋاللىققا يۈزلىنىشىگە ئەگىشىپ ئۇلارنىڭ ئىچكىرىلەپ كىرىپ پاراكەندىچىلىك سېلىشى ۋاقتىنچە توختىدى.

XV ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن كېيىن شەرقىي موغۇللارنىڭ قىستاپ كېلىشى بىلەن ماغدۇرىدىن كەتكەن ئويراتلار تەدرىجىي غەربكە سۈرۈلۈپ، چۆللۈكنىڭ غەربىگە كېلىپ قالدى ۋە تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدىكى يايلاق رايونىغا قاراپ تەرەققىي قىلىشقا باشلىدى، بۇنىڭ بىلەن مەزكۇر رايونغا ھۆكۈمرانلىق قىلىپ كېلىۋاتقان شەرقىي چاغاتاي خانلىقى بىلەن توقۇنۇشۇپ قېلىشتىن ساقلىنالمىدى. بۇ مەزگىللەردە شەرقىي چاغاتاي خانلىقىدىكى ئەھمەدخان خانلىقنىڭ شەرقىدە دەۋران سۈرۈپ، تۇرپاننى بازا قىلغان ھالدا سىرتقا كېڭىيىۋاتاتتى، شۇڭا ئۇ جەنۇب تەرەپتىن ئويراتلارنى قىستاپ كەلدى . «تارىخى رەشىدىي» دىكى خاتىرىلەرگە قارىغاندا ئەھمەدخان كۆپ قېتىم ئويراتلارنى مەغلۇپ قىلغان: ”ئۇ (ئەھمەدخان) كۆپ قېتىم قالماقلارغا لەشكەر تارتىپ، قىلغانلىكى جەڭدە نۇسرەت قازاندى، كۆپلىرىنى قىرىپ تاشلىدى ۋە ئەسىر ئالدى... قالماقلارنىڭ يۈرەكلىرى پوكۇلداپ، ئۇنى ’ئالاچاخان‘ دەپ ئاتىدى، ’ئالاچا‘ دېگەن سۆز موغۇلچىدا ’كۆشەندە‘ يەنى ’قانخور‘ دېگەن مەنىدە. ئۇ بۇ نامدىن قۇتۇلۇشقا قادىر بولالمىدى، ئۇنى ئۆزىنىڭ پۇقرالىرىمۇ ھەمىشە ئالاچاخان، دەپ چاقىرىشىدىغان بولدى. ھازىر موغۇللار ئۇنى سۇلتان ئەھمەدخان دەپ ئاتاشسىمۇ، قوشنا قوۋملار ئۇنى يەنىلا ئالاچاخان

دەپ چاقىرىشىدۇ"⑯. بىراق، ئەھۋالدىن قارىغاندا ئەھمەدخان ئويراتلارنى موغۇلىستاننىڭ شەرقىي قىسمىدىن قوغلاپ چىقىرالمىغان بولسا كېرەك، بولمىسا «تارىخى رەشىدىي» نىڭ ئاپتورى جەزمەن ماختاپ كۆككە كۆتۈرگەن بولاتتى. XVI ئەسىرنىڭ باشلىرى ئەھمەدخان ۋاپات بولۇپ، چوڭ ئوغلى مەنسۇر تەختكە ۋارىسلىق قىلدى. ئۇزۇن ئۆتمەي مەنسۇرنىڭ ئىنىسى سەئىد يەركەننى مەركەز قىلغان بىر مۇستەقىل ھاكىمىيەت قۇرۇپ، ئاقسۇ، كۇچا ئارىلىقىنى چېگرا قىلغان ھالدا مەنسۇرنىڭ شەرقىي چاغاتاي خانلىقى ھاكىمىيىتى بىلەن تىركەشتى، بۇنىڭ بىلەن شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ تەسىر كۈچى تېخىمۇ ئاجىزلىدى. XVI ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى مەنسۇرخان ئۆلگەندىن كېيىن، ئىككى ئوغلى تەخت تالاشتى، چوڭ ئوغلى شاھ سۇلتان "ئەسلىي مەملىكەتكە ھۆكۈمران بولدى"⑰، ئىككىنچى ئوغلى مۇھەممەد سۇلتان قۇمۇلنى ئىگىلەپ شاھ سۇلتان بىلەن قارشىلاشتى، بۇ كۈرەشتە يامان ئەھۋالدا قالغان مۇھەممەد سۇلتان "قۇدىلىششىش ۋاسىتىسى ئارقىلىق ئويراتلاردىن ياردەم سورىدى"⑱. شەرقىي چاغاتاي خانلىقى ئىچكى نىزالار تۈپەيلىدىن تېزلا ھالسىراپ، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىغا چېكىندى ۋە كۇچانىڭ شەرقىدىكى تۇرپاننى مەركەز قىلغان رايونلارنى كونترول قىلىشقا قادىر بولالىدى، شۇنىڭ بىلەن موغۇلىستاننىڭ شەرقىي قىسمى ئويراتلارنىڭ چارۋىچىلىق قىلىدىغان يايلىقىغا ئايلىنىپ قالدى.

يەركەن خانلىقى قۇرۇلغاندىن كېيىن سەئىدخان، بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئوغلى ئابدۇرەشىدخان موغۇلىستانغا بولغان ھۆكۈمرانلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرمەكچى بولدى، ئوتتۇرا ۋە غەربىي قىسىم رايونلار ئۇنىڭ قولغا كەلتۈرمەكچى بولغان دەسلەپكى نىشانى ئىدى. ئەينى

ۋاقىتتا مەنسۇرخان ئويراتلار بىلەن موغۇلىستاننىڭ شەرقىي قىسمىنى تالىشىش ھەلەكچىلىكىدە بولۇپ كېتىپ، موغۇلىستاننىڭ ئوتتۇرا ۋە غەربىي قىسىملىرىغا قاراشقا ماغدۇرى تەگمەي قالغاچقا ئۇ جايلارنى قىرغىزلار يايلاق ھېسابىدا ئىگىلىۋالغانىدى. 1517 - يىلى سەئىدخان موغۇلىستانغا قوشۇن تارتىپ، قىرغىزلارنىڭ سەردارى مۇھەممەدنى تىرىك تۇتۇپ قايتىپ كەلدى. 1522 - يىلى يەركەن خانلىقى زېمىن ئىگىلەش مەقسەت قىلىنغان جازا يۈرۈشىنى باشلىۋەتتى، سەئىدخاننىڭ ئوغلى ئابدۇرەشىد سۇلتان ئاتىسىنىڭ ھاۋالىسى بويىچە قوشۇن باشلاپ شىمالغا يۈرۈش قىلىپ، ھەربىي ئىشلار جەھەتتە بەزى ئۇتۇقلارنى قولغا كەلتۈرگەن بولسىمۇ "قىرغىزلارنى تىنچىتىشقا قادىر بولالمىدى"⑲. 1524-يىلى قىشتا ئابدۇرەشىد سۇلتان قوشۇن تارتىپ يەنە ئويراتلارغا ھۇجۇم قوزغىدى ۋە باران تالىش ئىسىملىك ئەمىرنى ئۆلتۈرگەنلىكتىن "غازى" دېگەن شەرەپ نامىغا ئېرىشتى. 1525 - يىلى قازاقلار موغۇلىستاننىڭ ئوتتۇرا قىسىملىرىغا كىرگەندە قىرغىزلار قازاقلارغا بەيئەت قىلدى. شۇنىڭ بىلەن سەئىدخاننىڭ موغۇلىستاننى قايتۇرۇۋېلىش يولىدىكى ھەربىي ھەرىكىتى ئاخىرقى ھېسابتا مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلاشتى. ئابدۇرەشىدخان تەختكە چىققاندىن كېيىن داۋاملىق موغۇلىستاننى قايتۇرۇۋېلىش ئىشىغا بەنت بولۇپ، قازاقلارنىڭ ئاساسىي كۈچىنى بىر يولىلا تارمار قىلغان بولسىمۇ، ئاخىرقى ھېسابتا يەنىلا نۇسرەت قازىنالمىدى، يەركەن خانلىقىنىڭ شىمالىدىكى زېمىنى ئاساسەن تەڭرىتاغ تىزمىسىنى چېگرا قىلدى⑳. XVI ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى يەركەن خانلىقى شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنى قوشۇۋېلىپ تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىنى بىرلىككە كەلتۈردى ۋە مىسلىسىز دەرىجىدە قۇدرەت تاپتى، ئەمما بۇ ۋاقىتتىمۇ تەڭرىتاغنىڭ شىمالىنى ئۆز ئىلكىگە

ئېلىشقا مۇۋەپپەق بولالمىدى.

ئويراتلار ئۇزۇن مەزگىللىك تەرەققىيات ۋە كۆچۈش جەريانىدا شەرقىي موڭغۇل ۋە تۈركىي تىللىق خەلقلەرگە تەۋە قەبىلىلەرنى كۆپلەپ قوشۇۋالدى، بۇنىڭ بىلەن تەدرىجىي خوشۇت، جوڭغار، دۆربىت، تورغات، خونت قاتارلىق قەبىلىلەر شەكىللەندى ۋە تودچە ۋەسىقىلەردە "دۆربېن ئويراد" ("ئويراتلارنىڭ تۆت قەبىلىسى" ياكى "تۆت ئويرات بىرلەشمىسى" دېگەن مەنىلەردە) دەپ ئاتالدى㉑.

XVII ئەسىرنىڭ باشلىرى ئويرات قەبىلىلىرىنىڭ كۈچ - قۇۋۋىتى تەدرىجىي ئەسلىگە كەلدى ۋە كۈنسېرى قۇدرەت تېپىشقا باشلىدى. ئۇلار جەنۇبتىكى قوشنىسى چاغاتاي ئەۋلادلىرى بىلەن بولغان جەڭلەردە ئىزچىل ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەپ كەلدى، شۇنداقلا ئۇلارنى تەڭرىتاغ يايلاقلىرىدىن پۈتۈنلەي سىقىپ چىقىرىۋەتكەندىن سىرت يەنە تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى بوستانلىقلارغا كۆز قىزارتىپ، پات-پاتلا جەنۇبنى تالان - تاراج قىلىپ تۇردى. بۇ مەزگىللەردە يەركەن خانلىقى زاۋاللىققا يۈزلەنگەن، ۋەزىيەت قالايمىقانلىشىپ ئىچكى نىزالار ئەۋج ئېلىۋاتقان ھالەتتە بولغاچقا ئويراتلارنىڭ ھۇجۇملىرىغا قارىتا ئۈنۈملۈك تاقابىل تۇرۇش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئىچكى نىزادا مەغلۇپ بولغۇچىلار ئويراتلاردىن ياردەم تەلەپ قىلدى. بۇنىڭ بىلەن ئويراتلارغا جەنۇبقا بېسىپ كىرىش ئۈچۈن پايدىلىق پۇرسەت تۇغۇلدى، ئۇلار بۇ ماجىرالاردىن بەزىدە نەپكە ئېرىشسە يەنە بەزىدە پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ تاجاۋۇز قىلىپ كىردى. «تارىخ» تا خاتىرىلىنىشىچە، XVI ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى خۇدابەندى سۇلتان تۇرپاندا ئىسيان كۆتۈرگەندە يەركەن خانى مۇھەممەد ئىنىسى ئابدۇرەھىم سۇلتان ۋە مىرزا شاھنى باستۇرۇشقا ئەۋەتتى، كۈچلۈك ياۋنىڭ بېسىمى ئاستىدا ئەمەلىي كۈچى ئانچە زور بولمىغان خۇدابەندى ئىلاجسىز شىمالدىكى ئويراتلاردىن ياردەم سورىدى.

ئويراتلار ۋەزىيەتنى كۆزىتىپ بېقىپ، ئۇشتۇمتۇتلا ئاجىز ئورۇندا تۇرۇۋاتقان تۇرپان قوشۇنىغا ياردەم بېرىشنى رەت قىلدى ۋە يەركەن جازا يۈرۈشى قىلغۇچى قوشۇننىڭ ئىتتىپاقدىشى بولۇۋېلىپ ”خۇدابەندى سۇلتاننى ئابدۇرەھىمخان بىلەن مىرزا شاھقا تاپشۇرۇپ بەردى“، ئاندىن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ تۇرپان رايونىنى قاتتىق بۇلاڭ - تالاڭ قىلدى㉒.

ھىجرىيە 1018 - يىلى (1609—1610) يەركەن خانلىقىدا ئەھمەدخان تەختكە چىقتى، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇزاق ئۆتمەيلا خانلىقنىڭ شەرقىي قىسمىدا ئۇرۇش يانغىنلىرى كۆتۈرۈلدى. مۇھەممەدخاننىڭ نەۋرىسى، خۇدابەندى سۇلتاننىڭ ئوغلى مۇھەممەد قاسىم چالىش ھۆكۈمرانى بولۇش سۈپىتى بىلەن تۇرپاندىكى ئابدۇرەھىم بىلەن قاتتىق ئۆچەكەشتى. «تارىخ» تا مۇنداق دېيىلىدۇ: ”كېيىن مۇھەممەد قاسىم سۇلتان بىلەن ئابدۇرەھىمخان ئوتتۇرىسىدا تالاش - تارتىش يۈز بېرىپ، بۇ ئىككىسى بىر - بىرىگە رەقىب بولدى. مۇھەممەد قاسىم سۇلتان قالماقلاردىن ياردەم سورىغاندا قالماقلار ياردەمگە كەلدى. ئابدۇرەھىمخانمۇ ئۇرۇشۇشقا تەييار بولدى. ئىككى قوشۇن بىر - بىرىگە سەپراس بولغاندا قالماقلار جەڭدىن ئۆزىنى تارتتى. جەڭ باشلاندى، ئاقىبەت مەغلۇبىيەت تەقدىرى مۇھەممەد قاسىم سۇلتانغا يار بولدى. ئۇ جەڭدە يېڭىلىپ ئەمدىلا ئۇھ، دېيىشىگە قالماقلار ئۇنىڭغا شىددەتلىك ھۇجۇم قوزغىدى، بۇ ھۇجۇمغا ئابدۇرەھىمخانمۇ بۇ تەرەپتىن ھەمدەم بولدى. مۇھەممەد قاسىم سۇلتان قورۇلغا قامىلىپ قالدى، قالماقلار بۇلىيدىغاننى بۇلاپ بولغاندىن كېيىن يۇللىرىغا راۋان بولۇشتى“㉓.

ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىغا كەلگەندە ئويرات XVII قەبىلىلىرىنىڭ تېزدىن كۈچىيىشى ۋە يەركەن خانلىقىدىكى

مالىمانچىلىقىنىڭ كۈنسېرى ئەۋج ئېلىشى بىلەن ئويرات قەبىلىلىرىنىڭ تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىغا بېسىپ كىرىشىمۇ كۆپەيگىلى تۇردى. «تارىخ» تا خاتىرىلىنىشىچە، ھىجرىيە 1048- يىلى (1638 —1639) يەنى ئابدۇللاخان تەختكە چىقىپ ئۇزۇن ئۆتمەي قونجىن، سېرېن ۋە سۇمىر قاتارلىقلار باشلىغان ئويرات قوشۇنى خوتەن رايونىغا بېسىپ كىردى. خوتەندىكى مۇھەممەد مەنسۇربەگ قوشۇنى بىلەن ئۇلارغا قارشى جەڭگە چىقىپ جەڭ مەيدانىدا قازا قىلدى. خوتەن ھۆكۈمرانى، ئابدۇللاخاننىڭ ئىنىسى ئىبراھىم سۇلتان داۋاملىق باتۇرلارچە جەڭ قىلىپ ئويرات قوشۇنىنى چېكىندۈردى. ئابدۇللاخان بۇنى ئاڭلاپ ئۆزىنىڭ ئاتالىقى شاھ مەنسۇر بەگ قاتارلىقلارنى قوغلاپ زەربە بېرىشكە ئەۋەتكەن بولسىمۇ، ياۋنى قوغلاپ يېتەلمىدى. ئىككىنچى يىلى ئاشۇ ئويرات قوشۇنى سېرېن ۋە سۇمىر قاتارلىقلارنىڭ قوماندانلىقىدا يەنە بىر قېتىم جەنۇبقا بېسىپ كىرىپ، تەڭرىتاغ بويىدىكى ئاقسۇ شەھىرىنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلدى. ئۇلار قولغا چۈشۈرگەن هارام بايلىقلىرىنى ئېلىپ شىمالغا قايتىۋاتقاندا بايغا يېقىن جايدا يەركەن خانلىقى قوشۇنلىرىنىڭ توسۇپ زەربە بېرىشىگە ئۇچراپ سەردارلىرى سېرېن ۋە سۇمىر ئەسىرگە چۈشتى㉔. تودچە ماتېرىياللاردىن قارىغاندا، سۇمىر ئويرات موڭغۇللىرىنىڭ خونت قەبىلىسىنىڭ سەردارلىرىدىن بولۇپ، ئۇنىڭ قېرىندىشى سۇلتان تەيشى يۇلتۇز ۋادىسىدا چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ئويراتلارنىڭ خونت قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلى ئىدى. سۇلتان تەيشى تەڭرىتاغ ئەتراپىدا "ئىلدان تەيشى" دېگەن نام بىلەن مەشھۇر بولۇپ، «تارىخ» تىمۇ ئاشۇ نام بىلەن تىلغا ئېلىنىدۇ، قونجىن، سېرېن دېگەنلەرمۇ ئۇنىڭ ئاغزىغا قارايتتى. ئۇلارنىڭ يايلاق رايونى يەركەن خانلىقى بىلەن قوشنا بولغاچقا، ئويراتلار ھەدېسىلا جەنۇبقا بېسىپ كىرىپ

بۇلاڭ-تالاڭ قىلاتتى. بىراق، ئويراتلارنىڭ كۈنسېرى قۇدرەت تېپىشى ۋە غەربىي يۇرت ۋەزىيىتىدىكى ئۆزگىرىشلەر سەۋەبىدىن ئويرات سەردارلىرى بۇنداق ئاددىيغىنە بۇلاڭ - تالاڭغا قانائەتلەنمەيدىغان بولۇپ قالدى.

## 2. جۇڭغار خانلىقىنىڭ تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىنى پاراكەندە قىلىشى ۋە تىزگىنلىشى

XVII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى ئويرات موڭغۇللىرى بىلەن يەركەن خانلىقىنىڭ مۇناسىۋىتى يېڭى بىر باسقۇچقا قەدەم قويدى. ئويرات قەبىلىلىرى يەركەن خانلىقىنى ئاددىيغىنە بۇلاڭ - تالاڭ قىلىشتىن ئومۇمىيۈزلۈك سىڭىپ كىرىش ۋە تىزگىنلەشكە قاراپ تەرەققىي قىلدى.

XVII ئەسىردىن باشلاپ ئويرات موڭغۇللىرى زورىيىشقا باشلىدى، بولۇپمۇ جۇڭغار قەبىلىسىنىڭ تەرەققىياتى ناھايىتى تېز بولدى. XVII ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرى باتۇر قۇنتەيجى جۇڭغار قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلى بولۇپ، خوشۇت قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلى بىلەن بىرلىكتە ئويرات ئىتتىپاقىنىڭ سەردارلىرىدىن بولۇپ قالدى ۋە جۇڭغار ھاكىمىيىتىنىڭ ئەمەلىي گەۋدىسىنى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندۈردى. بۇنىڭ ئالدى - كەينىدە تورغۇتلار يايلاق قوغلىشىپ ۋولگا دەريا بويلىرىغا كۆچۈپ كەتتى، خوشۇتلارنىڭ غوش خانمۇ قەبىلىسىدىكىلەرنى باشلاپ چىڭخەي - شىزاڭ ئېگىزلىكىگە كۆچۈپ كىردى، بۇنىڭ بىلەن چارۋىچىلىقنىڭ تېخىمۇ تەرەققىي قىلىشى بىلەن يايلاق يېتىشمەسلىك ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ھەل بولدى ۋە يەنە شۇ سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان باشقا ئىجتىمائىي زىددىيەتلەرمۇ پەسكويغا چۈشتى. شۇنىڭ بىلەن بىر

ۋاقىتتا باتۇر قۇنتەيجىنىڭ تەشەببۇسى ۋە تىرىشچانلىقى ئارقىسىدا ئويراتلار بىلەن خالخا قەبىلىلىرىنىڭ ئاقساقاللىرى 1640 - يىلى 9 - ئايدا تارباغاتايدا قۇرۇلتاي ئۆتكۈزۈپ مەشهۇر «موڭغۇل - ئويرات قانۇنى»نى تۈزۈپ چىقتى، بۇنىڭ بىلەن ئويراتلار بىلەن شەرقىي موڭغۇللارنىڭ خالخا قەبىلىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت پەسىيىپ، ئويراتلارنىڭ ئىچكى تەرەققىي قىلىشى ۋە زورىيىشى ئۈچۈن نىسپىي تىنچ، مۇقىم ئىجتىمائىي مۇھىت يارىتىلدى. ئەمەلىي كۈچىنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ ئويراتلار سىرتقا بولغان كېڭەيمىچىلىكىنى تەدرىجىي جىددىيلەشتۈردى، يەركەن خانلىقىدىكى تۈگىمەس ماجىرالار بۇنىڭغا نىسبەتەن ياخشى پۇرسەت بولدى.

ھىجرىيە 1066-يىلى (1655—1656) بىر بۆلۈك ئويرات قوشۇنى جەنۇبتىكى يەركەن خانلىقىغا بېسىپ كىرىپ، توختىماي ئىلگىرىلىگىنىچە تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىدىكى كېرىيىگە قىستاپ كەلدى. ئابدۇللاخان بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن تاقابىل تۇرۇشقا دەرھال قوشۇن ماڭدۇردى، ئەمما ئويراتلار ناھايىتى تېزلىكتە چېكىنىپ كەتكەنلىكتىن يەركەن خانلىقى قوشۇنلىرى چەرچەنگىچە قوغلاپ بېرىپمۇ ئويراتلارنى ئۇچرىتالمىدى ㉕.

بۇ چاغلاردا خورىكى بەكلا ئۆسۈپ كەتكەن ئويراتلار ھە دېسە قوشۇن تارتىپ تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىنى ساراسىمىگە سېلىپ قويغاندىن سىرت، يەنە يەركەن خانلىقىدىكى ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغان بەگ - تۆرىلەر بىلەن بىرلىشىۋېلىپ، يەركەن خانلىقىغا قارشى كۈچلەرنى يۆلىدى ۋە شۇ ئارقىلىق تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى سىياسىي ۋەزىيەتنى كونترول قىلىۋالدى. ئابدۇللاخاننىڭ سۈرگۈن قىلىنغان ئۈچىنچى ئىنىسى ئىبراھىم سۇلتان يۇلتۇز ۋادىسىدا چارۋىچىلىق قىلىۋاتقان ئويراتلارنىڭ خونت قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلى

ئېلىدان تەيشىدىن پاناھلىق تىلىدى، بۇنىڭ بىلەن ئابدۇللاخان خانلىقىنىڭ شىمالىي چېگرىسىنىڭ مۇداپىئەسىنى كۈچەيتىشكە مەجبۇر بولدى. ئويراتلار جەنۇبتىكى كېرىيىگە ھۇجۇم قىلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، يەركەن خانلىقى ئوردىسى ئويراتلارنىڭ بىر تارمىقىنىڭ ئاتبېشى دېگەن جايدا مال بېقىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۇلارغا زەربە بېرىشنى قارار قىلدى. ئەمما يەركەن قوشۇنى ئاتبېشىغا كەلگەندە بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ بولغان ئويراتلار ئاللىقاچان نارىن ۋادىسىغا قېچىپ كەتكەنىدى. ئابدۇللاخان ئاقسايدا ياۋغا توسۇپ زەربە بېرىشنى قارار قىلدى، ئەمما ئۇ قوشۇن باشلاپ ئاقسايغا كېلىپ تۇرۇشىغا ئويلىمىغان يەردىن ئىنىسى ئىبراھىم سۇلتان بىلەن ئويراتلار ئارقا تەرەپتىن يەركەن خانلىقىغا ھۇجۇم قىلغاچقا ئابدۇللاخان ئالدىراپ - تېنەپ قوشۇن چېكىندۈرۈشكە مەجبۇر بولدى[26]. ئويراتلارنىڭ قوللىشى بىلەن ئىبراھىم سۇلتان چالىشقا ھۇجۇم قوزغاپ ئابدۇللاخاننى ناھايىتى خاتىرجەمسىزلەندۈردى. ئۇ دەرھال خوتەن، ئاقسۇدىكى ئەمىرلەرنى يىغىپ چالىشقا جازا يۈرۈشى قىلدى. ئىبراھىم، ئىسمائىل (ئىبراھىم بىلەن بىللە سۈرگۈن قىلىنغان ۋە ئويراتلار ماكانىدا سەرسان بولۇپ يۈرگەن) ۋە خونت ئاقساقىلى ئېلدان تەيشى قاتارلىقلار چالىشنى تاشلاپ، يەركەن قوشۇنلىرى بىلەن تالاڭ-تالاڭ بىلەن بولۇپ كەتكەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ نۇرىدىن سۇلتان باشلاپ كەلگەن ئاقسۇ قوشۇنىنى قورشىۋالدى. ئابدۇللاخان قوشۇنى مەغلۇپ بولۇپ ئاقسۇغا قاچتى، تالاپەت ناھايىتى ئېغىر بولدى. قورشاۋدا قالغان نۇرىدىن ئاخىر ئويرات سەردارلىرى سېرېن، ئېلدان تەيشى قاتارلىقلار بىلەن كېلىشىم تۈزۈشكە مەجبۇر بولۇپ، تۇرغاق قالدۇرۇپ قويغاندىن كېيىن ئاقسۇغا قايتىپ كېتەلىدى[27]. ھالسىراپ قالغان يەركەن خانلىقىنىڭ ئويراتلاردىن مۇداپىئە

كۆرگۈدەك ماغدۇرى قالمىدى.

بۇ مەزگىلدە تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدىكى يايلاق رايونىدا كۆچمەن چارۋىچىلىق قىلىۋاتقان خوشۇت، جوڭغار قەبىلىلىرىمۇ پات ـ پاتلا تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى بوستانلىقلاردا پەيدا بولۇپ قالىدىغان بولدى. تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدا چارۋىچىلىق قىلىۋاتقان خوشۇت قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلى ئۇچىرتۇ تەيجىنىڭ ئوغلى غالداما قوشۇن باشلاپ جەنۇبتا تەڭرىتاغدىن ھالقىپ ئاقسۇغا ھۇجۇم قىلدى ۋە ئاقسۇ ھۆكۈمرانى نۇرىدىن خاننى كېلىشىم تۈزۈشكە مەجبۇر قىلدى. غالداما بۇ يەردىن يەنە قەشقەرگە ھۇجۇم قىلدى، ئابدۇللاخان بۇنى ئاڭلاپ دەرھال ياردەمچى قوشۇن ئەۋەتتى، ئەمما يەركەن ۋە قەشقەر قوشۇنلىرى خۇدىنى بىلەلمەي قالغاچقا مۇشۇ ئۇرۇشتا ئويرات قوۋمى بىلەن يارىشىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن "غالداما قەشقەرنىڭ ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىدىن ۋاز كېچىپ"㉘ قاتتىق بۇلاڭ-تالاڭ قىلغاندىن كېيىن تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدىكى ماكانىغا قايتتى.

جوڭغار قەبىلىسى سەردارلىرىمۇ قاراپ تۇرمىدى. باتۇر قۇنتەيجى 1653 ـ يىلى ئۆلگەندە تۆتىنچى ئوغلى سېڭگە جوڭغار قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلى بولدى، بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ قالغان ئوغۇللىرى نارازى بولۇشۇپ ئاخىر جوڭغار قەبىلىسى قارىمۇقارشى ئىككى گۇرۇھقا پارچىلاندى: بىرىگە سېڭگە ۋە ئۇنىڭ تاغىسى چوقۇر ئوباشى، يەنە بىرىگە سېڭگەنىڭ ئاتا بىر ئانا باشقا قېرىنداشلىرى چېچېن بىلەن جودبا باتۇر باشچىلىق قىلدى. ئەڭ ئاخىرى سېڭگە خوشۇت قەبىلىسىدىكى ئۇچىرتۇ تەيجىنىڭ قوللىشى بىلەن غەلىبە قىلىپ، ئۆزىنىڭ جوڭغار قەبىلىسىدىكى ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى مۇقىملاشتۇردى. ئۇ غالدامانىڭ غەلىبىسىگە كۆز قىزارتىپ دەرھال "سەرخىل 5000 باتۇر بىلەن كېرىيىگە كەلدى"㉙. ئابدۇللاخان

يەركەن، خوتەن قوشۇنىدىن بىر تۈمەنگە يېقىن كىشىنى كېرىيىگە ياردەمگە ئەۋەتتى، سېغىگە قورشاۋنى بۇزۇپ چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. ئابدۇللاخان بۇنى ئاڭلاپ شەخسەن ئۆزى كېرىيىگە يېتىپ كەلدى ۋە قوشۇنغا باشچىلىق قىلىپ نىيەدە ياۋغا توسۇپ زەربە بەردى. جەڭدە سېغىگە قوشۇنى ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىدى، كېيىن ئارقا - ئارقىدىن ئۈچ قېتىم ھۇجۇمغا ئۆتكەن بولسىمۇ يەركەن خانلىقى قوشۇنلىرى تەرىپىدىن تارمار قىلىندى. ئەڭ ئاخىرى سېغىگە سۈلھى قىلىشقا مەجبۇر بولۇپ، قوشۇننى چېكىندۈردى ۋە شىمالغا قايتىپ كەتتى.

ئالدىنقى بەتلەردە بايان قىلغىنىمىزدەك، نىيەدىكى توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدىن كېيىن يەركەن خانلىقى ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى زىددىيەت ئۆتكۈرلىشىپ، تەسىر كۈچى بارغانچە زورىيىۋاتقان قەشقەر ھۆكۈمرانى يولۋاس ئاتىسى ئابدۇللاخانغا ئاشكارا خىرىس قىلغىلى تۇردى. ئابدۇللاخان ئۇنىڭ ئەدىپىنى بېرىپ قويۇش ئۈچۈن ھىجرىيە 1076-يىلى (1660 - يىلى) قەشقەرگە يۈرۈش قىلدى. يولۋاس قورقۇپ كېتىپ، شەھەرنى تاشلاپ قاچتى ۋە خوشۇت قەبىلىسىدىكى ئۇچىرتۇ تەيجىنىڭ پاناھىغا كىردى. ئىككى يىلدىن كېيىن يولۋاس يەركەندە خانلىق تەختكە چىقتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا خونت قەبىلىسىدىكى ئېلدان تەيشىمۇ ئىسمائىلخاننى يۆلەپ ئاقسۇدا خان دەپ ئېلان قىلدى، بۇنىڭ بىلەن يەركەن خانلىقى ئۇرۇش مالىمانچىلىقىغا پېتىپ قالدى. سىڭگە بۇ جەڭگى - جېدەللەر داۋامىدا تەدرىجىي ھالدا يولۋاسخاننى تىزگىنلىگۈچى بولۇپ قالدى، ئېلدان تەيشى بولسا ئىزچىل ئىسمائىلخاننىڭ تاغدەك يۆلەنچۈكى بولۇپ كەلدى. 1670 -يىلى ئىسمائىلخان بۇ جەڭنىڭ ئاخىرقى غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈپ، يەركەن خانلىقىنىڭ چوڭ خانى بولدى. بۇ

مەزگىللەردە جوڭغار خانلىقى بىر مەيدان مالىمانچىلىق ئىچىدە قالغاچقا تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىغا بولغان پاراكەندىچىلىك ۋە تىزگىنلەشنى ۋاقىتىنچە توختاتتى.

## § 2 غالداننىڭ يەركەن خانلىقىنى قوشۇۋېلىشى

### 1. غالداننىڭ باش كۆتۈرۈشى ۋە يەركەن خانلىقىنىڭ شەرقىي قىسمىنى بويسۇندۇرۇشى

1653 - يىلى باتۇر قۇنتەيجى ئۆلگەندىن كېيىن جوڭغار قەبىلىسىنىڭ ئىچكى قىسمىدا زادىلا مۇقىملىق بولمىدى، لەشكىرىي جەھەتتىكى غەلىبە يۈزىسىدىن سېڭگەنىڭ ئورنى ۋاقىتىنچە تىكلەنگەن بولسىمۇ⑳ ئەمما مۇقىم ھۆكۈمرانلىق ئورنىتىشقا قادىر بولالمىدى، جوڭغار قەبىلىسىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى زىددىيەتلەرمۇ تۈگىمىگەنلىكتىن يوشۇرۇن كرىزىس خەۋپى ھەرقاچان مەۋجۇت ئىدى. چېچېن تەيجى، جودبا باتۇر قاتارلىق ئۆكتىچىلەر ۋاقىتىنچە باش ئەگكەن بولسىمۇ ئۇلار يەنىلا قۇدرەتلىك ئەمەلىي كۈچكە ئىگە بولغانلىقتىن ھەرقاچان ئىسيان كۆتۈرۈشى مۇمكىن ئىدى، دېگەندەك، 1670 - يىلى سېڭگە جودبا باتۇر تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلۈپ ㉛ تىنچىغىنىغا ئۇزۇن بولمىغان ئىچكى نىزا قايتا پارتلىدى، شۇنىڭ بىلەن غالدان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ جوڭغارلارنىڭ ئەڭ ئالىي ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى قولغا كەلتۈرۈۋالدى.

غالدان سېڭگەنىڭ ئىنىسى، باتۇر قۇنتەيجىنىڭ ئالتىنچى ئوغلى بولۇپ 1644 - يىلى تۇغۇلغان㉜، كىچىك ۋاقىتلىرىدا شىزاڭغا ئەۋەتىلىپ "دالاي لامادىن سىرامان ئەقىدىلىرىنى ئۆگىنىشكە تاپشۇرۇلغان"㉝، دالاي لاما ئۇنىڭغا "خوتۇقتۇ"

مەرتىۋىسىنى بەرگەنىدى. ھالبۇكى، غالداننىڭ قىزىقىدىغىنى دۆلەت ئىشلىرى ئىدى، "ئادەتتە سانسكرىتچە نوملارنى ئۆگىنىشكە قارىغاندا كۆپرەك ياراق ئېلىپ جەڭ مەشقى قىلىشنى ياخشى كۆرەتتى"[34]. ئۇ دالاي لامانىڭ بەكلا ئەتىۋارلىشىغا ئېرىشكەنىدى، كېيىنچە شىزاڭ سىياسىي سەھنىسىدىكى ئەمەلىي ھوقۇقلۇق شەخسلەردىن بولۇپ قالغان دىباسان بىلەنمۇ ناھايىتى يېقىن مۇناسىۋەتتە بولۇپ، ئۆزىگە ئارقا تىرەك تەييارلاپ قويغانىدى. سېڭگە ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن غالدان سېڭگە ئۈچۈن قىساس ئېلىش باھانىسىدا ھوقۇق تارتىۋېلىش كۈرىشىگە ئاتلاندى. ئۇ ئالدى بىلەن سېڭگەنىڭ قەبىلىسىدىكىلەرنىڭ ھىمايىسىنى قولغا كەلتۈردى، يەنە تۇرلۇك ئاماللارنى قوللىنىپ تاغىسى چوقۇر ئوباشى ۋە سېڭگەنىڭ كونا ئىتتىپاقدىشى بولغان خوشۇت قەبىلىسى سەردارى ئۇچىرتۇ چېچېنخاننىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئالتاي رايونىدا چېچېن ۋە جودبا باتۇرنىڭ بىرلەشمە قوشۇنىنى تارمار قىلدى، چېچېن جەڭدە ئۆلتۈرۈلدى، جودبا باتۇرمۇ قوشۇنىنى باشلاپ چىڭخەيگە قاچتى.

ھالبۇكى، غالدان بۇنىڭلىق بىلەنلا بولدى قىلمىدى. ئۇ جۇڭغارلارنىڭ ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى قولغا ئالغاندىن كېيىن ئىشەنچلىك بەگ - ئاقساقاللار ئوتتۇرىغا قويغان ئاۋۋال يېقىندىكىلەرنى، ئارقىدىن يىراقتىكىلەرنى جايلاشتەك ئىستراتېگىيىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان "يېقىنغا ھۇجۇم قىلىش تەدبىرىنى" قوبۇل قىلدى[35]. غالداننىڭ ھۇجۇم نىشانى ئالدى بىلەن جۇڭغار قەبىلىسىدىكى يەنە بىر قۇدرەتلىك فېئودال يەنى يېقىندىلا ئۆزىنىڭ سىياسىي رەقىبلىرىنى تارمار قىلىشقا ياردەملەشكەن تاغىسى چوقۇر ئوباشىغا قارىتىلدى. 1673 - يىلى ئۇ چوقۇر ئوباشىغا ھۇجۇم قوزغىدى، ئەمما دەسلەپكى جەڭدىلا

ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچراپ ئوچىرتۇ چېچېنخاندىن ياردەم سورىدى ۋە ئۇنىڭ قانات ئاستىغا ئېلىشىغا ئېرىشتى. ئۈچ يىللىق كۈچ توپلاش ۋە قوشۇن كۆپەيتىش ئارقىلىق غالدان لەشكىرىي كۈچىنى ئەسلىگە كەلتۈردى ۋە 1676 ـ يىلى چوقۇر ئۇباشىغا يەنە بىر قېتىم ھۇجۇم قوزغاپ ئاخىر غەلىبە قىلدى. غالدان جۇڭغار قەبىلىسىدىكى قۇدرەتلىك فېئودالنى مەغلۇپ قىلىپ، جۇڭغار قەبىلىلىرىگە بولغان ھۆكۈمرانلىقىنى كۈچەيتتى ۋە كېيىنكى قەدەمدىكى قوشۇۋېلىش ـ كېڭىيىش ئىشلىرىدىكى توسالغۇلارنى سۈپۈرۈپ تاشلىدى.

ئەينى ۋاقىتتا تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدىكى ئويرات فېئوداللىرى ئارىسىدا خوشۇت قەبىلىسىدىكى ئوچىرتۇ چېچېن ئەڭ كۈچلۈك ئىدى. چوقۇر ئۇباشىنى مەغلۇپ قىلىپ ئىككىنچى يىلى يەنە 1677-يىلى غالدان خوشۇت قەبىلىسىگە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قوزغىدى، "ئوچىرتۇنى ئۆلتۈرۈپ، قەبىلىسىنى بىتچىت قىلدى". ئوچىرتۇنىڭ جىيەنى ۋە نەۋرىسى قالدۇق قوشۇنىنى باشلاپ خېتاۋ رايونىغا قاچتى. ئوچىرتۇنىڭ تورغۇتلاردىن بولغان خوتۇنى دورجىلابۇدان ۋولگا ۋادىسىغا قېچىپ بېرىپ تورغۇت ئاقساقىلى ئايۇكىخاننىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشتى. غالدان تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدىكى يايلاق رايونىنى تىنچىتىپ، "ئويرات قەبىلىلىرىنى ئۆز بويرۇقىغا بويۇن تولغىيالمايدىغان قىلدى"㊱. 1678-يىلى غالدان يەنە دالاي لاما ھەدىيە قىلغان "بوشۇقتۇخان" دېگەن ئاتاققا ئېرىشتى㊲. غالدان تەڭرىتاغنىڭ شىمالىنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن تىغ ئۇچىنى يەركەن خانلىقى ھۆكۈمرانلىقىدىكى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي قىسمىغا قارىتىپ ئالدى بىلەن تۇرپان، قۇمۇل مەركەز قىلىنغان شەرقىي رايونلارنى بويسۇندۇردى.

ئابدۇللاخان غەربتە يەركەنگە يۈرۈش قىلىپ پۈتۈن خانلىقنىڭ

چوڭ خانى بولغاندىن كېيىن خانلىقنىڭ شەرقىدىكى رايونلارنى ئىنىلىرىغا بۆلۈپ بەرگەنىدى: ئىككىنچى ئىنىسى ئوبۇل مۇھەممەد تۇرپان ۋە چالىشقا، بەشىنچى ئىنىسى باباقخان قۇمۇلغا ھۆكۈمران بولغانىدى، كېيىنچە ئالتىنچى ئىنىسى ئاباق سۇلتان ئوبۇل مۇھەممەدتىن چالىشنى تارتىۋالدى.

باباقخان سىرتقا قارىتا كېڭەيمىچىلىك قىلىش ئۈچۈن چىڭ سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى خېشى كارىدورىغا يۈرۈش قىلغان بولۇپ، بۇ ئىشلار خەنزۇچە سالنامىلەرگە پۈتۈلگەنىدى. «ۋاسساللار ھەققىدە ئومۇمىي بايان» دا خاتىرىلىنىشىچە: ” شۇنجىنىڭ 6 - يىلى (1649 - يىلى) خېشىدىكى ئىسيانچى تۇڭگانلاردىن دىڭ گودۇڭ قاتارلىقلار قۇمۇل ۋە تۇرپاندىكى قوۋملارنى ئىچكىرىدىكى پۇقرالارنى بۇلاشقا كۈشكۈرتتى ۋە قۇمۇلدىكى باباقخاننىڭ ئوغلى تۇرۇمتاينى بەگ قىلىپ تىكلىۋېلىپ سۇكچىنى ئىگىلىۋالدى... چوڭ قوشۇن ئۇلارغا جازا يۈرۈشى قىلدى ... تۇرۇمتاي ۋە ئۇيغۇر، خەنزۇ، تۇڭگانلاردىن 2000 دىن ئارتۇق كىشىنىڭ بېشىنى كېسىپ... دىڭ گودۇڭنى تىرىك تۇتتى“، بۇ بىر مەيدان توپىلاڭ شۇنىڭ بىلەن تىنچىدى[38]. «تارىخ» قا قارىغاندا، تۇرپانغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان ئوبۇل مۇھەممەدخان باباقخاننىڭ بۇخىل كېڭەيمىچىلىك قىلمىشىغا مەدەت بەرمەيلا قالماي ئەكسىچە قەتئىي قارشى تۇرغان، ”باباقخان لەشكىرىي يۈرۈشكە تەرەددۇتلەنگەن ھامان ئۇ (ئوبۇل مۇھەممەدخان) دەرھال قۇمۇلغا كەتكەن“، بۇنىڭ بىلەن باباقخان يۈرۈشكە چىقىشقا ئىلاجسىز قالغان[39].

1658 - يىلى ئوبۇل مۇھەممەدخان قازا قىلىشىغا باباقخان تۇرپانغا ھۇجۇم قىلدى، بۇ چاغدا تۇرپاندىكى بەگ - تۆرىلەر ئۇنىڭ ئۈچىنچى ئىنىسى ئىبراھىمنى خان قىلىپ تىكلىگەچكە باباقخان

قۇمۇلغا چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى ۋە ئوغلى مۇھەممەد ئىمىننى پېچاننى ساقلاشقا قويدى. ئۇزۇن ئۆتمەي، ئىبراھىم قەستلەپ ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن باباقخان يەنە بىر قېتىم تۇرپانغا كىرىپ جايلاشتى ۋە بۇ يەردە 25 يىل ھۆكۈمرانلىق قىلدى، تەخمىنەن 1678 ـ يىلى چالىشتا ۋاپات بولدى㊵. باباقخاننىڭ ئابدۇرېشىد، مۇھەممەد ئىمىن، مۇھەممەد مۇئمىن قاتارلىق ئۈچ ئوغلى بار ئىدى، باباقخان ۋاپات بولغاندا ئابدۇرېشىد قۇمۇلدا، مۇھەممەد ئىمىن چالىشتا ئىدى. ئابدۇرېشىد دەرھال تۇرپانغا قايتىپ ئاتىسىنىڭ ئورنىغا ۋارىسلىق قىلىپ ئۆزىنى خان، دەپ ئاتىدى مۇھەممەد ئىمىن بۇنىڭغا قايىل بولماي شەرققە قوشۇن تارتتى. ئىككى قوشۇن تۇرپان ئەتراپىدا روبىرو بولغاندىن كېيىن يېڭىش-يېڭىلىش بولمىدى، جۇڭغارلاردىن غالدان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئارىغا قىسىلىپ كىردى ۋە قوشۇن چىقىرىپ بۇ ئىشقا ئارىلاشتى، ئۇ ئابدۇرېشىدخانغا يان باسقانلىقتىن مۇھەممەد ئىمىن تاقابىل تۇرالماي تاغ ئىچىگە چېكىندى㊶.

ئويرات موڭغۇللىرى XV ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا غەربكە يۆتكەلگەندىن كېيىن قۇمۇل، تۇرپان رايونلىرىغا ئۈزلۈكسىز پاراكەندىچىلىك سېلىپ، بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىپ تۇردى، XVII ئەسىرگە قەدەم باسقاندىن كېيىن بۇخىل تاجاۋۇزچىلىق ۋە تالان ـ تاراج تېخىمۇ كۈچەيدى. 1604ـ1605ـ يىللىرى ئوتتۇرا ئاسىيا ئارقىلىق مىڭ سۇلالىسىگە كېتىۋاتقان پورتۇگالىيىلىك مىسسىيونېر بېنتودېگويېس (Bento de Goes) بۇ رايوننىڭ جىددىي ۋەزىيىتىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن: ”چالىش (Cialis) بىلەن جۇڭگو چېگىرىسى ئارىلىقىدىكى جايلار خەتەرلىك رايونلاردىن ئىكەن، تاتارلار بۇ جايلاردا خالىغانچە تالان ـ تاراج قىلىدىكەن، سودىگەرلەرمۇ بۇ جايلاردىن ئۆتكەندە ناھايىتى ئېھتىيات بىلەن

ماڭىدىكەن، ئۇلار ھەمىشە يېقىن ئەتراپتىكى تاغ - جىلغىلارغا ئايغاقچىلارنى ئەۋەتىپ تاتارلارنىڭ بار - يوقلۇقىنى چارلايدىكەن. يول تىنچ بولسا ئۇلار كېچىسى پەم بىلەن يول ماڭىدىكەن. بېنتو دېگويېس قاتارلىقلار بىرنەچچە ساراسىمىلىقنىڭ جەسىدىنى ئۇچراتتى، بۇلار قاراملىق قىلىپ يالغۇز يول مېڭىپ قاراقچىلارنىڭ يېمى بولۇپ كەتكەنلەر ئىدى. تاتارلار يەرلىك كىشىلەرنى ئاساسەن ئۆلتۈرمەيدىكەن، ئۇلار يەرلىك كىشىلەرنى قۇللىرىمىز ۋە چوپانلىرىمىز، دەپ ئاتىشىدىكەن، ئۇلار ئاشۇ يەرلىك كىشىلەر تەمىنلىگەن كالا - قويلار بىلەن تىرىكچىلىك قىلىدىكەن"(42). بۇ يەردىكى تاتارلار ئويرات موڭغۇللىرىنى كۆرسىتىدىغان بولۇپ، ئۇلار چالىشتىن مىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىقىدىكى خېشى كارىدورىغىچە بولغان جايلاردا، جۇملىدىن قۇمۇل، تۇرپاننى ئۆز ئىچىگە ئالغان كەڭ رايونلاردا ئىزچىل پاراكەندىچىلىك تۇغدۇرۇپ سودىگەرلەرنى بۇلاپ - تالىغان ۋە يەرلىك خەلقنى قۇل قىلغانىدى.

XVII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى خوشۇتلاردىن غوشخان قەبىلىلىرىنى باشلاپ چىڭخەي - شىزاڭ ئېگىزلىكىگە كۆچۈپ كەتتى، تەڭرىتاغلىرىنىڭ شەرقى ۋە شىمالىدىكى جايلاردا جۇڭغارلارلا قالدى، ئۇلار مال - مۈلۈكلەرنى بۇلاپ - تالىغاندىن سىرت يەنە پۇقرالارنىمۇ بۇلاپ ئەكېتەتتى. ئالدىنقى بەتلەردە كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك چىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا باباقخان شەرقتىكى خېشى رايونىغا ھۇجۇم قىلغان، ھەتتا 1649 - يىلى "خېشىدىكى ئىسيانكار" دىڭ گودۇڭنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشقانىدى. بۇ ئىشلار كېيىنچە چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى تەرىپىدىن باستۇرۇلغان بولسىمۇ باباقخان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ زور تۇركۇم يەرلىك كىشىلەرنى بۇلاپ كەتكەنىدى. كېيىن چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ بېسىمى بىلەن 1655 - يىلى "ئىچكىرى

ئۆلكىلىك 15 كىشىنى ھەدىيە قىلدى» ۋە «تەكشۈرۈپ كۆرسەك ئىچكىرىگە مەنسۇپ ئاھالە جەمئىي 150 كىشى ئىكەن؛ بۇلارنى جۇڭغارلاردىن باتۇر قۇنتەيجى بۇلاپ كەلگەنىكەن، ئۇلاردىن ھايات قالغانلىرى 15 كىشى بولغاچقا ئېھتىرام بىلەن تەقدىم قىلىندى» دەپ چۈشەندۈرگەن ㊸.

1677-يىلى جۇڭغار سەردارى غالدان كۆچلۈك رەقىبى ئوچىرتۇ چېچېنخاننى مەغلۇپ قىلىپ تۆت ئويراتنى قوشۇۋالغاندىن كېيىن تىغ ئۇچىنى قوشنىسى تۇرپان، قۇمۇل رايونلىرىغا قاراتتى ھەمدە خوشۇت قەبىلىسى بېسىپ ياتقان چىڭخەي ۋادىسىنىمۇ ئىگىلىمەكچى بولدى. «چىڭ شېڭزۇ دەۋرىدىكى ئوردا خاتىرىلىرى» نىڭ 72-جىلد كاڭشى 17-يىلى (1678-يىلى) كەبىسە يىلى 3 - ئايدىكى خاتىرىدە مۇنداق دېيىلىدۇ: «لەشكىرىي ئىشلار پىرقىسى ۋاسساللار مەھكىمىسى مەلۇمات يوللايدۇكى، يىراقنى ئەمىن تاپقۇزغۇچى سانغۇن تۇخەيمىن مۇنداق ئەھۋالنى مەلۇم قىلغان: ئويراتلاردىن غالدان كۆكنورغا ھۇجۇم قىلماقچى. ئويراتلار راستتىنلا كېلىپ، يايلاقلارغا ئورۇنلىشىۋالسا ئۇلارنى تىنچىتماق تەسكە چۈشىدۇ. شەنشى باش ۋالىيسى خاجەنيى رەئىيەت پىرقىسىغا مەلۇمات سۇنۇپ، ئوردۇسنىڭ غەربىدىكى ئويرات تەيجىلىرى غالداننىڭ ئۈچ ئاي ئىچىدە لەشكەر تارتىش ئېھتىمالى بارلىقىنى ئېيتىشتى. شۇڭا دەرھال كىشى ئەۋەتىپ دالاي تەيجىگە خەۋەر قىلىش، قوشۇنلارنى سەپراس قىلىپ جەڭگە تەييار تۇرۇش زۆرۈر». شۇ يىلى 8 - ئايدا ئاسىيلارنى تىنچىتقۇچى سانغۇن — گەنسۇ باشبۇغى جاڭ يۇڭ ئايغاقچىلىق مەلۇماتلىرىدىن يۇقىرىغا مۇنداق دوكلات سۇنغان: «پېقىر باشبۇغ سۇن سىكې، مەھرەم بىگى لادويۇ قاتارلىقلار بىلەن تۇڭچىنى ئەگەشتۈرۈپ غالداننىڭ ئەھۋالىنى يوشۇرۇن چارلاشقا ئاتلاندۇق. بىزگە كەلگەن مەلۇماتتا:

«ئۆچىرتۇخاننىڭ قول ئاستىدىكى دارخانغاشخان دېگەن بىرىنى غالدان ئەسىرگە ئېلىۋالغانىكەن، شۇ كىشى نۆۋەتتە كۆكنورغا مېڭىپتۇ، ئۇ بىزگە ئۇچرىغاندا ئۇنىڭدىن بەزى ئەھۋاللارنى سۈرۈشتە قىلدۇق. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، غالدان ئۆچىرتۇخاننى قەتل قىلىپ تاشلاپتۇ، بۇ يىل ئىككىنچى ئايدا قول ئاستىدىكى قاۋۇل-يارامىلىق لەشكەرلەرگە ھەر بىر كىشى 10 ئات ، 3 تۆگە، 10 قوي تەييارلاشنى، شارائىتى ناچارراقلىرى 5 ئات، 1 تۆگە، 5 قوي تەييار قىلىشنى، شۇ جايدىن لەشكەر تارتىدىغانلىقىنى بۇيرۇپتۇ، ئەمما قايسى تەرەپكە قوشۇن تارتماقچى بولغانلىقىنى بىلەلمىگەنلىكىنى ئېيتتى» . كەمىنە يەنە گەنسۇدىكى ۋاسساللارنىڭ سىڭگەگە يەم - بوغۇز توشۇغانلىقىنى ئاڭلىدىم، سىڭگە ھازىر ئۆلۈپتۇ، ئىلگىرى ئۇ غالداننىڭ ئادىمى ئىكەندۇق. شۇنىڭ بىلەن پېقىر ئۇنىڭ كاتتىۋېشى يوگجۇنى سوراق قىلسام غالداننىڭ كۇنپېتىشتىكى ئالتاي تېغىدا يەنى جىيايۇگۇەنگە ئىككى ئايلىق يول كېلىدىغان جايدىكى قەدىمكى پەرغانە تەۋەسىدە تۇرۇۋاتقانلىقىنى ئېيتتى. پېقىر يەنە غالداننىڭ ھەرقايسى ۋاسسال كاتتىۋاشلار بىلەن باش قوشۇش ۋە كېيىنكى ئىشلارنى كېڭىشىش ئۈچۈن لاما فاڭچۈننى خېتاۋغا ئەۋەتكەنلىكىنى ئاڭلىدىم. شۇنىڭ بىلەن كەمىنە يوشۇرۇن كىشى ئەۋەتىپ ئۇنى گەپكە سېلىپ باقسام فاڭ چۈن: «غالداننىڭ قوشنا قوۋملىرىدىن بەزىلىرى جان - دىلى بىلەن ئۇنىڭغا ئەگىشىدۇ، يەنە بەزىلىرى، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ بېقىپ كېيىن تاشلاپ كەتتى. غالداننىڭ ئەسلىدە كۆكنورغا ھۇجۇم قىلىش ئويى بارئىدى، بىراق كىشىلەرنىڭ پىكرى بىر يەرگە كەلمىگەنلىكى، كۆكنور يولىنىڭ يىراقلىقى، يىراقتا يۈرۈشكە ئاتلانسىلا ئۆز جايىدا كۈتۈلمىگەن ئىشلارنىڭ يۈز بېرىپ قېلىش مۇمكىنلىكى قاتارلىق سەۋەبلەردىن يەڭگىللىك بىلەن ئىش

تەۋرىتىشكە پېتىنالمىدى‘ دېدى. كەمىنە قايتا كىشى ئەۋەتىپ مورگېن تەيجىدىن سوراشتۇرۇپ باقسام ھەممە ئادەم خاتىرجەم ھالدا ئۆز تىرىكچىلىكىنى قىلىۋېتىپتۇ. ۋاسساللارنىڭ ئەھۋاللىرىنى مۆلچەرلەش قىيىن بولغانلىقتىن ئېھتىرام ۋە ئېھتىيات بىلەن ئۇشبۇ مەلۇماتنامىنى يوللىدىم“㊹. ئىككىنچى يىلى 7 - ئايدا جاڭ يۇڭ چىڭ سۇلالىسى ئوردىسىغا يوللىغان دوكلاتىدا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ”باشبۇغ سۇن سىكېنىڭ كۆپ قېتىملىق سۈرۈشتە قىلىشى ۋە ئايغاقچى بەي جىنىيىننىڭ مەلۇماتىدىن يېتىپ سۆڭرە مەلۇم بولسۇنكىم، غالدان قول ئاستىدىكى ئاردار قوشۇچ قاتارلىق ئۈچ ئاتامانغا ئۈچ تۈمەن كىشىلىك قوشۇننى باشلاپ تۇرپانغا تېگىش قىلىشنى بۇيرۇپتۇ، ئۇلارنىڭ تۇرشاۋۇل قىسىملىرى قۇمۇلغا كېلىپ بولۇپتۇ...“㊺. 8 - ئايغا كەلگەندە چىڭ سۇلالىسىنىڭ بۇ سانغۇنى يوللىغان مەلۇمات يۇقىرىقى ئاخباراتنىڭ مەزمۇنىنى تېخىمۇ بېيىتتى. «چىڭ شېڭزۇ دەۋرىدىكى ئوردا خاتىرىلىرى» نىڭ 83 - جىلد كاڭشى 18- يىلى (1679 - يىلى) 8 - ئايدىكى خاتىرىدە مۇنداق دېيىلىدۇ: «ئاسىيلارنى تىنچىتقۇچى سانغۇن، گەنسۇ باشبۇغى جاڭ يۇڭ مۇنداق مەلۇمات سۇنىدۇ: ‘غالدان قول ئاستىدىكى سايسان ماڭنايدىن پېقىرغا مەكتۇپ ئەۋەتىپ كۈنپېتىشتىكى جايلار تامام بىزنىڭ ئىدى، يالغۇز كۆكنورنى ئېلىپ ئېيتساق ئاتا بوۋىلىرىم ئۇلارنىڭ ئاتا - بوۋىلىرى بىلەن تەڭ قولغا كەلتۈرگەنىدى. ھازىرقى كۈندە ئۇلار يالغۇز بېسىپ ياتىدۇ. ئۇلاردىن تارتىۋېلىشنى ئويلىساممۇ جانابى سانغۇننىڭ باشقۇرۇشىدىكى دائىرە بولغاچقا يېنىكلىك بىلەن ھەرىكەت قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىدىم‘ دەپتۇ. ئىلگىرى غالدان ئادەم ئەۋەتىپ گەنجۇ ئەتراپىدىكى ۋاسساللارنى ئوردىسىنىڭ غەربىگە يۆتكىمەكچى بولغاندا پېقىر توڭچى ئارقىلىق غالداننىڭ قانداق پىلان ۋە ئىستەكلىرىنىڭ بارلىقى، كۆكنورغا ھۇجۇم قىلىش

سەۋەبلىرىنى تەكشۈرتكۈزگەن ئىدىم. ئۇ قايتىپ كېلىپ: ’ئۆتكەن يىلى قوشۇن تارتىپ كۆكنور يۇرۇشىگە ئاتلانغانىكەن، ئەمما يول يۈرۈپ 11 - كۈنىگە كەلگەندە چېكىنىپ كېتىپتۇ. بۇ يىل يازدا يەنە ئىككى قېتىم قوشۇن چىقىرىپ ئۆيغۇر. تۇڭگانلار ماكانىغىچە بارغاندىن كېيىن قايتىپ كېتىپتۇ، چېگرىغا يېقىن جايلاردا سەركەردە - سەرۋازلارنىڭ ھەرقاچان سەپراس تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، يېنىكلىك بىلەن تېگىش قىلىشقا پېتىنالماپتۇ‘ دېگەن خەۋەرنى ئېلىپ كەلدى». چىڭ سۇلالىسىگە يەتكۈزۈلگەن بۇ ئاخباراتلاردىن غالداننىڭ تەڭرىتاغنىڭ شىمالىنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن قوشۇن تارتىپ شەرققە يۈرۈش قىلىپ چىڭخەيگە ھۇجۇم قىلماقچى بولغانلىقىنى ۋە ئۇ جايلاردا كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان خوشۇت قاتارلىق ئويرات موڭغۇللىرىنى قوشۇۋالماقچى بولغانلىقىنى بىلىۋالالايمىز. ئۇ چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ ھەيۋىتىدىن تەپ تارتقانلىقى ئۈچۈنلا ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرالماي قالغان، ئەمما يەركەن خانلىقىنىڭ قۇمۇل، تۇرپاننى مەركەز قىلغان شەرقىي رايوننى پۈتۈنلەي بويسۇندۇرۇپ بولغان.

## 2. ئافاق خوجىنىڭ سەرگەردانلىق ھاياتى ۋە غالداننىڭ يەركەن خانلىقىنى قوشۇۋېلىشى

1670 - يىلى 4 - ئايدا ئىسمائىلخان قاراتاغلىقلارنىڭ يۆلىشى بىلەن يەركەن خانلىقىنىڭ خانى بولغاندىن كېيىن ئاقتاغلىقلارنى قانلىق باستۇردى، بۇنىڭ بىلەن ئاقتاغلىقلارنىڭ كاتتىۋېشى ئافاق خوجا يەركەن خانلىقىدا تۇرالماي، يات ئەللەردە سەرسان بولۇپ يۈرۈشكە مەجبۇر بولدى.

ئافاق خوجىنىڭ بۇ قېتىمقى سەرگەردانلىق كەچۈرمىشى

ھەققىدە چوقان ۋەلىخانوفنىڭ نۇقتىنىئەزىرى ئەڭ نوپۇزلۇق قاراش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇ «1858—1859-يىللاردىكى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى ئالتە شەھەرنىڭ ئەھۋالى» دېگەن ئەسىرىنىڭ «قىسقىچە تارىخى» قىسمىدا مۇنداق يازىدۇ: ”قەشقەرىيە خانى ئىسمائىل تەقۋادار قاراتاغلىق بولۇپ، ئافاق خوجىنى دۆلىتىدىن ئايرىلىشقا مەجبۇر قىلدى. مەزكۇر خوجا ئاۋۋال كەشمىرگە بېرىپ، ئۇ يەردىن تىبەتكە كەلدى ۋە دالاي لامانى تاۋاپ قىلدى. ئۇ دالاي لامانىڭ كۆڭلىنى شۇنچىلىك ئۇتتۇۋالدىكى، دالاي لاما ئۇنى ئۆزى يېزىپ بەرگەن مەكتۇپنى ئېلىپ جۇڭغارلارنىڭ قۇنتەيجىسى غالدان بىلەن كۆرۈشۈشكە ئەۋەتتى، مەكتۇپتا غالداندىن ئافاق خوجىنىڭ قەشقەر ۋە يەركەندىكى ئورنىنى تىكلەپ بېرىش تەلەپ قىلىنغانىدى. غالدان بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ 1678 - يىلى كىچىك بۇخارا رايونى (يەنى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى - نەقىل ئالغۇچىدىن) نى بويسۇندۇردى ۋە ئافاق خوجىنى ئۆزىنىڭ نائىبى قىلىپ، يەركەننى ئۇنىڭ پايتەختى قىلىپ بېكىتتى. قەشقەردىكى خان جەمەتىنى تۇتقۇن قىلىپ ئىلىغا ئەپكەتتى ۋە مۇسۇلمانلار شەھىرى غۇلجىغا ئورۇنلاشتۇردى“㊻. ۋەلىخانوفنىڭ بۇ دوكلاتى 1861-يىلى ئېلان قىلىنىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا جون مىكېل ۋە روبېرت مىكېل ئۇنى ئىنگلىزچىگە تەرجىمە قىلىپ 1865 - يىلىدىكى «روسىيىلىكلەر ئوتتۇرا ئاسىيادا» دېگەن كىتابقا كىرگۈزدى㊼، شۇنىڭ بىلەن ۋەلىخانوفنىڭ يۇقىرىقى نۇقتىنىئەزىرى كەڭ تارقالدى.

ن. ئېلىئاسنىڭ تەتقىق قىلىشىچە، ۋەلىخانوفنىڭ يۇقىرىقى بىر بۆلۈك دوكلاتى ئاساسەن مۇھەممەد سادىق قەشقەرىنىڭ «تەزكىرەئى خوجىگان» ناملىق ئەسىرىنى ئاساس قىلغان㊽. ئۇنداقتا «تەزكىرەئى خوجىگان» نىڭ ئەسلىي تېكىستىدە بۇ ۋەقە قانداق بايان قىلىنغان؟ ئېلىئاس «تەزكىرەئى خوجىگان» نىڭ

ئىنگلىزچە قىسقارتىلما تەرجىمىسىنى رەتلەپ ئىنزاھلىغاندا ئەسلىي تېكىستتىكى مۇنۇ قۇرلارنى ئىنزاھتا سۆزمۇسۆز تەرجىمە قىلىپ قويغان:

”ئىسمائىلخان خوجا ئافاقنى قەشقەردىن ھەيدەپ چىقارغاندىن كېيىن ھەزرەت (ئافاق خوجا ـ نەقىل ئالغۇچى) شەھەرمۇ شەھەر يۈرۈپ كەشمىردىن كېسىپ ئۆتكەندىن كېيىن چىن مەملىكىتىگە چۈشتى، ئاندىن جۇ دېگەن يۇرتقا بېرىپ بۇتخانىگە چۈشتى. ئۇ يەردە چىن كاپىرلىرىدىن براھمان شەيخى بار ئىدى… ھەزرەت كاپىرلارغا تۈرلۈك ئاجايىپ ـ غارايىپ كەشپ ـ كارامەت كەبى ئىستىبداتىنى كۆرسۇتۇپ، ھەممىسىنىڭ كۆزلىرىنى خۇددى جۇلالىنىپ تۇرغان ئاپتاب زەررىسىنى كۆرگەندەك قىلىۋەتتى. كاپىرلارنىڭ بارى كېلىپ ئۇنىڭ پېشىنى كۆزىگە سۇرتتىلەر. ھەزرىتى ئافاق ئۇلارنىڭ ئېتىقادىنى قوغداپ قالماقچى بولدى، ئۆزىمۇ پۇتۇن ۋۇجۇدى بىلەن دىنىي ئاپتاپقا ئۆزىنى ئاتىۋەتكەنىدى. شۇنداق قىلىپ ئاجايىپ كارامەتلىرى ۋە مۇنەججىملىكى بىلەن كاپىرلارنى باش ئەگدۇرۇپ بولدى، كاپىرلار ئۇنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتىنى تونۇدى، كۆڭۈللىرىدە زەررىچە گۇمان قالمىدى. كاپىر براھمان ئېھتىرام بىلەن: ’كىمدۇرسىز، قايسى تەرەپتىن كېلۇرسىز‘ دەپ سورىدى. ھەزرەت ئېيتتىكى: مۇسۇلمان فىرقەلەرىنىڭ ئالىم سەئىدزادىسىدۇرمەن. خۇسۇسەن يەركەن، قەشقەر خەلقى مۇرىت ـ مۇخلىسىم ئىدى. ھالا بۇ شەھەرلەرنى بىراۋ مەندىن يۇلۇۋالدى ۋە مېنى قوغلاپ چىقاردى. سىزدىن ئىلتىماس قىلۇرمەنكى، كىشى بۇيرۇپ مېنىڭ يۇرتۇمنى قولۇمغا ئېلىپ بەرگەيسىز‘ . براھمان دېدىكى: ’بۇ يەردىن ئۇ يەرگە لەشكەرنىڭ بارمىقى بەكلا مۇشكۇل‘ ئەجەبكى، ئۇ ئىلىدىكى قالماق تۆرەسىگە خەت پۈتتى: ’ئى بوشۇقتۇ خان! ئافاق خوجا تەڭداشسىز

ئۇلۇغ، ئۆز دىنىدا كامىل مۇكەممەل كىشىدۇر. قەشقەر ۋە يەركەن ئۇنىڭ يۇرتى(49) ئىكەن. ئۇ ئاشۇ يۇرتلارنىڭ خوجىسى ئىكەن. ئىسمائىلخان ئۇنىڭ يۇرتىنى تارتىۋېلىپ، ئۆزىنى قوغلاپ چىقىرىپتۇ. لەشكەر ئەۋەتىپ يۇرتىنى قولغا ئېلىپ بەرگەيسەن ۋە ئۇنىڭغا تاپشۇرۇپ بەرگەيسەن'. 'خوجا ئافاق بۇ خەتنى ئېلىپ قالماق تۆرەسىگە يەتكۈزدى. تۆرە كامال تەۋەززۇ بىلەن خەتكە ئەمەل قىلىپ ئۆز لەشكىرى بىلەن قەشقەرگە يۈزلەندى"(50).

بۇ ماتېرىيالدىن ئافاق خوجىنىڭ قەشقەردىن ئايرىلغاندىن كېيىن قاڭقىپ يۈرۈپ كەشمىرگە بېرىپ قالغىنى، ئاندىن "چىن" دىكى "جۇ" دېگەن يەرگە بارغىنى ۋە ئۇ يەردىكى براھماندىن ياردەم سورىغىنى، براھماننىڭ ئېلىدىكى ئويرات خانىغا قوشۇن باشلاپ تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىغا يۈرۈش قىلىش توغرىسىدا كۆرسەتمە بەرگىنى بىزگە ئايدىڭلىشىدۇ.

قارىماققا يۇقىرىقى ئىككى مەلۇماتتا ناھايىتى زور پەرقلەر باردەك قىلىدۇ. ۋەلىخانوف مۇھەممەد سادىق قەشقەرىنىڭ ئەسىرىدىكى "چىندىكى جۇ" دېگەن مۇجمەل يەر نامىنى شىزاڭ دەپ ئاتىغان، براھمانلار شەيخىنى دالاي لاما دەپ قارىغان، جۇڭغار خانىنى غالدان دەپ قارىغان. ئىنچىكىلەپ كۆزەتكىنىمىزدە ئىككىسىنىڭ ئەمەلىيەتتە بىردەكلىككە ئىگە ئىكەنلىكىنى بايقايمىز.

بىزگە مەلۇمكى، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە پەنجاپ ئۆلكىسىنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى بەزى مۇسۇلمان ئاپتورلارنىڭ قەلىمى ئاستىدا "چىن" دېگىنى شىزاڭنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بۇددىزمغا ئېتىقاد قىلغۇچىلار رايونىنى كۆرسىتىدۇ. ناھايىتى روشەنكى بۇ يەردە ئېيتىلىۋاتقان براھمان دىنى بۇددا دىنىنى كۆرسىتىدۇ، ئەينى ۋاقىتتا شىزاڭنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كەڭ ئىچكى ئاسىيا رايونىدا مۇسۇلمانلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا بىرقەدەر زور تەسىرگە ئىگە

”كۆپرى دىن“دىن پەقەت بۇددا دىنىلا بار ئىدى. ئالدىنقى بابلاردا بايان قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك پامىرنىڭ غەربىدىكى كەڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى ئالللىقاچان ئىسلاملىشىپ بولغانىدى، شەرق قىسمىدىكى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى رايونلارمۇ مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرلىرى ئىسلاملىشىشنى تاماملاپ بولغانىدى. ئەمما تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدا كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ئويرات موڭغۇللىرى لاما دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان بۇددىستلار بولۇپ، چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدىكى موڭغۇللار ۋە چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى خالخا موڭغۇللىرى ئويرات موڭغۇللىرىدىنمۇ بۇرۇنراق لاما دىنىغا ئېتىقاد قىلغانىدى. چىڭخەي رايونىمۇ لاما دىنىنى ئاساس قىلغان رايون بولۇپ، مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرلىرى موڭغۇللاردىن ئاندا خاننىڭ تىزگىنلىشىدە بولغانىدى، مىڭ-چىڭ سۇلالىلىرى ئالمىشىۋاتقان مەزگىللەردە ئويراتلار تەدرىجىي كۆچىيىپ غوش خان باشچىلىقىدىكى خوشۇتلار ۋە باشقا ئويرات قەبىلىلىرى بۇ رايونغا كۆچۈپ كىردى ھەمدە شىزاڭنى تىزگىنلەشكە باشلىدى، لاسادا تۇرۇۋاتقان دالاي لاما بولسا جۇڭغار ئويمانلىقى، ئىچكى موڭغۇل ئېگىزلىكى ۋە چىڭخەي-شىزاڭ ئېگىزلىكىدىكى مەنىۋى داھىي بولۇپ قالدى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىن تارتىپ ئويراتلار قۇدرەت تاپتى، بولۇپمۇ غالدان باش كۆتۈرگەندىن كېيىن پۈتكۈل موڭغۇللار رايونىنى يۈتۈۋېلىش نىيىتىدە بولۇپ كەلدى. بۇخىل ۋەزىيەتتە بۇددا نۇرى بىلەن يورۇغان ئاشۇ كەڭ رايوندا ئىلى تەرەپكە شۇنچە زور تەسىر كۆرسىتەلەيدىغىنى پەقەتلا لاسادىكى دالاي لاما ئىدى. شۇڭا يۇقىرىقى مەنبەدىكى براھمانلار شەيخىنى دالاي لاما، دەپ چۈشەندۈرۈشكىلا بولاتتى. بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان ئۆيرات خانى جەزمەن جۇڭغار قەبىلىسىنىڭ سەردارى

غالداننى كۆرسىتىدۇ[51]. ئۇنىڭ ئاكىسى سېڭگە بىر مەھەل ئويرات قەبىلىلىرىگە سەردار بولغان بولسىمۇ، 1670 - يىلىلا ئۆلتۈرۈلگەنىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئويرات موڭغۇللىرى غالداننىڭ ھۆكۈمرانلىق دەۋرىگە ئۆتكەن بولۇپ، بۇ مەزگىلدە باشقا بىرەر قۇدرەتلىك سەردار ئوتتۇرىغا چىقمىغانىدى.

ۋەلىخانوفنىڭ نۇقتىئىنەزىرىگە ئۇنىڭ زامانداشلىرىدىن بېلىبۇ[52]، خوۋورت[53] قاتارلىقلار شەك كەلتۈرمىگەنىدى. ئېلىئاس «تەزكىرەئى خوجىگان»نى رەتلەپ ئىزاھلاش جەريانىدا بۇنىڭدىن شۇبھىلەنگەن ۋە ۋەلىخانوفنىڭ "نېمىگە ئاساسەن، 'جۇ'نى تىبەت دەپ تەسەۋۋۇر قىلغانلىقىنى" چۈشىنەلمىگەنلىكىنى بىلدۈرگەن بولسىمۇ، يەنىلا "شۇنداق بولۇشى ئېھتىمالغا يېقىن، ھەتتا ئىشەنچلىك" دەپ كۆرسەتكەنىدى. ئېلىئاس مۇشۇ ئاساستا تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ براھمان شەيخىنى دالاي لاما، دەپ قىياس قىلدى، يەنە ۋەقەنىڭ دەۋرىگە ئاساسەن كۆپ تەرەپلىمە مۇلاھىزە قىلىش ئارقىلىق "بوشۇقتۇ خان"نى غالدان دەپ قاراشقا قوشۇلدى. ئۇنىڭدىن سەل كېيىنرەك نەشردىن چىققان خارتماننىڭ تەتقىقاتىدا بۇ پىكىرگە قارىتا شۇبھىلەنمەسلىك پوزىتسىيىسى تۇتۇلدى[54]. ھازىرغا قەدەر بۇ قاراشنى كۆپ ساندىكى ئالىملار قوبۇل قىلدى، سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە جۇڭگودا نەشر قىلىنغان جۇڭغارلار تارىخى ھەققىدىكى ئىككى پارچە مەخسۇس ئەسەردىمۇ مۇشۇ خىل كۆز قاراش قوبۇل قىلىنغانىدى[55]. جۇڭغارلارنىڭ تەگرىتاغنىڭ جەنۇبىنى بويسۇندۇرغان ۋاقتىنى تۆۋەندە ئايرىم مۇھاكىمە قىلىمىز.

ۋەلىخانوف باشقا ماتېرىياللاردىنمۇ پايدىلانغان بولسا كېرەك. ئەمما قايسى ماتېرىياللارغا ئاساسلانغانلىقىنى ئەسكەرتمىگەن. XIX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى پۈتۈلگەن مۇسۇلمان مەنبەلىرىدىن

«تەزكىرەئى ئەزىزان»[56] ۋە ئۇنىڭدىنمۇ كېيىنرەك پۈتۈلگەن «تەزكىرەئى خوجا ئافاق»[57] قاتارلىقلاردىمۇ ۋەلىخانوفنىڭكىگە ئوخشاپ كېتىدىغان كۆز قاراشلار بايان قىلىنىدۇ. «تەزكىرەئى ئەزىزان» دا، ئافاق خوجا لەنجۇ مەھكىمىسىگە بېرىپ، ئۇ يەردىن ئالدىغا قاراپ ماڭغان ۋە سالارلار يۇرتىغا كەلگەن، ئاندىن سىچۈەن ئارقىلىق شىزاڭغا كىرىپ، دالاي لاما بىلەن تونۇشقان ۋە ئۇنىڭدىن ياردەم سورىغان، ئۇنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن ئافاق خوجا شىمالغا مېڭىپ ئىلى سەردارى بېگتۇنىڭ پاناھىغا كىرگەن[58] دېيىلىدۇ. «تەزكىرەئى خوجا ئافاق» دىمۇ ئافاق خوجا لەنجۇغا بېرىپ، سالارلار يۇرتىغا كەلگەن، ئاندىن بۇ جايدىن مېڭىپ سۈجۇ يولىنى پىيادە كېسىپ ئۆتۈپ، بېيجىڭدىكى ئىمپېراتورنىڭ جۇڭغار سەردارىغا يازغان مەكتۇپىنى ئالغان، مەكتۇپتا سەردارنىڭ تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىغا قوشۇن تارتىشى يارلىق قىلىنغان، دېيىلىدۇ. ”بېيجىڭدىكى ئىمپېراتور جۇڭغار سەردارىغا مەكتۇپ يازغان“ دېگەن پىكىرنى ئىسپاتلىغۇدەك بىرەر ماتېرىيال تېپىلمايدۇ، ئەينى ۋاقىتتىكى ئوبيېكتىپ ۋەزىيەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندىمۇ بۇنىڭ ھېچقانداق مۇمكىنچىلىكى يوق، بۇ خىل كۆز قاراشنىڭ شەكىللىنىپ قېلىشىغا ئېھتىمال مەزكۇر ئەسەرنىڭ كېيىنرەك يېزىلغانلىقى، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىقىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ بېيجىڭدىكى ئىمپېراتورنى دالاي لامانىڭ ئورنىغا دەسسىتىۋالغانلىقى سەۋەب بولغان بولسا كېرەك. بۇ ئىككى مۇسۇلمانچە مەنبەنىڭ ۋەلىخانوفنىڭ پىكرى بىلەن ئوخشاشمايدىغان يېرى ئافاق خوجىنىڭ سەرگەردان بولۇپ ماڭغان لىنىيىسىدە بولۇپ، ئۇنى غەربىي يۇرتتىن شەرققە مېڭىپ گەنسۇ، چىڭخەي رايونىغا كىرگەن، ئاندىن بۇ يەردىن شىزاڭغا بارغان (كېيىنكى ئەسەردە بېيجىڭدىكى ئىمپېراتور بىلەن كۆرۈشكەن دېيىلىدۇ) دەپ

قارايدۇ.

بۇ خىل قاراشقا گەنسۇ، چىڭخەي ئەترابلىرىدىكى ئىسلام دىنىي مەزھەپلىرىگە ئائىت ماتېرىياللاردىن ئىسپات تېپىلىدۇ. بۇ ماتېرىياللاردىن مەلۇم بولۇشىچە، 1671 ـ 1673 ـ يىللىرى ئافاق خوجا غەربىي يۇرتتىن ھازىرقى گەنسۇغا كەلگەن، ئاندىن لەنجۇ ئارقىلىق چىڭخەيگە كىرگەن ۋە ئاساسلىق شىنىڭ، خۇاڭجۇڭ ئەترابلىرىدا مۇرىت توپلاپ، دىنىي تەرغىبات ئېلىپ بارغان، شۇنداقلا گەنسۇ، نىڭشيا، چىڭخەي مۇسۇلمانلىرى ئارىسىدا چوڭقۇر تەسىر قوزغىغان⑲. قارىغاندا، ئافاق خوجىنىڭ گەنسۇ، چىڭخەي ئارقىلىق شىزاڭغا كىرىش ئېھتىماللىقىنىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلىشقا بولمىسا كېرەك.

يۇقىرىقىلاردىن ئومۇملاشتۇرغاندا مۇنداق يەكۈن چىقىرىش مۇمكىن:

I . ئافاق خوجا قەشقەردىن قاچقاندىن كېيىن گەنسۇ، چىڭخەي رايونىغا كەلگەن. بۇنى غەربىي يۇرت ۋە گەنسۇ، چىڭخەيدىكى كېلىش مەنبەسى ئوخشاشمايدىغان ئىككى تۈرلۈك ماتېرىيال ئارقىلىق ئىسپاتلاشقا بولىدۇ.

II . ئافاق خوجا سەرگەردان بولۇپ يۈرگەن مەزگىلدە شىزاڭغا بارغان، ئېھتىمال گەنسۇ، چىڭخەي ئارقىلىق بارغان بولۇشى مۇمكىن؛ ئۇ شىزاڭدا بەشىنچى دالاي لاما بىلەن تونۇشقان، ئۇ ئافاق خوجىغا جۇڭغار سەردارى غالدانغا قارىتىپ تونۇشتۇرۇش خېتى يېزىپ بەرگەن.

III . ئافاق خوجا راستتىنلا جۇڭغار سەردارى غالداندىن ياردەم سورىغان، دېيىشكە تولۇق ئاساس بار.

غەيرەت ـ شىجائەتتە ئۇرغۇپ تۇرغان غالدان 1679 ـ يىلى شەرقتىكى رايونلارنى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن يەركەنگە لەشكىرىي

يۈرۈش قىلىش، تارىم ۋادىسىدىكى بوستانلىقلارنى ئۆز كونتروللۇقى ئاستىغا ئېلىشقا تەييارلاندى. ئەنە شۇ چاغدا ئافاق خوجىنىڭ ياردەم سورىشى غالداننىڭ يەركەن خانلىقىنى قوشۇۋېلىشىغا ناھايىتى ياخشى شارائىت يارىتىپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن غالدان قوشۇن تارتىپ جەنۇبقا يۈرۈش قىلدى ۋە ئاقسۇ، ئۈچ قاتارلىق جايلار ئارقىلىق قەشقەر، يەركەنگە قاراپ ئىلگىرىلىدى. لەشكىري يۈرۈشكە ئويرات قەبىلىلىرىدىن باشقا جۇڭغار خانلىقىغا بېقىندى قىلىنغان تۇرپان، قۇمۇل قوشۇنلىرىمۇ قاتناشتى، ئۇلار ئابدۇرېشىدخان، مۇھەممەد ئىمىن، مۇھەممەد مۇئمىن قاتارلىق قېرىنداشلارنىڭ يېتەكلىشى بىلەن بىرلىكتە يەركەن خانلىقىغا قارشى يۈرۈشكە ئاتلانغانىدى⑥⓪. ئاقتاغلىقلارنىڭ قوللىشى بولغاچقا لەشكىري يۈرۈش بەكلا ئوڭۇشلۇق بولدى، قەشقەر ئوڭايلا ئېلىنىپ، يەركەن ئىشغال قىلىنىدى ۋە ئىسمائىلخان تىرىك تۇتۇلۇپ يەركەن خانلىقى قوشۇۋېلىنىدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى جۇڭغار خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا ئۆتتى.

جۇڭغار خانلىقىنىڭ يەركەن خانلىقىنى بويسۇندۇرغان ۋاقتى توغرىسىدا 1678-يىلى (ۋەلىخانوف)، 1679-يىلى (بىچۇرىن)، 1680-يىلى (پاراس)، 1682-يىلى (نامەلۇم ئاپتور يازغان «قەشقەر تارىخى» ۋە موللا مۇسا سايرامىنىڭ«تەرىخى ئەمىنىيە»)، 1683-يىلى (گىرىگورىيېۋ) دېگەندەك ھەرخىل قاراشلار بار، خانبدا ئاكىرانىڭ دەلىللىشىچە 1680 - يىلى، دېيىش توغرىدەك قىلىدۇ⑥①. مەملىكىتىمىزدە نەشر قىلىنغان جۇڭغار تەتقىقاتىغا دائىر ئىككى مەخسۇس ئەسەر: «جۇڭغارلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» (خەلق نەشرىياتى، 1985 - يىل) ۋە «ئويرات موڭغۇللىرىنىڭ قىسقىچە تارىخى» (1 - قىسىم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1992

- يىل) دىمۇ بىردەك 1680 - يىلى دېگەن قاراش قوبۇل قىلىنغان. شاھ مەھمۇد جۇراسنىڭ «تارىخ» ناملىق ئەسىرىنى تەرجىمە قىلىپ ئىزاھلىغان ئاكىمۇشكىنمۇ 1680 - يىلى دېگەن قاراشقا قوشۇلىدۇ، ئۇ ھەرقايسى قاراشلارنىڭ بىردەك بولماسلىقى جۇڭغار خانلىقىنىڭ كۆپ قېتىم جەنۇبقا يۈرۈش قىلغانلىقىنىڭ نەتىجىسى، جۇڭغارلارنىڭ يەركەن خانلىقىنى بىرىنچى قېتىملىق ئومۇمىيۈزلۈك بويسۇندۇرۇشى 1680 - يىلى ئىشقا ئاشقان، 1685 - يىلى ئاندىن ئۈزۈل - كېسىل بويسۇندۇرغان، دەپ قارايدۇ. بىراق زىلاتكىن «جۇڭغار خانلىقىنىڭ تارىخى» ناملىق مەخسۇس ئەسىرىدە (خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخا، شاڭۋۇ نەشرىياتى، 1980 - يىل) 1679 - يىلى، دېگەن قاراشنى قۇۋۋەتلەيدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا بەزى ئالاقىدار ماقالىلاردىمۇ مۇشۇ قاراش قوبۇل قىلىنغان[62].

ئۇنداقتا جۇڭغارلارنىڭ يەركەن خانلىقىنى قوشۇۋېلىشى زادى قايسى يىلى بولغان؟ يېقىنقى يىللاردا ئېلان قىلىنغان «زايا بەندىدانىڭ تەرجىمىھالى» ۋە «بەشىنچى ئەۋلاد دالاي لامانىڭ تەرجىمىھالى» ناملىق موڭغۇلچە، تىبەتچە ۋەسىقە بۇ مەسىلىنى ئېنىق جاۋابقا ئىگە قىلدى. «زايا بەندىدانىڭ تەرجىمىھالى» XVII ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى تاماملانغان بولۇپ، ئويرات موڭغۇللىرىدىن دىندار لادنابادىلا يازغان، ئۇ باش كاھىن زايا بەندىدانىڭ شاگىرتى ۋە مەھرىمى بولۇپ، ئۇستازىغا ئەگىشىپ كۆپ قېتىم ئويرات قەبىلىلىرىنىڭ سىياسىي ئىشلىرىغا ئىشتىراك قىلغان، ”خاتىرىلەنگەنلىرى پۈتۈنلەي ئۆزى باشتىن كەچۈرگەن ياكى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ، ئۆز قۇلىقى بىلەن ئاڭلىغان ئىشلاردۇر“[63]، شۇڭا ناھايىتى يۇقىرى مەنبەلىك قىممىتىگە ئىگە. ئۇنىڭدا مۇنداق دېيىلىدۇ: ”مايمۇن يىلى (1680 - يىلى) ئەتىيازدا بوشۇقتۇخان كۆچتى، كوكخۇيادا يازلىغاندىن كېيىن خان يەركەننى ھۇجۇم

بىلەن ئالدى. شۇ يىلى قىشتا بوشۇقتۇخاننىڭ بارگاھى بورتالادا قىشنى ئۆتكۈزدى". بۇ مەنبەدىن شۇنى ئېنىق بىلىۋېلىشقا بولىدۇكى، غالدان 1680 - يىلى ياز بىلەن قىشنىڭ ئارىلىقىدا يەركەننى ھۇجۇم بىلەن ئالغان، ئاندىن شىمالدىكى ئىلىغا قايتىپ بورتالادا قىشنى ئۆتكۈزگەن.

بۇ خاتىرىنى تىبەتچە ۋەسىقە «بەشىنچى ئەۋلاد دالاي لامانىڭ تەرجىمىھالى» ئېنىقلاپ بېرىدۇ. بۇ بەشىنچى ئەۋلاد دالاينىڭ ئۆزى يېزىپ چىققان تەرجىمىھالى بولۇپ، ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى يىللىرى (1672 - يىلىدىن باشلاپ) "مول ئەمەلىي خاتىرىلەر ئاساسىدا تۈزۈلگەن"، شۇڭا "كۆپلىگەن زور ۋەقەلەر توغرىسىدىكى خاتىرىلەردە قوللىنىلغان ۋاقىت ناھايىتى توغرا"(64) بولۇپ، ناھايىتى قىممەتلىك مەنبە ھېسابلىنىدۇ. بەشىنچى ئەۋلاد دالاي لاما مۇنداق يازغان: "تۆمۈر توخۇ يىلىدا (1681 - يىلى) يېڭى يىل. . . (2 - كۈنى) شۇ كۈنى غالدان دانزېڭ بوشۇقتۇخان چەنتۇلارنىڭ يۇرتىنى ئۆز ھۆكۈمرانلىقىغا ئالغاندىن كېيىن، يەركەننى ئاساس قىلغان 1500 شەھەر - قەلئە ۋە ئىككى مىليون تۇتۇننى ماڭا ھەدىيە قىلدى"(65). غالدان "چەنتۇلار يۇرتى" يەنى يەركەن دۆلىتىنى قوشۇۋالغاندىن كېيىن تىبەت كالېندارى بويىچە تۆمۈر توخۇ يىلى (1681-يىلى) يېڭى يىللىق زىياپەتتە دالاي لاماغا "ھەدىيە" قىلغان. بۇ ئەھۋال شۇنى مۇنازىرىسىز ئىسپاتلايدۇكى، غالدان 1681-يىلى تىبەت كالېندارى بويىچە يېڭى يىلنىڭ ئالدىدا يەركەن خانلىقىنى بويسۇندۇرغان، توغرىراقى 1680-يىلى بويسۇندۇرغان.

يۇقىرىقىلارنى ئومۇملاشتۇرغاندا، جۇڭغار خانلىقىنىڭ يەركەن خانلىقىنى قوشۇۋالغان ۋاقتىنى 1680 - يىلى، دەپ مۇقىملاشتۇرۇشقا بولىدۇ.

## 3 § ئاقتاغلىق خوجىلارنىڭ يەنىمۇ روناق تېپىشى

غالدان تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىنى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن ئافاق خوجا باشچىلىقىدىكى ئاقتاغلىقلارنىڭ ئوشۇقى ئالچۇ چۈشتى، ئۇلار رەقىبى قاراتاغلىقلارنى قانلىق باستۇرۇپ، ئۇلارنىڭ پىرىنى كەشمىرگە قېچىشقا مەجبۇر قىلىپلا قالماي يەنە دەھرىي ھاكىمىيەتنى قولغا كىرگۈزۈپ تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىنى كونترول قىلىشقا ئۇرۇندى، ئەمما غالدان بۇنىڭغا يول قويمىدى. غالدان يەركەننى ئىگىلىگەندىن كېيىن تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىنى باشقۇرۇشتا چاغاتاي ئەۋلادلىرى (توغرىراقى يەركەن خانلىقىدىكى خان جەمەتى ئەزالىرى) دىن بىرىنى ئۆزىنىڭ نائىبى ھېسابىدا "خان" دەپ تىكلەپ، ئۇنىڭغا "ۋەتىنى" (بۇ ۋاقىتتا تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى جۇڭغار خانلىقىنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا بولسىمۇ) نى باشقۇرغۇزۇش ۋە شۇ ئارقىلىق ھەر يىلى ئولپان سۈپىتىدە يۈز مىڭ تەڭگە يىغىۋېلىش ئارزۇسىنى قاندۇرۇش تاكتىكىسىنى قوللاندى[66]. نىسپىي قىلىپ ئېيتقاندا، بۇ خىل ھۆكۈمرانلىقنى خېلىلا يەڭگىل دېيىشكە بولىدۇ، شۇڭا بەزى مۇسۇلمان ئاپتورلارنىڭ قەلىمىدىن جۇڭغارلارنىڭ تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىغا ھۆكۈمرانلىق قىلغانلىقىنىڭ ئىزنالىرىنى كۆرگىلى بولمايدۇ. ئەمەلىيەتتە بولسا غالدان بۇ رايوننىڭ ئەڭ ئالىي ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى، بولۇپمۇ "خان"نىڭ ۋەزىپىگە تەيىنلىنىشىنى كونترول قىلىپ كەلدى، بۇ مۇشۇ رايونغا بولغان ھۆكۈمرانلىقىنىڭ مۇستەھكەم بولغان-بولمىغانلىقىنى بەلگىلەيدىغان ھەل قىلغۇچ ئامىل ئىدى.

## 1. ئافاق خوجا بىلەن ئابدۇرېشىدخان ئوتتۇرىسىدىكى كۆرەش

1680-يىلى كۈزدە غالدان ئافاق خوجا باشچىلىقىدىكى ئاقتاغلىقلارنىڭ پائال ماسلىشىشى ۋە قوللىشى بىلەن يەركەننى ئىگىلەپ، يەركەن خانلىقىنىڭ خانى ئىسمائىل ۋە ئۇنىڭ ئائىلە-تاۋابىئاتلىرىنى ئەسىر ئالدى ۋە تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىنى بويسۇندۇردى. ھالبۇكى، بۇ يايلاق ئىستىلاچىسى ئەسىر ئالغان ئىسمائىلخاننى ئېلىپ شىمالدىكى يايلىقىغا قايتقاندا يېڭىدىن قوشۇۋېلىنغان بۇ رايوننى ئىدارە قىلىشتەك چوڭ ھوقۇقنى زور تۆھپە كۆرسەتكەن ئافاق خوجىغا ئەمەس، ئۆزى ئاللىقاچان بويسۇندۇرۇپ بولغان تۇرپان رايونىنىڭ ئەسلىدىكى ھۆكۈمرانى ئابدۇرېشىدقا تاپشۇرۇپ، ئۇنى يەركەن خانى قىلىپ بېكىتتى ۋە ئۇنى ئۆزىنىڭ تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىنى باشقۇرۇشىدىكى ۋەكىلى قىلىۋالدى[67].

غالداننىڭ يېڭىدىن قوشۇۋېلىنغان بۇ رايونغا ئابدۇرېشىدخاننى ۋەكىل قىلىپ قويۇشى چوڭقۇر ئويلىنىشتىن كېيىن چىقىرىلغان خۇلاسە ئىدى: موڭغۇل ئىستىلاسىدىن بۇيان غەربىي يۇرت ئىزچىل تۈردە چاغاتاي ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا بولۇپ كەلدى، شۇڭا "ئالتۇن جەمەت"نىڭ مۇتلەق ئورنى ئۇزۇن زامان مەۋجۇت بولۇپ چوڭقۇر يىلتىز تارتتى. شۇنداق بولغانلىقتىن ئىستىلاچى غالدان چاغاتاي ئەۋلادلىرىدىن بىرەرىنى "خان" قىلىپ تىكلىگەندىلا كىشىلەر ئوڭايراق قوبۇل قىلاتتى. ئابدۇرېشىدخاننىڭ ئاتىسى باباقخان بىلەن يەركەن خانلىقىنىڭ سابىق چوڭ خانى ئىسمائىل قېرىنداش بولۇپ، ئابدۇرېشىدنىڭ

نەسەبى يەركەن خان جەمەتىگە تۇتىشاتتى. شۇڭا كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسىدىنمۇ ئوڭايراق ئۆتەتتى. ئۇنىڭدىن باشقا مەزكۇر چاغاتاي ئەۋلادى سەل ئىلگىرىرەك غالدانغا باش ئۇرۇپ جوڭغارلارنىڭ بېقىندىسى سۈپىتىدە تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى شەرقىي رايوننى باشقۇرغان ۋە يەركەن خانلىقىدىكى خان جەمەتى ئىچىدىكى جوڭغارپەرەسلەردىن بولۇپ قالغانىدى، يەنە كېلىپ ئۇ ئەسلىدە تۇرپان رايونىنىڭ ھۆكۈمرانى بولغانلىقتىن غەربتىكى يەركەندە ھېچقانچە ئاساسقا ئىگە ئەمەس ئىدى، قىسقىغىنە ۋاقىتتىلا قۇدرەتلىك كۈچ بولۇپ شەكىللىنىشى يەنى جوڭغار خانلىقىنىڭ كونتروللۇقىغا تېزدىن تەھدىت پەيدا قىلالىشى قىيىن ئىدى. ئاقتاغلىق خوجىلار بولسا ئۇنداق ئەمەس ئىدى، يۇقىرىدا كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك خوجىلار تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدا كەڭ ۋە چوڭقۇر ئاممىۋى ئاساسقا ئىگە ئىدى، ئۇلارنىڭ تەسىرى يۇقىرىسى ھوقۇقدار ئاقسۆڭەكلەردىن تۆۋىنى ئاۋام پۇقرالارغىچە بولغان جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى قاتلاملىرىغا سىڭىپ كەتكەنىدى. ئاقتاغلىقلار قەشقەرنى بازا قىلىپ تۇرۇپ تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى پۈتكۈل جايلاردا قۇدرەتلىك دىنىي - سىياسىي كۈچ بولۇپ شەكىللەنگەن ۋە يەركەننى بازا قىلغان قاراتاغلىقلار ھەمدە ئۇلارنىڭ قوللىغۇچىسى بولغان يەركەن ئوردىسى بىلەن كەسكىن ئېلىشىپ يەركەن خانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدىكى مالىمانچىلىقىنىڭ تېخىمۇ ئەۋج ئېلىشىغا، شۇنداقلا ئەڭ ئاخىرىدا خانلىقىنىڭ ھالاك بولۇشىغا سەۋەب بولغانىدى. جوڭغارلارنىڭ تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىنى بويسۇندۇرۇشى دەل ئاقتاغلىقلارنىڭ قاراتاغلىقلار ئۈستىدىن قازانغان غەلىبىسى ئىدى. ئاقتاغلىقلار جوڭغارلارنىڭ قۇراللىق كۈچىنى ئارقا تېرەك قىلىپ تۇرۇپ قاراتاغلىقلارغا شىددەت بىلەن قايتۇرما زەربە ئۆتتى، ئۇلارنى تۇزغاقتەك تۇزۇتۇپ قانلىق

باستۇردى، قاراتاغلىقلار يەركەن ئوردىسىنىڭ قوللىشىدىن ئايرىلىپ قالغاچقا تاقابىل تۇرۇشقا قۇربى يەتمەي غايەت زور بەدەل تۆلىدى، ”قاراتاغلىق خوجىلار يەركەندىن كەشمىرگە قېچىشقا مەجبۇر بولدى“⑱، بۇنىڭ بىلەن تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى دىنىي رەھبەرلىك ھوقۇقى ئاقتاغلىقلارغا ئۆتۈپ قالدى. مانا بۇ ئىشلارغا قارىتا غالداننىڭ كۆڭلىدە سان بار ئىدى، شۇڭا ئاقتاغلىقلار تەسىرىنىڭ ھەددىدىن زىيادە زورىيىپ كېتىشىنى چەكلەش ئۈچۈن غالدان يەركەن خانلىقى خان جەمەتىدىن بىرەرسىنى يۆلەپ تۇرغۇزۇپ، شۇ ئارقىلىق يېڭىدىن بويسۇندۇرۇلغان بۇ رايوندىكى ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەشنى قارار قىلغانىدى.

بۇ خىل ئەھۋالدا يەركەن خانلىقىنىڭ خانلىق تەختىگە (ئەمەلىيەتتە جۇڭغار خانلىقىنىڭ بۇ رايوندىكى ۋاكالەتچىلىكىگە) چىقىرىلغان ئابدۇرېشىدخاننىڭ ئاقتاغلىقلار بىلەن زىتلىشىپ قېلىشىدىن ساقلانغىلى بولمايتتى. مۇسۇلمان مەنبەلىرىگە ئاساسلانغاندا ئابدۇرېشىدخان ئاقتاغلىقلار بىلەن ناھايىتى تېزلا دۈشمەنلىشىپ قالغان، ئاقتاغلىقلارغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن ئابدۇرېشىدخان ئاقتاغلىقلارغا قارشى دىنىي زات موللا ئابدۇللانى قازىلىققا تەيىنلىگەن. مەزكۇر موللا ئابدۇللا ئاقتاغلىقلارغا كۈچىنىڭ بارىچە ھۇجۇم قىلغان، ئافاق خوجىنىڭ يەركەندىكى تەسىرىنى يوق قىلىشقا جان پىدا قىلغان، شۇنداقلا شەرىئەت دەۋادەستۇرلىرىدا ئافاق خوجىنىڭ دەرۋىشلىك تونىغا ئورىلىۋالغان ساختا مۇتىۋەر ۋە تۇتامى يوق تېجىمەل ئىكەنلىكىنى ئاشكارا شىكايەت قىلغان، ئاقتاغلىقلار بۇنىڭغا دەرھال قايتۇرما زەربە بېرىپ، مەزكۇر موللا ئابدۇللانى يەركەندىكى قازىلىقتىن ۋاز كېچىپ، ئاقسۇدا زاھىدلارچە مۆكۈنۈپ ياشاشقا مەجبۇر قىلغان⑲. شۇبھىسىزكى، مەزكۇر موللا ئابدۇللا قاراتاغلىقلار

مۇرىتى ئىدى، ئاقتاغلىقلار بىلەن بولغان كۆرەشتە ئۇلار ئابدۇرېشىدخان بىلەن ئىتتىپاق تۈزگەنىدى.

مولla ئابدۇللانىڭ ۋەزىپىسىدىن ۋاز كېچىشكە مەجبۇر قىلىنىشى ئابدۇرېشىدخان بىلەن ئاقتاغلىق خوجىلار ئوتتۇرىسىدىكى كۆرەشنىڭ تېخىمۇ ئۆتكۈرلىشىشكە ۋە ئاشكارىلىنىشىغا، ئاخىرىدا ئاشكارا توقۇنۇشقا ئايلىنىشىغا سەۋەب بولدى. قانداقلا بولمىسۇن، ئابدۇرېشىدخان تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى ھەربىي - سىياسىي ھوقۇقىنى تۇتۇپ تۇرۇۋاتقانلىقى، يەنە كېلىپ جوڭغار ھەربىي ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ قوللىشى بولغانلىقتىن كۆرەشتە ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىدى. ئاقتاغلىقلار سەردارى ئاپاق خوجا ئومۇمىي ۋەزىيەتنى دەڭسەپ كۆرۈپ دەماللىقتا ۋەزىيەتنى ئۆزگەرتىشكە مۇمكىن ئەمەسلىكىگە كۆزى يەتتى ۋە تاغ ئىچىگە چېكىندى[70]. ئاپاق خوجا ئەلۋەتتە ئۆز مەغلۇبىيىتىگە تەن بەرمەيتتى، ئۇنىڭ تاغلىق جايلارغا چېكىنىپ تۇرۇشىمۇ پەقەت دېمىنى ئېلىپ ئۆزىنى رۇسلىۋېلىش ئۈچۈن ئىدى. دېگەندەك ئاپاق خوجا ناھايىتى تېزلا قايتۇرما جەڭگە ئاتلىنىشنى پىلانلاپ، يەركەندىكى ئاقتاغلىقلارنىڭ كۈچىدىن پايدىلىنىپ توپىلاڭ كۆتۈردى. توپىلاڭ ئۇشتۇمتۇتلا يۈز بەرگەنلىكى، يەنە كېلىپ بەكلا شىددەتلىك بولغانلىقى سەۋەبلىك ئابدۇرېشىدخان ياۋغا تەڭ كېلەلمەي يەركەننى تاشلاپ تاغلىق جايلارغا چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى.

كېيىنكى ۋەزىيەتنىڭ قانداق بولغانلىقى توغرىسىدا مۇسۇلمان مەنبەلىرىنىڭ كەملىكى سەۋەبىدىن بىرنەرسە دېيەلمەيمىز. لېكىن خەنزۇچە مەنبەلەرگە ئاساسلانغاندا، 1694-يىلى غالدان بىلەن جەڭگاھتىكى قارىمۇقارشى سەپتە سەپراس تۇرۇۋاتقان چىڭ سۇلالىسى "غالدان ئەۋەتكەن ئايغاقچى سەئىد ۋە ئۇيغۇر دۆلىتى (回回国) پادىشاھى ئابدۇرېشىد ئەۋەتكەن ئايغاقچى شاھ خوجا"نى

تىرىك تۇتۇۋالغان⑦١. بۇ يەردە ئېيتىلغان "ئۇيغۇر دۆلىتى پادىشاھى ئابدۇرېشىد" ناھايىتى ئۇقۇبىللا يەركەن خانى ئابدۇرېشىدخاننى ئېسىمىزگە سالىدۇ. ئىككى يىلدىن كېيىن، يەنى 1696 - يىلى غالدان چىڭ سۇلالىسى بىلەن بولغان ئۇرۇشتا ئەجەللىك مەغلۇبىيەتكە دۇچار بولغاندا قول ئاستىدىكى سەركەردە، سەرۋازلار ئارقا - ئارقىدىن چىڭ سۇلالىسىگە ئەل بولدى، ئەنە شۇلارنىڭ قاتارىدا "ئۇيغۇر دۆلىتى پادىشاھى ئابدۇرېشىد"مۇ بار ئىدى. «باياۋاندا ئاسىيلارنى تىنچىتىش تەدبىرلىرى» نىڭ 28 - جىلد كاڭشىنىڭ 35 - يىلى (1696 - يىلى) 8 - ئايدىكى خاتىرىسىدە مۇنداق دېيىلىدۇ: "ئۇيغۇر دۆلىتى پادىشاھى ئابدۇرېشىدنى بېيجىڭغا ئاپىرىشقا يارلىق قىلىندى. بۇنىڭدىن مۇقەددەم كەپتاۋۇل مەندۇ مەخپىي مەلۇمات سۇنۇپ ئۇيغۇر پادىشاھى ئابدۇرېشىدنىڭ ئوغلى ئەركە سۇلتاننى ئېلىپ ئويرات (ئاقساقىلى) غالداننىڭ قېشىدىن ئەل بولۇشقا كەلگەنلىكىنى، ئابدۇرېشىدخاننىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى دوكلات قىلغان: 'كاڭشىنىڭ 21 - يىلى غالدان ماڭا ئادەم ئەۋەتىپ كېڭەش قىلىمىز، دېگەن باھانە بىلەن مېنى ئالداپ ئىلىغا ئاپاردى. غالدان مېنى، ئاتا-بالا ئىككىمىزنى ۋە مۇلازىم - مەھرەملىرىمنى بارغان ھامان نەزەربەندكە ئېلىپ مېنى ھەرجايدا سەرسان بولۇپ يۈرۈشكە مەجبۇر قىلدى. ھالا بۈگۈنكى كۈندە خان ئالىيلىرىنىڭ شەۋكەتلىك قوشۇنى غالداننى تارمار كەلتۈرگەنلىكتىن مەھكۇملۇقتىن قۇتۇلۇپ ئوردىغا تاۋاپ تەزىم قىلىشقا مۇيەسسەر بولالىدىم. يېقىندا ئويراتلاردىن خەۋەر تېپىشىمچە غالدان 2000 دىن كۆپرەك كىشى بىلەن قۇربان تامىر - تىنقۇل دېگەن جايدا تۇرۇۋېتىپتۇ، قارارگاھىدا كېرەكلىك لاۋازىملىرى تۈگەپ قالغان ئوخشايدۇ. غالداننىڭ ئۇزۇق - تۈلۈكى تۈگىگەن ئىكەن تامىردا ئۇزۇن

تۇرمايدىغانلىقى بەرھەق. ئۇ جەزمەن چىڭخەي تەرەپكە بارىدۇ دەپ ئويلايمەن. ئۇنىڭ بۇ مەقسەتكە يېتىشىدە قۇمۇل، تۇرپان ۋە يەركەن قاتارلىق ئۈچ يولدىن باشقا يول يوق. ناۋادا قۇمۇل ئارقىلىق ماڭسا قۇمۇل بىلەن جىيايۇگۇەن بىر - بىرىگە ناھايىتى يېقىن، يەنە كېلىپ جىيايۇگۇەندە خان ئالىيلىرىنىڭ زور قوشۇنى تەق بولۇپ تۇرۇپتۇ، شۇڭا جەزمەن ئۇ يولدىن ماڭمايدۇ، ئېھتىمال تۇرپان تەرەپ بىلەن مېڭىشى مۇمكىن. يەركەن تەرەپتىن ماڭسا مېنىڭ 20 مىڭدىن ئارتۇق قوشۇنۇم بۇ جايدا تەييار تۇرۇۋاتىدۇ، تۇرپاندا 5000 كىشىلىك قوشۇن بار، قۇمۇلدىمۇ 500چە نەۋكەر بار. يەنە ئاڭلىسام سېۋان ئارابتان بۆرتالادا بارگاھ قۇرۇپتۇ. ئاتا-بالا ئىككەيلەن غالداننىڭ يېنىدا نەزەربەندنىڭ ئازابىنى 14 يىل تارتتۇق. ئەمدىلىكتە يېقىر قېرىپ قالدى، چىنغا كەلگىنىم بىلەن تۆت كۆنلۈك ئۆمرۈم قالغاندا شاپائەتكە جاۋاب قايتۇرالماسلىقىم ئېنىق. غالداندا مېنىڭ نەزەربەند قىلىنغانلىق ئۈچۈملا ئەمەس يەنە باشقا مۇسۇلمانلارنىڭمۇ ئۆچى بار. ئەمدىلىكتە غالدان تۇمشۇقىغا يەپ سوكۇلداپ قالدى، كەمىنە جەددى - جەمەتىم بىلەن مۇشۇ يەردە تۇرۇپ قىبلىشنى خالايمەن. يېنىمدىكى خانىمىم چىمەنبەگنى تۇرپانغا ماڭدۇردۇم، شەۋكەتلىك ئالىيلىرى ئىلتىپات قىلىپ قويغايلا، ماڭا تەئەللۇق مۇسۇلمانلارنى ئۇنىڭ ئىختىيارىغا بەرگەيلا. سېۋان ئارابتان تۇرۇۋاتقان بورتالا تۇرپانغا يېقىن، شۇڭا بورتالاغا بېرىپ سېۋان ئارابتان بىلەن بىرلىشىش تولىمۇ زۆرۈر. ناۋادا غالدان ئازغىنە ئادەم بىلەن كېلىپ قالسا ئۇنى ئۆلتۈرۈپ 14 يىل خارلانغان قىساسىمىزنى ئالغايمىز!". بۇ يەردە نامى زىكرى قىلىنىۋاتقان ئابدۇرېشىد دەل يۇقىرىدا تىلدا ئېلىنغان مۇسۇلمان مەنبەسىدىكى يەركەن خانى ئابدۇرېشىد ئىدى، چىڭ سۇلالىسىمۇ ئۇ ھەقتە ئېنىق مەلۇماتقا ئىگە ئىدى. «بۈيۈك چىڭ

سۇلالىسى دەۋرىدە بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن تەزكىرىلەر» نىڭ 355-جىلد «يەركەن» ماۋزۇسىدا مۇنداق دېيىلىدۇ: ”يەركەن (ئۇيغۇر دۆلىتى، دەپمۇ ئاتىلىدۇ، تۇرپاننىڭ غەربىي جەنۇبىغا 2000 چاقىرىمدىن كۆپرەك كېلىدىغان جايدا)... كاڭشىنىڭ 35-يىلى 8-ئايدا پادىشاھ ئابدۇرېشىد خاننى ئېلىپ تاۋاپقا كەلدى“. «غەربىي يۇرتنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» نىڭ 18-جىلد «چېگرا-ھۇدۇدلار (11)» دىكى «يەركەن» ماۋزۇسىدا مۇنداق دېيىلىدۇ: ”كاڭشىنىڭ 21-يىلى شۇ جايدىكى ئۇيغۇر ئاقساقىلى ئابدۇرېشىد غالدان تەرىپىدىن تۇتقۇن قىلىنغان. كاڭشىنىڭ 35-يىلى جۇڭغارلار سۇلالىمىزنىڭ زور قوشۇنى تەرىپىدىن يېڭىلگەندىن كېيىن ئابدۇرېشىد خاننى ئېلىپ سۇلالىمىزگە تاۋاپقا كەلگەن“؛ ئابدۇرېشىدخان كاڭشىنىڭ 21-يىلى (1682-يىلى) غالدان تەرىپىدىن ”كېڭەش قىلىش“ باھانىسىدا ئىلىغا ئالداپ ئاپىرىلىپ تۇتقۇن قىلىنغان ۋە 14 يىللىق نەزەربەندلىك تۇرمۇشنى باشتىن كەچۈرگەندىن كېيىن كاڭشىنىڭ 35-يىلى (1696-يىلى) چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى غالداننى مەغلۇپ قىلغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ چىڭ سۇلالىسى تەۋەسىگە قېچىپ كەلگەن. يۇقىرىدا نەقىل كەلتۈرۈلگەن ماتېرىيالدىكى ئابدۇرېشىدخاننىڭ بايانلىرىغا ئاساسلانغاندا ئابدۇرېشىدخان يەركەندىلا ئەمەس تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى باشقا جايلاردا جۇملىدىن تۇرپاندىمۇ مۇئەييەن تەسىرگە ئىگە بولغان، ھەتتا ئۆز نوپۇزىنى تىكلىيەلىگەن، دەپ قاراشقا بولىدىغاندەك قىلىدۇ. قارىغاندا، ئۇنىڭ ھەرىكىتى جۇڭغار خانلىقى ئوردىسى يول قويالايدىغان دائىرىدىن ھالقىپ كەتكەن بولسا كېرەك، ھەتتا ئۇنىڭ تەسىرى جۇڭغار خانلىقىنىڭ بۇ رايوندىكى ھۆكۈمرانلىقىغا تەھدىت پەيدا قىلغان بولۇشىمۇ مۇمكىن، بۇنداق ئىشلارغا غالدان ئەلۋەتتە يول قويالمايتتى. دەرۋەقە يۇقىرىقى نەقىل

كەلتۈرۈلگەن مەنبەدىن ئافاق خوجا ياكى دىنىي كۈچلەرنىڭ قانداقتۇر تەسىرىنى كۆرگىلى بولمىغاچقا ئابدۇرېشىدنىڭ تۇتقۇن قىلىنىشى بىلەن ئافاق خوجىنىڭ پائالىيەتلىرى ئوتتۇرىسىدا مەلۇم باغلىنىش مەۋجۇت، دەپ قىياس قىلغۇدەك ئاساسىمىز بار دېيەلمەيمىز، ئەمما مۇشۇنىڭغا قاراپلا بۇ خىل ئېھتىماللىقنى چەتكە قېققۇۋېتىشكىمۇ بولمايدۇ. قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، 1682 - يىلىغا كەلگەندە ئابدۇرېشىدخان جوڭغار ئوردىسى تەرىپىدىن تۇتقۇن قىلىنىپ، ئۇنىڭ تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى ھۆكۈمرانلىقى ئاخىرلاشقان.

## 2. مۇھەممەد ئىمىنخاننىڭ ئاقتاغلىقلار بىلەن مۇرەسسە قىلىشى

ئابدۇرېشىدخاندىن كېيىن ئىككىنچى ئىنىسى مۇھەممەد ئىمىن يەركەن خانلىقىنىڭ خانلىق تەختىگە چىقىپ جوڭغار خانلىقىنىڭ بۇ رايوننى ئىدارە قىلىشىدىكى قورالىغا ئايلاندى. 1680 - يىلى مۇھەممەد ئىمىن ئاكىسى ئابدۇرېشىد بىلەن بىرلىكتە غالدانغا ئەگىشىپ يەركەن يۈرۈشىگە قاتناشقانىدى، ئىسمائىلخان ئەسىر ئېلىنغاندىن كېيىن ئابدۇرېشىد يەركەن خانى بولۇپ تەيىنلەندى، مۇھەممەد ئىمىن بولسا تۇرپان ھۆكۈمرانى بولغانىدى. «چىڭ شېڭزۇ دەۋرىدىكى ئوردا خاتىرىلىرى» نىڭ 98 - جىلد كاڭشى 20-يىلى (1681-يىلى) 10-ئايدىكى خاتىرىسىدە مۇنداق دېيىلىدۇ: "تۇرپاندىكى ئوبۇل مۇزەپپەر سۇلتان مۇھەممەد ئىمىن باھادۇرخان ئىسلام خوجا دېگەن كىشىنى ئولپان تاپشۇرۇشقا ئەۋەتىپ: 'بۇنىڭدىن مۇقەددەم ئەۋەتىلگەن ئولپانچى ئەلچىلەر خان ئالىيلىرىغا سۇنغان مەلۇماتىدا بەش يىلدا بىر قېتىم ئولپان تاپشۇرۇدىغانلىقىنى

ئېيتقاندى. بىراق دۆلىتىمىزدە يىلمۇيىل مالىمانچىلىق كۆتۈرۈلۈپ تۇرغاچقا دېگەن قەرەلدە ئۇلپان تاپشۇرالمىدۇق. بۇ يىل ھەرھالدا ئەمىنلىك بولدى، شۇڭا ئىسلام خوجىنى ئەۋەتىپ تارتۇق يوللىدىم. ئەپسۇسكى پادىشاھلىقىڭلارنىڭ ئاستانىسى بەكمۇ يىراقتىكى كۈنچىقىشتا، كەمىنەنىڭ ماكانى تولىمۇ يىراق جايدىكى كۈنپېتىشتا بولغانلىقى ئۈچۈن بۇنىڭدىن كېيىنكى تارتۇق-ئۇلپاننىڭ ۋاقتى-قەرەلدە بولۇشىغا بىرنەرسە دېگىلى بولمايدىغان ئوخشايدۇ، شۇڭا ئۇنى ئەمەلدىن قالدۇرساق' دېدى".

بۇ يەردىكى ئوبۇل مۇزەپپەر سۇلتان مۇھەممەد ئىمىن باھادۇرخان دېگەن كىشى «سەلتەنىتىمىزدىكى ۋاسساللار توغرىسىدا ئومۇمى مەلۇمات» تا ئوبۇل مۇزەپپەر سۇلتان مۇھەممەد ئىمىن باتۇر قاشخان دېيىلىدۇ(72)، ئۇنىڭ چىڭ سۇلالىسى ئوردىسىغا يوللىغان مەلۇماتنامىسىدا ئېيتىلىشىچە، تۇرپاندا ئىلگىرى "يىلمۇيىل مالىمانچىلىق كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان"، ئۇ ھۆكۈمرانلىق قىلغاندىن كېيىن بولسا جەمئىيەت نىسبىي ئەمىن تاپقان.

ھالبۇكى، ئارىدىن بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن يەنى ئابدۇرېشىدخان كەتكەندىن كېيىن مۇھەممەد ئىمىنخان تۇرپاندىن يەركەنگە كېلىپ ئۆزىنى خان، دەپ ئېلان قىلدى(73). مۇھەممەد سادىق قەشقەرىنىڭ «تەزكىرەئى خوجىگان» ناملىق ئەسىرىدە خاتىرىلىنىشىچە، ئافاق خوجا "تەخت بىلەن ئۆزىنىڭ دىنىي مەجبۇرىيىتى ئوتتۇرىسىدا ئىختىلاپ بارلىقىنى بايقىغان، شۇڭا ئىسمائىلنىڭ كەنجى ئىنىسى مۇھەممەد ئىمىننى تەختكە چىقاردى ۋە ئۇلارنىڭ قېرىندىشى خانىم پادىشاھقا ئۆيلەندى"(74). بۇ يەردىكى "ئىسمائىلخاننىڭ كەنجى ئىنىسى مۇھەممەد ئىمىن" دېگىنى بىر خاتالىقتۇر، يەنى مۇھەممەد ئىمىنخاننىڭ ئاتىسى باباقخان ئىسمائىلخاننىڭ ئىنىسى بولۇپ مۇھەممەد ئىمىن بىلەن

ئىسمائىلخان تاغا-جىيەنلىك مۇناسىۋەتتە ئىدى. «تەزكىرەئى خوجىگان» دىكى مۇشۇ ئابزاسنى يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتۈلگەن ئابدۇرېشىدخاننىڭ تاغ ئارىسىغا كەتكەنلىكى بىلەن باغلاپ بېقىشقا بولىدىغاندەك قىلىدۇ، يەنى ئېھتىمال ئافاق خوجا يەركەندە توپىلاڭ قوزغاش ئارقىلىق ئابدۇرېشىدخاننى قوغلاپ چىقارغان، ئاندىن يەركەن ھاكىمىيىتىنى كونترول قىلغان، بىراق جۇڭغار خانلىقى ئوردىسىنىڭ بۇ ۋەقەنى توغرا چۈشىنىشىنى كۆزدە تۇتۇپ، تۇرپانغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان چاغاتاي ئەۋلادى، خاننىڭ ئىككىنچى ئىنىسى مۇھەممەد ئىمىننى ئالدىغا چىقىرىپ قويۇپ، ئۆزى پەردە ئارقىسىدا ئىش تەۋرىتىشكە مەجبۇر بولغان بولۇشى مۇمكىن. بۇنىڭدىن شۇنى قىياس قىلىشقا بولىدۇكى، جۇڭغار ئوردىسى بۇ ئەھۋالغا باشقىچە پىكىردە بولمىغان ۋە ئابدۇرېشىدخاننى ئىلىغا ئالداپ ئاپىرىپ نەزەربەند قىلغان.

لېكىن، يېڭىدىن تەختكە چىققان بۇ خان خوش - خوش دەپ قول باغلاپ تۇرىدىغان قورچاق خان بولۇشقا زادىلا رازى ئەمەس ئىدى، ئۇنىڭ جۇڭغار خانلىقى ئوردىسى ۋە ئاقتاغلىقلار بىلەنمۇ پۈرچىقى پىشمايتتى. ئۇنىڭ يەركەندىكى ھاكىمى مۇھەممەد شاھبەگ تۈنجى بولۇپ كۆرەشنىڭ تىغ ئۇچىنى جۇڭغار ھۆكۈمرانلىرىغا قاراتتى ۋە يەركەندىكى بىر قىسىم جۇڭغارپەرەستلەرنى ئۆلۈمگە بۇيرۇماقچى بولدى. ئەمما بۇنىڭغا جۇڭغارپەرەست كۈچلەر دەرھال قارشى چىقتى، ئۇلار ئافاق خوجىنىڭ قوللىشى بىلەن توپىلاڭ كۆتۈردى، نەتىجىدە مۇھەممەد شاھبەگ ئۆلتۈرۈلدى، مۇھەممەد ئىمىنخان ئافاق خوجىغا باش ئۇرۇپ ئۇنىڭغا مۇرىت بولدى[75]. «تەزكىرەئى ھىدايەت» تە مۇنداق دېيىلىدۇ:

”يەركەن ھۆكۈمرانى مۇھەممەد ئىمىنخان ئاقسۇدىكى ئىنىسى

خۇدابەندىگە قارشى چىقتى. ئۇ لەشكىرىي يۈرۈشكە كېتىۋاتقاندا يول ئۈستىدە كېسەل تېگىپ يىقىلدى ۋە بىر ئات قوشۇلغان جىرغىدا ئولتۇرۇپ ئارقىغا قايتتى، ئەپسۇسكى ئۆيىگە كەلمەي تۇرۇپلا يورۇق ئالەم بىلەن ۋىدالاشتى. ئۇنىڭ يارەنلىرى مېيىتنى ئافاق خوجىنىڭ يېنىغا ئېلىپ كېلىشتى. خاننىڭ ئانىسى بېگىم پادىشاھ ئەۋلىيانىڭ ئايىغىنى سۆيۈپ تۇرۇپ ئىككى تۈمەن تەڭگە تەقدىم قىلدى ۋە يەنە بىر تۈمەن تەڭگە بېرىشكە ۋەدە قىلدى ھەمدە بۇنىڭ بەدىلىگە ئوغلىنىڭ تىرىلىشى ئۈچۈن دۇئا قىلىشنى ئۆتۈندى. ئافاق خوجا شۇ چاغدا ناشتا قىلىۋاتاتتى، ئۇ چىنىسىدىن بىر قوشۇق ئۇماچنى ئېلىپلا مېيىتنىڭ ئاغزىغا سالدى. ھايال ئۆتمەيلا مېيىتنىڭ تېنىدىن تەر چىقتى، ئېغىزلىرىمۇ سۇسقىنە مىدىراشقا باشلىدى، ئۈچىنچى كۈنىگە كەلگەندە ھېلىقى ئۆلگەن كىشى سەللىمازا بولۇپ ئادەتتىكى ۋاقىتلاردىكىدەك ئات مىنەلەيدىغان بولدى. ئەنە شۇنداق كارامەتلىرى بىلەن ھەزرىتى ئافاق ئەل ئىچىدە ھەزرىتى ئەيسا⑯ قايتا ئاپىرىدە بولۇپتۇ، دېگەن شان ـ شەرەپكە ئىگە بولدى“⑰. گەرچە بۇ بايانلارغا قويۇق دىنىي ۋە ئەپسانىۋى تۈس بېرىلگەن بولسىمۇ، بۇنىڭ ئەمەلىيەتتە مۇھەممەد ئىمىنخان بىلەن ئافاق خوجا ئوتتۇرىسىدىكى رەھىمسىز ۋە جىددىي بىر مەيدان كۈرەش ئىكەنلىكىنى، نەتىجىدە ئافاق خوجىنىڭ ئۈستۈنلۈك قازانغانلىقىنى بايقىۋېلىش تەس ئەمەس. بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان خۇدابەندىنىڭ مۇھەممەد ئىمىنىنىڭ ئىنىسى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىيالىغۇدەك باشقا ماتېرىيال يوق، ئېھتىمال ئۇ جۇڭغارلاردىن بولسا كېرەك، يەنە كېلىپ ئۇنىڭ ئافاق خوجا بىلەن ئالاقىسى بارلىقى، ئافاق خوجىنىڭ قوللىشى بىلەن ئاقسۇدا تۇپىلاڭ كۆتۈرگەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان مەنبەلەرمۇ يوق ئەمەس. بۇ نۇقتىنى نامەلۇم ئاپتور يازغان «قەشقەر تارىخى» ئىسپاتلاپ بېرەلەيدۇ،

مەزكۇر ئەسەر مۇئەللىپىنىڭ ئېيتىشىچە، ئافاق خوجا ئاقسۇ ھۆكۈمرانى خۇدابەندى سۇلتاننىڭ ئىسيان كۆتۈرۈشىنى قوللىغان[78]، بۇ بولسا مۇھەممەد ئىمىنخاننىڭ ئاقسۇغا يۈرۈش قىلىشىنىڭ سەۋەبى ئىدى.

«تەزكىرەئى ھىدايەت» كە ئاساسلانغاندا، خۇدابەندى قىرغىزلار ۋە ئويراتلاردىن بىرلەشمە قوشۇن تەشكىللەپ يەركەنگە يۈرۈش قىلغان. ”مۇھەممەد ئىمىن دەرھال ئافاق خوجىدىن ياردەم سورىدى. بۇ ئەۋلىيا كىشى مەزكۇر دۆلەت پاسىبانىنىڭ كۆڭلىدىكىنى مۇنداق بايان قىلدى: ’ھودۇقمىسىلا خان! نەپسىلىرىنى يىغىۋالسىلا. موغۇلىستان[79] خوجىلارنىڭ چاھار بېغىدۇر. مەن ئۇنى سىلىگە تاپشۇرغان. ئۆزلىرىنى بېسىۋالسىلا، غەممۇ يېمىسىلە، ئاللانى دوست تۇتسىلا. ماڭا بەدنام قىلىۋاتقان كىشىلەرنىڭ ئېغىزلىرىنى يۇمدۇرسىلا، دۇشمىنىمىزنىڭ دۇشمىنى بولسىلا. ناۋادا ھازىر مەجبۇرىيەتلىرىنى ئادا قىلمىسىلا سىلىگە ئۇ دۇنيا-بۇ دۇنيا ئازاب-ئوقۇبەت كېلىدۇ. چۈنكى ئەۋلىيا-ئەنبىيالارنىڭ غەزىپى ئاللانىڭ غەزىپىنىڭ سايىسىدۇر. خۇدابەندى سىلىنىڭ قول ئاستىلىرىدىكى ئادەم. ئەجەبا ئۇ قىلىچنى قىنىدىن سۇغۇرالارمۇ؟ بېرىپ ئۇنىڭغا زەربە بەرسىلە، ئەۋلىيانىڭ روھى سىلىگە مەدەت بېرىدۇ، زەپەر ۋە نۇسرەت سىلىگە مەنسۇپتۇر. قەشقەردىكى ئوغلۇم خوجا مۇھەممەد يەھيا سىلى بىلەن بىللە بارسۇن!“. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بىرلىكتە ئاقسۇغا يۈرۈش قىلىپ ئاقسۇنى پەتھ قىلدى ۋە ئىسيانكار خۇدابەندىنى تۇتۇپ كېلىپ قەتل قىلدى[80].

«تەزكىرەئى ھىدايەت» ئاقتاغلىق مۇئەللىپىنىڭ ئەسىرى بولغاچقا ئۇنىڭدىكى ئافاق خوجىغا ئائىت تەسۋىرلەردە مۇبالىغىنىڭ ئارىلىشىپ قېلىشى تەبىئىي، لېكىن ئاشۇ خاتىرىدىن مۇھەممەد

ئىمىنخان ئافاق خوجىغا تېز پۈككەندىن كېيىن ئافاق خوجىنىڭ ئاقسۇدىكى توپىلاڭنى قوللاش مەۋقەسىنى ئۆزگەرتكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. توپىلاڭنىڭ تىنچىتىلىشىدا ئاخىرقى ھېسابتا يەنىلا مۇھەممەد ئىمىنخاننىڭ ھەربىي ۋە سىياسىي جەھەتتىكى ئەمەلىي كۈچى رول ئوينىغانىدى.

مۇھەممەد ئىمىنخان تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى جۇڭغار كۈچلىرىنى يوقىتىشقا ئۇرۇنۇپلا قالماي يەنە تەڭرىتاغ بويلىرىدىكى جۇڭغارلارغىمۇ ھۇجۇم قىلغانىدى. «تەزكىرەئى خوجىگان» دا خاتىرىلىنىشىچە، مۇھەممەد ئىمىنخان "ئىلى داۋىنىغا ھۇجۇم قىلىپ، نۇرغۇن قالماقنى ۋە ئۇلارنىڭ ئاتامانلىرىنى تۇتۇپ كەلدى"(81). بۇ خاتىرىدە بۇ ۋەقە يۈز بەرگەن ۋاقىت ئەسكەرتىلمىگەن. ئېھتىمال XVII ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرىنىڭ ئاخىرلىرى بولسا كېرەك، بۇ ۋاقىت غالداننىڭ پۈتۈن كۈچىنى توپلاپ شەرقتىكى خالخا موڭغۇللىرىغا ھۇجۇم قىلىۋاتقان، ئاساسىي زېھنىنى ئالتاي بويىدىكى قوبدۇ رايونىغا قاراتقانلىقتىن جەنۇبقا قاراشقا چولىسى تەگمەيۋاتقان مەزگىللەر ئىدى، يەنە كېلىپ سېڭگەنىڭ ئوغلى سېۋان ئارابدان غالداننى تاشلاپ كەتكەن ۋە بورتالا رايونىدا كۈچەن چارۋىچىلىق قىلىۋاتقان بولغاچقا تېخى ھېچقانچە كۈچ توپلىيالمايۋاتقان، قانات - قۇيرۇقى يېتىلىپ بولالمىغان ئەھۋالدا ئىدى، شۇڭا ئىلى رايونى نىسپىي بوش قالغانىدى، مۇھەممەد ئىمىنخان مۇشۇنداق بىر پەيتنى تاللاپ ئىلىغا ھۇجۇم قىلسا كەپ - سۆزسىز مۇۋەپپەقىيەت قازىنالايتتى.

بۇ مەزگىلدە مۇھەممەد ئىمىنخان بىلەن ئاقتاغلىقلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىختىلاپ تۈگەش تۈگۈل، جۇڭغار خانلىقىنىڭ تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىغا بولغان كونتروللۇقىنىڭ بوشىشىپ قېلىشىغا ئەگىشىپ كۈنسېرى ئۆتكۈرلەشتى، ئاخىر توقۇنۇشنىڭ

پارتلىشىدىن ساقلانغىلى بولمىدى. مۇھەممەد ئىمىنخان ئافاق خوجا تەسىرىنىڭ ئېشىپ بېرىشىدىن بەكلا خاۋاتىرلەندى، شۇڭا ئاۋۋال قول سېلىپ ئاقتاغلىقلارغا ھۇجۇم قوزغىدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇلارنىڭ قېچىپ كېتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ھىندىستان ۋە بەدەخشانغا بارىدىغان يوللارنى قامال قىلدى ۋە خوجىلارنىڭ ئۇرۇق-ئەۋلادىنى قۇرۇتىۋەتمەككە قەسەم قىلدى. ئافاق خوجا ئالدىراپ - تېنەپ قەشقەردىكى چوڭ ئوغلى يەھيا خوجىنىڭ ياردەمگە كېلىشىنى تەلەپ قىلدى، شۇنىڭ بىلەن يەھيا خوجا ئاقتاغلىق مۇرىتلاردىن تەشكىللەنگەن بىر بۆلەك قوشۇننى باشلاپ قەشقەردىن يەركەنگە كەلدى. ئىككى قوشۇن سەپ تۈزۈشكەندىن كېيىن مۇھەممەد ئىمىنخاننىڭ قوشۇنىدىكى كۆپلىگەن ئاقتاغلىق مۇرىتلار بەس - بەستە تىغنى ئارقىغا بۇراپ خوجىلار تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتى. مۇھەممەد ئىمىنخان ۋەزىيەتنىڭ يامانلاشقانلىقىنى كۆرۈپ قالغان-قاتقان لەشكەرلىرىنى باشلاپ قاغىلىققا چېكىندى، خوجىلار قوشۇنى قوغلاپ كەلگەنلىكتىن بۇ يەردىن قۇلاغان دېگەن جايغا چېكىندى، ئاخىرىدا ئاقتاغلىقلارغا ئەسىر چۈشۈپ قېلىپ يەركەن دەرياسى بويىدا ئۆلتۈرۈلدى⑧②. بۇ ۋەقە تەخمىنەن 1692 - يىلى يۈز بەرگەنىدى⑧③.

مۇھەممەد ئىمىنخان ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن ئاقتاغلىقلار ۋاقىتىنچە تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى سىياسىي ۋە دىنىي چوڭ ھوقۇقنى كونترول قىلىپ تۇردى، يەھيا خوجا بولسا ئاقتاغلىق خوجىلار تەرىپىدىن قەشقەردە "خان" دەپ ئېلان قىلىندى⑧④.

# 3. ئاقتاغلىقلاردىكى ئىچكى نىزا ۋە قاراتاغلىقلارنىڭ قايتا باش كۆتۈرۈشى

ئاقتاغلىق خوجىلارنىڭ چاغاتاي ئەۋلادلىرى ئۈستىدىن قازانغان غەلىبىسى ئاران بىر يېرىم يىللا داۋاملاشتى، ئافاق خوجا ھىجرىيە 1105 - يىلى رەجەپ ئېيىنىڭ باشلىرى (1694 - يىلى 2 - ئاينىڭ ئاخىرىدىن 3 - ئاينىڭ باشلىرىغىچە) يەركەندە ئۆلدى㉕. شۇنىڭ بىلەن داھىيسىدىن ئايرىلىپ سەركىسىز پادىغىلا ئوخشاپ قالغان ئاقتاغلىقلار رەھبەرلىك ھوقۇقىنى تالىشىپ ناھايىتى تېزلا ئىچكى نىزاغا پېتىپ قالدى. كۈرەش ئاساسەن ئافاق خوجىنىڭ تۇل قالغان ئايالى خانىم پادىشاھ بىلەن چوڭ ئوغۇل يەھيا خوجا ئوتتۇرىسىدا ئەۋج ئالدى. خانىم پادىشاھ باباقخاننىڭ قىزى، ئابدۇرېشىد ۋە مۇھەممەد ئىمىنخانلارنىڭ سىڭلىسى㉖ بولۇپ، ئافاق خوجا ئۇنىڭغا ئۆيلەنگەندىن كېيىن ئۇنىڭدىن مەھدى خوجا ئىسىملىك بىر ئوغۇل پەرزەنت كۆرگەنىدى. ئافاق خوجا ئۆلگەندىن كېيىن بۇ ئايال ئۆزىنىڭ خان جەمەتىدىكى ئېسىلزادە "كاتتىلار نەسەبى" دىن ئىكەنلىكىنى پەش قىلىپ يۇرۇپ مەھدى خوجىنى يەركەن خانلىقىنىڭ خانلىق تەختىگە ئولتۇرغۇزدى ۋە تەگرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى سىياسىي - دىنىي چوڭ ھوقۇقنى قولىغا ئالدى. يەھيا خوجا بولسا ئافاق خوجىنىڭ چوڭ ئوغلى بولۇپ، خېلى بالدۇرلا ئۆز ئالدىغا بىر تەرەپ بولۇۋالغان ۋە ئافاق خوجا تەرىپىدىن ئاقتاغلىقلارنىڭ بارسى بولغان قەشقەرنى ساقلاشقا ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئافاق خوجا ھايات ۋاقتىدا قەشقەردە خان دەپ ئاتالغان بولغاچقا قۇدرەتلىك بىر كۈچ بولۇپ شەكىللەنگەنىدى. ئاتىسى ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن ئۇ تەبئىي

هالدا ئاقتاغلىقلارنىڭ داھىيسى بولۇپ قالدى، شۇنداقلا خانلىق ھوقۇقىنى قەشقەردىن تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى پۈتكۈل رايونغا كېڭەيتمەكچى بولدى. مانا مۇشۇ سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئىككى تەرەپ يەركەن ۋە قەشقەرنى مەركەز قىلغان ھالدا جىددىي كۆرەشنى باشلىۋەتتى.

خانىم پادىشاھ ئۆزىنىڭ خان نەسەبى ئىكەنلىكىدەك ئۈستۈنلىكى ۋە ئافاق خوجىنىڭ تۇل ئايالىلىق سالاھىيىتى بىلەن كۆپلىگەن بەگ - تۆرىلەرنىڭ ۋە ئاقتاغلىق مۇرىتلارنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈپ، مەھدىنى يەركەن خانلىقىنىڭ خانلىق تەختىگە ئولتۇرغۇزدى شۇنداقلا خانلىق تەختىگە كۆز قىزارتىۋاتقان يەھيا خوجىغا شىددەت بىلەن ھۇجۇم قىلىشقا باشلىدى. ئافاق خوجا ئۆلۈپ سەككىز ئايدىن كېيىن يەنى ھىجرىيە 1106 - يىلى سەپەر ئېيىنىڭ ئاخىرى (1694 - يىلى 10 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى) يەھيا خوجا خانىم پادىشاھ تەرىپىدىن قەستلەپ ئۆلتۈرۈلدى⑧⑦. ھالبۇكى كۆرەش بۇنىڭلىق بىلەنلا ئاخىرلاشمىدى ياكى پەسكويغا چۈشمىدى، ئەكسىچە تېخىمۇ ئۆتكۈرلەشتى. خانىم پادىشاھ يەھيا خوجىنىڭ ئۇرۇق - ئەۋلادى ۋە ئەگەشكۈچىلىرىنى شەپقەتسىزلەرچە قىرغىن قىلدى، يەركەن، قەشقەر قاتارلىق جايلارنى قورقۇنچ ۋە پاتىپاراقچىلىق قاپلىدى، شۇڭا خانىم پادىشاھ "جاللات خانىم" دەپ ئاتالغانىدى. يەھيا خوجا ئۆلتۈرۈلۈپ ئالتە ئايدىن كېيىن خانىم پادىشاھمۇ جەڭگى - جېدەل ئىچىدە جېنىدىن ئايرىلدى⑧⑧. بۇنىڭ بىلەن تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى تېخىمۇ ئېغىر مالىمانچىلىققا پېتىپ قالدى.

مانا مۇشۇ ۋاقىتتا تۇرپان ۋە يەركەندىكى بەگلەر بىرلىشىپ باباقخاننىڭ ئۈچىنچى ئوغلى مۇھەممەد مۆئمىننى يەركەن خانى دەپ جاكارلىدى، كىشىلەر ئۇنى ئاقباشخان دەپ ئاتىدى. ئۇ ھەرقايسى

بەگلەرنىڭ ھەممەم بولۇشى بىلەن تۇرپاندىن يەركەنگە كېلىپ كىشىلەرنىڭ مالىمانچىلىقتىن بىزار بولۇش ۋە ئاقتاغلىق خوجىلارغا نارازى بولۇش كەيپىياتىدىن پايدىلىنىپ ئاۋۋال ھۇجۇم قوزغىدى. ئافاق خوجىنىڭ جەددى - جەمەتىنى شەھەردىن قوغلاپ چىقىرىپ ئاقتاغلىقلارنى قانلىق باستۇردى. مۇھەممەد سادىق قەشقەرى «تەزكىرەئى خوجىگان» دا ئاقباشخان "يەركەنگە كېلىپ بۇ جاينى ئۆز ئىلكىگە ئالدى، ئارقىدىنلا يەركەندە دەرۋىشلەردىن 1000 كىشىنى تۇتۇپ كېلىپ ئۆستەڭ بويىغا يالاپ كېلىپ قوي بوغۇزلىغاندەك بوغۇزلاپ تاشلىدى، ئۇلارنىڭ قېنى بىلەن تۇگمەن چۆرگىلىتىپ ئۇن تارتىپ يېدى"⑧⑨ دەپ تەسۋىرلەيدۇ. «تەزكىرەئى خوجىگان» نىڭ ئىنگلىزچە قىسقارتىلما تەرجىمىسىگە ئىشلەنگەن ئىزاھتىمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان خاتىرە بار: "... ئاخىرى ئاقباشخان كەلدى ۋە يەركەننى پەتھى قىلىپ تەرتىپنى ئەسلىگە كەلتۈردى. ئۇ نەچچە مىڭ مۇرىتنى تۇتقۇن قىلىپ قاپاغانتقۇ دەرۋازىسى بويىدا ئۇلارنىڭ بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىلدى ھەمدە ئۇلارنىڭ قېنىدا تۇگمەن چۆرگىلەتتى"⑨⓪. بۇ باياناتلاردىكى مۇبالىغە ئېلېمېنتلىرىنى چىقىرىۋەتكەندىمۇ يەنىلا ئەينى ۋاقىتتىكى يەركەندە يۈز بەرگەن كۈرەشنىڭ نەقەدەر ئېچىنىشلىق بولغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز.

يەركەندىكى ھۆكۈمرانلىقنى مۇستەھكەملىۋالغاندىن كېيىن ئاقباشخان دەرھال قەشقەرگە يۈرۈش قىلدى ۋە ئاقتاغلىقلارنىڭ بۇ قورغىنىنى ئىگىلەپ، ئوغلى سۇلتان ئەھمەدنى مەزكۇر جاينى ساقلاشقا قويدى⑨①، شۇ ئارقىلىق ئاقتاغلىق خوجىلارنىڭ توپىلاڭ كۆتۈرۈشى ۋە بۆلگۈنچىلىك قىلىشىنىڭ ئالدىنى ئالدى. ھالبۇكى ئاقباشخاننىڭ بىرلىككە كەلتۈرۈش ئۇرۇنۇشلىرى ئاخىرقى ھېسابتا مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلاشتى. قەشقەر ئاقتاغلىق خوجىلارنىڭ

بازىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆزۈندىن بېرى يەركەن خان ئوردىسى بىلەن تۈرلۈك شەكىلدە قارشىلىشىپ كەلگەن ۋە ئايرىلىپ تۇرغانىدى، بولۇپمۇ مۇھەممەد ئىمىنخاندىن كېيىن بۇ ئىككى جاي ئاشكارا بۆلۈنۈش ۋە قارشىلىشىش ھالىتىدە بولۇپ كەلگەنىدى. ئەمدىلىكتە ئاقباشخان ھەربىي ئۈستۈنلۈككە تايىنىپ قەشقەرنى ئىگىلىگەن بولسىمۇ، ئەمما ئەمەلىي كۈچكە ئىگە يەرلىك بەگلەر شەرقىي قىسمىدىكى بەگلەر يۆلەپ تەختكە چىقىرىپ قويغان بۇ خانغا قۇللۇق بىلدۈرۈشكە زادىلا رازى ئەمەس ئىدى. شۇڭا ئۇلار ناھايىتى تېزلا قەشقەرنى ساقلاۋاتقان سۇلتان ئەھمەد بىلەن بىرلىشىپ سۇلتان ئەھمەدنى خان قىلىپ تىكلىدى ۋە يەركەن بىلەن يەنە بىر قېتىم قارشىلاشتى[92].

ئاقباشخان ئاقتاغلىقلارنىڭ تەسىرىنى تېخىمۇ چەكلەش ۋە ئۇلارغا تېخىمۇ قاتتىق زەربە بېرىش، ئۆزىنىڭ يەركەندىكى ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەش غەرىزىدە تەختكە چىقىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا يات ئەللەردە سەرسان بولۇپ يۈرگەن قاراتاغلىق خوجىلارنى چىللىدى ۋە تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدا ئاقتاغلىقلارنىڭ رەقىبلىرىنى يېڭىۋاشتىن يۆلەشكە كىرىشتى.

قاراتاغلىق خوجىلار سەرسان بولۇپ كەشمىرگە كەتكەندىن كېيىنمۇ ئاقتاغلىقلار ئۇلارغا زىيانكەشلىك قىلىشنى بوشاشتۇرۇپ قويمىغانىدى. «تەزكىرەئى خوجىگان» دا مۇنداق دېيىلىدۇ: ”ئافاق خوجا باشقا مەزھەپ (مەخدۇم ئەزەم ئەۋلادلىرىنىڭ مۇرىتلىرى) بىلەن بولغان ئارازلىقلارنى تۈگىتىش مەقسىتىدە ئۇلارغا ئادەم ئەۋەتتى. ئۇ خەلىپىلەرنىڭ قەشقەرگە يېقىن جايدىكى فەيزىئاباد، يەركەنگە يېقىن جايدىكى توقۇز كەنت، خوتەندىكى ئاقساراي ۋە ئاقسۇدىكى ئاقيار قاتارلىق جايلاردا ۋەقپە يەرلىرى بارلىقىنى بىلگەندىن كېيىن، بۇ يەرلەرنىڭ ۋەقپە كىرىمىنىڭ بىر قىسمىنى

ئالتۇن مازار (خوجا شادىنىڭ مەقبەرىسى) دىكى نەزىر-چىراغ ئىشلىرىغا ئىشلىتىشنى تاپىلاپ قالغانلىرىنى مۇرىتلار ئارقىلىق كەشمىردە سەرگەردان بولۇپ يۈرگەن دىن پېشۋالىرىغا ئەۋەتىپ بەردى، شۇنداقلا ئۇلارغا مەكتۇپ يوللاپ ئۇلارنى قايتىپ كېلىشكە تەۋسىيە قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار قايتىپ كېلىش سەپىرىگە يول ئالدى، ئەمما غەم - غۇسسىدىن زادىلا خالىي بولالمىدى. ئۇلار تىزناف دەرياسى بويىغا كەلگەندە شۇئەييۇب ئىنىسىغا: 'ئەي ئىنىم خوجا دانىيال، بىر قەدەمنى ئىلگىرى قويسام بىر قەدىمىم كەينىگە تارتىۋاتىدۇ. نەسلىمىزمۇ شۇ مەملىكەتتە قۇرۇپ كەتمىسۇن. سىلەر قايتىپ تۇرۇڭلار، مەن ئاۋۋال بېرىپ قاراپ باقاي' دېدى. دانىيال شۇنىڭ بىلەن كەشمىرگە قايتىپ كەتتى. مۇشۇ پەيتتە ھەزرىتى ئافاقنىڭ بىر توپ ئەسەبىي مۇرىتلىرى ئوقتەك ئېتىلىپ كېلىپ بۇيرۇقسىزلا شۇئەييۇبنى شېھىتلىك سائادىتىگە يەتكۈزدى، ئاندىن ئۇنىڭ جەسىتىنى تاغارغا تىقىپ تىزناف دەرياسىغا تاشلاشتى"[93]. ئاپتور مۇھەممەد سادىق قەشقەرى خوجىلار مۇرىتى بولغانلىقتىن، ئېھتىمال پىركالانغا بولغان ھۆرمەت يۈزىسىدىن بولسا كېرەك، ئافاق خوجىنىڭ بۇ قېتىمقى ئالداپ قەست قىلىش سۈيقەستىنى ئاقلاشقا ئۇرۇنغان. بىراق ئەنگلىيىلىك روبېرت شاۋ «تەزكىرەئى خوجىگان» نىڭ ئىنگلىزچە قىسقارتىلما تەرجىمىسىگە ئىشلىگەن ئىزاھتا باشقا ماتېرىياللارغا ئاساسلىنىپ تۇرۇپ مۇھەممەد سادىق قەشقەرىنىڭ بۇخىل ئاقلاش خاھىشىغا رەددىيە بەرگەن. ئۇ مۇنداق دەپ كۆرسىتىدۇ:

"يەنە بىر ماتېرىيالدا مۇنداق دېيىلگەن: ئافاق خوجا كەشمىردىكى مەخدۇم ئەزەم ئەۋلادلىرىدىن ياشلارنى ئالداپ قايتىش سەپىرىگە ئاتلاندۇرغان، ئۇلاردىن ئاي خوجا (شۇئەييۇب) سانجۇدا ئۆلتۈرۈلگەن، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇلارنىڭ نەچچە يۈز

مۇرىتىنى قىرغىن قىلغان. كېيىن ئۇ شەخسەن بۇ يەرلەرگە كەلگەن ۋە ۋەقە يۈز بەرگەن جايدا ئوت بىلەن كۆيدۈرۈش ئۈچۈن تەييارلانغان ئوتۇن دۆۋىلىرىنى كۆپەيتكەن. بۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭ 'جالالەت خانىم' لەقەملىك خوتۇنى داۋاملىق ئۆزىنىڭ قانلىق سىياسىتىنى يۈرگۈزگەن، ئۇنىڭ قولچوماقلىرىمۇ خالىغانچە مۇشتۇمزورلۇق قىلىپ، يۈرىكى بەكلا يوغىناپ كەتكەن. ئاخىر ئاقباشخان كېلىپ يەركەننى ئىشغال قىلغان ۋە تەرتىپنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن"[94]. ئافاق خوجا ۋە ئۇنىڭ مۇرىتلىرى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدا قېلىپ قالغان قاراتاغلىق مۇرىتلارغا كەڭ كۆلەمدە زىيانكەشلىك قىلغاندىن سىرت يەنە يات ئەللەردە سەرسان بولۇپ يۈرگەن قاراتاغلىقلارنىڭ خەلىپىلىرىنىمۇ بوش قويۇۋەتمىگەنىدى. شۇڭا رىسقى پۈتمەي ئامان قالغان خوجا دانىيال كەشمىرگە قايتقاندىن كېيىن، ئۇ جايدا ئۇزۇن تۇرماي سەمەرقەندكە كەلدى ۋە "ئامان ئېسەن سەمەرقەندنىڭ يېنىدىكى دەھبىد دېگەن جايدىكى مەخدۇم ئەزەم مەقبەرىسىدە ئىستىقامەت بىلەن شۇغۇللاندى"، كېيىنچە خوجەندتە ماكانلىشىپ ئۆيلەندى ۋە باللىق بولدى، بالىسىغا ياقۇب دەپ ئىسىم قويدى، دىنىي نامىنى خوجا جاھان، دەپ ئاتىدى ۋە ئۇنىڭ "بىر جاھانگىر[95] بولۇپ خوجىلار جەمەتىنىڭ شان-شەۋكىتىنى قايتا جەۋلان قىلدۇرۇشىنى ئۈمىد قىلدى"[96].

1694 - يىلى ئافاق خوجا ئۆلگەندىن كېيىن ئاقتاغلىقلار ئىچكى نىزا بىلەن بولۇپ كەتتى، ئاقباشخان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ يەركەن خانلىقىنىڭ خانلىق تەختىگە چىقىۋالدى. ئاقتاغلىقلارنى قاتتىق باستۇرغاندىن كېيىن، دەرھال خوجەندكە مەكتۇپ يوللاپ "ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ ئىزچىل تۇردە خوجا دانىيالنىڭ ئەجدادلىرىغا مۇرىت بولۇپ كەلگەنلىكىنى قەيت قىلدى"[97] ۋە قاراتاغلىقلارنىڭ مەزكۇر داھىيسىنى يەركەنگە قايتىپ كېلىشكە تەۋەنچىلىك بىلەن

تەكلىپ قىلدى. شۇنداق قىلىپ دانىيال خوجا ئون نەچچە يىللىق سەرسانلىق ھاياتىغا خاتىمە بېرىپ، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدا يېڭىۋاشتىن پەيدا بولدى. ئەمما بۇ ۋاقىتتا قەشقەر يەنىلا ئاقتاغلىقلارنىڭ قولىدا بولۇپ، "ئۇلار ئۆز خەلپىسىنى قەتئىي قوللايتتى⑱"، شۇڭا ئۇلار دانىيال خوجىنى قاتتىق تەقىپ ئاستىغا ئالدى. شۇنىڭ بىلەن يېڭىۋاشتىن باش كۆتۈرگەن قاراتاغلىق خوجىلار بۇ رايونغا كىرىشكە مۇۋەپپەق بولالمىدى، ئۇلارنىڭ تەسىر دائىرىسى پەقەت ئاقباشخان كونتروللۇقىدىكى يەركەن قاتارلىق جايلارنىڭ شەرقى بىلەنلا چەكلىنىپ قالدى.

---

**ئىزاھلار:**

① بەزى ئالىملار باتۇر قۇنتەيجى 1635 - يىلى دادىسى قاراقۇرانىڭ ئورنىغا جۇڭغار ئاقساقىلى بولغاندىن كېيىنلا ئويرات قەبىلىلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ، تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدىكى ئويرات قەبىلىلىرىنىڭ سەردارى بولغان، دەپ قارايدۇ (زىلاتكىن: «جۇڭغار خانلىقىنىڭ تارىخى»، خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخا، شاڭۋۇ نەشرىياتى 1980 - يىل؛ ياپون ئالىمى روسوڭكۇەن: «جۇڭغار خانلىقىنىڭ شەكىللىنىش جەريانى» — «شەرقىي ئوكيان تارىخى تەتقىقاتى»، 41 - جىلد، 1983 - يىل). ئەمەلىيەتتە ئەينى ۋاقىتتا تورغۇتلارنىڭ كۆپ قىسمى غەربكە كۆچۈپ كەتكەن بولسىمۇ زور ئەمەلىي كۈچكە ئىگە بولۇۋاتقان، ئويرات ئىتتىپاقىنىڭ ئاساسلىق ئاقساقاللىق ئورنىنى ئىگىلەپ تۇرۇۋاتقان خوشۇتلار يەنىلا مۇشۇ جايلاردا ياشاۋاتاتتى. كېيىنچە غوشخان خوشۇتلارنىڭ بىر قىسمىنى باشلاپ چىڭخەي - شىزاڭ ئېگىزلىكىگە كەتكەندىن كېيىنمۇ تەڭرىتاغنىڭ شىمالى قىسمىدا خوشۇتلار يەنىلا قۇدرەتلىك كۈچلەردىن ھېسابلىناتتى، خوشۇت ئاقساقىلى ئوچىرتۇ تەيجى يەنىلا ئىتتىپاق سەردارى بولۇپ، باتۇر قۇنتەيجى بىلەن ئۇزەڭگە سوقۇشتۇرۇۋاتاتتى، كىشىلەر بۇ ئىككىسىنى ئويراتلارنىڭ "خايور تەيجىسى" (ئىككى تەيجىسى) دەپ ئاتاشقانىدى.

② بۇ سۆزنىڭ ئېتىمولوگىيىسى ھەققىدە ئىلىم ساھەسىدىكىلەرنىڭ قارىشى ئوخشاش

ئەمەس، بىرقەدەر ئومۇملاشقان قاراشلاردىن مۇنداق ئىككى خىلنى كۆرسىتىش مۇمكىن: بىرى "قىرىنداشلار"، "ئىتتىپاقداشلار" دېگەن مەنىدە؛ يەنە بىرى "ئورمان پۇقرالىرى" دېگەن مەنىدە. موڭغۇللار دەۋرىدە ئويراتلار سىبىرىيىدىكى يېنىسەي دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىم رايونىدىكى ئورمانلىقلاردا بېلىقچىلىق ۋە ئوۋچىلىق بىلەن تىرىكچىلىك قىلغان، شۇڭا ئىككىنچى خىل قاراش بىرئاز ئەقىلگە مۇۋاپىق كېلىدۇ.

③ "قالماق" سۆزى كەڭ ۋە تار مەنىلەرگە ئىگە. كەڭ مەنىدىكى "قالماق" سۆزى ئومۇمەن ئويراتلارنى كۆرسىتىدۇ، تار مەنىدىكى "قالماق" سۆزى ۋولگا دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىم رايونىدىكى تورغۇتلارنىڭ قالدۇق قوۋمىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ سۆزنىڭ ئېتىمولوگىيىسى ھەققىدە بىرلىككە كەلگەن قاراش يوق. بارتولد بۇ سۆز ئويرات موڭغۇللىرىنىڭ تۈركچە ئاتىلىشى، تۈركىي تىللىق مۇسۇلمانلار ئويراتلارنى "قېلىپ قالغان كۇفارلار" دېگەن مەنىدە "قالماق" دەپ ئاتىغان ۋە شۇ ئارقىلىق ئۇلارنى مۇسۇلمان بولغان تۇڭگانلاردىن پەرقلەندۇرگەن، دەپ قارايدۇ (ۋ.ۋ بارتولد: «قالماق» ــ «ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسى» لوندون. 1927 - يىل).

④ خ.خ. خوۋورت: «موڭغۇل تارىخى»، 1 - توم، 357 - بەت. لوندون 1876- يىلى؛ خې تيەنچىڭ: «مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى موڭغۇل تارىخىغا ئائىت ماقالىلار توپلىمى»، خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخا، 1 - قىسىم، 180 ــ 185 - بەتلەر. شاڭخەي نەشرىياتى، 1984 - يىلى.

⑤ «تارىخى رەشىدىي»، خەنزۇچە نۇسخا، 1 - قىسىم، 248 ــ 249 - بەتلەر. ئەسەردە ئۇۋەيسخان بىلەن جەڭ قىلغان ئويرات سەردارى "ئېسەن تەيشى" دېيىلگەن. ئەمما ئۇۋەيسخان بىلەن ئويراتلارنىڭ داڭلىق سەردارى ئېسەن تەيشى زاماندىش ئەمەس. پېللىئوتنىڭ شەرھلىشىچە، ئېسەن تەيشى مەيلى شەرقىي چاغاتاي خانلىقىدا بولسۇن ياكى موڭغۇل ئېگىزلىكىدە بولسۇن ئوخشاشلا داڭدار شەخس بولغاچقا بىر ئەسىردىن كېيىنمۇ غەربىي يۇرت مۇسۇلمانلىرى "ئىشقىلىپ ئۇنىڭ ئالدى ۋە كەينىدىكى زامانلاردا بولغان ۋەقەلەر بولسىلا ھەممىسنى شۇ ئىسىم بىلەن باغلىۋالغان"، («قالماق تارىخىغا ئىزاھ»، 82 - بەت، خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخا، جۇڭخۇا كىتابخانىسى، 1994 - يىل).

⑥ «تارىخى رەشىدىي»، خەنزۇچە نۇسخا، 1 - قىسىم، 246ــ247 - بەتلەر.

⑦ پېللىئوت: «قالماق تارىخىغا ئىزاھ»، 81 - بەت ۋە 85 - بەتتىكى 12 -، 13 - ئىزاھ.

⑧ «تارىخى رەشىدىي»، خەنزۇچە نۇسخا، 1 - قىسىم، 246—248 - بەتلەر.

⑨ «مىڭ سۇلالىسى تارىخى»، 328 - جىلد، «ئويراتلار تەزكىرىسى».

⑩ يۇقىرىقىغا ئوخشاش.

⑪ «تارىخى رەشىدىي»، خەنزۇچە نۇسخا، 1 - قىسىم، 267 - بەت.

⑫ يۇقىرىقى ئەسەر، 268 — 269 - بەتلەر.

⑬ خ.خ. خوۋورت: «موڭغۇل تارىخى»، 2 - توم، 688 - بەت.

⑭ «تارىخى رەشىدىي»، خەنزۇچە نۇسخا، 1 - قىسىم، 290 - بەت.

⑮ يۇقىرىقى ئەسەر، 295 - بەت.

⑯ يۇقىرىقى ئەسەر، 338 - بەت.

⑰ «مىڭ شىزۇ دەۋرىدىكى ئوردا خاتىرىلىرى»، 307 - جىلد، جىياچىڭنىڭ 15- يىلى (1536 - يىلى) 1 - ئاي.

⑱ يۇقىرىقىغا ئوخشاش.

⑲ «تارىخى رەشىدىي»، خەنزۇچە نۇسخا، 2 - قىسىم، 325 - بەت.

⑳ ۋېي لياڭتاۋ: «يەركەن خانلىقىنىڭ تارىخىدىن ئومۇمىي بايان»، 92 -، 94 - بەتلەر.

㉑ «ئويرات موڭغۇللىرىنىڭ قىسقىچە تارىخى»، 1 - قىسىم، 4 - بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1992 - يىل.

㉒ «تارىخ»، 176 - بەت؛ 155 - ئىزاھ، 288 -، 289 - بەتلەر.

㉓ «تارىخ»، 179 - بەت.

㉔ «تارىخ»، 212 -، 213 - بەت. بۇ ۋەقە نامەلۇم ئاپتور تەرىپىدىن يېزىلغان «قەشقەر تارىخى» دىمۇ ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ۋە "سېرىن جەڭدە ئېغىر يارىلاندى" دەپ قوشۇمچە قىلىنغان. «تارىخ»، 308 - بەتتىكى 264 - ئىزاھقا قاراڭ.

㉕ «تارىخ»، 225 -، 226 - بەتلەر.

㉖ «تارىخ»، 226 -، 227 - بەتلەر.

㉗ «تارىخ»، 227 ــ، 230 ـ بەتلەر.

㉘ «تارىخ»، 232 ـ بەت.

㉙ «تارىخ»، 232 ـ بەت.

㉚ رۇسچە ماتېرىياللاردا خاتىرىلىنىشىچە، سېڭگە كاڭشىنىڭ 4-يىلى (1665-يىلى) ئۆزى بىلەن كۆرۈشكەن رۇسلارغا "ئاتام قۇنتەيجى ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن مەن سېڭگە پۈتكۈل ئۇلۇسنى ئىدارە قىلىۋاتىمەن" دېگەن (سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى دۆلەتلىك مەركىزىي كلاسسىك ئارخىپلار ئامبىرى سىبىرىيە يامۇلى بۆلۈمى قىسمى، 623-توم، 94-، 95-ۋاراقلار ـ زىلاتكىننىڭ «جوڭغار خانلىقىنىڭ تارىخى»، خەنزۇچە نۇسخا، 215- بەتتىن كەلتۈرۈلگەن نەقىل؛ بادالاي: «روسىيە ـ موڭغۇلىيە ـ جۇڭگو»، خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخا، 1213 ـ بەت، شاڭۋۇ نەشرىياتى، 1981- يىل).

㉛ روسىيە مەركىزىي كلاسسىك ئارخىپلار ئامبىرى سىبىرىيە يامۇلى بۆلۈمى، 623- توم، 350 ـ بەت ــ زىلاتكىننىڭ «جوڭغار خانلىقىنىڭ تارىخى»، خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخا، 229 ـ بەتتىن كەلتۈرۈلگەن نەقىل؛ پاللاس: «موڭغۇل تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار توپلىمى»، 1 ـ توم، 39 ـ بەت ـ بادالاي: «روسىيە-موڭغۇلىيە- جۇڭگو»، خەنزۇچە نۇسخا، 1234 ـ بەتتىن كەلتۈرۈلگەن نەقىل.

㉜ «غەربىي يۇرتنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى»، 48 ـ جىلد، «ئارىلاش خاتىرىلەر» دە مۇنداق دېيىلىدۇ: "غالدان ـ باتۇر قۇنتەيجىنىڭ ئالتىنچى ئوغلى". غالدانىنىڭ هاياتى ۋە نەسەبى توغرىسىدا خانىدا ئاكىرانىڭ «غالدانىنىڭ تەرجىمىھالى، توغرىسىدا تەتقىقات» («موڭغۇل تارىخى تەتقىقاتىغا ئائىت پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى»، يېڭى 5 ـ توپلام) ۋە «غالدانىنىڭ تەرجىمىھالى،غا ئېنىقلىما» («شەرقشۇناسلىق جەمئىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 15 يىللىقىغا بېغىشلانغان شەرقشۇناسلىققا دائىر ماقالىلەر»، 1962 ـ يىل) دېگەن ئەسەرلەرگە قاراڭ.

㉝ «باياۋاندىكى ئاسىيلارنى تىنچىتىش تەدبىرلىرى»، 1 ـ جىلد، كاڭشىنىڭ 16 ـ يىلى (1677 ـ يىلى) 6 ـ ئاي.

㉞ لىياڭ فېن: «چىن چېگرىسى ھەققىدە خاتىرىلەر»، 6 ـ جىلد، «غالدانىنىڭ تەرجىمىھالى»، چىڭخەي خەلق نەشرىياتى، 1987 ـ يىل.

㉟ لىياڭ فېن: «چىن چېگرىسى ھەققىدە خاتىرىلەر»، 6-جىلد، «غالداننىڭ تەرجىمىھالى»دا مۇنداق دېيىلىدۇ: ”شۇ ۋاقىتتا خۇاشىيا زېمىنىدا ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەر بولۇۋاتاتتى، غالدان شۇ تەرەپكە كۆز تىكىشكە باشلىدى. دالاي لاما راھىبتىن بىرنى ئەۋەتىپ: ’ۋاقتى ئەمەس! ۋاقتى ئەمەس! ئۇنداق قىلىشقا بولمايدۇ‘ دېيىشى بىلەن غالدان نىيىتىدىن ياندى. ئۇنىڭ مۇشاۋىرلىرى: ’ دۆلەت بەرپا قىلىشتا ئاساس بولۇشى كېرەك، ھۇجۇم نىشانىدا ئىلگىرى - كېيىنلىك بولىدۇ، كاللىغا نېمە كەلسە شۇنى قىلىشقا بولمايدۇ‘ دەپ مەسلىھەت بەردى، شۇنىڭ بىلەن غالدان ئۇلارنىڭ سۆزىگە كىرىپ يېقىندىكىلەرگە ھۇجۇم قىلىش پىلانىنى قوللاندى“.

㊱ چى يۈنشى: «سەلتەنەتىمىزدىكى ۋاسساللار توغرىسىدا ئومۇمىي بايان»، 9 - جىلد، «ئويراتلار ھەققىدە قىسقىچە مەلۇمات»(1).

㊲ بەشىنچى ئەۋلاد دالاي لاما ئاۋاڭ لوسساڭ جاسو يازغان «بەشىنچى ئەۋلاد دالاي لاما» (چېن چىڭيىڭ، ماليەنلوڭ، مالىن قاتارلىقلار تەرجىمە قىلغان، جۇڭگو تىبەتشۇناسلىق نەشرىياتى، 1997 - يىلى)نىڭ 1052 - بېتىدە مۇنداق دېيىلىدۇ: ”تىبەت كالېندارى بويىچە ئات يىلى (1678 - يىلى) 5 - ئاينىڭ 12 - كۈنى دالاي لاما غالدان قۇنتەيجىگە ’غالدان دانزىڭ بوشۇقتۇخان‘ دېگەن مەرتىۋىنى ۋە مۆھۈرنى ھەدىيە قىلغان“. لياڭ فېن: «چىن چېگرىسى ھەققىدە خاتىرىلەر»، 6 - جىلد، «غالداننىڭ تەرجىمىھالى» دا مۇنداق دېيىلىدۇ: ”غەربىي يۇرت ئەمىن تاپقاندىن كېيىن بارچە ئەللەر ئۇنى خان دەپ بەيئەت قىلدى، غالدان دالاي لامانىڭ يارلىقى بويىچە ’بوشۇقتۇخان‘ دېگەن نامدا ئىش تەۋرىتىشكە باشلىدى“. «باباۋاندىكى ئاسىيالارنى تىنچىتىش تەدبىرلىرى»نىڭ 1 - جىلد، كاڭشىنىڭ 18 - يىلى (1679 - يىلى) 9 - ئايدىكى خاتىرىسىدە: ”غالدان تەيجى نامىنى قوبۇل قىلغانلىقى توغرىسىدا ئەلچى ئەۋەتىپ مەلۇمات سۇندى ۋە ئولپان تاپشۇردى“ دېيىلىدۇ.

㊳ چى يۈنشى: «سەلتەنەتىمىزدىكى ۋاسساللار توغرىسىدا ئومۇمىي بايان»، 15 - جىلد، «ئۇيغۇرلار ھەققىدە خاتىرە» (1).

㊴ «تارىخ»، 224 - بەت.

㊵ ۋېي لياڭتاۋ: «چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى خەنزۇچە ماتېرىياللاردا خاتىرىلەنگەن يەركەن خانلىقىغا ئائىت بايانلارنى تەھقىقلەش».

㊶ نامەلۇم ئاپتور يازغان: «قەشقەر تارىخى»- ۋ.ۋ بارتولد: «ئەسەرلەر»، 8 - توم، 187 - بەتتىن كەلتۈرۈلگەن نەقىل.

㊷ لى مادۇ، جىن نىگې: «لى مادۇنىڭ جۇڭگو ھەققىدىكى خاتىرىسى»، خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخا، 558—559 - بەتلەر، جۇڭخۇا كىتابخانىسى، 1983 - يىل.

㊸ چى يۈنشى: «سەلتەنەتىمىزدىكى ۋاسساللار توغرىسىدا ئومۇمى بايان»، 15 - جىلد، «ئۇيغۇرلار ھەققىدە خاتىرە»(1).

㊹ «چىڭ شېڭزۇ دەۋرىدىكى ئوردا خاتىرىلىرى»، 76 - جىلد، كاڭشىنىڭ 17 - يىلى، (1678-يىلى)، 8 - ئاي.

㊺ «باياۋاندىكى ئاسىيلارنى تىنچىتىش تەدبىرلىرى»، 1 - جىلد. «چىڭ شېڭزۇ دەۋرىدىكى ئوردا خاتىرىلىرى»، كاڭشىنىڭ 18 - يىلى (1679 - يىلى) 7 - ئايدىكى خاتىرە ئاساسەن ئوخشاپ قالىدۇ.

㊻ چ.چ. ۋەلىخانوف: «تاللانما ئەسەرلەر»، Ⅲ توم، 127 — 128 - بەتلەر. ئالمۇتا 1985 - يىلى.

㊼ «ۋەلىخانوف ۋە باشقا رۇس سەيياھلىرى» — «رۇسلار ئوتتۇرا ئاسىيادا»، لوندون، 1865 - يىل.

㊽ «تەزكىرەئى خوجىگان»، خەنزۇچە قىسقارتىلما تەرجىمە، 59 —، 60 - بەتلەر.

㊾ "yurt" موڭغۇلچە سۆز بولۇپ "چېدىر، رايون"دېگەندەك مەنىلەرگە ئىگە.

㊿ TKh 36 - بەتتىكى 15 - ئىزاھ.

51 خەنزۇچە مەنبەلەردە غالدان "بوشۇقتۇخان" دەپ ئاتىلىدۇ، ئەمما "بىشەۋكەتى" دېيىلگەن ئەمەس. بۇ ئېھتىمال ئۇنىڭ ئوخشاشمىغان ئىككى خىل ئاتاق نامى بولسا كېرەك. بىراق «تەزكىرەئى خوجىگان»، «تەزكىرەئى ھىدايەت» قاتارلىق چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدىكى بەزى قوليازمىلاردا بۇ خەتنىڭ بېشى بوشۇقتۇخان ياكى شۇقتۇخان، دەپ باشلىنىدۇ (ئەنۋەر بايتۇرنىڭ «مىللەتلەر تەتقىقاتى»، 1982 - يىللىق 5 - سانىدىكى «ئاپاق خوجا ھەققىدە» دېگەن ماقالىسىغا قاراڭ).

52 خ.ۋ. بېللېۋ: «قەشقەر تارىخى» — «1873 - يىلىدىكى يەركەنگە ئەلچىلىككە بېرىش خاتىرىسى»، كالكۇتتا، 1875 - بەت.

⑤③ خ.خ. خوۋورت: «موڭغۇل تارىخى»، 1 - توم، 623 - بەت.

⑤④ م. خارتمان: «ئىسلام شەرق دۇنياسى»، بېرلىن 1905 - يىلى، 321—326 - بەتلەر.

⑤⑤ زىلاتكىن: «جۇڭغار خانلىقىنىڭ تارىخى»، خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخا، 251 - بەت؛ لوجىپىڭ، دوروڭكۇن: «جۇڭغارلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، 90 - بەت. ئىلمىزنىڭ مەرھۇم قىرغىز ئالىمى ئەنۋەر بايتۇر بۇ ھەقتە ماقالا يېزىپ باشقىچە قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇ «تەزكىرەئى خوجىگان»، «تەزكىرەئى ھىدايەت» قاتارلىق چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدىكى قوليازمىلار (بۇلار جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى، مىللەتلەر ئىنستىتۇتىدا ساقلىنىۋاتىدۇ) غا ئاساسلىنىپ تۇرۇپ ئافاق خوجا ھەققەتەنمۇ شىزاڭغا بارغان، دەپ قارايدۇ، ئەمما ئافاق خوجا لاسادا كۆرۈشكەن كىشى دالاي لاما ئەمەس، بەلكى دىباساگجى جاسو، ئۇ دىبانىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن سۇجۇغا كەلگەن، ئاندىن دىبانىڭ سۇجۇدىكى ۋاكالەتچىسى غالدانغا خەت يېزىپ بەرگەن، دەپ ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئۇ ئافاق خوجىنىڭ سەرگەردان بولۇپ ماڭغان يولىنى مۇنداق دەپ كۆرسىتىدۇ، قەشقەر ← دەھبىت (ئوتتۇرا ئاسىيا) ← كەشمىر ← لاسا ← سۇجۇ ← ئىلى ← قەشقەر. قاراڭ: ئەنۋەر بايتۇر:«ئافاق خوجا توغرىسىدا» —«مىللەتلەر تەتقىقاتى»، 1982 - يىللىق 5 - سان.

⑤⑥ «تەزكىرەئى ئەزىزان»، 13 —، 16 - بەتلەر.

⑤⑦ «تەزكىرەئى خوجا ئافاق» - «ئۇيرات موڭغۇللىرىنىڭ تارىخىغا دائىر تەرجىملەر مەجمۇئەسى»، 4 - توپلام، 84—88 - بەتلەر. جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر ئىنستىتۇتى، 1985 - يىل.

⑤⑧بېگتۇ بوشۇقتۇخان يەنى غالداننى كۆرسىتىدۇ.

⑤⑨ ماتوك: «جۇڭگو ئىسلام دىنىدىكى دىنىي مەزھەپلەر ۋە ئۇلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، نىڭشيا خەلق نەشرىياتى، 1995- يىل، 2 - نەشرى؛ «جۇڭگو ئىسلام دىنىدىكى مەزھەپلەرنىڭ مەنبەسى»، نىڭشيا خەلق نەشرىياتى، 1995 - يىل، 2 - نەشرى.

⑥⓪ نامەلۇم ئاپتور يازغان «قەشقەر تارىخى»-ۋ.ۋ.بارتولد: «تۈركىستان كاماندىروپكىسىدىن ئومۇمىي دوكلات» («ئەسەرلەر»، 8 - توم، 187—188 - بەتلەر) تىن كەلتۈرۈلگەن نەقىل.

⑥① خانېدا ئاكىرا: «غالدانىنىڭ تەرجىمىھالى، ھەققىدە تەتقىقات» ـ «شەرقشۇناسلىق جەمئىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 15 يىللىقىغا بېغىشلانغان شەرقشۇناسلىققا دائىر ماقالىلەر»؛ «مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى چىڭ سۇلالىسىنىڭ باشلىرىدىكى شەرقىي تۈركىستان»، «شەرقىي ئوكيان تارىخى تەتقىقاتى»، 7 ـ جىلد، 5 ـ توپلام، 1942 ـ يىل.

⑥② خ.گ.شۋارز «شەرقىي تۈركىستان خوجىلىرى» («ئوتتۇرا ئاسىيا ژۇرنىلى»، 20 ـ جىلد، 4 ـ سان، 1976 ـ يىل) ناملىق ماقالىسىدا 1678 ـ يىلى، دېگەن قاراشنى قۇۋۋەتلەيدۇ، ئېلىمىزنىڭ قىرغىز ئالىمى ئەنۋەر بايتۇر «ئافاق خوجا ھەققىدە» («مىللەتلەر تەتقىقاتى»، 1982 ـ يىللىق 5 ـ سان) ناملىق ماقالىسىدا 1682 ـ يىلى، دەپ قارايدۇ.

⑥③ نوربو، فېڭ شىشى: «زايابەندىدانىڭ تەرجىمىھالى، دىكى بىرنەچچە مەسىلە» — «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1985 ـ يىللىق 1 ـ سان.

⑥④ «بەشىنچى ئەۋلاد دالاي لامانىڭ تەرجىمىھالى»، («خاتىمە»).

⑥⑤ يۇقىرىقى ئەسەر، 1234 ـ بەت.

⑥⑥ سېلىقنىڭ مىقدارى ھەققىدىكى خاتىرىلەر بىردەك ئەمەس. «تەزكىرەئى خوجىگان» نىڭ ئىنگلىزچە تەرجىمىسىدە ھەر يىلى 100 مىڭ تەڭگە دېيىلىدۇ، «تەزكىرەئى خوجىگان» نىڭ ئەسلىي تېكىستىدە ھەر ئايدا 4000 تەڭگە دېيىلىدۇ، ۋەلىخانوف ھەر ئايدا 400 مىڭ تەڭگە ئىدى، دەيدۇ («تەزكىرەئى خوجىگان» نىڭ ئىنگلىزچە تەرجىمىسىدىكى 16 ـ ئىزاھقا قاراڭ). ئەمەلىيەتتە ۋەلىخانوف « XVIII — XIX ئەسىرلەردىكى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى ئالتە شەھەرنىڭ ئەھۋالى» نىڭ «قىسقىچە تارىخى» دېگەن قىسمىدا 100 مىڭ تەڭگە، دېگەن (129-بەت). «جۇڭغارلارنى تىنچىتىش تەدبىرلىرى» (رەسمىي نۇسخا 77-جىلد) دە: "... يەركەن غالدان سېرىن دەۋرىدە ھەر يىلى 100مىڭ تەڭگە سېلىق تاپشۇرغان" دېيىلىدۇ. «تەزكىرەئى خوجىگان» نىڭ خەنزۇچە تەرجىمىسىدە (100 ـ بەت) "غالدان دەۋرىدە بېكىتىلگەن ھەر يىلى 100 مىڭ تەڭگە تاپشۇرۇشتەك يامان سېلىق تاپشۇرۇش ئادىتى ھالا بۈگۈنگە قەدەر داۋاملاشتى" دېيىلىدۇ. بۇنىڭدىن قارىغاندا غالدان ۋە غالدان سېرىن دەۋرلىرىدىكى سېلىق مىقدارىدا ئۆزگىرىش بولمىغان، شۇڭا بىزمۇ ھەر يىلى 100 مىڭ تەڭگە تاپشۇرغان، دېگەن قاراشنى قوبۇل قىلدۇق.

⑥⑦ نامەلۇم ئاپتور يازغان «قەشقەر تارىخى»، ۋ.ۋ. بارتولد: «ئەسەرلەر»، 8 ـ توم،

188 - بەتتىن كەلتۈرۈلگەن نەقىل.

⑥⑧ چ.ۋەلىخانوف: « XVIII - XIX ئەسىرلەردىكى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى ئالتە شەھەرنىڭ ئەھۋالى» («قىسقىچە تارىخى» قىسمى).

⑥⑨ «تەزكىرەئى ھىدايەت» - «1873 - يىلى يەركەنگە ئەلچىلىككە بېرىش خاتىرىسى» ⑨ 176 - بەتتىن ئېلىنغان نەقىل.

⑦⓪ نامەلۇم ئاپتور يازغان «قەشقەر تارىخى» - ۋ.ۋ. بارتولد: «ئەسەرلەر»، 8 - توم، 188 - بەت.

⑦① «چىڭ شىزۇ دەۋرىدىكى ئوردا خاتىرىلىرى»، 163 - جىلد، كاڭشىنىڭ 33 - يىلى (1694 - يىلى) 5 - ئاي.

⑦② چى يۈنشى: «سەلتەنەتىمىزدىكى ۋاسساللار ھەققىدە ئومۇمىي بايان»، 15 - جىلد، «ئۇيغۇرلار ھەققىدە خاتىرە» (1).

⑦③ نامەلۇم ئاپتور يازغان «قەشقەر تارىخى»، - ۋ.ۋ. بارتولد: «ئەسەرلەر»، 8 - توم، 188 -⑨ 189 - بەتلەردىن ئېلىنغان نەقىل.

⑦④ «تەزكىرەئى خوجىگان»، خەنزۇچە نۇسخا، 100 - بەت.

⑦⑤ نامەلۇم ئاپتور يازغان «قەشقەر تارىخى»— ۋ.ۋ. بارتولد: «ئەسەرلەر»، 8 - توم، 189 - بەتتىن ئېلىنغان نەقىل.

⑦⑥ پەيغەمبەرلەرنىڭ بىرى، ئۆلۈكنى تىرىلدۈرۈشتەك يۈكسەك تېببىي ماھارىتى بىلەن مەشھۇر بولغان، يەنى خرىستىئان دىنىدىكى ئەيسا.

⑦⑦ «1873 - يىلىدىكى يەركەنگە ئەلچىلىككە بېرىش خاتىرىسى»، 176 - بەت.

⑦⑧ نامەلۇم ئاپتور يازغان «قەشقەر تارىخى»— ۋ.ۋ. بارتولد: «ئەسەرلەر»، VIII توم، 188 —- 189 - بەتلەردىن ئېلىنغان نەقىل.

⑦⑨ يەنى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي رايونىنى كۆرسىتىدۇ. XII ئەسىردىكى موڭغۇل ئىستىلاسىدىن كېيىن چاغاتاي ئەۋلادلىرى غەربىي يۇرتتا قۇرغان ھاكىمىيەتلەرنىڭ ھەممىسى موغۇلستان، دېيىلگەنىدى.

⑧⓪ «1873 - يىلىدىكى يەركەنگە ئەلچىلىككە بېرىش خاتىرىسى»، 177 - بەت.

⑧① «تەزكىرەئى خوجىگان»، خەنزۇچە نۇسخا، 100 - بەت؛ چ. ۋەلىخانوف: «

XVIII – XIX ئەسىرلەردىكى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى ئالتە شەھەرنىڭ ئەھۋالى» («قىسقىچە تارىخى» قىسمى).

㉒ «تەزكىرەئى ھىدايەت» ـ بىللىۋنىڭ «قەشقەر تارىخى» («1873 - يىلىدىكى يەركەنگە ئەلچىلىككە بېرىش خاتىرىسى» 177 - بەت)دىن نەقىل ئېلىندى. TKh نىڭ 37 - بېتىدە مۇھەممەد ئىمىنخان يەركەندىن قاچقاندىن كېيىن مۇلازىمى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى، دېيىلىدۇ. ۋەلىخانوفمۇ مۇشۇ قاراشتا مايىل (« XVIII – XIX ئەسىرلەردىكى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى ئالتە شەھەرنىڭ ئەھۋالى» ـ «قىسقىچە تارىخى» قىسمى).

㉓ بىللىۋ «قەشقەر تارىخى»دا بۇ ۋەقە ھىجرىيە 1043 - يىلى (1633—1634) يۈز بەرگەن، دەپ يازىدۇ، بۇ پۈتۈنلەي خاتا، بىللىۋنىڭ ھىجرىيەنى مىلادىيەگە ئايلاندۇرۇشمۇ كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ، يەنى ئۇ مىلادى 1630 - يىلى، دەپ بېكىتىدۇ. يۇسۇپ مۇنشى «تەزكىرەئى مۇقىمخان»دا ھىجرىيە 1102 - يىلى قەشقەر خانى مۇھەممەد ئىمىن بۇخارا خان ئوردىسىغا بىر ئەلچى ئەۋەتكەن (TKh نىڭ 37 ـ 38 - بەتلىرىدىكى 17 - ئىزاھقا قاراڭ). ئەمما ئېلىنئاسنىڭ ئۇنى مىلادىيە كالېندارىغا ئايلاندۇرغاندا 1693 - يىلى قىلىپ قويغىنى خاتا، 1690—1691-يىللىرى بولۇشى كېرەك. شۇڭلاشقا ئۇ مۇشۇ ئىزاھتىن پايدىلانغاندا دەلىللەپ كۆرمىگەن، يەنە كېلىپ ھىجرىيە 1102-يىلى دېگەننى چىقىرىۋېتىپ مىلادىيە 1693-يىلى، دېگەن يىلنامىنىلا قوللانغان («شەرقىي تۈركىستان خوجىلىرى»غا قاراڭ)، بۇنىڭ بىلەن خاتانى تېخىمۇ خاتا قىلىپ قويغان، بۇنىڭ بىلەن 1693 - يىلى مۇھەممەد ئىمىنخان يەنىلا تەختتە باردەك بىر ھالەت پەيدا قىلىپ قويغان. ئەمەلىيەتتە ئۇ ئاپاق خوجىدىن بىر يېرىم يىل بۇرۇنلا ئۇ دۇنياغا كەتكەنىدى، ئاپاق خوجا 1694 - يىلى باھاردا ئۆلگەن، مۇھەممەد ئىمىنخان 1692 - يىلىنىڭ ئوتتۇرىلىرى ئۆلگەن بولسا كېرەك.

㉔ نامەلۇم ئاپتور يازغان «قەشقەر تارىخى» ـ ۋ.ۋ. بارتولد: «ئەسەرلەر»، 8 - توم، 189 - بەتتىن كەلتۈرۈلگەن نەقىل.

㉕ «تەزكىرەئى ھىدايەت»كە ئاساسلانغان («1873 - يىلى يەركەنگە ئەلچىلىككە بېرىش خاتىرىسى»، 177 - بەت). لېكىن بىللىۋنىڭ ھىجرىيىنى مىلادىيىگە ئايلاندۇرۇپ 1693 - يىلى، قىلىپ قويۇشى خاتا. ۋېي لياڭتاۋ: «غەربىي يۇرت تارىخىدىكى بىر كۆلەڭگە»

ـ «جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى»، 1992 ـ يىللىق 4 ـ سانغا قاراڭ.

⑧⑥ «تەزكىرەئى خوجىگان»، خەنزۇچە نۇسخا، 100-بەت. «تەزكىرەئى ھىدايەت» تە ئۇنى ئابدۇرېشىدخاننىڭ قىزى، سەئىدخاننىڭ نەۋرىسى، دەيدۇ («1873 ـ يىلدىكى يەركەنگە ئەلچىلىككە بېرىش خاتىرىسى»، 178-بەت)، بۇ پۈتۈنلەي خاتا، چۈنكى ھىجرىيە 967-يىلى (1559—1560) ئابدۇرېشىدخان ئاللىقاچان ۋاپات بولغانىدى.

⑧⑦ «تەزكىرەئى ھىدايەت» («1873 ـ يىلدىكى يەركەنگە ئەلچىلىككە بېرىش خاتىرىسى» 178 ـ بەت)؛ «تەزكىرەئى خوجىگان»، خەنزۇچە نۇسخا، 102 ـ بەت. نامەلۇم ئاپتور يازغان «قەشقەر تارىخى»دا يەھيا خوجىنى جۇڭغارلار ئۆلتۈرگەن، دېيىلىدۇ. بۇ ۋاقىتتا جۇڭغارلارنىڭ چۆللۈكنىڭ شىمالىدا پۈتۈن كۈچىنى يىغىپ چىڭ سۇلالىسى بىلەن ئۇرۇش قىلىۋاتقانلىقى سەۋەبىدىن تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدا يۈز بەرگەن ئۆزگىرىشلەرگە قاراشقا چولىسى تەگمەيۋاتقانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ بۇ قاراش قوبۇل قىلىنمىدى.

⑧⑧ «تەزكىرەئى خوجىگان»، خەنزۇچە نۇسخا، 102-بەت؛«تەزكىرەئى ھىدايەت» («1873-يىلدىكى يەركەنگە ئەلچىلىككە بېرىش خاتىرىسى»، 178-بەت).

⑧⑨ «ئويرات، موڭغۇللارنىڭ تارىخىغا دائىر تەرجىمىلەر مەجمۇئەسى»، 4-توپلام، 120 ـ بەت.

⑨⓪ TKh، 38 ـ، 39 ـ بەتلەردىكى 19 ـ ئىزاھ.

⑨① «قەشقەر تارىخى»دا مەزكۇر سۇلتان ئەھمەدنىڭ نەسەبى توغرىلىق ھېچنەرسە ئەسكەرتىلمىگەن، ئەمما «غەربىي يۇرتنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى»نىڭ 48 ـ جىلدى ۋە «غەربىي يۇرتتىكى ئوخشاش تىللىق ئەللەر تەزكىرىسى»نىڭ 11 ـ جىلدىدا ئۇ ئاقباشخان (مۇھەممەد مۆئمىن)نىڭ ئوغلى دېيىلىدۇ، خارتمان ئىشلىگەن قوليازمىنىڭ 40 ـ بېتىدىمۇ شۇنداق خاتىرە بار (داۋتىيەن شياڭپىڭ: «تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى ئالتە شەھەر خوجىلىرى ۋە خانلىرى» ـ «شەرقىي ئوكيان مەجمۇئەسى»، 34- جىلد، 1952 ـ يىل، توكيو). ئەمما مۇھەممەد سادىق قەشقەرىنىڭ «تەزكىرەئى خوجىگان» ناملىق ئەسىرىدە تىلغا ئېلىنىدىغىنى "خوجا ئەھمەد" يەنى يەھيا خوجىنىڭ ئوغلى («تەزكىرەئى خوجىگان» نىڭ ئىنگلىزچە قىسقارتىلما تەرجىمىسى 22 ـ ئىزاھ، 39-بەت). ۋەلىخانوفنىڭ بايانلىرىمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشايدۇ: "قەشقەرلىكلەر ھەرقاچان ئاقتاغلىقلارنىڭ ئەسەبىي مۇرىتلىرى ئىدى،

ئۇلار ئەھمەد خوجىنى چىللاپ كېلىپ خان، دەپ ئېلان قىلدى“ (« XVIII – XIX ئەسىرلەردىكى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى ئالتە شەھەرنىڭ ئەھۋالى» – «قىسقىچە تارىخى» قىسمى) . TKh نىڭ تەرجىمىسىدە شاۋ بەزى ماتېرىياللارغا ئاساسلىنىپ تۇرۇپ سۇلتان ئەھمەدنى ئاقباشخاننىڭ ئوغلى، دەپ كۆرسىتىدۇ. ئەمما ئېلىئاس ئىزاھتا ئەسلىي تېكىستتىن نەقىل كەلتۇرۇپ بۇنى تۈزىتىپ قويغان. ئەمەلىيەتتە مۇسۇلمانلاردا ئىسمداش كىشىلەر ناھايىتى كۆپ، بۇ يەردىكى ئەھمەد سۇلتان يەھيا خوجىنىڭ ئوغلى ئەمەس، بەلكى مۇھەممەد مۆئمىنخاننىڭ ئوغلى. بۇلاردىن خوجا-ئىشانلار تەزكىرىلىرىدە تارىخ بىلەن رىۋايەتلىقنىڭ ماسلاشماسلىق ۋە كېيىنكىلەرنىڭ خاتانى خاتالاشتۇرۇۋېتىش ھادىسىلىرىنىڭ بارلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

⑨② نامەلۇم ئاپتور يازغان «قەشقەر تارىخى» – «قىرغىزلار ۋە قىرغىزلار رايونىنىڭ تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار» ، 1 - قىسىم، 222 - بەت.

⑨③«تەزكىرەئى خوجىگان» ، خەنزۇچە نۇسخا، 100—101 - بەتلەر.

⑨④ يۇقىرىقى ئەسەر، 125 - بەت.

⑨⑤ ”جاھان-“پارسچە سۆز، مەنىسى ”دۇنيا“، ”جاھانگىر“ — ”دۇنيانى بويسۇندۇرغۇچى“ دېگەن مەنىدە.

⑨⑥ «تەزكىرەئى خوجىگان» ، خەنزۇچە نۇسخا، 101 - بەت.

⑨⑦ يۇقىرىقى ئەسەر، 102 - بەت.

⑨⑧ TKh ، 40 - بەت.

# VII باب خوجىلارنىڭ جۇڭغار خانلىقىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدىكى پائالىيەتلىرى ۋە چىڭ سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتنى بىرلىككە كەلتۈرۈشى

## 1 § سېۋان ئارابىتاننىڭ خوجىلارنى تىزگىنلىشى ۋە تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى ھۆكۈمرانلىقىنىڭ كۆچەيتىلىشى

غالدان تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىنى قوشۇۋېلىپ قازاق، قىرغىز قاتارلىق كۆنىپېتىش قوۋملىرىنى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن چۆللۈكنىڭ شىمالىغا كۆز قىزارتىشقا باشلىدى، ئاخىر 1688-يىلى شەخسەن 30 مىڭ كىشىلىك زور قوشۇننى باشلاپ شەرقتىكى قانغاي تاغلىرىدىن ھالقىپ ئۆتتى ۋە چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى خالخا موڭغۇللىرىغا قارشى ئۇرۇش قوزغىدى، خالخالار ھاپىلا-شاپىلا جەڭگە چىققان بولسىمۇ ياۋغا تاقابىل تۇرالماي پۈتۈن قەبىلە بويىچە ئىچكىرىگە كۆچتى. غالدان چۆللۈكنىڭ شىمالىنى قولغا كىرگۈزگەندىن كېيىن جاھانغا پاتماي قالدى ۋە خالخالارنى تاپ بېسىپ قوغلاپ چۆللۈكنىڭ جەنۇبىغا ئىچكىرىلەپ كىرىپ، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى بىلەن بىۋاستە توقۇنۇشۇپ قالدى، ئاخىر بېرىپ بۇ توقۇنۇش چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى بىلەن كەڭ كۆلەملىك بىر مەيدان ئۇرۇشقا ئايلىنىپ كەتتى. چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى ئىمپېراتور كاڭشىنىڭ ”شەخسەن قوماندانلىق قىلىشى“ بىلەن 1690-يىلى ئۇلانبوتوڭ (ھازىرقى ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم

رايونىنىڭ كەشكەتەڭ خوشۇنى دائىرىسىدە) دا غالداننىڭ ھەيۋىسىنى يەر بىلەن يەكسان قىلىۋەتتى، 1696-يىلى جامودو (ھازىرقى ئۇلانباتورنىڭ جەنۇبىدىكى زۇڭمۇدى) دا غالداننى يەنە بىر قېتىم قاتتىق مەغلۇپ قىلدى. تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارى تاپتىن مەھرۇم قىلىنغان غالدان قالغان-قاتقان تېرىندى لەشكەرلىرى بىلەن تامىر دەرياسى بويلىرىغا قېچىپ كەلدى، "ئوزۇق-تۈلۈك، ئۆي-ماكانى قالمىغاندىن كېيىن بارارغا يېرى يوق"① ھالدا 1697-يىلى ئاچامۇتاتاي دېگەن جايدا ئۆلدى②.

غالدان ئۆلگەندىن كېيىن سېۋان ئارابتان جۇڭغار خانلىقىنىڭ سەردارى بولدى. سېۋان ئارابتان سېڭگەنىڭ ئوغلى بولۇپ 1665-يىلى تۇغۇلغان③، ئاتىسى زىيانكەشلىككە ئۇچرىغاندا ئۇ تېخى گۆدەك بالا ئىدى، كېيىن غالدان سېڭگەنىڭ ئىلگىرىكى قەبىلىسىنى ئۆزىگە قوشۇۋېلىپ جۇڭغار قەبىلىسىگە ئاقساقال بولغاندا سېۋان ئارابتان ئىنىلىرى سونۇم ئارابتان ۋە دانجىن ئومبۇلار بىلەن بىللە جۇڭغارلارنىڭ ھامىيلىقىغا كىرگەندى. 1679-يىلى غالدان "بوشۇقتۇخان" دەپ ئاتالغاندىن كېيىن سېۋان ئارابتان ئۆيلەنمەكچى بولغان قىزنى زورلۇق بىلەن تارتىۋالغان، شۇنىڭدىن تارتىپ ئىككىسىنىڭ زىددىيىتى كۈچىيىپ كەتكەندى. 1688-يىلى غالدان شەرقتىكى خالخالارغا ھۇجۇم قىلىۋاتقان مەزگىللەردە سېۋان ئارابتان قاتارلىق قېرىنداشلار قورامىغا يېتىپ غالداننىڭ خانلىق تەختىگە نىسبەتەن يوشۇرۇن تەھدىت بولۇپ قالغانىدى. غالدان ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن سونۇم ئارابتاننى زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈۋەتتى ۋە سېۋان ئارابتاننىمۇ قەستلەپ ئۆلتۈرمەكچى بولدى. شۇ يىلى قىشتا سېۋان ئارابتان سېڭگەنىڭ قول-قاناتلىرىدىن بولغان يەتتە كىشى بىلەن بىرلىكتە 5000 ئادەمنى باشلاپ ئېرەن قابىرغا (ھازىرقى ساۋەن

تەۋەسىدە) كۆچۈپ كەتتى ۋە غالداندىن ئوچۇق-ئاشكارا بۆلۈنۈپ چىقتى. غالدان 2000 لەشكەرنى قوغلاپ زەربە بېرىشكە ئەۋەتكەن بولسىمۇ ئۇلار ئۇسۇ (ھازىرقى ساۋەن ناھىيىسىنىڭ شەرقىدە) دا سېۋان ئارابتان تەرىپىدىن يوقىتىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن سېۋان ئارابتان غالداننىڭ ئەسلىدىكى قىشلىق قارارگاھى بولغان بورتالادا چارۋىچىلىق قىلدى ۋە مۇشۇ يەرنى بازا قىلىپ تۇرۇپ جۇڭغارلارنىڭ قالدۇق قوۋملىرىنى توپلاپ ئۆز كۈچىنى تولۇقلىدى ھەمدە غالدان بىلەن قارشىلاشتى.

غالدان بىلەن بولغان كۈرەشتە سېۋان ئارابتان يەنە قۇدرەتلىك چىڭ سۇلالىسى ھاكىمىيىتىنىڭ قوللىشى ۋە ھىمايىسىگە ئېرىشتى. غالدان بىلەن ئۇرۇش ھالىتىدە تۇرۇۋاتقان چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ جۇڭغار خانلىقىنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى جۇڭغارلارغا قارشى كۈچنىڭ باش كۆتۈرۈشىنى خالايدىغانلىقى تەبىئىي ئىدى. قانات-قۇيرۇقى تېخى يېتىلمىگەن، تۇتۇشۇشتا پايدىسىز ئەھۋالدا تۇرۇۋاتقان سېۋان ئارابتان چىڭ سۇلالىسى ئوردىسىنىڭ بىۋاستە ياكى ۋاستىلىك قوللىشىنى تېخىمۇ ئارزۇ قىلاتتى. چىڭ سۇلالىسى بىلەن سېۋان ئارابتاننىڭ بىرلىشىشى ۋە ئامبۇرسىمان ھۇجۇم قىلىشى غالداننىڭ ھالاكىتىنى تېزلەتتى، شۇنداقلا سېۋان ئارابتاننىڭ كۈچ توپلاپ زورىيىشىغا ياخشى پۇرسەت يارىتىپ بەردى. 1697-يىلى غالدان ئاغرىپ ئۆلگەندىن كېيىن سېۋان ئارابتان تېزدىن ئۆز كۈچىنى تولۇقلاپ، جۇڭغار دۆلىتىنىڭ ئەڭ ئالىي رەھبەرلىك ھوقۇقىنى قولىغا ئالدى، بىراق ئۇ يەنىلا ئۆزىنىڭ غەلىبە قازىنىشىغا ياردەم بەرگەن چىڭ سۇلالىسى ئوردىسىغا ”بەيئەت قىلىدىغانلىقى“نى بىلدۈردى. بۇنداق قىلغاندا قۇدرەتلىك چىڭ سۇلالىسى ھاكىمىيىتىنى يۆلەك قىلىپ تۇرۇپ ئۆزىنىڭ جۇڭغار خانلىقىدىكى ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملىگىلى بولاتتى، شۇنداقلا چىڭ

سۇلالىسى بىلەن نىسپىي تىنچ، دوستانە مۇناسىۋەتنى ساقلاپ قېلىش، ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشقىمۇ پايدىلىق بولۇپ، جوڭغار خانلىقىنىڭ ئەسلىگە كېلىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن زور ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا سېۋان ئارابتان غالدان ئۆلگەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۇنىڭ قەبىلىلىرىنى قوشۇۋالدى ۋە ئۆز تەسىرىنى زورايتىپ سىرتقا قارىتا كېڭەيمىچىلىك قىلىشقا ئىنتىلدى. كۆچمەن چارۋىچىلىق ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتى دېھقانچىلىق ئىگىلىكىنىڭ تولۇقلىمىسىغا مۇھتاج ئىدى. جوڭغار خانلىقى ئوتتۇرا ئۇزلەڭلىكتىكى دېھقانچىلىق رايونلىرى بىلەن نورمال، مۇۋاپىق ئىقتىساد ئالماشتۇرۇش مۇناسىۋىتىنى ساقلاپ قېلىشنى خالايتتى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى تالان-تاراج قىلىپ تۇرۇشتىن ۋاز كېچەلمەيتتى. غالدان دەۋرىدە جوڭغارلار خېلى بىر ۋاقىتلارغىچە ئاساسلىق زېھنىنى خالخا موڭغۇللىرى ۋە چىڭ سۇلالىسى بىلەن بولغان ئۇرۇشلارغا، شۇنداقلار ئىچكى كۈرەشلەرگە قاراتقان بولغاچقا تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىغا قاراشقا زادىلا چولىسى تەگمىگەنىدى، نەتىجىدە تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي قىسمى خېلى بىر مەزگىلگىچە ئاساسەن مۇستەقىل بولۇپ كەلگەنىدى، ھەتتا ئىلىغا لەشكەر تارتىپ غالداننىڭ ئارقا سېپىنى پاراكەندە قىلغانىدى. سېۋان ئارابتان تەختكە چىققاندىن كېيىن دىققەت-نەزىرىنى مۇشۇ رايونغا قاراتتى.

غالدان ئۆلۈشتىن ئىلگىرىلا سېۋان ئارابتان تۇرپان، قۇمۇل رايونلىرىغا ئىچكىرىلەپ كىرىپ تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىنىڭ شەرقىي قىسمىنى كونترول قىلىشقا ئۇرۇنغانىدى. ئەينى ۋاقىتتا بۇ جايلارنىڭ كونتروللۇق ھوقۇقى يەنىلا غالداننىڭ قولىدا ئىدى.

«چىڭ شىڭزۇ دەۋرىدىكى ئوردا خاتىرىلىرى» نىڭ 160-جىلد كاڭشىنىڭ 32-يىلى (1693-يىلى) 9-ئايدىكى خاتىرىدە مۇنداق دېيىلىدۇ: ”قۇمۇل مۇسۇلمانلىرى موڭغۇللاردىن غالدانغا ئولپان تاپشۇرىدۇ. ئۇنىڭغا بىرقانچە يىل بولۇپ قالدى، مۇشۇ بىر-ئىككى يىلدىن تارتىپ يولغا قويۇلغان ئەمەس . مەزكۇر موڭغۇللار كۆپىنچە ۋاسساللاردىن ئولپان يىغىۋالىدۇ“. يەنە كاڭشىنىڭ 31 -يىلى (1692-يىلى ) 9-ئايدىكى خاتىرىدە مۇنداق دېيىلىدۇ: ”يېقىندا جيايۈگۇەندىن مەلۇمات كەلدى. مادىنىڭ ھەمراھلىرىدىن باسۇ قايتىپ كېلىپ مۇنداق دېدى: ‹بىز 8-ئاينىڭ 11-كۈنى قۇمۇلغا يېتىپ كەلدۇق. ئويراتلاردىن غالداننىڭ قول ئاستىدىكى توكىچى قاشقا، خارمىدايان ئېرىك دېگەن ئىككىسى 500دىن كۆپرەك نەۋكەر بىلەن كېلىپ غەيرىي رەسمىي ئامبال مادى قاتارلىقلارنىڭ ئات-ئۇلاقلىرىدىكى يۈك-تاقلارنى تامام بۇلاپ كەتتى، غەيرىي رەسمىي ئامبال مادى ۋە بىتىكچى بوشقۇ قاتارلىقلارنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. قالغان لەشكەرلىرىمىزنىڭ ئۆلىدىغىنى ئۆلدى، بىر قىسمىنى بۇلاپ كەتتى. يەنە بىر قىسمى قۇمۇلدا تۇرۇپ قالدى› “. چىڭ ئوردىسى غالداندىن ئايرىلىپ چىققان جۇڭغار سەردارى سېۋان ئارابتان بىلەن بىرلىشىش مەقسىتىدە مادى قاتارلىقلارنى ئىلىغا ئەلچىلىككە ئەۋەتكەن، ئەمما ئويلىمىغان يەردىن، قۇمۇلدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا غالداننىڭ بۇ يەردىكى ئادەملىرىگە ئۇچراپ قېلىپ ئۆلتۈرۈلگەن. غەربىي يۇرتنىڭ شەرقىدە چىڭ سۇلالىسىگە ناھايىتى يېقىن جايلاشقان قۇمۇلنى غالدان شۇنچىلىك قاتتىق كونترول قىلىپ تۇرغان يەردە، مۇھەممەد مۆئمىن (ئاقباشخان) ھۆكۈمرانلىقىدىكى تۇرپاندا ئەھۋالنىڭ قانداقلىقى ئۆز-ئۆزىدىن مەلۇملۇق ئىدى. 1696-يىلى غالدان جامودودا ئېچىنىشلىق مەغلۇبىيەتكە دۇچار بولغاندىن كېيىن

پۈتكۈل شىمالىي دالا ۋە غەربىي يۇرتنىڭ ۋەزىيىتىدە غايەت زور ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى. تەڭرىتاغنىڭ شىمالىنى سېۋان ئارابتان ئىگىلەپ غالدان تامىر دەريا ۋادىسىغا قاچتى ۋە كېشىلەرنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ ماكارغا يول تاپالماي قالدى. «چىڭ شېڭزۇ دەۋرىدىكى ئوردا خاتىرىلىرى» نىڭ 175-جىلد كاڭشىنىڭ 35-يىلى (1696-يىلى) 8-ئايدىكى خاتىرىسىدە مۇنداق دېيىلىدۇ: ”نائىب ۋەزىر كەپتاۋۇل مەندونىڭ مەخپىي ئاخباراتىدىن شۇنى بىلدىكى، ئەل بولغان ئۇيغۇر دۆلىتى پادىشاھى ئابدۇرېشىد مۇنداق دەيدۇ: ’ئۆتمۈشتە غالدان مېنى ئالداپ يېنىغا ئەپكېلىۋالغاندىن كېيىن 14 يىل نەزەربەند قىلىغانىدى. ھالا بۈگۈنكى كۈندە غالدان مەغلۇپ بولۇپ كەمىنە ئازادلىققا چىقالىدىم. يېقىندا ۋاقىپلىنىشىمچە غالدان قۇربان تامىر تەكلى دېگەن جايدا تۇرۇۋېتىپتۇ، ناھايىتى مۈشكۈل ئەھۋالدا ئىكەن، شۇنداق بولغاچقا ئۇ جايدا ئۇزاق تۇرالماي جەزمەن چىڭخەيگە قاچىدۇ. چىڭخەيگە بېرىشتا قۇمۇل، تۇرپان ۋە يەركەن دېگەن جايلاردىن ئۆتىدىغان ئۈچلا يول بار. قۇمۇل جىيايۈگۈەنگە ئەڭ يېقىن، يەنە كېلىپ ئۇ يەردە شەۋكەتلىك سۇلالىنىڭ زور قوشۇنى بار؛ يەركەندە مېنىڭ 20 مىڭدىن كۆپرەك ئۇيغۇر قوشۇنۇم بار. شۇڭا ئۇ بۇ ئىككى جايغا كېلەلمەسلىكى ئېنىق، ئەمدى گەپ تۇرپاندا قالدى. كەمىنە مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرپاننى ساقلىسام شۇ ئارقىلىق شاھىنشاھ ئالىيلىرىنىڭ شەپقىتىگە جاۋاب قايتۇرسام، دېگەننى بەكمۇ ئارزۇ قىلىمەن. سېۋان ئارابتان تۇرۇۋاتقان بورتالا تۇرپانغا يېقىن. مەن ئۇنىڭغا ئادەم ئەۋەتىپ بىرلىشىشنى تەكلىپ قىلدىم، بىز چوقۇم غالداننى تىرىك تۇتۇپ ئار-نومۇسىمىزنى يۇيىمىز‘“. سابىق يەركەن خانى ئابدۇرېشىدنىڭ چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە يوللىغان بۇ دوكلاتىدىن غەربىي يۇرت ۋەزىيىتىنىڭ ئىلگىرىكىگە ئوخشىماي

قالغانلىقىنى ھېس قىلىمىز. بورتالانى بازا قىلغان سېۋان ئارابتان بۇ ۋاقىتتا ئاللىقاچان تەڭرىتاغنىڭ شىمالىنى ئىگىلەپ، غالداننىڭ "تۇپ" ئاساسىي تېررىتورىيىسىنى پۈتۈنلەي ئۆز قولىغا ئېلىپ بولغانىدى، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى بويسۇندۇرۇلغان رايونلار بولسا بىردەك "يۇز ئۆرۈپ" غالداننىڭ كونتروللۇقىدا بولمىغان، سېۋان ئارابتان تەرىپىدىنمۇ ئىگىلەنمىگەنىدى. شۇڭا ئابدۇرېشىدخان "تۇرپانغا قايتىپ" بورتالادىكى سېۋان ئارابتان بىلەن بىرلىكتە غالداننى بىر يولىلا تارمار قىلىشنى ئۈمىد قىلغانىدى.

ھالبۇكى، ئۇزۇن ئۆتمەيلا بۇ رايون سېۋان ئارابتان تەرىپىدىن كونترول قىلىنىشقا باشلىدى. قۇمۇل ھۆكۈمرانى ئەبەيدۇللا چىڭ سۇلالىسىگە بەيئەت قىلغاندىن كېيىن سېۋان ئارابتان خوجايىنلىق سالاھىيەت بىلەن قۇمۇلنى تەڭلىكتە قويغانىدى. «باياۋاندا ئاسىيلارنى تىنچىتىش تەدبىرلىرى» نىڭ 40-جىلد كاڭشىنىڭ 36-يىلى (1697-يىلى) كەبىسە 3-ئايدىكى خاتىرىسىدە مۇنداق دېيىلىدۇ: "ئەبەيدۇللا شاھىنشاھقا شۇنى مەلۇم قىلىدۇكى، سېۋان ئارابتان ئەلچىلىرىدىن ئورتلاۋچان، جىۋېنجى قاتارلىقلارنى ئەۋەتىپ: 'بوشۇقتۇخان ساڭا پەرمان قىلسا سەن مېنى پەسەنتكىمۇ ئېلىپ قويماستىن ئۆز ئىشىڭنى قىلىۋەردىڭ، سىبىتىن بالچور بىلەن شۇنچە كىشىلەرنى تۇتقۇن قىلىۋالغاندىمۇ بىرەر ئادەمنى ئەلچىلىككە ئەۋەتىپ ئىشلارنىڭ تەپسىلاتىدىن خەۋەردار قىلمىدىڭ. يەنە تېخى مېنىڭ ئادەملىرىمنى تۇتۇشقا بۇيرۇق قىلىپ كۆرۈشۈشكە يول قويمىدىڭ... ئەمدى دەرھال تۇتقۇنلار ئارىسىدىن بىر كىشىنى تاللاپ ئۆزۈڭنىڭ ئەلچىسى بىلەن قوشۇپ ئەۋەت! يەنە سىبىتىن بالچور بىلەن مېنىڭ ئەلچىلىرىمنى كۆرۈشتۈر، قالغانلىرىنىڭ ھەممىسىنى تۇرپانغا ئەكىلىپ قوي!' دېدى".

سېۋان ئارابتان تۇرپاننى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، تېخىمۇ

شەرقتىكى قۇمۇلغا بەكلا قوپاللىق بىلەن مۇئامىلە قىلغان. شۇڭا چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى بۇنىڭغا كۈچلۈك ئىنكاس قايتۇرۇپ سېۋان ئارابتانغا «قول ئاستىدىكىلەرنى قۇمۇلنى پاراكەندە قىلىشتىن قاتتىق توسۇش ھەققىدە يارلىق چۈشۈردى»، شۇنداقلا «ئەبەيدۇللا تارقانبەگكە سېۋان ئارابتان تەۋەلىكىدە تۇتۇلغان كىشىلەرنى سوراپ تۇرۇۋالسا تېگىشلىك تەدبىر قوللانساڭ بولىدۇ، دېگەن مەزمۇندا نامە يوللىدى»④. سېۋان ئارابتاننىڭ قۇمۇلنىمۇ ئىگىلەش غەرىزى بولسىمۇ چىڭ سۇلالىسىنىڭ ھەيۋىسىدىن قورقۇپ يېنىكلىك قىلىشقا پېتىنالمىدى. شۇنداق قىلىپ قۇمۇل سېۋان ئارابتاننىڭ تەھدىتلىرىگە ئۇچراپ تۇرسىمۇ ئاخىرقى ھېسابتا جۇڭغار خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلۇپ چىققى.

XVII ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي خۇددى ئالدىنقى ماۋزۇلاردا كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك ئېغىر تەپرىقىچىلىق ۋە مالىمانچىلىق ئىچىدە تۇرۇۋاتاتتى. ئاقباشخان تۇرپان، يەركەن بەگلىرىنىڭ يۆلىشى بىلەن يەركەن خانلىقىنىڭ خانى بولۇپ، ھاكىمىيەتنى تىزگىنلەپ تۇرۇۋاتقان ئاقتاغلىق خوجىلارنى باستۇردى ۋە ئۇلارنىڭ رەقىبى بولغان قاراتاغلىق خوجىلارنى يېڭىۋاشتىن يۆلەپ ئۇلارغا قارشى سالماقچى بولدى، ئەمما قەشقەر ئاھالىسى بۇنىڭغا كۈچلۈك قارشى تۇرۇپ، قاراتاغلىقلار مەزھىپىنىڭ بۇ رايونغا كىرىشىنى چەكلىدى، شۇنداقلا ئاقباشخانغا قارشى چىقىپ ئاقباشخاننىڭ ئوغلى، قەشقەر ھۆكۈمرانى سۇلتان ئەھمەدنى خان قىلىپ تىكلىدى ۋە يەركەن خانلىقى بىلەن ئاشكارا قارشىلاشتى.

مۇشۇ مەزگىللەردە جۇڭغار خانلىقى ئىچكى-تاشقى جەھەتلەردە ئۇرۇش ۋە مالىمانچىلىققا پېتىپ قېلىپ تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي قىسمىغا قاراشقا چولىسى تەگمىگەن بولسىمۇ، قىرغىزلار

پۈرسەتتىن پايدىلىنىپ بۇ رايونغا كىردى ھەمدە بۇ جايدىكى تەپرىقىچىلىك ۋە مالىمانچىلىقتىن پايدىلىنىپ سىياسىي ۋەزىيەتنى تىزگىنلىۋالدى. «تەزكىرەئى خوجىگان» دا خاتىرىلىنىشىچە، قاراتاغلىق دانىيال خوجىنى قىرغىزلار يەركەنگە قەدەر مۇھاپىزەت قىلىپ ئەكىلىپ قويغانىدى، يەنە كېلىپ "قەشقەردە خوجا ئەھمەد⑤ پەقەت ئاتاقتىلا خان ئىدى، ئەمەلىيەتتە ھەقىقىي ھۆكۈمران يەركەنگە توختىماي تاجاۋۇز قىلىپ تۇرغان قىرغىزلارنىڭ بىرنەچچە ئاتامانى"⑥ ئىدى. قىرغىزلار قەشقەر بىلەن يەركەن ئوتتۇرىسىدىكى قارىمۇقارشىلىقتىن پايدىلىنىپ قەشقەرگە كىرگەن ۋە بۇ رايوندىكى ئەمەلىي ھوقۇقنى كونترول قىلىۋالغانىدى. ئۇلار تۇرپاندىن كۆچۈپ كەلگەن نۇرغۇن ئاھالىنى قىرغىن قىلدى ۋە يەركەنگە توختاۋسىز ھۇجۇم قىلدى. ئاقباشخان ۋە تۇرپان بەگلىرى بۇنىڭغا قارىتا قەشقەرگە يۈرۈش قىلىشنى قارار قىلدى، ئەمما ئۇلار قەشقەرلىكلەر بىلەن قىرغىزلارنىڭ بىرلەشمە ھۇجۇمىغا ئۇچراپ ئېغىر تالاپەت يېدى، ئاقباشخان ئەسىرگە ئېلىنىپ يېڭىساردا قىرغىز ئاتامانى ئارزۇ مۇھەممەد تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى⑦. قەشقەرلىكلەر ۋە قىرغىزلارنىڭ بىرلەشمە قوشۇنى غەلىبىدىن پايدىلىنىپ شەرققە قاراپ ئىلگىرىلىدى ۋە يەركەننى پەتھى قىلىپ سۇلتان ئەھمەدنى يەركەن خانى، دەپ جاكارلىدى⑧. يەركەن بەگلىرى مەغلۇبىيەتكە تەن بەرمەي خوجايىنى بولغان جۇڭغارلاردىن ياردەم سورىدى. بۇ ۋاقىتتا سېۋان ئارابتان غالدانىنىڭ ئورنىغا جۇڭغار خانلىقىنىڭ پادىشاھى بولغانىدى. ئۇنىڭ تۇرپاننى كونترول قىلغاندىن كېيىن، قۇمۇلغا تېگىش قىلىش نىيىتى چىڭ سۇلالىسى تۇپەيلىدىن كۆپۈككە ئايلانغانلىقتىن، ئۇ دىققەت-نەزىرىنى تارىم ۋادىسىدىكى بوستانلىقلارغا قارىتىپ، جۇڭغار خانلىقىنىڭ بۇ رايونغا بولغان كونتروللۇقىنى ئەسلىگە

كەلتۈرۈش چوتىنى سوقۇۋاتاتتى. «چىڭ شىڭزۇ دەۋرىدىكى ئوردا خاتىرىلىرى» نىڭ 201-جىلد كاڭشىنىڭ 39-يىلى (1700-يىلى) 10-ئايدىكى خاتىرىسىدە مۇنداق دېيىلىدۇ: ”قۇمۇلدىكى جاساق ئەبەيدۇللا تارقان بەگ مەلۇم قىلىدۇكى، سېۋان ئارابتان قازاق ۋە بۇيرۇتلار بىلەن بىرلىشىپ قەشقەرگە ھۇجۇم قىلماقچى بولۇۋاتىدۇ“. بۇ نەقىلدىن 1700-يىلى سېۋان ئارابتاننىڭ قازاق، قىرغىز قوۋملىرىغا بولغان ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئەسلىگە كەلگەنلىكىنى ۋە ئۇلار بىلەن بىرلىشىپ تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىنىڭ غەربىي قىسمىغا يۈرۈش قىلىشقا تەييارلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. يەركەن بەگلىرىنىڭ ياردەم سوراش تەكلىپى سېۋان ئارابتاننىڭ جەنۇبقا يۈرۈش قىلىشىغا تولىمۇ پايدىلىق پۇرسەت يارىتىپ بەردى. تەڭرىتاغ ۋادىسىدىكى كۇچا، ئاقسۇ قاتارلىق جايلار ئويراتلارنىڭ يايلاقلىرىغا يېقىن بولۇپ، جوڭغار خانلىقى بىلەن ئىزچىل قويۇق مۇناسىۋەتتە بولۇپ كەلگەنىدى، بۇ يەرلەردە جوڭغارپەرەستلەرنىڭ تەسىرى كۈچىمۇ زور ئىدى. سېۋان ئارابتان قوشۇنى جەنۇبقا يۈرۈش قىلىپ تەڭرىتاغدىن ئۆتكەندىن كېيىن ئاقسۇ، كۇچا قوشۇنلىرىمۇ سەپكە قوشۇلدى ۋە بىرلىكتە يەركەنگە يۈرۈش قىلدى. يەركەننى بېسىپ ياتقان قىرغىزلار ياۋغاتەك كېلەلمەي غەربكە قاچتى، سېۋان ئارابتان يەركەننى ئىگىلەپ بۇ رايوننى ئۆز ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا ئالدى⑨.

سېۋان ئارابتان تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىغا جازا يۈرۈشى قىلغاندىن كېيىن، بۇ رايونغا بولغان ھۆكۈمرانلىقىنى كۈچەيتىپ ۋاستىلىك ھۆكۈمرانلىقنى بىۋاستە ھۆكۈمرانلىققا ئۆزگەرتتى. ئۇ مۇراد بەگنى يەركەننىڭ ھاكىملىقىغا، مىرزا ئەلەم شاھ بەگنى يەركەننىڭ ئىشكئاغىلىقىغا، پولادبەگنى قەشقەرنىڭ ھاكىملىقىغا، مىرزا ئازبەگنى خوتەننىڭ ھاكىملىقىغا تەيىنلىدى. جوڭغار خانلىقىنىڭ

بۇ خىلدىكى بىۋاستە ۋەزىپىگە تەيىنلەش شەكلىدىكى ھۆكۈمرانلىقى كېيىنكى ۋاقىتلاردا چىڭ سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتنى ئىدارە قىلىش سىياسەتلىرىدە ئەكس ئەتتى. «جۇڭغارلارنى تىنچىتىش تەدبىرلىرى» نىڭ رەسمىي نۇسخا 61-جىلدىدا مۇنداق دېيىلىدۇ:

”مۇسۇلمانلار رايونى بىلەن ئىلى رايونىدىكى ئەھۋال ئوخشىمايدۇ. ئىلى ھازىرقى كۈندە تەۋەلىكىمىزگە ئۆتتى، دائىرىسى ناھايىتى كەڭ، شۇڭا كۆپلەپ ئەسكەر تۇرغۇزماق زۆرۈر. مۇسۇلمانلار تىنچىتىلغاندىن كېيىن ئاقساقاللىرىدىن بىرنەچچىسىنى تاللىۋېلىپ شەھەر-قەلئەلەرنى ساقلاشقا تەيىنلىسەك، بۇلار ئىلىدىكى كاتتىلارغا بويسۇنسا يەنى ئىلگىرىكى جۇڭغارلارنىڭ مۇسۇلمانلارنى باشقۇرغىنىدەك بولسا ناھايىتى دانالىق بولاتتى“. يەنە «چىڭ گاۋزوڭ دەۋرىدىكى ئوردا خاتىرىلىرى» نىڭ 571-جىلد چيەنلوڭنىڭ 23-يىلى (1758-يىلى) 9-ئايدىكى خاتىرىسىدە مۇنداق دېيىلىدۇ:

”گاۋزوڭ يارلىق چۈشۈرۈپ مۇنداق دېدى: ’جاۋخۇيىنىڭ كونا شەھەرنى ئەمىن تاپقۇزۇش ئۈچۈن ھادىنى باشبۇغلىققا تەيىنلەش كېرەك، دېگەن سۆزى ھېلىمۇ يادىمدا، ھازىر ھەرقايسى جايلار تېخى ئەمدىلەتىن ئەل بولۇۋاتقان بولغاچقا ھادى ۋاقىتىنچە باشبۇغلىقنى ئۆتىسىمۇ بولىدۇ، لېكىن يەركەن، قەشقەرنى تىنچىتىپ مۇسۇلمانلارنى ئەمىن تاپقۇزۇشتا مېنىڭچە مۇسۇلمانلارنى باشبۇغلىققا تەيىنلەش ھاجەت ئەمەس. يەنىلا كونا تۈزۈم بويىچە ھەرقايسى شەھەرلەرنى بىرنەچچە يۇرت كاتتىسىغا بۆلۈپ بەرسەك، ئاندىن ئۇلار ئىلى جياڭجۈنىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلسە ناھايىتى جايىدا بولغان بولىدۇ، كۇچاغا ئىش بېجىرگۈچى ۋەزىردىن بىرنى ئەۋەتسەك كۇپايە قىلىدۇ. مۇسۇلمانلارنىڭ ئىشلىرى ئاساسەن تۈگەپ قالدى، ئۇلاردىكى قالدۇق ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىشتا يەرلىك ئەھۋالغا پىششىق

كىشىلەر بىلەن مەسلىھەتلىشىپ مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىنسۇن". غەربىي يۇرتنى بىرلىككە كەلتۈرۈشكە كۈچەۋاتقان چىڭ خاندانلىقى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى ھۆكۈمرانلىق مەسىلىسىدە جۇڭغارخانلىقىنىڭ مۇشۇ رايوندىكى ھۆكۈمرانلىق سىياسىتىنى قوبۇل قىلدى، يەنى كونا ئۇسۇل بويىچە ھەرقايسى شەھەرلەرنى بىر نەچچە كاتتىۋاشقا بۆلۈپ بېرىپ ئۇلارنى ئىلى جىياڭجۈنگە بويسۇندۇرغان قىلدى.

سېۋان ئارابتان ھەرقايسى شەھەرلەرگە بولغان بىۋاسىتە كونتروللۇقى ئارقىلىق تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى ھۆكۈمرانلىقىنى كۈچەيتتى. سېۋان ئارابتان غالداننىڭ ۋاسىتىلىك ھۆكۈمرانلىق سىياسىتىنىڭ مەغلۇبىيىتىدىن ساۋاق ئېلىپ تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىغا قارىتىلغان ھۆكۈمرانلىق شەكلىنى ئۆزگەرتتى، ئۇ كەڭچىلىك بىلەن ھۆكۈمرانلىق قىلىش تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىنى نىسپىي مۇستەقىل ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويىدۇ، چاغاتاي ئەۋلادلىرى (يەركەن خانلىرى) نىڭ بۇ رايوندىكى ھەربىي-سىياسىي ھوقۇقلارنى بىۋاسىتە ئىگىلەپ، ۋەزىيەتتە كىچىككىنە ئۆزگىرىش بولسىلا ئىسيان قىلىش ئېھتىماللىقى بار، دەپ قارايتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئوبيېكتىپ ۋەزىيەتمۇ سېۋان ئارابتاننىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى كۈچەيتىشىگە ئىمكانىيەت يارىتىپ بەردى؛ غالدان ھالاك بولغاندىن كېيىن جۇڭغار خانلىقى سېۋان ئارابتاننىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا تېز تەرەققىي قىلىپ قۇدرەت تاپتى ۋە قازاق، قىرغىز قاتارلىق قوۋملارنى بويسۇندۇردى، شۇنداقلا قۇدرەتلىك چىڭ خاندانلىقى بىلەن نىسپىي تىنچلىق مۇناسىۋىتىنى ساقلاپ كەلگەچكە بويسۇندۇرغان جايلاردىكى ھۆكۈمرانلىقنى مۇستەھكەملەشكە قادىر بولالىدى ۋە شۇنداق پۇرسەت چىقىرالىدى، يەنە كېلىپ بۇ مەزگىلدە تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي قىسمىدا ئەمەلىي

كۆچى ۋە تەسىرى بار چاغاتاي ئەۋلادلىرى مەۋجۇت بولمىغاچقا ھەمدە پۈتكۈل تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي بۆلۈنۈپ چاك-چېكىدىن ئاجراپ كېتىشتەك ئەھۋالدا تۇرۇۋاتقاچقا سېۋان ئارابتاننىڭ بىۋاستە ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزۈشىگە پايدىلىق شارائىت يارىتىلغانىدى.

ئاقباشخان خوجەنددىن قاراتاغلىق خوجا دانىيالنى چىللاپ كەلگەندىن كېيىن ئاقتاغلىقلار بىلەن قاراتاغلىقلار تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدا يېڭىۋاشتىن تىركىشىشكە باشلىدى ۋە غالدان ئىستىلاسىدىن كېيىن ئاقتاغلىقلار دىنىي ساھەگە يالغۇز خوجايىن بولىۋېلىشتەك ۋەزىيەت بۇزۇپ تاشلاندى، كېيىنچە ئاقباشخان ئۆلتۈرۈلۈپ يەركەننى ئاقتاغلىقلارنىڭ قوللىغۇچىسى بولغان قەشقەرلىكلەر ۋە قىرغىزلارنىڭ بىرلەشمە قوشۇنى ئىگىلىگەندىن كېيىن قاراتاغلىقلار بەلگىلىك دەرىجىدە زەربىگە ئۇچرىدى. جۇڭغار خانلىقى يەركەننى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن قاراتاغلىقلار ئاقتاغلىقلارنىڭ بېسىمىدىن قۇتۇلۇپ، سېۋان ئارابتاننىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى. لېكىن سېۋان ئارابتاننىڭ بۇنداق قىلىشى قاراتاغلىقلار ئاقتاغلىقلاردىن ئۈستۈن كەلسۇن، دېگەننى مەقسەت قىلمايتتى، بەلكى ئىككى مەزھەپنىڭ كۈچىنى تەكشۈك ھالەتتە ساقلاش ئېھتىياجىدىن بولۇۋاتقان ئىش ئىدى. ئۇ ئۇلاردىن ھەم پايدىلىناتتى ھەم چەكلەپ تۇراتتى، قايسى مەزھەپ بولمىسۇن ئۇلارنىڭ بەكلا كۈچلىنىپ كېتىشىدىن ناھايىتى ئېھتىيات قىلاتتى. شۇڭا ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا قاراتاغلىقلار ۋە ئاقتاغلىقلار ئايرىم-ئايرىم ھالدا يەركەن ۋە قەشقەرنى مەركەز قىلغان ھالدا دىنىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، جۇڭغار خانلىقىنىڭ تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى ھۆكۈمرانلىقى ئۈچۈن خىزمەت قىلدى.

بۇ مەزگىلدە قەشقەرنى بازا قىلغان ئاقتاغلىقلار ئاپاق خوجىنىڭ نەۋرىسى، يەھيا خوجىنىڭ ئوغلى بولغان خوجا

ئەھمەدنىڭ رەھبەرلىكىدە تۇرۇۋاتاتتى ⑩، ئاپاق خوجىنىڭ تۇل ئايالى خانىم پادىشاھ دەھشەتلىك قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈۋاتقاندا يەھيا خوجىنىڭ مۇرىتلىرى خوجا ئەھمەدنى بىر غارغا يوشۇرۇپ قويغان، شۇنىڭ بىلەن ئۇ بۇ قىرغىنچىلىقتىن ئامان-ئېسەن قالغانىدى⑪. كېيىنچە ئۇنىڭ مۇرىتلىرى ئۇنى ئاقتاغلىقلارنىڭ سەردارى قىلىۋالدى ۋە قەشقەرنى بازا قىلىپ تۇرۇپ يەركەندىكى ئاقباشخان ھەمدە ئۇنى ھىمايە قىلىۋاتقان قاراتاغلىقلار بىلەن قارشىلاشتى. سىۋان ئارابتاننىڭ زور قوشۇنى قەشقەرگە كىرىپ كەلگەندە خوجا ئەھمەد باشچىلىقىدىكى ئاقتاغلىقلار قۇدرەتلىك لەشكىرىي كۈچىنىڭ ئالدىدا ئىلاجسىز بەيئەت قىلىدىغانلىقلىرىنى بىلدۈردى. ئەمەلىيەتتە "ھىيلە-نەيرەڭگى تولا، كىشىلەرنىڭ قەلبىنى ئوڭايلا رام قىلىۋالىدىغان"⑫ خوجا ئەھمەد جۇڭغار خانلىقىنىڭ تۈرلۈك چەكلىمىلىرىگە قول قوشتۇرۇپ قاراپ تۇرمىدى، ئۇ يەنىلا دىنىي كۈچ ئارقىلىق قەشقەر قاتارلىق جايلاردىكى ئەمەلىي ھوقۇقنى تىزگىنلەپ كونترول قىلىپ تۇردى. ئۇ جۇڭغار خانلىقىنىڭ قاراتاغلىقلارنى يۆلىشىدىن نارازى ئىدى، شۇڭا ئۇنىڭ پۇرسەت تېپىپ جۇڭغار خانلىقىنىڭ بويۇنتۇرۇقىدىن قۇتۇلۇپ كېتىش ئىرادىسى تېخىمۇ كۈچەيدى.

بۇ ۋاقىتتىكى قاراتاغلىقلارنىڭ داھىيسى ئاقباشخان چىللاپ كەلگەن دانىيال خوجا ئىدى. ئۇ جۇڭغار ھەربىي ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەچكە خوجىلار جەمەتىدىكى جۇڭغارپەرەسلەردىن بولۇپ قالدى. سىۋان ئارابتان چاغاتاي ئەۋلادلىرىنىڭ بىرلىككە كەلگەن باشقۇرۇش ئاپپاراتى بولغان يەركەن خانلىقى ھۆكۈمىتىنى قايتا تەسىس قىلمىغاچقا ھەرقايسى شەھەرلەرنىڭ ھاكىملىرى بىر-بىرىگە بويسۇنمايتتى، پەقەت جۇڭغار خانلىقى ئالدىدا ئۆز مەجبۇرىيىتىنى بىۋاستە ئادا قىلاتتى، بۇنداق ئەھۋال

تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىنى تېخىمۇ ئېغىر پارچىلىنىشقا ئېلىپ
باراتتى. بۇ تەبىئىي يوسۇندا جۇڭغار خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا
پايدىلىق ئىدى. ھالبۇكى، خوجىلار يەرلىك ئاھالىنىڭ ناھايىتى
كەڭ ئىجتىمائىي ئاساسقا ئىگە مەنىۋى داھىيلىرى بولغاچقا
تەڭرىتاغىنىڭ جەنۇبىدىكى ئىجىيمائىي-سىياسىي ۋەزىيەتنى
تىزگىنلەپ جۇڭغار خانلىقىنىڭ بۇ رايوندىكى ھۆكۈمرانلىقىغا
تەسىر كۆرسەتتى ۋە توسقۇنلۇق قىلدى. شۇڭا تەخمىنەن
1713 -يىلى سېۋان ئارابتان تەڭرىتاغىنىڭ جەنۇبىغا يەنە بىر قېتىم
قوشۇن تارتتى⑬. مۇھەممەت سادىق قەشقەرى بۇ ھەقتە مۇنداق
تەپسىلىي بايانلارنى بېرىدۇ: "[جۇڭغار ھەربىي ئاقسۆڭەكلىرى]
زور قوشۇننى باشلاپ قەشقەرگە يۈرۈش قىلدى. ئاندىن بۇ يەردىن
يەركەنگە قاراپ توختىماي ئىلگىرىلىدى. خوجا دانىيال ئۆزلىرىنىڭ
ئاجىز ئىكەنلىكىنى، تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارىغا ئىگە ئەمەسلىكىنى
ھېس قىلىپ كۇفارلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا ئەلھۆكمىلىللا، دېدى.
شۇنىڭ بىلەن كۇفارلار ئۇلارنى باشلاپ قەشقەرگە ھۇجۇم
قوزغىدى. بىر مەھەل قىسقا قارشىلىقتىن كېيىن قەشقەر ئەل
بولدى. دانىيال خوجا مەزكۇر ئەلدىكى دىنىي ئىشلارغا تالاپەت
يېتىپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ قالماقلارغا خوجازادىلەرنى
ئۆلتۈرمەسلىك ھەققىدە نەسىھەت قىلدى. قالماقلار ئۇنىڭ
نەسىھىتىگە كىرىپ پەقەت قەشقەر ھۆكۈمرانى ئەھمەد خوجا (يەھيا
خوجىنىڭ ئوغلى) نىلا قاماققا ئالدى⑭، ئورنىغا ئۆزلىرى مۇۋاپىق
دەپ قارىغان بىر كىشىنى قويدى. لېكىن ئۇلار كېيىنچە ئەھمەد
خوجا ۋە دانىيال خوجىلارنى بىرلىكتە ئىلىغا ئېلىپ كەتتى. ئۇ
جايدا قالماق سەردارى دانىيال خوجىغا يۈكسەك ئىززەت-ئېكرام
بىلدۈردى، خوجا ئەھمەدنى بولسا ئېرەن قابىرغا دېگەن جايدىكى
چېگرىغا ئاپىرىپ ئورۇنلاشتۇردى⑮". روشەنكى سېۋان ئارابتاننىڭ

بۇ قېتىمقى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىغا قوشۇن تارتىشتىكى مەقسىتى جۇڭغار خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا توسقۇنلۇق قىلىۋاتقان خوجىلارنىڭ تەسىر كۈچىنى سۈپۈرۈپ تاشلاش ئىدى. گەرچە قاراتاغلىقلاردىن دانىيال خوجا ھەمكارلىشىش پوزىتسىيىسىدە بولغان ۋە جۇڭغار قوشۇنىنىڭ ئاقتاغلىقلارنىڭ بارگاھى بولغان قەشقەرگە ھۇجۇم قىلىشىغا ماسلاشقان بولسىمۇ ئاقىۋەت يەنىلا ئىستىلاچىلار تەرىپىدىن ئىلىغا ئېلىپ كېتىلگەن، پەقەت سەل-پەل ياخشىراق مۇئامىلىگە ئېرىشكەن، خالاس. ئاقتاغلىقلارنىڭ "ھىيلە-نەيرەڭگە تولا" سەردارى خوجا ئەھمەد بولسا قاتتىق نەزەربەند ئاستىغا ئېلىنغان.

سېۋان ئارابتان تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى ۋەزىيەتكە تەسىر كۆرسىتىپ تۇرۇۋاتقان خوجىلار جەمەتىدىن ئىبارەت بۇ دىنىي كۈچلەرنى تازىلىغاندىن كېيىن يېڭىۋاشتىن جۇڭغارلارغا مايىل يەرلىك ئەمەلدارلارنى ۋەزىپىگە قويۇپ بۇ رايونغا بولغان ھۆكۈمرانلىقىنى تېخىمۇ كۈچەيتمەكچى بولدى. بىراق ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي غەربىي يۇرتنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتىدىكى تەرەققىيات، ئۆزگىرىشلەر سېۋان ئارابتاننى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى ھۆكۈمرانلىق سىياسىتىنى يېڭىۋاشتىن تەڭشەشكە مەجبۇر قىلدى. XVIII ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن تارتىپ جۇڭغار خانلىقى مىسلىسىز قۇدرەت تاپتى ۋە سىرتقا قارىتا كېڭەيمىچىلىكنى جىددىيلەشتۈردى، نەتىجىدە ئۇنىڭ چىڭ سۇلالىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى تىنچلىقتا بىللە تۇرۇشتىن ھەربىي سۈركىلىشلەرگە يۈزلەندى، سېۋان ئارابتاننىڭ چىڭ سۇلالىسىگە بەيئەت قىلىپ قۇمۇلغا كۆپ قېتىم ھۇجۇم قىلىشى بىلەن ئىككى تەرەپنىڭ مۇناسىۋىتى بارغانسېرى جىددىيلىشىپ كەتتى. 1715-يىل چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى قۇمۇلغا ھۇجۇم قىلغان جۇڭغار قوشۇنىنى

چېكىندۈرگەندىن كېيىن غەربكە يۈرۈش قىلىشقا تەييارلىنىپ تىغ ئۇچىنى تۇرپانغا قاراتتى⑯. 1720-يىلغا كەلگەندە تۇرپاننى ئۆز ئىچىگە ئالغان تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىنىڭ شەرقىي قىسمىنى مانجۇلار ئىگىلەپ غەربىي يۇرتنى زىلزىلىگە كەلتۈردى⑰. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا تاشقى كرىزىس ئېغىرلاشتى، چارروسىيە مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ تاجاۋۇزى كۈچىيىپ 1720-يىل ئېرتىش دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىنى بويلاپ جۇڭغار خانلىقى تېررىتورىيىسىگە بېسىپ كىرىپ جۇڭغار خانلىقىنىڭ بىخەتەرلىكىگە ئېغىر تەھدىت سالدى. مانا مۇشۇنداق ۋەزىيەت ئاستىدا سېۋان ئارابتان ھۆكۈمرانلىق سىياسىتىنى ئۆزگەرتىشكە مەجبۇر بولدى. تەڭرىتاغنىڭ غەربىي جەنۇبىدا مەھكەم پۇت تىرەپ تۇرۇش ئۈچۈن بۇ رايوندا بىر قەدەر كۈچلۈك تەسىرگە ئىگە خوجىلارنى بۇ رايوننى باشقۇرۇشقا ياردەملىشىشكە، ئاساسلىقى غەللە-پاراق، باج-سېلىق يىغىشقا مەسئۇل قىلىپ قويدى. لېكىن ئۇ ئىككى مەزھەپتىكى خوجىلارنىڭ ھەممىسىنى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىغا قويۇۋەتمىدى. بەلكى جۇڭغار خانلىقى ئوردىسىغا ھەمكارلىشىش پوزىتسىيىسىدە بولغان قاراتاغلىق دانىيال خوجىنى تاللىۋالدى. تەخمىنەن 1720 - يىلى⑱ دانىيال خوجا چوڭ ئوغلى جوجا جاھاننى تۇرغاق ھېسابىدا ئىلىدا قالدۇرۇپ ئۆزى يەركەنگە قايتتى. مۇھەممەد سادىق قەشقەرى «تەزكىرەئى خوجىگان» دا مۇنداق دەيدۇ: ”دانىيال خوجا يەركەنگە پادىشاھ بولۇپ قەشقەر، ئاقسۇ، خوتەن خەلقىگە ھۆكۈملىرى جارى بولدى. ھەزرىتى ئافاق خوجا دەۋرىدە بېكىتىلگەن ھەريىلى قالماقلارغا يۈز مىڭ تەڭگە سېلىق تاپشۇرۇشنى دانىيال خوجا داۋاملاشتۇردى. مۇشۇ تەرىقىدە يەتتە يىل ئۆتتى“⑲.

دانىيال خوجا جۇڭغار خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىق قورالى بولۇش سۈپىتى بىلەن يەركەن قاتارلىق جايلاردىكى

بەگ-سىپاھلارنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشتى. ئۇ ئۆزىنىڭ دىنىي ئورنى ۋە جەمئىيەتتىكى تەسىرىدىن پايدىلىنىپ جوڭغار خانلىقى ئۈچۈن باج-سېلىق يىغدى ۋە جوڭغار خانلىقى بىلەن تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى تەڭشەپ تۇردى. ئالاھىدە كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىكى، يۇقىرىقى نەقىلدىكى "خوجىنىڭ ھۆكۈملىرى... جارى بولدى" دېگەن سۆز ھەقىقىي مەنىدىكى ھۆكۈمران يەنى مەمۇرىي-ھەربىي ئەمەلدار بولدى دېگەنلىك ئەمەس ئىدى، بەلكى ھۆرمەتكە سازاۋەر خوجىلىق سالاھىيىتىگە ئىگە ئىسلام مەنىۋى داھىيسى (دىنىي ئۇستاز) ۋە باج-سېلىق يىغقۇچى بولدى، دېگەنلىك ئىدى. مۇسۇلمان ئاپتورلار خوجىلارغا ئوخشاش ئىسلام مۆتىۋەرلىرىنى سۈپەتلىگەندە ھەمىشە ئۇلارنىڭ دىنىي تەسىرى ياكى ئابرۇيىنى مۇبالىغىلەشتۈرۈپ، دەھرىي جەمئىيەتكىچە كېڭەيتىپ مۇشۇ دىنىي مۆتىۋەرلەرنى ئەينى ۋاقىتتىكى دەھرىي جەمئىيەتنىڭ ھۆكۈمرانلىرى قىلىپ قويىدۇ. ئەمەلىيەتتە بولسا ئەينى ۋاقىتتا تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى ھەربىي-مەمۇرىي ھوقۇقلار ھەرقايسى ھاكىملارنىڭ قوللىرىدا بولۇپ، ئۇلار بىۋاسىتە جوڭغار خانلىقى ئوردىسى ئالدىدا جاۋابكار ئىدى، بۇ نۇقتا جوڭغار خانلىقىدىكى ئىچكى ماجىرا ۋە چىڭ سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتنى بىرلىككە كەلتۈرۈشى قاتارلىقلار بايان قىلىنغان تۆۋەندىكى تېكىستلەردە تېخىمۇ تولۇق ئەكس ئېتىدۇ.

## § 2 جوڭغار خانلىقىدىكى ئىچكى ماجىرا ۋە قاراتاغلىق خوجىلارنىڭ قارشىلىقلىرى

1727-يىلى سېۋان ئارابتان ئۆلگەندىن كېيىن جوڭغار خانلىقى ئۇنىڭ ئوغلى غالدان سېرىنىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا داۋاملىق مۇقىم

ھالدا تەرەققىي قىلدى. جەمئىيەتتە ئەمىنلىك ئورنىتىلىپ دۆلەت قۇدرەت تاپتى. ئەمما 1745-يىلى غالدان سېرىن كېسەل بىلەن ئۆلگەندىن كېيىن جوڭغار خانلىقى ھۆكۈمرانلار گۇرۇھىنىڭ ئىچكى نىزالىرى سەۋەبىدىن مالىمانچىلىققا پېتىپ قالدى.

غالدان سېرىن ئۆلگەندىن كېيىن ئىككىنچى ئوغلى سېۋان دورجى نامجال ھوقۇقدار بەگلەردىن گومبو، داشى داۋا قاتارلىقلارنىڭ يۆلىشى بىلەن 1746-يىلىنىڭ بېشىدا ئاتىسىنىڭ ئورنىغا ۋارىسلىق قىلىپ جوڭغار خانلىقىنىڭ ئالىي ھۆكۈمرانى بولۇپ قالغاندى. ئەمما ئۇ ئەيش-ئىشرەت بىلەن بولۇپ كېتىپ سىياسىي ئىشلارنى تاشلاپ قويغانلىقى، ھەددىدىن زىيادە گۇمانخورلۇق قىلىپ كىشىلەرنى قارا-قويۇق ئۆلتۈرۈۋەرگەنلىكى ئۈچۈن قول ئاستىدىكىلەرنىڭ كۈچلۈك نارازىلىقىنى قوزغىدى. ئۇنىڭ قېرىندىشى لامادارجا ئەسلىدىلا ئۇنىڭ تەختكە چىقىۋالغانلىقىغا قايىل ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنى قوللايدىغانلار بارغانسېرى كۆپەيگەنلىكتىن، ئۇ دورجى نامجالغا نىسبەتەن ئەڭ زور تەھدىت بولۇپ قالدى. 1750-يىلى سېۋان دورجى نامجال بۇ رەقىبىنى يوقاتماقچى بولغاندا ئەكسىچە ئۆزى مەغلۇپ بولۇپ، ئىككى كۆزى ئويۇپ تاشلاندى ۋە ئاقسۇدا زىندانغا سولاندى. شۇنىڭ بىلەن لامادارجا جوڭغار خانلىقىنىڭ ئاقساقىلى بولۇپ قالدى.

ھالبۇكى، كۈرەش بۇنىڭ بىلەنلا تۈگىمىدى. يېڭىدىن پادىشاھ بولغان لامادارجا ئانا تەرەپتىن ئېسىلزادىلەر پۇشتىدىن بولمىغاچقا زور تەسىرىي كۈچكە ئىگە چوڭ-كىچىك سېرىن دوندوب ئەۋلادلىرىنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىدى. بۇ ئۆكتىچىلەرگە كىچىك سېرىن دوندوبنىڭ ئوغلى داشى داۋا ۋە خونت قەبىلىسىنىڭ تەيجىسى ئامۇرسانا باشچىلىق قىلىپ، غالدان سېرىننىڭ كەنجى ئوغلى

سېۋان داشىنى ئاقساقاللىقتا كۆتۈرمەكچى بولدى. لامادارجا ئاۋۋال تىغ كۆتىرىپ سېۋان داشى ۋە داشى داۋانى قەتل قىلدى ھەمدە چوڭ سېرىن دوندوبنىڭ نەۋرىسى، تارباغاتاي ئەتراپىدا يۇرت كاتتىسى بولۇپ تۇرۇۋاتقان داۋاچىدىن شۈبھىلىنىشكە باشلىدى. داۋاچى ئاماۋرساناننىڭ مەدەت بېرىشى ۋە ماسلىشىشى بىلەن ئىسيان كۆتىرىپ 1753-يىلى 1-ئاينىڭ 1-كۈنى ئىلىغا تۇيۇقسىز بېسىپ كىردى ۋە لامادارجانى ئۆلتۈرۈپ، جوڭغار خانلىقىنىڭ ئەڭ ئالىي ھۆكۈمرانى بولۇپ قالدى.

داۋاچى تەختكە چىققاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ تارباغاتايدىكى يايلىقىنى ئاماۋرساناغا ئىنئام قىلىپ، ئۇنىڭ تۆھپىسىگە بولغان مىننەتدارلىقىنى بىلدۈردى. ئەمما قارا نىيەتى چېكىگە يەتكەن ئامۇرسانا بۇنىڭغا قانائەتلەنمەي، شۇ يىلىلا داۋاچىغا جوڭغار خانلىقىنى بۆلۈۋېلىش تەلىپىنى قويدى، تەلىپى رەت قىلىنغاندىن كېيىن قوشۇن تارتىپ داۋاچىغا ھۇجۇم قىلدى، شۇنىڭ بىلەن تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدا ئۇرۇش-جېدەللەر قايتىدىن باشلاندى.

جوڭغار ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى تەخت تالىشىش كۈرىشى جوڭغار خانلىقىنىڭ كۈچىنى زور دەرىجىدە ئاجىزلىتىۋەتتى. قۇدرەتلىك جوڭغار خانلىقى مالىمانچىلىق ئىچىدە تېزلا زاۋاللىققا يۈزلەندى، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى ھۆكۈمرانلىقىمۇ لىگشىپ قالدى. 1720-يىلى قاراتاغلىق خوجىلاردىن دانىيال خوجا تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىغا قايتىپ كېلىپ، ھەرقايسى شەھەر ھاكىملىرىنىڭ بۇ رايوننى باشقۇرۇشىغا ياردەملەشكەندى. ئۇنىڭ ھەمكارلىشىپ كۈچ چىقارغانلىقىدىن رازى بولغان سېۋان ئارابتان ئۇنىڭ ئورنىنى ئۆزگەرتمىدى. 1727-يىلى غالدان سېرىن سېۋان ئارابتاننىڭ ئورنىغا جوڭغار خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانى بولغاندىن كېيىن يەنىلا دانىيال خوجىنى

تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىنى ئۇمۇمىيۈزلۈك باشقۇرۇشقا قويىدى. ئەمما، قاراتاغلىق خوجىلار جۇڭغار ئوردىسىغا بويسۇنۇش ۋە ھەمكارلىشىش پوزىتسىيىسىدە بولغان بولسىمۇ، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدا ئۆزئۆن مەزگىل تەنها يۈرت سوراش جەريانىدا ناھايىتى زور دىنىي كۈچ بولۇپ شەكىللەنگەچكە جۇڭغار خانلىقىنى بارغانچە تەشۋىشكە سېلىپ قويىدى. ئاخىر غالدان سېرىن دانىيال خوجا قازا قىلغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشقا تەمەكچى بولدى. «تەزكىرەئى جوجىگان» دا مۇنداق دېيىلىدۇ: ”قالماق سەردارىنىڭ يارلىقىغا بىنائەن يەركەن خوجا جاھانغا، قەشقەر يۇسۇپ جوجىغا، ئاقسۇ خامۇش جوجىغا، خوتەن جوجا ئەبەيدۇللاغا تەقسىملەپ بېرىلدى“⑳. بۇ خوجىلار دانىيال جوجىنىڭ جىنىڭ ئوغۇللىرى ئىدى، غالدان سېرىن ”بۆلۈپ ئىدارە قىلىش“ ئۇسۇلىنى قوللىنىپ دانىيال جوجا ئۆلگەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئوغۇللىرىنى ھەرقايسى يۇرتلارغا ئەۋەتىۋەتتى ۋە شۇ ئارقىلىق جوجىلارنىڭ تەسىرىنى تارقاقلاشتۇرىۋەتتى.

دانىيال خوجىنىڭ ئوغۇللىرى ئىچىدە قەشقەردىكى جوجا يۇسۇپ ئەڭ كۈچلۈك ئىدى. ئۇ ئۇلۇغۋار ئىرادىگە ئىگە بولۇپ، جۇڭغار خانلىقىنىڭ بويۇنتۇرۇقى ئاستىدا ياشاشقا زادىلا رازى ئەمەس ئىدى. «تەزكىرەئى ئەزىزان» دا خاتىرىلىنىشىچە، جوجا يۇسۇپنىڭ ”ئىلغا بارماق-كەلمەك باھانىسى شۇ ئىدىكى، كۇفارلارنىڭ ھالىنى چاغلاپ، ۋاقتىنى غەنىمەت بىلمەك، شۇنداقلا سۇبھانەۋەتەئەلا بىر ۋاقىت ئاتا قىلغاندا، كۇفارلارغا ئۆز ئىشلىرىدىن بىر تەپرىقچىلىك يۈزلەنگەندە ئىسلام تىغىنى چېپىش ئىدى“㉑. ئەينى ۋاقىتتا تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى جوجىلار بولسۇن ياكى ھەرقايسى ھاكىملار بولسۇن ھەممىسىلا ئىلىدا تۇرغاق قالدۇرۇشى، بۇنىڭدىن سىرت يەنە ۋاقتى قەرەلىدە شەخسەن

ئۆزلىرى ئىلىغا بېرىپ جوڭغار ئوردىسىنى تاۋاپ قىلىشى كېرەك ئىدى. 1753-يىلى داۋاچى لاما دارجانى ئۆلتۈرۈپ قۇنتەيجى بولۇۋېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئەسلىدىكى ئىتتىپاقدىشى ئامۇرسانا بىلەن قىر-چاپقا چۈشۈپ كەتتى، بۇنىڭ بىلەن جوڭغار خانلىقى ئۇرۇش مالىمانچىلىقىغا پېتىپ قالدى. مۇشۇ ۋاقىتتا ئىلىدا قوبۇلنى كۈتۈۋاتقان جوجا يۇسۇپ "كۆڭۈل ئىچرە نەچچە يىلدىن بېرى ئارزۇ قىلىپ كەلگەن ئەسىرلىك گىرىپتارلىقىدىن خالاس بولۇش پۇرسىتى يېتىپ كەلدى [22]، دەپ قارىدى". ئۇ دەرھال ھەرىكەتكە كېلىپ، ئەينى ۋاقىتتا ئىلىدا تۇرۇۋاتقان قەشقەر ھاكىمى خوش كېپەك بەگنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈردى ھەمدە ئۇنى "قەشقەرگە بېرىپ شەھەرنىڭ سېپىل-قەلئەلىرىنى راستلاپ، جەڭ-جېدەلگە مۇھەييا ۋە ئامادە تۇرۇشنى جېكىلىدى" [23]. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا جوجا يۇسۇپ ئىلى رايونىدىكى قىرغىز-قىپچاق سەردارى ئۆمەر مىرزىغا مەكتۇپ يوللاپ ئوخشۇشلۇق ھالدا ئۇلارنى قولغا كەلتۈردى ھەمدە "ئىلىدا يايلاۋاتقان قىرغىز-قىپچاقلارنىڭ كۆچاغا، ئۇ يەردىن خوتەنگە بېرىشىغا ئىجازەت ئالدى" [24]. بۇ ئىشلارنى تۈگەتكەندىن كېيىن جوڭغارلارنىڭ تىزگىنلىشىدىن قۇتۇلۇش ۋە تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىغا قايتىش ئۈچۈن قىرغىزلار قەشقەرگە ھۇجۇم قىلماقچى، دەپ گەپ تارقاتتى. ئامۇرسانا بىلەن بولغان ئۇرۇشتا ھالسىراپ قالغان داۋاچى خوجا يۇسۇپنى قەشقەرگە قايتىپ بۇ ئىشلارنى بىر ياقلىق قىلىشقا بۇيرۇغاندا، جوجا يۇسۇپ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئىلىدا تۇرغاقلىقتا تۇرۇۋاتقان ئوغلى ئابدۇللانى ئەۋەتسىلا كۇپايە قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئابدۇللا قەشقەرگە قايتقاندىن كېيىن دەرھال ئالدىنئالا كېلىشىۋالغىنى بويىچە ئىلى تەرەپكە ئۆزىنىڭ تاقابىل تۇرۇشقا ئاجىز كېلىۋاتقانلىقىنى، ئاتىسى قايتىپ تىغ تۇتمىسا بولمايدىغانلىقىنى يەتكۈزدى [25]، شۇنىڭ بىلەن

خوجا يۈسۈپمۇ قەشقەرگە ئەۋەتىلدى.

بۇ مەزگىللەردە خوجىلار تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربى ۋە جەنۇبىدىكى قەشقەر، يەركەن، خوتەن قاتارلىق جايلاردىلا بىرقەدەر زور دىنىي-ئىجتىمائىي كۈچكە ۋە تەسىرگە ئىگە ئىدى. تارىم ئويمانلىقىنىڭ شىمالى يەنى تەڭرىتاغ ۋادىسىدىكى ئۈچ، ئاقسۇ قاتارلىق جايلاردا پەقەت قىسمەن دىنىي تەسىرگىلا ئىگە ئىدى، بۇ جايلاردىكى ھەربىي-سىياسىي چوڭ ھوقۇق جۇڭغارپەرەس يەرلىك فېئوداللاردىن خوجەسى بەگ قاتارلىقلارنىڭ قولىدا بولۇپ، ئۇلار ئىلى بىلەن قويۇق مۇناسىۋەتتە ئىدى. خوجا يۈسۈپ بۇ قېتىم ئىلىدىن قەشقەرگە قايتىش سەپىرىدە ئىلىغا تاۋاپ-تەزىمگە ماڭغان ئۈچ ھاكىمى خوجەسى بەگكە ئۇچراپ قالدى. خوجەسى بەگ خوجا يۈسۈپنىڭ ئىش-ھەرىكىتىدىن شۈبھىلىنىپ ئالدىراپ-تېنەپ ئىلىدىكى داۋاچىغا "يۈسۈپ خوجا يۈز ئۆرۈپ بېشىڭىزغا تىغ تارتماقچى" دەپ مەلۇمات سۇندى. داۋاچى دەرھال قوغلاشقا لەشكەر ئەۋەتتى، ئەمما بەكلا كېچىككەندى. شۇڭا ئارقىدىنلا قەشقەرگە "ئىلى ئامۇرساناننىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى، ياردەم بەرگەيسىز"، دەپ نامە يوللاپ، خوجا يۈسۈپنى ئىلىغا قايتىشقا چاقىردى، سىياسىي ھىيلە-نەيرەڭلەرگە يېتۈك خوجا يۈسۈپ دامىغا چۈشمىدى ۋە "پۈتۈمنىڭ مۇفاسىل كېسىلى بار، ساقايغاندىن كېيىن باراي"㉖ دەپ ئۆزرە ئېيتتى.

بۇ ۋاقىتتا جۇڭغارلار تەيىنلىگەن قەشقەر ئىشىكئاغىسى خۇدايار ۋە ئاتۇشتىكى يەنە بىر جۇڭغارپەرەس ئۇنسۇر يۈسۈپ خوجىنى جايلىۋېتىشنى يوشۇرۇن مەسلىھەتلەشتى. ئاتۇشتىكى بۇ جۇڭغارپەرەس خۇدايارنى خوجا يۈسۈپكە قارشى چىقىشقا قۇترىتىپ دەي-دەيگە سالدى، ھەتتا قالماقلار تەرەپتىن ئەۋەتىلگەن، دەپ بىر ساختا مەكتۇپ تەييارلاپ خۇدايار ۋە ئۇنىڭ مۇخلىسلىرىنى "خوجا

يۇسۇپنى تۇتۇپ، قەتل قىلىشقا پەرمان قىلدى“. بىراق، بۇ ۋاقىتتا قەشقەر بەگلىرىنىڭ كۆپىنچىسى خوجا يۇسۇپ تەرەپكە ئۆتۈپ كەتكەن بولغاچقا سۇيىقەست پاش بولۇپ قېلىپ خۇدايار ئۆلتۈرۈلدى. خوجا يۇسۇپ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قەشقەردىكى هاكىمىيەتنى قولىغا ئالدى ۋە قوشۇن ئەۋەتىپ ئاتۇشتىكى جوڭغارپەرەس كۈچلەرگە هۇجۇم قىلدى. جوڭغارپەرەسلەر تاقابىل تۇرالماي ئاقسۇغا قاچتى. جوڭغارپەرەس ئاقسۇ هاكىمى ئابدۇۋاهاپ ۋەزىيەتنىڭ جىددىيلىكىنى كۆرۈپ دەرهال ئىلىغا نامە يوللاپ ياردەم سورىدى ۋە ”دەرهال ھەمدەمگە لەشكەر كەلمىسە قەشقەر، يەركەن ۋە خوتەنىنىڭ ياۋ قولىغا چۈشۈپ كېتىدىغانلىقىنى“ يەتكۈزدى. ئەمما بۇ ۋاقىتتا ئامۇرسانا ئاللىقاچان چىڭ ئوردىسىغا بەيئەت قىلغان بولغاچقا چىڭ سۇلالىسى پادىشاھى چيەنلوڭ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئىلىغا لەشكەر تارتىش ۋە جوڭغارلارنى تەل-تۆكۈس تىنچىتىش قارارىغا كەلگەنىدى. داۋاچى تەختتىن ئاغىنىڭ جەنۇبىدىكى هۆكۈمرانلىقىنى قولدىن بېرىپ قويۇشنى خالىمىسىمۇ ”ئامۇرسانانىڭ مانجۇ ئوردىسىغا مەنسۇپ بولغانلىقىنى، ئېغىر لەشكەر بىلەن كەلمەكچى بولغانلىقىنى ئىشىتىپ، كېڭەش قىلدى ۋە بىر كىشىنى ئەلچىلىككە ئەۋەتىشكە قارار قىلدى“㉗.

ئەلچى داۋاچىنىڭ قەشقەر ۋە باشقا يەرلىك ئاقساقاللارغا يوللىغان جوجا يۇسۇپنى تۇتۇپ ئىلىغا ئاپىرىپ بېرىش مەزمۇنىدىكى خېتىنى ئېلىپ ئۈچ يۈز لەشكەر بىلەن ئۈچ ئارقىلىق قەشقەرگە ئاتلاندى. خوجا يۇسۇپ ئايغاقچىلاردىن ئۇلارنىڭ خەۋىرىنى ئالغاندىن كېيىن دەرهال جەڭگە تەييارلاندى. جوڭغار ئەلچىسى ئۈچ يۈز لەشكەر بىلەن قەشقەر سىرتىدا توسۇۋېلىنىپ، پەقەت بەشلا كىشىنىڭ شەهەرگە كىرىپ خوجا يۇسۇپ بىلەن كۆرۈشۈشكە ئىجازەت قىلىندى. قەشقەر بەگلىرى ۋەزىيەتنىڭ جوڭغارلارغا

پايدىسىز تەرەپكە يۈزلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، جۇڭغار ئەلچىسىگە ئاساسەن سوغۇق مۇئامىلىدە بولۇشتى. ئەلچى بەگلەرگە داۋاچىنىڭ يارلىقىنى يەتكۈزگەندە ئۇلار يۈزتۇرانە رەت قىلدى. جۇڭغارلار ئىلاجىسىز يەرلىك جۇڭغارپەرەسلەرنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ، يەركەنگە بېرىپ خوجا يۈسۈپنىڭ قېرىندىشى خوجا جاھاننى تۇتماقچى بولدى. چۈنكى "خوجا جاھان ساددا دىل ئىدى، ھەزرىتى يۈسۈپ خوجا بولسا مۇرغى زېرەك ئىدى"[28].

جوجا جاھان خوجا يۈسۈپتىن مەلۇمات ئېلىپ تەييارلىق كۆرۈپ قويغانىدى، لېكىن جۇڭغار ئەلچىسىگە يەركەندىكى غازىبەگ ھەمدەم بولدى، بۇ يەردە قارارگاھ تىكىپ تۇرۇۋاتقان جۇڭغارلارنىڭ قاراخانىمۇ پۈتۈن كۈچى بىلەن ياردەم بەردى. سىۋان ئارابىتان دەۋرىدە تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى ھۆكۈمرانلىقىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن جۇڭغار خانلىقى ھەرقايسى شەھەرلەردە تۇرۇشقا قاراخان ئەۋەتكەنىدى. چىڭ سۇلالىسى ۋەسىقىلىرىدە بۇ ھەقتە مۇنداق دېيىلىدۇ: "ھەرقايسى شەھەرلەردىكى مۇسۇلمانلارغا ئويراتلار زامانىسىدا قاراخانلار ئەۋەتىلگەن، ھەرقايسى جايلاردا تۇرۇشلۇق قاراخانلار ئاۋامغا ئېغىر ئازاب-ئوقۇبەتلەرنى سالغان"[29]. ئىلگىرى قاراخانلار ئويراتلارغا ۋاكالىتەن ئىش بېجىرىپ ئۇيغۇرلارنى ئاني تاپقان، شۇڭا ئۇيغۇرلار بىرنەچچە قېتىم ئۇلارغا قارشى چىققانىدى"[30]. "قاراخان" دەپ ئاتىلىدىغان بۇ مەنسەپدارلارنىڭ ۋەزىپىسى ئاساسەن غەللە-پاراق، باج-سېلىق يىغىش ئىشلىرىغا نازارەتچىلىك قىلىش ئىدى. چىڭ سۇلالىسى ۋەسىقىلىرىدە مۇنداق دېيىلىدۇ: "ئىلگىرى ئويراتلار زامانىسىدا ھەر يىلى قاراخاندىن بىرنى، جوجىدىن بىرنى ئەۋەتىپ، ھەرقايسى شەھەردىكى تۈتۈن سانىنى رويخەتكە ئالغان ۋە ئاجىز، قېرى كىشىلەرنى رويخەتتىن ئۆچۈرگەن"[31] ئەمما، قاراخانلارنىڭ

ۋەزىيىتى ئىقتىسادىي ئىشلار بىلەنلا چەكلەنمەيتتى. مۇھەممەد سادىق قەشقەرى «تەزكىرەئى ئەزىزان» دا: ”ئۇ ۋاقىتلاردا ھەربىر شەھەر-قورغاندا ئون بەشتىن قالماق بەگلىرى تۇراتتى. ئۇلار ئۆزلىرى تۇرۇۋاتقان جايلاردىكى ھەربىر ئۆزگىرىشلەرگە ھەر زامان كۆز تىكىپ تۇراتتى. بۇ قالماق بەگلىرى قاراخان، دەپ ئاتىلاتتى“ دەپ خاتىرىلەنگەن. دېمەك، قاراخانلارنىڭ يەنە ھەرقايسى جايلاردىكى ئۆزگىرىشلەرگە كۆز-قۇلاق بولۇپ تۇرۇش مەجبۇرىيىتى بار بولۇپ، ئۇلار جۇڭغار ھۆكۈمرانلار گورۇھىنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى ھەرقايسى شەھەرلەرنىڭ ھەربىي-سىياسىي ئىشلىرىغا بىۋاسىتە ئىشتىراك قىلاتتى ۋە ئارىلىشاتتى. كېيىنكى جۇڭغار خانلىقىنىڭ پادىشاھلىرى كۆپ قېتىم ئالماشقان بولسىمۇ تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىغا قاراخان ئەۋەتىش ئەمەلدىن قالدۇرۇلمىدى. بۇ قېتىم جۇڭغار ئەلچىلىرى يەركەنگە كەلگەندىن كېيىن خوجا جاھاننىڭ قاتتىق مۇداپىئەدە تۇرۇۋاتقانلىقىنى، ئۇنى ئاشكارا تۇتۇشنىڭ قىيىنلىقىنى كۆرۈپ، يەركەندىكى جۇڭغارپەرەسلەرنىڭ مۇھىم كاتتىۋېشى غازىبەگ ۋە قاراخان بولۇپ تۇرۇۋاتقان جۇڭغارلار بىلەن بىرلىشىشنى لايىق تاپتى. ئالدىن تۈزۈلگەن پىلان بويىچە ”قالماق ئەلچىسى غازىبەگنىڭ قەسرىدە ئاغرىغان بولۇپ يېتىۋالدى. بۇرۇنقى قاراخان ئورنىدا تۇرغان قالماقنى ۋە سودىگەر قالماقنى پىنھان جار بېرىپ ئېلىپ كەلدى ۋە تولۇق قوراللاندۇرۇپ تەييار قىلىپ تۇردى㉜. غازى توڭگۇز بېرىپ ھەزرىتى خوجا جاھاننى: ’كۇففار قاتتىق كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ ئۆلگىلىۋاتىدۇ. تۆرەنىڭ يارلىقى ۋە تامغىسى بار، كۆرسىتىۋالسام بولاتتى‘ دەۋاتىدۇ، دېگەننى باھانە قىلىپ، ئۇنى تۇرالغۇسىغا ئېلىپ كەلدى ۋە تۇتۇۋالدى“㉝.

ۋەقەدىن كېيىن خوجا جاھاننىڭ ئوغلى خوجا سىدىق جوڭغارلار ۋە ئۇلارنىڭ قولىلغۇچىلىرىنىڭ تۇتۇۋېلىشىدىن قېچىپ خوتەنگە بېرىۋالىدى، ئاندىن غازىبەگنىڭ خوتەندىكى ئايۋان-سارايلىرى ۋە ئائىلە-تاۋابىئاتلىرىنى گۆرۈ ئورنىدا تۇتۇپ تۇرۇپ غازىبەگنى خوجا جاھانغا قول سالالماس قىلىپ قويىدى. شۇنىڭدىن كېيىن خوجا سىدىق "خوتەندە جايلىشىپ قالغان قىپچاقلار ۋە مەزكۇر ئەل (خوتەن رايونى-نەقىل ئالغۇچ) دىكى ئاھالىلەردىن 6000—7000 چە قوشۇن تۈزۈپ" يەركەنگە يۈرۈش قىلدى. شۇ ۋاقىتتا قەشقەردىكى خوجا يۈسۈپ بۇ ئىشلاردىن خەۋەر تېپىپ يەركەندىن كەلگەن ئەلچىنى قاماققا ئېلىپ "قىرغىز قوشۇنىنىڭ يەركەنگە ھۇجۇم قىلىدىغانلىقىنى جاكارلىدى"، "مۇشۇنداق قىلىپ خەلقنى تەۋرىتىپ غايەت زور بىر قوشۇن تەشكىللىدى" ㉞ ۋە يەركەنگە ھۇجۇم قىلىشنىڭ تەييارلىقىنى پۇختىلىدى، شۇنداقلا خوجا جاھاننىڭ بىر تال مويىغىمۇ چېقىلماسلىق توغرىسىدا غازىبەگنى جىددىي ئاگاھلاندۇردى. جوڭغارلارنىڭ خوجا جاھاننى ئالمادىس ئىلىغا ئەپكېتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن خوجا يۈسۈپ 500 كىشىلىك قوشۇننى بارچۇققا تۇسۇپ زەربە بېرىشكە ئەۋەتتى. قەشقەر ۋە خوتەن تەرەپلەردىن كېلىۋاتقان زور بېسىم ئالدىدا جوڭغارلار ۋە غازىبەگ خوجا جاھاننى قويۇۋېتىشكە مەجبۇر بولدى، جوڭغار ئەلچىلىرىمۇ ئىلىغا قايتىپ كەتتى، قەشقەر، يەركەن ۋە خوتەن شۇ چېتى قاراتاغلىقلارنىڭ قولىدا قالدى.

بۇ قېتىمقى غەلىبىدىن كېيىن خوجا يۈسۈپ ھەتتا "ئىلىغا قوشۇن تارتىش ۋە ئەنجان، قىرغىزلاردىن ياردەم سوراش خىيالىغا كەلگەن"㉟ بولسىمۇ، ئۇنىڭ ۋاپات بولۇشى بىلەن بۇ پىلان ئىشقا ئاشمىدى.

## 3 § چىڭ سۇلالىسىنىڭ تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىنى بىرلىككە كەلتۈرۈشى

### 1. چىڭ سۇلالىسىنىڭ تەڭرىتاغنىڭ شىمالىنى بىرلىككە كەلتۈرۈشى ۋە ئاقتاغلىق خوجىلارنىڭ بەيئەت قىلىشى

جوڭغار خانلىقىدىكى ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئىچكى مالىمانچىلىق ۋە لەشكەر تارتىشلار ئويرات قەبىلىلىرىگە ئېغىر بالايىئاپەت ئېلىپ كەلدى. ھەرقايسى قەبىلىلەردىكى پۇقرالار ۋە كۆرەشلەردە يېڭىلگەن فېئوداللار ئارقا-ئارقىدىن شەرققە سۈرۈلۈپ قۇدرەتلىك ۋە ئاسايىش چىڭ سۇلالىسىگە بەيئەت قىلىشتى. چيەنلوڭنىڭ 15-يىلى (1750-يىلى) جوڭغار ھەربىي ئاقسۆڭەكلىرىدىن داشى داۋا ئىچكى نىزادا يېڭىلىپ زىندانغا تاشلانغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا تەۋە قەبىلىلەر تەقسىملىنىۋېلىنىدى، نۇسرەت قازانغۇچىلارغا ئىنئام قىلىپ بېرىلدى. داشى داۋانىڭ قول ئاستىدىكى زەيسان سالار خورلۇققا چىدىماي شۇ يىلى 9-ئايدا قول ئاستىدىكى مىڭ تۈتۈندىن كۆپرەك ئاھالىنى باشلاپ چىڭ سۇلالىسىگە بېقىندى ۋە چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ يۈكسەك ئېتىبار بىلەن قارشى ئېلىشىغا مۇيەسسەر بولدى، شۇنداقلا ”چاخارغا ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، سالارغا سانچىن ۋەزىرى ئۇنۋانى بېرىلدى“㊱. داۋاچى قورال كۈچى بىلەن جوڭغار خانلىقىنىڭ ئەڭ ئالىي ھوقۇقىنى تارتىۋالغاندىن كېيىن، سىياسىي رەقىبلىرىنى قاتتىق ئەدەپلىگەچكە دۆربىت تەيجىسى چېرىڭ، چېرىڭ ئۇباشى، چېرىڭ مۆڭكە قاتارلىقلار ئىلاجسىز قول ئاستىدىكى بىر تۈمەندىن ئارتۇق كىشىنى باشلاپ چيەنلوڭنىڭ 18-يىلى (1753-يىلى) 10-ئايدا چىڭ سۇلالىسىدىن پاناھلىق

تىلىدى. چىڭ گاۋزوڭ بۇنىڭغا تولىمۇ ئېتىبار بىلەن قاراپ ئۇلارنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇردى ھەمدە ئىككىنچى يىلى چېگىدېكى بىشۇ يازلىق ئوردىسىدا چېرىڭ ئۈچ بىر تۇغقان قېرىنداشلارنى قوبۇل قىلدى، شۇنداقلا ۋەنشۇيۈەن بېغىدا ئۇلارغا ئاتاپ ھەشەمەتلىك زىياپەت راسلىدى. ئويرات قەبىلىرىنىڭ ئىچكىرىگە بېقىنىشى جۇڭغار خانلىقى ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ئاممىنىڭ نەزىرىدىن چۈشكەنلىكىنى كۆرسىتىشتىن سىرت يەنە ھەرقايسى قوۋملارنىڭ ئۇرۇش مالىمانچىلىقىدىن بىزار بولغانلىقىنىڭ ۋە تىنچ، خاتىرجەم مۇھىتقا بولغان تەشنالىقىنىڭ ئىنكاسى ئىدى.

ئومۇمىيۈزلۈك گۈللىنىش ھالىتىدە تۇرۇۋاتقان چىڭ خاندانلىقىمۇ ئىزچىل تۈردە جۇڭغارلار ۋەزىيىتىدىكى تەرەققىياتتا كۆرۈلگەن ئۆزگىرىشلەرنى كۆزىتىپ كېلىۋاتاتتى ۋە بىر ئەسىردىن بۇيان چىڭ سۇلالىسىنىڭ بېشىنى ئاغرىتىۋاتقان غەربىي شىمال چېگرا مەسىلىسىنى ھەل قىلىۋېتىشنىڭ پۇرسىتىنى كۈتۈۋاتاتتى. جۇڭغار خانلىقىدىكى ئىچكى مالىمانچىلىقنىڭ بارغانچە ئەۋج ئېلىشى، بولۇپمۇ بىر تۇغقان چېرىڭلارنىڭ بەيئەت قىلىشىدىن كېيىن چىڭ خاندانلىقى جۇڭغارلار مەسىلىسىنى ئۇزۇل-كېسىل ھەل قىلىپ غەربىي يۇرتنى بىرلىككە كەلتۈرۈش پۇرسىتىنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى ھېس قىلدى. «چىڭ گاۋزوڭ دەۋرىدىكى ئوردا خاتىرىلىرى» نىڭ 464-جىلد چيەنلوڭنىڭ 19-يىلى (1754-يىلى) 5-ئايدىكى خاتىرىسىدە گاۋزوڭنىڭ تۆۋەندىكى پەرمانى خاتىرىلەنگەن: ”جۇڭغارلار خېلى ۋاقىتلاردىن تارتىپ ئۆزئارا قىر-چاپقا كىرىشىپ كەتتى، قازاقلارنىڭمۇ ھالىنى قويمىدى، بۇ بولسا ئۇلارنى بىر ياقلىق قىلىشتىكى ياخشى پۇرسەتتۇر. ناۋادا بۇ پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويۇپ بۇنىڭغا كۈچ چىقارمىساق يەنە بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن ئۇلاردىكى مالىمان ئاستا-ئاستا تىنچىشى مۇمكىن، شۇ

چاغدا ئۇلار ئالىمادىس ئەقلى-ھوشىنى يىغىپ مۇستەھكەم مۇداپىئە قۇرۇۋالسا ئۇ ۋاقىتتا ئۇلارنى ئىتائەت قىلدۇرۇشقا ھازىرقىدىن نەچچە ھەسسە كۆپ كۈچ كېتىشى مۇمكىن. ھالا بۇگۈنكى كۈندە ئۇرۇق ئاقساقاللىرىدىن چېرىڭ، چېرىڭ ئوباشى قاتارلىقلار ئۆز ساداقىتىنى بىلدۇرۇپ ئەل بولۇپ كەلدى، ئۇلار باشلاپ كەلگەن بىر تۈمەندىن ئارتۇق كىشىنى دەرھال مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇردۇق. مېنىڭ پىكرىم، پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي كېلەر يىلى ئىككى يولغا بۆلۈنۈپ قوشۇن تارتىش، ئۇدۇل ئىلىغا بېسىپ كىرگەندىن كېيىن چېرىڭ قاتارلىقلارنى شۇ يەردە تۇرغۇزۇپ، ئاۋامنى شۇنىڭ ئىلكىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىشتۇر. ئىلگىرىكى يىللاردا، كۆرۈلۈپ باقمىغان مۇشۇنداق ۋەزىيەتنى ئەستايىدىل ئويلىنىپ كۆرۈش كېرەك، مۇشۇنداق ۋەزىيەتتە ئىش تەۋرەتمەسلىككە ھەرگىز بولمايدۇ». چىڭ گاۋزوڭ جوڭغار خانلىقىدا ئىچكى جېدەل-ماجىرا تىنچىمايۋاتقان، ھەممە ئادەم ئۇلاردىن بىزار بولۇۋاتقان ياخشى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئىككىنچى يىلى ئىلىغا لەشكەر تارتىش، ئەڭ ئاخىرى «نەچچە يىللاردىن بېرى ئىشقا ئاشمىغان غەربىي شىمالنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئۇلۇغۋار ئىشىنى تاماملاشقا تەييارلانغانىدى».

دەل چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى مۇشۇ ئىستراتېگىيىلىك پىلانغا پائال تەييارلىق كۆرۈۋاتقاندا داۋاچى بىلەن بولغان ماجىرادا يېڭىلىپ ماڭارغا يول تاپالمايۋاتقان ئامۇرسانا شۇ يىلى (1745-يىلى) 7-ئايدا چىڭ سۇلالىسىگە بەيئەت قىلدى ۋە چىڭ سۇلالىسىنىڭ كۈچىدىن پايدىلىنىپ سىياسىي رەقىبىنى يوقىتىپ جوڭغار خانلىقىنىڭ ئالىي ھوقۇقىنى قولغا ئېلىش مەقسىتىگە يەتمەكچى بولدى. ئۇ چىڭ سۇلالىسى ئوردىسىدىن دەرھال قوشۇن چىقىرىپ داۋاچى

ھاكىمىيىتىنى يوقىتىشنى كۆپ قېتىم ئىلتىماس قىلدى ۋە تەشەببۇسكارلىق بىلەن چىڭ سۇلالىسىنىڭ تۇرشاۋۇل قىسمى بولۇشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئامۇرسانانىڭ چىڭ سۇلالىسىگە ئەل بولۇشى شەك-شۈبھىسىزكى چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئىستراتېگىيىلىك پىلانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش قەدىمىنى تېزلەتتى. چيەنلوڭنىڭ 20-يىلى (1755-يىلى) 2-ئايدا چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى ئىككى يولغا بۆلۈنۈپ داۋاچىغا جازا يۈرۈشى قىلدى. بەن دى شىمالىي تىنچلاندۇرغۇچى سانغۇن، ئامۇرسانا چېگرانى تىنچلاندۇرغۇچى سول قول ئورۇنباسار سانغۇن بولۇپ شىمالدىن يولغا چىقتى. يۇڭ چاڭ كۈنپېتىشنى تىنچلاندۇرغۇچى سانغۇن، سالار چېگرانى تىنچلاندۇرغۇچى ئوڭ قول ئورۇنباسار سانغۇن بولۇپ غەربتىن يولغا چىقتى. ئىككى قوشۇننىڭ ھەربىرىدە 25 مىڭچە ئادەم، 70 مىڭچە ئات بار ئىدى. شىمالىي يول قوشۇنى ئۇلاستايدىن، غەربىي يول قوشۇنى باركۆلدىن يولغا چىقىپ بورتالا دەرياسىدا ئۇچراشماقچى بولدى. " ئىككى ئورۇنباسار سانغۇن جۇڭغار سەردارلىرى ئىدى. ئۇلارنىڭ تۇغ كۆتەرگەن قىسمى ئەڭ ئالدىدا تۇرشاۋۇل بولۇپ ماڭدى. ھەرقايسى قوۋملار ئۇلارنىڭ سۇر-ھەيۋىسىنى كۆرۈپ"㊲ ئارقا-ئارقىدىن ئەل بولدى. 5-ئايدا ئىككى يول قوشۇنى بورتالادا ئۇچراشتى. داۋاچى ئېغىر چىقىم تارتىپ يېقىنلىرىنىڭ مۇھاپىزىتى بىلەن ئىلىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى گېدىن تېغى (ھازىرقى موڭغۇلكۈرە ناھىيىسى تەۋەسىدە) غا چېكىندى. چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى بۇ يەردە ئۇلارغا يەنە بىر قېتىم قورشاپ ھۇجۇم قىلدى. 5-ئاينىڭ ئاخىرى داۋاچى 2000 دىن كۆپرەك قالدۇق كۈچلىرى بىلەن قاتمۇقات مۇھاسىرىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، جەنۇب تەرەپتىكى قۇرۇقتاغ ئارقىلىق ئاقسۇغا قاچتى. بۇنىڭدىن ئىلگىرى قاراپ بېقىش پوزىتسىيىسىدە

بولۇپ كېلىۋاتقان ئۈچ ھاكىمى خوجەسى بەگ ئاللىقاچان چىڭ سۇلالىسىنىڭ شىمالنى تىنچلاندۇرغۇچى سانغۇنى بەن دىنىڭ داۋاچىنى تۇتۇشقا ياردەملىشىش پەرمانىنى تاپشۇرۇۋالغانىدى، يەنە كېلىپ بۇ ۋاقىتتا ۋەزىيەتنىڭ يامانلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ، داۋاچىنى ئالداپ ئەپكېلىپ باغلىۋالدى ۋە چىڭ قوشۇنلىرى بارگاھىغا ئاپىرىپ بەردى. بۇنىڭ بىلەن تەڭرىتاغنىڭ شىمالى تىنچىتىلىپ داۋاچى ھاكىمىيىتى يىمىرىلدى، جوڭغارلارنىڭ تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى ھۆكۈمرانلىقىمۇ شۇنىڭ بىلەن تەڭ ئاخىرلاشتى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ غەربىي يول قوشۇنى ئىلىغا قاراپ ئىلگىرىلەش يولىدا جوڭغارلارغا تۇرغاق بولۇپ تۇرۇۋاتقان خوجىلارنى يولۇقتۇردى. «جوڭغارلارنى تىنچىتىش تەدبىرلىرى» نىڭ رەسمىي نۇسخا 10-جىلد چيەنلوڭنىڭ 20-يىلى(1755-يىلى) 4-ئايدىكى خاتىرىدە مۇنداق دېيىلىدۇ: "سالار قاتارلىقلار مۇنداق مەلۇمات سۇندى: كەمىنە قوشۇن تارتىپ ئىلگىرىلەش يولىدا ھەرقايسى قوۋملاردىن كۆپلەپ كىشىلەر ئەل قىلدۇرۇلدى ...

4-ئاينىڭ 6-، 7-كۈنلىرى ئاباغاس، قادان، دامچى پۇرپۇ قاتارلىقلار 3000 تۇتۇندىن كۆپرەك قوۋم بىلەن كېلىپ ئەل بولدى.

8-كۈنى يەركەن، قەشقەر خوجىلىرى سىۋان ئارابتان دەۋرىدە ئاتىمىزنى تۇتقۇن قىلىۋالغانىدى، ھالا بۇگۈنكى كۈندە بىزنى ھەم قايتۇرمايۋاتىدۇ، بىز قول ئاستىمىزدىكى ئوتتۇز نەچچە كىشى بىلەن خان ئالىيلىرىنىڭ قۇللىرى بولۇپ خىزمەت قىلىشقا رازىمىز، دەپ ھال-ئەھۋال ئېيتتى ھەمدە قاشتېشى تەخسىسىدىن بىرنى سوۋغا قىلدى. كەمىنە شاپائەتلىك شاھ ئاتىمىزنىڭ كۆرسەتمە ۋە يارلىقلىرىغا بىنائەن ئۇلارغا ئىنئام-مۇكاپات تەسەددۇق قىلىپ، ھەرقايسى جايلاردىكى مۇسۇلمانلار يايلاقلىرىغا

ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدۇم". بۇ نەقىلدىن مەلۇمكى، چىڭ
سۇلالىسىنىڭ چېگرانى تىنچىتقۇچى ئوڭ قول ئورۇنباسار سانغۇنى
سالار غەربىي يول تۇرشاۋۇلى بولۇپ 3-، 4-ئايلار ئارىلىقىدا ئېرەن
قابىرغا ئەتراپلىرىغا كەلگەندە㊳ جۇڭغار سەردارلىرى، جۈملىدىن
يەركەن، قەشقەر خوجىلىرى ئارقا-ئارقىدىن بەيئەت قىلغان، ئەمما
بۇ خوجىلار جۇڭغارلار تەرىپىدىن تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدا نەزەربەند
قىلىنىۋاتقان ئىككىنچى ئەۋلاد خوجىلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ
ئاتىلىرىنى سىۋان ئارابتان "تۇتقۇن قىلىۋالغانىدى". بۇ يەردە
ئۇلارنىڭ ئىسىم-شەرىپى، نەسەبى، ھەتتا ئۇلارنىڭ جۇڭغارلار
تەرىپىدىن نەزەربەند قىلىنغان يېرىمۇ تىلغا ئېلىنمىغان، لېكىن،
جۇڭغار سەردارلىرىدىن ئاباغاس، قادان قاتارلىقلار ئېرەن
قابىرغادىكى زەيسانلار بولغاچقا، جۇڭغارلار تەرىپىدىن نەزەربەند
قىلىنىپ كېلىنىۋاتقان خوجىلار ئاشۇ ئاباغاس قاتارلىقلارغا ئەگىشىپ
چىڭ سۇلالىسىگە ئەل بولغان، مۇشۇنىڭدىن قارىغاندا ئۇلارنىڭ
نەزەربەند قىلىنغان جايى ئېرەن قابىرغا بولسا كېرەك.

ئالدىنقى بابلاردا بايان قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك، مۇسۇلمان
مەنبەلىرىدە خاتىرىلىنىشىچە، سىۋان ئارابتان ئىككىنچى قېتىم
قوشۇن ئەۋەتىپ تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى قاراتاغلىق، ئاقتاغلىق
خوجىلارنى تەڭرىتاغنىڭ شىمالىغا ئېلىپ كەتكەن، "ئىنائەتچان"
شۇنداقلا ھەمكارلىق پوزىتسىيىسىدە بولغان قاراتاغلىق جوجا
دانىيالنى ئىلىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، "ئۆز نېسىۋىسىگە شۈكرى
قىلمايدىغان" ئاقتاغلىق جوجا ئەھمەدنى ئېرەن قابىرغا دېگەن
چەت-ياقا جايدا نەزەربەند ئاستىغا ئالغانىدى㊴. بۇ ھەقتە خەنزۇچە
مەنبەلەردىمۇ ئاز-تولا خاتىرىلەر بار. «مۇسۇلمانلار يۇرتىنىڭ
ئومۇمىي تەزكىرىسى» نىڭ 6-جىلدىدا مۇنداق دېيىلىدۇ: "كونا
جوجىلاردىن ئەھمەد پەيغەمبەر ئەۋلادىدىن بولۇپ يەركەن، قەشقەر

دېگەن جايلاردا تۇرۇپ ئۇيغۇرلارنى باشقۇرغان. جۇڭغارلار ئۇنى ئالداپ تۇتقاندىن كېيىن ئاباغاس قاتارلىقلار بىلەن بىللە نەزەربەندكە ئالغان، كېيىنچە ئاچچىق يۇتۇپ ئۆلۈپ كەتكەن. ئۇنىڭ ئىككى ئوغلى بولۇپ، چوڭىنىڭ ئىسمى بۇرهانىدىن، كىچىكىنىڭ ئىسمى خان خوجا، ئاباغاس ئۇلارنىمۇ نەزەربەند قىلىشقا تاپشۇرۇۋالغان. زور قوشۇن كەلگەندە ئاندىن قويۇپ بېرىلگەن". بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان "كونا خوجىلاردىن ئەھمەد"—دەل ئاقتاغلىق خوجا ئەھمەدنى كۆرسىتىدۇ. چىڭ سۇلالىسى غەربىي يۇرتنى بىرلىككە كەلتۈرگەن يىللاردا جوجىلارنىڭ تارىخىنى ئانچە بىلىپ كەتمىگەنلىكى، ئۇلاردىكى قاراتاغلىق، ئاقتاغلىق دېگەن پەرقلەردىن خەۋەرسىز ئىكەنلىكى، يەنە كېلىپ غەربىي يۇرتنى بىرلىككە كەلتۈرۈشنىڭ ئالدى-كەينىدە چىڭ سۇلالىسى ئوردىسى قاراتاغلىق جوجىلار بىلەن ئۇچرىشىپ باقمىغانلىقى ئۇچۇن مۇشۇ مەزگىلدىكى چىڭ سۇلالىسى ۋەسىقىلىرىدە ئاقتاغلىقلار ھەققىدىلا خاتىرىلەر پۈتۈلگەن، قاراتاغلىقلار توغرىسىدا بولسا بىر نەرسە دېيىلمىگەن. جوجا ئەھمەدنى جۇڭغارلار ئەسىر ئېلىپ تەڭرىتاغنىڭ شىمالىغا ئېلىپ كەتكەندىن كېيىن، نەزەربەند ئىچىدە ئۆمرىنى ئاخىرلاشتۇرغان، بۇرهانىدىن ۋە خان خوجىمۇ ئاباغاس تۇرۇۋاتقان جايغا بىللە نەزەربەند قىلىنغان. يۇقىرىدا كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئاباغاسنىڭ يايلىقى ئېرەن قابىرغا دېگەن يەردە ئىدى. بۇ نام ھەققىدە «غەربىي يۇرتتىكى ئوخشاش تىللىق ئەللەر تەزكىرىسى» نىڭ 4-جىلدىدا "ئېرەن قابىرغا"غا مۇنداق ئىزاھ بېرىلىدۇ: "جۇڭغارچە سۆز، ئېرەن دېگىنى رەڭگىرويى، دېگەن گەپ؛ قابىرغا دېگىنى بېقىن، قوۋۇرغا، دېگەن مەنىدە. بۇ تاغ بوغدانىڭ تارماق چوقىلىرىدىن بولۇپ، بەجايىكى ئادەمنىڭ ئوڭ-سول قوۋۇرغىلىرىغا ئوخشايدۇ". مۇشۇ ماۋزۇنىڭ ئاستىغا بېرىلگەن

"ئۇيغۇر يېزىقى" دىكى شەكىلدىمۇ "ئىبرەن قابىرغا" دېيىلىدۇ. شۇبھىسىزكى، بۇ «تەزكىرەئى خوجىگان» دىكى ئىبرەن قابىرغا بىلەن بىر جاينى كۆرسىتىدۇ. شۇنداق بولغاندا يۇقىرىقى نەقىلدىكى چىلىڭ سۇلالىسىنىڭ غەربىي يول قوشۇنغا ئەل بولغان خوجىلارنى ئاباغاسنىڭ نەزەربەند قىلىشقا تاپشۇرۇلغان بۇرھانىدىن ۋە خان خوجا قېرىنداشلارنىڭ دەل ئۆزى، جۇڭغار سەردارلىرىدىن ئاباغاس ۋە قادانلار چىلىڭ سۇلالىسىگە بەيئەت قىلغاندا ئۇلار تەرىپىدىن نەزەربەند قىلىنىۋاتقان خوجىلارمۇ بىللە كەلگەن، دەپ قاراشقا بولىدۇ. بۇ نۇقتىنى چىلىڭ سۇلالىسىنىڭ شىمالنى تىنچلاندۇرغۇچى سانغۇنى بەن دىنىڭ شۇنىڭدىن ئۆزۈن ئۆتمەي يازغان مەلۇماتى ئارقىلىقمۇ دەلىللەشكە بولىدۇ. بەن دى ئۆز مەلۇماتىدا بۇرھانىدىنى تاۋابىكارلار قاتارىغا كىرگۈزگەن ۋە مۇنداق ئەسكەرتىش بەرگەن: "قەشقەرلىك خان خوجىنىڭ قېرىندىشى بولغان بۇرھانىدىن غەربىي يول قوشۇنلىرى تەرىپىدىن قولغا چۈشۈرۈلگەن ئۇيغۇر خوجىلىرىدىندۇر. بۇلاردىن بىرىنى يايلاق رايونىغا مەسئۇل قىلىپ قويماق جايىزدۇر"㊵. خاتىرە-تەزكىرىلەرنى ئومۇميۈزلۈك ۋاراقلاپ كۆرسەك، غەربىي يول قوشۇنلىرىغا پەقەت يۇقىرىدا تىلغا ئالغان ئىككى خوجىنىڭلا بەيئەت قىلغانلىقىنى بىلىمىز. بۇ ئەھۋال سالارغا ئەل بولغان خوجىنىڭ دەل ئاقتاغلىق ئەھمەد خوجىنىڭ ئوغلى بۇرھانىدىن ئىكەنلىكىنى ئېنىق ئىپادە قىلىدۇ. ئۇ مۇشۇ قېتىمقى ئەل بولۇش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ جۇڭغارلارنىڭ تىزگىنلىشىدىن قۇتۇلماقچى بولغان. ئەمما سالار ئاددىيلا بىر تەرەپ قىلىپ: "ئۇيغۇر يايلاقلىرىدا ماكانلاشتۇرۇشقا بۇيرۇغان"، يەنى ئەسلىي ھالىتىنى ساقلاپ قالغان.

4. ئاينىڭ ئاخىرلىرى چىلىڭ سۇلالىسىنىڭ شىمالىي يول

قوشۇنى شىمالنى تىنچلاندۇرغۇچى سانغۇن بەن دى، چېگرانى تىنچلاندۇرغۇچى سول قول ئورۇنباسار سانغۇن ئامۇرسانانىڭ قوماندانلىقىدا بورتالاغا كېلىپ، بارگاھ تىكتى، ئەل بولغان جۇڭغار سەردارلىرىمۇ ئارقا-ئارقىدىن بۇ يەردىكى چىڭ سۇلالىسى سەركەردىلىرىنىڭ ئالدىغا كېلىپ "قوشۇن باشلاپ ئەجىر-تۆھپە كۆرسىتىشكە تەييار" ئىكەنلىكلىرىنى بىلدۈرۈشتى㊶. بۇلاردىن زەيسان قادانىڭ قەشقەر خوجىلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ قوبۇلغا كەلگەنلىكى توغرىسىدا سانغۇن بەن دى مۇنداق مەلۇمات يوللىدى: "سانچى ۋەزىر قادان قەشقەرلىق بارات خوجىنى ئەگەشتۈرۈپ سەممىيىتىنى ئىپادىلەشكە كەلدى. خوجا ئېيتىدۇركى، 'پېقىرنىڭ ئۇلۇسىدىكىلەر جۇڭغارلارغا ئەل بولغىلى 50 يىلدىن ئاشتى، ھەزرىتى ئاتامنىڭ ۋاقتىدا غالدان سېرىن خوجىلىقنى بىكار قىلىۋېتىپ ئاباغاسىنىڭ ئۆتۈكىدە نەزەربەند ئاستىدا تۇتۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بەرگەنىدى. ئاتام قازا قىلغاندىن كېيىن پېقىر قېرىندىشىم بۇرھاندىن بىلەن تا ھازىرغا قەدەر نەزەربەند ئاستىدا تۇرۇپ كەلدۇق ۋە زەيسان ئاباغاسىنىڭ ئىنىسى قادانىڭ بارگاھىدا چارۋا باقتۇق. ھەممەتىلىك قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ساماۋى پادىشاھلىققا بەيئەت قىلىدىغانلىقىنى، لەشكەر باشلاپ سەپەرگە چىققانلىقىنى ئاڭلاپ بىز ئىككى قېرىنداشمۇ لەشكەر باشلاپ تۆھپە كۆرسىتىشنى، خان ئالىيلىرىنىڭ شاپائىتىگە جاۋاب قايتۇرۇشنى ئىستىگەچكە خىللانغان قىرىق نەۋكەر بىلەن قادانغا ئەگىشىپ بىللە كەلدۇق. يەنە بىرى، بىز ئەسلىدە قەشقەر خوجىلىرىدىن ئىدۇق. ئىلى ئەمىن تاپقاندىن كېيىن يۇرتىمىزغا قايتىش شەرىپىگە مۇيەسسەر بولغانلىق ھاياجىنىمىزنى قەشقەر، يەركەن قۇۋمىلىرىنى بەيئەت قىلدۇرۇپ، بىرلىكتە تىزلىنىش ئارقىلىق ئىپادىلىسەك، دېگەن ئارزۇدا بىز' دېدى. نۆۋەتتە ئۇلارنىڭ ئېلىپ كەلگەن قىرىق

ئادىمىنى جۇڭغار قوشۇنىنىڭ ئەلەم تۇتقۇچى تۇرشاۋۇل قىسمى قىلىپ ماڭدۇردۇق. ناتاۋان ۋەزىرىمىز ئامۇرسانا 'ئىلىدا ئۇيغۇرلار بەك كۆپ، ناۋادا بارات خوجا جۇڭغارلارنىڭ تۇغ-ئەلەملىرىنى كۆتۈرۈپ ئالدىن يۈرسە ئۇيغۇرلار يىراقتىن ئۇلارنى كۆرە-كۆرمەيلا ئەل بولىدۇ' دەيدۇ"㊷. بۇ ئابزاستىكى سانچى ۋەزىر قادان ئىبرەن قابىرغادىكى ئەل بولغان جۇڭغار سەردارى زەيسان قادان بولۇپ، چىڭ سۇلالىسى تەرىپىدىن سانچى ۋەزىرلىككە تەيىنلەنگەندى. بۇ قېتىم قادانغا ئەگىشىپ بەن دىگە ئىتائەت قىلغان بارات خوجا شۈبھىسىزكى، سالارغا ئەل بولغان خوجىلاردىن خان خوجا ئىدى. ئۇلار ئەينى ۋاقىتتا ئاباغاس، قادان دېگەنلەرنىڭ ئۆتۈكلىرىگە نەزەربەند قىلىنغانىدى. بەن دى كېيىنرەك يوللىغان يەنە بىر مەلۇماتنامىسىدا بۇ ھەقتە مۇنداق ئەسكەرتىش بېرىدۇ:

"كەمىنەنىڭ تەكشۈرۈپ كۆرۈشىچە، جوجىلار دېگىنى ئاباغاسنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن بۇرھانىدىن، خان جوجىلار ئىكەن. ئىككى يول قوشۇنى ئىلگىرىلىگەندە ئۇلار ئارقا-ئارقىدىن ئەل بولغان"㊸ يەنى سالار باشلىغان قوشۇن ئىبرەن قابىرغاغا كەلگەندە قېرىنداش خوجىلاردىن بۇرھانىدىن ئاباغاس ۋە قادانلارغا ئەگىشىپ ئەل بولغان، بەن دى باشلاپ ماڭغان شىمالىي يول قوشۇنى بورتالادا بارگاھ تىككەندىن كېيىن خان خوجىمۇ قادانغا ئەگىشىپ ئۆز سەممىيىتىنى ئىپادىلەشكە كەلگەن. بارات دېگىنى بولسا خان خوجىنىڭ يەنە بىر ئىسمى بولسا كېرەك ياكى بولمىسا ئۇنىڭ ئەسلىي ئىسمى بارات، كىشىلەر ئارىسىدىكى ھۆرمەت نامى "خان خوجا" بولسا كېرەك. شۇنداق بولغاندا "ھەزرەت" دېگىنى مۇسۇلمان مەنبەلىرىدىكى ئەھمەد خوجا بولۇپ چىقىدۇ.

چىڭ سۇلالىسى ئوردىسى بەيئەت قىلغان خوجىلارغا بەكمۇ ئېتىبار بىلەن قارىدى. چيەنلوڭخان سالارنىڭ ئالاقىدار

مەلۇماتلىرىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن ئالاھىدە مۇنداق يارلىق چۈشۈردى: «سەمىمىيىتىنى بىلدۈرگەن خوجىلار ئەسلىدە يەركەن، قەشقەر مۇسۇلمانلىرىنىڭ كاتتا يولباشچىلىرىدىن بولۇپ، جۇڭغارلار ئۇلارنى بارىمتاي ھېسابىدا تۇتۇۋالغان، ئۇزۇن مەزگىل يۇرتىغا قايتالماي جىق جەۋر-جاپا تارتقان. سالار ئۇلارنى تاۋابىگارلار قاتارىدا ئەۋەتمەكچى بولۇۋېتىپتۇ. تاۋاپ تۇگەپ ئۇلار ئۆز ماكانىغا قايتقاندا ئۇلارنىڭ مۇسۇلمانلار ئارىسىدىكى ئورنى ئەسلىگە كەلتۈرۈلسۇن. بۇ ھەقتە ئۇلارغا ئالدىنئالا ئۇچۇر بېرىلىپ، ئۇلارنىڭ خاتىرجەم كۆڭۈللىرى تەسكىن تاپتۇرۇلسۇن!»[44]، يەنى چىيەنلۇڭخان خوجىلار ئارقىلىق تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىنى ئىدارە قىلىشقا تەييارلانغانىدى. كېيىن بەن دى قاتارلىقلار يېڭىدىن ئەل بولغان بارات خوجا (خوجا خان) نى ئىلىدىكى مۇسۇلمانلارنى بەيئەت قىلدۇرۇشقا خىزمەت قىلدۇرۇشنى تەكلىپ قىلغاندا چىيەنلۇڭخان بۇنىڭغا تامامەن قوشۇلدى ۋە مۇنداق كۆرسەتمە بەردى: «قەشقەرلىك بارات خوجا نۆۋەتتە لەشكەرلەر ئارىسىدا تۇرۇۋاتىدۇ. ئىش نۇسرەت بىلەن ئاخىرلاشقاندا ئۇنى يەنە يەركەندىكى مۇسۇلمانلارنى بەيئەت قىلدۇرۇشقا سېلىڭلار»[45]، بۇ داۋاچى يوقىتىلغاندىن كېيىن خوجىلاردىن پايدىلىنىپ تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىنى قولغا ئېلىڭلار، دېگەنلىك ئىدى. 6-ئاينىڭ باشلىرى ئىلى ئاساسەن تىنچىتىلغاندىن كېيىن چىيەنلوڭخان بەن دىگە خان خوجا قاتارلىقلارنى تېزدىن ئاستانىگە سالامغا ئېلىپ كېلىشنى يارلىق قىلدى، بەن دى تۈزگەن تاۋابىگارلار روپىخېتىدە خان خوجىنىڭ ئىسمى يوقلۇقىنى كۆرۈپ بەكلا خاپا بولغان خان: «مەن خان خوجىنى تاۋاپقا ئەپكىلىش توغرىسىدا ئالدىنئالا پەۋقۇلئاددە پەرمان چۈشۈرگەن... ھازىرقى 25 كىشىنىڭ ئىچىدە ئۇ يوق ئىكەن»[46] دېدى. بۇنىڭغا قارىتا بەن دى جاۋابەن يوللىغان مەلۇماتنامىسىدە:

”قەشقەرلىك خان خوجىنىڭ قېرىندىشى بۇرھانىدىن غەربىي يول قوشۇنلىرىغا ئەل بولغانىكەن. بۇ ئىككى قېرىنداشنىڭ بىرى يايلاقتا مەسئۇل بولۇپ قېلىپ قېلىشى زۆرۈر بولغاچقا بۇرھانىدىن ئىككىنچى تۇركۇمدىكى تاۋابىكارلار قاتارىغا كىرگۈزۈلدى“㊼ دەپ ئەسكەرتىش بەرگەن.

## 2. چىڭ سۇلالىسىنىڭ تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىنى ئىگىلىشى

ھالبۇكى، بۇرھانىدىنىنىڭ سالامغا بېرىشى ئەمەلگە ئاشمىدى، چىڭ سۇلالىسىنى بۇ قارارنى ئۆزگەرتىشكە مەجبۇر قىلغىنى ئۇچ، ئاقسۇ ۋەزىيىتىنىڭ جىددىيلىشىشى ئىدى. «جۇڭغارلارنى تىنچىتىش تەدبىرلىرى» نىڭ رەسمىي نۇسخا 14-جىلد چيەنلوڭنىڭ 20-يىلى (1755-يىلى) 6-ئايدىكى خاتىرىسىدە مۇنداق دېيىلىدۇ: ”بەن دىنىڭ مەلۇماتى: ئاقسۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ ھاكىمبېگى ئابدۇبەگ قاتارلىقلار: ’ يەركەن، قەشقەردىكى لەشكىرىي ئۆزگىرىشلەردىن خەۋەردار بولغان ۋە باسمىچىلىق قان-قىنىغا سىڭىپ كەتكەن قىپچاق، خوشۇت قوۋملىرى تىل بىرىكتۈرۈپ، ئاقسۇ، تۇرپان، دولان، سايرام خەلقلىرىنى بۇلاپ-تالاپ بوزەك قىلدى. تاقابىل تۇرۇشقا ئۇ جايلاردىكى لەشكەرلەر ۋە سەرۋازلار ئاجىزلىق قىلىپ قالدى، شۇڭا ئۇلار بىلەن كۈچ ئىلىشقىلى بولمايۋاتىدۇ. شۇڭا ھەزرەتلىرىنىڭ ياردەمگە قوشۇن ئەۋەتىپ كەمىنە بەگ-خوجىلارنى ئۇشبۇ دىشۋارچىلىقتىن قۇتۇلدۇرۇۋېلىشلىرىنى تىلەيمىز‘ دەپ خەۋەر يەتكۈزدى. كەمىنەنىڭ تەكشۈرۈپ كۆرۈشىچە ئاباغاسىنىڭ نەزەربەند قىلىشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن بۇرھانىدىن، خان خوجا دېگەنلەر ئىككى يول قوشۇنى يۈرۈشتە كېتىۋاتقاندا جۇڭغارلارغا

ئەگىشىپ ئەل بولغانىكەن. ئەرزىمەس قۇللىرى شاھ ئاتىمىزنىڭ پەرمانىغا لايىق بۇرھانىدىننى سالامغا ئەۋەتىپ خان خوجىنى يايلاققا مەسئۇل قىلىپ بېكىتتۇق. ئەمدىكى ئەھۋالدا ئۇ خوجىلار قەشقەر مۇسۇلمانلىرىنىڭ كاتتىۋاشلىرىدىن بولغاندىكىن يەركەن، قەشقەر ئاھالىسىنىڭ ئۇلارغا مايىللىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۇلارنىڭ ئاقسۆغا بېرىشى ۋە يەركەن، قەشقەر ئاھالىسىنى بويسۇندۇرۇشىغا ئىجازەت بېرىلىشىنى سورايمىز. پېقىر قۇللىرىنىڭ ئورتاق مەسلىھەتتىن ھاسىل قىلغان چولتا پىكرىچە ئۇلارنى ھازىرچە ئاقسۇغا ئەۋەتىپ ئاھالىسىنى ئەمىن تاپتۇرساق، ئىش پۈتكەندىن كېيىن سالامغا ماڭدۇرساقمۇ كېچىككەن بولماس». بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان ئاقسۇ ھاكىمبېگى ئابدۇبەگ ئالدىنقى ماۋزۇلاردا تىلغا ئېلىپ ئۆتۈلگەن ئابدۇۋاھاب ئىدى. بۇ كىشى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى ئابرۇيلۇق جەمەت بولغان خوجەسى بەگ جەمەتىنىڭ مۇھىم ئادىمى، جۈملىدىن خوجەسى بەگنىڭ قېرىندىشى بولاتتى. خوجەسى بەگ بولسا ئۇ ۋاقىتتا ئۇچ ھاكىمبېگى ئىدى، بۇ ئاكا-ئىنى قېرىنداشلار ئۇچ، ئاقسۇ تەۋەسىدىكى ھەربىي-سىياسىي چوڭ ھوقۇقلارنى تۇتۇپ تۇرۇۋاتاتتى. چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى ئىلىغا قوشۇن تارتقاندا خوجەسى بەگ داۋاچىنىڭ ئىككى پۈتى بىر ئۆتۈككە تىقىلغانلىقىنى كۆرۈپ قېيىقنى سۇنىڭ ئېقىشى بويىچە ھەيدەشنى لايىق تاپتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار داۋاچىنى ئالداپ ئېلىپ كېلىپ چەمبەرچاس باغلىدى ۋە چىڭ قوشۇنلىرىغا تاپشۇرۇپ بېرىپ ئۆزلىرىنىڭ بەيئەت قىلىش ئارزۇسىدا ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئۇلارنى كاتتا تارتۇقلار بىلەن تارتۇقلىدى. ئۇلار ئەسلىدىنلا جۇڭغارپەرەسلەر بولۇپ، يەركەن، قەشقەر قاتارلىق جايلارنى تىزگىنلەپ تۇرۇۋاتقان قاراتاغلىق خوجىلار بىلەن قارىمۇقارشى مەيداندا ئىدى. بۇ ۋاقىتلارغا كەلگەندە قاراتاغلىقلار

خوجا يۈسۈپنىڭ يېتەكچىلىكىدە جۇڭغار خانلىقى ھالاك بولغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ شىمالدىكى ئۈچ، ئاقسۇ قاتارلىق جايلارغا ھۇجۇم قوزغاش ۋە ئۇ جايلارنى قاراتاغلىقلارنىڭ كونتروللۇقىغا ئۆتكۈزۈش كويىدا بولۇۋاتاتتى. بۇ ھەقتە مۇسۇلمان مەنبەلىرىدىمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان خاتىرىلەر بار. «تەزكىرەئى خوجىگان» دا ئېيتىلىشىچە، قاراتاغلىق خوجا يۈسۈپ "ئىلىغا ھۇجۇم قىلىش ۋە ئەنجان، قىرغىز قاتارلىقلاردىن ياردەم سوراش نىيىتىگە كەلدى"(48). بۇ خىل ئەھۋالدا مەككار خوجەسى بەگ جەمەتى قاراتاغلىقلار بىلەن زادىلا پۇرچىقى پىشمايدىغان، شۇنداقلا قاراتاغلىقلارغا ئوخشاشلا قۇدرەتلىك دىنىي تەسىرگە ئىگە بولغان ئاقتاغلىق خوجىلارنى ئېسىگە ئالدى. شۇنىڭ بىلەن ئاقسۇ ھاكىمبېگى ئابدۇۋاھاب ئىلىدىكى چىڭ قوشۇنلىرى بارگاھىغا ياردەم تىلەپ ئادەم ئەۋەتتى ھەمدە ئۇلارنىڭ ئىلىدىكى ئاقتاغلىق خوجىلار ۋە داۋاچىنى تەقدىم قىلغان خوجەسى بەگ قاتارلىقلارنى قايتۇرۇپ بېرىشنى شۇ ئارقىلىق يەركەندىكى قاراتاغلىقلارنىڭ ھۇجۇمىغا تاقابىل تۇرۇشنى ئۈمىد قىلدى. بەن دى، ئامۇرسانا قاتارلىقلار "ئورتاق مەسلىھەتلىشىپ كۆرۈپ" ئاقسۇ تەرەپنىڭ ئىلتىماسىغا قوشۇلدى ۋە چوڭ خوجا بۇرھانىدىننىڭ ئاستانىگە سالامغا بېرىشنى ۋاقتىنچە توختىتىپ، ئۇنىڭغا تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى يەركەن، قەشقەر قاتارلىق جايلارنى تىنچىتىش يارلىقىنى يەتكۈزدى، كىچىك خوجا داۋاملىق ئىلىدا تۇرۇپ مۇشۇ رايوندىكى "مۇسۇلمانلارنى" باشقۇرىدىغان بولدى. مۇھەممەد سادىق قەشقەرى «تەزكىرەئى خوجىگان» دا، بۇرھانىدىننىڭ بىر مانجۇ ئەلچى بىلەن بىرلىكتە تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىنى بەيئەت قىلدۇرۇشقا ماڭغىنىنى، ئۇلارغا ھەمراھ بولۇپ چىڭ لەشكەرلىرى ۋە قالماقلار (ئويراتلار) دىن تۈزۈلگەن بىر قوشۇننىڭمۇ بىللە يولغا

چىققانلىقىنى ئېيتىدۇ㊾. بۇ ئەلچىلەرنىڭ تەشكىللىنىش ئەھۋالى توغرىسىدا «تەزكىرەئى خوجىگان» نىڭ يەنە بىر يېرىدە تەپسىلىي قىلىپ بۇرھانىدىن بىلەن بىللە ماڭغانلاردىن تۇرۇمتاي دارىن باشچىلىقىدىكى 400 مانجۇ قوشۇنى ۋە دان جىڭجىڭ باشچىلىقىدىكى 1000 كىشىلىك قالماق قوشۇنى بارلىقىنى ئېيتىپ ئۆتىدۇ㊿.
«تەزكىرەئى خوجىگان» نىڭ ئىنگلىزچە قىسقارتىلما تەرجىمىسىنى ئىزاھلىغان ئېلىئاس "تۇرۇمتاي" دېگەننى يېشەلمىگەن، ئەمما "دارىن" دېگەننى يۇقىرى مەرتىۋىلىك ئەمەلدارلارنىڭ ئادەتتىكى ئاتىلىشى بولغان 大人 بولۇشى مۇمكىن، دەيدۇ. ئۇ يەنە "دان جىڭ-جىڭ" دىكى dan نى Tan ياكى tang دېگەن فامىلە بولۇشى مۇمكىن، جىڭ-جىڭ دېگىنى شۈبھىسىزكى سانغۇن (将军) دېگەن سۆز دەپ قارايدۇ. «تەزكىرەئى خوجىگان» نىڭ خەنزۇچە قىسقارتىلما تەرجىمىسىدە "تۇرۇمتاي دارىن" نى 托伦泰大人 دەپ، جىڭ-جىڭ دېگەننى 大将军 دەپ ئالغان، بۇنىڭدىكى كېيىنكى سۆزنىڭ خەنزۇچە تەرجىمىسىدە نېمىنى ئاساس قىلغانلىقى بىزگە نامەلۇم، ئەمما ئالدىنقى سۆزنىڭ خەنزۇچە تەرجىمىسى پۈتۈنلەي توغرا. خەنزۇچە مەنبەلەرگە ئاساسلانغاندا، ھەقىقەتەنمۇ چىڭ سۇلالىسىنىڭ تۇرۇمتاي ئىسىملىك بىر ياساۋۇل بېشى "مۇسۇلمانلارنى بەيئەت قىلدۇرۇش" ئۈچۈن بۇرھانىدىن بىلەن بىللە تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىغا ئاتلانغان، ئۇنىڭ بىلەن بىللە ماڭغانلاردىن يەنە ئويراتلارنىڭ تىلىنىگىن زەيسانى گويىن قاشقامۇ بار ئىدى㊿①. دەرۋەقە، خەنزۇچە مەنبەلەردە تىلغا ئېلىنغان چىڭ سۇلالىسىنىڭ ياساۋۇللار بېشى تۇرۇمتاي دەل مۇسۇلمان مەنبەلىرىدىكى "تۇرۇمتاي دارىن" نىڭ ئۆزى ئىدى، ئۇ چېگرانى تىنچلاندۇرغۇچى سانغۇن بەن دىنىڭ يارلىقىغا بىنائەن قوشۇن تارتىپ بۇرھانىدىن بىلەن بىللە "قەشقەر، يەركەن قاتارلىق

جايلارنى تىنچلاندۇرۇشقا ئاتلانغان". ئۇلار ئالدى بىلەن ئاقسۇغا كېلىپ خوجەسى بەگ باشچىلىقىدىكى يەرلىك بەگلەرنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا سازاۋەر بولدى، بۇرھانىدىننىڭ خوجىلىق سالاھىيىتى ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇپ خەلقنىڭ ئىززەت-ھۆرمىتىگە ئېرىشتى. خوجەسى بەگ جەمەتى كونتروللۇقىدىكى يەنە بىر شەھەر ئۇچمۇ تۇرۇمتاي، بۇرھانىدىن قاتارلىقلارنىڭ قەدەم تەشرىپ قىلىشىنى سورىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار تارىم ئويمانلىقىنىڭ شىمالىدىكى ئاقسۇ، ئۇچ قاتارلىق شەھەر-قەلئەلەرنى ئوڭۇشلۇق ئىگىلىدى. «تەزكىرەئى خوجىگان» دا بۇ توغرىلىق بۇرھانىدىننىڭ يېنىدا تۇرۇمتاي ۋە ئۇ باشلاپ ماڭغان مانجۇ، ئويرات قوشۇنىدىن باشقا يەنە "ئاقسۇ، تۇرپان (ئۇچ)، كۇچا، سايرام، دولان ۋە قىرغىز سەردارلىرىمۇ بار ئىدى" دېيىلىدۇ㊾. يەرلىك بەگلەرنىڭ قوللىشى بىلەن بۇرھانىدىن قاتارلىقلار ئاقسۇ، ئۇچ قاتارلىق جايلاردىكى ئاھالىلاردىن كۈچلۈك بىر قوشۇن تەشكىللەپ، مۇشۇ جايدىن قاراتاغلىقلار كونترول قىلىپ تۇرۇۋاتقان قەشقەر، يەركەن قاتارلىق شەھەرلەرگە يۈرۈش قىلدى.

ئەينى ۋاقىتتا قاراتاغلىقلارنىڭ سەردارى خوجا يۇسۇپ يەركەندە كېسەل بولۇپ يېتىپ قالغانىدى. بۇرھانىدىننىڭ بېسىمى ئالدىدا ئۇ كېسەل ئىكەنلىكىگە قارىماي جەڭ تەييارلىقىغا كىرىشتى، "ئەينى ۋاقىتتا قىرغىزلار، خوتەنلىكلەر ۋە يەركەنلىكلەر قەشقەرنى قوغداشقا چاقىرىلدى"㊿. ئەمما بەزى ھوقۇقدار ئاقسۆڭەكلەر خوجا يۇسۇپنىڭ مۇداپىئەلىنىش تاكتىكىسىغا قوشۇلماي، قوشۇن چىقىرىپ تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۇچ ۋە ئاقسۇغا ھۇجۇم قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويدى. تەشەببۇسكارلىق بىلەن ھۇجۇمغا چىقىش پىلانىغا خوجا يۇسۇپ

قارشى چىققان بولسىمۇ ئۇلار يەنىلا بىر تارماق قوشۇننى شىمالغا جەڭ قىلىشقا ماڭدۇردى. بۇ قوشۇن خوجا يۇسۇپنىڭ جىيەنى خوجا يەھيانىڭ باشچىلىقىدا يەركەندىن يولغا چىقىپ يېڭىسارغا كەلگەندە شۇ يەردىكى قىرغىزلارمۇ سەپكە قوشۇلدى. كۈتۈلمىگەن پېشكەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئۇلار ئاسىيلىق قىلىش ئېھتىماللىقى بار دەپ قارالغان يېڭىسار ھاكىمبېگىنى قاماپ قويدى، ئاندىن ئۇ جايدىن ئاتۇشقا بېرىپ ئۇچقا يۈرۈش قىلدى.

مانا مۇشۇنداق ھالقىلىق پەيتتە خوجا يۇسۇپ بەختكە قارشى كېسەل بىلەن قازا قىلدى، بۇ قاراتاغلىقلار ئۈچۈن غايەت زور يوقىتىش ئىدى. ئۇنىڭ ئورنىغا قولىدىن ھېچقانچە ئىش كەلمەيدىغان خوجا جاھان قاراتاغلىقلارنىڭ سەردارى بولدى. ئۇ ئەسلىدىلا شىمالغا قوشۇن تارتىپ جەڭ قىلىشقا قارشى ئىدى، ھەتتا يولغا چىقىپ بولغان قوشۇننى قايتۇرۇپ كەلمەكچىمۇ بولغانىدى، لېكىن ھەرقايسى بەگ-تۆرىلەرنىڭ نەسىھەت قىلىشى بىلەن يەنە ياردەمگە قوشۇن ئەۋەتتى. بۇ قوشۇن خوجا يەھيا باشلاپ ماڭغان قوشۇنغا يېتىشىۋېلىپ بىرلىكتە ئۇچقا قىستاپ كەلدى. چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى، جوڭغار قوشۇنى ۋە ئاقسۇ، ئۇچ قوشۇنلىرىنى ھىمات قىلغان بۇرھانىدىن جەڭگە چىقتى. ئىككى قوشۇن روبىرو بولغاندىن كېيىن يەركەن قوشۇنى بۇرھانىدىن قوشۇنىنىڭ ھەربىي كۈچى ئالدىدا ئېسەنكىرەپ تۇرۇپ قالدى. گەرچە خوجا يەھيا ۋەز-تەبلىغ ئارقىلىق نەۋكەرلەرگە ئىلھام بېرىپ باققان بولسىمۇ جەڭ باشلىنىش بىلەنلا يەركەن قوشۇنى يەنىلا "توپ-توپ بولۇپ ياۋ تەرەپكە قاچتى"، "قالغانلارمۇ ئىشىنىڭ ئەپلەشمەيۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئارقا-ئارقىدىن بەدەر قېچىشتى"(54). يەركەن تەرەپ قوشۇنى ئېغىر تالاپەت يەپ، خوجا يەھيا قالغان-قاتقان لەشكەرلىرى بىلەن ئالاقزادىلىك ئىچىدە قاچتى، نۇرغۇنلىغان قىرغىزلار بۇرھانىدىن

تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتى، خوجا يەھياغا ئەگىشىپ قاچقان قىرغىزلار بولسا ھەممە جاي پات-پاراقچىلىققا تولغان مالىماندىن پايدىلىنىپ يەركەن رايونىنى قاتتىق تالان-تاراج قىلدى. بۇرھانىدىن غەلىبىسىرى ئىلگىرىلەپ قەشقەرگە قىستاپ كەلدى ۋە يەرلىك ئاقتاغلىق مۇرىتلارنىڭ قوللاپ-قۇۋۋەتلىشىگە ئېرىشتى، ”يەرلىك بەزى مۇخلىسلار شەھەر قۇۋۇقىنى ساقلاۋاتقان قىپچاق-قىرغىزلار بىلەن ئالاقىلىشىپ“[55] ئۇلارنى قاراتاغلىقلارغا ياردەم بېرىشتىن توختاتتى. قەشقەرنى ساقلاۋاتقان قاراتاغلىقلار ۋە ئۇلارنىڭ قوللىغۇچىلىرى ۋەزىيەتنىڭ قىل ئۈستىدە تۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئىلاجىسىز قەشقەرنى تاشلاپ يەركەنگە چېكىندى. شۇنىڭ بىلەن ئاقتاغلىق خوجىلار ھېچقانداق توسالغۇسىز دېگۈدەكلا شەھەرگە كىردى. بۇ ئەلۋەتتە بۇرھانىدىننىڭ ئاقتاغلىق خوجىلارنىڭ سەردارى بولۇشتەك سالاھىيىتىنىڭ مۇسۇلمانلار ئارىسىدىكى غايەت زور تەسىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى، بىراق تېخىمۇ مۇھىمى يەنىلا قۇدرەتلىك چىڭ سۇلالىسىنىڭ بولغانلىقى ئىدى. «تاشقى ۋاسساللاردىن موڭغۇل-مۇسۇلمان ۋاڭ-گۇڭلىرىنىڭ نەسەبنامىسى» 117-جىلدىدا مۇنداق دېيىلىدۇ: ”خۇش ئەسلىي خوتەنلىك، دەسلەپ قەشقەر ھاكىمبېگى بولغان ۋە جۇڭغارلارغا بېقىنغان. زور قوشۇن جۇڭغارلارنى تىنچىتقاندىن كېيىن بۇرھانىدىننى يۇرتىغا قايتۇرغىنىمىزدا خۇش بەگ قاتارلىق بەگلەر ئۇنى توسۇۋالغان، قوشۇنىمىزنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن كىرىشكە ئىجازەت قىلغان“. خۇش بەگ دېگىنى «تەزكىرەئى خوجىگان» دىكى خۇش كىپەك بەگنىڭ دەل ئۆزى، ئۇ قەشقەرنىڭ ھاكىمبېگى ۋە شۇ جايدىكى ئەڭ ئالىي لەشكىري-مەمۇري ئاتامان بولۇپ، تېخى يېقىندىلا قاراتاغلىقلارنىڭ جۇڭغارلارنىڭ كونتروللۇقىدىن قۇتۇلۇشىغا ياردەملەشكەنىدى. ئۇ

ئاقتاغلىق بۇرھانىددىننى قوبۇل قىلىشنى خالىمىسىمۇ چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىنىڭ كەلگەنلىكىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئىلاجىسىز نىيىتىدىن ياندى.

بۇرھانىددىن قەشقەرنى ئىگىلىگەندىن كېيىن قاراتاغلىقلارنىڭ باش بارگاھى بولغان يەركەنگە ھۇجۇم قىلدى. ئاقتاغلىقلارنىڭ كۈچلۈك ھۇجۇمى ئالدىدا قاراتاغلىقلارنىڭ سەردارى بولغان خوجا جاھان چېكىنىش نىيىتىگە كەلدى. ئۇ ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە: ”ۋاقىپىلىنىشىمىزچە ھەزرىتى ئافاق ئەۋلادلىرىدىن بىرەيلەن مانجۇلارنىڭ ياردىمى بىلەن قەشقەرنى پەتھى قىلىپتۇدەك، ئۇ يەركەننىڭمۇ ساھىبى بولۇشنى ئىستەۋېتىپتۇ. جەمەتىمىزنىڭ كۇففارلارغا باش ئىگىشى دۇرۇس ئەمەس، نۆۋەتتە بىز كۇتۇۋاتقىلى ئۇزۇن بولغان ئارزۇيىمىز—ھەزرىتى بۇزرۇكۋارىمىزنىڭ يېنىغا بېرىش پۇرسىتى كېلىۋاتىدۇ“56 دېدى، كېيىن يەركەن بەگ-سىپاھىلىرىنىڭ نەسىھىتى بىلەن خوجا جاھان قېچىش نىيىتىدىن ۋاز كېچىپ يەركەن مۇداپىئەسىنى تەشكىللەشكە كىرىشتى. دىنىي تۈس ئاستىدا يەركەن قوشۇنى ھەدەپ قىستاپ كېلىۋاتقان بۇرھانىددىننىڭ شىددەتلىك ھۇجۇملىرىغا قەيسەرلىك بىلەن قارشىلىق كۆرسەتتى. بۇرھانىددىن ھۇجۇم قوزغاش بىلەن بىرگە خوجا جاھانغا ئەلچى ئارقىلىق ”ئەڭ ئاخىرقى ئۇلتىماتوم“ يوللىدى. بۇ ئالدى بىلەن چىن خاقانى، ئاندىن ئامۇرسانالارنىڭ نامىدا يېزىلغان مەكتۇپ بولۇپ، ”ئۆتمۈشتە قالماقلارغا بېقىنغان ۋاسسال ئەللەر چىن ئۇلۇسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولۇشى كېرەك، بويۇنتاۋلىق قىلىنسا چىن پادىشاھى يېڭى-يېڭى قوشۇنلىرىنى ئەۋەتىپ بۇ يۇرتنىڭ ئىت-مۈشۈكىگىچە قىرىپ تاشلايدۇ“ دېگەن مەزمۇندا ئىدى57. خوجا جاھان بۇرھانىددىننىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئۇلتىماتومىنى رەت قىلدى، ئەمما قاراتاغلىقلار بارگاھىدا بۆلۈنۈش

يۈز بېرىپ، غازىبەگ باشچىلىقىدىكى بىر تۈركۈم يەركەن تۆرىلىرى بۇرھانىدىنغا ئەل بولدى، ئۇلارنىڭ ئىچكى جەھەتتىن ماسلىشىشى بىلەن بۇرھانىدىن ئاخىر يەركەنگە بېسىپ كىرىپ قاراتاغلىقلارنى قانلىق باستۇردى. خوجا جاھان باشچىلىقىدىكى قارا تاغلىق خوجىلارنىڭ جەددى-جەمەتى دەھشەتلىك قىرغىن قىلىنىپ، خوجا جاھاننىڭ ئىنىسى ئابدۇللا ئىككى بالىنى ئېلىپ قېچىپ كېتىشكىلا قادىر بولالىدى ۋە ياقا يۇرتلارغا مۇساپىر بولۇپ چىقىپ كەتتى(58). شۇنداق قىلىپ چىڭ سۇلالىسى ئاخىرقى ھېسابتا تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىنى پۈتۈنلەي بويسۇندۇرۇپ بۇ رايونغا بولغان ھۆكۈمرانلىقىنى باشلىدى.

---

**ئىزاھلار:**

① «باياۋاندا ئاسىيلارنى تىنچىتىش تەدبىرلىرى»، 30-جىلد، كاڭشىنىڭ 35-يىلى (1696-يىلى) 9-ئاي.

② «جۇڭغارلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، 119-بەت، خەلق نەشرىياتى، 1985-يىل.

③ يۇقىرىقى كىتاب، 121-بەت.

④ «چىڭ شېڭزۇ دەۋرىدىكى ئوردا خاتىرىلىرى»، 182-جىلد، كاڭشىنىڭ 36-يىلى (1697-يىلى) كەبىسە 3-ئاي.

⑤ بۇ خاتىرىدە خاتالىق بار، بۇ سۇلتان ئەھمەد بولۇشى كېرەك، ئالدىنقى بابتىكى ئىزاھقا قاراڭ.

⑥ «تەزكىرەئى خوجىگان»، خەنزۇچە نۇسخا، 102-بەت.

⑦ «تەزكىرەئى خوجىگان»-«1873-يىلدىكى يەركەنگە ئەلچىلىككە بېرىش خاتىرىسى»، 1798-بەت.

⑧ نامەلۇم ئاپتور يازغان «قەشقەر تارىخى»-«قىرغىزلار ۋە قىرغىزلار رايونىنىڭ تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار»، 1-قىسىم، 222-بەتتىن نەقىل ئېلىندى.

⑨ نامەلۇم ئاپتور يازغان «قەشقەر تارىخى»، بىراق مەزكۇر ئەسەردە قوشۇن تارتىپ جەنۇبقا يۈرۈش قىلغان جوڭغار قۇنتەيجىسىنىڭ ئىسمى سىۋان ئارابتان دېيىلمەستىن چوكولا دېيىلگەن.

⑩ مۇسۇلمان مەنبەلىرى ۋە «مۇسۇلمانلار يۇرتىنىڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى»، «سەلتەنەتىمىزدىكى ۋاسساللار توغرىسىدا ئومۇمىي بايان»، «تاشقى ۋاسساللاردىن موڭغۇل، مۇسۇلمان ۋاڭ-گۇڭلىرىنىڭ نەسەبنامىسى» قاتارلىق خەنزۇچە ۋەسىقىلەردە بىردەك ئەھمەد دېيىلىدۇ، ئەمما «غەربىي يۇرتتىكى ئوخشاش تىللىق ئەللەر تەزكىرىسى»، «غەربىي يۇرتنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» قاتارلىقلاردا مۇھەممەد دېيىلىدۇ.

⑪ «تەزكىرەئى خوجىگان»، خەنزۇچە نۇسخا، 102-بەت.

⑫ چۇنيۇەن چىشىيى: «غەربىي يۇرتتا كۆرگەن-ئاڭلىغانلىرىم»، 6-جىلد.

⑬ TKhنىڭ «مۇقەددىمە» سىگە قاراڭ.

⑭ يەھيا خوجىنى كۆرسىتىدۇ، بەزىدە 雅雅 دەپ يېزىلىدۇ.

⑮ «تەزكىرەئى خوجىگان»، خەنزۇچە نۇسخا، 103-بەت.

⑯ «چىڭ شىڭزۇ دەۋرىدىكى ئوردا خاتىرىلىرى»، 264-جىلد، كاڭشىنىڭ 54-يىلى (1715-يىلى) 6-ئاي.

⑰ «جوڭغارلارنى تىنچىتىش تەدبىرلىرى»، 7-جىلد.

⑱ «تەزكىرەئى خوجىگان»دا مۇنداق دېيىلىدۇ: "دانىيال خوجا... ئىلىدا ئىززەت-ئىكرام ئىچىدە يەتتە يىلنى ئۆتكۈزدى" («ئويرات موڭغۇللىرىنىڭ تارىخىغا دائىر تەرجىمىلەر مەجمۇئەسى»، 4-قىسىم، 122-بەت). 1713-يىلىدىن باشلاپ ھېسابلىغاندا يەتتە يىلدىن كېيىنكى ۋاقىت 1720-يىلى بولىدۇ. مۇسۇلمان مەنبەلىرىدە يەنە دانىيال خوجا يەركەنگە قايتىپ يەتتىنچى يىلى سىۋان ئارابتان ئالەمدىن ئۆتتى، دېيىلىدۇ(«تەزكىرەئى خوجىگان»، خەنزۇچە نۇسخا، 105-بەت)، «چىڭ شىزوڭ دەۋرىدىكى ئوردا خاتىرىلىرى» نىڭ 64-جىلد، يۇڭجېڭنىڭ 5-يىلى (1727-يىلى) 12-ئايدىكى خاتىرىدە سىۋان ئارابتاننىڭ 1727-يىلى ئۆلگەنلىكى قەيت قىلىنىدۇ. مۇشۇ يىلنامىنى ئالدىغا يەتتە يىل سۈرسەك 1720-يىلغا توغرا كېلىدۇ.

⑲ «تەزكىرەئى خوجىگان»، خەنزۇچە نۇسخا، 105-بەت.

⑳ يۇقىرىقى كىتاب، 106-بەت.

㉑ يۇقىرىقى كىتاب، 31-ئىزاھ، 126-بەت.

㉒ يۇقىرىقى كىتاب،107-بەت.

㉓ يۇقىرىقى كىتاب، 107-بەت.

㉔ يۇقىرىقى كىتاب، 109-بەت.

㉕ يۇقىرىقى كىتاب، 108-بەت.

㉖ يۇقىرىقى كىتاب، 108-بەت.

㉗ يۇقىرىقى كىتاب، 108-،109-بەتلەر.

㉘ يۇقىرىقى كىتاب، 109-،110-بەتلەر.

㉙ «چىڭ گاۋزوڭ دەۋرىدىكى ئوردا خاتىرىلىرى»، 1070-جىلد، چيەنلوڭنىڭ 43-يىلى (1778-يىل) 11-ئايدىكى خاتىرە .

㉚ يۇقىرىقى ئەسەر، 1067-جىلد، چيەنلوڭنىڭ 43-يىلى (1778-يىل) 9-ئايدىكى خاتىرە.

㉛ يۇقىرىقى ئەسەر، 1067-جىلد، چيەنلوڭنىڭ 43-يىلى (1778-يىل) 9-ئايدىكى خاتىرە.

㉜ «تەزكىرەئى خوجىگان»-«ئويرات موڭغۇللىرىنىڭ تارىخىغا دائىر تەرجىملەر مەجمۇئەسى»، 4-قىسىم، 130-، 134-بەتلەر.

㉝ «تەزكىرەئى خوجىگان»، خەنزۇچە نۇسخا، 110-بەت.

㉞ يۇقىرىقى كىتاب، 110- 111-بەتلەر.

㉟ يۇقىرىقى كىتاب، 112-بەت.

㊱ «چىڭ گاۋزوڭ دەۋرىدىكى ئوردا خاتىرىلىرى»، 373-جىلد، چيەنلوڭنىڭ 15-يىلى (1750-يىل) 9-ئاي.

㊲ ۋېي يۈەن: «زەپەرنامە»، 4-جىلد، «چيەنلوڭخاننىڭ جوڭغارلارنى تىنچىتقانلىقى».

㊳ «جوڭغارلارنى تىنچىتىش تەدبىرلىرى»، رەسمىي نۇسخا 9-جىلد، چيەنلوڭنىڭ 20-يىلى (1755-يىل) 3-ئايدىكى خاتىرە، 10-جىلد، 4-ئايدىكى خاتىرە.

㊴ TKh، 40-، 41-بەتلەر.

⑩ «جۇڭغارلارنى تىنچىتىش تەدبىرلىرى» ، رەسمىي نۇسخا، 14-جىلد، چيەنلوڭنىڭ 20-يىلى (1755-يىلى) 6-ئايدىكى خاتىرە.

㊶ يۇقىرىدىكى ئەسەر، 11-جىلد، چيەنلوڭنىڭ 20-يىلى (1755-يىل) 5-ئايدىكى خاتىرە.

㊷ يۇقىرىقى ئەسەر، 11-جىلد، چيەنلوڭنىڭ 20-يىلى (1755-يىل) 5-ئايدىكى خاتىرە.

㊸ يۇقىرىقى ئەسەر، 14-جىلد، چيەنلوڭنىڭ 20-يىلى (1755-يىل) 6-ئايدىكى خاتىرە.

㊹ يۇقىرىقى ئەسەر، 10-جىلد، چيەنلوڭنىڭ 20-يىلى (1755-يىل) 4-ئايدىكى خاتىرە.

㊺ يۇقىرىقى ئەسەر، 11-جىلد، چيەنلوڭنىڭ 20-يىلى (1755-يىل) 5-ئايدىكى خاتىرە.

㊻ يۇقىرىقى ئەسەر، 14-جىلد، چيەنلوڭنىڭ 20-يىلى (1755-يىل) 6-ئايدىكى خاتىرە.

㊼ يۇقىرىقى ئەسەر، 14-جىلد، چيەنلوڭنىڭ 20-يىلى (1755-يىل) 6-ئايدىكى خاتىرە.

㊽ «تەزكىرەئى خوجىگان» ، خەنزۇچە نۇسخا، 112-بەت.

㊾ TKh، 50-بەت.

㊿ TKh، 50-، 51-بەتلەر.

51 «جۇڭغارلارنى تىنچىتىش تەدبىرلىرى» ، رەسمىي نۇسخا 29-جىلد، چيەنلوڭنىڭ 21-يىلى (1756-يىل) 6-ئايدىكى خاتىرە، 32-جىلد، چيەنلوڭنىڭ 21-يىلى (1756-يىل) كەبىسە 9-ئايدىكى خاتىرە.

52 «تەزكىرەئى خوجىگان» ، خەنزۇچە نۇسخا، 114-بەت.

53 يۇقىرىقى ئەسەر، 113-بەت.

54 يۇقىرىقى ئەسەر، 114-بەت.

55 يۇقىرىقى ئەسەر، 115-بەت.

⑯ يۇقىرىقى ئەسەر، 115-بەت.

⑰ يۇقىرىقى ئەسەر، 117-بەت.

⑱ يۇقىرىقى ئەسەر، 120- 121-بەتلەر. ئابدۇللانىڭ ئىككى ئوغلى بىلەن نەگە قېچىپ كەتكەنلىكى ھەققىدە «تەزكىرەئى خوجىگان»نىڭ ئىنگلىزچە قىسقارتىلما تەرجىمىسىدە ئــەسكەرتىش بېرىلمىگەن. مىشېل قاتارلىقلار تۈزگەن «رۇسلار ئوتتۇرا ئاسىيادا» ناملىق ئەسەردە بۇ ۋەقە بايان قىلىنغان ۋە ھىندىستانغا قېچىپ كەتتى، دېيىلگەن، بىراق، قاراتاغلىق خوجىلارنىڭ ئەۋلادىدىن بولغان ئىككى ئوغۇلنى ئېلىپ قېچىپ كەتكۈچىنى ئابدۇللا ئەمەس، نەزەر دېگەن كىشى، دەپ كۆرستىدۇ («1873-يىلدىكى يەركەنگە ئەلچىلىككە بېرىش خاتىرىسى»، 180-بەت).

# VIII باب چىڭ سۇلالىسى غەربىي يۇرتنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىنكى ئاقتاغلىق خوجىلار توپىلىڭى ۋە ئۇنىڭ مەغلۇبىيىتى

## § 1 چوڭ-كىچىك خوجىلار توپىلىڭى

چوڭ خوجا بۇرھانىدىن تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىغا ئەۋەتىلىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدا ئامۇرسانا باشچىلىقىدا توپىلاڭ كۆتۈرۈلدى. ئامۇرسانا چىڭ سۇلالىسىگە تەسلىم بولۇشتا چىڭ سۇلالىسىنىڭ كۈچىدىن پايدىلىنىپ داۋاچىنىڭ ئورنىنى ئىگىلەشنى كۆزلىگەنىدى. لېكىن چىڭ سۇلالىسى ئوردىسى داۋاچى ھاكىمىيىتىنى يوقاتقاندىن كېيىن "ھەرقايسى ۋەزىر-ۋۇزرالارنىڭ ئويراتلارنى بۆلۈپ تاشلاش ھەققىدىكى تەكلىپى"نى قوبۇل قىلىپ "ئويراتلارنى تۆت خانغا تەقسىم قىلىپ بەردى"①، ئامۇرساناغا خونت خانى مەرتىۋىسى بېرىلىپ سىياسىي سۇيىقەستى ئەمەلگە ئاشماي قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ چىڭ سۇلالىسى تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدا تېخى مۇستەھكەم پۇت دەسسەپ تۇرۇپ بولالمىغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئەل بولغۇچىلارنى ئەتراپىغا توپلىدى، ھەققەمسايىلىرى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ تەسىر دائىرە ئىگىلىدى ۋە ئۆز كۈچىنى تولۇقلىۋالغاندىن كېيىن، شۇ يىلى 8-ئايدا چىڭ سۇلالىسىگە ئاشكارا قارشى چىقتى. ئەينى ۋاقىتتا ئوزۇق-تۈلۈك يېتىشمىگەنلىكتىن چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ ئاساسىي قىسمى

چېكىنىپ كەتكەن بولۇپ، پەقەت سانغۇن بەن دى باشچىلىقىدىكى بەش يۈز لەشكەر ئىلىدا قارارگاھ قۇرۇپ قالدۇق ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىش بىلەن ئالدىراش بولۇۋاتاتتى. ئامۇرسانا ئىسيانچى قوشۇننى باشلاپ ئىلىغا قورشاپ ھۇجۇم قىلدى، بەن دى قاتارلىقلار تاقابىل تۇرالماي ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى. چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدىكى باركۆلنىڭ غەربىي قىسمىغا بولغان كونتروللۇقىنى قولدىن بېرىپ قويدى. لېكىن ئامۇرسانا ھەرقايسى قەبىلىلەرگە ئۆز گېپىنى ئۆتكۈزەلمىگەچكە تەڭرىتاغنىڭ شىمالى يەنە بىر قېتىم مالىمانچىلىقتا پېتىپ قالدى.

ئامۇرسانا ئىسيان كۆتۈرگەندىن كېيىن ئىلىدا تۇرۇپ يەرلىك "مۇسۇلمانلار"نىڭ ئىشلىرىغا مەسئۇل بولۇۋاتقان كىچىك خوجا يەنى خان خوجا " ئۆز قوۋمىنى باشلاپ ئىسيانچىلارغا ھەمدەملەشتۇردى"②، شۇنداقلا چىڭ سۇلالىسىگە قارشى بۇ بىر مەيدان توپىلاڭغا پائال ئىشتىراك قىلدى. «جۇڭغارلارنى تىنچىتىش تەدبىرلىرى»، رەسمىي نۇسخا 24-جىلد، چيەنلوڭنىڭ 21-يىلى (1756-يىلى) 1-ئايدىكى خاتىرىدە مۇنداق دېيىلىدۇ : "(چيەنلوڭنىڭ 20-يىلى) 12-ئاينىڭ 15-كۈنى سانغۇن سالار ۋە نوربۇ دوندوك، شىكېشارغا قاتارلىقلار ئىلىدىكى نورۇز ھاجىبەگ دېگەن جايدا ئامۇرسانا بىلەن ئۇچراشتى. 15-، 16-كۈنلىرى قانلىق قىر-چاپ بولدى، ئامۇرسانا بىلەن مۇسۇلمان خوجام بىرلىشىپ جەمئىي 4000 دىن ئارتۇقراق كىشى بولدى. ئۇلارنىڭ كۈچ-ھەيۋىتى بەكلا زور ئىدى. بىزنى ھەر تەرەپكە توزۇتۇۋەتتى". مەزكۇر مۇسۇلمان خوجام دەل ئىلىدا تۇرۇپ مۇسۇلمانلارنى باشقۇرۇۋاتقان كىچىك خوجا—خان خوجا ئىدى. ئۇ توپىلاڭغا قاتنىشىپلا قالماي يەنە مۇسۇلمان قوۋمىنى باشلاپ ئامۇرسانا بىلەن بىرلىكتە چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىغا ھۇجۇم قىلدى ۋە چېگرىنى تىنچلاندۇرغۇچى

ئوڭ قول ئورۇنباسار سانغۇن سالار قوماندانلىقىدىكى چىڭ سۇلالىسى قالدۇق كۈچلىرىنى تېرىپېرەن قىلىۋەتتى.

ئامۇرسانا ئىسيان كۆتۈرگەندىن كېيىن چىڭ گاۋزوڭ 9-ئايدىلا ئويراتلارنىڭ تۆت خانىنى يەڭگۈشلىۋەتتى. غالساڭ دورجىنى جوروس خانى، چېرىڭنى دۆربەت خانى، شاغدۇر مانجىنى خوشۇت خانى، بايارنى خويت خانى قىلىپ تەيىنلەپ ئويرات خانلىرى، ئويرات قوۋمىنىڭ بەيئەت قىلىشى ۋە قوللاپ-قۇۋۋەتلىشىنى قولغا كەلتۈردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئىلىغا قايتىدىن جازا يۈرۈشى قىلىپ توپىلاڭنى تىنچىتىشقا جىددىي تەييارلىق كۆردى. چيەنلوڭنىڭ 21-يىلى (1756-يىلى) 1-ئاينىڭ باشلىرى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ غەرب ۋە شىمال يوللىرىدىكى ئۈچ-تۆت تۈمەنچە كېلىدىغان زور قوشۇنى بىرلىكتە يۈرۈشكە ئاتلىنىپ توختىماستىن ئىلگىرىلەپ بىراقلا تېكەس دەرياسى بويىغا يېتىپ كەلدى. ۋەزىيەتتىكى جىددىي ئۆزگىرىش ۋە قۇدرەتلىك چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنى كۆرۈش بىلەنلا ئەھۋالغا قاراپ ئۆزگىرىشكە پىشىپ كەتكەن خان خوجا دەرھال مەۋقەسىنى ئۆزگەرتىپ 1-ئاينىڭ 17-كۈنى "بىرنەچچە مىڭ كىشىلىك قوشۇنى بىلەن چاپچالدا ئامۇرساناغا ھۇجۇم قىلىپ ئۇنى قاتتىق مەغلۇپ قىلدى"③. 2-ئاينىڭ ئاخىرى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى ئىلىنى قايتۇرۇۋالدى، ئامۇرسانا ئالدىراپ-تېنەپ قازاقلار تەرەپكە قاچتى. چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ بىر يىلدىن ئارتۇق ئىز بېسىپ قوغلىشى ۋە ھۇجۇم قىلىشى ئارقىسىدا ئامۇرسانا ماڭارغا يول تاپالماي چيەنلوڭنىڭ 22-يىلى (1757-يىلى) يازدا چارروسىيىگە كەتتى ۋە شۇ يىلى 9-ئايدا چېچەك كېسىلى بىلەن ئۆلدى.

چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى چيەنلوڭنىڭ 21-يىلى (1756-يىلى) ئەتىيازدا ئىلىنى قايتۇرۇۋېلىشنىڭ ئالدى-كەينىدە خان خوجا

خوجا ۋەزىيەت قالايمىقانلاشقان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئىلىدىن تەگرىتاغنىڭ جەنۇبىغا قاچتى. «جۇڭغارلارنى تىنچىتىش تەدبىرلىرى» نىڭ رەسمىي نۇسخا 27-جىلد، چيەنلوڭنىڭ 21-يىلى (1756-يىلى) 4-ئايدىكى خاتىرىدە كۇنپېتشىنى تىنچلاندۇرغۇچى سانغۇن سېرىننىڭ بۇرھانىدىن خوجا قاتارلىقلارنى ئەل قىلدۇرۇش ھەققىدىكى مەلۇماتنامىسى خاتىرىلەنگەن: ”سېرىننىڭ مەلۇماتى: مۇسۇلمانلارنىڭ ئاتامانلىرىدىن ھادىس، ياساۋۇل يۇسۇپ، ئابدۇرېھىم قاتارلىقلار: ‹ئۆتكەن يىلى سالامغا بارىدىغاندا ئىلى رايونىنىڭ مالىماندا قالغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، تۇرپان قاتارلىق جايلاردا ماكانلىشىپ قېلىشنى ئىلتىماس قىلىشۇدۇق، بۇ ھەقتە كېيىن ماقۇللۇق جاۋابمۇ ھازىر بولغانىدى. ئەمدىلىكتە بۇرھانىدىن، خان خوجا قاتارلىقلارمۇ مۇسۇلمانلار ۋە بىزلەرنىڭ خوتۇن-بالىلىرىمىزنى ئېلىپ ئاشۇ تەرەپكە كېتىپ قالدى. ۋاقىپ بولۇشىمىزچە بۇرھانىدىن، خان خوجا قاتارلىقلارنىڭ يەركەن، قەشقەر تەرەپلەردە قان-قىساسى بولغاچقا، ئۇ جايلارغا بارماسلىقى دۇرۇستۇر. بەلكى كۇچا، سايرام، جىمسار قاتارلىق جايلاردا تۇرۇپ قېلىشى بەرھەق جائىزدۇر. ئۇ جايلاردا ئەل بولۇش ھەققىدە ئەلچىدىن يارلىق ئەۋەتسەكلا ئىش تامام ۋەسسالام بولىدۇ، ئاندىن ئۇلارنى تۇرپانغا كۆچۈرۈپ ماكانلاشتۇرۇش زۆرۈردۇر› دەپ سۆز يەتكۈزدى. پېقىر قازاق بەگلىرىدىن شىرا بىلەن مەسلىھەتلىشىپ كۆرۈپ مۇنداق خۇلاسىگە كەلدىم: مۇسۇلمانلار ئۆتمۇشتە جۇڭغارلارنىڭ خىزمىتىدە بولغان، ھازىر ئۇلار ئىلىنى تاشلاپ كېتىپ قالدى، ئۇلارنىڭ جەزمەن قايتىپ كەلگۈسى يوق. شۇڭا دەرھال ھادىسقا كىشى قوشۇپ ئەۋەتىپ ئەل بولۇش پەرمانىنى جاكارلاش كېرەك، خوجىلارنى تۇرپانغا بېرىپ ماكانلىشىشقا بۇيرۇماق كېرەك“. سېرىننىڭ 4-ئايدىكى بۇ مەلۇماتنامىسىدە خان

خوجىنىڭ مۇشۇنىڭدىن ئىلگىرىلا ئىلىدىن قېچىپ كەتكەنلىكىنى، ئىلىدىكى مۇسۇلمانلار ۋە مۇسۇلمانلار ئاتامانى ھادىس قاتارلىقلارنىڭ بالا-چاقىلىرىنى بىللە ئېلىپ كەتكەنلىكىنى بىلەلمىگەن. سىرىن ۋە ھادىس قاتارلىقلار ئەينى ۋاقىتتا تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى ۋەزىيەتتە يۈز بېرىۋاتقان ئۆزگىرىشلەرنى چۈشەنمىگەچكە خان خوجىنىڭ ئىز-دېرىكىنى زادىلا بىلمەيتتى.

ئامۇرسانا توپىلىڭى ناھايىتى تېزلا تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىغا يامىرىدى. «جۇڭغارلارنى تىنچىتىش تەدبىرلىرى» نىڭ رەسمىي نۇسخا، 29-جىلد چيەنلۇڭنىڭ 21-يىلى (1756-يىلى) 6-ئايدىكى خاتىرىدە مۇنداق دېيىلىدۇ: "يەركەنگە ئەۋەتىلگەن تېلېنگىت زەيسان گويىن قاشقانىڭ مەلۇم قىلىشىچە، ئۆتكەن يىلى سانغۇن ئالىيلىرى ياساۋۇل بېشى تورۇمتاي بىلەن بىللە يەركەن قاتارلىق جايلارنى ئەل قىلدۇرۇشقا ئەۋەتكەن خوجىلار كېيىن يەركەن مۇسۇلمانلىرى بىلەن دۈشمەنلىشىپ، ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمىنى قىرىپ تاشلىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە كۆتۈلمىگەن يەردىن ئامۇرسانانىڭ ئەلچىلىرى كېلىپ قېلىپ ئىلىنىڭ مۇشكۇلاتتا قالغانلىقىنى ئاسىيلارغا ئېيتىپ قويۇپتۇ. تورۇمتاي قاتارلىقلارنى ھازىر مۇسۇلمانلار تۇتۇۋاپتۇ. ئۆزى بىرىنچى ئايدا يايلاققا قايتىپ كېلىۋاپتۇ. زەيسانلىق ئىشلىرىنى ئۆتەۋاتقان دوندوك ئەسلىدىنلا ئامۇرسانا دېگەن مۇناپىقنىڭ قول چومىقى بولغاچقا ئۇنىڭ بالا-چاقىسىنى بۇلاپ كېتىپتۇ". بۇ نەقىلدىكى تورۇمتاي، گويىن قاشقا دېگەنلەر ئالدىنقى يىلى شىمالنى تىنچلاندۇرغۇچى سانغۇن بەن دىنىڭ ھاۋالىسى بويىچە بۇرھانىدىنغا ھەمراھ بولۇپ تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى مۇسۇلمانلارنى ئەل قىلىشقا ئەۋەتىلگەن مەنسەپدارلار ئىدى. ئۇلار دەل بۇرھانىدىنغا ھەمدەملىشىپ قاراتاغلىقلارنىڭ بارگاھى بولغان يەركەنگە ھۇجۇم قىلىۋاتقاندا ئامۇرسانانىڭ

ئەلچىلىرى يېتىپ كەلگەن، نەتىجىدە تورۇمتاي قاتارلىق چىڭ سۇلالىسى ئەمەلدارلىرى تۇتۇپ قېلىنغان. بۇ نەقىلدە ئاشۇ ۋەقەلەرگە بۇرھانىدىننىڭ قانداق پوزىتسىيىدە بولغانلىقى تىلغا ئېلىنمىغان، قارىغاندا ئامۇرسانانىڭ ئەلچىلىرىگە قارىتا ماسلىشىش ئىپادىسىدە بولغان بولسا كېرەك. يۇقىرىقى نەقىلدە بۇ ۋەقەنىڭ يىل دەۋرى ئەسكەرتىلمىگەن، ئېھتىمال چيەنلوڭنىڭ 20-يىلى (1755-يىلى) 8-، 9-ئايلار بولۇشى مۇمكىن.

خان خوجىنىڭ تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىغا قېچىپ كېلىشى شەك-شۈبھىسىز مەزكۇر رايوننىڭ ۋەزىيىتىنى مۇرەككەپلەشتۈرۈۋەتتى. بىراق "ھىيلە-نەيرەڭگى تولا" بۇ كىچىك خوجا بۇ ۋاقىتتا چىڭ سۇلالىسىگە قارشى ھېچقانداق ئىپادىدە بولمىدى، ئەكسىچە چىن دىلىدىن بەيئەت قىلغان قىياپەتكە كىرىۋېلىپ شۇ ئارقىلىق ئاسىيلىق نىيىتىنى نىقابلىدى، بۇ ھال راستىنلا چىڭ سۇلالىسى ئوردىسىدىكىلەرنى بىخودلاشتۇرۇپ قويدى. چيەنلوڭخان ئۆز يارلىقىدا مۇنداق دەيدۇ: "سىبىرنىڭ مەلۇم قىلىشىچە، مۇسۇلمانلاردىن بۇرھانىدىن، خان خوجا قاتارلىقلار بارگاھىمىزغا ئىككى قېتىم ئادەم ئەۋەتكەن بولسىمۇ يېتىپ كېلىشكە مۇۋەپپەق بولالمىغان. نۆۋەتتە زور قوشۇنىمىزنىڭ ئىلىغا كەلگەنلىك خەۋىرىنى ئالغاندىن كېيىن ئويراتلاردىن سىبىرابەگنى ئەۋەتىپ سەمىمىي ساداقىتىنى ئىپادىلەش ئارزۇسىدا بولۇۋېتىپتۇ. بۇرھانىدىن قاتارلىقلار بۇ ھەقتە كۆپ قېتىم ئەلچى ئەۋەتىپ ئۆز كۆڭلىنى ئىزھار قىلغان، ناۋادا ئۇنىڭ ئەل بولۇش سەمىمىيىتى راست بولسا سىبىرىن قاتارلىقلار دەرھال ئەل قىلدۇرۇشقا لەشكەر ماڭدۇرسۇن، خوجىلار راستىنلا بارگاھىمىزغا قەدەم تەشرىپ قىلسا بۇ ئۇلارنىڭ ئەل بولۇش سەمىمىيىتىنىڭ راستلىقىنى كۆرسىتىدۇ"④. خان خوجا

سەممىيەتنى بىلدۈرۈش نامىدا ئىلىغا ئادەم ئەۋەتىپ تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدىكى ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتىنى كۆزەتكەن ھەم چىڭ سۇلالىسى ئوردىسىدىكىلەردە "سەممىيەتنى بىلدۈرۈش ئارزۇسى بىلەن كەلگەن" دېگەن ساختا تۇيغۇ پەيدا قىلغان. شۇ ئارقىلىق توپىلاڭ نەتىجىسىدە كېلىپ چىققان چىڭ سۇلالىسى بىلەن بولغان جىددىيلىك كەيپىياتىنى يۇمشاتقانىدى. چىڭ سۇلالىسىنى تېخىمۇ بىخودلاشتۇرۇش، ھەرقايسى كۈچلەر بىلەن قويۇق ئالاقە باغلاش، ئۆز شايىكىسىدىكىلەرنى كېڭەيتىش ۋە باش كۆتۈرۈپ چىقىش پۇرسىتى ئىزدەش مەقسىتىدە خان خوجا يەنە بىر قاتار تەدبىرلەرنى قوللاندى. «جۇڭغارلارنى تىنچىتىش تەدبىرلىرى» نىڭ رەسمىي نۇسخا 32-جىلد، چيەنلوڭنىڭ 21-يىلى (1756-يىل) كەبىسە 9-ئايدىكى خاتىرىدە مۇنداق دېيىلىدۇ: "ئىلگىرى مۇسۇلمانلار يۇرتىغا ئەۋەتىلگەن ياساۋۇل بېشى تۇرۇمتاينىڭ مەلۇماتىنىمىسىدىن ۋاقىپ بولۇنۇشۇمچە، تۇرۇمتاي ئۆتكەن يىلى قەشقەر مۇسۇلمانلىرىنى ئەل قىلدۇرغانىكەن، دەل يەركەن مۇسۇلمانلىرى بىلەن تۇتۇشۇۋاتقاندا ئاسىي ئامۇرساناننىڭ ئەۋەتكەن ئەلچىلىرى ئۇلارنى تۇتۇۋاپتۇ، كېيىن ئۇلارنى بۇرھانىدىن ئۆتكۈزۈۋاپتۇ. بۇ يىل 5-ئايدا خان خوجا شۇ يەرگە بېرىپ ئاسىي ئامۇرساناننىڭ ئەلچىلىرىنى قىرىپ تاشلاپتۇ ۋە تورۇمتاينى ئادەملىرى ئارقىلىق ئەۋەتىپتۇ، ئورۇنباسار سانغۇن سالارنىڭ قېرىندىشى تېگوس ۋە بىللە ئەۋەتكەن باشقا ئويراتلار ھېلىھەم ئاشۇ يەردە ئىكەن. خان خوجىنىڭ مەلۇم قىلىشىچە، ئويراتلارغا ئىشەنگىلى بولمىغاچقا ئۇلارنى بارگاھىمىزغا قايتۇرۇشنى لايىق كۆرمەپتۇ. پەرمان يېتىپ بارغاندىن كېيىن ئىشلار ئۇنىڭ دېگىنى بويىچە بولسۇن". يۇقىرىدا كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ياساۋۇل بېشى تۇرۇمتاي قاتارلىق ئەلچىلىرىنى ئامۇرسانا ئەۋەتكەن ئەلچىلەر

تۇتۇۋالغان ۋە بۇرھانىددىننىڭ قېشىغا سولاپ قويغان، ئامۇرسانانىڭ يېڭىلىگەنلىكىنى تېخى يېڭىلا كۆرگەن خان خوجا دەرھال بۇرھانىددىننىڭ قېشىغا يېتىپ كېلىپ ئۇ يەردىكى ئامۇرسانا ئەلچىلىرىنى ئۆلتۇرگەن، ئاندىن قاماقتىكى تۇرۇمتاينى ئاپىرىپ قويۇپ شۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ چىڭ سۇلالىسىگە بەيئەت قىلىدىغانلىقىنى، ئامۇرسانانىڭ توپىلىڭى بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى يوق ئىكەنلىكىنى ئىپادىلىگەن. لېكىن شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ”ئويراتلارغا ئىشەنگىلى بولمايدۇ“ دېگەننى باھانە قىلىپ تورۇمتاي بىلەن بىرگە جەنۇبقا يۈرۈش قىلغان ئويراتلارنى تۇتۇپ قېلىپ ئۆلارنى ئۆزىگە قوشۇۋالغان ۋە ئۆز كۈچىنى تولۇقلىغان.

تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدىكى ۋەزىيەتنىڭ ئاستا-ئاستا مۇقىملىششىغا ئەگىشىپ، چىڭ سۇلالىسى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى ئىشلارغا كۆڭۈل بۆلۈشكە باشلىدى. 6-ئايدا چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى تېلېنگېت زەيسانى گويىن قاشقانىڭ تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى توغرىسىدىكى يۇقىرىدا نەقىل كەلتۈرۈلگەن دوكلاتىنى تاپشۇرۇۋېلىپ يېرىم يىلنىڭ ئالدىدىلا ئامۇرسانانىڭ ئەلچىلىرىنىڭ بۇرھانىددىننىڭ قېشىغا كەلگەنلىكىنى، ياساۋۇل بېشى تۇرۇمتاي قاتارلىقلارنىڭ تۇتقۇن قىلىنغانلىقىنى بىلدى. 9-ئايغا قەدەر تۇرۇمتاي قاتارلىقلارنىڭ ھېچقانداق دېرىكى بولمىغاچقا ئەينى ۋاقىتتىكى چېگرانى تىنچلاندۇرغۇچى ئوڭ قول ئورۇنباسار سانغۇن جاۋخۇي ئەھۋالدا ئۆزگىرىش بولۇپ قېلىشتىن ئەندىشە قىلىپ، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى ئىشلارنى دەرھال بىر ياقلىق قىلىۋېتىشكە تەييارلاندى. ئۇنىڭ چيەنلوڭخانغا يازغان مەلۇماتنامىسىدە مۇنداق دېيىلىدۇ: ”ئۆتكەن يىلى مۇسۇلمانلار يۇرتىغا ئەۋەتىلگەن ياساۋۇللار بېشى تۇرۇمتاي ھازىرغا قەدەر يېنىپ كەلمىدى. پېقىر ئۇچتىكى مۇسۇلمانلارنىڭ بېگى گادامەت ۋە يارغۇچى شىكېشارغا

قاتارلىقلاردىن سۈرۈشتە قىلىپ باقسام، ئۇلار ئەلچىلەرنىڭ ئۆزۈنىغىچە قايتىپ كەلمىگەنلىكىدىن قارىغاندا مۇسۇلمانلار يۇرتىدا بىرەر ۋەقە بولدىمىكىن، بۇرھانىدىننىڭ ئۇلار بىلەن جاڭجاللىشىپ قالغانلىقىنى ياكى يېرىم يولدا بۇيرۇتلارنىڭ پاراكەندىچىلىك سالغانلىقىنى بىر نەرسە دېگىلى بولمايدۇ. ناۋادا قوشۇن ماڭدۇرۇلۇپ ئاقسۇ، كۇچا، ئۇچ قاتارلىق جايلارغا ئەل بولۇش يارلىقى يەتكۈزۈلسە ئۇ جايلاردىكى ئاۋامنى قولغا كەلتۈرگىلى، يەركەن، قەشقەردىكى مۇسۇلمانلارنى چۆچۈتكىلى بولىدۇ، دېگەندەك سۆزلەرنى قىلدى. پېقىر تۆۋەنچىلىك بىلەن ئويلاپ كۆرسەم يەركەن، قەشقەردىكى مۇسۇلمانلارنى ئۆز ۋاقتىدا بىر ياقلىق قىلمىغاندا ئۇلار كەلگۈسىدە بۇيرۇتلار بىلەن بىرلىشىۋېلىپ ئىشنىڭ چوڭىيىنى چىقىرىشى مۇمكىن. بىزنىڭ كېڭىشىپ كۆرۈشىمىزچە، ئورۇنباسار تۇتۇق ئامىنداۋنى يۇز لەشكەر بىلەن، يارغۇچى شىكېشارغانى كۇنەس، يۇلتۇز بويلىرىدىكى چارۋىچى ئويراتلارنىڭ 3000 لەشكىرى بىلەن ئۇچ بېگى گادامەتكە قوشۇپ ئەۋەتسەك، ئۇلار 9-ئاينىڭ 15-كۇنى يولغا چىقىپ ھەرقايسى جايلاردىكى مۇسۇلمانلارنى تېزلا بەيئەت قىلدۇرىدۇ ۋە تۇرۇمتاينىڭ ئىز-دېرىكىنى ئالالايدۇ. ناۋادا ئاقسۇ، كۇچا قاتارلىق جايلاردىكى مۇسۇلمانلار راستىنلا دەۋەتنى قوبۇل قىلىپ بەيئەت قىلسا ئۇلاردىن ھەر يىلى باج-سېلىق ئېلىش كېرەك، باج-سېلىقنى تۇرپاندىكى ئىمىن خوجىغا تاپشۇرسىمۇ، ئىلىدىكى ئىش بېجىرگۈچى ئامبالغا تاپشۇرسىمۇ بولىدۇ، ئۇنىڭ مىقدارىنى بارغاندىن كېيىن كېڭىشىپ كۆرۈپ بېكىتسەك بولىدۇ. توسقۇنلۇق قىلغۇچىلار بولسا دەرھال ئۇجۇقتۇرماق كېرەك"⑤.

بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان ئۇچ مۇسۇلمانلىرىنىڭ بېگى گادامەت "ئىلگىرى باينىڭ ھاكىمبېگى بولغان"⑥ ۋە جوڭغارلارنىڭ

كونتروللۇقىدا بولۇپ كەلگەنىدى. ئامۇرسانا توپىلاڭ كۆتۈرگەندىن كېيىن گادامەتكە ئەلچى ئەۋەتىپ ئۆزىگە بېقىندى بولۇش ھەققىدە بېسىم ئىشلەتكەن، گادامەت بۇنى رەت قىلغان ۋە چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىنىڭ ئىلىنى تىنچىتقانلىقىنى ئاڭلاپلا "ھادى بەگ قاتارلىقلار بىلەن ئەل بولۇشقا كەلگەن"⑦. جاۋ خۇي تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى ئىشلارغا كۆڭۈل توختىتالماي چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىنىڭ بارگاھىدا تۇرۇۋاتقان گادامەت قاتارلىقلاردىن مەسلىھەت ئالغاندا گادامەت "مۇسۇلمانلار يۇرتىدا ئىش چىقىتمىكىن" دەپ قىياس قىلغان ۋە تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى ئاقسۇ، كۇچا قاتارلىق شىمالىي رايونغا لەشكەر ئەۋەتىپ ئەل قىلدۇرۇش، شۇ ئارقىلىق يەركەن، قەشقەر قاتارلىق جايلارنى چۆچۈتۈپ قويۇش تەكلىپىنى بەرگەن. چىڭ سۇلالىسى ئوردىسى ئەسلىدە ئاقتاغلىق خوجا بۇرھانىدىن ئارقىلىق تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىنى قولغا ئېلىشقا تەييارلىق كۆرۈۋاتقانىدى، ئەمدىلىكتە بولسا ۋەزىيەتتىكى ئۆزگىرىش تۈپەيلىدىن ئىلىدا قارارگاھ تىككەن چېگرانى تىنچلاندۇرغۇچى ئوڭ قول ئورۇنباسار سانغۇن جاۋخۇي قاتارلىقلار ئاممىداۋ باشچىلىقىدىكى قوشۇننى ماڭدۇرۇپ بەيئەت قىلدۇرۇش، باج-سېلىق يىغىپ ئەمەلىي ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزۈشكە تەييارلىنىش قارارىغا كەلدى، شۇنداقلا مەسىلىنى قوراللىق بويسۇندۇرۇش يولى بىلەن ھەل قىلىشتەك ئىككىنچى لايىھىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

ھالبۇكى، ئىككىنچى ئېيى يەنى كېيىنكى 9-ئايغا كەلگەندە ئاممىداۋ سەپەر ئۈستىدە كېتىۋېتىپ تۇرۇمتاينىڭ يولىدا نەقىل كەلتۈرۈلگەن مەلۇماتنى تاپشۇرۇۋالدى، خان خوجا ئامۇرسانانىڭ ئەلچىلىرىنى ئۆلتۈرۈپ تۇرۇمتاينى ئەپكېلىپ قويغاندىن كېيىن جاۋخۇي سوغارغان قىلىچىنى غىلىپىغا قايتا سالدى. جاۋخۇي

قاتارلىقلار بۇ مەلۇماتقا ئاساسەن "مۇسۇلمانلار يۇرتىدا ھېچ ئىش بولمىغاندىكىن كۆپلەپ لەشكەرنى باشلاپ بېرىش ھاجەتسىز"⑧ دېگەن خۇلاسىگە كەلدى ۋە "پەرمان بىلەن ئەل قىلدۇرۇش" لايىھەسىنى ئەسلىسىگە كەلتۈردى، ئامىنداۋ ۋە شىكېشارغا قاتارلىقلارنى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىغا بېرىپ "مۇسۇلمانلارنى تەسكىن تاپقۇزۇش، ئۆيىراتلارنىڭ خالىغانچە زورلۇق-زومبۇلۇق قىلىپ باش-باشتاقلىق قىلىشىغا چەك قويۇش"قا يارلىق قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئامىنداۋ قاتارلىقلارنى ھەرقايسى شەھەرلەرنىڭ تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك باج-سېلىق سانىنى ئېنىقلاپ چىقىش ۋە ئۇنى تاپشۇرۇشنى تېزلىتىشكە بۇيرۇدى. " ئىلىغا بېرىپ يەر تېرىشقا تېگىشلىك تارانچىلار بۇ يىل 12-ئايدا قوش-ساپان قاتارلىق دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى ئېلىپ كۆرسىتىلگەن جايغا يىغىلسۇن، ئۇلارنىڭ ئاقساقاللىرى شەخسەن ئالدىنئالا ئىلىغا كېلىپ، ئەھۋال سۈرۈشتۈرۈشكە تەييار تۇرسۇن" دېگەن مەزمۇندا پەرمان ⑨ چۈشۈردى ، جاۋخۇي قاتارلىقلار تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى چىڭ سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا ئۆتۈپ بولدى، دەپ قارىغاندى.

ھالبۇكى، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى ئەمەلىي ئەھۋال چىڭ سۇلالىسى ئويلىغاندەك ئەمەس ئىدى، "ئۆز نېسىۋىسىگە شۈكرى قىلمايدىغان" خان خوجىنىڭ چىڭ سۇلالىسى ئوردىسىغا بەيئەت قىلىش نىيىتى يوق ئىدى. ئۇ چىڭ سۇلالىسىنىڭ پەرمان-يارلىقلىرىنى بىر ياققا قايرىپ قويۇپ، ئىلىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىغا قېچىشىغا قۇتراتقۇلۇق قىلدى ۋە ياردەملەشتى، شۇنداقلا قول ئاستىدىكى ئىلى مۇسۇلمانلىرىدىن 2000 چە كىشىنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ يەرلىك فېئوداللار بىلەن ئالاقە باغلىدى ۋە ئىلى رايونىدىكى رەھبەرلىك ھوقۇقىنى قولىغا ئالدى، ئاندىن چىڭ سۇلالىسىگە "بەيئەت

قىلغان" بۇرھانىدىننى ئىككىنچى قول ئورۇنغا قويۇپ چىڭ
سۇلالىسىگە قارشى ئىسيان قىلىپ خان بولۇشقا جىددىي تەييارلىق
كۆردى. ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلەر كېيىن مۇنداق دېگەنىدى:
"خان خوجا قاتارلىقلار دىنىي تەرغىباتچىلار بولسىمۇ،
مۇسۇلمانلىقنى تاشلاپ پادىشاھ بولماقچى بولدى، ئۇشبۇ مەقسەتتە
قالماقلار زامانىسىدىكى تەيجى-سۇلتانلارنىڭ ئەۋلادلىرىنى تامام
قىرىپ تاشلىدى". "سۇلتان"— ئەرەبچە سۆز بولۇپ مۇسۇلمان
ھاكىمىيەتلىرىدىكى ھۆكۈمرانلارنىڭ ئاتاق نامى ئىدى. مىڭ
سۇلالىسىدىن كېيىن شەرقىي چاغاتاي خانلىقى، يەركەن
خانلىقىدىكى موغۇل ھۆكۈمرانلىرى يەرلىك تۈركىي تىللىق
خەلقلەرگە ئاسسىمىلاتسىيە بولۇپ كېتىپ، ئەڭ ئالىي ھۆكۈمران
خان، دەپ ئاتىلىدىغان بولغانىدى. 1680-يىلى جۇڭغارلار يەركەن
خانلىقىنى قوشۇۋالغاندىن كېيىن يەنىلا يەركەن خانلىقىنىڭ خان
جەمەتىدىكىلەردىن يەنى چاغاتاي ئەۋلادلىرىدىن پايدىلىنىپ
تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىنى ئىدارە قىلدى. سېۋان ئارابتاندىن كېيىن
جۇڭغارلار ھەرقايسى شەھەرلەرگە بىۋاستە بەگ تەيىنلەپ مەزكۇر
رايوننى بىۋاستە ئىدارە قىلغان بولسىمۇ چاغاتاي ئەۋلادلىرى
كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە يەنىلا يۇكسەك ئورۇنغا، مۇئەييەن سىياسىي
تەسىر كۈچكە ئىگە ئىدى. خان خوجا دىنىي مەزھەپنىڭ رەھبىرى
بولۇش سۈپىتى بىلەن ئىلىدىن تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىغا قايتقاندىن
كېيىن "ئۆزىنى چاغلاپ كۆرمەيلا ئۆزىنى باھادۇرخان"⑩ دەپ
ئاتىۋالدى ھەمدە مەزكۇر رايوندىكى ھەقىقىي چاغاتاي ئەۋلادلىرىنى
تىرىلىش ئېھتىماللىقى بولغان سىياسىي رەقىبلەر ۋە كىشىلەرنىڭ
سىياسىي ئىدىيولوگىيىسىدىكى پۈتلىكاشاڭ دەپ قاراپ بىراقلا
يوقاتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا خان خوجا ئاكا-ئۇكىلار
ئۆزلىرىنىڭ دىنىي ساھەدىكى مۇتلەق نوپۇزىنى كۈچەيتتى.

«جۇڭغارلارنى تىنچىتىش تەدبىرلىرى» نىڭ رەسمىي نۇسخا، 57 -جىلد، چيەنلوڭنىڭ 23-يىلى (1758-يىل) 6-ئايدىكى خاتىرىدە مۇنداق دېيىلىدۇ: "يارخاشەن تۇتۇلغان ئوغرىلارنى سوراق قىلغاندا ئۇلار: 'ئىككى خوجام يەككە خوجىنى ئۆلتۈرۈۋەتتى، ئۇنىڭ ئوغلى بۇيرۇتلار ئارىسىغا قېچىپ كەتتى، ھازىر تىكەندەك يالغۇز قالدى' دېدى". يەككە خوجا توغرىسىدا «تاشقى ۋاسساللاردىن موڭغۇل-مۇسۇلمان ۋاڭ-گۇڭلىرىنىڭ نەسەبنامىسى» نىڭ 117-جىلد، «ئابدۇراھماننىڭ تەرجىمالى» دا مۇنداق دېيىلىدۇ: "ئەڭ دەسلەپكى يەركەن خوجىسى ئەھمەد دېگەن كىشى ئىدى، كېيىن سېۋان ئارابتان ئۇ كىشىنى خوجىلىقتىن قالدۇرۇۋەتتى. ئەھمەد ئۆلگەندىن كېيىن سېۋان ئارابتان ئۇنىڭ ئوغۇللىرى بۇرھاندىن ۋە خان خوجىنى نەزەربەند قىلدۇرۇپ قويدى. يەركەن قوۋمى يەككە خوجا دېگەن كىشىنى ئاقساقال قىلىۋالدى، بۇ كىشى ئابدۇراھماننىڭ بوۋىسىدۇر. چيەنلوڭنىڭ 20-يىلى زور قوشۇنىمىز جۇڭغارلارنى تىنچىتقاندا بۇرھاندىننى قويۇپ بېرىپ يەركەنگە يولغا سېلىپ قويدى. يەككە خوجا ئۇنى كىرگۈزمىگەن، كېيىن قوشۇنىمىزنىڭ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ كىرىشكە ئىجازەت بەرگەنىدى. خان خوجىدا خېلى بۇرۇنلا ئاسىيلىق قىلىش خىيالى تۇغۇلغانىدى. بۇرھاندىن بىلەن ئايرىم-ئايرىم ھالدا يەركەن ۋە قەشقەرنى ئىگىلەپ تۇرغانىدى. ئۇلار يەككە خوجىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەندە ئابدۇراھمان بۇيرۇتلار ئارىسىغا قېچىپ كەتتى. خان خوجا ئىزچىل ئۇنى تۇتۇش كويىدا يۈرگەنىدى. 24-يىلى بۈيۈك قوشۇنىمىز يەركەننى تىنچىتقاندىن كېيىن ئابدۇراھمان قولغا چۈشتى، 25- يىلى تاۋاپقا ياردى. خان ئائىلىرى ئۇنى كونا خوجىلار ئەۋلادىدىن ئىكەن، دەپ ئىككىنچى دەرىجىلىك تەيجىلىك مەنسىپىنى ئىلتىپات قىلدى".

يەككە خوجىنىڭ ئىسمى «تەزكىرەئى خوجىگان» دا كۆزگە

چىپىلىقمايدۇ، ئىككىنچى دەرىجىلىك تەيجىلىك مەنسىپى بېرىلگەنلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭ نەۋرىسى ئابدۇراھماننىڭ ئىسمى خەنزۇچە ۋەسىقىلەردە ئۇچراپ تۇرىدۇ. كىتابىمىزنىڭ ئالدىنقى بابلىرىدىكى ئىزدىنىشلەرگە ئاساسلانغاندا يەككە خوجىنىڭ يەنە بىر ئىسمى ئۈچ خوجا بولۇپ، ئاقتاغلىق خوجىلارنىڭ پىر ئۇستازى ئىشان كالان، قاراتاغلىقلارنىڭ پىرى خوجا ئىسھاقنىڭ ئىنىسى دوست خوجىدىن كېيىن ياشىغان. ئۇ ئاقتاغلىقلارغىمۇ ياكى قاراتاغلىقلارغىمۇ تەۋە ئەمەس ئىدى. ئاقتاغلىق ۋە قاراتاغلىق خوجىلارنى جۇڭغارلار تەڭرىتاغنىڭ شىمالىغا ئېلىپ كەتكەندىن كېيىن يەككە خوجا تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى پۈتكۈل خەلق ئېتىراپ قىلغان دىنىي داھىي بولۇپ قالغانىدى. جۇڭغارلار كېيىنچە قاراتاغلىق خوجىلارنى قويۇپ بەرگەندە يەككە خوجىنىڭ نېمە ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولغانلىقى نامەلۇم. ئېھتىمال قاراتاغلىق خوجىلارغا يول قويغان بولسا كېرەك، شۇنداقتىمۇ ئۇ يەنىلا مۇئەييەن تەسىرگە ئىگە ئىدى. چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى بۇرھانىدىننى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىغا ئەۋەتكەندە يەككە خوجا باشقا قاراتاغلىق خوجىلارغا ئوخشاش يەكلەش پوزىتسىيىسىدە بولغان بولسىمۇ، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ھەيۋىسىدىن قورقۇپ ئىلاجسىز يول قويغانىدى. ئاكا-ئۇكا خوجىلار تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى رەھبەرلىك ھوقۇقىنى چىڭ تۇتۇپ تۇرۇش ئۈچۈن ئۆكتىچى مەزھەپ بولغان قاراتاغلىقلارنى قانلىق باستۇرۇپلا قالماي يەنە يەككە خوجىغا ئېچىنىشلىق ھالدا زىيانكەشلىك قىلدى ۋە بۇ يوشۇرۇن ئاپەتنى تۈگەتتى.

تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدا "خوجىلارغا تەڭ كېلەلەيدىغان"⑪، ئاكا-ئۇكا خوجىلارغا نىسبەتەن بىر تۈرلۈك يوشۇرۇن تەھدىت ھېسابلىنىدىغان يەنە بىر كۈچ بار ئىدى، ئۇ بولسىمۇ چىڭ

سۇلالىسىگە داۋاچىنى تۇتۇپ بەرگەن خوجىسى جەمەتى ئىدى. بۇ جەمەت ئۈچ ۋە ئاقسۇدىكى ھەربىي-مەمۇرىي ھوقۇقلارنى تۇتۇپ تۇرۇۋاتقان بولۇپ تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدا سەل قارىغىلى بولمايدىغان ئىجتىمائىي ئورۇنغا ئىگە ئىدى. ئاقتاغلىق خوجىلار تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىغا ئەۋەتىلگەندە مۇشۇ جەمەتنىڭ قوللىشىغا تايانغانىدى، ئەمما خوجىسى جەمەتىنىڭمۇ ئۆزىگە چۇشلۇق قارا نىيىتى بار ئىدى. داۋاچىنى تۇتۇپ ئىلىدىكى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى بارگاھىغا ئېلىپ بارغاندا خوجىسى "ئامۇرسانادىن يەركەن، قەشقەر ئەل قىلىنغاندىن كېيىن ئۆزىنى ئاشۇ جايلارنىڭ باش خوجىدارى قىلىپ تەيىنلەشنى تەلەپ قىلغانىدى"⑫. كېيىن بۇرھانىدىن تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن "خوجىسى ۋە ئابدۇۋاھاپ بەگنىڭ ياخشىلىقىغا تەشەككۇر بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن ئۇنى داۋاملىق ۋەزىپىگە قويىدى"⑬. قارىغاندا خوجىسى جەمەتى دەماللىققا "ئالا كۆڭۈللۈك" قىلمىغان بولسا كېرەك. لېكىن ئىلىدىن توپىلاڭ قىلىپ قېچىپ كەلگەن خان خوجا بۇ جەمەتكە زادىلا ئىشەنمەيتتى، شۇڭا ئۇلارغا قارىتا ئۆزىگە رام قىلىش ئەمما ئاستىرتتىن تىزگىنلەش پرىنسىپىنى قوللاندى. «تاشقى ۋاسساللاردىن موڭغۇل-مۇسۇلمان ۋاڭ-گۇڭلىرىنىڭ نەسەبنامىسى» نىڭ 117-جىلد، «خوجىسىنىڭ تەرجىمىھالى» دا مۇنداق دېيىلىدۇ: "خان خوجا ئاسىيلىق قىلىشنى پىلانلاۋاتقاندا خوجىسى ئورۇقىدىن خاۋاتىرلەندى. شۇڭا ئۇلارنى ئۆزىگە قارىتىۋېلىش ئۈچۈن ئۇرۇق-تۇغقانلارنى پارچىلاپ ھەرقايسى شەھەرلەرگە جايلاشتۇردى: خوجىسى بەگنى خوتەن بېگى، چوڭ ئوغلى مۇزەپپەرنى ئۈچ بېگى، ئابدۇۋاھاپ بەگنى يەركەن بېگى، ئۇنىڭ ئوغلى ئابدۇساتتارنى ئاقسۇ بېگى قىلىپ تەيىنلىدى ۋە لەشكەرلىك يالاپ ئۇلارنى ئاشۇ جايلارغا ئاپىرىپ قويىدى. خوجىسى بۇنىڭغا چىش يېرىپ بىرنەرسە دېيەلمەي

ئىلاجسىز بويسۇندى".

بۇ بىر ئابزاس خاتىرىدىن خان خوجىنىڭ بۇ قۇدرەتلىك جەمەتنى پارچىلىۋېتىپلا قالماي يەنە يەرنىڭ تېگىدىكى يىلاننىڭ كۆشىگىنىنى بىلىدىغان، يەتتە ئۆلچەپ بىر كېسىدىغان خوجەسى ۋە ئۇنىڭ قېرىندىشى ئابدۇۋاھاپ بەگدىن ئىبارەت بۇ ئىككى غوللۇق شەخسنى ئۇچ ۋە ئاقسۇدىكى كونا ئۇۋىسىدىن ئايرىۋېتىپ ھېچ ئىش قىلالماس قىلىپ قويغانلىقىنى بىلىۋېلىش مۇمكىن. كېيىن چىڭ سۇلالىسىگە قايتا ئەل بولغان خوجەسىمۇ مۇنداق دېگەنىدى: "خان خوجا ئەسلىدە مېنىڭدىن ۋايىم يەپ، ئۇرۇق-تۇغقانلىرىمنى ھەرقايسى شەھەرلەرگە تارقاقلاشتۇرۇۋەتكەنىدى. ھازىرقى ئەھۋالدا پېقىرنىڭ ئەل بولغانلىقىنى ئاڭلىسا جەزمەن قېرىندىشىم ئابدۇۋاھاپ، جىيەنىم ئابدۇساتتارلارنى نەزەربەندكە ئالىدۇ"⑭.

كۇچا، باي شەھەرلىرىمۇ ئۇچ، ئاقسۇغا ئوخشاشلا تەڭرىتاغدىن تارىم ئويمانلىقىغا كىرىشتىكى دەرۋازا بولۇپ، بۇ ۋاقىتتا ئاكا-ئۇكا خوجىلارنىڭ كونتروللۇقىدا ئىدى. سابىق كۇچا ھاكىمبېگى ھادى بەگ، باي ھاكىمبېگى گادامەت قاتارلىقلار بولسا ئاللىقاچان تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدىكى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىغا ئەل بولغانىدى. ھادى بەگ قاتارلىقلار توغرىسىدا «مۇسۇلمانلار يۇرتىنىڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى» دە مۇنداق دېيىلىدۇ: "ھادى بەگ — كۇچادىن. بوۋىسى مىرزامەت، ئاتىسى پولاد ئەۋلادتىن-ئەۋلاد كۇچادا ياشاپ كەلگەن. ھادى جەمەتى جۇڭغارلارنىڭ تەھدىتى تۈپەيلىدىن ئىلى بويلىرىغا كۆچۈپ كېتىپ، دەريانىڭ شىمالىدىكى غۇلجىدا ئولتۇراقلىشىپ قالغان. چيەنلوڭنىڭ 20-يىلى (1755-يىلى) زور قوشۇنىمىز جۇڭغارلارنى تىنچىتقاندا ھادى ئەل بولۇشنى تەلەپ قىلغان…" (5-جىلد «ھادىنىڭ تەرجىمىھالى»)؛ "گادامەت — ئۇچتىن. ئىلگىرى باينىڭ ھاكىمبېگى بولغان ۋە

جۇڭغارلارغا بېقىنغان. چيەنلوڭنىڭ 21-يىلى (1756-يىلى) زور قوشۇنىمىزنىڭ جۇڭغارلارنى تىنچىتقانلىقىنى ئاڭلاپ شەھەرنى تاشلاپ بەيئەتكە كەلگەن. يولدا ئاسىي ئوغرى ئامۇرساناننىڭ ئەلچىسىگە ئۇچراپ ئۇنىڭ ئەل بولۇش ھەققىدىكى تەھدىت سۆزلىرىگە پىسەنت قىلماي ئىلىغا كەلگەن ۋە ئەھۋالنى مەلۇم قىلغان" (5-جىلد، «گادامەتنىڭ تەرجىمىھالى»)؛ "سېتىۋالدى— ئۇچتىن، بوۋىسى غوجامقۇل، ئاتىسى چېرىك ئەسلىدىكى باي بەگلىرىدىن. سېتىۋالدى جەمەتى جۇڭغارلارنىڭ قىستىشى بىلەن ئىنىسى ئاق بەگنى ئېلىپ ئىلىغا بارغان. چيەنلوڭنىڭ 20-يىلى (1755-يىلى) زور قوشۇنىمىز جۇڭغارلارنى تىنچىتقاندا سېتىۋالدى ئەل بولۇشنى تەلەپ قىلغان. ئامۇرسانا ئىسيان كۆتۈرۈپ مالىمانچىلىقتا قالغاندا سېتىۋالدى باركۆلگە كەتكەن..." (5-جىلد «سېتىۋالدىنىڭ تەرجىمىھالى»). بۇ ماتېرىياللاردىن شۇ نەرسە مەلۇم بولىدۇكى، ھادى قاتارلىقلار تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى شىمالىي رايوننىڭ يەرلىك كاتتىلىرىدىن بولۇپ، زور تەسىرگە ئىگە ئىدى. جۇڭغار خانلىقى دەۋرىدە ئۇلارنىڭ ھەممىسى جۇڭغارلارنىڭ تىزگىنلىشىدە بولغان، كېيىن چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى جۇڭغارلارنى تىنچىتقاندا ئۇلار ئۆز قوۋمىلىرىنى باشلاپ بەيئەتكە كەلگەن. رايون جەھەتتىن قارىغاندا كۇچا، باي قاتارلىق جايلار يەركەن ۋە قەشقەردىن بىرقەدەر يىراقتا بولۇپ، مەخدۇم خوجا جەمەتى بىلەن ئانچە قويۇق مۇناسىۋەتتە ئەمەس ئىدى. چۇنيۇەن چىنشىيى «غەربىي يۇرتتا كۆرگەن-ئاڭلىغانلىرىم»نىڭ 6-جىلدىدا ئۇلار بىلەن خان خوجا ئوتتۇرىسىدا "ئەزەلدىن قاتتىق ئۆچمەنلىك بار" دەيدۇ. بۇ ئەھۋالنى يۇقىرىقى ماتېرىياللاردىن ئىلغا قىلغىلى بولمايدۇ، قارىغاندا راست بولسا كېرەك، «چىڭ گاۋزوڭ دەۋرىدىكى ئوردا خاتىرىلىرى»دا بۇ ھەقتە بەزى ئۇچۇرلار

بار: "يارخاشەننىڭ مەلۇماتى: كۇچا، ئۇچ قاتارلىق جايلاردىكى مۇسۇلمان بەگلەردىن ھادى، سېتىۋالدى قاتارلىقلار ئەل بولدى. سېتىۋالدى: 'ئۆتكەن يىلى مۇسۇلمانلار يۇرتىغا ئەۋەتىلگەن ياساۋۇللار بېشى تۇرۇمتايىنى يەركەن، قەشقەر مۇسۇلمانلىرى تۇتقۇن قىلىۋالدى' دەپ شىكايەت قىلدى. بۇ سۆزنىڭ ھېچقانداق دەلىلى يوق بولغاچقا سېرىن، جاۋخۇي قاتارلىقلاردىن سۈرۈشتە قىلىپ باقتىم. سېرىن: 'ئەل بولغان ھادى قاتارلىقلار ئەسلى ماكانىغا قايتىدىغان بولسا خوجا خان ئۇلارنى يەپ تاشلايدۇ' دەيدۇ ..." (517-جىلد، چيەنلوڭنىڭ 21-يىلى 7-ئايدىكى خاتىرە).
سېتىۋالدى يەركەن، قەشقەرنى بېسىپ ياتقان ئاكا-ئۇكا خوجىلارنىڭ چىڭ سۇلالىسى ئەلچىلىرىنى تۇتۇپ قالغانلىقىنى، خوجىلار بىلەن ئۆزلىرى ئوتتۇرىسىدا ئۆچمەنلىك بارلىقىنى شىكايەت قىلغان، سېرىننىڭ مەلۇماتىدا بولسا ھادى قاتارلىقلارنىڭ خان خوجا بىلەن بولغان تۇپلۇك قارىمۇقارشى مۇناسىۋەتتى تېخىمۇ ئوچۇق ئەسكەرتىلگەن. ھادى قاتارلىقلار شەھەرنى تاشلاپ چىڭ سۇلالىسىگە ئەل بولغاندىن كېيىن ئاكا-ئۇكا خوجىلار يېقىن ئۇرۇق-تۇغقانلىرىدىن ئىككى كىشىنى ھاكىمبەگلىككە تەيىنلەپ، مۇھىم جۇغراپىيىلىك ئورۇنغا ئىگە بولغان كۇچا ۋە باينى ئۆز ھۆكۈمرانلىقىغا ئالغان. شۇنداق قىلىپ تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ئەمەلىيەتتە پۈتۈنلەي خوجىلارنىڭ ئىلكىگە چۈشۈپ كېتىپ ئۇلارنىڭ چىڭ سۇلالىسىگە قارشى ئىسيان كۆتۈرۈشىدىكى تەييارلىقلار ھازىرلاندى. «جۇڭغارلارنى تىنچىتىش تەدبىرلىرى» نىڭ رەسمىي نۇسخا، 58-جىلد، چيەنلوڭنىڭ 23-يىلى (1758-يىلى)6-ئايدىكى خاتىرىدە مۇنداق دېيىلىدۇ: "بۇنىڭدىن مۇقەددەم خان خوجا ھەرقايسى ئاتامانلار بىلەن كېڭىشىپ فۇمىيەننى ئويرات ئەلچىسى قىلىپ ئەۋەتسەك، ئەل بولغان ھامان ئۇلپان تاپشۇرۇشقا توغرا

كېلىدۇ، ئۇنىڭدىن كۆرە بىرەر جايىنى ئىگىلەپ، يەر تېرىپ سېپىلىنى پۇختىلىساق ياۋدىن مۇداپىئەلەنگىلى تامامەن بولىدۇ، دېيىشتى. بۇرھانىدىن: 'ئىلگىرى ئويراتلارنىڭ خورلىشىغا ئۇچرىدۇق، بۈيۈك دۆلەتنىڭ لەشكەرلىرى بولمىغان بولسا يۇرتىمىزنىڭ خۇشبۇي تۇپرىقىنى قايتا پۇرىيالايتتۇقمۇ؟ شاپائەتكە ۋاپاسىزلىق قىلساق دۇرۇس بولمايدۇ. لەشكىرىي كۈچىمىز بىز ئۇلارغا تەڭ كېلەلەيمىز' دېدى. خان خوجا ئۇنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالمىدى، ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلەرمۇ ئۇنىڭغا ھە-ھۇ دېيىشىپ بۇلاڭ-تالاڭغا شېرىك بولدى".

تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى مۇسۇلمانلارنى تىزگىنلەشتەك ئەمەلىي ھوقۇقنى ئاللىقاچان ئۆز قولىغا ئېلىپ بولغان خان خوجا چىڭ سۇلالىسى ئوردىسىنىڭ يارلىقلىرىنى چۆرۈپ تاشلاپ چىڭ سۇلالىسىگە قارشى توپىلاڭ كۆتۈرمەكچى بولغاندا يەرلىك بەگلەر ۋە فېئودااللار توپىلاڭدىن توقاچ ئوغرىلاش غەرىزىدە كىچىك خوجىنى توپىلاڭ كۆتۈرۈشكە كۈشكۈرتتى. ۋەزىيەتكە قارىتا بىرقەدەر ئېنىق تونۇشقا ئىگە بۇرھانىدىن خوجا توپىلاڭ كۆتۈرۈشنى خالىمىغان بىلەن قولىدا ھېچقانداق ھوقۇق بولمىغاچقا خان خوجىنى توسۇشقا قادىر بولالمىدى. شۇنىڭ بىلەن خان خوجا ئۆزىنى "باھادۇر خان " دەپ جاكارلاپ، ئاكىسى بۇرھانىدىننى قايىل قىلىپ تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدا چىڭ سۇلالىسىگە قارشى توپىلاڭ كۆتۈردى.

بۇ مەزگىلدە چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئاساسلىق دىققىتىنى تەڭرىتاغنىڭ شىمالىغا مەركەزلەشتۈرگەن بولۇپ، ئامۇرسانانى قورشاپ تۇتۇش بىلەن ھەلەك بولۇپ كەتكەچكە، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى ئىشلارغا قارىغۇدەك چولىسى يوق ئىدى، يەنە كېلىپ ئىككى خوجا ئويدۇرۇپ چىققان ساختا كۆرۈنۈشلەرگە ئالدىنىپ قالغانلىقى ئۈچۈن تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى ۋەزىيەت توغرىسىدا،

يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك بىر تەرەپلىمە يەكۈن چىقىرىپ قويغانىدى. ھالبۇكى، ئارىدىن ھېچقانچە ۋاقىت ئۆتمىدى، 10-ئايغا كەلگەندە ئىلىدا تۇرۇشلۇق چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى ئاقتاغلىق خوجىلارنىڭ ئىسيان كۆتۈرۈش نىيىتىنى ئاز-تولا سەزدى. چېگرىنى تىنچلاندۇرغۇچى ئۇلۇغ قول ئورۇنباسار سانغۇن جاۋ خۇي 10-ئايدىكى بىر پارچە مەلۇماتنامىسىدە مۇنداق يازىدۇ: "يەركەن، قەشقەرگە ئەۋەتىلگەن ياساۋۇللاردىن تىچىنتۇ، تاكىبېشىن، جىڭجاڭ دوندوك، لەنلىڭ ئەيشىنتەي، ئورۇنباسار تۇرشاۋۇل خوتۇلى قاتارلىقلار بارگاھقا يېنىپ كەلدى. تىچىنتۇنىڭ مەلۇم قىلىشىچە، سانغۇن سېرىن تىچىنتۇ بىلەن خوتۇلىنى بۇرھانىدىن، خان خوجىلارغا سالامغا بارغۇچى قىلىپ كىمنى بېكىتىشنى ئويلىشىش، باج-سېلىق تاپشۇرۇپ قائىدىلىرىنى تېزدىن تۈزۈپ چىقىش، قوشۇن تۇرۇشلۇق جايلارغا ئادەم ئەۋەتىپ سودا ئىشلىرىنى يولغا قويۇش قاتارلىق ئىشلار ھەققىدىكى پەرماننى يەتكۈزۈشكە يەركەنگە ئەۋەتكەن. ئۇلار خان خوجا بىلەن كۆرۈشكەندە نامىنى ئۇنىڭغا تاپشۇرغان، بىراق خان خوجا بۇنىڭغا قارىتا تېگىشلىك ھۆرمەتتە بولمىغان ۋە ياساۋۇل تۇرۇمتاي بىلەن بىللە بېرىشقا ئادەم قوشۇپ قويغانلىقىنى، پۈتۈن ئىشلارنى شۇ كىشىنىڭ ئورۇنلاشتۇرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ تۇرۇۋالغان. ئۇلار قايتىپ ماڭغاندا بىللە كېلىشكە تېگىشلىك ئويراتلار ئاشۇ يەردە قېلىپ قالغان. خان خوجا ئىلگىرى 3000 كىشىلىك قوشۇن بىلەن بۇيرۇتلارغا قارشى جەڭگە چىقىپ ئىككى قېتىم تۇمشۇغىغا يېگەن. دوندوكنىڭ مەلۇم قىلىشىچە، سانغۇن سېرىن يەركەنگە نامە ئەۋەتىپ خان خوجىنى تېرىقچىلىق قىلغۇچى تارانچىلارنى تېزدىن ئىلىغا يەتكۈزۈشكە بۇيرۇغاندا خان خوجا بۇيرۇقنى ئىجرا قىلمىغان. تاكىبېشىنىڭ مەلۇم قىلىشىچە، ئورۇنباسار تۇتۇق

ئامىنداۋ سانغۇن سېرىننىڭ مەكتۇپىنى ئېلىپ مۇسۇلمانلار يۇرتىغا كەلگەن ۋە بۇرھانىدىننى ئاسىي مۇناپىق ئامۇرسانانىڭ ئەلچىسى داشى مېڭكۇنى تۇتۇشقا بۇيرۇغان. ئۇنى ئېلىپ ئاقسۇغا كەلگەندە ئابدۇساتتار نەزەربەند قىلىنىۋېلىپ تېخى يېقىندىلا قويۇپ بەرگەن. خوتۇلىننىڭ مەلۇم قىلىشىچە، ئۇ ئاقسۇدىكى ۋاقتىدا بۇرھانىدىننىڭ خان خوجىغا: ‹بىز قېرىنداشلار ئۈچ ئەۋلاد ئاتا-بوۋىمىزغا قەدەر جۇڭغارلارنىڭ نەزەربەندىدە بولدۇق. تەڭرىنىڭ ئىرادىسى بىلەن ئەركىنلىككە چىقىپ يەنىلا مۇسۇلمانلارنىڭ سەردارلىرى بولۇپ قالدۇق، بىز مۇشەررەپ بولغان شاپائەت تاغدىن زور، دېڭىزدىن چوڭقۇردۇر، ئەمدىلىكتە سەن ساماۋى خانلىققا قارشى چىقساڭ پەقەت ئۆزۈڭگە ئۆزۈڭ قىلىسەن. مەن ھەرگىزمۇ ساڭا ئەگەشمەيمەن› دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان“⑮ . ئەلچىلەرنىڭ بۇ مەلۇماتلىرىدىن جاۋخۇي ”بۇرھانىدىننىڭ سەممىي سادىق ئىكەنلىكىنى، خان خوجىنىڭ ئەزەلدىن ئۆز نېسىۋىسىگە شۈكرى قىلمايدىغان ئادەم ئىكەنلىكىنى“، ”مۇشۇ چاغقىچە باج-سېلىق تاپشۇرۇش قائىدىلىرىنى تۈزمىگەنلىكى ۋە ئادەم ئەۋەتمىگەنلىكىدىن ئاسىيلىق قىلىش نىيىتىنىڭ ئېنىقلىقىنى“ ھېس قىلىپ، ئامىنداۋ قاتارلىقلارغا” تېزدىن قوشۇن تارتىپ ئاقسۇ ۋە كۇچانى تىنچلاندۇرۇڭلار، خان خوجىنىڭ شەخسەن ئۆزىنىڭ ئالدىڭلارغا سالامغا كېلىشىگە پەرمان قىلىڭلار، ئۇنىڭ ئىلىدىكى تارانچى مۇسۇلمانلىرىمۇ بۇرۇنقى قائىدە بويىچە سالامغا كەلسۇن، سەللا قارشىلىق كۆرسەتسە دەرھال قىرىپ تاشلاڭلار“ دەپ بۇيرۇدى⑯.

ئەمما ئەينى ۋاقىتتا قاتمۇقات ئوردىنىڭ ئىچكىرىسىدە شاھانە تەختتە ئولتۇرۇپ غەربىي يۇنىلىشتىكى ئومۇمىي ۋەزىيەتكە قوماندانلىق قىلىۋاتقان چيەنلوڭخان خان خوجىنىڭ چىڭ سۇلالىسىگە قارشى ئىسيانىغا قارىتا يېتەرلىك تونۇشتا ئەمەس

ئىدى. ئۇ ئالدى بىلەن جاۋخۇينىڭ ھەرىكىتىنى مۇئەييەنلەشتۇردى ۋە "ئامىنداۋنىڭ تېزدىن قوشۇن تارتىشىغا يارلىق چۈشۈرۈلسۇن، كېڭىشىپ كۆرۈپ ئىش قىلىڭلار، ئەڭ ياخشى تەدبىرنى قوللىنىڭلار" دېدى، ئەمما ئۇلاپلا "ھازىر خان خوجا ئەۋەتكەن ئەلچى شاھىنىياز ئاستانىگە كېلىپ ماڭا چوڭقۇر سەممىي ساداقىتىنى بىلدۈرۈۋاتىدۇ. خان خوجىغا بەك ئىشىنىپ كەتكىلى بولمىسىمۇ ئۇنىڭ شۇنچە يىراقتىن ئەلچى ئەۋەتكەنلىكىدىن ساماۋى خاندانلىقىمىزدىن ئەيمىنىدىغانلىقى ئاشكارا بولماقتا" دەپ قوشۇمچە قىلدى. شۇڭا چيەنلوڭخان جاۋخۇيغا كۆرسەتمە قىلىپ: "پەرمان يەتكەن ۋاقىتتا خان خوجا تۇتۇلغان بولسا ياكى ئىلىغا بېرىپ ئۆزلۈكىدىن باش ئۇرسا جاۋخۇي پاراسەت بىلەن ئۇنىڭغا تەسەللىي بېرىپ كۆڭلىنى تەسكىن تاپقۇزسۇن ۋە كىشى قوشۇپ بېيجىڭغا ئەۋەتسۇن. ناۋادا ئامىنداۋ ئاشۇ يەردە قارارگاھ تىككەن بىلەن خان خوجىنى تېخى تۇتالمىغان بولسا جاۋخۇي دەرھال ئاشۇ يەرگە بېرىپ ئۇنىڭغا ئۆز ساداقىتىنىڭ چىنلىقىنى بىلدۈرۈشكە يارلىق ئەۋەتسۇن. ئەمما ھەر يىلقى باج-سېلىقنىڭ نىزام-قائىدىلىرىنى تۈزۈپ كېلىپ مەلۇم قىلسۇن، كۆپلەپ لەشكىرىي كۈچ ئاجرىتىش ھاجەتسىز، ئىشلار جايىدا ھەل قىلىنسۇن"⑰ دېدى. چيەنلوڭخان ئاساسىي كۈچىنى تەڭرىتاغنىڭ شىمالىغا قارىتىش ئۈچۈن تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى ئىشلاردا يەنىلا ئالدىنقى سەپ قوماندانلىرىغا "ئەل بولۇشقا دەۋەت قىلىش"، "ئارتۇقچە لەشكىرىي كۈچ ئاجرىتىپ ئاۋارە بولماسلىق" دېگەن ئاساسىي پرىنسىپنى بېكىتىپ بەردى.

ئەمەلىيەتتە، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىنىڭ بۇ ۋاقىتتىكى ۋەزىيىتى جاۋخۇينىڭ ئويلىغىنىدىنمۇ خەتەرلىك ئىدى. كەبىسە يىلى 9-ئاينىڭ باشلىرى ئامىنداۋ قوشۇنىنى باشلاپ كۇچاغا يېقىن

كەلگەندە ئايغاقچىلار ئارقىلىق خان خوجىنىڭ شەخسەن 3000—4000 كىشىلىك قوشۇننى باشلاپ ئۈچ شەھىرىدە قارارگاھ تىككەنلىكىنى، ئۇنىڭ قولچومىقىدىن خوجەسى بەگنىڭ جىيەنى، ئاقسۇ بېگى ئابدۇساتتارنىڭ 1000چە كىشى بىلەن ئالدىنقى توساق ھېسابلىنىدىغان مۇشۇر دەرياسى بويىغا جايلاشقانلىقىنى بىلدى. ئۇلارنىڭ ئىلىدىن تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىغا كىرىشتىكى ئۈچ، ئاقسۇ قاتارلىق مۇھىم ئېغىزلارنى ئاشۇنچىۋالا زور لەشكىري كۈچ بىلەن بېقىپ ياتقانلىقى ئۇلارنىڭ چىڭ سۇلالىسىگە قارشى ئىسيان قىلىش نىيىتىدە بولۇۋاتقانلىقىنىڭ ئىپادىسى ئىدى. ئامىنداۋ قاتارلىقلار قوشۇن تارتىپ كۇچاغا قىستاپ كەلگەندە قارشىلىققا دۇچ كەلگەنلىكتىن كۇچانى قورشاۋغا ئېلىشقا بۇيرۇق قىلدى. شەھەرنى ساقلاۋاتقان 1000غا يېقىن ئەسكەر جەڭگە چىققان بولسىمۇ چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى تەرىپىدىن چېكىندۈرۈلدى. ئامىنداۋ كۇچادىكىلەرنى بەيئەت قىلىشقا ۋە باج-سېلىق تاپشۇرۇش قائىدە-مىزانلىرىنى يوللاشقا بويرۇغاندا كۇچانى ساقلاۋاتقان سانغۇن، خوجەسى بەگنىڭ ئوغلى خودابەردى ئۆزىنىڭ ئاللىقاچانلا بەيئەت قىلىش نىيىتىدە ئىكەنلىكىنى، پەقەت ئويرات لەشكەرلىرىدىن قورقۇپ چىقالمايۋاتقانلىقىنى ئېيتتى. ئامىنداۋ ئۇنىڭ سۆزىگە يەڭگىللىك بىلەن ئىشىنىپ قېلىپ ئويرات لەشكەرلىرىنى ئەسلىدىكى يايلىقىغا قايتۇرۇۋەتتى، پەقەت "يۈزدىن ئارتۇقراق ئادىمى بىلەن كۇچا شەھىرىدە چۈشكۈن قىلىپ، مۇسۇلمانلارنى بەيئەت قىلدۇرۇش ئىشلىرى بىلەن ئالدىراش بولۇپ كەتتى"⑱ ، نەتىجىدە خان خوجا تەرىپىدىن زىندانغا تاشلاندى.

جاۋخۇي 10-ئاينىڭ باشلىرى ئامىنداۋنىڭ يەڭگىللىك بىلەن كۇچاغا كىرگەنلىكىنى ئاڭلاپ ئىشنىڭ چاتاقلىقىنى سەزدى ۋە ئامىنداۋغا: "ئويراتلار ئالدىدا ماڭسۇن، مۇسۇلمانلار تۇتامى يوق

خەق، شۇڭا مۇشۇنداق بولغاندا مەيلى ئۇلارنى يوقىتىش بولسۇن ياكى تەسكىن تاپقۇزۇش بولسۇن ھەر ئىككىسىگە پايدىلىق. ھازىرچە ئۇلارنىڭ قارشىلىق كەيپىياتى سېزىلگەن بولسىمۇ، يەنىلا ئەل بولۇشقا دالالەت قىلىنىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ گېپىگە ئىشىنىپلا لەشكەرلەرنى تارقىتىۋېتىش ئاقىلانىلىق ئەمەس“ دەپ نامە ئەۋەتتى. جاۋخۇي ”ئامىنداۋنىڭ لەشكىرى كۆچى يېتەرلىك ئەمەس، نۇسرەت قازىنىش قىيىن، شۇڭا مۇسۇلمانلارنىڭ ئەھۋالىنى دەڭسەپ كۆرۈپ ئەمىن تاپقۇزۇش ياكى يوقىتىشنى ئويلىشىش كېرەك، ئەل بولسا ئىشنىڭ ئۆزلۈكىدىن ھەل بولغىنى شۇ، قالدى ئىشلارنى كېلەر يىلى قوشۇننى رەتكە سېلىۋالغاندىن كېيىن يىغىم ۋاقتىدا قوشۇن باشلاپ بېرىپ بېجىرسەكلا بولىدۇ“ دەپ قارايتتى. ئەمما پادىشاھ چيەنلوڭنىڭ بۇ ئىشقا بولغان ئىنكاسى جاۋخۇينىڭكىگە ئوخشىمايتتى، ئۇ ”مۇسۇلمانلار ئويراتلارنىڭ زىيانكەشلىكىدىن قورقۇۋاتىدۇ، مانا بۇ ئۇلارنىڭ ئەل بولۇشقا جۈرئەت قىلالماسلىقىدىكى ئاساسلىق سەۋەب، بۇ ئىشنىڭ ۋەزنى ئەنە شۇنىڭدا، شۇڭا ئەل بولۇشقا قايتا دالالەت قىلىپ، لەشكىرى كۈچ ئىشلىتىشتىن ئېھتىيات بىلەن ساقلانماق زۆرۈر“ دەپ قارايتتى ھەمدە خان خوجىنىڭ ”سانغۇن جانابلىرىنى كۆرگەندىن كېيىن بارگاھقا ئەلچى ئەۋەتىپ باج-سېلىق تاپشۇرۇش قائىدە-نىزاملىرىنى مەلۇم قىلىشنى“ خام خىيال قىلاتتى. شۇنىڭدىن ئۇزۇن ئۆتمەي خان خوجىنىڭ ئەلچىسى شاھنىياز بېيجىڭدىن قايتىپ كەلدى. چيەنلوڭخان تۇرۇمتاي قاتارلىق كىشىلەرگە شاھنىياز بىلەن بىللە يەركەن، قەشقەرگە بېرىشنى كۆپ قېتىم پەرمان قىلدى، يەنە تۇرپاندىكى مۇسۇلمانلارنىڭ كاتتىسى بولغان ئىمىن خوجىدىن ئادەم ياكى مەكتۇپ يوللاپ ئەل بولۇشقا دالالەت قىلىشنى، چوڭ-كىچىك خوجىلارنى ئەمىن تاپقۇزۇپ ئۇلارنى ”غەللە-پاراق، باج-سېلىق

مىقدارى ھەققىدىكى قائىدە-نىزاملارنى بېكىتىشكە ئۈندەشنى تەلەپ قىلدى" ئەمما بۇ ئىشلار يېرىم يولدا توسۇلۇپ قېلىپ ئىشقا ئاشماي قالدى⑲.

بۇ مەزگىلدە ئاكا-ئۇكا خوجىلارنىڭ تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى ھۆكۈمرانلىقىنىڭ كۈنسېرى مۇستەھكەملىنىشى ۋە تەسىرىنىڭ زورىيىشى بىلەن ئۇلارنىڭ چىڭ سۇلالىسىگە قارشى ئىسيان كۆتۈرۈش پائالىيەتلىرىنىڭ سالمىقى تەدرىجىي ئېشىپ باردى. تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدىكى ۋەزىيەتتە كۆرۈلگەن ئۇشتۇمتۇت ئۆزگىرىشمۇ ئۇلارنىڭ خورىكىنى ئۆستۈرۈپ قويدى: چيەنلوڭنىڭ 21-يىلى (1756-يىلى) 8-ئايدا چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئامۇرسانانى قوغلاپ تۇتۇشقا يۈرۈش قىلغان ئىككى يول قوشۇنى قاتتىق سوغۇق سەۋەبىدىن چېكىنىپ كەتتى، ئۇلارنىڭ بىر قىسمى خالخا موڭغۇللىرىدىن چىڭگۈن زاپونىڭ توپىلىڭىنى تىنچىتىشقا ياردەملىشىش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەنلىكتىن تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدا چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى ئاجىزلاپ قالدى. چىڭ سۇلالىسى ئوتتۇغات بەرگەن جوروس خانى غالساڭ دورجى، خونت خانى بايار قاتارلىق ئويرات فېئوداللىرى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ خوشۇن تۈزۈمىنى يۈرگۈزمەكچى بولغانلىقىغا نارازى بولۇپ، چىڭ سۇلالىسىگە قارشى ئىسيان قىلىشنى پىلانلىدى ۋە 11-ئايدا ئۈرۈمچىدە توپىلاڭ كۆتۈردى. ئەينى ۋاقىتتا ئىلىدا تۇرۇۋاتقان چېگرانى تىنچلاندۇرغۇچى ئوڭ قول ئورۇنباسار سانغۇن جاۋخۇي قوشۇن باشلاپ شەرققە يۈرۈش قىلدى، ئىككىنچى يىلى 1-ئايدا ئىسيانچى قوشۇن تەرىپىدىن ئۈرۈمچىدە قورشىۋېلىنىپ ھالاكەت گىرداۋىغا كېلىپ قالدى، كېيىن باركۆلدىن كەلگەن ياردەمچى قوشۇننىڭ ماسلىشىشى بىلەن باركۆلدىكى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ بارگاھىغا كېلىۋالدى. بۇ ۋاقىتتا قازاقلار رايونىدا

قىچىپ يۈرگەن ئامۇرسانا پۈرسەتتىن پايدىلىنىپ تەڭرىتاغنىڭ شىمالىغا قايتىپ كەلدى ۋە غالساڭ دورجى قاتارلىق توپىلاڭچىلار بىلەن بورتالادا ئۇچرىشىپ بىر مەھەل ئۈستۈنلۈكنى ئىگەللىدى. غەربىي يۇرتنىڭ بۇ خىل ۋەزىيىتى شۈبھىسىزكى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى ئاكا-ئۇكا خوجىلارغا غايەت زور مەدەت بولدى. ئۇلار خاتا ھالدا چىڭ سۇلالىسىگە قارشى چىقىپ مۇستەقىل بولۇش پۈرسىتى يېتىپ كەلدى، دەپ قاراپ، ئاۋۋال ئامىنداۋ باشچىلىقىدىكى يۈزدىن ئارتۇقراق مانجۇ قوشۇنىنى كۇچادا نەزەربەند قىلدى، ئارقىدىنلا چيەنلوڭنىڭ 22-يىلى (1757-يىلى) 3-ئايدا ئۇلارنى پۈتۈنلەي قىرىپ تاشلاپ⑳ توپىلاڭ بايرىقىنى ئاشكارا كۆتۈرۈپ چىقتى.

## 2 § چىڭ سۇلالىسىنىڭ تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىنى قايتۇرۇۋېلىشى ۋە چوڭ-كىچىك خوجىلارنىڭ ھالاكىتى

### 1. چىڭ سۇلالىسىنىڭ تارىم ئويمانلىقىنىڭ شىمالىنى ئىگىلىشى

چىڭ سۇلالىسىنىڭ نەزىرىدە، جۇڭغارلار ئەسلىدە تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىنى ئىدارە قىلغان، ئەمدىلىكتە ئىلى تىنچىتىلىپ جۇڭغارلار ئەل بولغاندىن كېيىن جۇڭغارلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولۇپ كەلگەن تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي قىسمىمۇ تەبىئىي رەۋىشتە چىڭ سۇلالىسىگە مەنسۇپ بولۇشى كېرەك ئىدى. شۇڭا دەسلەپ بۇرھانىدىننى يەركەن، قەشقەر قاتارلىق جايلارنى "ئەل قىلدۇرۇش"قا ئەۋەتىپ، شۇ ئارقىلىق تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدا ئۆزلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىق سىستېمىسىنى ئورنىتىشقا

تەييارلانغانىدى. ئارقىدىنلا ”باج-سېلىق مىقدارى ھەققىدىكى قائىدە-نىزاملارنى بېكىتىش“نى سۆيلەپ بۇرھانىدىنغا كۆپ قېتىم ئەلچى ئەۋەتتى ۋە كونكرېت ھۆكۈمرانلىق تەدبىرلىرىنى يۈرگۈزمەكچى بولدى. لېكىن چوڭ-كىچىك خوجىلار چىڭ سۇلالىسىنىڭ پەرمانىنى ئىجرا قىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەۋەتىلگەن سەرۋاز-نەۋكەرلەرنى قىرىپ تاشلاپ چىڭ سۇلالىسىگە قارشى ئاشكارا توپىلاڭ كۆتۈردى. ئەينى ۋاقىتتا تازا قۇدرەت تېپىۋاتقان چىڭ سۇلالىسى بۇنىڭغا ھەرگىزمۇ قاراپ تۇرالمايتتى، شۇڭا شۇ يىلىلا توپىلاڭنى باستۇرۇپ تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىنى قورال كۈچى بىلەن تىنچىتىش قارارىغا كەلدى. لېكىن ئەينى ۋاقىتتا چىڭ سۇلالىسى پۈتۈن دىققەت-نەزىرىنى تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدىكى ئامۇرسانا توپىلىڭىنى تىنچىتىشقا قارىتىۋاتقاچقا جەنۇبقا قاراشقا چولىسى تەگمىدى، شۇڭا قوشۇن تارتىپ چوڭ-كىچىك خوجىلارنى تىنچىتىشنى ئىككىنچى يىلى ئەتىيازغا پىلانلىدى.

شۇنداقتىمۇ، چىڭ سۇلالىسى ئوردىسى يەنىلا ”قوشۇن چىقىرىپ ئاۋارە بولمايلا“ چوڭ-كىچىك خوجىلار مەسىلىسىنى ھەل قىلىۋېتىش كويىدا بولدى. شۇڭا خېلى بۇرۇنلا چىڭ سۇلالىسىگە بەيئەت قىلغان تۇرپان مۇسۇلمانلىرىنىڭ ”ئاقساقىلى“ ئەمىن خوجىغا بۇ ھەقتە تىرىشچانلىق كۆرسىتىش توغرىسىدا كۆرسەتمە بېرىلدى: ”سانغۇن چېڭگۇن زابۇ خان خوجا ۋە بۇرھانىدىننى جايلىۋېتىشنى ئىلتىماس قىلدى. مېنىڭ ئويلىشىمچە كېلەر يىلى ئەتىيازدا قوشۇن تارتىش كېرەك. بۇ ھەقتە سانغۇن چېڭگۇن زابۇغا يارلىق يەتكۈزۈلدى. بۇ ئىككى ئوغرى… شاپائەتنى ئۇنتۇپ ئاسىيلىق يولىغا ماڭدى، ئورۇنباسار تۇتۇق ئامىنداۋنى ئۆلتۈردى، ئۇلارنىڭ جىنايىتىنى كەچۈرگىلى بولمايدۇ. ئەمما بۇ ئىككى ئوغرىنىڭ چوتۇرى تولا بولغاچقا پۈتكۈل مۇسۇلمانلار ئۇلارغا

ئەگىشىدۇ، شۇڭا ئۇلارنى يەنىلا ئەپۇ قىلىشقا بولىدۇ. سەن بولساڭ مېنىڭ يۈكسەك ئىلتىپاتىمغا ئېرىشتىڭ، يەنە كېلىپ مۇسۇلمانلارنىڭ كاتتىسى بولغاچقا ئاۋام ساڭا ئىشىنىدۇ. ناۋادا ئامال قىلىپ ئۇلارنى ئىندەككە كەلتۈرەلىسەڭ ياكى بولمىسا مۇسۇلمانلار ئاممىسىنى ئۇلاردىن يىراقلاشتۇرۇپ ئىككى ئوغرىنى تۇتالىساڭ لەشكەر چىقىرىپ ئاۋارە بولۇشنىڭ ھاجىتى قالمايتتى. ئۆزۈڭ چاغلاپ كۆرۈپ بىر ئىش قىلارسەن"㉑. نەتىجىدە قۇرۇق ئېغىز ئۇپراتقاننىڭ پايدىسى بولمىدى، ئەمدىلىكتە ئاخىرقى بىرلا يول قالغانىدى. چيەنلوڭنىڭ 23-يىلى (1758-يىلى) ئەتىيازدا چىڭ سۇلالىسى ئوردىسى يارخاشەننى ئاسىيلارنى تىنچىتقۇچى سانغۇن، ئىمىن خوجا، خانىڭئا قاتارلىقلارنى مەسلىھەتچى ئامبال قىلىپ تەيىنلەپ تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىغا جازا يۈرۈشى قىلدى، قۇمۇل مۇسۇلمانلىرىنىڭ "ئاقساقىلى" يۈسۈپ بىللە بېرىشنى ئىلتىماس قىلغاچقا شۇنداقلا، ئەيلوڭئا قاتارلىقلار بىلەن بىللە ئاغلاقچى ئامبال بولۇپ بېرىشقا پەرمان قىلىندى. بۇ ۋاقىتتا چىڭ سۇلالىسى لاگىرىدىكى سابىق كۇچا، باي بەگلىرىدىن ھادى بەگ قاتارلىقلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنىڭ كۆپىنچىسىنى چوڭ-كىچىك خوجىلار ئۆلتۈرۈپ تۈگەتكەنلىكتىن، ئۇلارنىڭ قالغان-قاتقانلىرى تەشەببۇسكارلىق بىلەن زور قوشۇن بىلەن بىللە جازا يۈرۈشكە ئاتلىنىشنى تەلەپ قىلىشتى ۋە چىڭ سۇلالىسىنىڭ يارامىلىق يول باشلىغۇچىلىرى بولۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى خان خوجىنىڭ جىنايىتىنى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى جايلاردا توختىماستىن جاكارلاپ "بۇ قېتىمقى قوشۇن تارتىشىمىزنىڭ مەقسىتى پەقەت خان خوجىنى تۇتۇش بىلەنلا چەكلىنىدۇ"، "بۇرھانىدىن ئۇنىڭغا مەجبۇرىي ئەگىشىپ قالغان بولغاچقا ئايرىم بىر تەرەپ قىلىشقا يارلىق بېرىلدى"، "ھەرقايسى

مۇسۇلمان پۇقرالار بۇ ئىشتا گۇناھسىز، پەقەت نادانلارچە ئۇلارغا ئەگىشىپ قالغانلا يېرى بار”㉒ دەپ تەشۋىق قىلىپ تۇردى ھەممە شۇ ئارقىلىق چوڭ-كىچىك خوجىلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى يىرىكلەشتۈرۈپ تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى خەلق ئاممىسىنىڭ چۈشىنىشىنى ۋە ماسلىشىشىنى قولغا كەلتۈرمەكچى بولدى.

يارخاشەن 8000 كىشىلىك قوشۇن㉓ بىلەن تۇرپاندىن يولغا چىقىپ بورتۇ داۋىنى ئارقىلىق 4-ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى قاراشەھەرگە يىغىلدى. ئاندىن ئىمىن خوجا شۇندىنا، يۇسۇپ قاتارلىقلار باشچىلىقىدىكى 1700 كىشىلىك قوشۇن تۇرشاۋۇل قىسىم بولۇپ ئالدىن يولغا چىقتى، يارخاشەن قوشۇنى ئارقىدىن مېڭىپ 5-ئاينىڭ باشلىرى چوڭ-كىچىك خوجىلارنىڭ شەرقىي دەرۋازىسى ھېسابلىنىدىغان كۇچاغا يېتىپ كەلدى. تاغقا يانداپ سېلىنغان كۇچا قەلئەسىنىڭ چىغ ئارىلاشتۇرۇپ سېلىنغان توپا سېپىلى ناھايىتى قېلىن ۋە مۇستەھكەم بولغاچقا مۇداپىئەلىنىشكە قولاي، ھۇجۇم قىلىشقا ئەپسىز ئىدى. خان خوجىمۇ بۇ لەشكىرىي قەلئەگە بەكلا ئېتىبار بىلەن قارايتتى. شەھەردە ئەسلىدە توققۇز يۈز تۈتۈن بار بولۇپ خان خوجا ئالدىنقى يىلى ئامىنداۋ قاتارلىق يۈز نەچچە سەرۋاز-نەۋكەرنى قىرىپ تاشلاپ چىڭ سۇلالىسىگە ئاشكارا قارشى چىققاندا مۇسۇلمانلار ۋە ئۆز ئىتائىتىدىكى ئويرات موڭغۇللىرىدىن بولۇپ سەككىز يۈزدىن ئارتۇق كىشىنى مەزكۇر شەھەرنى مۇداپىئە قىلىشقا كۆپەيتىپ ئەۋەتكەنىدى، شۇنداقلا ئۆزىنىڭ يېقىن تۇغقىنى ئابدۇكېرىمنى كۇچا ھاكىمبېگى قىلىپ ئەۋەتىپ، لەشكەر ۋە پۇقرالارغا باشچىلىق قىلىپ شەھەرنى مۇداپىئە قىلىشقا مەسئۇل قىلغانىدى㉔. چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى 5-ئاينىڭ 6-كۈنى كۇچانىڭ شەرقىدىكى ياقا توقناي دېگەن يەرگە يېتىپ كېلىپ مۇسۇلمانلارنىڭ ئورۇشقا تەرەددۇتلىنىۋاتقانلىقىنى بايقىدى.

ئەتىسى زور قوشۇن كۇچا سېپىلى تۈۋىگە كېلىپ مۇداپىئەچى قوشۇنغا ئەل بولۇش يارلىقى ئەۋەتتى، نەتىجىدە ئۇلارنىڭ تەلىپى رەت قىلىنىپ ئەل بولۇش يارلىقىنى ئېلىپ بارغان ئەلچىلەر تۇتقۇن قىلىندى، شۇنىڭ بىلەن چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى شەھەرگە ھۇجۇم قىلىشقا باشلىدى. مۇداپىئەچى قوشۇن شەھەردە قاتتىق قارشىلىق كۆرسىتىپ تۇرۇۋالغاچقا چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى كۆپ قېتىم ھۇجۇم قىلىپ باققان بولسىمۇ، شەھەرنى ئالالمىدى. چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى بىر تەرەپتىن كۇچانى قورشاۋغا ئېلىپ توختىماي ھۇجۇم قىلىش بىلەن بىرگە شەھەرنىڭ سۇ مەنبەسىنى ئۈزۈپ تاشلاپ مۇداپىئەچى قوشۇننىڭ ئۆزلۈكىدىن ھالاك بولۇشىنى كۈتتى، يەنە بىر تەرەپتىن ھادى بەگنىڭ مەسلىھەتى بويىچە سايرام، شايارغا تۇتىشىدىغان مۇھىم جايلارغا لەشكەر ئورۇنلاشتۇرۇپ، دۈشمەنلەرگە ئاقسۇ تەرەپتىن كېلىدىغان ياردەمچى قوشۇندىن مۇداپىئە كۆردى.

6- ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى ئاقسۇغا يېقىن ئوسقايا دېگەن جايدا قارارگاھ تىككەن ئابدۇخالىق ( ئابدۇكېرىمنىڭ ئىنىسى ) 3000 كىشىلىك قوشۇن بىلەن ياردەمگە كەلدى، ئاقىۋەت چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى كۇچانىڭ خېلىلا نېرىسىدا ئۇلارغا توسۇپ زەربە بەردى، ئابدۇخالىق بارى-يوق ئوتتۇز نەچچە ئادىمى بىلەن قېچىپ كەتتى. بۇ ۋاقىتلاردا، خوجا بۇرھانىدىن بۇيرۇت (قىرغىز) لارنىڭ پاراكەندىچىلىكىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن 2000 نەۋكەر بىلەن قەشقەردە مۇدائىپەدە تۇرۇۋاتاتتى، خان خوجا بولسا قوشۇن بىلەن ئۈچ شەھىرىنى ساقلاۋاتاتتى. خان خوجا شەرقىي دەرۋازا بولغان كۇچاغا چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىنىڭ ھۇجۇم قىلىۋاتقانلىقىنى، ۋەزىيەتنىڭ ناھايىتى جىددىيلىكىنى ئاڭلاپ شەخسەن ئۆزى ھەرقايسى شەھەرلەردىكى ئاتلىق-پىيادە نەۋكەرلەر ۋە جۇڭغارلارنىڭ

بەيئەتچى قوشۇنىدىن 3000 كىشىلىك قوشۇن تەشكىللەپ ئاقسۇ ئارقىلىق چۆللۈكتىن كېسىپ ئۆتتى ھەمدە شايار تەرەپتىن كۇچانى قوتقۇزۇشقا ياردەمگە كەلدى. چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى جەڭگە چىقىپ كۇچانىڭ جەنۇب تەرىپىدە خان خوجىنىڭ ياردەمچى قوشۇنىنى تارمار قىلدى ۋە ئۆگەن دەرياسى بويىغىچە قوغلاپ كەلدى. خان خوجىغا جەڭدە ئوق تەگدى ۋە سەككىز يۈزچە قالدۇق قوشۇنى بىلەن تىرىشىپ-تىرمىشىپ يۈرۈپ كۇچا شەھىرىگە قېچىپ كىرىۋالدى. ئەتىسى خان خوجا يەنە قوشۇن تارتىپ ھۇجۇمغا ئۆتكەندە يەنە بىر قېتىم چىڭ قوشۇنلىرى تەرىپىدىن تارمار قىلىندى ۋە 200دىن كۆپرەك ئادىمى تالاپەتكە ئۇچرىدى. خان خوجا ئادەملىرىنى باشلاپ شەھەرگە كىرىۋالدى ۋە ھۇجۇمغا چىقماي يېتىۋالدى.

چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى نەچچە كۈنلەپ ھۇجۇم قىلىۋەرگەچكە خان خوجا بارغانچە بىئارام بولۇپ قېچىش كويىغا چۈشتى. مانا مۇشۇ ۋاقىتتا ھادى بەگ ئاسىيلارنى تىنچىتقۇچى سانغۇن يارخاشەننى كۇچادىن قاچقان دۈشمەنلەرنىڭ ئاقسۇغا بېرىشىدا ئۆتۈش مۇمكىنچىلىكى بولغان جايلارنى لەشكەر ئەۋەتىپ قاتتىق ساقلاش ۋە خان خوجىنىڭ قېچىپ كېتىشىدىن ساقلىنىشقا ئاگاھلاندۇردى. يارخاشەن بۇنىڭغا ئېرەن قىلماي بۇ تەكلىپنى قوبۇل قىلمىدى. خان خوجا 6-ئاينىڭ 23-كۈنى كېچىدە تۆت يۈزچە نەۋكىرى بىلەن كۇچانىڭ غەربىي قوۋۇقىدىن چىقىپ شايار تەرەپكە قاچتى. غەربىي قوۋۇقتا مەسئۇل بولۇۋاتقان ئورۇنباسار تۇتۇق شۇندېنا كېچە قاراڭغۇلۇقىنى كۆزدە تۇتۇپ قوغلاشقا لەشكەر ئەۋەتمىدى، ئەتىسى تاڭ يورۇغاندا ئاندىن يۈز لەشكەرنى قوغلاشقا چىقارتتى، ئەمما بۇ ۋاقىتتا خان خوجا غەربتە ئۆگەن دەرياسىدىن ئۆتۈپ چۆللۈك ئارقىلىق ئاقسۇ تەرەپكە كېتىپ بولغانىدى. يارخاشەن شۇندېنانىڭ جىنايىتىنى ئەيىبلىدى ۋە شەھەرگە ھۇجۇم

قىلىشنى جىددىيلەشتۈردى. شەھەرنى بالدۇرراق ئىگىلەش ئۈچۈن ياساۋۇل بېگى مادېشىنىڭ يېشىل چېدىرلىق قوشۇنغا لەخمە كولاپ، سېپىلنى يەر ئاستىدىن پارتلىتىۋېتىشنى بۇيرۇدى، لەخمە پۈتمەي تۇرۇپلا دەشمەنلەر ئۇنى سېزىپ قېلىپ توغرىسىغا يەنە بىر خەندەك كولاپ لەخمىنىڭ ئاغزىنى ئېتىۋەتتى ۋە لەخمە كولاۋاتقان چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىنى تامام كۆيدۈرۈۋەتتى.

كۇچادىكى جەڭنىڭ ئەھۋالى ئوردىغا مەلۇم قىلىنغاندا چيەنلوڭخان قاتتىق چۆچۈپ كەتتى، شۇنىڭ بىلەن يارخاشەن، شۇندېنا قاتارلىقلارنى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاپ سوراققا قالدۇردى ۋە مەسلىھەتچى ئامبال، دىۋانبېگى نامجارنى ئاسىيلارنى تىنچىتقۇچى سانغۇن، ياندash بەگ سەنتەينى مەسلىھەتچى ئامبال قىلىپ تەيىنلەپ تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىغا بېرىپ تېزدىن ۋەزىپىنى ئۆتكۈزۈۋېلىش ھەققىدە پەرمان چۈشۈردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدا ئامۇرسانا ئىسيانىدىن قالغان كېيىنكى ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىش بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتقان چېگرىنى تىنچلاندۇرغۇچى سانغۇن جاۋخۇيىنى دەرھال قوشۇن باشلاپ جەنۇبقا يۈرۈش قىلىش ۋە كۇچاغا ھۇجۇم قوزغاشقا بۇيرۇدى. تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدىكى توپىلاڭ ئالدىنقى يىلى ئاساسەن تىنچىتىلىپ بولۇنغانىدى، ئامۇرسانا مۇشۇ يىلى يازدا چاررۇسىيىگە قېچىپ كەتكەن ۋە ئۇزۇن ئۆتمەي چېچەك بىلەن ئۆلگەنىدى، ئۇنىڭ قالدۇق كۈچلىرىمۇ داۋاملىق تازىلىنىۋاتاتتى.

چىڭ سۇلالىسى ئەسلىدە جاۋخۇيىنى چېگرانى تىنچلاندۇرغۇچى سانغۇن قىلىپ تەيىنلەپ تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى ”مۇسۇلمانلار توپىلىڭى“نى تىنچىتىشقا ئەۋەتمەكچى بولۇپ تۇرغانىدى، بىراق شىمالدىكى قالدۇق ئويراتلار يەنە پاراكەندىچىلىك سالغانلىقتىن جاۋخۇيىنى شىمالنى ساقلاشقا بۇيرۇپ يارخاشەننى قوشۇن باشلاپ

جازا يۈرۈشى قىلىشقا ئەۋەتكەنىدى. ئەمەلىيەتتە جۇڭغار توپىلاڭچىلىرى پاك-پاكىز تازىلىنىپ بولغاچقا پادىشاھ چيەنلوڭ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى خوجىلار توپىلىڭىنى تىنچىتىشتەك مۇھىم ۋەزىپىنى جاۋخۇيغا ھاۋالە قىلدى ۋە ئېنىق قىلىپ "نامجار ئاسىيلارنى تىنچىتقۇچى سانغۇن بولسىمۇ مۇسۇلمانلار ئىشلىرىنى بىر ياقلىق قىلىشتا يەنىلا جاۋخۇينىڭ ئاغزىغا قارايدۇ، نامجار بارغان كۈنىلا جاۋخۇينىڭ ھۇزۇرىغا بارسۇن" دەپ كۆرسەتتى㉕.

چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى كۇچاغا ھۇجۇم قوزغاپ خان خوجىنىڭ ياردەمچى قوشۇنىنى تارمار قىلىۋاتقان مەزگىلدە يېقىندىكى سايرام خەلقى خان خوجىنىڭ مەجبۇرىي لەشكەر ئېلىشىغا نارازى بولۇپ تۇرۇۋاتاتتى، ئۇلار خان خوجىنىڭ ئاھالىنى باشلاپ ئاقسۇغا ماڭماقچى بولغانلىقىنى ئاڭلاپ ئاغاز بەگنىڭ باشلامچىلىقىدا 6-ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى قوزغىلاڭ قىلدى ۋە خان خوجا ۋەزىپىگە قويغان بەگ ئەلى قاتارلىق كىشىلەرنى باغلاپ چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىغا شەھەرنى تەقدىم قىلدى. شۇ ۋاقىتتا خان خوجا ۋەزىپىگە قويغان شايار بېگى ئەبۇلھاشىم چىڭ قوشۇنلىرىنىڭ ھەيۋىسىدىن قورقۇپ بالا-چاقىلىرى بىلەن قېچىپ كەتتى، شەھەردە تۇرۇۋاتقان سابىق بەگ مۇھەممەد شەھەردىكى ئۈچ يۈز تۈتۈننى باشلاپ سايرامدىن كېيىنلا چىڭ سۇلالىسىگە ئەل بولدى. بۇنىڭ بىلەن چىڭ قوشۇنلىرىنىڭ قورشاۋىدىكى كۇچا تېخىمۇ يېتىم قېلىپ تايانچىسىز ھالغا چۈشۈپ قالدى، 8-ئاينىڭ باشلىرىغا كەلگەندە كۇچا شەھىرىنىڭ داۋاملىق مۇداپىئەلەنگۈدەك كۈچى قالمىدى، شەھەرنى ساقلاۋاتقان ئابدۇكېرىم يېقىنلىرىدىن 40—50چە كىشىنى باشلاپ كېچە قاراڭغۇلىقىدىن پايدىلىنىپ قېچىپ كەتتى، شەھەردىكى 3000 دىن ئارتۇق ئاھالە قوۋۇقنى ئېچىپ چىڭ سۇلالىسىگە ئەل بولدى، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى كۇچانى ئىگىلىدى. بۇ ۋاقىتتا

سايرام، شايار قاتارلىق شەھەرلەر ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ چىڭ سۇلالىسىگە تەسلىم بولغاچقا چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى يۈسۈپنى مىڭ لەشكەر بىلەن كۇچانى ساقلاشقا قالدۇرۇپ، قالغان ئاساسلىق كۈچ بىلەن 8-ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى داۋاملىق غەربكە ئىلگىرىلەپ تىغ ئۈچىنى ئاقسۇغا قاراتتى.

خان خوجا كۇچادىن ئاقسۇغا قېچىش يولىدا باي ئاھالىسىنى خوتەن، ئۈچ قاتارلىق جايلارغا يۆتكىدى، يەنە يەركەن قاتارلىق جايلاردىكى ئاھالىدىن 3500 كىشىلىك قوشۇن، ئۈچ، ئاقسۇ ئاھالىسىدىن 1000 كىشىلىك قوشۇن تۈزۈپ، سايرام ئارقىلىق كۇچاغا ياردەمگە ئەۋەتمەكچى بولغانىدى. بۇ ۋاقىتتا چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى كۇچانى ئىشغال قىلىپ غەربكە ئىلگىرىلەۋاتاتتى، خان خوجىنىڭ ئىسيانچى قوشۇنىدىكى ئايغاقچىلار چىڭ قوشۇنلىرىنىڭ سەپ تارتىپ كېلىۋاتقانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ئايغىنىنىڭ ئاستىدىن كۆتۈرۈلگەن چاڭ-توپىنىڭ يەر-جاھاننى قاپلىغانلىقىنى كۆرۈپ تېزدىن خان خوجىغا مەلۇم قىلدى. خان خوجا بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن پۈت-قولىدا جان قالماي دەرھال قوشۇننى باشلاپ غەربكە قاچتى ۋە ئاقسۇدا ۋاقىتلىق توختاپ ئاقسۇ ئاھالىسىنى ئۈچقا يۆتكىمەكچى بولدى، ئاقسۇ ئاھالىسى بۇنىڭغا ئۇنىمىدى. بۇ ۋاقىتتا ئاقسۇ ھاكىمبېگى ئابدۇساتتار خان خوجىغا ئەگىشىپ لەشكىرى يۈرۈشكە چىقىپ كەتكەن بولغاچقا شەھەر ئاھالىسىنى كونترول قىلىشقا ئامال قىلالمىدى. خان خوجا بۇنىڭدىن قاتتىق غەزەپلىنىپ 8-ئاينىڭ 17-كۈنى قوشۇن باشلاپ ئاقسۇغا ھۇجۇم قىلدى، ئاقسۇ ئاھالىسى ئاخۇن موللا ئاشۇرنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئابدۇساتتارنىڭ شەھەردىكى يېقىن-يورۇقلىرىدىن سەكسەن نەچچە كىشىنى ئۆلتۈرۈپ پولادنى چوڭ بەگ قىلىپ تىكلىدى، ئاندىن بىر ياقتىن خان خوجىنىڭ ھۇجۇمىغا تاقابىل تۇرسا يەنە بىر ياقتىن يېقىنلاپ

كېلىشۋاتقان چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىغا بەيئەت قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. خان خوجا شەھەرنى ئالالمىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە چىڭ قوشۇنلىرىنىڭ قىستاپ كېلىشى نەتىجىسىدە ئىلاجسىز ئۇچقا قاچتى.

بۇ ۋاقىتتا چىڭ سۇلالىسىنىڭ چېگرىنى تىنچلاندۇرغۇچى سانغۇنى جاۋخۇي قوشۇن باشلاپ تېزدىن خەنۇبقا يۈرۈش قىلىۋاتاتتى، ئۇلار 8-ئاينىڭ 20-كۈنى ئالتان-قوستان داۋىنىدىن تېزلىكتە ئۆتۈپ، يارخاشەننىڭ قوشۇن باشلاپ سايرامدىن ئۆتۈپ ئاقسۇغا يۈرۈش قىلغانلىقىنى ئاڭلىدى ۋە كېچىلەپ يول يۈرۈپ شۇ كۈنى كېچىدە يارخاشەن قوشۇنى بىلەن ئۇچراشتى، يارخاشەندىن ئاسىيلارنى تىنچىتقۇچى سانغۇن مۇھۇرنى قايتۇرۇۋېلىپ چىڭ سۇلالىسىنىڭ تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى ھەربىي ئىشلىرىغا قوماندانلىق قىلىش ھوقۇقىنى ئۆتكۈزۈۋالدى، بۇنىڭدىن سەل ئىلگىرى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىدىن بەش يۈزچە كىشى ئاقسۇغا تەسلىمنى قوبۇل قىلىشقا كەتكەنىدى. شۇنىڭ بىلەن جاۋخۇي بىر پاي ئوقمۇ ئاتماستىن 8-ئاينىڭ 25-كۈنى قوشۇننى باشلاپ ئاللىقاچان ئەل بولغان ئاقسۇ شەھىرىگە كىردى. ئاھالىنى ئەمىن تاپقۇزغاندىن كېيىن جاۋخۇي سانچى ۋەزىر ھادى بەگنى ئاقسۇنىڭ باشبۇغلىقىغا، پولادنى ئۇنىڭ ئورۇنباسارلىقىغا تەيىنلىدى، يەنە كۇچانى ساقلاۋاتقان يۇسۇپنى ئاقسۇنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا يۆتكەپ كەلدى، يېشىل چېدىرلىق قوشۇندىن سەككىز يۈز كىشىنى شەھەرنى ساقلاشقا قويدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇچقا تەسلىم بولۇش ھەققىدە نامە يوللاپ، غەربكە يۈرۈش قىلىشنىڭ تەييارلىقىنى جىددىيلەشتۈردى.

خان خوجا قوشۇن باشلاپ ئۇچقا كەلگەندىن كېيىن شەھەردىكى بەگلەر زىياپەت تەييارلاپ خان خوجىنى ئالداپ تۇتماقچى ۋە

بارغانسېرى يېقىنلاپ كېلىۋاتقان چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىغا تەقدىم قىلماقچى بولدى. كۈتۈلمىگەندە سۇيىقەست پاش بولۇپ قېلىپ، شەھەرگە كىرىشكە جۈرئەت قىلالمىغان خان خوجا قوشۇنغا ئەگىشىپ تۇرۇۋاتقان خوتەن بېگى خوجەسنى شەھەرگە كىرگۈزدى ۋە ئۇنىڭ ئۇچتىكى پەۋقۇلئاددە تەسىرىدىن پايدىلىنىپ ۋەزىيەتنى كونترول قىلماقچى، ئاندىن شەھەردىكى ئاھالىنى قەشقەرگە يۆتكىمەكچى بولدى. قۇۋلۇق-شۇملۇقتا كامالەتكە يەتكەن خوجەسى بەگ ئەزەلدىن خان خوجىغا غۇم ساقلاپ كېلىۋاتاتتى، خان خوجىنىڭ ئۆكتەملىكىگە ۋە ئۆزىنى چەتكە قېقىپ كەلگەنلىكىگە ئىچ-ئىچىدىن غەزەپلىنەتتى، ئەمدىلىكتە چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىنىڭ جەنۇبقا يۈرۈش قىلىۋاتقانلىقىنى، مۇھىم شەھەر-قەلئەلەر بولغان كۇچا، سايرام، شايار، ئاقسۇ قاتارلىقلارنىڭ ئارقا-ئارقىدىن ئەل بولغانلىقىنى كۆرۈپ، خان خوجىنىڭ مەغلۇبىيەتلىك تەقدىرىنىڭ مۇقىملاشقانلىقىنى، ئومۇمىي ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگەرگەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى ۋە چىڭ سۇلالىسىگە قايتا ئەل بولۇش قارارىغا كەلدى. ئۇ ئۇچتا چوڭقۇر ئاساسقا ئىگە بولغاندىن سىرت يەنە ئوغلى مۇزەففەر مەزكۇر شەھەرنىڭ ھاكىمبەگلىكىنى ئۆتەۋاتاتتى، ئۆزى نامدا خوتەننىڭ ھاكىمبېگى بولغىنى بىلەن ئەمەلىيەتتە ئۇچنىڭ خوجايىنى ئىدى.
ئەھۋالغا قاراپ ئىش كۆرۈشكە ئادەتلەنگەن خوجەسى بەگ ئۇچقا كىرىپلا ئۇچ يىل ئىلگىرى كونا خوجايىنى داۋاچىنى تۇتقاندەك خان خوجىنى دەرھال دۈشمەن قاتارىغا قويدى ۋەئالمان-تالمان قەشقەرگە قېچىشقا مەجبۇر قىلدى. خوجەسى بەگ دەرھال چوڭ ئوغلى خۇدابەردىنى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىنى كۈتۈۋېلىشقا ماڭدۇردى. 8-ئاينىڭ 30-كۈنى خۇدابەردىنىڭ يول باشلىشى بىلەن جاۋخۇي قوماندانلىقىدىكى قوشۇن ئۇچقا چۈشكۈن قىلدى ۋە

خوجەسى بەگ قاتارلىق كىشىلەرنىڭ تەسلىمىنى قوبۇل قىلدى، شۇنداق قىلىپ تارىم ئويمانلىقىنىڭ شىمالىدىكى بوستانلىق شەھەرلىرى چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئىلكىگە ئۆتتى. چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى ھەرقايسى شەھەرلەردە مۇداپىئەچى لەشكەر تۇرغۇزدى ۋە مۇشۇ ئاساستا چوڭ-كىچىك خوجىلارنىڭ كونا ئۇۋىسى جايلاشقان يەركەن ۋە قەشقەرگە قىستاپ كەلدى.

## 2. قاراسۇدا مۇھاسىرىگە چۈشۈپ قېلىش ۋە قۇرماندىكى غەلىبە

جاۋخۇي قوشۇن باشلاپ ئۇچقا كىرگەندىن كېيىن دەرھال خوجەسىدىن خان خوجا لەشكەرلىرىنىڭ ئەھۋالى ۋە مۇددىئاسىنى سۈرۈشتە قىلدى. خوجەسى مۇنداق مەلۇمات بەردى: ”خان خوجا يېڭىلىپ قاچقاندىن كېيىن ئۇنىڭ قەشقەرگە بېرىپ بۇرھانىدىن بىلەن قوشۇلىدىغانلىقىنى ياكى يەركەنگە كېتىشىنى كېسىپ بىرنەرسە دېگىلى بولمايدۇ، ئاشۇ ئىككى شەھەردىنلا بىر تۈمەن ئادەمنى توپلىغىلى بولىدۇ. ناۋادا ھازىر ئۇچ ئارقىلىق قەشقەرگە بارىمىز دېسەك خەتەرلىك تاغ يوللىرىدا مېڭىشقا توغرا كېلىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە خوجىلار چۆچۈپ كېتىپ يەركەن ئارقىلىق ھىندىستان، قاراتىبەت، بەدەخشان تەرەپلەرگە قېچىپ كېتىشى مۇمكىن. ناۋادا بىز يەركەنگە قىستاپ كەلسەك خوجىلار جەزمەن قەشقەرگە توپلىنىدۇ، ئەمما ئۇ تەرەپتىكى بۇيرۇت، ئەنجان بىلەن ئاداۋىتى بولغاچقا ئۇلار تەرەپكە ماڭالماي جەزمەن يەركەن تەرەپكە قاچىدۇ، شۇ چاغدا ئۇلارنى زور قوشۇن بىلەن توسۇپ تۇتۇۋېلىش قىيىنغا چۈشمەيدۇ. بۇرھانىدىنغا كەلسەك بۇ كىشى ئەزەلدىن ئېھتىياتچان، زور قوشۇن قەشقەرگە بارغاندا ئۆزلۈكىدىن ئەل بولۇشى جەزمەن!“㉖ . خوجەسىنىڭ ئاشۇ سۆزلىرىدىن

چوڭ-كىچىك خوجىلارنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ئىچكى-تاشقى مۇشكۇلاتىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرەلەيمىز: چوڭ-كىچىك خوجىلارنىڭ قولىدا قەشقەر ۋە يەركەنلا قالغان، يەنە كېلىپ بۇ ئىككى شەھەردىكى كىشىلەر بىر تۈمەنچە چىقىدىغان بولۇپ چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىغا تاقابىل تۇرۇشقا قادىر ئەمەس ئىدى؛ خوجىلارمۇ ئۆزئارا پېتىشمايدىغان بولۇپ زورىغا ئەگىشىپ قالغان بۇرھانىدىننىڭ چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىغا ئەل بولۇش ئېھتىماللىقى بار ئىدى؛ خان خوجا بىلەن غەربتىكى قوشنىلىرى قىرغىز (بۇيرۇت) ۋە ئەنجاننىڭ مۇناسىۋىتى ياخشى بولمىغاچقا سىرتقا قېچىشتا يەركەن ئارقىلىق ماڭىدىغان بىرلا يول بار ئىدى. خوجەسى سىزىپ چىققان بۇ كارتىنا بىلەن رېئال ۋەزىيەت ئۆزئارا ماس كېلەتتى، مانا مۇشۇنداق ۋەزىيەت ئاقىتاغلىق خوجىلارنىڭ مۇقەررەر ھالاك بولۇشىنى بەلگىلىدى. بۇ خىل ۋەزىيەت يەنە جاۋخۇيدا تېزدىن ھۇجۇم قىلىشتەك يەڭگىلتەكلىك خىيالىنى پەيدا قىلىپ قويىدى، ئۇ خوجەسى بەگنىڭ مەلۇماتنامىسىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، يېتىپ كەلمەكچى بولغان چىڭ قوشۇنىنى كۈتمەيلا ئاتلىق ۋە پىيادە بولۇپ 4000 لەشكەرنى ئېلىپلا خوجەسىنى ئەگەشتۈرۈپ يەركەنگە قاراپ يۈرۈش قىلدى.

خان خوجا ئۈچتا مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، 3000 چە ئادەمنى ئەگەشتۈرۈپ بۇرھانىدىن ساقلاۋاتقان قەشقەرگە قېچىپ كەلدى. قىلدىن ئىنچىكە ھالدا تۇرۇۋاتقان پايدىسىز ۋەزىيەت ئالدىدا چىڭ سۇلالىسىگە قارشى ئىسيان كۆتىرىش غەرىزى يوق خوجا بۇرھانىدىن "خان خوجىنىڭ تەلۋىلىكىنى قاتتىق ئەيىبلىدى"، شۇنىڭ بىلەن بالانىڭ چوڭى تېرىلدى. ئاكا-ئۇكا ئىككەيلەن گەپ تالىشىپ ھەرقايسىسى بىردىن شەھەرنى ساقلايدىغانغا كېلىشىپ مۇڭگۈزسىمان ھالەتنى شەكىللەندۈردى، بۇرھانىدىن ئاتلىق ۋە

پىيادە بولۇپ بىر تۈمەندىن كۆپرەك لەشكەر بىلەن قەشقەرنى ساقلىدى، خان خوجا قوشۇنلىرى بىلەن يەركەنگە جايلاشتى. خان خوجا شەھەر ئەتراپىدىكى ئاھالىلەرنى شەھەر ئىچىگە كۆچۈرۈپ كەلدى، زىرائەتلەرنى پاك-پاكىز ئورۇۋالدى، پىشىپ تەييار بولمىغانلىرىنى كۆيدۈرۈۋەتتى، يۇختا مۇداپىئە كۆرۈپ چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى بىلەن تىركىشىشكە تەييارلاندى، شۇنداقلا بەگلەردىن ئابدۇكېرىم، ئابدۇخالىق، نىياز سۇپى قاتارلىقلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ شەھەر ئاھالىلىرىنى يۇرەكئالدى قىلىپ قويدى. ئاندىن ئىغۋا تارقىتىپ چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى "مۇسۇلمانلارنى تامام قىرىپ تاشلايدۇ، خوجەسى بەگ ئاللىقاچان ئۆلتۈرۈلدى"㉗ دەپ بىلجىرلىدى ۋە شۇ ئارقىلىق پۇقرالارنىڭ چىڭ سۇلالىسىگە قارشى كەيپىياتىنى ئۇرغۇتتى. خوجەسى بەگ چىڭ سۇلالىسىگە تەسلىم بولغانلىقتىن خان خوجا ئۇنىڭ يەركەن ھاكىمبېگى بولۇپ تۇرۇۋاتقان ئىنىسى ئابدۇۋاھاپ ۋە ئوغلى ئابدۇساتتار قاتارلىقلارنى قاماققا ئېلىپ، يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان ئىچكى ئۆزگىرىشتىن ساقلاندى.

10-ئاينىڭ 5-كۈنى خاۋخۇي باشچىلىقىدىكى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى ئۇچتىن بارچۇق ئارقىلىق يەركەنگە يېتىپ كەلدى، نەتىجىدە ئىشلار جاۋخۇي، خوجەسى قاتارلىقلار پۈتۈنلەي ئويلىمىغان يەردىن چىقتى؛ بۇ يەردە ئاقسۇ، ئۇچتىكىگە ئوخشاش تەسلىم بولۇشنى تەلەپ قىلىشتىن ئەسەرمۇ يوق ئىدى، بۇرھانىدىنمۇ چىڭ سۇلالىسىنىڭ تەسۋۇر قىلغىنىدەك خان خوجىنى باغلاپ كېلىپ ئەل بولۇشنى تەلەپ قىلمىدى، ئەكسىچە ئاتلىق ۋە پىيادە بولۇپ 5000 لەشكەرنى باشلاپ قەشقەردىن خان خوجىغا ياردەم بېرىشكە كەلدى. جاۋخۇي يەركەننىڭ "كۆچادىن كۆپ چوڭلۇقىنى، سېپىلنىڭ تۆت تەرىپىدە جەمئىي 12 قوۋۇق

بارلىقىنى"㉘، چىڭ سۇلالىسىنىڭ 4000 چە لەشكىرىنىڭ شەھەر سېپىلىنىڭ بىر تەرىپىنى قورشاۋغا ئېلىشقىلا يېتىدىغانلىقىنى كۆرۈپ ياردەمگە لەشكەر ئەۋەتىش توغرىسىدا جىددىي نامە يوللىدى، ھەممە قوشۇن بىلەن ھۇجۇمغا ئۆتۈش، ياۋنى ئالداپ جەڭگە ئېلىپ چىقىقاندىن كېيىن ئاكا-ئۇكا خوجىلارنى بىراقلا تۇتۇش كويىدا بولدى. 6-كۈنى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى توپىلاڭچىلارغا ھۇجۇم قوزغاپ ئۇلارنىڭ شەھەر سىرتىدىكى ئىستىھكاملىرىنى تارتىۋالدى، بىر كۈنلۈك جىددىي جەڭدىن كېيىن دۈشمەنلەرنى شەھەرگە بېكىنىۋېلىشقا مەجبۇر قىلدى. مۇشۇ ۋاقىتتا ئاسىيلارنى تىنچىتقۇچى سانغان نامجار ۋە مەسلىھەتچى ئامبال سەنتەي باشچىلىقىدىكى قوشۇن يېقىنلاپ قالغانلىقتىن خاۋخۇي ئورۇنباسار تۇتۇق ئەيلوڭئانى 800 لەشكەر بىلەن غەربىي شىمالغا بېرىپ قەشقەر تەرەپتىكى دۈشمەننىڭ ياردەمگە كېلىش يولىنى كېسىپ تاشلاشقا ئەۋەتتى، شۇنداقلا چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىنىڭ ئاقسۇغا بارىدىغان لىنيىسىدە چارلىغاچ نامجار قاتارلىقلارنىڭ كېلىشىنى كۈتتى ۋە كۈتۈۋېلىشقا ئادەم ئەۋەتىپ، كەلگەن ھامان يەركەندىكى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى بارگاھىغا باشلاپ كېلىشنى بۇيرۇدى.

چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىدىكىلەر توپىلاڭچى خوجىلار قوشۇنىنىڭ بىر قىسىم مال-چارۋىسى ۋە توپىلاڭچىلارغا بەيئەت قىلغان جۇڭغارلارنىڭ بىر قىسمى يەركەننىڭ جەنۇبىدىكى يېڭى چىپان دېگەن يەردە ئىكەنلىكىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۇلارغا ھۇجۇم قىلىش، شۇ ئارقىلىق دۈشمەننىڭ ئازراق بولسىمۇ كۈچىنى خورىتىش قارارىغا كەلدى. جاۋخۇي قوشۇننى باشلاپ يەركەننىڭ شەرقىدىكى دەريادىن ئۆتۈپ جەنۇبقا قاراپ ئىلگىرىلىدى، 13-كۈنى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى شەھەرنىڭ جەنۇبىغا يېتىپ كېلىپ جان خوجا لەشكەرلىرىنىڭ زەرەپشان دەرياسىنىڭ ئۇ قېتىدا سەپ

تۇزگەنلىكىنى كۆردى. جاۋخۇي دەرھال قوشۇننى باشلاپ دەريادىن ئۆتۈپ ياۋغا ھۇجۇم قىلىشقا تەمشەلدى، بىراق ئەمدىلا تۆت يۈزچە كىشى كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ بولۇشىغا كۇتۇلمىگەن يەردىن كۆۋرۈك قاق ئوتتۇرىدىن ئۆرۈلۈپ چۈشتى. توپىلاڭچىلار قىقاس-چۇقان سالغىنىچە ئۇلارغا تاشلاندى. چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى باتۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلدى ۋە ھۇجۇم قىلغاچ چېكىندى. جاۋخۇي ھەرقانچە قىلىپمۇ ئىككى تەرەپكە يېتىشىپ بولالمىدى، نۇرغۇن ئادەملىرىگە ئوق تەگدى، كۆپ ئادەم يارىلاندى، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى ئېغىر تالاپەت يېدى، "سەرۋاز-نەۋكەرلەردىن يۈزدىن ئارتۇق كىشى ئۆلدى، يارىلانغانلار تېخىمۇ كۆپ. باشبۇغ گاۋ تيەنشى، سابىق تۇرشاۋۇل قوشۇن سەردارى ياساۋۇل بېشى، سابىق ئورۇنباسار تۇتۇق سانگى، ياساۋۇل تېتوڭئې قاتارلىقلار جەڭدە ئۆلدى، پاتىپاراقچىلىق ئىچىدە سازلىققا چۈشۈپ كەتكەنلەر تېخىمۇ كۆپ بولدى"㉙. چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى خوجىلارنىڭ بىر تۈمەنچە لەشكىرىنىڭ قورشاۋىدا قالدى، ئات يېتىشمىگەنلىكتىن مانجۇ قوشۇنى قورشاۋنى بۆسۈپ تاشلاشقا مۇۋەپپەق بولالماي، دەريانىڭ جەنۇبىي قىرغىقىغا بارگاھ قۇرۇپ بېكىنىۋېلىشقا مەجبۇر بولدى، مانا مۇشۇ بارگاھ مەشھۇر قاراسۇ بارگاھى ئىدى㉚. توپىلاڭچىلار ئۇلارنى چۆرىدەپ قورشاۋ ھالەتتە قارارگاھ تىكىپ چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنى ئۇچار قۇشمۇ ئۆتەلمەس قىلىپ قورشىۋالدى. ئەينى ۋاقىتتا قاراسۇ بارگاھىدا مۇشكۇلاتتا قالغان چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىدا ئاران 3000چە ئادەم قالغانىدى، گەرچە "ھەربىي لاۋازىمەت ۋە ئات-تۆگىلەر ئىككى ئاي جان ساقلاشقا يەتسىمۇ ئوق-دورىلار يېتىشمەيتتى"، ئۇزۇنغىچە بەرداشلىق بېرىش قىيىن بولۇپ ئەھۋال ناھايىتى جىددىي ئىدى㉛.

مانا مۇشۇ پەيتتە ئاسىيلارنى تىنچىتقۇچى سانغۇن نامجار،

مەسىلىھەتچى ئامبال سەنتەي قاتارلىقلار جەنۇبقا يۈرۈش قىلىپ 13 - كۈنى كۆتۈۋېلىشقا مەسئۇل ئورۇنباسار تۇتۇق ئەيلۇگىغا بىلەن ئۇچراشتى. ئەيلوگىغا 250 ئاتلىق لەشكەر، 200 پىيادە لەشكەر بىلەن ئۇلارنى جاۋخۇينىڭ بارگاھىغا ئاپىرىپ قويماقچى بولغاندا نامجار تېز بېرىشقا ئالدىراپ ئاتلىق لەشكەرلەرنى باشلاپلا ئالدىراپ-تىنەپ يولغا چىقتى. ئويلىمىغان يەردىن ئوتتۇرا يولدا بۇرھانىدىن باشچىلىقىدىكى قوشۇنغا ئۇچراپ قېلىپ ھارقانچە قىلىپ باقسىمۇ كۈچ ئېلىشالمىدى، ئاقىۋەت نامجار ۋە سەنتەي جەڭدە ئۆلدى. ئەيلوگىغا بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ تېزلا يېتىپ كەلگەن بولسىمۇ، توپىلاڭچىلار تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىندى، ئارقىدىنلا جاۋخۇينىڭ قاراسۇ بويىدا مۇشكۇلدە قالغانلىقىنى ئاڭلاپ قوشۇنلىرىنى يىغىشتۇردى ۋە ئاقسۇغا ماڭدى.

توپىلاڭچى قوشۇن 10-ئاينىڭ 13-كۈنىدىن باشلاپ قاراسۇ بارگاھىغا توختىماي ھۇجۇم قىلغىلى تۇردى، ئەمما چىڭ قوشۇنلىرى ئۇلارنىڭ ھۇجۇملىرىنى چېكىندۈرۈپ تۇردى، توپىلاڭچى قوشۇننىڭ قورشىما ھۇجۇمى نەتىجىگە ئېرىشەلمىگەنلىكتىن ھۇجۇمنى بوشاشتۇرۇپ قويدى. جاۋخۇي بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتتى ۋە توپىلاڭچىلارنى قارامىلىق قىلىشقا پېتىنالماس قىلىپ قويدى، شۇنداقتىمۇ قاراسۇدىكى قورشاۋنى بۇزۇپ تاشلاشقا مۇمكىن بولمىدى. 11 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە خوجىلار بۇيرۇتلار (قىرغىزلار) نىڭ قەشقەرگە تەۋە يېڭىسارنى تالان-تاراج قىلغانلىقىنى ئاڭلاپ تاقابىل تۇرۇش تەدبىرلىرىنى مەسلىھەتلىشىۋاتقاندا خاۋخۇي قوشۇن باشلاپ ھۇجۇمغا ئۆتتى ۋە توپىلاڭچىلارنىڭ ئىككى جايدىكى ئىستىھكامىنى تارتىۋالدى. خوجىلار قاتتىق چۆچۈپ كېتىپ بۇيرۇتلار چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىدىكىلەر بىلەن بىرلىشىپ

هەرىكەتلىنىۋاتقان بولسا كېرەك دەپ ئويلاپ قالدى ۋە چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى بىلەن سۈلھىلەشمەكچى بولدى. جاۋخۇي كەسكىنلىك بىلەن ئىككى خوجىنىڭ سالامغا كېلىشى سۈلھىنىڭ ئالدىنقى شەرتى ئىكەنلىكىنى جاكارلىدى. بۇ ۋاقىتتا قەشقەردىكى ۋەزىيەتنىڭ جىددىيلىشىپ قالغانلىقىدىن ۋاقىپلانغان بۇرھانىدىن ئالمان-تالمان قوشۇن چېكىندۈرۈپ بويرۇتلارنىڭ پاراكەندىچىلىكىدىن مۇداپىئەلىنىشكە ئاتلاندى.

10-ئاينىڭ 20-كۈنى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىنىڭ ئاقسۇدا تۇرۇشلۇق خان ئامبىلى شۇ خېدې جاۋخۇينىڭ جىددىي مەكتۇپىنى تاپشۇرۇۋېلىپ ئوردىغا جىددىي مەلۇمات سۇندى ۋە ياردەمگە قوشۇن ماڭدۇردى، شۇنداقلا مەسلىھەتچى ئامبال فۇدې باشچىلىقىدىكى قوشۇنىنىڭ ئىلگىرىلەش ئەھۋالىنى ئىگىلەپ تۇردى. پادىشاھ چيەنلۇڭ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن فۇدېنى چېگرىنى تىنچلاندۇرغۇچى ئوڭ قول ئورۇنباسار سانغۇن، ئارگۇن، شۇخېدېنى مەسلىھەتچى ئامبال قىلىپ تەيىنلەش توغرىسىدا جىددىي يارلىق چۈشۈرۈپ قاراسۇدىكى جاۋخۇيلارنى تېزدىن قۇتقۇزۇشقا پەرمان بەردى.

11-ئاينىڭ 11-كۈنى ئۈرۈمچىدىن يولغا چىققان فۇدې كېچە-كۈندۈز يول يۈرۈپ 12-ئاينىڭ 16-كۈنى ئاقسۇغا يېتىپ كەلدى. شۇخېدې بولسا 4-كۈنلا 3500 چېرىك، 1700 ئات بىلەن مال باققاچ يول يۈرۈپ بارچۇققا كېلىپ بولغانىدى. فۇدې 300دىن ئارتۇق چېرىكنى باشلاپ 25-كۈنى شۇخېدېغا يېتىشىۋالدى ۋە يەركەنگە قاراپ ئىلگىرىلىدى. يول ئۈستىدە چىڭ سۇلالىسىنىڭ ياردەمچى قوشۇنىنىڭ كېلىۋاتقانلىقىدىن خەۋەردار بولغان خان خوجىنىڭ جاۋخۇينىڭ قاراسۇدىكى بارگاھىنى تارتىۋېلىش ئۈچۈن جان تىكىپ ھۇجۇم قىلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدى. فۇدې قاتارلىقلار

قوشۇنغا يېنىك قوراللىنىپ تېز ئىلگىرىلەشكە پەرمان قىلىپ ئىككىنچى يىلى 1-ئاينىڭ 6-كۈنى يەركەننىڭ شىمالىدىكى قۇرمان دېگەن جايغا يېتىپ كەلدى ۋە توسۇپ زەربە بېرىشكە كەلگەن خوجىلار باشچىلىقىدىكى 5000 كىشىلىك ئاتلىق قوشۇنغا دوقۇرۇشۇپ قالدى. بىر كۈنلۈك جىددىي جەڭ ئارقىلىق دۈشمەنلەرنىڭ يۈزدىن ئارتۇق ئادىمى ئۆلتۈرۈلدى، چىڭ قوشۇنلىرىنىڭ زىيىنىمۇ ئاز بولمىدى، جەڭ ئاتلىرى ئۇزۇن يول بېسىپ كەلگەنلىكىگە قارىماي بىراقلا جىددىي جەڭگە سېلىنغانلىقى ئۈچۈن كۆپىنچىسى ئۆلدى، كارغا كەلگىدەك ئاتتىن پەقەت بىرەر يۈزچە قالدى. ئەتىسى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى ئالغا ئىلگىرىلەپ چۆللۈككە كىرگەندە خوجىلارنىڭ قوشۇنى ئۇلارنىڭ ئالدىنى توستى، كېيىن چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىدىكىلەردە ئات يېتىشمەيدىغانلىقىنى بىلىپ قېلىپ ئۇلارنى چۆللۈكتە قورشىۋالدى ۋە ئىككى كېچە-كۈندۈز جەڭ قىلدى. 9-كۈنى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى ئىلگىرىلەپ چىندار دېگەن يەرگە كەلدى، بۇ ۋاقىتتا توپىلاڭچى قوشۇننىڭ سانى بارغانچە كۆپىيىپ مانجۇ قوشۇنىنى قاتمۇقات قورشىۋالدى ۋە ئىلگىرىلەشكە ئىمكانىيەت بەرمىدى. مانا مۇشۇنداق جىددىي پەيتتە ئارگون باشچىلىقىدىكى 600 كىشىلىك قوشۇن ئات-تۆگىلەرنى ھەيدىگىنىچە ياۋ لاگىرىغا بىۋاسىتە تېگىش قىلدى، ئاندىن فۇدېنىڭ قوشۇنى بىلەن بىرلىكتە ھۇجۇمغا ئۆتۈپ دۈشمەنلەرنى قاتتىق مەغلۇپ قىلدى، ئەتىسى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى ئۈچ يولغا بۆلۈنۈپ ھۇجۇمغا ئۆتتى، توپىلاڭچى قوشۇن پاتىپاراق بولۇشۇپ توزۇپ كەتتى. مۇشۇ قېتىملىق جەڭدە دۈشمەنلەرنىڭ باتۇرلىرى (سەركەردىلىرى) دىن 15 كىشى، بەگلەردىن نەچچە ئون كىشى، توپىلاڭچى لەشكەرلەردىن 1000 دىن ئارتۇق كىشى ئۆلتۈرۈلدى. بۇرھانىدىن مۇشۇ جەڭنىڭ بېشىدىلا

ئوۋ مىلتىقىنىڭ ئوقىدا زەخىملىنىپ شەھەرگە بېكىنىۋالدى، ئۇزۇن ئۆتمەيلا قەشقەرگە قايتىپ كەتتى.

1-ئاينىڭ 8-كۈنى يەنى قۇرمان جېڭى بولۇۋاتقاندا جاۋخۇي باشچىلىقىدىكى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى قاراسۇدا شىمالدىن كېلىۋاتقان توپ-زەمبىرەك ئاۋازىنى ئاڭلاپ ياردەمچى قوشۇننىڭ كەلگەنلىكىنى جەزملەشتۈردى. شۇ كۈنى كېچىسى خىللانغان 1000 چېرىك بىلەن ئىككى يولغا بۆلۈنۈپ جان تىكىپ جەڭ قىلدى ۋە دۈشمەن قارارگاھىغا ئوت قويۇپ بېرىپ 1000 دىن ئارتۇق كىشىنى ئۆلتۈردى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە شىمالدىكى فۇدې قوشۇنى بىلەن ئالاقە باغلاشقا كىشى ئەۋەتتى. فۇدې بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن غەلبىسېرى ئىلگىرىلەپ 13-كۈنى قاراسۇ بارگاھىنىڭ شىمالىغا 20 چاقىرىم كېلىدىغان جايغا كېلىپ قارارگاھ تىكتى. ئەتىسى ئىككى يولغا بۆلۈنۈپ دۈشمەن لاگېرىغا ھۇجۇم قوزغىدى ۋە جاۋخۇي قوماندانلىقىدىكى قاراسۇ بارگاھىدىكى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى بىلەن ئۇچراشتى. شۇ كۈنى ئاخشىمى جاۋخۇي، فۇدې قاتارلىقلار قوشۇننى باشلاپ شىمالدىكى ئاقسۇغا چېكىندى، شۇنىڭ بىلەن داۋاملاشقىنىغا ئۈچ ئايدىن ئاشقان قاراسۇ مۇھاسىرىسى بىكار قىلىندى. قاراسۇ مۇھاسىرىسى ھەققىدىكى چىڭ سۇلالىسى ۋەسىقىلىرىدە چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىنىڭ تۆھپىسى سەل مۇبالىغىلەشتۈرۈۋېتىلگەن، مەغلۇبىيىتى پەردازلاپ كۆرسىتىلگەن. بۇ ھەقتە مېڭ سېن ئەپەندى خېلى بۇرۇنلا ئۆز پىكرىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويغان㉜. ئەمەلىيەتتە مۇشۇ قېتىملىق قورشاۋ مۇشكۇلاتى پۈتۈنلەي جاۋخۇينىڭ تۆھپە قازىنىشقا ئالدىراپ تەۋەككۈلچىلىك بىلەن يۈرۈش قىلغانلىقىنىڭ نەتىجىسى ئىدى، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىدىكىلەردىن نۇرغۇن سانغۇن ۋە چېرىكلەر چىقىم بولغان بولسىمۇ، بەختكە يارىشا ھەربىي لاۋازىمەتنىڭ

يېتەرلىك بولۇپ قالغانلىقىغا تايىنىپلا بەرداشلىق بەرگەنىدى. شۇڭا جاۋخۇي قاراسۇ مۇھاسىرىسى توغرىسىدا جازاغا تارتىلغاندا "پېقىر دەسلەپتە ئاقسۇ ۋە ئۇچنى تىنچىتىپ ئۆز ئىلكىمىزگە ئالغاندىن كېيىن پۈرسەتنى قولدىن بەرمەسلىك كېرەك دېگەننىلا ئويلاپ لەشكەرلەرنىڭ ئەھۋالى قانداقراق، ئات-ئۇلاق يېتەرلىكمۇ دېگەنلەرنى دەڭسەپ كۆرمەيلا دۈشمەننى سەل چاغلاپ قېلىپ تەۋەككۈلچىلىك بىلەن يۈرۈش قىلىپتىمەن. كەمىنە جاۋخۇي ئۆلۈمگە مەھكۇم" ㉝ دېگەنىدى. خوجىلار قوشۇنىنىڭ ئۈچ ئاي قورشاپمۇ ياۋنى يېڭەلمىگەنلىكى ئۇلارنىڭ ئەمەلىي كۈچىنىڭ ئاجىزلىقىنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ، ئۇلارمۇ پەقەت چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى يەككە-يىگانە هالدا تۇرۇپ قالغان پۈرسەتتىن پايدىلىنىپلا ئۇلار بىلەن تىركىشەلىگەنىدى.

## 3. چوڭ-كىچىك خوجىلارنىڭ ھالاكىتى ۋە غەربىي يۇرتنىڭ تىنچىتىلىشى

چيەنلوڭنىڭ 23-يىلى (1758-يىلى) 9-ئايدا، جاۋخۇي ئۇچنى ئېلىپ، غەلىبىسىرى جەنۇبتىكى يەركەنگە ئىلگىرىلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا هادى بەگنى ياساۋۇل چىلىك جابۇ، گېبۇشۇ قاتارلىقلارنىڭ ھەمراھلىقىدا خوتەننى ئەل قىلدۇرۇشقا ئەۋەتكەنىدى. ئەينى ۋاقىتتا خوتەن گەرچە چوڭ-كىچىك خوجىلارغا تەۋە بولسىمۇ خان خوجا ۋەزىپىگە قويغان هاكىمبەگ خوجەسى ئۇچتا چىڭ سۇلالىسىگە ئەل بولۇپ كەتكەچكە خوتەننىڭ ئەمەلىي هوقۇقى يەرلىك بەگلەرنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتكەنىدى. 9-ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى هادى بەگ قاتارلىقلار خوتەنگە يېقىنلاشقاندا خوتەندىكى يۇرت كاتتىلىرى بۇنىڭدىن خەۋەردار بولۇپ، خان خوجا ئەۋەتكەن 40—50چە

كىشىنى شەھەردىن قوغلاپ چىقاردى، ئاندىن هادى بەگلەر كېلىشتىن ئۈچ كۈن ئاۋۋاللا ئەل-يۇرتنى باشلاپ كۆتۈۋېلىشقا چىقتى㉞. هادى بەگ قاتارلىقلار شەھەرگە كىرىپ جايلاشتى، 9-ئاينىڭ 24-كۈنىگە كەلگەندە خوتەنگە قاراشلىق قاراقاش، يۇرۇڭقاش، تاغ، چىرا، كېرىيە قاتارلىق بەش شەھەر هادى بەگكە ئۆز ساداقىتىنى بىلدۈرۈشتى، شۇنىڭ بىلەن چىڭ سۇلالىسى قورال ئىشلەتمەيلا خوتەندىكى ئالتە شەھەرنى ئىگىلىدى.

لېكىن ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا جاۋخۇينىڭ قوشۇنى قاراسۇدا قامىلىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن خوتەنمۇ خوجىلارنىڭ توپىلاڭچى قوشۇنىنىڭ هۇجۇمىغا ئۇچرىدى. خان خوجا يېقىن تۇغقانلىرىدىن ئابدۇكېرىم، ئابدۇخالىق، ئوسمان قاتارلىقلارنى 600 لەشكەر بىلەن يەركەندىن يولغا سالدى، ئۇلار 11-ئاينىڭ ئاخىرلىرى خوتەنگە يېتىپ كېلىپ قاراقاش بىلەن ئىلچى ئوتتۇرىسىدا قارارگاھ تىكتى ۋە خوتەندىكى ئالتە شەھەرگە توختىماي هۇجۇم قىلغىلى تۇردى. هادى بەگ بىلەن بىللە كەلگەن چېرىكلەر ئاز بولغاچقا ئىلاجسىز يەرلىك بەگلەر ۋە ئاهالىلەرنى قارشىلىق كۆرسىتىشكە تەشكىللەپ شەھەرنى مەھكەم ساقلىدى. ئەينى ۋاقىتتا ئاقسۇدىكى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىنىڭ چوڭ بارگاھىدا لەشكەر كۆپ بولمىغاچقا خوتەن تەرەپكە ياردەم بېرىشكە مۇمكىن بولماي قالدى، نەتىجىدە كېرىيە ۋە چىرانى يەركەن قوشۇنى ئىشغال قىلىۋالدى. ئىككىنچى يىلى 1-ئايدا قاراقاش، يورۇڭقاش، ئىلچى شەھەرىدىكىلەر ئابدۇكېرىم ۋە ئابدۇخالىقلارنىڭ شىددەتلىك هۇجۇملىرى تۈپەيلىدىن قىيىن ئەهۋالدا قالغانلىقى توغرىسىدا مەلۇمات يوللىدى. ئەينى ۋاقىتتا مانجۇلار قاراسۇدا قامىلىپ قالغان جاۋخۇي باشچىلىقىدىكى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىنى قۇتقۇزۇشنىڭ ھەلەكچىلىكىدە قالغاچقا خوتەنگە قاراشقا چولىسى

تەگمىدى. 1-ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى قاراسۇدىكى قورشاۋ تارمار قىلىنغاندىن كېيىن ئۇلار 900 كىشىلىك بىر تارماق قوشۇننى خوتەنگە ياردەمگە ئەۋەتتى. 2-ئايدا چىڭ سۇلالىسىنىڭ ياردەمچى قوشۇنى يېتىپ كېلەلمىگەچكە خوتەننىڭ ۋەزىيىتى تېخىمۇ يامانلىشىپ كەتتى، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئىلكىگە ئۆتكەن ئىلچى ۋە قاراقاشتىن باشقا شەھەرلەرنىڭ ھەممىسى توپىلاڭچىلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتتى، چېگرىنى تىنچلاندۇرغۇچى ئوڭ قول ئورۇنباسار سانغۇن فۇدې بۇنى ئاڭلاپ تېزلىكتە قوشۇن باشلاپ ياردەمگە ماڭدى. 3-ئاينىڭ باشلىرى توپىلاڭچىلار قاراقاشنى ئىشغال قىلىۋالغاندىن كېيىن ۋەزىيەت تېخىمۇ يامانلىشىپ كەتتى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ياردەمچى قوشۇنى يېتىپ كەلگەندىن كېيىن دەرھال مۇناسىپ ھەرىكەت قوللىنىپ دۈشمەنلەرنى تارمار قىلدى ۋە مۇداپىئەدە تۇرۇۋاتقان ھادى بەگ، گېبۇشۇ قاتارلىقلار بىلەن قوشۇلدى، ئاندىن قاراقاشقا يېقىن جايدا توپىلاڭچىلارنىڭ 600 كىشىلىك چەۋەندازلار قوشۇنى، 100 كىشىلىك پىيادە قوشۇننى تارمار قىلىپ دۈشمەن كاتتىۋاشلىرىدىن ئابدۇخالىقنى ئېتىپ ئۆلتۈردى. غوجا غىياس، ئوسمان قاتارلىقلار ئوق تەگكەندىن كېيىن بەدەر قاچتى. چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى بىر يولىلا قاراقاش، يۇرۇڭقاش، چىرالارنى ئىگىلەپ كېرىيە بىلەن تاغقا بەيئەت قىلىش ھەققىدە يارلىق ئەۋەتتى، شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىككى شەھەردىكىلەر شۇ ئاينىڭ ئىچىدىلا شەھەرنى ساقلاۋاتقان يەركەن توپىلاڭچى قوشۇندىكىلەرنى تۇتۇپ كېلىپ ئەل بولدى. 4-ئايدا فۇدې زور قوشۇننى باشلاپ خوتەنگە كىردى، خوتەندىكى ئالتە شەھەرنىڭ ۋەزىيىتى ئاساسەن مۇقىملاشتى.

خوتەندىكى ئالتە شەھەرگە ياردەمچى قوشۇن ئەۋەتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا چىڭ سۇلالىسى ئوردىسى چوڭ-كىچىك خوجىلارغا يەنە

بىر قېتىم ھۇجۇم قوزغاشقا جىددىي تەييارلىق قىلدى. جاۋخۇي مۇھاسىرىدىن قۇتۇلۇپ قوشۇننى ئاقسۇغا چېكىندۈرۈۋاتقان ۋاقىتتىلا پادىشاھ چيەنلوڭ "ھەرقايىسى ئىقلىمدىكىلەرگە يەتكۈزۈش"كە پەرمان تەييارلاتقۇزۇپ چوڭ-كىچىك خوجىلارغا يەنە بىر قېتىم جازا يۈرۈشى قىلىش ۋە توپىلاڭنى ئۇزۇل-كېسىل تىنچىتىش ئىرادىسىنى ئىپادىلىگەنىدى: "ئۆتكەن يىلى جاۋخۇي ئازغىنە قوشۇن بىلەن يۈرۈشكە ئاتلىنىپ چاقماقتەك يول يۈرگەن، ئەمما پېشكەللىكنىڭ ئۇستىدىن چۈشۈپ تۈمەن چاقىرىم يول بېسىپ ھېرىپ-ئېچىپ كەلگەندە بىر مەھەل مۈشكۈلدە قالغان. تەلىيىگە ئىشقا ئالدىئالا تەييارلىقنىڭ بولغانلىقى، لەشكەر ۋە ئاتلار سىرتتا تەق بولۇپ تۇرغانلىقى سەۋەبىدىن ئۇلارنى ئۆز ۋاقتىدا يۆتكەپ ئىشلىتىشكە مۇمكىن بولغان... ھالبۇكى بىر قوشۇن مۈشكۈلاتتىن قۇتۇلۇشنى ئىستىگەندە ئارقىدىكى قوشۇن ئادەم كۈچى ۋە ئوزۇق-تۈلۈك بىلەن ياردەم بېرىشى كېرەك، ھازىر بۇ جەھەتتىكى ئىشلارنى ئاساسەن قولدىن چىقاردۇق، سەل-پەل دېمىمىزنى ئېلىۋالساقمۇ بولىدۇ، كۈچنى بىر يەرگە توپلاپ ئىشنى بىر يولىلا تۈگىتىشكە تامامەن مۇمكىن بولۇر. ھەرقايىسى سەرۋاز-چېرىكلەرگە ئۆزىگە يېقىن شەھەردە قارارگاھ قۇرۇپ جەڭ ئاتلىرىنى تەق قىلىپ تۇرۇش، ئەتىيازدا ئاتلار سەمرىگەندە داۋاملىق يۈرۈش قىلىشقا ھازىرلىنىش ھەققىدە پەرمان چۈشۈرۈلدى، ئەنسىرەيدىغىنىم توخۇ يۈرەك يارىماسلارنىڭ ئىشقا قويۇلۇپ قېلىشىدۇر، ۋاقىپلىنىشىمچە ئەينى ۋاقىتتا ياردەمچى قوشۇن مۇھاسىرىنى بىتچىت قىلغاندا ۋەزىيەت پۈتۈنلەي ئۆزگەرىسىمۇ ئاساسەن چېرىكلەرنى دەم ئېلىشقا قويۇپ بېرىش ھادىسىسى يۈز بەرگەن، ئەمدى ئۇنداق ئەھۋال يۈز بەرمەسلىكى كېرەك. شاپائەتكە ئاسىيلىق قىلىپ ۋەزىر-ۋۇزرالىرىمىزنى ئۆلتۈرگەنلەرنى كەچۈرۈشكە بولمايدۇ،

ئۆتكەن يىلى قىشتا لەشكەرلىرىمىز دەريادىن ئۆتۈپ ھۇجۇمغا ئۆتكەندە ئۇلار جاھىللارچە قارشىلىق كۆرسىتىپ خورىكى بەكلا ئۆسۈپ كەتتى. ھالا بۇگۇنكى كۈندە بارچە قوشۇن رەتكە سېلىنىپ ھەممىسىدىن ئاشۇ ئىشلارغا سەپراس قىلىنىدى، ئۇغرىلارنىڭ كاتتىۋاشلىرى چوڭقۇر جىنايەتكە پاتقان پاسىقلاردۇر، ئۇلارنىڭ ۋەھشىيانە قىلمىشىنى بۈيۈك چىڭ دۆلىتىنىڭ پۇقرالىرىدىن بىرەرىمۇ كەچۈرەلمەيدۇ. ئۇلار بىر قېتىملىق جەڭدە غەلىبە قىلىش بىلەنلا كۆرەڭلەپ تېرىلىرىگە سىغماي قېلىشتى ۋە سۇلالە قوشۇنىنىڭ قانچىلىك سۈر-ھەيۋەتتى بارلىقىغا، قولغا ئالغان ئىشنىڭ ئاخىرىنى چىقىرالايدىغانلىقىغا، بۇ ئىشنىڭ سىياسىغا مۇناسىۋەتلىك چوڭ ئىش ئىكەنلىكىگە قارىماي ئاخىرغا قەدەر جەڭ قىلىدىغانلىقى توغرىسىدا بىلجىرلىشىپتۇ... ھازىر ئۇزۇق-تۈلۈك تەل بولدى، ياز بىلەن كۈزنىڭ ئارىلىقىدا نۇسرەت قازىنىشىمىز مۆلچەرلەنمەكتە. ئەمدى ئىش بۇ يەرگە كەلگەندە ئارقىغا داجىش ماڭا خاس ئەمەستۇر"㉟.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا چېگرىنى تىنچلاندۇرغۇچى سانغۇن جاۋخۇي قاتارلىقلارغا لەشكەر ۋە ئاتلارنى رەتكە سېلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا چەت ئەللەرگە تۇتىشىدىغان مۇھىم يول ۋە ئېغىزلارنى قاتتىق ساقلاپ چوڭ-كىچىك خوجىلارنىڭ قېچىپ كېتىشىدىن ساقلىنىش، ۋاقتى كەلگەندە ئۇلارنى بىر يولىلا يوقىتىپ تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى مەسىلىسىنى پۈتۈنلەي ھەل قىلىۋېتىش توغرىسىدا ئايرىم يارلىق بېرىلدى. غەربكە قوشۇن تارتقان جاۋخۇي، فۇدې قاتارلىق چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئالدىنقى سەپ قوماندانلىرى جەڭگە پائال تەييارلىنىپ 5-ئاي ۋە 6-ئاينىڭ ئارىلىقىدا يەنى بۇغداي پىششىقىدىن ئىلگىرى قوشۇننى باشلاپ ھۇجۇمغا ئۆتۈشكە كېلىشتى. شۇنىڭ بىلەن چىڭ سۇلالىسى

ئوردىسى يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە جىددىي ھەرىكەتكە كېلىپ ئالدىراشلىق بىلەن قوشۇن يۆتكەپ ئات-تۆگە قاتارلىق ھەربىي لازىمەتنى غەملىدى، شۇنداقلا بۇيرۇقلارغا نامە يوللاپ توپىلاڭچى قوشۇننىڭ سىرتقا قاچقانلىرىنى تۇتۇشقا ياردەملىشىشكە بۇيرۇدى.

قۇرماندىكى غەلىبە ۋە جاۋخۇينىڭ قاراسۇ مۇھاسىرىسىدىن قۇتۇلۇپ كېتىشى توپىلاڭچى قوشۇننى ھەيرەتتە قالدۇردى ۋە ئۇلارغا چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ قالتىس كۈچ-قۇدرەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى، تاقابىل تۇرۇش قىيىن ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇردى. خوجا بۇرھاندىن قۇرمان جېڭىدە يارىلىنىپ قەشقەرگە قايتقاندىن كېيىن يەركەننى ساقلاۋاتقان خان خوجىغا چىڭ سۇلالىسىگە ئەل بولۇش ھەققىدە نامە ئەۋەتكەن بولسىمۇ توپىلاڭچىلارنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقىنى تۇتۇپ تۇرۇۋاتقان خان خوجا بۇنىڭغا قەتئىي قوشۇلمىدى ۋە چىڭ سۇلالىسى بىلەن ئاخىرقى نەپىسى قالغۇچە دۈشمەنلىشىشكە نىيەت قىلدى. لېكىن ئۇ چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى قايتا ھۇجۇم قوزغىسا تاقابىل تۇرۇشنىڭ بەسىي مۈشكۈلگە چۈشىدىغانلىقىنى ناھايىتى ئوبدان بىلەتتى، شۇڭا بەدەخشان، قوقەند قاتارلىق جايلارغا ئايرىم-ئايرىم ئەلچى ماڭدۇرۇپ يېتىپ كەلگۈسى مەغلۇبىيەتكە چېكىنىش يولى تەييارلاپ قويدى. 4-ئايغا كەلگەندە "زور قوشۇننىڭ خوتەنگە كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ يەركەنلىكلەرنى تىترەك باستى"[36]، خان خوجا ئالدىراش-تىنەش ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە يۈك-تاقلارنى يەركەننىڭ غەربىدىكى چاڭقۇل دېگەن جاينىڭ قىزىلتاغ (ھازىرقى ئاقتو، تاشقورغان، يەركەن قاتارلىق ئۈچ ناھىيىنىڭ چېگرىسى) دېگەن يېرىگە ئاپىرىپ قويۇپ، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى قىستاپ كېلىپ قالسا غەربىي جەنۇبتىكى پامىرنىڭ بەدەخشان تاغلىرىغا قېچىشقا تەييارلاندى. بۇرھاندىنمۇ قېچىشنىڭ تەييارلىقى بىلەن ئالدىراش

بولۇپ كەتتى، قەشقەردە ئات-ئۇلاق، ئوزۇق-تۈلۈكنى غەملەپ 6 - ئاينىڭ 10 - كۈنى بالا-چاقىسى ۋە ھەربىي لاۋازىمەتلىرىنى قەشقەرنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى تەلۈئچۈك دەرياسى بويىغا يۆتكىدى، ئۆزى بولسا بىر قىسىم يېقىن-يورۇق ۋە ھەقەمسايىلىرى بىلەن شەھەردە مۇداپىئەدە تۇرۇپ ھەرقاچان شەھەرنى تاشلاپ قېچىشقا تەييار تۇردى.

چيەنلوڭنىڭ 24-يىلى (1759-يىلى) 6-ئايدا چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى ئىككى يولغا بۆلۈنۈپ توپىلاڭچىلارغا جازا يۈرۈشى قىلىشقا قايتا ئاتلاندى؛ بىر يولدىكىلەر چېگرىنى تىنچلاندۇرغۇچى سانغۇن جاۋخۇيىنىڭ باشچىلىقىدا ئۇچتىن قەشقەرگە ئىلگىرىلىدى؛ يەنە بىر يولدىكىلەر چېگرىنى تىنچلاندۇرغۇچى ئوڭ قول ئورۇنباسار سانغۇن فۇدېنىڭ يېتەكچىلىكىدە خوتەندىن يولغا چىقىپ گۇما ئارقىلىق ئۇدۇل يەركەنگە قىستاپ كەلدى. 6-ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى خان خوجا ئىشەنچلىك ئادىمى ئابدۇكېرىمنى قەشقەردىكى بۇرھانىدىنغا تېز ھەرىكەت قىلىش، "يەركەن ۋە قەشقەردىكى ئاھالىنى كۆچۈرۈش، شەھەرنى ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈۋېتىش" كە دالالەت قىلىشقا ئەۋەتتى. دەل مۇشۇ ۋاقىتتا بۇيرۇتلار يەنە قەشقەرنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلىشقا كەلگەچكە بۇرھانىدىن لەشكەر چىقىرىپ تاقابىل تۇرۇش نامىدا شەھەر ئاھالىسىنىڭ مۈلكىنى كۆپلەپ قاقتى-سوقتى قىلىۋالدى. 6-ئاينىڭ 27-كۈنى بۇرھانىدىن قەشقەر ئاھالىسىنى بەدەخشانغا كۆچۈشكە مەجبۇرلىغاندا ئاھالىنىڭ كۆپ قىسمى كۆچۈشنى خالىماي قېچىشقا باشلىدى. قەشقەرگە تەۋە پەيزاۋات بۇرھانىدىنغا بويسۇنۇشنى رەت قىلدى، خوجىلارنىڭ ھەيۋىسىدىن قورقۇپ تۇرغان كۆپ ساندىكى ئاھالە قەشقەردىن پەيزاۋاتقا قېچىپ كەلدى ۋە يەرلىك، بەگ نىيازنىڭ باشلامچىلىقىدا قوۋۇقنى تاقاپ توپىلاڭچىلار بىلەن قارشىلاشتى. بۇرھانىدىن قەشقەر خەلقىنى

بۇلاڭ-تالاڭ قىلىپ كوچا-كويلارغا ئوت قويىۋەتتى، يەرلىك ئاھالىنى يولۇقۋاش داۋىنى ئارقىلىق قېچىشقا مەجبۇرلىدى. شۇ ۋاقىتتا خان خوجىمۇ يەركەن خەلقىنىڭ مال-مۈلكى ۋە مال-چارۋىسىنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلىپ 4000 سەر كۈمۈش قاقتى-سوقتى قىلىۋالدى، كەبىسە 6-ئاينىڭ 2-كۈنى تىنەپ-تەمتىرەپ يەركەننى تاشلاپ بەگغۇلام كېچىكى ئارقىلىق چاڭقۇلغا كەلدى. ئاكا-ئۇكا ئىككى قېرىنداش جەم بولغاندىن كېيىن يېقىن-يورۇقلىرىدىن نەچچە مىڭ كىشىنى باشلاپ بەدەخشانغا قاراپ قاچتى. مەجبۇرىي ئەگەشكەن بەگ-پۇقرالاردىن نۇرغۇن كىشى يېرىم يولدا ئامال قىلىپ قېچىپ كەتتى ۋە چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىغا ئەل بولدى. شۇنىڭ بىلەن چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى بىر پاي ئوق ئاتمايلا كەبىسە 6-ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى ئوڭۇشلۇق ھالدا قەشقەر، يەركەننى ئىگىلىدى.

كەبىسە 6-ئاينىڭ 14-كۈنى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى قەشقەرگە كىردى، پادىشاھ چيەنلوڭنىڭ ئالدىن بەرگەن كۆرسەتمىسى بويىچە جاۋخۇي ئازغىنە لەشكەر بىلەن شەھەرنى ساقلاپ قەشقەر، يەركەن قاتارلىق يېڭىدىن ئەل بولغان جايلاردىكى ئاھالىلەرنى ئەمىن تاپقۇزۇش، قالدۇق ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىشقا مەسئۇل بولدى، مەسلىھەتچى ئامبال مىڭ رۇي قاتارلىقلار 2000 لەشكەر بىلەن ياۋنى قوغلاپ يوقىتىشقا ئاتلاندى. مىڭ رۇي قاتارلىقلار كەبىسە 6-ئاينىڭ 15-كۈنى يولغا چىقىپ يەرلىك ئاھالە ۋە بۇيرۇتلار (قىرغىزلار) نىڭ يول باشلىشى بىلەن شۇ ئاينىڭ ئاخىرلىرى 900 نەپەر قاۋۇل لەشكەرنى باشلاپ ئالدىن غوزقۇرۇق تېغىغا يېتىپ بېرىپ، بەدەخشانغا قېچىپ كېتىۋاتقان ئاكا-ئۇكا خوجىلارغا يېتىشىۋالدى. ئەينى ۋاقىتتا توپىلاڭچىلار قوشۇنىدا 6000 چە ئادەم بولۇپ، تاغ-جىلغىلارنى دالدا قىلىپ تۇرۇپ قارشىلىق كۆرسەتتى. چىڭ

سۇلالىسى قوشۇنى ئۇلارنى ئالداپ جەڭگە چىقارماقچى بولغان بولسىمۇ مەقسىتىگە يېتەلمىگەچكە قاتتىق ھۇجۇم قىلىشقا باشلىدى، ئالتە سائەتلىك جەڭدىن كېيىن توپىلاڭچىلار يېڭىلىپ قاچتى، ئەمما ئۇزۇن ئۆتمەيلا يېڭىۋاشتىن توپلىنىپ ئادەمنىڭ كۆپلىكىگە تايىنىپ چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىغا يوپۇرۇلۇپ كەلدى. چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى جەڭ قىلغاچ چېكىنىپ ياۋنى ئالداپ ئىچكىرىگە ئەپكىردى، پىستىرما قوشۇن ئۇلارنىڭ يولىنى كېسىپ تاشلاپ ئۇلارنى يەنە بىر قېتىم مەغلۇپ قىلدى. غوزقۇرۇق جېڭىدە دۈشمەندىن 500دىن كۆپرەك كىشى ئۆلتۈرۈلدى، 300دىن كۆپرەك ئادەم تىرىك تۇتۇلدى، 100 تۇياقتىن ئارتۇق ئات ۋە تۆگە ئولجا ئېلىندى، شۇ ئاخشىمى توپىلاڭچىلار قوشۇنى تاغدىن ھالقىپ ئۆتۈپ قېچىپ كەتتى. مىڭ رۈي لەشكەر باشلاپ داۋاملىق قوغلاپ زەربە بەردى ۋە فۇدېغا خەۋەر قىلىشقا جىددىي ئادەم ئەۋەتتى.

كەبىسە 6-ئاينىڭ 18-كۈنى فۇدې قوشۇن باشلاپ يەركەننى ئىگىلىگەندىن كېيىن خان خوجا ئاكا-ئۇكىنىڭ بەدەخشان تەرەپكە قاچقانلىقىنى ئاڭلىدى، يەركەن خەلقىنى ئەمىن تاپقۇزۇپ بولۇپلا فۇدې قوشۇن باشلاپ تاپ بېسىپ قوغلىدى. ئىلگىرى يەركەن بىلەن قەشقەرنىڭ ئارىلىقىدىكى مۇھىم ئۆتكەللەرنى ساقلاشقا ئەۋەتىلگەن چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىمۇ بۇ چاغدا مەسلىھەتچى ئامبال ئارگۇننىڭ باشلامچىلىقىدا توپىلاڭچىلارنى قوغلاپ يوقىتىشقا ئاتلاندى. 7-ئاينىڭ باشلىرى فۇدې، مىڭرۈي، ئارگون قاتارلىقلارنىڭ ئۈچ يول قوشۇنى ئۇچراشقاندىن كېيىن 4000 كىشىلىك خىللانغان قوشۇن تەشكىللىنىپ تېز ئىلگىرىلىدى ۋە 7-ئاينىڭ 9-كۈنى ئارچۇر تېغىدا دۈشمەنلەرگە يېتىشتى. دۈشمەنلەر ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ھەربىي لاۋازىمەتنى ئالدىن ماڭدۇرۇۋەتتى ھەمدە تاغنىڭ ئىككى قاسنىقىغا پىستىرما قويدى،

تاغ ئېغىزلىرىنى چىڭ ساقلاپ چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىنى ئالداپ ئىچكىرىگە كىرگۈزمەكچى بولدى. فۇدې، مىڭ رۇي قاتارلىقلار لەشكەرلەرنى سول، ئوتتۇرا، ئوڭ دەپ ئۈچ بۆلەككە ئايرىپ سول ۋە ئوڭ قاناتتىكىلەر ئوڭ-سول تەرەپلەردىن جىلغا ئېغىزىدىكى ئىككى تاغنى ئىشغال قىلىدىغان، ئوتتۇرا بۆلەكتىكىلەر دۈشمەنگە ئۇدۇلدىن ھۇجۇم قىلىدىغان بولدى. ئالتە سائەت جىددىي جەڭدىن كېيىن توپىلاڭچىلار مەغلۇپ بولۇپ 30 چاقىرىمچە چېكىنىدى ۋە يەنە بىر تاغنى دالدا قىلىپ قوغلاپ كەلگەن قوشۇندىكىلەر بىلەن قارشىلاشتى. فۇدې قوشۇننى رەتكە سېلىپ دۈشمەنگە قارشى سەپ تۈزدى، مىڭ رۇي ئۆز قوشۇنىنى باشلاپ تاغ چوققىسىنى ئىگىلىمەكچى بولدى، ئەمما توپىلاڭچىلار جان تىكىپ جەڭ قىلىپ قاتتىق مۇداپىئەدە تۇرۇۋالدى. شۇنىڭ بىلەن فۇدې توپىلاڭچىلارنىڭ يۈك-تاقىسىغا ھۇجۇم قىلماقچى بولغان قىياپەتكە كىرىۋېلىپ توپىلاڭچىلارغا قاتتىق ھۇجۇم قوزغىدى، توپىلاڭچىلارنىڭ تاغ ئېغىزىنى ساقلاۋاتقان لەشكەرلىرى قېچىشقا باشلىدى، ئارگون دۈشمەنلەرنىڭ يۈك-تاق قىسمىغا يېتىشىۋالغاندا توپىلاڭچىلار يەنە بىر تاغنى دالدا قىلىپ توسۇپ زەربە بەردى. فۇدې دەرھال مۇناسىپ تەدبىر قوللاندى، مىڭ رۇيمۇ ئايلىنىپ دۈشمەننىڭ ئارقا تەرىپىگە ئۆتۈپ مۇھاسىرىگە ئالدى، شۇنىڭ بىلەن دۈشمەنلەر يەنە بىر قېتىم مەغلۇپ بولۇپ قاچتى. بۇ جەڭدە دۈشمەندىن 1000چە كىشى ئۆلدى، ئەللىكچە كىشى ئەسىر ئېلىندى، توپىلاڭچىلار قوشۇنىنىڭ ئاساسلىق كاتتىۋاشلىرىدىن ئابدۇكېرىم قاتارلىقلار ئېتىپ ئۆلتۈرۈلدى.

چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى ئارچۇردا توپىلاڭچىلارنى تارمار قىلغاندىن كېيىن غەلىبىسىرى ئىز قوغلاپ كۈنىگە يۈز چاقىرىمدىن ئارتۇق يول يۈردى، 10-كۈنى قاش قارايغان مەھەلدە بۇلۇڭكۆلگە

كەلدى ۋە ئالدى تەرەپتىكى يېشىل كۆل بويلىرىدا قاچقان دۈشمەنلەرنىڭ ئىزىنى بايقىدى، ئۇلار ئىز بېسىپ قوغلاپ ئەتىسى يېشىل كۆلگە يېتىپ كەلدى. بۇ جاي بەدەخشان چېگرىسىغا يېقىن بولۇپ يەر شەكلى تولىمۇ خەتەرلىك، يەر يۈزىدىن بەكلا ئېگىز ئىدى، كۆلنىڭ بويىدىكى يان باغىردا پەقەت تاق ئاتلىق بىرلا كىشى ماڭغۇدەك يول بار ئىدى، خان خوجا باشچىلىقىدىكى توپىلاڭچى قوشۇن ئاللىقاچان كۆلنىڭ شەرقىي قىرغىقىدىكى تاغ باغرىنى ئىگىلىۋالغان بولۇپ، يول ئاغزىنى توسقىنىچە چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىغا قارشىلىق كۆرسەتتى. بۇرھانىدىن ئىككى يۈزچە كىشىنى باشلاپ كۆلنىڭ شىمالىدىكى تاغنى ئىگىلىدى، ئۇلارنىڭ ھەربىي لاۋازىمەت ۋە بالا-چاقىلىرى ئالدىراپ-تېنەپ قېچىشقا باشلىدى، بەزىلىرى تاغنىڭ كەينى تەرىپىدىن يامىشىپ ئۆتتى، بەزىلىرى كۆلنىڭ بويىغا قاپسىلىپ قالدى. فۇدې باشچىلىقىدىكى قوشۇن شىددەتلىك ئوت كۈچى بىلەن ھۇجۇم قىلىپ باققان بولسىمۇ يەر شەكلى خەتەرلىك بولغانلىقى ۋە توپىلاڭچىلارنىڭ تاغ چوققىسىنى مەھكەم ساقلىشى تۈپەيلىدىن ئەتىگەندىن چۈشكىچە ھۇجۇم قىلىپمۇ ئالالمىدى. فۇدې بىر تەرەپتىن تاغنىڭ يان تەرىپىدىن يامىشىپ چىقىشقا لەشكەر ئەۋەتىپ، ئوت كۈچى ئەۋزەللىكىدىن پايدىلىنىپ دۈشمەنگە بولغان ھۇجۇمنى كۈچەيتكىلى تۇردى، يەنە بىر تەرەپتىن خوجەسى، ھادى بەگ قاتارلىقلارنى ئالدىغا ئۆتۈپ ئىلگىرىكى تۇغنى تىكلەپ ئاھالىلەرنى ئەل بولۇشقا دەۋەت قىلىشقا بۇيرۇدى. گۇگۇم ۋاقتىدا مەجبۇرىي قاچقان نەچچە مىڭ كىشى بالا-چاقىلىرى ۋە يۈك-تاقلىرىنى كۆتۈرگىنىچە ئارقا-ئارقىدىن تاغدىن چۈشۈپ چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىغا ئەل بولدى. خان خوجا تاغدا تۇرۇپ ئۇلارنى توسۇپ باقتى، ئەل بولۇشقا قاچماقچى بولغانلارنى چېپىپ تاشلىدى، ئاقىۋەت ئۇلارنى توسۇپ قېلىش تۈگۈل، ئەكسىچە

تېخىمۇ كۆپ ئادەم ئەل بولۇشقا چۈشتى. خان خوجا ئامال قىلالماي ئېتىنى چاپتۇرغىنىچە كېچە قاراڭغۇلۇقىدا داۋاندىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ ئاكىسى بۇرھانىدىن بىلەن ئۇچراشتى. چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى غەلىبىسىرى قوغلاپ تاغ چوققىسىنى تارتىۋالدى، خوجىلار پاتىپاراقچىلىق ئىچىدە ئۈچ-تۆت يۈزچە قالدۇق لەشكەر بىلەن بەدەخشان تەرەپكە قاچتى.

خوجىلارنىڭ يىراق جايلارغا قېچىپ كېتىپ يوشۇرۇنۇۋېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئۇلار بەدەخشان تاغلىرىغا قېچىپ كىرىشتىن ئاۋۋاللا جاۋخۇي قوقەند، مەرغىلان، ئەنجان، نەمانگان قاتارلىق شەھەرلەرگە ۋە بۇيرۇتلارغا خوجىلار ئۆز تەۋەلىكىگە قېچىپ كىرگەن ھامان ياردەملىشىپ تۇتۇشۇپ بېرىش ھەققىدە يارلىق ئەۋەتكەنىدى. كېيىن خوجىلار فۇدې قاتارلىقلارنىڭ قوغلاپ زەربە بېرىشى نەتىجىسىدە بەدەخشان تاغلىرىغا قېچىپ كىرىۋالدى، شۇنىڭ بىلەن چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى دەرھال مەزكۇر جايغا يارلىق ئەۋەتىپ چوڭ-كىچىك خوجىلارنى تۇتۇپ تارتۇق قىلىشنى بۇيرۇدى، ئارقىدىنلا سامۇداننى ئەلچىلىككە ئەۋەتىپ، قوغلاپ تۇتۇشقا تەق بولۇپ تۇردى.

چوڭ-كىچىك خوجىلار بەدەخشان تەۋەسىگە قېچىپ كىرگەندىن كېيىن يول بويىدىكى گوندا، شىكنان قاتارلىق يېزا-قىشلاقلار چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ يارلىقىنى تاپشۇرۇۋالغانلىقتىن خوجىلارنى توستى ۋە قوغلاپ زەربە بەردى. 7-ئاينىڭ ئاخىرلىرى بەدەخشان خانى سۇلتانشاھ بۇنىڭدىن خەۋەردار بولۇپ ئارقۇنە چوققا داۋىنىدا خوجىلارنى توستى ۋە بىرنەچچە قېتىم جەڭ قىلدى، چوڭ-كىچىك خوجىلار جەڭدە ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغاندىن كېيىن سۇلتانشاھقا ئەلچى ئەۋەتىپ ئۆزلىرىنى قويۇۋېتىشنى تەلەپ قىلدى، مانا مۇشۇ ۋاقىتتا چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ ئەلچىسى سامۇدان سۆزلىشىشكە

كەلدى. سۇلتانشاھ شۇنىڭ بىلەن 7-ئاينىڭ 28-كۈنى خوجىلارنى شەھەرگە كىرىشكە تەكلىپ قىلدى. خوجا بۇرھانىددىن دەرھاللا كىردى، خان خوجا بولسا شەھەر سىرتىدا سۇلتانشاھ چىڭ سۇلالىسى ئەلچىسىنى تاپشۇرۇپ بەرسە شەھەرگە كىرىپ يۇقىرا بولۇشقا رازى ئىكەنلىكى توغرىسىدا گەپ تارقاتتى، سۇلتانشاھ بۇنى رەت قىلدى، شۇنىڭ بىلەن خان خوجا شەھەر سىرتىدىكى يېزا-قىشلاقلارنى تالان-تاراج قىلغىلى تۇردى. سۇلتانشاھ دەرھال بۇرھانىددىننى كىشەنلەپ، نەچچە مىڭ لەشكەرنى باشلاپ توپىلاڭچىلار قوشۇنىنى تارمار قىلدى، خان خوجا جەڭدە يارىلىنىپ ئەسىرگە چۈشتى. بۇ ۋاقىتتا ئەھۋالدىن خەۋەردار بولغان قوشنا دۆلەت ھىندىستان ئادەم ئەۋەتىپ خوجىلارنى تەلەپ قىلدى، خان خوجىمۇ بەدەخشانغا رەقىب دۆلەت تارباس بىلەن يوشۇرۇن ئالاقىلاشماقچى بولغاندا سۇيىقەستى پاش بولۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن سۇلتانشاھ دەرھال بۇرھانىددىن بىلەن خان خوجىنى قەتل قىلدۇرۇۋەتتى. ئېھتىياتسىزلىقتىن بۇرھانىددىننىڭ جەسىتىنى باشقىلار ئوغرىلاپ كەتتى، خان خوجىنىڭ بېشى چىڭ سۇلالىسى ئوردىسىغا تەقدىم قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى ئاقتاغلىق كاتتىلاردىن بۇرھانىددىن-خان خوجا توپىلىڭى پۈتۈنلەي تىنچىتىلدى.

بۇرھانىددىن ۋە خان خوجىلار توپىلاڭ كۆتۈرگەن مەزگىلدە خوجىلار جەمەتىدىكى ئەيسا (ئەركە خوجا دەپ ئاتىلىدۇ)، مامۇت (ئوتتۇرانچى خوجا دەپ ئاتىلىدۇ)، تۇردى قاتارلىقلار توپىلاڭغا قاتنىششىنى خالىماي چوڭ-كىچىك خوجىلاردىن چەك-چېگرىنى ئېنىق ئاجراتقانىدى. ئۇلارمۇ ئاقتاغلىقلارغا مەنسۇپ بولسىمۇ لېكىن بۇرھانىددىن، خان خوجىلاردەك ئاپاق خوجا نەسەبىدىن بولمىغانلىقتىن، ئاقتاغلىقلار مەزھىپىدە رەھبەرلىك ئورنىغا ئىگە

ئەمەس ئىدى. ئۇلار ئاپاق خوجىنىڭ ئىنىسى كارامەت خوجىنىڭ ئەۋلادلىرى بولۇپ، ئاقتاغلىقلار مەزھىپىدە بويسۇنغۇچى ئورۇندا تۇراتتى. ئۇلارمۇ چوڭ-كىچىك خوجىلارغا ئوخشاشلا تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدا جۇڭغارلار تەرىپىدىن نەزەربەند قىلىنغان، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى داۋاچى ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىغاندىن كېيىنلا ئاندىن بويۇنتۇرۇقتىن قۇتۇلغانىدى. كېيىن "خان خوجا ئامۇرسانانىڭ توپىلاڭ كۆتۈرگەنلىكىدىن پايدىلىنىپ قوۋمى-قېرىنداشلىرىنى ئېلىپ يەركەنگە ياندۇرۇپ كەلدى. ئەيسا ئۇنىڭغا ئەگىشىشنى رەت قىلىپ بۇيرۇت، قوقەند، مەرغىلان، نەمەنگان، تاشكەنت قاتارلىق جايلاردا پاناھلىنىپ يۈردى، ئىنىسى پەرسا ۋە ئاكىسىنىڭ ئوغۇللىرىدىن مامۇت، تۇردى قاتارلىقلار ئۇنىڭغا ئەگەشتى"㊲. چوڭ-كىچىك خوجىلار تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدا توپىلاڭ كۆتۈرگەندىن كېيىن جەمەتكە ئاسىيلىق قىلىپ بۇيرۇتلار ئارىسىدا قېچىپ يۈرگەن بۇ خوجىلارنى "ئەسكىرىي كۈچكە تايىنىپ قولغا ئالماقچى" ۋە ئۇلارنى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىغا مەجبۇرىي ئېلىپ كەتمەكچى بولدى. لېكىن "خان خوجا بىلەن بۇيرۇتلار ئارىسىدا ئۆچمەنلىك بولغاچقا" بۇيرۇتلار ئۇنى تاپشۇرۇپ بېرىشنى رەت قىلدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ نىيىتى ئىشقا ئاشماي قالدى.

ئەيسا قاتارلىقلار بۇ ۋاقىتتا پۈتۈنلەي يوشۇرۇنۇش، قېچىش ھەلەكچىلىكى بىلەنلا بولۇپ كەتمىدى، ئۇلارمۇ ئىزچىل تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتىنى كۆزىتىۋاتاتتى. «تاشقى ۋاسساللاردىن موڭغۇل، ئۇيغۇر ۋاڭ-گۇڭلىرىنىڭ تەرجىمىھالى» نىڭ 117-جىلدىدا مۇنداق دېيىلىدۇ: "چيەنلوڭنىڭ 23-يىلى زور قوشۇن خان جوجىغا جازا يۈرۈشى قىلىپ يەركەنگە كەلدى. ئەيسا بۇنى ئاڭلاپ تۇردى ۋە بۇيرۇتلاردىن قوشچى ئوتوك

ئۇرۇقىنىڭ ئاقساقىلى ناراباتۇنىڭ ھەمراھلىقىدا لەشكەر باشلاپ قەشقەرگە ھۇجۇم قىلدى ۋە يېڭىسارغا تېگىش قىلدى". ئالدىنقى ماۋزۇدا بايان قىلغىنىمىزدەك، جاۋخۇي قاراسۇدا قامىلىپ قالغاندا بۇيرۇتلار قەشقەرگە تەۋە يېڭىسارنى تالان-تاراج قىلغان، بۇنىڭ بىلەن چوڭ-كىچىك خوجىلار خاتا ھالدا چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى "بۇيرۇتلار بىلەن بىرلىشىۋالغان ئوخشايدۇ"38 دەپ ئويلاپ قالغان ۋە لەشكەرلەرنىڭ روھى چۈشۈپ كەتكەنىدى. ئەمما بۇ ۋاقىتتا ئەيسا قاتارلىقلار تېخى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىدىكىلەر بىلەن ئالاقە ئورناتمىغانىدى، ئىككىنچى يىلى 1-ئايدا قاراسۇ قورشاۋى بۇزۇپ تاشلىنىپ جاۋخۇي قوشۇنىنى باشلاپ ئاقسۇغا قايتىپ دەم ئالغان ۋە 6-ئايدا يەركەن، قەشقەرگە قايتا ھۇجۇم قىلىشقا تەييارلانغان، مانا مۇشۇ مەزگىلدە ئەيسا جىيەنى ماموتنى بۇيرۇت ئەلچىسىگە ئەگەشتۈرۈپ ئاقسۇدىكى جاۋخۇينىڭ ھۇزۇرىغا ئەل بولغانلىقىنى بىلدۈرۈشكە ئەۋەتكەن ۋە "ھازىرمۇ بۇيرۇتلاردىكى ناراباتۇنىڭ يېنىدا تۇرۇۋاتىمەن، لەشكەرلەرنىڭ يولغا چىققانلىقى ھەققىدىكى ئەخبارنى ئالغان ھامان ئۆز كۈچۈمنى ئايىمايمەن"39 دېگەنىدى. جاۋخۇي ئۇنى بىرگە بېرىشقا بۇيرۇغان ۋە ئەيساغا نامە يوللاپ "قوشۇن تارتىپ ھەمدەمدە بولۇش"قا، شۇنداقلا چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىنىڭ ھەرىكىتىگە ماسلىشىشقا بۇيرىغانىدى. 6-ئايدا چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى بۇرھانىدىن، خان خوجىلارغا قايتا جازا يۈرۈشى قىلىشقا ئاتلىنىپ قەشقەرگە كېتىۋاتقاندا يولدا ئەيسا قاتارلىقلار كېلىپ ئەل بولغان ۋە 6-ئاينىڭ 18-كۈنى بۇرھانىدىننىڭ قول ئاستىدىكى يۈزدىن ئارتۇق كىشى بىلەن جەڭ قىلغانلىقىنى، "نۇرغۇنىنى ئۆلتۈرگەنلىكى"نى مەلۇم قىلغان. جاۋخۇي بۇ ئاقتاغلىق خوجىلارنىڭ تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئەل بولۇشىنى قىزغىن قارشى ئالغان. "ئۇلارغا تەسەللىي بېرىپ، ئۇلارغا

ئائىلە-تاۋابىئاتلىرىنى ئەپكېلىۋېلىشنى، سالامدىن كېيىن ئارزۇسى بويىچە ئورۇنلاشتۇرىدىغانلىقىنى ئېيتقان"(40).

ئەيسا قاتارلىقلارنىڭ ئۆزلۈكىدىن ئەل بولۇشى مەيلى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى دىنىي ساھەدە بولسۇن ياكى مۇسۇلمانلار ئاممىسى ئىچىدە بولسۇن ئىجابىي تەسىر پەيدا قىلدى، توپىلاڭنى تىنچىتىش، غەربىي يۇرتنى بىرلىككە كەلتۈرۈشكە نىسبەتەن مۇئەييەن تۈرتكىلىك رول ئوينىدى. بىراق چوڭ-كىچىك خوجىلار توپىلىڭىدىن ساۋاق ئالغان چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى خوجىلار تەسىر-كۈچىنىڭ تارىم ۋادىسىدىكى مۇقىمسىزلىقنىڭ ئاساسىي مەنبەسى ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلغان بولغاچقا، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئەل بولغان ۋە پائال ماسلاشقان بۇ بىر تۈركۈم خوجىلاردىن تازا خاتىرجەم بولالمىدى، شۇڭا چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئۇلارغا قارىتا بەكمۇ ئېھتىياتچان پوزىتسىيىدە بولدى. توپىلاڭ تىنچىتىلغاندىن كېيىن چىڭ سۇلالىسى ئوردىسى ئۇلارنى بېيجىڭغا سالامغا چىللاپ نەسەبلىك مەرتىۋە ئىنئام قىلىپ بېيجىڭدا ئېلىپ قالدى ۋە شۇ ئارقىلىق ئۇلارنى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىن ئايرىۋەتتى.

توپىلاڭچىلارنىڭ كاتتىۋېشى خان خوجىنىڭ پۇشتى يوق ئىدى، بۇرھانىددىننىڭ ئايالى ۋە پەرزەنتلىرى قولغا چۈشكەندىن كېيىن، بېيجىڭغا ئېلىپ بېرىلدى، ئۇلاردىن پەقەت سامساق خوجىلا قېچىپ كېتەلىدى. خوجىلار جەمەتى شۇنىڭ بىلەن چەك-چېكىدىن بۇزۇلۇپ، سىياسىي ۋە دىنىي كۈچ بولغان خوجىلار جەمەتى شۇنىڭدىن ئېتىبارەن تارىخ سەھنىسىدىن چېكىندى.

## § 3 خاتىمە

1759-يىلى بۇرھانىدىن ۋە خان خوجىلار ئۆلتۈرۈلۈپ چىڭ سۇلالىسى غەربىي يۇرتنى بىرلىككە كەلتۈردى، بۇ جۇڭگو تارىخى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىدىكى بىر چوڭ ۋەقە بولغاچقا پادىشاھ چيەنلوڭ يېشىل كۆل بويىغا ئابىدە ئورناتتى. ئەمما مۇشۇ ۋاقىتلاردا غەربتىكى كاپىتالىزم تاجاۋۇزچى كۈچلىرى ئاتالمىش "يېقىن شەرق"، "ئوتتۇرا شەرق"تىن "يىراق شەرق"كە يېتىپ كەلدى ۋە شۆلگەيلىرىنى ئېقىتىپ "جۇڭخۇا ئىمپېرىيىسى"نىڭ دەرۋازىسىنى قېقىشقا باشلىدى. ئۇلار ئوتتۇرا ئاسىيا فېئودال كۈچلىرى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ خوجىلار ئەۋلادىنى تىزگىنلىدى ۋە ئۇلاردىن پايدىلاندى، ئارقا-ئارقىدىن تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىپ كىشىلەرنى قايمۇقتۇردى، بۆلگۈنچىلىك پەيدا قىلىپ جۇڭگونىڭ غەربىي قىسمىنى ئەنسىزلىككە سېلىپ قويدى، ئاۋام-پۇقرالار خانىۋەيران بولدى، تاكى زوزۇڭتاڭ ياقۇپبەگنى يوقىتىپ 1882-يىلى شىنجاڭدا ئۆلكە قۇرۇلغانغا قەدەر بۇ مەسىلە زادىلا ئۈزۈل-كېسىل ھەل بولماي كەلدى. بىر ئەسىردىن ئاشىدىغان مۇشۇنداق ئۇزۇن بىر مەزگىلدە جۇڭگو تارىخىدىكى پەۋقۇلئاددە ھادىسە بولغان "خوجىلار جەمەتى" مۇستەقىل دىنىي-سىياسىي كۈچ سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمىدى، ئۇنىڭدىن سىرت ئۇلار چەت ئەلگە قاچقاندىن كېيىن دەسلەپتە ئەنگلىيە، روسىيە تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ ۋە قوقەند فېئوداللىرىنىڭ قوللىرىدىكى بىر-بىرىگە ئۆتتۈشۈپ تۇرىدىغان قورچاقلىرى بولۇشتىن قورچاقلىق قىممىتىنىمۇ يوقىتىپ قويدى. مانا مۇشۇ بىر باسقۇچ ھەققىدە جۇڭگو ۋە چەت ئەل ئالىملىرى

چوڭقۇر تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ مول ئەسەرلەرنى يېزىپ چىقتى، بولۇپمۇ شىنجاڭ مىللەتلەر تەتقىقات ئورنى تۈزگەن «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» ئىككى مەخسۇس باب ۋە ئىككى مەخسۇس پاراگراف ئاجرىتىپ مۇشۇ مەزگىلدىكى خوجىلار توپىلىڭى ۋە ئۇلارنىڭ بېسىپ كىرىشىنى تەپسىلىي شەرھلىدى، جۇڭگو ۋە چەت ئەل ئالىملىرىنىڭ تەتقىقاتىدىكى نەتىجىلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇپ ئاساسىي تارىخىي رېئاللىقنى توغرا ئەكس ئەتتۈردى. فەن جىپىڭ ئەپەندىنىڭ «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قوقەند خانلىقى ۋە چىڭ دەۋرىدىكى شىنجاڭ» ناملىق ئەسىرىدە بولسا مەزكۇر مەسىلە تېخىمۇ چوڭقۇر تەتقىق قىلىنىپ، غەربىي يۇرت تەتقىقاتىدىكى يېڭى نەتىجىلەردىن بولۇپ قالدى. بىز بۇ يەردە ئالدىنقىلارنىڭ ۋە زامانىمىزدىكى ئاقىل-دانىشمەنلەرنىڭ تەتقىقات نەتىجىسىگە ئاساسلىنىپ تۇرۇپ، قىسقىغىنە بىر پاراگراف تەييارلىدۇق ۋە خوجىلار ھەققىدىكى بايانلىرىمىزنىڭ خاتىمىسى سۈپىتىدە كىتابخانلارغا سۇندۇق.

چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى چوڭ-كىچىك خوجىلار توپىلىڭىنى تىنچىتقاندا، بۇرھانىدىن خوجىنىڭ سامساق ئىسىملىك بىر ئوغلىنى ئىنىكئانىسى ئەنجانغا ئېلىپ قېچىپ كەتكەنىدى، شۇ ۋاقىتتا ئۇ ئەمدىلا بەش ياشتا ئىدى، كېيىنچە ئۇلار قوقەندتە ماكانلىشىپ قالدى. چىڭ سۇلالىسى بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ئۇنى قايتۇرۇپ بېرىشنى قوقەندتىن بىرنەچچە رەت تەلەپ قىلدى، كۆپ قېتىم ئەلچى ئەۋەتىپ پىكىرلەشكەن بولسىمۇ نەتىجىسى بولمىدى. قوقەند ھۆكۈمرانلىرى سامساق خوجىنى خوجىلار ئەۋلادى، دەپ قاراپ ”ئۆزلىرىگە دەسمايە قىلىۋالدى“ ۋە پۇرسەت كېلىشىنى كۈتۈپ ياتتى. ئەمما ئەينى ۋاقىتتا چىڭ سۇلالىسى قۇدرەتلىك بولغاچقا قوقەند ھۆكۈمرانلىرى سامساق خوجىنىڭ ”خوجا“لىق سالاھىيىتىنى دەستەك قىلىپ جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلىشقا پېتىنالمىدى، شۇڭا سامساق خوجا

ئۆمرىنى جىمجىتلىقتا ئاخىرلاشتۇردى، ئۇنىڭدىن يۇسۇپ، جاھانگىر، باۋۇدۇن قاتارلىق ئۈچ ئوغۇل پەرزەنت قالدى.

1820—1826-يىللىرى جاھانگىر قارا نىيىتى چېكىگە يەتكەن قوقەند ھۆكۈمرانلىرىنىڭ قوللىشى بىلەن (ھەتتا شەخسەن قوشۇن تارتىپ قەشقەرگە ھۇجۇم قىلغان) ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ، تۆت قېتىم تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىغا تاجاۋۇز قىلىپ كىردى ۋە توپىلاڭ قوزغىدى. جاھانگىر ۋە ئۇ باشلاپ كەلگەن قوقەند قوشۇنى بۇيرۇتلار بىلەن بىللە قىرغىنچىلىق، بۇلاڭ-تالاڭ، باسقۇنچىلىق ۋە ئوت قويۇش بىلەن شۇغۇللىنىپ خەلق ئاممىسىنىڭ كۈچلۈك قارشىلىقىغا ئۇچرىدى، خەلق ئاممىسى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ توپىلاڭچىلارنى تىنچىتىشىغا ماسلىشىپ جاھانگىرنى تىرىك تۇتتى.

1830-يىلى قوقەند خانى مەدەلىخان يۇسۇپنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا يانتاياق بولدى. يۇسۇپ ئەسلىدە بۇخارادا ئاخۇن بولۇپ، "مېنىڭ قەشقەرگە بېرىشىم بىر زاغرا نانغىمۇ دال بولالمايدۇ" (41)، دەپ يۈرگەندى. مەدەلىخان تۆرلۈك ئاماللارنى ئىشلىتىپ ئۇنى قوقەندكە "چىللاپ" كەلدى. قوقەند خانلىقىنىڭ بۇ قېتىمقى تاجاۋۇزچىلىقى يەرلىك ئارمىيە ۋە خەلقنىڭ كۈچلۈك قارشىلىقىغا ئۇچرىدى. بۇخارا ھۆكۈمرانلىرى بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قوقەندگە ھۇجۇم قىلغانلىقتىن قوقەند ھۆكۈمرانلىرى ئالدىراپ-تېنەپ قوشۇن چېكىندۈرۈشكە مەجبۇر بولدى، بۇ ۋاقىت زىمىستان قىش مەزگىلى بولغاچقا نۇرغۇن كىشى توڭلاپ ئۆلدى، قورچاق يۇسۇپمۇ بەش ئايدىن كېيىن قوقەندتە ئۆلدى.

1847-يىلى "يەتتە خوجا توپىلىڭى" يۈز بەردى. ئاتالمىش "يەتتە خوجا" دېگىنى يۇسۇپنىڭ ئوغۇللىرى ۋە جىيەنلىرى بولغان كاتتا تۆرە، ۋەلىخان، كىچىكخان، تەۋەككۈل، سابىرخان، ئاقتاجىخان، ئىشانخان قاتارلىقلار ئىدى. ئۇلار قوقەندتىن يولغا

چىقىپ مىڭدىن ئارتۇق ئاتلىق لەشكەرنى توپلاپ قەشقەر رايونىغا بېسىپ كىردى. مال-دۇنياغا كۆزى تويمايدىغان بۇ مۇرتلار ئىگىلىگەن جايلىرىدا "ئەر-ئاياللارنى دەررىلەپ، ھەممە نەرسىنى بۇلاپ-تالىدى". روسىيە ئوفىتسېرى كروپاتكىن بۇ ھەقتە مۇنداق يازىدۇ: "قوقەندلىكلەرنىڭ قورشاۋىدا تۇرۇۋاتقان ۋە چىرىكلىكتىن ھالاكەتكە يۈزلەنگەن خوجىلار خەلقنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشەلمىدى، يەرلىك خەلقنى گەپكىمۇ كىرگۈزەلمىدى... خوجىلار ئۈمىد قىلغان قەشقەرىيىدىكى ئومۇمىيۈزلۈك قوزغىلاڭ ئىشقا ئاشمىدى"㊷. ئۇلار چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىنىڭ كۈچلۈك ھۇجۇمى ئاستىدا كەڭ ئاھالىنى قوقەندكە قېچىشقا مەجبۇرلىدى. ئۇلار قېچىپ ئوشقا يېقىن سوپى قورغان دېگەن جايغا كەلگەندە قوقەند ھۆكۈمرانى ئەۋەتكەن ئاتامانلارغا ئۇچرىدى، ئۇلار خوجىلار بۇلاپ كەلگەن 16 تۈگىلىك كۈمۈشنى يىغىۋېلىپ ئۇلارنىڭ قوشۇنىنى تارقىتىۋەتتى ۋە كاتتا تۆرەنى مەھبۇس ھارۋىسىغا سېلىپ قوقەنكە يالاپ قايتتى.

شيەنفېڭ يىللىرى (1851—1861) خوجا ئەۋلادلىرى قوقەند ھۆكۈمرانلىرىنىڭ قوللىشى بىلەن توختىماستىن جۇڭگونىڭ غەربىي چېگرىسىغا دەخلى-تەرۇز قىلىپ تۇردى، ئوت قويۇپ بۇلاڭچىلىق قىلىپ، قىلمىغان ئەسكىلىكى قالمىدى، بۇنىڭ بىلەن خەلقنىڭ ئۇلارغا قاتتىق غەزىپى قوزغالدى، ئەمما ھەمىشە دېگۈدەك باسمىچىلىق خاراكتېرىدە بولىدىغان بۇ پاراكەندىچىلىكلەرنى "تىنچىتىشقا لەشكەر ئەۋەتىلگەن ھامان ئۇلار قاراۋۇلخانىلارنىڭ سىرتىغا قېچىپ كېتەتتى"㊸. شۇلارنىڭ ئىچىدە كۆلىمى بىرقەدەر چوڭ بولغىنى 1857-يىلدىكى "ۋەلىخان تۆرە توپىلىڭى" بولدى. بۇ توپىلاڭنى قوقەند ھۆكۈمرانلىرى قوللىغاندىن سىرت چارروسىيىمۇ قوللىدى ۋە پايدىلاندى، ئەمما، ۋەلىخان تۆرە يەرلىك خەلقنىڭ قوللىشىغا ئېرىشەلمىگەچكە تۆت ئايغا قالمايلا چىڭ سۇلالىسى

قوشۇنلىرىنىڭ قورشاپ ھۇجۇم قىلىشى بىلەن قوقەندكە قېچىشقا مەجبۇر بولدى. ۋەلىخان تۆرە بىرنەچچە قېتىملىق مەغلۇبىيەتتىن كېيىن نېرۋىسىدىن ئادىشىپ ”غالجىرلىق كېسىلىگە مۇپتىلا بولدى“.

1864-يىلى تەيپىڭ تيەنگو ئىنقىلابىنىڭ تەسىرى بىلەن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا كۆتۈرۈلگەن داغدۇغىلىق دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ تۈرتكىسىدە غەربىي يۇرتتا چىڭ سۇلالىسىگە قارشى چوڭ كۆلەملىك قوزغىلاڭ يۈز بەردى. قوزغىلاڭ يالقۇنلىرى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا يېلىنجاپ، چىڭ سۇلالىسىنىڭ بۇ رايونلارغا بولغان كونتروللۇقىنى يوقاتتى. ئەمما قوزغىلاڭچى دېھقانلاردا ئىستىخىيىلىك سىنىپىي ئاڭ ۋە ئېنىق ئىنقىلابىي نىشان كەمچىل بولغاچقا قوزغىلاڭنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقى ناھايىتى تېزلا فېئودال تۆرىلەر ۋە دىنىي مۆتىۋەرلەرنىڭ ئالقىنىغا چۈشۈپ كەتتى، شۇنىڭ بىلەن داغدۇغىلىق خەلق قوزغىلىڭى ھەرقايسى فېئودال تەپرىقىچىلەرنىڭ بىر-بىرىگە ھۇجۇم قىلىشىدىغان سورۇنىغا ئايلىنىپ قالدى. قەشقەرنىڭ ئەھۋالى ئەڭ مۇرەككەپ بولۇپ، ھەرقايسى كۈچلەر قەشقەر كوناشەھەرنى ئىگىلىۋېلىشنى خىيال قىلاتتى. قوقەند سودىگەرلىرى ئاقتاغلىق خوجىلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ قوقەند دۆلىتىدىن ياردەم سوراپ ئەلچى ماڭدۇردى، بۇيرۇت ئاتامانلىرىمۇ قوقەندتىن ياردەم تىلەپ ئادەم ئەۋەتتى. بۇ مەزگىللەردە روسىيە قوشۇنلىرى تاشكەنتكە قىستاپ كېلىپ قالغانلىقتىن قوقەند خانلىقى خەۋپتە قالغانىدى، ئەمما ئۇلار جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىش پۇرسىتىدىن ۋاز كېچىشنى زادىلا خالىمىدى. قوقەند ھۆكۈمرانى موللا ئالىمقۇل قوقەندتە زاھىدلارچە ياشاۋاتقان بۇزرۇك خوجا (جاھانگىر خوجىنىڭ ئوغلى)نى چاقىرتىپ ”سىزنى قەشقەر خانى قىلىپ تەيىنلىدىم، بىراق بارچە مۈلكىي ئىشلارنى ياقۇپبەگ ئىشلەيدۇ. باشقىلارنىڭ

ئارىلىشىشقا بولمايدۇ“㊹ دەپ ئېلان قىلدى، ئۇ يەنە بۇ ھەقتە بۇزرۇك خوجىغا قەسەمياد قىلىش بۇيرۇقى چۈشۈردى. ياقۇپبەگ ئىسىلزادىلەردىن بولمىسىمۇ قوقەندتىكى تىنچسىز سىياسىي ۋەزىيەتتە ماھىرلىق بىلەن ئەھۋالغا قاراپ ئىش كۆرگەن ۋە توختاۋسىز ئۈستۈرۈلۈپ ئەمەلىي كۈچكە ئىگە (ئوفىتسېرلەردىن) بولۇپ قالغانىدى. ئۇ قوقەندتە بىر تۈركۈم كاللا كېسەرلەرنى توپلاپ ئۆز يېقىنلىرى قىلىۋالغانىدى، 1865-يىلى 1-ئايدا بۇزرۇك خوجىنى ھىمايە قىلىپ جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلىپ كىردى، قەشقەرنى ئىگىلەپ تۇرۇۋاتقان بۇيرۇت ئاتامىنى سىدىقبەگ ئۇلارنى قارشى ئېلىپ شەھەرگە باشلىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي ياقۇپبەگ سىدىقبەگ بىلەن ئۆچەكىشىپ تىغ كۆتىرىش دەرىجىسىگە بېرىپ يەتتى، ئاخىر ياقۇپبەگ غەلىبە قىلىپ قەشقەرنى تىزگىنلىدى، ئارقىدىنلا بۇزرۇك خوجىنى يېڭىساردا تەقىپ ئاستىغا ئالدى ۋە ”ھەج قىلىش“ باھانىسى بىلەن چېگرىدىن قوغلاپ چىقاردى، بۇزرۇك خوجىنىڭ كېيىنكى ئەھۋاللىرى ئېنىق ئەمەس. يەنە بىر خوجا ۋەلىخانمۇ ياقۇپبەگ تەرىپىدىن يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈلدى. بۇ ئەھۋاللار XIX ئەسىرنىڭ 60-يىللىرىغا كەلگەندە غەربىي يۇرتتىكى بىر تۈرلۈك سىياسىي-دىنىي كۈچلەردىن بولۇپ تۇرۇۋاتقان خوجىلار جەمەتىنىڭ ئەمەلىيەتتىلا ئەمەس، نام جەھەتتىنمۇ ئۆز رولىنى پۈتۈنلەي يوقاتقانلىقىنى، چەت ئەل مۇداخىلىچىلىرىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا خوجىلارنىڭ قورچاقلىق قىممىتىمۇ قالمىغانلىقىنى ئىپادىلىدى.

شۇنىڭ بىلەن ياقۇپبەگ ئۆزىگە ”بەدۆلەت غازى“ دېگەن مەرتىۋىنى بېرىپ، ئاتالمىش ”يەتتە شەھەر دۆلىتى“نى قۇرۇپ چىقتى. ياقۇپبەگ ”ھاكىمىيىتى“ گەرچە روسىيە، ئەنگلىيە تاجاۋۇزچى كۈچلىرىنىڭ ھەربىي، ماددىي، دىپلوماتىيە جەھەتلەردە زور كۈچ بىلەن قوللاپ قۇۋۋەتلىشى ۋە ماسلىشىپ بېرىشىنى قولغا

كەلتۈرگەن بولسىمۇ (مەسىلەن، روسىيىنىڭ ئەسكەر چىقىرىپ ئىلىنى بېسىۋېلىشى، ئەنگلىيىنىڭ زور مىقداردىكى قورال-ياراق ۋە ئوق-دورا بىلەن تەمىنلىشى، بۇ ئىككى دۆلەتنىڭ ياقۇپبەگ ھاكىمىيىتىنى ئېتىراپ قىلىش ۋە ئۆزئارا شەرتنامە تۈزۈشكەنلىكى) ئەمما، ياقۇپبەگ ھاكىمىيىتىنىڭ خەلققە قارشى ماھىيىتى يەرلىك ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئومۇميۈزلۈك قارشىلىقىغا ئۇچرىدى. چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى ھۇجۇمغا ئۆتكەندىن كېيىن ھەممىلا كىشىنىڭ قارغىشىغا كەتكەن ياقۇپبەگ 1877-يىلى قول ئاستىدىكىلەر تەرىپىدىن ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىلدى،

ئۇنىڭ قالدۇق قوشۇنى بۇ مەزگىلدە ئاللىقاچان روسىيىگە تەۋە بولۇپ بولغان ئوتتۇرا ئاسىيا تەۋەسىگە قېچىپ كىردى، ئەنە شۇنىڭدىن ئېتىبارەن تۇرلۇك تاشقى كۈچلەرنىڭ ”خوجا“ نامىدىن پايدىلىنىپ جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلىش قىلمىشى مەڭگۈگە ئاخىرلاشتى. خوجىلار قورچاق بولۇشقا رازى بولغانلىقى ۋە يامانغا يانتاياق بولغانلىقى ئۈچۈن ئابرۇيى يەر بىلەن يەكسان بولۇپ خەلق تەرىپىدىن تۈكۈرۈپ تاشلاندى، خوجايىنلىرىمۇ ئۇلارنى تاشلىۋەتتى. تارىختىكى ۋەتەنگە ئاسىيلىق قىلىپ دۈشمەن قوينىغا ئۆزىنى ئېتىشتىن شەرەپ ئىزدىگۈچىلەرنىڭ تەقدىرى مانا شۇنداق ئاقىۋەتتىن قۇتۇلغان ئەمەس! شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا شىنجاڭدا ئۆلكە تەسىس قىلىش سىياسىي جەھەتتىلا ئەمەس، نەزەرىيە ۋە ئۇقۇم جەھەتتىمۇ دۆلەت ئىچى-سىرتىدىكى ئەكسىيەتچى كۈچلەرنىڭ خوجىلاردىن پايدىلىنىپ توپىلاڭغا قۇتراتقۇلۇق قىلىش ۋە بۆلگۈنچىلىك قىلىش پائالىيەتلىرىنى چەكلەپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى مۇستەھكەملىدى، شۇنداقلا ھەر مىللەت خەلقى ئوتتۇرىسىدىكى ئىتتىپاقلىقنى ئىلگىرى سۈردى.

## ئىزاھلار:

① «چىڭ گاۋزوڭ دەۋرىدىكى ئوردا خاتىرىلىرى»، 491-جىلد، چيەنلوڭنىڭ 20-يىلى (1755-يىلى) 6-ئاي.

② ۋېي يۈەن: «زەپەرنامە»، 4-جىلد، «چيەنلوڭ خاننىڭ مۇسۇلمانلار يۇرتىنى تىنچىتقانلىقى».

③ «جۇڭغارلارنى تىنچىتىش تەدبىرلىرى»، رەسمىي نۇسخا، 25-جىلد، چيەنلوڭنىڭ 21-يىلى (1756-يىلى) 2-ئاي.

④ يۇقىرىقى ئەسەر، 27-جىلد، چيەنلوڭنىڭ 21-يىلى (1756-يىلى) 4-ئاي.

⑤ يۇقىرىقى ئەسەر، 31-جىلد، چيەنلوڭنىڭ 21-يىلى (1756-يىلى) 9-ئاي.

⑥ «مۇسۇلمانلار يۇرتىنىڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى»، 5-جىلد«گادامەتنىڭ تەرجىمىھالى».

⑦ «چىڭ گاۋزوڭ دەۋرىدىكى ئوردا خاتىرىلىرى»، 512-جىلد، چيەنلوڭنىڭ 21-يىلى (1756-يىلى) 5-ئاي.

⑧⑨ «جۇڭغارلارنى تىنچىتىش تەدبىرلىرى»، رەسمىي نۇسخا، 32-جىلد، چيەنلوڭنىڭ 21-يىلى (1756-يىلى) 9-ئاي.

⑩ يۇقىرىقى ئەسەر، 49-جىلد، چيەنلوڭنىڭ 23-يىلى (1758-يىلى) 1-ئاي.

⑪ يۇقىرىقى ئەسەر، 51-جىلد، چيەنلوڭنىڭ 23-يىلى (1758-يىلى) 3-ئاي.

⑫ يۇقىرىقى ئەسەر، 16-جىلد، چيەنلوڭنىڭ 20-يىلى (1755-يىلى) 8-ئاي.

⑬ «تاشقى ۋاسساللاردىن موڭغۇل، ئۇيغۇر ۋاڭ-گۇڭلىرىنىڭ تەرجىمىھالى»، 117-جىلد، «خوجىسىنىڭ تەرجىمىھالى».

⑭ «جۇڭغارلارنى تىنچىتىش تەدبىرلىرى»، رەسمىي نۇسخا، 62-جىلد، چيەنلوڭنىڭ 23-يىلى(1758-يىلى) 9-ئاي.

⑮⑯⑰⑱ يۇقىرىقى ئەسەر، 33-جىلد، چيەنلوڭنىڭ 21-يىلى (1756-يىلى) 10-ئاي.

⑲ يۇقىرىقى ئەسەر، 36-جىلد، چيەنلوڭنىڭ 22-يىلى (1757-يىلى) 1-ئاي؛ 37-جىلد، 2-ئاي؛ 38-جىلد، 4-ئاي.

⑳ يۇقىرىقى ئەسەر، 39-جىلد، چيەنلوڭنىڭ 22-يىلى (1757-يىلى) 4-ئاي.

㉑ يۇقىرىقى ئەسەر، 41-جىلد، چيەنلوڭنىڭ 22-يىلى (1757-يىلى) 7-ئاي.

㉒ يۇقىرىقى ئەسەر، 49-جىلد، چيەنلوڭنىڭ 23-يىلى (1758-يىلى) 1-ئاي.

㉓ «چىڭ گاۋزوڭ دەۋرىدىكى ئوردا خاتىرىلىرى»، 554-جىلد، چيەنلوڭنىڭ 23-يىلى (1758-يىلى) 1-ئاي؛ «جۇڭغارلارنى تىنچىتىش تەدبىرلىرى»، رەسمىي نۇسخا، 60-جىلد، چيەنلوڭنىڭ 23-يىلى (1758-يىلى) 8-ئاي.

㉔ «جۇڭغارلارنى تىنچىتىش تەدبىرلىرى»، رەسمىي نۇسخا، 56-جىلد، چيەنلوڭنىڭ 23-يىلى (1758-يىلى) 5-ئاي.

㉕ يۇقىرىقى ئەسەر، 59-جىلد، چيەنلوڭنىڭ 23-يىلى (1758-يىلى) 7-ئاي.

㉖ يۇقىرىقى ئەسەر، 62-جىلد، چيەنلوڭنىڭ 23-يىلى (1758-يىلى) 9-ئاي.

㉗㉘ يۇقىرىقى ئەسەر، 63-جىلد، چيەنلوڭنىڭ 23-يىلى (1758-يىلى) 10-ئاي.

㉙ يۇقىرىقى ئەسەر، 64-جىلد، چيەنلوڭنىڭ 23-يىلى (1758-يىلى1) 1-ئاي.

㉚ شۇ سۇڭ: «غەربىي يۇرتنىڭ دەريا-ئېقىنلىرى ھەققىدە خاتىرە»، 1-جىلد، «لوپنورغا قۇيۇلىدىغان دەريالار» (1) دا مۇنداق دېيىلىدۇ: "زەرەپشان دەرياسى يەنە شەرقىي شىمالغا ئېقىپ شىبو (يەركەننىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 70 چاقىرىم كېلىدىغان جايدا—ئەسلىي ئەسەردىكى ئىزاھ) دا توختام سۇغا ئايلىنىدۇ. بۇ جايدا سۇ ۋە يايلاق گىرەلىشىپ كەتكەن بولۇپ 黑水 دېيىلىدۇ، مۇسۇلمانلار قاراسۇ دەپ ئاتايدۇ. جاۋ تۈرمە مانا مۇشۇ يەردە قامىلىپ قالغان، ئۇيغۇرلار قاراسۇدىن بارگاھقا سۇ قويۇپ بەرگەن بولسىمۇ، ئېرىق كولاش ئارقىلىق سۇ سىرتقا چىقىرىۋېتىلدى".

㉛ «چىڭ گاۋزوڭ دەۋرىدىكى ئوردا خاتىرىلىرى»، 575-جىلد، چيەنلوڭنىڭ 23-يىلى (1758-يىلى) 11-ئاي.

㉜ مىڭ سېن: «مىڭ-چىڭ تارىخىدىن لېكسىيە»، 2-قىسىم، 521—524-بەتلەر، جۇڭخۇا كىتابخانىسى 1981-يىلى.

㉝ چىڭ گاۋزوڭ دەۋرىدىكى ئوردا خاتىرىلىرى»، 575-جىلد، چيەنلوڭنىڭ 23-يىلى

(1758-يىلى) 11-ئاي.

㉞ «جۇڭغارلارنى تىنچىتىش تەدبىرلىرى»، رەسمىي نۇسخا، 65-جىلد، چيەنلوڭنىڭ 23-يىلى (1758-يىلى) 12-ئاي.

㉟ يۇقىرىقى ئەسەر، 69-جىلد، چيەنلوڭنىڭ 24-يىلى (1759-يىلى) 2-ئاي.

㊱ يۇقىرىقى ئەسەر، 74-جىلد، چيەنلوڭنىڭ 24-يىلى (1759-يىلى) 6-ئاي.

㊲ «تاشقى ۋاسساللاردىن موڭغۇل، ئۇيغۇر ۋاڭ-گۇڭلىرىنىڭ تەرجىمىھالى»، 117-جىلد.

㊳ «جۇڭغارلارنى تىنچىتىش تەدبىرلىرى»، رەسمىي نۇسخا، 66-جىلد، چيەنلوڭنىڭ 23-يىلى (1758-يىلى) 12-ئاي.

㊴ يۇقىرىقى ئەسەر، 74-جىلد، چيەنلوڭنىڭ 24-يىلى (1759-يىلى) 6-ئاي.

㊵ يۇقىرىقى ئەسەر، 75-جىلد، چيەنلوڭنىڭ 24-يىلى (1759-يىلى) 7-ئاي.

㊶ «قالاگئا قاتارلىقلارنىڭ چېگرا سىرتىنى چارلاشتىن بەرگەن مەلۇماتى»—«تولارگېن ئەيمەننىڭ بۇيرۇتلارنىڭ بىبىلقىغا يوللىغان پەرمانى»غا قوشۇمچە. ھازىر جۇڭگو 1-ئارخىپ سارىيىدا ساقلىنىۋاتىدۇ.

㊷ ن.كروپاتكىن: «قەشقەرىيە»، 118-بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980-يىل خەنزۇچە تەرجىمە نەشرى.

㊸ «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى»، 2-قىسىم، 40-بەت.

㊹ مۇھەممەد زىرىپ: «پەرغانە ۋە قەشقەر تارىخى»—«شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى»، 2-قىسىم، 133-بەتتىكى نەقىل.

# پايدىلانغان ماتېرىياللار

## I تارىخىي ماتېرىياللار

### (1)

«كونا تاڭنامە»، جۇڭخۇا كىتابخانىسىنىڭ تىنىش بەلگىلىك نۇسخىسى.

«يېڭى تاڭنامە»، جۇڭخۇا كىتابخانىسىنىڭ تىنىش بەلگىلىك نۇسخىسى.

«لياۋ سۇلالىسى تارىخى»، جۇڭخۇا كىتابخانىسىنىڭ تىنىش بەلگىلىك نۇسخىسى.

«سۇڭ سۇلالىسى تارىخى»، جۇڭخۇا كىتابخانىسىنىڭ تىنىش بەلگىلىك نۇسخىسى.

«يۈەن سۇلالىسى تارىخى»، خۇڭخۇا كىتابخانىسىنىڭ تىنىش بەلگىلىك نۇسخىسى.

«ئەلنى ئىدارە قىلىش ئۆرنەكلىرى»، جۇڭخۇا كىتابخانىسىنىڭ تىنىش بەلگىلىك نۇسخىسى.

«مۇقەددەس لەشكىرىي يۈرۈش خاتىرىلىرى»، ۋاڭ گوۋېي ئىزاھلىغان نۇسخا.

«ئەۋلىيا چۇچۇجىنىڭ غەربكە قىلغان زىيارەت خاتىرىسى»، لى جىچاڭ، ۋاڭ گوۋېي ئىزاھلىغان نۇسخا.

«غەربكە ساياھەت خاتىرىسى»، ياللۇغ چۇساي يازغان، شياڭدا ئىزاھلىغان، چېن دېجى ۋە جاڭ گۇاڭدا تولۇقلاپ ئىزاھلىغان، جۇڭخۇا كىتابخانىسى 1981-يىل.

«مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئوردا خاتىرىلىرى»، تەيۋەن تارىخ-تىل تەتقىقات ئورنى ئىشلىگەن نۇسخا.

«مىڭ سۇلالىسى تارىخى»، جۇڭخۇا كىتابخانىسىنىڭ تىنىش بەلگىلىك نۇسخىسى.

«بۈيۈك مىڭ سۇلالىسى قانۇنلىرى»، مىڭ سۇلالىسىنىڭ ۋەنلى نۇسخىسى.

«بۈيۈك مىڭ سۇلالىسىنىڭ بىرلىككە كەلگەن تەزكىرىسى»، مىڭ سۇلالىسىنىڭ تيەنشۈن نۇسخىسى.

«خۇاشيا ۋە يات قەۋملەر تىلى سۆزلۈكى»، خۇيۇمنجى نۇسخىسى.

«ئىندىقۇت مەھكىمىسى سۆزلۈكى»، ئەسلىي نۇسخا.

«ئىندىقۇت مەھكىمىسى سۆزلۈكى»، خۇ جىنخۇا، خۇاڭ رۇنخۇالار تەرجىمە قىلىپ ئىزاھلىغان. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981-يىل.

«غەربىي يۇرتتىكى قارام ئەللەر تەزكىرىسى»، چېن چېڭ، لى شيەن، بېيپىڭ

كۇتۇپخانىسىنىڭ ئەسلىي نۇسخىسى.

«غەربىي يۇرتقا سەپەر خاتىرىسى»، چېن چېڭ، لى شيەن، بېيجىڭ كۇتۇپخانىسىنىڭ ئەسلىي نۇسخىسى.

«جىن شىبېنىڭ لەشكىرىي ئىشلار مەلۇماتنامىسى»، مىڭ سۇلالىسىنىڭ جياجىڭ 23 - يىلىدىكى ئويما نۇسخا.

«خۇدۇمىنىڭ ھەزرىتىنىڭ يۇقىرىغا سۇنغان مەلۇماتلىرى»، چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈ نۇسخىسى.

«جىن يۇشەننىڭ قولىيازمىلىرى»، مىڭ سۇلالىسىنىڭ ۋەنلى ئويما نۇسخىسى.

«شەنشى باشبۇغى يى ئەن ھەزرىتىنىڭ مەلۇماتلىرى»، مىڭ سۇلالىسىنىڭ ۋەنلى ئويما نۇسخىسى.

«گۇمىن جۇڭنىڭ مەلۇماتلىرى»، چىڭ سۇلالىسىنىڭ جياچىڭ ۋۇ خۇايۇەن نۇسخىسى.

«ۋاسساللارنى تىنچىتىشنىڭ باش-ئاخىرى»، شۇجىن، جىن شېڭيۇ باستۇرغان نۇسخا.

«قۇمۇلنى قايتا روناق تاپقۇزۇش خاتىرىسى»، ماۋېنشېڭ، جىن سېڭيۇ باستۇرغان نۇسخا.

«يات ئىقلىم ھەققىدە مەلۇماتلار توپلىمى»، گۇگوڭ مۇزېيى نۇسخىسى.

«چېگرا رايون ھەققىدە تەتقىقات»، بېيجىڭ كۇتۇپخانىسىدىكى ئەسلىي نۇسخا.

«مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى توققۇز ئىقلىم ھەققىدە تەتقىقات»، چىڭ سۇلالىسىنىڭ تۇڭجى يىللىرىدىكى چاڭشا شەھەرلىك يوڭفېڭ كىتابخانىسى.

«چېگرىلار ھەققىدە قىسقىچە خاتىرە»، بېيجىڭ كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىۋاتقان نۇسخا.

«شاھىنشاھلارنىڭ يازما خاتىرىلىرى»، جۇڭخۇا كىتابخانىسىنىڭ فاكسىمىل نۇسخىسى.

«شاھىنشاھلارنىڭ ئىقتىسادىي ئىشلارغا دائىر يازما خاتىرىلىرى»، مىڭ سۇلالىسىنىڭ جياجىڭ يىللىرىدىكى نۇسخا.

«چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئوردا خاتىرىلىرى»، جۇڭخۇا كىتابخانىسىنىڭ فاكسىمىل نۇسخىسى.

«چىڭ سۇلالىسى تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار»، جۇڭخۇا كىتابخانىسىنىڭ تىنىش بەلگىلىك نۇسخىسى.

«چىڭ سۇلالىسى تارىخىدىكى تەرجىمىھاللار»، جۇڭخۇا كىتابخانىسىنىڭ تىنىش بەلگىلىك نۇسخىسى.

«بۈيۈك چىڭ دەۋرىدىكى بىرلىككە كەلگەن تەزكىرىلەر»، گۇاڭشۈ نۇسخىسى.

«باياۋاندا ئاسىيلارنى تىنچىتىش تەدبىرلىرى»، ۋۇيىڭدىيەن نۇسخىسى.

«جۇڭغارلارنى تىنچىتىش تەدبىرلىرى»، تەيۋەندە نەشر قىلىنغان فاكسىمىل نۇسخىلىق تۆت چوڭ مەجمۇئە.

«غەربىي يۇرتتىكى ئوخشاش تىللىق ئەللەر تەزكىرىسى» ، تەيۋەندە نەشر قىلىنغان فاكسىمىل نۇسخىلىق توت چوڭ مەجمۇئە.
«غەربىي يۇرتنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» ، تەيۋەندە نەشر قىلىنغان فاكسىمىل نۇسخىلىق توت چوڭ مەجمۇئە.
«تاشقى ۋاسساللاردىن موڭغۇل، ئۇيغۇر ۋاڭ-گۇڭلىرىنىڭ تەرجىمھالى» ، سۇلالە ۋەسىقىلىرىنىڭ دەسلەپكى رەتلەنگەن مەجمۇئەسى.
«مۇسۇلمانلار چېگرىسى» ، داۋگۇاڭ نۇسخىسى.
«مۇسۇلمانلار يۇرتىنى تىنچىتىش-ئاسىيلار ئەۋلادلىرىنى تۇتۇش تەدبىرلىرى» ، داۋگۇاڭ دەۋرىدىكى ۋۇدىڭيەن نۇسخىسى.
«شەنشى، گەنسۇ، شىنجاڭدىكى مۇسۇلمان باندىتلىرىنى تىنچىتىش تەدبىرى» ، گۇاڭشۇ نۇسخىسى.
«ناۋېنيى ھەزرەتلىرىنىڭ مەلۇماتنامىسى» ، داۋگۇاڭنىڭ 14-يىلىدىكى نۇسخا.
«زوزۇڭتاڭ ھەزرەتلىرىنىڭ قولىيازمىلىرى» ، گۇاڭشۇ نۇسخىسى.
«چىن چېگرىسى ھەققىدە قىسقىچە خاتىرە» ، جوڭخەي خەلق نەشرىياتى، 1987-يىل.
«غەربىي يۇرتنىڭ جۇغراپىيىلىك خەرىتىسىگە ئىلاۋە» ، يەنبيەن ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1992-يىل.
«سەلتەنەتىمىزدىكى ۋاسساللار توغرىسىدا ئومۇمىي مەلۇمات» ، يۇلۇشەن نۇسخىسى.
«سەلتەنەتىمىزدىكى زەپەر خاتىرىلىرى» ، چىڭ سۇلالىسىنىڭ جەنتېتاڭ نۇسخىسى.
«غەربىي چېگرىنى باشقۇرۇشقا ئائىت ئىشلاردىن قىسقىچە خاتىرە» ، جۇڭگو كىتابخانىسىنىڭ فاكسىمىل نۇسخىسى، 1958-يىل.
«غەربىي چېگرا ھەققىدە قىسقىچە خاتىرە» ، يۇلۇشەن نۇسخىسى.
«مۇسۇلمانلار يۇرتى ھەققىدە خاتىرە» ، چېگرا رايون چاتما كىتابلىرى مەجمۇئەسىنىڭ داۋامى.
«مۇسۇلمانلار يۇرتىنىڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى» ، جياچىڭ نۇسخىسى.
«شىنجاڭنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» ، يۈەن داخۇا باشچىلىقىدا تۈزۈلگەن نۇسخا، 1923 -يىل.
«شىنجاڭدىكى ۋىلايەت-ناھىيىلەر تەزكىرىسى» ، گۈەنجۇڭ چاتما كىتابلىرىنىڭ 4-قىسمى.
«شىمال تەرەپتىن مۇداپىئە كۆرۈش خاتىرىسى» ، شيەنفېڭ نۇسخىسى.
«غەربىي يۇرتنىڭ دەريا-ئېقىنلىرى ھەققىدە خاتىرە» ، داۋگۇاڭ نۇسخىسى.
«زەپەرنامە» ، شۇ سۇڭ، جۇڭخۇا كىتابخانىسىنىڭ تىنىش بەلگىلىك نۇسخىسى، 1980-يىل.
«بورانلىق كۆلبە خاتىرىلىرى. داۋامى» ، جۇڭخۇا كىتابخانىسىنىڭ تىنىش بەلگىلىك نۇسخىسى،

1980-يىلى.
«قەشقەر ھەققىدە قىسقىچە بايان»، كۆچۈرمە نۇسخا.
«غەربىي يۇرتتا كۆرگەن-ئاڭلىغانلىرىم»، چيەنلوڭ نۇسخىسى.
«موڭغۇل پادىچىلىقىدىن خاتىرىلەر»، شيەنفېڭ نۇسخىسى.
«مۇسۇلمانلار يۇرتى ھەققىدە ئارىلاش كۇيلەر»، جاۋدەي چاتما كىتابلىرىنىڭ 54-جىلدى.
«شىنجاڭدىكى يېزا-قىشلاقلارنىڭ تەزكىرىسى»، جۇڭگو تارىخ-جۇغراپىيىسىگە ئائىت ماتېرىياللار.
«قۇمۇل تەزكىرىسى»، يۇگوڭ نۇسخىسى.
«خوتەننىڭ يېزا-قىشلاقلىرى تەزكىرىسى»، مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى جۇڭگو مىللەتلىرىنىڭ تارىخ-جۇغراپىيىسىگە ئائىت ماتېرىياللار (8).
«قاغىلىقنىڭ يېزا-قىشلاق تەزكىرىسى»، مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى جۇڭگو مىللەتلىرىنىڭ تارىخ-جۇغراپىيىسىگە ئائىت ماتېرىياللار (9)
«شىنپىڭنىڭ يېزا-قىشلاق تەزكىرىسى»، مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى جۇڭگو مىللەتلىرىنىڭ تارىخ-جۇغراپىيىسىگە ئائىت ماتېرىياللار (10)
«سۇڭ يۈننىڭ شىنجاڭ ھەققىدىكى مەلۇماتلىرى»، مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى جۇڭگو مىللەتلىرىنىڭ تارىخ-جۇغراپىيىسىگە ئائىت ماتېرىياللار (21).
«بۇيانتاينىڭ يەركەن ھەققىدە يوللىغان مەلۇماتلىرى»، مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى جۇڭگو مىللەتلىرىنىڭ تارىخ-جۇغراپىيىسىگە ئائىت ماتېرىياللار (22).
«بى شەننىڭ شىنجاڭ ھەققىدىكى مەلۇماتلىرى»، مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى جۇڭگو مىللەتلىرىنىڭ تارىخ-جۇغراپىيىسىگە ئائىت ماتېرىياللار (23).
«سايىڭئانىڭ شىنجاڭ ھەققىدىكى مەلۇماتلىرى»، مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى جۇڭگو مىللەتلىرىنىڭ تارىخ-جۇغراپىيىسىگە ئائىت ماتېرىياللار (24).
«چيەنلوڭ-جياچىڭ-داۋگۇاڭ ئۈچ پادىشاھ زامانىسىدىكى قازاقلارغا ئائىت تارىخىي ماتېرىياللار»، مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى جۇڭگو مىللەتلىرىنىڭ تارىخ-جۇغراپىيىسىگە ئائىت ماتېرىياللار (25).
«يەركەننى مۇداپىئە قىلىشتىن قىسقىچە خاتىرە»، مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى جۇڭگو مىللەتلىرىنىڭ تارىخ-جۇغراپىيىسىگە ئائىت ماتېرىياللار (27).
«ئۈرۈمچىنى مۇداپىئە قىلىشتىن قىسقىچە خاتىرە»، مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى جۇڭگو مىللەتلىرىنىڭ تارىخ-جۇغراپىيىسىگە ئائىت ماتېرىياللار (28).
«تارغاباتاي تەزكىرىسى»، مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى جۇڭگو مىللەتلىرىنىڭ

تارىخ-جۇغراپىيىسىگە ئائىت ماتېرىياللار (29)،
«ئوردىغا قايتىش سەپىرىدىن خاتىرىلەر»، مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى مىللىي قەدىمكى ئەسەرلىرى.
«شىنخەي يىلىدا يېڭى مۇساپە»، مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى گەنسۇ، شىنجاڭ ساياھەتنامىلىرى.
«رېنزى يىلىدىكى قايتىش سەپىرى»، مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى گەنسۇ، شىنجاڭ ساياھەتنامىلىرى.
«تۆمەن چاقىرىملىق سەپەر خاتىرىسى. مېڭچى خاتىرىلىرى. غەربىي چېگرا قەسىدىلىرى»، مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى گەنسۇ، شىنجاڭ ساياھەتنامىلىرى.
«دەريا، دېڭىز ۋە كۆئېنلۇن خاتىرىلىرى»، مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى گەنسۇ، شىنجاڭ ساياھەتنامىلىرى.
«شىن لياۋشىنىڭ سەپەر خاتىرىسى»، مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى گەنسۇ، شىنجاڭ ساياھەتنامىلىرى.
«غەربكە يۈرۈش قىلىش خاتىرىسى»، مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى گەنسۇ، شىنجاڭ ساياھەتنامىلىرى.
«ئىلىغا پالىنىش خاتىرىسى»، مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى گەنسۇ، شىنجاڭ ساياھەتنامىلىرى.
«غەربكە سەپەر قىلىش»، مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى گەنسۇ، شىنجاڭ ساياھەتنامىلىرى.
«چىڭخەينىڭ يەرلىك كونا تەزكىرىلىرىدىن بەش كىتاب»، چىڭخەي خەلق نەشرىياتى، 1989 -يىل.
«شىڭۇبىي تەزكىرىسى. شىنىڭ تەزكىرىسى»، چىڭخەي خەلق نەشرىياتى 1993-يىل.
«تارىخى جاھانكۇشاي»، ئىچكى موڭغۇل خەلق نەشرىياتى، 1980-يىل خەنزۇچە تەرجىمە نەشرى.
«جامىئۇل تەۋارىخ»، شاڭۇۋ نەشرىياتى، 1983—1986-يىل.
«ئوتتۇرا ئاسىيا موغۇل تارىخى—تارىخى رەشىدىي»، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر تەتقىقات ئىنستىتۇتى تەرجىمە قىلغان نۇسخا، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983-يىل.
«تەزكىرەئى خوجىگان»، خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخا، («مىللەتلەر تارىخىغا دائىر تەرجىمىلەر مەجمۇئەسى»، 1980-يىل 8-توپلام).
«تەزكىرەئى ئەزىزان»، «شىنجاڭ دىن تەتقىقات ماتېرىياللىرى» ،16-توپلام، 1986-يىل.

«تەزكىرەئى خوجا ئافاق» ، «ئويرات موڭغۇللىرىنىڭ تارىخىغا دائىر تەرجىمىلەر مەجمۇئەسى» ، (مىللىي تىلدىكى قىسمى) 4-توپلام، 1985-يىل.
«قۇرئان كەرىم» ، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى،1996-يىل.
«جالالىددىن بۇخارى قاتارلىقلارنىڭ تارىخىغا دائىر پاراگلار» ، «شىنجاڭ دىن تەتقىقات ماتېرىياللىرى» ، 16-توپلام، 1986-يىل.
«ئەتتەبەتۇل ھەقايىق» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981-يىل خەنزۇچە نۇسخا.
«بەشىنچى ئەۋلاد دالاي لامانىڭ تەرجىمىھالى» ، جۇڭگو تىبەتشۇناسلىق نەشرىياتى، 1997 -يىل.
«لى مادونىڭ جۇڭگو ھەققىدىكى خاتىرىلىرى» ، جۇڭخۇا كىتابخانىسى، 1983-يىل خەنزۇچە تەرجىمە نەشرى.
«پىلانوكاپىنىنىڭ موڭغۇلىيىگە ساياھىتى. رۇبرۇكنىڭ شەرققە ساياھىتى» ، جۇڭخۇا كىتابخانىسى، 1985-يىل خەنزۇچە تەرجىمە نەشرى.
«مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى قۇمۇل-تۇرپانغا ئائىت ماتېرىياللار» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1984-يىل.
«مىڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرتقا دائىر تارىخىي ماتېرىياللار×مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئوردا خاتىرىسى»دىن كۆچۈرمە» ،كيوتو، 1974-يىل ياپونچە نەشرى.
«چىڭ دەۋرىدىكى شىنجاڭغا ئائىت كەم ئۇچرايدىغان مەنبەلەر توپلىمى» ، جۇڭگو چېگرا رايون تارىخ-جۇغراپىيىسىگە دائىر چاتما ماتېرىياللار.
«چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئوردا خاتىرىلىرى»دىكى شىنجاڭغا ئائىت ماتېرىياللار» ، شىنجاڭ مىللەتلەر تەتقىقات ئورنى تۈزگەن نۇسخا.
«ئۇيغۇر تارىخىغا دائىر قىسقىچە ماتېرىياللار توپلىمى» ، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1981-يىل.
«جۇڭغار تارىخىغا دائىر ماتېرىياللاردىن دەسلەپكى توپلام» ، تەيبېي «ئەدەبىيات، تارىخ، پەلسەپە» نەشرىياتى، 1976-يىل.
«يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر، قارلۇقلارغا دائىر ماتېرىياللار» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1986-يىل.
«بەش دەۋر مەزگىلىدىكى ئۇيغۇر تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1982-يىل خەنزۇچە تەرجىمە نەشرى.
«جۇڭگو بىلەن غەربنىڭ ئالاقە تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار توپلىمى» .

(2)

شاھ مەھمۇد ئىبنى مىرزا فازىل جوراس: «ئەنىسەتتالىبىن» (پارسچە قوليازما،

ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىۋاتقان نۇسخا، نومۇرى )№45 .
مۇھەممەد ئۇمىز: «زىيائۇل قۇلۇب» (پارسچە قولىيازما) .
مەۋلانە شاھ مۇھەممەد ئىبنى مەۋلانە ھېسامىددىن:«جالىسۇل مۇشتاقىن»،(پارسچە قولىيازما) .
«تارىخى قەشقەر» (چاغاتايچە قولىيازما، ۋ.ۋ. باتولد: «ئەسەرلەر»، VIII توم) .
مىرخالىددىن يەركەندى: «تەزكىرەئى ھىدايەت» (پارسچە قولىيازما) .
«ئوتتۇرا ئاسىيا موغۇل تارىخى—تارىخى رەشىدىي»، لوندون، 1972-يىل.
«شەرقىي تۈركىستان خوجىلىرى»، 1897-يىل.
نىزامىددىن شامى: «زەپەرنامە»، 1937-يىل.
شەرەفىددىن ئەلى يەزدى: «زەپەرنامە»، تاشكەنت، 1972-يىل.
«موڭغۇل-تاتارلارنىڭ تارىخى»، سان پېتربۇرگ، 1874-يىل.
تۈركىستاندىكى موغۇل خانلىرىنىڭ تارىخى»، پارىژ، 1853-يىل.
«ئىبنۇل ئەسىر: «تارىخى كامىل»، جەمئىي 14 توم، 1868—1975-يىللار.
مەھمۇت قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1982—1985-يىللار.
مۇئىنىددىن ناتانزى: «مۇنتەخەبەتتەۋارىخ مۇئىنى»، تېھران، 1957-يىل.
پاللاس: «موڭغۇل تارىخىغا دائىر مەلۇماتلار توپلىمى»، سان پېتربۇرگ 1776-يىل.
ماركوپولو: «دۇنيا ھەققىدە خاتىرە»، لوندون 1938-يىل.

(3)

شاھ مەھمۇد ئىبنى مىرزا فازىل جۇراس: «تارىخ»، موسكۋا، 1976-يىل.
بابور: «بابۇرنامە»، تاشكەنت، 1958-يىل.
«تارىخى ئەمىنىيە»، قازان، 1905-يىل.
« XV—XVIII ئەسىرلەردىكى قازاق خانلىقىغا دائىر ماتېرىياللار»، ئالمۇتا، 1969-يىل.
«قىرغىزلار ۋە قىرغىزلار رايونىنىڭ تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار»، موسكۋا، 1973-يىل.
« XVII—XVIII ئەسىرلەردىكى ئوتتۇرا ئاسىيادا خەلقئارالىق مۇناسىۋەتلەر»، موسكۋا، 1989 -يىل.
«1607—1636-يىللاردىكى رۇس-موڭغۇل مۇناسىۋىتى»، موسكۋا، 1959-يىل.

# II تەتقىقات ۋە ۋەسىقىلەر

## (1)

ئو.ف.ئاكىموۋشكىن: «چاغاتاي ئۇلۇسىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى ھۆكۈمرانلارنىڭ يىلنامىسى (تۇغلۇق تۆمۈرنىڭ شەجەرىسى)»، «ئوتتۇرا ئاسىيا مىللەتلىرىنىڭ تارىخىغا دائىر تەرجىمىلەر توپلىمى»، 1985-يىل.

ئەلى مەزھەرى:«يىپەك يولى:جۇڭگو بىلەن پارسلارنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش تارىخى» جۇڭخۇا كىتابخانىسى، 1993-يىل خەنزۇچە تەرجىمە نەشرى.

ئابې تاكېئو: «غەربىي ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ تارىخى ھەققىدە تەتقىقات»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1985-يىل، خەنزۇچە تەرجىمە نەشرى.

ئەنۋەر بايتۇر: «ئافاق خوجا ھەققىدە»، «مىللەتلەر تەتقىقاتى»، 1982-يىللىق 5-سان.

بادالاي: «روسىيە. موڭغۇلىيە. جۇڭگو»، شاڭۋۇ نەشرىياتى، 1981-يىل، خەنزۇچە تەرجىمە نەشرى.

بارتولد: «ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركلىرى تارىخىغا دائىر 12 لېكسىيە»، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى، 1984-يىل، خەنزۇچە تەرجىمە نەشرى.

بەي شوۋيى: «جۇڭگو ئىسلام دىنى تارىخىغا دائىر ۋەسىقىلەر»، نىڭشىيا خەلق نەشرىياتى، 1982-يىل.

پېللىئوت: «قالماق تارىخىغا ئىزاھ»، جۇڭخۇا كىتابخانىسى، 1994-يىل خەنزۇچە تەرجىمە نەشرى.

بولگېر: «ياقۇپبەگنىڭ تەرجىمىھالى»، شاڭۋۇ نەشرىياتى، 1976-يىل خەنزۇچە تەرجىمە نەشرى.

بوۋا: «تۆمۈر ئىمپېرىيىسى»، ۋەنيۇ نۇسخىسى.

سەي جيابى: «چىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىكى جۇڭغارلار بىلەن ئىچكىرى ئۆلكىلەرنىڭ سودا مۇناسىۋىتى»، «ئوتتۇرا ئاسىيا ژۇرنىلى»، 1-قىسىم، 1983-يىل.

خەن يۇمېي: «سىۋان ئارابتاننىڭ تۆھپىسى ۋە گۇناھى»، «مىللەتلەر تەتقىقاتى» 1980 -يىللىق 2-سان.

سەي مىيىياۋ: «جۇڭگونىڭ ئومۇمىي تارىخى»، 9-قىسىم، خەلق نەشرىياتى، 1986-يىل.

چېن گاۋخۇا: «مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى تۇرپانغا دائىر بىرنەچچە مەسىلە»، «مىللەتلەر تەتقىقاتى»، 1983-يىللىق 2-سان.

ـــ: «مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى قۇمۇل، تۇرپانغا دائىر ماتېرىياللار توپلىمى»نىڭ كىرىش سۆزى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1984-يىل.

چېن گوگۇاڭ: «مەخدۇم ئەزەمنىڭ نەسەبنامىسى ھەققىدە بايانلار»، «شىنجاڭ دىن تەتقىقات ماتېرىياللىرى»، 15-توپلام، 1978-يىل.

ـــ: «شىنجاڭ ئىسلام دىنى تارىخىدىكى ئىسھاقىيە»، «دۇنيا دىن تەتقىقاتى»، 1987-يىللىق 1-سان.

ـــ: «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى نەقشبەندىيە تەرىقىتى ۋە شىنجاڭدىكى خوجىلار»، «دۇنيا دىن تەتقىقاتى»، 1988-يىللىق 1-سان.

چېڭ سۇلۇ: «چوڭ-كىچىك خوجامالار ھەققىدە»، «مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1987-يىللىق 1-سان.

دەي يى: «چىڭ سۇلالىسىنىڭ قىسقىچە تارىخى»، خەلق نەشرىياتى، 1984-يىل.

دۇرۇڭكۇن: «غەربىي موڭغۇل تارىخى ھەققىدە تەتقىقات»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1986 -يىل.

«دوسساننىڭ موڭغۇل تارىخى»، جۇڭخۇا كىتابخانىسى، 1962-يىل تەرجىمە نەشرى.

فېي جېڭچىڭ: «چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىنىڭ تارىخى»، 1-توم، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى، 1993-يىل.

فېڭ شىشى: «چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ چوڭ-كىچىك خوجىلارنى تىنچىتقان يىل دەۋرى ھەققىدە»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1980-يىللىق 3-سان.

ۋىلادىمىرسوۋ: «موڭغۇللارنىڭ ئىجتىمائىي تەشكىلاتى»، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى، 1980-يىل.

فرايىچ: «جۇڭگو سوپىزمىدىكى ‹تۈيۈق›»، «جۇڭگو خۇيزۇ تەتقىقاتى»، 1-قىسىم.

گروسسات: «يايلاق ئىمپېرىيىسى»، چىڭخەي خەلق نەشرىياتى، 1991-يىل خەنزۇچە تەرجىمە نەشرى.

گوڭشى تىڭزى: «غالداندىن ئىلگىرىكى ئويىراتلار—يەنە روسوڭغا تەنقىد»، «موڭغۇلشۇناسلىق ماتېرىياللىرى ۋە ئاخباراتلىرى»، 1985-يىللىق 3-4-سان.

خەن رۇلىن: «چىڭگىز خاتىرىلىرى»، شاڭخەي خەلق نەشرىياتى، 1982-يىل.

ـــ: «يۈەن سۇلالىسى تارىخى»، خەلق نەشرىياتى، 1986-يىل.

خې تيەنچىڭ: «مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى موڭغۇللار تارىخىغا ئائىت ماقالىلەر توپلىمى»، شاڭۋۇ نەشرىياتى، 1984-يىل خەنزۇچە تەرجىمە نەشرى.

خۇاتاۋ: «جامال قارشى ۋە ئۇنىڭ ‹سۇراھ لۇغەتكە تولۇقلىما› ناملىق ئەسىرى»، «يۈەن

سۇلالىسى ۋە شىمال مىللەتلىرى تارىخىغا دائىر تەتقىقات مەجمۇئەسى»، 11—12 توپلام، 1987—1990-يىللار.

غاپۇرۇف: «ئوتتۇرا ئاسىيا تاجىك تارىخى»، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى، 1985 -يىل خەنزۇچە تەرجىمە نەشرى.

جىن يىجيۇ: «ئىسلام دىنىنىڭ تارىخى»، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى، 1990-يىل.

جىن جاۋفېڭ: «چىڭ سۇلالىسى تارىخىدىن تېزىسلار»، شياڭگاڭ تەبىيىڭ كىتابخانىسى، 1963 -يىل.

تېرېنتيېف: «ئوتتۇرا ئاسىيانى بويسۇندۇرۇش تارىخى»، شاڭۋۇ نەشرىياتى، 1982—1986-يىللار.

كروپاتكىن: «قەشقەرىيە»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980-يىل خەنزۇچە تەرجىمە نەشرى.

لى مادۇ: «لى مادۇنىڭ جۇڭگو ھەققىدىكى خاتىرىلىرى»، جۇڭخۇا كىتابخانىسى، 1983 -يىل خەنزۇچە تەرجىمە نەشرى.

لىيۇيىڭشېڭ: «يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرلىرىدىكى چاغاتاي خانلىقى»، «غەربىي شىمال مىللەتلەر تەتقىقاتى»، 1986-يىللىق 1-سان.

ـــ: «ئۇيغۇر سۆزلۈكى ھەققىدە تەتقىقات»، «يۈەن سۇلالىسى ۋە شىمال مىللەتلىرى تارىخى ھەققىدىكى تەتقىقات مەجمۇئەسى»، 12—13، 1989—1990-يىل.

ـــ: «شاھ مەھمۇد جوراسنىڭ ‹ئەنسەتتالىبىن› ناملىق ئەسىرىنىڭ تەرجىمىسى ۋە ئۇنىڭغا ئىزاھ»، «غەربىي شىمال مىللەتلەر تەتقىقاتى»، 1993-يىللىق 2-سان.

ليۇجېڭيىن: «غەربىي يۇرت خوجىلىرى ھەققىدىكى ئۈچ مەسىلە»، نەنجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ياقلانغان ماگىستىرلىق دىسسېرتاتسىيىسى، 1990-يىل.

ـــ: «جۇڭغار خانلىقى ھۆكۈمرانلىقىدىكى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي قىسمى»، نەنجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ياقلانغان دوكتورلۇق دىسسېرتاتسىيىسى، 1993-يىل.

ـــ: «قەشقەر خوجىلىرىنىڭ نەسەبنامىسى»، «يۈەن سۇلالىسى ۋە شىمال مىللەتلىرى ھەققىدىكى تەتقىقات مەجمۇئەسى»، 12-13 سان، 1989—1990-يىل.

ـــ: «خوجىلارنىڭ غەربىي يۇرتتا باش كۆتۈرىشى»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1991-يىللىق 2-سان.

ـ: «خوجىلار باش كۆتۈرۈشتىن ئىلگىرىكى ئىسلام دىنى مەزھەپلىرىنىڭ غەربىي يۇرتتىكى پائالىيەتلىرى ۋە ئۇنىڭ سىياسىي ئارقا كۆرۈنۈشى»، «دۇنيا دىن تەتقىقاتى»، 1991-يىللىق 4-سان.

ـ: «مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئويراتلار بىلەن شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ مۇناسىۋىتى»،

«موڭغۇل تارىخى ھەققىدە تەتقىقات» ، 1993-يىللىق 4-سان.
ــ:«سېۋان ئارابتاننىڭ تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىنى بويسۇندۇرۇشى ۋە ئىدارە قىلىشى» ، «جوڭگو چېگرا رايونلىرىنىڭ تارىخ-جۇغراپىيىسى ھەققىدە تەتقىقات» ، 1994-يىللىق 2 -سان.
ــ: «جۇڭغار خانلىقىنىڭ تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىنى ئىدارە قىلىش جەريانى» ، «غەربىي يۇرت تەتقىقاتى» ، 1993-يىللىق 4-سان.
ــ: «غالدان ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدىكى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي قىسمى» ، «مىللەتلەر تەتقىقاتى» ، 1994-يىللىق 5-سان.
ــ:«جۇڭغار خانلىقىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدىكى خوجىلارنىڭ پائالىيىتى ۋە غەربىي يۇرت ۋەزىيىتىدىكى ئۆزگىرىشلەر» ،«مىللەتلەر تەتقىقاتى» ، 1996-يىللىق 5-سان.
ــ: «غەربىي يۇرت ئىسلام دىنى مەزھەپلىرىدىكى خوجىلار تەسىرىنىڭ ئېششى ۋە يەركەن خانلىقىنىڭ ھالاكىتى» ، «غەربىي شىمال تارىخ-جۇغراپىيىسى» 1996-يىللىق 4-سان.
ــ: «غەربىي يۇرتتىكى ئاقتاغلىقلار ۋە قاراتاغلىقلارنىڭ كۈرىشى ھەمدە ئۇنىڭ يەركەن خانلىقىغا بولغان تەسىرى» ، «جۇڭگو چېگرا رايونلىرىنىڭ تارىخ-جۇغراپىيىسى ھەققىدە تەتقىقات» ، 1996-يىللىق 1-سان.
ــ: «غەربىي يۇرت خوجىلىرى ھەققىدىكى تەتقىقاتنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى» ، «جۇڭگو تارىخى ھەققىدىكى تەتقىقاتنىڭ ئەھۋالى» ، 1996-يىللىق 6-سان.
ليۇزىشياۋ: «ئۇيغۇر تارىخى» ، 1-كىتاب، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1985-يىل.
لۈيىرەن: «غالداننىڭ زەھەر ئىچىپ ئۆلۈۋالغانلىقىنىڭ راست-يالغانلىقى توغرىسىدا» ، «تارىخ تەتقىقاتى» ، 1980-يىللىق 6-سان.
ماداجېڭ: «جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭغا بولغان ھۆكۈمرانلىقى توغرىسىدا» ، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» ، 1981-يىللىق 2-سان.
مارۇيەن: «شىنجاڭدىكى خوجىلارنىڭ گۈللىنىشى ۋە ھالاكىتى» (1؛2) «نىڭشىيا ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ، 1984-يىللىق 3-2-سانلار.
ــ: «ياقا يۇرتلاردا سەرسان بولغان مىللەت: XVII — XVIII ئەسىرلەردىكى تۇرغۇت موڭغۇللىرى» ، جوڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى، 1991-يىل.
ماتۇڭ: «جوڭگو ئىسلام مەزھەپلىرىنىڭ مەنبەسى» ، نىڭشىيا خەلق نەشرىياتى، 1995-يىل،

2-نەشرى.
—: «جۇڭگو ئىسلام مەزھەپلىرى ۋە مەزھەپ تۈزۈمىنىڭ قىسقىچە تارىخى»، نىڭشيا خەلق نەشرىياتى، 1995-يىلى 2-نەشرى.
مېڭ سىن: «چىڭ سۇلالىسىنىڭ تارىخى»، تەيۋەن جېڭجۇڭ كىتابخانىسى، 1983-يىل.
مۇفۇلى: «مىڭ سۇلالىسىنىڭ تارىخى»، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى، 1992-يىل.
نىپىيتېبىڭ خۇسلاڭ: «چىن چىڭگىرىلىرى ھەققىدە قىسقىچە خاتىرە» دىكى «غالدانىنىڭ تەرجىمىھالى» — «موڭغۇل تارىخى تەتقىقاتىغا دائىر پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى»، يىڭى توپلام 5-قىسىم، 1975-يىل.
نورىبۇ، فېڭ شىشى: «زايا بەندىدانىڭ تەرجىمىھالى ھەققىدىكى بىرنەچچە مەسىلە» -«شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1985-يىللىق 1-سان.
فەن جىپىڭ: «قوقەند خانلىقى ۋە چىڭ دەۋرىدىكى شىنجاڭ»، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى، 1991-يىل.
روسوڭكوپەن: « XVII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىكى قالماقلار ۋە شەرقىي تۈركىستان»، «موڭغۇلشۇناسلىق ماتېرىياللىرى ۋە ئاخباراتلىرى»، 1985-يىللىق 2-سان.
—: «جوڭغار خانلىقىنىڭ شەكىللىنىش جەريانى»، موڭغۇلشۇناسلىق ماتېرىياللىرى ۋە ئاخباراتلىرى»، 1985-يىللىق 4—3-سان.
تەن چىشياڭ: «جۇڭگو تارىخى ئاتلىسى»، 8-7-قىسىم، 1982-، 1987-يىللار.
تيەن شەنماۋ: «چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى موڭغۇللارنىڭ ئىجتىمائىي تۈزۈمى»، شاڭخۇۋ نەشرىياتى، 1987-يىل خەنزۇچە تەرجىمە نەشرى.
«ئويىرات موڭغۇللىرىنىڭ قىسقىچە تارىخى»، (1-قىسىم)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1992 -يىل.
ۋېي لياڭتاۋ: «قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ تارىخىدىن تېزىسلار»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1986-يىل.
—: «قاراقىتان تارىخى ھەققىدە تەتقىقات»، نىڭشيا خەلق نەشرىياتى، 1987-يىل.
—: «قاراقىتان تارىخىدىن ئومۇمىي بايان»، خەلق نەشرىياتى، 1991-يىل.
—: «يەركەن خانلىقىنىڭ تارىخىدىن ئومۇمىي بايان»، خېيلۇڭجياڭ مائارىپ نەشرىياتى، 1994-يىل

ــ: «غەربىي يۇرت تارىخىدىكى كۆلەڭگە—"مۇقەددەس ئىسلام دۆلىتى" ياكى "خوجىلار دەۋرى"گە ئېنىقلىما»، «جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلىرى»، 1992-يىللىق 4-سان.
ــ: «تىپما، مەنبە، مېتود»، «جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلىرى»، 1993-يىللىق 6-سان.
ــ: «مىڭ-چىڭ دەۋرلىرىدىكى تۇرپان ھۆكۈمرانلىرىنىڭ نەسەبنامىسى—قوشۇمچە شەرقىي چاغاتاي خانلىقىدىكى ئۆزگىرىشلەر»، «تارىخ تەتقىقاتى»، 1986-يىللىق 6-سان.
ــــ: «شەرقىي چاغاتاي خانلىقى ۋە يەركەن خانلىقى ھۆكۈمرانلىرىنىڭ نەسەبنامىسى»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1988-يىللىق 2-سان.
ــ: «چىڭ دەۋرىدىكى خەنزۇچە ۋەسىقىلەرگە پۈتۈلگەن يەركەن خانلىقىغا ئائىت بەزى بايانلارغا ئېنىقلىما»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1990-يىللىق 4-سان.
ــ: «يەركەن خانلىقىنىڭ چېگرىسى ھەققىدە»، «غەربىي يۇرت تەتقىقاتى» 1991-يىللىق 1-سان.
ــ: «يەركەن خانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە مۇستەھكەملىنىشى»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1991-يىللىق 3-سان.
ــ: «يەركەن خانلىقىنىڭ روناق تېپىشى ۋە گۈللىنىشى»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1991-يىللىق 4-سان.
ــ: «يەركەن خانلىقىنىڭ زاۋاللىققا يۈزلىنىشى ۋە ھالاك بولۇشى»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1992-يىللىق 1—2-سان.
ــــ: «دوغلات ئەمىرلىرىنىڭ گۈللىنىشى ۋە ھالاكىتى»، «يۈەن سۇلالىسى ۋە شىمال مىللەتلىرى ھەققىدىكى تەتقىقات مەجمۇئەسى»، 13—12-سان، 1989—1990-يىل.
ــ:«مىڭ دەۋرىدىكى قوچۇغا دائىر بىرقانچە مەسىلە»،«يۈەن سۇلالىسى ۋە شىمال مىللەتلىرى ھەقىدىكى تەتقىقات مەجمۇئەسى»، 11-سان، 1987-يىل.
ــــ: «شاھ مەھمۇد جۇراسنىڭ ‹تارىخ› ناملىق ئەسىرى»، «مىللەتلەر تەتقىقاتى»، 1987 -يىللىق1-سان.
ھىتتى: «ئەرەب ئومۇمىي تارىخى»، شاڭخەي نەشرىياتى، 1979-يىل خەنزۇچە تەرجىمە نەشرى.
سۇيىشەن: «چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئومۇمىي تارىخى»، 1-قىسىم، تەيۈەن شاڭخەي نەشرىياتى، 1985-يىل.

«شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى»، 1—2-قىسىم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980-يىل.
ياۋدالى:«كۈچلۈكنىڭ ھالاك بولغان جايى توغرىسىدا»،«يۈەن سۇلالىسى ۋە شىمال مىللەتلىرى ھەققىدىكى تەتقىقات مەجمۇئەسى»، 5-سان، 1981-يىل.
يۈ تەيشەن: «غەربىي يۇرتنىڭ ئومۇمىي تارىخى»، جوڭجۇ قەدىمكى ئەسەرلەر نەشرىياتى، 1996-يىل.
زېڭ ۋېنۋۇ: «جۇڭگونىڭ غەربىي يۇرتنى ئىدارە قىلىش تارىخى»،شاڭخەي نەشرىياتى، 1936 -يىل.
ساگۇچى تورۇ: « XVIII — XIX ئەسىرلەردىكى شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت تارىخى ھەققىدە تەتقىقات»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى.
زىلاتكىن: «جۇڭغارلار خانلىقىنىڭ تارىخى»، شاڭخەي نەشرىياتى، 1980-يىل خەنزۇچە تەرجىمە نەشرى.

## (2)

ئابدۇكېرىم بۇخارى: «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى»، پارىژ، 1876-يىل.
ئەھمەد شاھ نەقشىبەندى: «كەشمىر ۋە لاداختىن يەركەنگە بارىدىغان يول»، «پادىشاھلىق ئاسىيا تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1849-يىللىق 1-سان.
ئەھمەد تېمىر:«1722-1741-يىللاردىكى تۇرپانغا ئائىت شەرقىي تۈركچە (ئۇيغۇرچە) ھۆججەت»، «ئۇرال-ئالتاي مەجمۇئەسى».
بارتولد: «موڭغۇل ئىستىلاسىغىچە بولغان تۈركىستان»، لوندون، 1970-يىل.
—: «ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقاتىغا دائىر تۆت تۈرلۈك تەتقىقات»، I ، II توم، لېيدىن 1956—1963.
بېللېۋ:«قەشقەر تارىخى» ،«1873-يىلدىكى يەركەنگە ئەلچىلىككە بېرىش خاتىرىسى»، كالكۇتتا، 1875-يىل.
ئى. بىرتېشنىپېدىر: «ئوتتۇرا ئەسىر تەتقىقاتى»، لوندون، 1888-يىل.
ج. بروۋن: «دەرۋىشلەر»، لوندون، 1968-يىل.
ئا. بۇرنىس: «بۇخاراغا سەپەر»، لوندون، 1834-يىل.
م.كزاپلىكا: «ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركلىرىنىڭ بۈگۈنى ۋە ئۆتمۈشتىكى تارىخى»، ئوكسفورد، 1918-يىل.
ج. دارىس:«موڭغۇل ئىمپېرىيىسىدىن يۈەن سۇلالىسىگىچە: ئىمپېرىيىنىڭ موڭغۇلىيە ۋە

ئــوتتۇرا ئاسىيادىكى ھۆكۈمرانلىق شەكلىنىڭ ئۆزگىرىشى»، «خەنزۇ ئەۋلادلىرى»، 30 -جىلد، 1970-يىل.
گ. دورفېر: «يېقىنقى زامان پارس تىلىدىكى تۈركچە ۋە موڭغۇلچە ئېلېمېنتلار»، ۋېسبادىن، 1963-يىل.
«ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسى»، لېيدىن-لېيپزىگ، 1908—1938.
ئــېــنوكى كازۇئو: «چىڭلۇڭ دەۋرىدىكى جۇڭگو تۈركىستانى ھەققىدە تەتقىقات»، 1995 -يىل. «شەرقىي ئوكيان تەتقىقات بۆلۈمىنىڭ خاتىرىلىرى»، 14-جىلد.
ج. فلېتچېر: «جۇڭگو ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا، 1368—1884»، كامبرىچ، 1968-يىل.
ت.فورست: «1873-يىلىدىكى يەركەنگە ئەلچىلىككە بېرىش خاتىرىسى»، كالكۇتتا، 1875-يىل.
فۇچ: «پادىــشاھ كاڭــشى دەۋرىدىكى غالــدان توپىــلىڭى ۋە ئۇنىڭ تىنچىتىلىشى»— «خەنزۇ ئەۋلادلىرى»، 1944-يىللىق 4-جىلد.
گلادنى: «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى»، خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى»، 1991-يىل.
ئې. خانىچ: «تۇرپاندىكى تۈركچە ۋە موڭغۇلچە تىللار».
خانېدا ئاكىرا: «ياپونىيە تارىخى ھەقــقىدىكى تەتــقىقات»، «ئاســيا ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1978-يىللىق 34-سان.
م. خــارتــمــان: «مــۇقــەددەس ئــىسلام دۆلىتى: چاغاتاي ئەۋلادلىرى ۋە خوجىلار ھۆكۈمرانلىقىدىكى قەشقەرىيە»، بېرلىن، 1905-يىل.
ـــــ: «خارتمان ساقلىغان شەرقىي تۈركىستان قولىيازمىلىرى»، 1904-يىل، Ⅶ توم، بېرلىن.
ـــ: «تۈركىستاندىن تېپىلغان قولىيازمىلار ۋە تۈرلۈك ۋەسىقىلەر»، Ⅶ توم، 1904-يىل، بېرلىن.
ئا. خېرمان: «شەرقىي تۈركىستاندىن تېپىلغان ئىككى پارچە قولىيازما»، «جەنۇبىي تىبەت»، Ⅶ توم.
ك. خىلدېن: «شەرقىي تۈركىستاندىكى ئابداللار: ئانتروپولوگىيىلىك نۇقتىدىن نەزەر»، پادىشاھلىق ئوتتۇرا ئاسىيا ژۇرنىلى»، 1949-يىللىق 1-سان.
م. خولدىۋورس: « XIX ئەسىردىكى تۈركىستان»، لوندون، 1959-يىل.
خ. خوۋورت: «موڭغۇل تارىخى»، لوندون، 1876-يىل.

ئىزرەتۇللا: «1812-1813-يىللىرىكى ئوتتۇرا ئاسىيا سەپىرى» ، كالكۇتتا، 1872-يىل.
گ. ياررىڭ: «شەرقىي تۈركلەرگە دائىر ماتېرىياللار» ، I — IV تومىلار، 1946—1951.
ج. لنديل: «جۇڭگو تۈركىستانى» ، لوندون، 1893-يىل.
د. لېسلى: «ئىسلام دىنى جۇڭگودا» ، كانبېررا، 1986-يىل.
مىياۋاكى جۇنكو: «ئويرات خانلىقىنىڭ شەكىللىنىشى» ، «ئوتتۇرا ئاسىيا ژۇرنىلى» ، 1997 -يىللىق 1-سان.
پ.پېللىئوت: «مىڭ سۇلالىسى ۋەسىقىلىرىدىكى سەئىد ھۈسەيىن خوجا» ، «تۇڭباۋ» ، 1948 -يىل 38-سان.
—: «ماركوپولونىڭ ساياھەت خاتىرىسى»گە ئىزاھ» ، پارژ 1973-يىل.
گ. راكۋىتې: «شەرقىي تۈركىستان خوجازادىلىرىگە دائىر ۋەخپە ھۆججەتلىرى» ، لۇند ۋە لېيپزىگ، 1930-يىل.
—: «ئىنگلىزچە-تۈركچە لوغەت» ، لۇند، 1927-يىل.
ئې.د.رۇس: «ئاسىيانىڭ يۈرىكى: روسىيە تۈركىستانىنىڭ تارىخى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا خانلىقلىرى» ، لوندون، 1899-يىل.
م.روسابى: «جۇڭگو ۋە ئىچكى ئاسىيا. 1368-يىلدىن ھازىرقى زامانغا قەدەر» ، لوندون، 1975-يىل.
—: «مىڭ سۇلالىسى ۋە تۇرپان 1405—1517» ،«ئوتتۇرا ئاسىيا ژورنىلى» ، 1972-يىللىق 3-سان.
ئې.چۇلېر: «تۈركىستان: روسىيە تۈركىستانى، قوقەند، بۇخاراۋى غۇلجىغا قىلىنغان ساياھەتتىن خاتىرە» ، لوندون، 1871-يىل.
خ.گ.شۋارز: «شەرقىي تۈركىستان خوجىلىرى» ،«ئوتتۇرا ئاسىيا ژۇرنىلى» ، 1976-يىللىق، 4-سان.
د. سىنور: «ئىچكى ئاسىيا تارىخى» ، لوندون، 1980-يىل.
—: «ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقاتىغا كىرىش» ، ۋىسبادىن، 1963-يىل.
—: «ئىچكى ئاسىيانىڭ تارىخ-جۇغراپىيىسىگە ئىزاھ» ، «ئاسىيا تارىخى ئىلمىي ژۇرنىلى» ، 1973-يىللىق 2-سان.
سەردار ئىقبال ئەلى شاھ: «ئىسلام سوپىزمى» ، لاھور، 1934-يىل.

ف. ستەينگاس: «پارسچە-ئىنگلىزچە لۇغەت».
ج. تېكېل: «مۇسۇلمان مستىتىزمغا يېقىنلىشش»، «مۇسۇلمانلار دۇنياسى»، 1916-يىللىق 8-توپلام.
د.سېرسانت: «جۇڭگو ۋە شەرقىي تۈركىستاندا مۇھەممەد ئىزم»، پارىژ، 1878-يىل.
ئا. ۋامبېرى: «ئوتتۇرائاسىيادىكى مۇھەممەد ئىزم»، «دىن ۋە ئېتىكا ئېنسىكلوپېدىيىسى»، XII توم.
ـ: «بۇخارا تارىخى»، لوندون، 1873-يىلى.
ۋ.ۋاتېن: «جۇڭگو تاتارلىرى ۋە خوتەن ھەققىدە ئەسلىمە»، «بېنگال ئاسىيا تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1835-يىللىق 4-سان.
خ. يۇلې: «جۇڭگو ۋە ئۇ يەرگە بارىدىغان يول»، لوندون، 1914-يىلى.

(3)

ب.ئا. ئەھمەدوف: «XVI — XVIII ئەسىرلەردىكى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تارىخ-جۇغراپىيىسىگە دائىر ماتېرىياللار»، تاشكەنت، 1985-يىل.
ۋ.ۋ. بارتولد: «ئەسەرلەر» توققۇز توملۇق، موسكۋا، 1963—1976-يىل.
بارتولد: «تۈركىستان كاماندىروپكىسىدىن خاتىرە»، «ئەسەرلەر»، VIII توم، موسكۋا، 1973 -يىل.
چ.ۋەلىخانوۋ: «تاللانما ئەسەرلەر»، بەش توملۇق، ئالمۇتا، 1984—1985-يىللار.
ـــ: «تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى ئالتەشەھەرنىڭ 1858—1859-يىللاردىكى ئەھۋالى»، «تاللانما ئەسەرلەر»، 3-توم، ئالمۇتا، 1985-يىل.
ب.گ.غاپۇرروف: «تاجىكلار»، موسكوۋا، 1972-يىل.
ئا. م. مۇگنوف: «ئاسىيا خەلقلىرى ئىنستىتۇتىدا ساقلىنىۋاتقان ئۇيغۇرچە قوليازمىلار تىزىملىكى»، موسكۋا، 1972-يىل.
ۋ. ۋ. رادلوف: «تۈركىي تىللارنىڭ تەجرىبە لۇغىتى»، سانت پېتېربۇرگ، 1888—1911-يىللار.
ك.رىتر: «ئاسىيا مەملىكەتلىرىنىڭ جۇغراپىيىسى»، «شەرقىي ياكى جۇڭگو تۈركىستانى»، 1873 -يىل.
ئا. خوجايېف: «XVIII ئەسىردىكى تۈركىستان ۋە چىڭ ئىمپېرىيىسى»، تاشكەنت، 1991 -يىل.

## (4)

داۋتىيەن شياڭپىڭ:«تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى ئالتەشەھەر خوجىلىرى ۋە خانلار»، «شەرقىي ئوكيان ئىلمىي ژۇرنىلى»، 34-جىلد، 1-4-سانلار. 1952-يىل.
ــ: «خوجىلار دەۋرىدىكى بەگلەر»، «شەرقشۇناسلىق»، 3-توپلام، 1952-يىل.
خانىېدا ئاكىرا: «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى ھەققىدە تەتقىقات»، لىنچۈەن كىتابخانىسى، 1982 -يىلى.
ــ: «مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى چىڭ سۇلالىسىنىڭ باشلىرىدىكى شەرقىي تۈركىستان— ئىسلام تارىخى بويىچە تەكشۈرۈشلەر»، «شەرقىي ئوكيان تارىخى ھەققىدە تەتقىقات»، 7 -جىلد، 5-سان، 1942-يىل.
ــ:«مۇسۇلمانلار ئاقساقىلى ئابدۇرېشىد ۋە شىنىڭ»،«شىمالىي ئاسىيا ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1944 -يىللىق 3-سان.
ــ: «يات مىللەتلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىق سىستېمىسىدىن چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى مۇسۇلمانلارغا قارىتىلغان سىياسەتلەرگە نەزەر»—«يات مىللەتلەرنىڭ جۇڭگوغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشى ھەققىدە تەتقىقات.چىڭ سۇلالىسىنىڭ چېگرا رايون سىياسەتلىرى»، جۇۋېنتاڭ، 1944 -يىل.
ساگۇچى تورو: «روسىيە ۋە ئاسىيا يايلىقى»، جىچۈەن خۇڭۋېن سارىيى، 1966-يىل.
ــ: «جۇڭگو ئىسلامىيىتىدىكى مىستىزم»، «شەرقشۇناسلىق»، 1954-يىللىق 9-سان.
ــ: «قەشقەر خوجىلىرىنىڭ ئەۋلادلىرى»، «شەرقىي ئوكيان ئىلمىي ژۇرنىلى»، 42-جىلد، 4-نومۇر، 1960-يىل.
ــ: «شەرقىي تۈركىستان فېئوداللىق جەمئىيىتىنىڭ تارىخىغا مۇقەددىمە»، «تارىخشۇناسلىق ئىلمىي ژۇرنىلى»، 134-سان، 1948-يىل.
ــ: «تۈركىستاندىكى دۆلەتلەر»، يەنبو لېكسىيىسى، دۇنيا تارىخى (13).
ــ: «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى ھەققىدە تەتقىقات»، توكيو جىچۈەن خۇڭۋېن سارىيى، 1986-يىل.

本书根据中国社会科学出版社 1998 年 12 月第一版北京第一次印刷版本翻译出版。

بۇ كىتاب جوڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى 1998-يىلى 12-ئاي بېيجىڭ 1-باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

تەكلىپلىك تەھرىر : ئابلىز ئورخۇن
مەسئۇل مۇھەررىر : قەيسەر قۇربان
مەسئۇل كوررېكتور : خۇدابەردى خېلىل

# خوجىلار جەمەتى ھەققىدە

## تەرجىمە قىلغۇچى : قۇربان تۇران

نەشر قىلغۇچى : مىللەتلەر نەشرىياتى
ئادرېسى : بېيجىڭ شەھىرى خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14- قورۇ
پوچتا نومۇرى :100013، تېلېفون نومۇرى : 64290862 _ 010
ساتقۇچى : جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى
باسقۇچى : بېيجىڭ دىشىن باسما زاۋۇتى
نەشرى : 2006-يىل5- ئايدا 1- قېتىم نەشر قىلىندى
بېسىلىشى : 2006-يىل 5- ئايدا بېيجىڭد 1-قېتىم بېسىلدى
ئۆلچىمى : 850×1168م م. 32كەسلەم
باسما تاۋىقى : 16.75
سانى : 2000- 0001
باھاسى : 26.00 يۈەن

责任编辑：凯赛尔·库尔班
责任校对：胡达百尔的

**图书在版编目(CIP)数据**

西域和卓家族研究/刘正寅，魏良弢 著；库尔班·土兰译.
一北京：民族出版社，2006.4
ISBN 7-105-07648-8

Ⅰ.西… Ⅱ.①刘…②魏…③库… Ⅲ.家族—西域—研究
—维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ.K820.9

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2006)第 035859 号

出版发行：民族出版社　http://www.e56.com.cn
社　　址：北京市和平里北街 14 号　邮编：100013
电　　话：010-64290862 (维文室)
印　　刷：北京迪鑫印刷厂
版　　次：2006 年 5 月第 1 版　2006 年 5 月北京第 1 次印刷
开　　本：850 毫米×1168 毫米
印　　张 16.75
印　　数：0001-2000 册
定　　价：26.00 元